ئەنۋەر سەمەد قورغان

# ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

维吾尔民间禁忌：维吾尔文/安尼瓦尔·赛买提著.乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.12
ISBN 978－7－228－11335－4

Ⅰ.维… Ⅱ.安… Ⅲ.维吾尔族－禁忌－少数民族风俗习惯－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K892.315

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 193772 号

---

著　　者　安尼瓦尔·赛买提
责任编辑　阿合买提·木明·塔里米
责任校对　古丽夏尔·尼格买提
封面设计　买买提·努比提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　0991－2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　12.875
版　　次　2007 年 12 月第 1 版
印　　次　2008 年 1 月第 1 次印刷
印　　数　1—5000 册
定　　价　25.00 元

---

# ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر

( پەرھىزلەر، ئادەتلەر، ئىرىملار )

**ئەنۋەر سەمەد قورغان**

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................................................................ 9

## بىرىنچى بۆلۈم: ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان .......... 14

1. پەرھىز ھەققىدە چۈشىنىك .................................................................. 14

2. ئۇيغۇرلاردىكى "پەرھىز" ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىر قانچە ئاتالغۇ ...................... 12

3. ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مەنىۋى ئاساسلار ................................27

4. دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى ............................. 36

## ئىككىنچى بۆلۈم: ئىنسان ھاياتىغا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر .......... 44

**1. ئادەم بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلەر** ......................................................... 44

1. باشقىلارنىڭ بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر .................................................. 44

2. ئۆز بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر ........................................................ 52

**2. جىنسىي پەرققە ئالاقىدار پەرھىزلەر** ...................................................104

1. جىنسىي پەرققە ئائىت پەرھىزلەر ......................................................... 104

2. جىنسىي ئېزىقتۇرۇشقا ئائىت پەرھىزلەر ................................................... 108

3. جىنسىي بىسىمغا ئائىت پەرھىزلەر ......................................................... 111

**3. جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت پەرھىزلەر** ........................................................ 115

1. نىكاھتىكى جىنسىي ئالاقىگە ئائىت پەرھىزلەر ................................................ 116

2. نىكاھ سىرتىدىكى جىنسىي ئالاقىگە ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 116

3. جىماغا ئائىت پەرھىزلەر ................................................................... 119

4. توي – تۆكىنگە ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 125
1. لايىق تاللاشقا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 127
2. توي مەسلىھەتىگە ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 142
3. توينى بېكىتىشكە دائىر پەرھىزلەر ........................................ 146
4. تويلىشىشقا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 148
5. ئاجرىشىشقا ۋە قايتا توي قىلىشقا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 154
5. تۇغۇم پەرھىزلىرى ........................................ 159
1. ھەيزدار ئاياللارغا ئالاقىدار پەرھىزلەر ........................................ 160
2. ھامىلدار ئاياللارغا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 163
3. تۇغۇتقا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 171
4. بوۋاقلارغا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 178
5. بالىلارغا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 191
6. يېمەك – ئىچمەككە ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 195
1. غىزا – تائام پەرھىزلىرى ........................................ 197
2. غىزالىنىش ئۇسۇلىغا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 211
3. تاماق تەييارلاشقا دائىر پەرھىزلەر ........................................ 219
7. كىيىم – كېچەككە ئائىت پەرھىز ئادەتلىرى ........................................ 229
1. كىيىم – كېچەكنىڭ رەڭگىگە ئالاقىدار پەرھىزلەر ........................................ 230
2. كىيىم – كېچەك ماتېرىيالىغا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 233
3. كىيىم – كېچەكنىڭ پاسونىغا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 234
4. كىيىمنى كېيىشكە ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 237
5. كىيىم تىكىشكە ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 243
6. كىيىمنى يۇيۇش ۋە قويۇشقا ئائىت پەرھىزلەر ........................................ 245

7. كيىمنى ياماشقا ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 250
**8. تۇرالغۇغا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر ........................................................ 251**
1. ئۆي سېلىشقا ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 253
2. ھويلىغا ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 265
3. ئۆي ئىچىگە دائىر پەرھىزلەر ........................................................ 268
4. ئۆي كۆچىشكە ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 273
**9. سەپەرگە ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 277**
**10. چوڭ – كىچىك تەرەتكە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر ........................................................ 288**
**11. تىل پەرھىزلىرى ........................................................ 292**
1. ئاتاق پەرھىزلىرى ........................................................ 296
2. شۇم سۆزلەرگە ئائىت پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى ........................................................ 302
3. ھاقارەتلىك سۆزلەرگە ئائىت تىل ئادەتلىرى ........................................................ 305
4. قەسەم، "يامان تىل" ۋە قارغىش سۆزلىرىگە ئائىت پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى ........................................................ 309
**12. چۈشكە ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 315**
1. چۈش كۆرىشكە ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 319
2. چۈشكە تەبىر بېرىشكە ئائىت پەرھىز ........................................................ 321
3. نەس چۈشكە ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 322
4. يامان چۈشنىڭ شۇم ئاقىۋىتىنى تىگىتىشكە دائىر پەرھىزلەر ........................................................ 328
**13. ھەرخىل كەسپلەرگە ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 332**
1. دېھقانچىلىققا ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 334
2. ئوۋچىلىققا ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 343
3. باقمىچىلىققا ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 344
4. سودا – تىجارەتكە ئائىت پەرھىزلەر ........................................................ 347

5. قولسانائەتكە دائىر پەرھىزلەر ........ 354

**14. ئۆلۈم – يېتىمگە ئائىت پەرھىزلەر ........ 357**

1. ئۆلۈمگە ئائىت پەرھىزلەر ........ 359

2. ھازا ئىچىشقا ئائىت پەرھىزلەر ........ 362

3. مېيىتنى كېپەنلەشكە ئائىت پەرھىزلەر ........ 366

4. دەپنىگە ئائىت پەرھىزلەر ........ 372

5. ماتەمگە ئائىت پەرھىزلەر ........ 385

6. قەبرە يوقلاشقا ئائىت پەرھىزلەر ........ 390

15. نەزىرە — چىراغقا ئائىت پەرھىزلەر ........ 393


# ئۈچىنچى بۆلۈم: تەبىئەت ئەشيالىرى ۋە ھادىسىلىرىگە ئائىت پەرھىزلەر ........ 402


**1. ھايۋاناتقا ئائىت پەرھىزلەر ........ 402**

1. قۇشلارغا ئائىت پەرھىزلەر ........ 403

2. چاھارپايلارغا ئائىت پەرھىزلەر ........ 407

3. ئۆمىلىگۈچى ھايۋان ۋە ھاشارەتلەرگە ئائىت پەرھىزلەر ........ 416

**2. ئۆسۈملۈككە ئائىت پەرھىزلەر ........ 419**

**3. تەبىئەت جىسىملىرىغا ۋە ھادىسىلىرىگە ئائىت پەرھىزلەر ........ 425**

1. ئاسمان جىسىملىرىغا ئائىت پەرھىزلەر ........ 426

2. ھاۋارايىغا ئالاقىدار پەرھىزلەر ........ 429

3. يەر، سۇ ۋە ئوتقا ئائىت پەرھىزلەر ........ 431

4. ۋاقىت — چاغ پەرھىزلىرى ........ 436

4. سىنىئىي بۇيۇملارغا ئائىت پەرھىزلەر ........ 443

پايدىلانغان ماتېرىياللار تىزىملىكى ........................................................................ 449
ئاخىرقى سۆز ........................................................................................ 453

# مۇقەددىمە

پەرھىز (Taboo) ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر بىر ساھەسىدە بىردەك مەۋجۇد بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ھازىرقى زامان فولكلور ئىلمىدە بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىگە دەسلەپتىلا ئېتىبار بېرىلگەن ھەم ئىزچىل ئېتىبار بېرىلىپ كەلمەكتە. يېقىنقى مەزگىللەردە پەرھىز ئادىتى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەر تەدرىجىي رەۋىشتە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، مىللەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ۋە باشقا بارلىق ئىجتىمائىي پەنلەر دائىرىسىدە تېخىمۇ كۆپ دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر بولماقتا. پەرھىز ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم جەھەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۈگۈنگىچە، بىز سانسىز پەرھىزلەر تورى ئىچىدە ياشاپ كەلگەن بولساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىنى دېگەندەك چوڭقۇر ھېس قىلالماي كەلدۇق.

بۇ كىتاب ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى ۋە ئالاقىدار ئادەتلەر بىر قەدەر سىستېمىلىق توپلانغان، تونۇشتۇرۇلغان ۋە مۇلاھىزە قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمەلىي ماتېرىياللار ۋە يازما ۋەسىقىلەر ئاساسىدا، فولكلور ئىلمى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى ئەستايىدىل رەتكە سېلىنىدى ھەم ئىنچىكە تۈرلەر ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىنىدى ۋە تونۇشتۇرۇلدى. پەرھىزنىڭ مەنىسى، پەيدا بولۇش ئاساسلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى، ئىجتىمائىي رولى، ساقلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى، تەرەققىيات يۈزلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر شەرھلەندى. قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ كىتابتا پەرھىز ئادىتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى يورۇتۇپ بېرىلدى.

ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى سىستېمىسىدا پەرھىزلەر ناھايىتى مول، ئەمما چېچىلاڭغۇ، مۇستەقىل، ئەمما باشقا ئادەت ـ يوسۇنلار بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان مەنىۋى ھادىسىدۇر. ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى ئاۋام ئىشەنچىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى كۆپىنچە ھەر خىل ئۆرپ ـ ئادەت ھادىسىلىرى ۋە مۇراسىملىرى بىلەن باغلىنىپ، بىرىكىپ كەتكەن، مۇشۇنداق ئەھۋالدا پەرھىز ماتېرىياللىرىنى كونكرېت ئادەت ھادىسىلىرى ئىچىدىن ئىلغاپ ئېلىش ھەمدە ئۇلارنى

مۇلاھىزە قىلىش، ئاندىن ئاشۇ پەرھىزلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئادەتلەر ئىچىگە قايتىپ پەرھىز ئارقىلىق ئاشۇ ئادەتلەرنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە شەرھلەش مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيەتلىك بىر نۇقتا ۋە نىشانىدۇر.

دېمەك، ئايان بولىدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىز ئادەتلىرىنى بىر قەدەر تولۇق قېزىپ چىقىش ۋە سىستېملىق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئۈچۈن، بىز تۆۋەندىكى بىز قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلدۇق:

1. ئەمەلىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتى

خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرغان ھەر قايسى ساھەلەردىكى پەرھىزلىك ھادىسىلەرنى تولۇق قېزىپ چىقىش ۋە توپلىۋېلىش ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تولۇق ۋە ئىشەنچلىك بىۋاستە ماتېرىيالغا ئېرىشىش ئۈچۈن، مۇئەللىپ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىز ئادىتىگە قارىتا خېلى ئۇزاق مەزگىللىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئوبيېكتى تاللاشتا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتى نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىۋاتقان يېزا ـ قىشلاقلارنى ئاساس قىلىپ، پەرھىز ئادىتىنىڭ ساقلىنىش، ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ياشتىكى ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت سەۋىيەسىدىكى كىشىلەر تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى. 1999 ـ يىلدىن تارتىپ پەرھىز ئادىتى توپلاشقا باشلىغاندىن سىرت، 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرگە بېرىپ، شۇ يەرلەردىكى ھەر خىل كىشىلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىپ، نىسبەتەن مول بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ـ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىز ئادىتى، پەرھىزلىك قاراشلىرى ۋە ئىرىملىك ئىشەنچ ـ ئېتىقادلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللار توپلاندى.

2. يازما ماتېرىيال مەنبەلىرى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ھەر بىر ساھەسىدە مەۋجۇد بولغان ئىلگىرىكى پەرھىزلىك ئادەتلىرىنى بىلىش ھەم شۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە، تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ماتېرىيالنى توپلاشقا ئېتىبار بېرىلدى.

(1) جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخ كىتابلىرى: قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ۋە تۈرك، ئۇيغۇر

مىللەتلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى ھەققىدىكى خاتىرىلەر جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخنامىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇچرىشىدىغان نىسبەتتە ئۇچرايدۇ. ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە پۈتۈلگەن ئەسەرلەردىن «ۋېينامە»، «سۈينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «يۈەن تارىخى» قاتارلىقلاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مەنىۋىي ئېتىقادىغا ئائىت خاتىرىلەر بولغاندىن سىرت، يەنە ھەر قايسى دەۋردە غەربىي رايونغا كېلىپ ساياھەت قىلغان سەييياھلارنىڭ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن «بۈيۈك تاڭدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم»، «دەريا ـ دېڭىزلار ۋە قارا قۇرۇم خاتىرىسى»، «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىز ئادىتىگە ئالاقىدار بايانلار بار بولۇپ، بۇلار كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(2) ئۇيغۇر تىلىدىكى كلاسسىك ۋەسىقىلەر: ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن پەرھىز ئادىتى ۋە ئىرىملىك ئىشەنچ ـ ئېتىقادلار خاتىرىلەنگەن ئەسەرلەر پەرھىز تەتقىقاتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسىدۇر. بۇ ئەسەرلەر ئاساسەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى، بۇددا دەۋرىگە تەئەللۇق ئەسەرلەردىن «مايترى سىمىت»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، ۋە باشقا يازمىشلار، مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىينىڭ «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق قامۇس خاراكتېرلىك كىتابى، شۇنداقلا «سالنامە»، «سائەتنامە»، قاتارلىق ئەسەرلەر، قىسمەن تەزكىرىلەر، ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەر، ھەمدە يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان تىل، ئەدەبىيات، مەدەنىيەتكە ۋە تارىخقا ئائىت ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

(3) دىنىي ئەسەرلەر: دىنىي ئەسەرلەر دېگەندە ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار دەستۇر ۋە ئەسەرلەردىن «قۇرئان» ۋە تۈرلۈك ھەدىس كىتابلىرى، شۇنداقلا دىنىي ئەقىدە شەرھلەنگەن بىر قىسىم ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بىر نۇقتا ئايان بولۇشى كېرەككى، بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرىنى توپلاشتىكى مەنبە ئەمەس، بەلكى خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن پەرھىز ئادىتىنى دەلىللەشتە تايىنىدىغان مەنبەلەردۇر.

دېمەك، ئۇيغۇر پەرھىزلىرى كۆپ مەنبەلىك ئادەت ھادىسىسى بولغاچقا، ئۇلارنى كۆپ تەرەپلىمە

مەنبەلەر ئاساسىدا توپلارش، رەتلەش ۋە شەرھلەش ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر.

3. پەرھىز تەتقىقاتىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى

نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرى گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. تەبىئىي پەنلەر، ئىجتىمائىي ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچان پەنلەر ساھەسىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كېلىپ، ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسى خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقا يۈزلەنمەكتە. جۇملىدىن فولكلور جۇڭگودا باشقا پەنلەرگە قارىغاندا كېيىنرەك تىكلەنگەن ياش پەن بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو فولكلورشۇناسلىرىنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى كۆپلەپ بارلىققا كېلىپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋاستىلىق خىزمەت قىلماقتا. دۆلىتىمىزدە پەرھىز ئادىتى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر كېيىن باشلىنىپ ئەمما تېز ئۇنۇم بېرىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. شۇ قاتاردا ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنى تۆۋەندىكىدەك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن:

(1) پەنلەرنىڭ شاخلىنىش دەرىجىسى ۋە ھەر قايسى ئىنچىكە ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سىستېمىلىق تەتقىقاتلار بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ ئىلىم ساھەسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسى ۋە ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۇيغۇر فولكلور ئىلمى ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ مۇناسىپ ھەسسە بولۇپ سانىلىدۇ.

(2) ماددىي تەرەققىيات مەنىۋى ئازادلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئىقتىسادنى ۋە ئىجتىمائىي گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خەلقنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. روشەنكى خەلق ئارىسىدا پەرھىز قاتارلىق نۇرغۇن ئادەتلەر باركى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ روھىنى بوغۇپ، مەنىۋىيىتىگە يۈك، ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇپ قالغان. ئەنە شۇ ئادەتلەرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى، ئەقىلغە مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى تەھلىلەر ئارقىلىق ئايرىپ، خۇراپىي، غەيرى ئەقلىي تەركىبلەرنى پايدىلىق ئامىللاردىن ئايرىش، شۇ ئارقىلىق خەلقنى ئەشۇنداق ناچار ئادەتلەردىن قول ئۈزۈشكە، ئۆز روھىيىتىنى ئازات قىلىشقا، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى پاكلاشقا يېتەكلەش ـ دەل پەرھىز ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭمۇ ۋەزىپىسى ۋە

ئەھمىيىتىدۇر. دېمەك پەرھىز تەتقىقاتى خەلقنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە يول ئېچىشتەك مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

(3) پەرھىز ئادەتلىرى ۋە ئۇلارغا ياندىشقان ئىرىملىك ئادەتلەر مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، مىللىي خاراكتېرى ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ۋە ئىرىملىك قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىش مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىنى توغرا ئىگىلەش ئاساسىدا مەنىۋىي مەدەنىيلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنىڭدىن باشقا بۇ تۈردىكى تەتقىقات يەنە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇھىم تەرىپىنى ئېچىپ بېرىشكە پايدىلىق:

بىرىنچى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئېتىقادنىڭ خەلق ئارىسىدا كونكرېتلىششى ۋە رېئال ھايات مىزانلىرىغا ئايلىنىش جەريانى؛

ئىككىنچى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئىزنالىرىنىڭ ساقلىنىشى، ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى؛

ئۈچىنچى، پەرھىزلەر بىلەن مىللەتنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى؛

تۆتىنچى، ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى، ساددا ماتېرىيالىستىك قاراش ۋە خەلق ئارىسىدىكى پەننىي چۈشەنچىلەرنىڭ پەرھىز شەكلىدە تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتى.

# 1. بۆلۈم: ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

## 1. پەرھىز ھەققىدە چۈشىنىك

پەرھىز خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ فولكلور پىنى دائىرىسىدە ئېتىقاد فولكلورى تارمىقى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە پەرھىزدىن ئىبارەت مەدەنىيەت ھادىسىسى تابۇ (taboo) دەپ ئاتىلىدۇ. "تابۇ" سۆزى ئەسلىدە جەنۇبىي تېنچ ئوكياندىكى پولىنېزىيە تاقىم ئاراللىرىدا ياشىغۇچى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەنىسى "مۇقەددەس"، "چېقىلغىلى بولمايدىغان" دېگەندىن ئىبارەت.

ئىنسانشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، پەرھىزلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ياۋروپادا XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشلانغانىدى. پەرھىز ھەققىدە ياۋروپا ئىنسانشۇناسلىرى، ئالىملىرىدىن ئېرنىست كاسسىئېر (Ernest. Cassier)، سىگموند فرېئود (Sigmund. Freud)، ج.گ.فرازېر (J. G. Frazer) قاتارلىقلار مۇئەييەن نۇقتىلار بويىچە پەرھىزدىن ئىبارەت مەدەنىيەت ھادىسىسىنى شەرھلىدى. يۇقىرىدىكى ئۈچ نەپەر ئىلىم ئەھلىنىڭ پەرھىز توغرىسىدىكى ئىلمىي يېشىمى ۋە تەبىرى نۆۋەتتە پەرھىزلەر ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

فرېئود ئۆزىنىڭ «توتېم ۋە پەرھىز» *(Totem & Taboo)* ناملىق مەخسۇس تېمىلىق ئەسىرىنىڭ «پەرھىز ۋە زىددىيەتلىك ھېسسىيات» ناملىق بۆلىكىدە شۇنداق كۆرسىتىدۇ: "تابۇ"، "پەرھىز" پولىنېزىيەلىكلەر قەلبىدە ئىككى خىل ئوخشىمىغان مەناغا ئىگە. ئالدى بىلەن پەرھىز 'مۇقەددەس'، 'ئالىي جاناپ' مەنىسىگە ئىگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ 'سىرلىق'، 'خەتەرلىك'، 'چەكلەنگەن'، 'ناپاك' مەناسىغا ئىگە ... . تابۇ سۆزى چەكلەنگەن ۋە بوغۇلغان، شۇنداقلا چېقىلىشقا بولمايدىغان خاراكتېردىكى نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلدۈرىدۇ."[1] ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، پەرھىزنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەم ۋە جىن ـ ئالۋاستىلار ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشقان ئالاھىدە سىرلىق كۈچنىڭ سەۋەبىدىندۇر. روشەنكى فرېئود پەرھىزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتى ۋە پسىخىكىسى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ

---

[1] سىگمۇند.فرېئود: «تۇتېم ۋە پەرھىز»، جېنۋېن نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى ، خەنزۇچە ، 31 ـ بەت.

پەرھىزنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى "زىددىيەتلىك پسخىكا" قارىشى نۇرغۇن پەرھىز تۈرلىرىنىڭ مەھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشكە لايىق كېلىدۇ.

ئەنگىلىيە ئىنسانشۇناسى فرازېرنىڭ پەرھىز توغرىسىدىكى باياناتلىرى يەنە بىر خىل كۆز قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. فرازېر ئۆزىنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە پەرھىز توغرىلىق مۇھىم كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ ئەسىرىدە مۇنداق دەپ قارايدۇ: "ئەگەر مەلۇم ئالاھىدە ھەرىكەت ـ قىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئىنسانغا نىسبەتەن خاپىلىق ۋە خەتەر ئېلىپ كەلسە، ئۇنداقتا ئىنسان تەبىئىي رەۋىشتە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنداق ھەرىكەتنى قىلماسلىقى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا بۇنداق ئاقىۋەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان ئۆزىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى خاتا بىلىشى ئاساسىدىكى خاتا ئىشەنچ ـ ئېتىقاد بويىچە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان ئۆزىنى پەرھىزگە بويسۇندۇرۇشى كېرەك."[1] فرازېرنىڭ پەرھىز ھەققىدىكى خۇلاسىسى شۇ بولدىكى، ھەر بىر پەرھىز ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ، ئارىدىكى ھەر قانداق بىر ئامىل كەم بولۇپ قالسا، بۇلار پەرھىز شەكىللەندۈرۈشكە يېتەرلىك بولمايدۇ. بۇ ئۈچ ئامىل بولسا: پەرھىزنىڭ سۇبيېكتى، پەرھىزنىڭ ئوبيېكتى ۋە پەرھىزنىڭ مەقسىتىدىن ئىبارەت.

فرازېر پەرھىزلەرنى يەنە سېھرىگەرلىك نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرىدۇ. جۈملىدىن ئۇ سېھرىگەرلىكنى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ سېھرىگەرلىك دەپ بۆلگەندىن باشقا، مۇھىمى سېھرىگەرلىكنىڭ ئىچكىي پرىنسىپلىرىنى يېشىپ چىقىپ، پەرھىز ئادىتىنى چۈشىنىشكە مۇھىم يول ئېچىپ بەردى. بارلىق ئاكتىپ ۋە پاسسىپ سېھرىگەرلىكنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپىنى تۈنجى قېتىم فرازېر نىسبەتەن ئەتراپلىق دەلىللەر بىلەن «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسەردە تەپسىلىي ئىزاھلاپ مۇنداق يازغان ئىدى: "ئەگەر بىز سېھرىگەرلىك مەۋجۇد بولۇشتا تايىنىدىغان ئىدىيۋى پرىنسىپىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنى ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز: بىرىنچى، ھەر نەرسە ئۆز ئوخشىشىنى پەيدا قىلىدۇ دەپ ئىشىنىش ياكى نەتىجە چوقۇم سەۋەبكە ئوخشاش بولىدۇ دەپ ئىشىشى پرىنسىپى؛ ئىككىنچى، ئۆز ـ ئارا ئۇچراشقان نەرسىلەر ئارىسىدا ئۇچرىشىش ـ تېگىشىش مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يىراق

[1] [ئەنگىلىيە] ج.گ.فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، بېيجىڭ، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 31 ـ بەت.

ئاربلىقتىنمۇ ئۆز ـ ئارا تەسىر مەۋجۇد بولىدۇ دەپ ئىشىنىش پرىنسىپى. ئالدىنقىسىنى ‹ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى› ياكى ‹تېگىشىش قانۇنىيىتى› دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. سېھرىگەرلىكتە كىشىلەر بىرىنچى پرىنسىپ، يەنى ‹ئوخشاشلىق› دىن چىقىپ، پەقەت تەقلىد قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ؛ ئىككىنچى پرىنسىپتىن چىقىپ تۇرۇپ، ئۇ ئەگەر مەلۇم نەرسە مەلۇم ئادەمگە ئۇچراشقان بولسىلا، ئەشۇ نەرسە ئارقىلىق ھېلىقى ئادەمگە تەسىر ئۆتكۈزەلەيدۇ. بۇنىڭدا ئەشۇ نەرسىنىڭ ھېلىقى ئادەمنىڭ بەدىنىنىڭ بىر قىسمى ياكى بىر قىسمى ئەمەسلىكىگە قارالمايدۇ. ئوخشاشلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغان سېھرىگەرلىك ‹تەقلىدىي سېھرىگەرلىك› دېيىلىدۇ. ئۇچرىشىش قانۇنىيىتى ياكى تېگىشىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغان سېھرىگەرلىك ‹ئۇچرىشىش سېھرىگەرلىكى› دېيىلىدۇ.[①] فرازېرنىڭ يۇقىرىقى بايانىغا ئاساسەن، سېھرىگەرلىكتە ئاساسلىنىدىغان پرىنسىپلارنى مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى (Law of Similarity) ياكى سىمۋول قانۇنىيىتى (Symbolism): بۇ قانۇنىيەتنىڭ مەزمۇنى بولسا، ئومۇمەن ئوخشاپ كېتىدىغان ۋە ئۆز ـ ئارا سىمۋول قىلىشقا بولىدىغان شەيئىلەر بىر ـ بىرىگە سىرلىق رەۋىشتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى تارماق پرىنسىپ بار:

(1) ھەر نەرسە ئۆز ئوخشىشىنى پەيدا قىلىدۇ (Like cause like): بىر نەرسە ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىنى پەيدا قىلىدۇ. پەقەت ھەقىقىي شەيئىگە تەقلىد قىلىنسىلا، ھەقىقىي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يىغىنىنى ئۆز رەقىبىنىڭ تەقلىدىي ھەيكىلىگە سانچىسا، رەقىبىمۇ ھەقىقەتەن يارىلىنىدۇ.

(2) ھەر نەرسە ئۆز ئوخشىشىنى داۋالىيالايدۇ (Like cures like): مەلۇم نەرسىگە ئوخشايدىغان ساختا نەرسە شۇ ھەقىقىي نەرسىنى تىزگىنلەيدۇ. شۇڭا ناپاك دەپ قارالغان نەرسىلەر شۇم دەپ قارالغان كېسەللەرنى داۋالىيالايدۇ.

2. ئۇچرىشىش قانۇنىيىتى (Law of Contact) ياكى يۇقۇش قانۇنىيىتى (Law of Contagion). بۇنىڭمۇ ئىككى تارماق پرىنسىپى بار:

---

[①] [ئەنگلىيە] ج.گ.فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، بېيجىڭ، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 1 ـ توم، 31 ـ، 32 ـ بەتلەر.

(1) ئومۇمەن مەلۇم بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئاجرالغان ھەر قايسى بۆلەكلەر يوشۇرۇن رەۋىشتە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، چاچ ئادەم بەدىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئادەم بەدىنىگە تەسىر كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

(2) ئومۇمەن ئىلگىرى بىر مەزگىل تېگىشىپ، ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقى ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم سىرلىق تەسىر داۋاملىق ساقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئادەم بەدىنى بىلەن كىيىم ـ كېچەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىبەت ھەققىدىكى سېھرىي قاراشلار مۇشۇ پرىنسىپنى ئاساس قىلىدۇ.

فرازېر سېھرگەرلىكنىڭ قانۇنىيىتىنى يېشىش بىلەب بىر ۋاقىتتا يەنە سېھرگەرلىكنى ئاكتىپ سېھرگەرلىك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈپ، پەرھىزنى پاسسىپ سېھرگەرلىك دەپ ئاتايدۇ.

ئېرنىست. كاسسىئېرنىڭ پەرھىز توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنىڭ نېگىزى "پەرھىزدە ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى قورقۇش ئاساس" دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىنسان ھەققىدە»ناملىق ئەسىرىدە: "پەرھىزنىڭ ماھىيىتى تەجرىبە ئەمەس، بەلكى تەبىئىي ھالدا مەلۇم ئىشتىن ھەزەر ئەيلەش"[1]_دەپ كۆرسىتىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق مەدەنىيىتىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان پەرھىز ئادەتلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كاسسىئېر ئېيتقان "ۋەھىمە پسىخىكىسى" تەلىماتى مۇتلەق كۆپ قىسىم پەرھىزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى قاراشلارنى يىغىنچاقلاپ قارىغاندا، پەرھىز ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس، پاك ۋە چېقىلغىلى بولمايدۇ دەپ بىلگەن شەيئىي ۋە ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئۆزىنى چەكلەش ۋە يەنە ناپاك، پاسكىنا ۋە شۇم دەپ قارىغان نەرسە ۋە ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى تارتىشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن جەرياننىڭ ئومۇمىي نامىدۇر.

يۇقىرىدا پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە ئاساس بولىدىغان ئامىللار پەرھىزنىڭ سۇبيېكتى، ئوبيېكتى ۋە مەقسىتىدىن ئىبارەت، دەپ ئېيتقان ئىدۇق. روشەنكى، پەرھىزنىڭ ئوبيېكتى ئىنسان تەرىپىدىن مۇئەييەن سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇقەددەس دەپ قارالغان. چېقىلغىلى بولمايدىغان ياكى شۇملىقىدىن چېقىلغىلى بولمايدىغان ئادەم ۋە نەرسە ـ كېرەك، شۇنداقلا ھەرىكەت، قىلىقنى كۆرسىتىدۇ.

[1] [گېرمانىيە] ئېرنېست كاسسىئېر: «ئىنسان ھەققىدە»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 12 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى 133 ـ، 134 ـ بەتلەر.

سۇبيېكتى بولسا چەكلەنگەن رايونغا كىرگەن، چەكلىمىنى بۇزغان ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەقسەد بولسا شۇنداق چەكلىمە قويۇش ئارقىلىق پەرھىز ئوبيېكتىنىڭ يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشىنى توسۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا پەرھىزنىڭ ئاساسىي ئاملىنى چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس نەرسە، چەكلىمە ۋە جازادىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا ئۆزگەرتىپ قاراشقا بولىدۇ.

بىر خىل ئاڭ پائالىيىتى سۈپىتىدىكى پەرھىز ئەڭ دەسلەپتە ئىنسانىيەتنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىلا شەكىللىنىپ بولغانىدى. غەرب ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا پەرھىزلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەر ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى شەكىللەنگەن چاغدا پەيدا بولغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ روھ قارىشىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى، تۇيغۇسى ۋە ئۆز جىسمى ھەققىدىكى ساددا تونۇشى، شۇنداقلا چۈش قاتارلىق پسىخىك ھادىسىلەرنى خاتا چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆلۈم مەسىلىسىنى توغرا تونۇمىغانلىقى ۋە توغرا چۈشەندۈرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن روھ ئۆلمەسلىك قارىشىمۇ تولۇق شەكىللىنىپ قالغان. روھ ئۆلمەسلىك قارىشى نۆۋەتتىكى پەرھىزلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ ئاساسى پەيدا بولۇش مەنبەسى بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىدە روھ بار قارىشى (ئانىمىزىم-Animism) پۈتۈن ئىنسانىيەت پەرھىزلىرىنىڭ مۇھىم كېلىپ چىقىش زېمىنى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش پەرھىزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر پسىخىكا تەرەپتىكى ئىزاھلاردۇر. ئەمەلىيەتتە بارلىق پەرھىزلەر ساپ مەنىدىكى پسىخىك ھالەتلەر - مەسىلەن، بىلىش سەۋىيەسىنىڭ چەكلىملىكى سەۋەبىدىن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۆزلىرى ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ كەمچىل ۋە بىر تەرەپلىمە بولۇشى، ئۇلارنىڭ روھىنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشى، ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەۋجۇداتتا روھ بولىدۇ دېگەن ئانىمىستىك قارىشىدىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ھەر قايسى مىللەت ۋە قەۋملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىت شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش شەكلى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن. بۇنداق مەنپەئەت تۇيغۇسى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەنىۋى ۋە ماددىي قولايلىق ۋە بەخت ئىزدەيدىغان، كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان زىيان ۋە خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر خىل ئېھتىياج ۋە تەلەپتۇر. بۇنداق ئېھتىياج

ۋە تەلەب سەۋەبىدىن، مۇنداق ئېھتىياجغا مەنىۋى جەھەتتىكى سىرلىق ئەقىدىلەر قوشۇلۇپ، مەنپەئەتدارلىقنى ئاساس قىلغان بىر قاتار پەرھىزلەر شەكىللەنگەن. ئۇندىن باشقا پەرھىزلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە سۈنئىي دىنلار مۇھىم رول ئوينىغان. ھەر قانداق بىر دىن ئۆز دائىرىسىدە بىر قاتار دىنىي چەكلىمىلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق چەكلىمىلەر مەيلى ئەقلىي ياكى غەيرىي ئەقلىي رەۋىشتە بولسۇن، نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئورتاق قوبۇل قىلىنىدۇ. سۈنئىي دىنلارغا مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەر ئىلاھىي ۋە روھىي ئامىللار سەۋەبىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئىبتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئىپتىدائىي دىنلار ئاساسىدىكى پەرھىزلەردىن بىلىش جەھەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋە يۈكسەلگەن شەكىللىرىدۇر.

فولكلور پېنى دائىرىسىدە كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىۋاتقان پەرھىزلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، نۇرغۇن مىللەتلەردە ھەقىقىي مەنىدىكى پەرھىزلەر بىلەن ئادەتتىكى ئەخلاق چەكلىمىلىرى ۋە قانۇن بەلگىلىمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تولىمۇ ئىنچىكە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇئەييەن ئۆلچەم بولماي تۇرۇپ پەرق ئېتىش مۇشكۈل ئىشتۇر. روشەنكى پەرھىز مەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت كاتېگورىيىسىدىكى بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئالدى بىلەن پەرھىز دەپ قارالغان چەكلىمىلەر مەلۇم مىللەت ۋە قەۋمنىڭ ئەڭ قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئورتاق ئېتىقادى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، پەرھىزلەردە ئىنسانلارنىڭ ئاڭسىزلىقى ۋە خېلى چوڭ دەرىجىدە غەيرىي ئەقلىيچىلىك ئامىللىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەخلاق كاتېگورىيىسىدە كۈچلۈك ئىپادىلىنىدىغان ئىنسان ئەقلىنىڭ قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق، مەنپەئەتلىك ۋە مەنپەئەتسىز بولۇش، مەقسەدچانلىق قاتارلىق مەنىسىدىكى مەجبۇرىي چەكلەش ۋە مەجبۇرىي تېگىشتىن ئىبارەت سىرتقىي ئامىل پەرھىزلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. پەرھىزلەردە مۇئەييەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى مۇقەددەس دەپ بىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئەيمىنىش ۋە خەۋپ ـ خەتەر ھېس قىلىش ۋە شۇ سەۋەبتىن ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆز ـ ئۆزىنى چەكلەش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرھىزلەر دائىم مۇئەييەن دىنىي ئېتىقادنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ. ئەخلاق گەرچە مەلۇم دىنىي خاھىشنى ئۆزىدە ئىپادىلىسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭدىكى دىنىي تۈس ھامان ئەقلىيچىلىكنىڭ ۋە مەنپەئەتدارلىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەخلاق بىلەن پەرھىز مەيلى پەيدا بولۇش ئاساسى جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەقسەد، ئۇسۇل ۋە شۇ جەريانىدىكى

پىسخىك ئۆزگىرىش جەھەتتىن بولسۇن، تولۇق پەرقلىنىدۇ. ئەلۋەتتە پەرھىز بىلەن قانۇنىنىڭ پەرقىنى سۆزلىمىسەكمۇ بۇ تولىمۇ روشەندۇر. بىراق بىز قەدىمكى دەۋرلەردە، ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرىدە مەلۇم ئېتىقاد ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان پەرھىز سىستېمىسىنىڭ قانۇنىنىڭ رولىنى ئۆتىگەنلىكىنى چەتكە قاقالمايمىز. سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ قانۇنلارمۇ پەيدا بولدى. ئەپسۇسكى بۇ دەل ھەقىقىي مەنىدىكى پەرھىزلەرنىڭ يوقۇلۇشقا، سۇسلىششقا قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

پۈتۈن ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىچىدە پەرھىزلەر باشقا ئۆرپ ـ ئادەت ھادىسىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان كۆز قاراش ياكى ئەقىدە بولماستىن، بەلكى باشقا ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن زىچ باغلىنىپ بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بىر ئادەتتۇر. ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى سىستېمىسىنىڭ ھەر بىر تارمىقىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەر بىر ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ پەرھىزلىرى بارلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ فولكورىدىكى خالىغان بىر تۈرنى ئېلىپ ئېيتساق، ھەر بىر ھۈنەر ياكى سەنئەتكە ئالاقىدار بىر تۈتاش پەرھىزلەر مەۋجۇدتۇر. يەنە خالىغان مۇراسىم ياكى پائالىيەتكە نىسبەتەنمۇ قېلىپلاشقان بىر قاتار پەرھىزلەر بولغان بولىدۇ.

باشقا مىللەت پەرھىزلىرىگە ئوخشاشلا، ئۇيغۇر پەرھىزلىرى پەيدا بولۇش جەھەتتىن چوڭقۇر مەنىۋى، ماددىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. گەرچە مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ئىبتىدائىي دەۋرلەردىكى ساددا ئېتىقاد ۋە ئانىمىستىك قاراشلارنى ئۆزىگە يىلتىز قىلغان بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن پەرھىزلەر كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، دىن ئېتىقادى قاتارلىقلارنى زېمىن قىلغان ئاساستا پەيدا بولغان. بىز يۇقىرىدىكى سەھىپىلەردە پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللارنىڭ شۇ خىلدىكى پەرھىزلەردە ئىگەللەيدىغان سالمىقى ئوخشىمايدۇ. ئىبتىدائىي ئېتىقاد ۋە شامان دىنىغا ئالاقىدار ئۇيغۇر پەرھىزلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار مۇقەددەس، دەپ قارىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر ۋە يەنە شامان دىنىدىكى ئىلاھىي شەيئىلەر ۋە ھەرىكەتلەرگە بېقىنغان ھالدا مەيدانغا چىققان.

ئىشلەپچىقىرىش شەكلى پەرھىزلەرنىڭ خاراكتېرىنى بەلگۈلىگۈچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان دېھقانچىلىق (بۇ باغۋەنچىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، چارۋىچىلىق ۋە قىسمەن ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىكى تارىخى ئۇزۇن، ئۇسۇلى سىستېمىلاشقان، ھەتتا نۇرغۇن

ئېتىقاد ئامىللىرى سىڭگەن ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر تۇرىدە كۈچلۈك چەكلىمىلىك رولىغا ئىگە پەرھىزلەر مەۋجۇدتۇر. مەسىلەن، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ھەر بىر تۇرىدە ھەر بىر قورال-سايمان، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، ۋاقتى، سورۇن ۋە ئادەم قاتارلىقلارغا مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەر مەۋجۇد. "زىرائەت تېرىغان يەرگە دەسسىسە يامان بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن پۈتى ئاغرىقچان بولىدۇ› › دېگەن پەرھىزنى ئېلىپ ئېيتساق بۇ پەقەت دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ زىرائەت تېرىش تۇرىدىكى بىر ھەرىكەتكە قارىتا قويۇلغان چەكلىمىدۇر. شۇنداق ھېسابلىغاندا پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدە نۇرغۇن ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە پەرھىزلەر مەۋجۇد بولىدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلاردىكى "پەرھىز" ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە شەكلى

پەرھىز ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرىدىن باشلاپلا شەكىللەندۇرۇشكە باشلىغان، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى، دىن ئىتىقادى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، خەتەرلىك ۋە شۇم دەپ قارالغان شەيئى، ھادىسىلەردىن ئۆزىنى ئەپقېچىش، يىراق تۇرۇش، مۇقەددەس دەپ قارالغان شەيئىلەرگە چېقىلماسلىق، ناپاك دەپ قالغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتىشقا ئوخشاش پاسسىپ خاراكتېردىكى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەت خۇددى ئىلىم ساھەبىلىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك يالغۇز تېنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىكى قۇڭۇر تەنلىك ۋە قارا تەنلىك ئىرقتىكى ئىنسانلار ئارىسىدىلا مەۋجۇد بولماستىن، بەلكى ھەرقانداق جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇد بولغان ھادىسىدۇر. بىراق، مىللەتلەرنىڭ تىلى ئوخشىمىغان سەۋەبتىن، بۇنداق ئادەتنىڭ ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ئوخشىمىغان ناملاردا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىشى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ سانىلىدۇ. پولېنىزىيىلىكلەر ئارىسىدا مەۋجۇد بولغان پەرھىزدىن ئىبارەت بۇ ئادەت ۋە ئۇ ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان “ Taboo“ دېگەن ئاتالغۇ، شۇنداقلا بۇ ئادەتكە ئالاقىدار بولغان "ئىلاھىي كۈچ" (mana) قارىشى كاپىتان كۇك ۋە باشقا ياۋروپالىق ئېكىسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئىلىم ساھەبىلىرى بۇ ئاتالغۇ بىلدۈرگەن ئادەتنىڭ باشقا ئىنسان تۈركۈملىرى ئارىسىدا ۋە جەمئىيەتلىرىدە مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەندىن باشقا، ياۋروپا تىللىرىدا بۇنداق ئادەتنىڭ مەنىسىنى

ئومۇملاشتۇرۇپ بىر سۆزنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن پولىنىزىيىلىكلەر تىلىدىكى " Taboo " ئاتالغۇسىنى ئەينەن قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلىدا ترانسكرىپتسىيە قىلىنغان " Taboo " ئاتالغۇسى رەسمىي ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى ۋە ئىشلىتىشكە باشلىدى. خۇددى "توتېم" (Totem) ئاتالغۇسىغا ئوخشاش ئىلىم ساھاسىدىكىلەر "تابۇ" دېن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇغا كۆنۈپ قالدى.

پەرھىز ھەققىدىكى تەتقىقاتلار جۇڭگودا باشلانغاندىن كېيىن، پەرھىز تەتقىقاتىغا ئائىت خەنزۇچە ئەسەرلەردە ياۋروپا تىلىدىكى ‹ ‹Taboo› › سۆزى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە "塔布" شەكلىدە يېزىلىپ ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەنزۇ ئىلىم ساھەبىلىرى "تابۇ" غا مەنىداش سۆز "禁忌" نىڭ خەن دەۋرىدىكى يازما ۋەسىقىلەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، خەنزۇ تىلىدا بۇ سۆزنىڭ خۇددى "تابۇ" نىڭ مەنىسىگە ئوخشاش مەنە بېرىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ "塔布" ۋە "禁忌" سۆزلىرىنى تەڭ مەنىدە ئىشلەتتى. ھازىرقى كۈندە جۇڭگودا پەرھىز تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەر ۋە ماقالىلەردە كۆپرەك "禁忌" سۆزى، بەزىدە "塔布" سۆزىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ۋە بەزىدە ئىككىسىنىڭ ئارىلاش ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا فولكلور مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىگە تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، فولكلور تەتقىقاتى ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىغا ئائىت قىسمەن ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىز ئادىتى تونۇشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا چىققان ئەسەرلەردە "تابۇ" ئاتالغۇسى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر تىلىغا فارس تىلىدىن ئىلگىرىكى زاماندىلا ئۆزلىشىپ كىرگەن "پەرھىز" سۆزى بىرلىكتە ئىشلىتىلدى. ئەمما كىشىلەرنىڭ "تابۇ" نىڭ مەنىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، "پەرھىز" ئاتالغۇسى كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋالمۇ بارلىققا كەلدى. بىز بۇ كىتابتا "تابۇ" سۆزىنى ئەمەس، بەلكى "پەرھىز" سۆزىنى ئىشلەتتۇق. بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تۆۋەندە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي ئېتىقاد باسقۇچىدا تۇرغان ۋە ھەر قايسى سۈنئىي دىنلارنى قوبۇل قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە "تەبىئەتتىن تاشقىرى خەۋپ - خەتەردىن ساقلىنىش، مۇقەددەس ۋە ناپاك شەيئىلەرگە

چېقىلماسلىق، سېھرىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش" مەنىسىدىكى ئۇقۇمنى تۈرلۈك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىدا پەيدا بولغان ۋە ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇلار بولغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلار ۋاستىسىدە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىزدىن ئىبارەت بۇ ئادەتنى ئىپادىلىگەن سۆزلىرىنىڭ تەۋەللىك نۇقتىسىدىن يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد پىسخىكىسىغا دائىر بىر قاتار مەسىلىلەرنى چۈشىنىپ ئالغىلى بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىدە “قورىغ” (قورۇق) دېگەن بىر سۆز بار. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شەرھىيلىشىچە “ قرغ: قورۇق، بەگلەرنىڭ مال باقىدىغان مەخسۇس يايلىقى، قورۇغدىلىدىغان ۋە كۆزىتىلىدىغان ھەر قانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.”① ئىلىم ساھىبى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە مەھمۇد كاشغەرىي ئىزاھلىغان «قورۇق» سۆزىنى "تابۇ" غا تەڭداش دەپ قارايدۇ.② بىزنىڭچە "قورۇق" سۆزىنى مەنە جەھەتتىن "تابۇ" غا تەڭداش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى "قورۇق" سۆزى قوغدىلىدىغان ۋە كۆزىتىلىدىغان نەرسە دېگەن مەنىنى بەرسىمۇ، بىراق بۇنداق قوغداش مال ـ چارۋىلارنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئوغرى ۋە بۇلاڭچى... لاردىن قوغداش، ساقلاش مەنىسىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە بۇ سۆزنىڭ مەلۇم نەرسىلەرنى مۇقەددەس دەپ بىلىش سەۋەبىدىن قوغداشتەك مەناسىنىڭ بارلىقىنى ئىزاھلىمىغان. بىراق شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەگەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئاشۇ "قورۇق" سۆزى مۇقەددەس ۋە ناپاك دەپ قارالغان نەرسىلەرنى قوغداش، ئۇلارغا باشقىلارنىڭ چېقىلماسلىقىدەك تەرەپلىرىگە قارىتىلغان بولسا بىز "قورۇق" ئاتالمىسىنى "تابۇ" نىڭ قىسمەن مەزمۇنىنى ئىپادىلىگۈچى سۆزدۇر دەپ قارىيالايمىز.

قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرىدە "باچاغ" دېگەن بىر سۆز ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز بەزىدە يەنە "پاچاغ" دەپمۇ يېزىلغان. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى "پەرھىز، گۆشسىز تاماق يېيىش"③ دېگەنلىك بولۇپ، بۇ

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 486 ـ بەت.

② «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1997 ـ يىلى 4 ـ سان.

③ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى،1 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 277

سۆز ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە، بۇدداغا ئىشەنگۈچى ئۇيغۇرلارنىڭ گۆشسىز تاماق يېيىش، يەنى گۆشلۈك تاماق يېيىشتىن پەرھىز تۇتۇشتەك ئادەت ـ يوسۇنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. بىراق بۇ سۆز پەرھىز ئادىتىنىڭ پەقەت غىزا ـ تائام قىسمىدىكى چەكلىمىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ پەرھىز ئادىتىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ "پاچاغ" ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ تۇرغان ئۇزاق بىر دەۋردە بۇددا دىنىدىكى پەرھىز ئۇقۇمىنى بىلدۈرگۈچى باشقا سانسكرىتچە ئاتالغۇ بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلار بۇددا ئېتىقادىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، شۇنداقلا گۆشسىز تاماقلارنى يېيىش چەكلىمىسىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى تەركىبىدىن چۈشۈپ قالغان.

«كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى» دا "چخشپت" دېگەن بىر سۆز ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز سوغدىچە سۆز بولۇپ مەنىسى ‹ ‹پەرھىز قىلماق، پەرھىز تۇتماق»[①] تۇر. بۇ سۆزنى ئۇيغۇرلار "چاخساپات" شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىپ ئۇنى سانسكرىت تىلىدىكى ئوخشاش مەنىلىك ئاتالغۇ "Siksapada" بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتكەن. بۇ سۆز «مايتىرى سىمىت» تىمۇ شۇ مەنىدە ئىشلىتىلگەن. "Siksapada" نىڭ ئەسلى مەنىسى "ئون پەرھىز" دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ بۇددا راھىبلىرىغا قارىتىلغان ئون خىل چەكلىمىنى كۆرسىتەتتى.[②] "چاخساپات" سۆزىنىڭ يەنە سۈپەت شەكلى بولغان "چاخساپاتلىغ" سۆزى "پەرھىزلىك، يېگىلى، تۇتقىلى، چېقىلغىلى، كۆرگىلى... بولمايدىغان" دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ ئەھۋالدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئىتىقاد قىلىپ تۇرغان ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە "چاخساپات" سۆزى بىلەن دىن ئىچىدىكى پەرھىز ۋە چەكلىمىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنىدىكى پەرھىز ئاتالغۇلىرىدىن ۋاز كېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەب تىلىدىن "پەرھىز" ۋە "چەكلىمە" مەنىسىدىكى ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلدى. بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى ئاتالغۇ "ھارام" ۋە "مەكرۇھ" دۇر. "ھارام" مەنا جەھەتتىن

---

ـ بەت.

① «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى، 1 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 211 ـ بەت.

② دۇ يوۋلياڭ: «خەنزۇچە ـ ئېنگىلىزچە، ئېنگىلىزچە ـ خەنزۇچە دۇنيا دىنلىرى قىسقىچە لۇغىتى»، جۇڭگو تاشقىي تەرجىمە نەشرىياتى شىركىتى، 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە، 206 ـ بەت.

"چەكلەنگەن، قانۇنسىز، دىنىي قائىدىگە مۇخالىپ كېلىدىغان" دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ "هالال" ئۇقۇمىنىڭ ئەكسىچە ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشى چەكلەنگەن بارلىق ئىش ۋە نەرسىلەر، جۇملىدىن، ئىدىيە، ھەرىكەت، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش ساھەسىدىكى نورمال بولمىغان، پاك بولمىغان ۋە ساغلام بولمىغان ھەرىكەت ـ قىلىقلارنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. "مەكرۇھ" بولسا "نەپرەتلىنەرلىك" مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ ئىسلامىي دەستۇرلاردا بەزىدە ئېنىق بەلگىلەنمىگەن، ئەمما شەرىئەتتە ئەيىبلەشكە لايىق دەپ قارىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. چەكلىمە دەرىجىسى جەھەتتە "مەكرۇھ" "هارام' دىن كېيىن تۇرىدۇ. "هارام" ۋە "مەكرۇھ" ئىسلام دىنى ئىچىدىكى خاس ئاتالغۇلار بولۇش بىلەن ئۇلار كۆپىنچە دىنىي تۇرمۇش ۋە دىنىي پائالىيەت ساھەسىدە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بىراق بۇ سۆزلەرنىڭ يەنە ئىسلام دىنى چەكلىمىلىرىدىن تاشقىرى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەش ئەھۋالىمۇ مەۋجۇد. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆزلەر ئۆرپ ـ ئادەت مەنىسىدىكى "پەرھىز" ئۇقۇمىنى ئەينەن ئىپادىلەپ كېتەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار مەزكۇر ئىككى ئاتالغۇ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە "پەرھىز" دىن ئىبارەت بۇ سۆزنى ئىشلىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ دائىرىسى "هارام" ۋە "مەكرۇھ" ئارقىلىق چەكلەنگەن شەيئى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە "تابۇ" نىڭ مەنىسىنى، ھەمدە ئۆزىگە خاس تېببىي مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئەسلىدە "ئۆزىنى تارتماق، ساقلانماق، چەكلەنمەك؛ يېيىشتىن چەكلەنگەن يېمەك ـ ئىچمەكلەر؛ ئېھتىيات قىلماق."[1] تۇر. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، "پەرھىز" سۆزى "تابۇ" سۆزىدىن كەڭرەك مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا مەلۇم يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتىن ساقلىنىش مەنىسى بولۇشتىن باشقا يەنە تىبابەتچىلىكتە ساقلىق ساقلاش ئۆتتىبارى بىلەن مەلۇم غىزالارنى يېمەسلىك مەنىسىمۇ بار. ئۇيغۇر تىلىغا "پەرھىز" ئاتالمىسىنىڭ قاچان كىرىپ كەلگەنلىكى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق. شۇنداقتىمۇ بۇ سۆزنىڭ 10 ـ ئەسىردىن تاكى 15 ـ ئەسىرگىچە ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى تەسىرىدە ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ كىرگەن بىر تۈركۈم سۆزلەر قاتارىدا كىرگەنلىكىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربى ئاسىيادا ئۇيغۇر، پارس ۋە ئەرەب، شۇنداقلا ھىندى تىبابەت ئىلىملىرى ئارىلاش گۈللەنگەن 12 ~

---

[1] «پارىسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا كىتابخانىسى، 1981 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 437 ـ بەت.

13 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىي ساھەسىدە قوللىنىشقا باشلىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدە "پەرھىز" سۆزى "Tabu" بىلەن مەنىداش بولغان ئىلمىي نام سۈپىتىدە مۇقىملىشىۋاتىدۇ ھەم يۇقىرىقى مەنا بويىچە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بىزمۇ "پەرھىز" ئىبارىسىنىڭ مەزكۇر مەنا ئۈچۈن مۇقىملىشىشىنى، "تابۇ" سۆزىنى ئىمكانقەدەر ئىشلەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىمىز. چۈنكى ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان "قورۇغ"، "باچاغ"، "چاخساپات" سۆزلىرى ئاللىقاچان كونىرىغان سۆزلەر قاتارىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن چۈشۈپ قالغان. "ھارام" ۋە "مەكرۇھ" ئىبارىلىرى بولسا كۆپىنچە دىن دائىرىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى سۆز كۆپىنچە سۈپەت شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. ئىسىم شەكلىدە قوللىنىلىدىغان ئەھۋال ئازراق ئۇچرايدۇ. ئۇلار پەقەت ئومۇمىي پەرھىز ئىچىدە ئىسلام دىنى بىلەن ئالاقىدار پەرھىزلەرنى ئىپادىلەشكە، بولۇپمۇ مەلۇم نەرسە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قايسى سەۋەبتىن پەرھىز قىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. نۆۋەتتە "پەرھىز" سۆزىنى "تابۇ" بىلەن مەنىداش ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىشنىڭ ئىمكانىيىتى يەنە شۇكى، ئالدى بىلەن بۇ ئىبارە يۇقىرىقى ھەر قايسى ئاتالغۇلارغا قارىغاندا "تابۇ" ئاتالغۇسىغا مەنا جەھەتتە يېقىن كېلىدۇ. ئۇندىن قالسا، خەنزۇ تىلىدا "禁忌" سۆزى يەنە تىبابەت مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، يەنە خەنزۇ ئىلىم ساھەبىلىرى تەرىپىدىن "塔布" بىلەن مەنىداش ھالەتتە ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. "پەرھىز" سۆزىدىكى ئەھۋالمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىز فولكلور ئادىتى مەنىسىدىكى "تابۇ" بىلەن ئارىلاش ئىشلىتىلىش، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئىلمىي ئاتالغۇ مەسىلىسىدىكى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئويلىشىپ "پەرھىز" سۆزىنى ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىمىز. مۇنداق قىلىش يەنە ئۇيغۇر تىلى ئادىتىگە ۋە تىل تەرەققىياتىغا پايدىلىقتۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە "... قىلسا يامان بولىدۇ" دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىپ، پەرھىز مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان تىل ئادىتى بار. "يامان بولىدۇ" دېگەنلىك "مۇنداق قىلساڭ (مەلۇم نەرسىگە چېقىلساڭ، قارىساڭ، تۇتساڭ، يېقىنلاشساڭ، سۆزلىسەڭ، ئويلىساڭ ...) ساڭا خەيرىلىك ئاقىۋەت كەلمەيدۇ، بەلكى شۇم ۋە يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولىسەن" دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆز ناھايىتى زور دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، مەيلى دىن دائىرىسىدە بولسۇن، ياكى رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى خۇراپىي

ئادەتلەر دائىرىسىدە بولسۇن ۋە ياكى ئەخلاقىي مەسىلىلەردە بولسۇن، كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى "يامان" سۆزى ھەر قاچان كىشىلەرگە شۇملۇق، ئاپەت، خەتەر، گۇناھ، يامان ئاقىۋەت قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. بىراق بۇ "يامان" سۆزى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن پەرھىزلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك، شۇم ئاقىۋەتلەرگە ئابستراكتلاشتۇرۇۋەتكەچكە، نۇرغۇن پەرھىزلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئەمەلىي نەتىجە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاشۇ "يامان" ئورۇنلاشقان. يەنە بىر تەرەپتىن، "يامان بولىدۇ" بىر سۆز ئەمەس، بەلكى ئاددىي جۈملە شەكلىدىكى بىرىكمىدۇر. شۇڭا ئۇنى ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

## 3. ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مەنىۋى ئاساسلار

كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن شەيئىلەرنى "خەتەرلىك"، "پاسكىنا" ياكى "مۇقەددەس" دەپ بىلىپ ئۇلارغا چېقىلماسلىقى، ھەمدە مۇئەييەن سۆز ـ ھەرىكەت ـ قىلىقلاردىن ئۆزىنى چەكلەپ پەرھىز تۇتۇشى شۇ سەۋەبتىنكى، كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى ئاشۇنداق شەيئى ۋە سۆز ھەرىكەتتىن ئۆزىگە كېلىدىغان خەتەردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى بۇنداق خەۋپ ـ خەتەر ۋە بالايى ـ قازا رېئال دۇنيا ۋە رېئال ئەمەلىيەتتىن ئەمەس، بەلكى تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەردىن كېلىدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشىنىش، تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەر ئىنسانلارغا بەخت ۋە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئىنسان ۋە دۇنيانىڭ تەقدىرىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ دەپ ئىشىنىش دەل ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان سۈنئىي دىنلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ تۈپكى مەنىۋى ئاساسىدۇر. شۇنداق بولغاچقا بىز پەرھىزلەر بىلەن ھەر قايسى دىنىي ئېتىقادلارنى باغلاپ چۈشىنىشكە، پەرھىزلەرنى مۇئەييەن دىن دائىرىسىدە شۇ دىنلارنىڭ ئىشەنچ ئېتىقادلىرىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولىمىز.

ئۇيغۇرلار خۇددى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرلىرىدە تەبىئەت دىنلىرىغا (تەبىئەتكە چوقۇنۇش ـ فېتىشىزىم) ئىشەنگەندىن باشقا، كېيىنكى مەزگىللەردە سىرتتىن كىرگەن بىر قاتار دىنلارغا ئىشەندى ۋە ئىشىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى پەرھىزلىرىدە

پەرھىزلەرنىڭ ئوبيېكتلىرى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەردى، دائىرىسى كېڭەيدى. بۇ دېگەنلىك ئوخشىمىغان دىنلارغا ئىشىنىش بىلەن خەۋپ ـ خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارالغان "تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەر" ئاڭدا كۆپەيدى ۋە سىستېمىلاشتى. بۇ دىنلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ سىستېمىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇناسىپ پەرھىزلەرنىمۇ ھەم سېستېمىلاشتۇردى، مۇرەككەپلەشتۇردى. بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا ئىشىنىپ كەلگەن ھەر خىل دىنلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز. بۇنداق قىلىشىمىز ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ پەيدا بولۇش نۇقتىسىدىن، ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئالاقىدار بولغان بىر قىسىم مەنىۋىي ساھەلەرنى پەرھىزلەر بىلەن باغلاپ يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈندۇر.

روشەنكى، ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ شەكىللىنىشى خۇددى باشقا ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇد بولغان پەرھىزلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ خۇددى باشقا ئىنسان تۈركۈملىرىگە ئوخشاش ئىپتىدائى دەۋرلەردىكى رېئال ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتلىرى ئىچىدە تەبىئەت بىلەن ھەم دۈشمەنلىك ھەم دوستانە ئالاقىلەر ئىچىدە ۋەھىمە ۋە سىرلىق تۇيغۇلار ئىچىدە ياشاپ كەلگەندىن تاشقىرى، يەنە ئانىمىزىم، روھ قاراشلىرى، ئىبتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ۋە توتېمىزىمغا ئوخشاش مەنىۋى ئىشەنچلەردىن بولۇپ كەلگەن.

ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ تەبىئى ياشاش مۇھىتى ۋە رېئال شارائىتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن. خەلق ئۆرپ ـ ئادىتى ئىچىدە ئۆزگىچە ئىجتىمائىي ئاڭ سۈپىتىدە مەۋجۇد بولغان پەرھىزلەر تەبىئىيكى ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلمىغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. پەرھىزلەر مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ ئادەت شەكلىنى ئالغان ئىپادىسى بولۇش بىلەن ئۇ يەنە ئىنسانلارنىڭ تونۇش، بىلىش سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئەينى ئىنكاس قىلالمىغانلىقىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلىدۇر. شۇ سەۋەبتىن پەرھىزلەرنىڭ يەنى ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ رېئال ھايات شارائىتى ۋە تونۇش سەۋىيەسىدىن ئايرىپ قاراش چوڭ بىر تەرەپلىمىلىكتۇر.

ئىبتىدائىي ئېتىقاد ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى سۇنئىي دىنلارغا ئىشىنىش بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئېتىقادى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى خۇددى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىبتىدائىي

ئېتىقادىغا ئوخشاش ناھايىتى ئۇزاق بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. ئىبتىدائىي ئېتىقادنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى بارچە تەبىئەت جىسىملىرىدا ئىنسانغا ئوخشاش روھ، سىزىم ۋە جان بار دەپ قارايدىغان ئانىمىستىك ئېتىقادتىن تارتىپ ئىلاھ چۈشەنچىسى، تەبىئەت جىسىملىرىغا چوقۇنۇش، جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشىنىش، ئەجدادلار روھى ۋە تۇتېمغا چوقۇنۇش، ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋاملاشقان ئىبتىدائىي تەپەككۇر ئۇسۇلى ئىچىدىكى ھېسسىي تەسىر قاتارلىقلارغىچە كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ئالدى بىلەن دەل يۇقىرىقى بىر قانچە خىل ئېتىقاد شەكلى ۋە كۆز قاراشنى ئۆزىنىڭ مەنبەسى قىلغان.

دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمۇ ھەر قانداق شەيئىدە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ـ "روھ" نىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئانىمىزىم چۈشەنچىلىرى بولغان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئانىمىزىملىق قارىشىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى روھ قارىشىدىن ئىبارەت. "روھ" (Rooh) سۆزى ئەرەب تىلىدىن كىرىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلار بۇ ئۇقۇمغا تەڭداش ئۇقۇمنى "ئۆز" سۆزى بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئادەم بەدىنىدە "ئۆز" نىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى. "ئۆز" نى خۇددى "روھ" قا ئوخشاش ھاياتلىقنىڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ چۈشىنەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە "ئۆز" سۆزىنى "بەدەندە ھەرىكەت قىلىدىغان نەرسە، روھ، جان" دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى.① ھازىرقى ئۇيغۇرلارمۇ "ئۆز" سۆزىنى "ھوش"، "خۇد" (بۇ فارسچىدىن كىرگەن سۆز) بىلەن مەنىداش ھالەتتە ئىشلىتىدۇ. ۋاقىتىنچە ئايرىلىش (ھوشىدىن كېتىش، چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈش) ۋە تەندىن مەڭگۈ ئايرىلىش (ئۆلۈم) دەل روھنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، "ئۆز" سۆزىنىڭ "روھ" بىلەن دىگۇدەك تەڭداش مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە روھنى كۆلەڭگىگە شەكىل جەھەتتىن ئوخشىتىدىغان قاراشلار، روھنى بىر خىل ھاۋا ئېقىمى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇنى تىنىق بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئۇيغۇرلاردىمۇ بار ئەھۋاللاردۇر. ئانىمىزىم تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئېدۋارد بۇرنېت تايلور (Edward Burnett Tylor) ئۆزىنىڭ «ئىبتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق كىتابىدا نەپەس (تىنىق) بىلەن روھنىڭ مۇناسىبەت مەسىلىسىدە تىل ئېتمولوگىيەسى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ،

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1ـتوم، 65ـ بەت.

دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدىكى روھ ۋە جان بىلەن باغلىنىشلىق سۆزلەرنىڭ "نەپەس" ئىبارىسى بىلەن زىچ مۇناسىبەتلىك ئىكەنلىكىنى دەلىللەر بىلەن تىلغا ئالغان ئىدى. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئىبتىدائىي ئىنسانلار "روھ"، "جان" ئۇقۇملىرى ۋە سۆزلىرىنى "تىنىق" تىن ئىبارەت فىزئولوگىيەلىك پائالىيەتكە باغلاپ قارىغان. يەنى "تىنىق" تىن ئىبارەت ھەرىكەت ”روھ“نىڭ مەۋجۇدلۇق ئىپادىسى ۋە شەكلى دەپ، نەپەسنىڭ (ھاۋا ئېقىمىنىڭ) ئۆپكىگە كىرىپ چىقىش روھنىڭ بەدەنگە كىرىپ چىقىشىدۇر دەپ قارالغان. تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا "تىنىق" نى "روھ" قا دەل تەڭداش دەپ قارايدىغان ئەھۋال بولمىسىمۇ، بىراق ”تىنىق“نى روھنىڭ مەۋجۇدلۇق ئىپادىسى دەپ قاراش، "روھ"نى "تىنىق" تىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ چىقىرىش ئەھۋالى بولغان. مەھمۇد كاشغەرىي "تىن" سۆزىنى ئىزاھلىغاندا: "تىن ـ تىنىق، نەپەس؛ روھ، جان" دەيدۇ. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار "تىنىق" ئىبارىسى بىلەن روھ ۋە جان ئۇقۇملىرىنىمۇ ئىپادىلىگەن. كېيىنچە "ئۆز" ۋە "روھ" بىلەن دېگۈدەك مەنىداش كېلىدىغان "جان" سۆزىنى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلدى. "جان" نىڭ ئەسلى مەنىسى ھەم "ھاياتلىق، روھ، مەنىۋىيەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، يۈرەك باغر" دىگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاساسىي مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. "نەپەس" ئىبارىسى بولسا ئالدى بىلەن ئىبراي تىلىدىن ئەرەب تىلىغا، ئاندىن ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن. خۇلاسىە قىلغاندا ئۇيغۇرلار "ئۆز"، "جان"، "نەپەس" سۆزلىرىنى "روھ" تىن ئىبارەت مەنىۋى مەۋجۇدلۇقنى ئىپادىلەشتە تەڭداش ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، "تىنىق" سۆزىنى خۇددى شۇ ئۇقۇملارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كۆرسىتىش تەرىزىدە، يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋشتىكى ھەرىكەت شەكلى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ. ھازىرقى تۇرمۇشتا ئۇيغۇرلار "جان ئۈزمەك"، "نەپەستىن قالماق"، "تىنىقى توختىماق" ئىبارىلىرى بىلەن ئادەمنىڭ ئۆلۈش ھادىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ "روھ" قارىشى ئىسلام شارائىتىدا ئاز ـ تولا يېڭىلاندى. ئىسلام دىنىدا روھنىڭ مەۋجۇدلىقى، ئادەم ئۆلگەندە روھنىڭ تەندىن ئايرىلىدىغانلىقى، تاكى قىيامەتكە قەدەر روھلارنىڭ "بەرزەخ" دېگەن بىر يوقلۇق ھالىتى ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىناتتى. بىراق چۈش ۋە ئويغاقلىقنىڭ روھنىڭ بەدەندىن ئايرىلىشى ۋە قايتىپ كېلىشى بىلەن مۇناسىبەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ

قىلمايتتى. بىراق ئۇيغۇرلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى داۋاملىق ياشاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھايات كىشىلەرگە مۇھتاج بولىدىغانلىقى ۋە ھايات كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ھېلھەم ئىشىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئىشەنچلەر ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئادەت ۋە مۇراسىملىرىنىڭ، شۇنداقلا پەرھىزلىرىنىڭ شەكىللىنىش ۋە مەۋجۇد بولۇش سەۋەبىدۇر.

"مانا" چۈشەنچىسى مۇقەددەسلىك چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىبەتلىك. يەنى قانچىكى مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ بولغان نەرسىدە "مانا" شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. مۇقەددەس دەپ ھېسابلانمايدىغان شەيئىلەردە "مانا" كۈچى ئاجىزراق بولىدۇ. بىز بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس دەپ بىلگەن ئوبيېكتلارغا تۇتۇنۇش پوزىتسىيەسىدىن كۆرەلەيمىز.

”مۇقەددەس“ سۆزى ئىبراي تىلىدا "kadesh" دېيىلگەن بولسا، ئەرەب تىلىدا "qiddies" ياكى "muqaddas" دېيىلگەن. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "مۇقەددەس" سۆزى ئەشۇ "kadesh" ۋە "kiddies" سۆزلىرى بىلەن تومۇرداش بولغان، ئەرەب تىلىدىن كىرىپ كەلگەن سۆزدۇر. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار "مۇقەددەس" ئۇقۇمىنى "قۇت" ۋە "ئىزۇق" سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما ۋەسىقىلەردە تىلغا ئېلىنغان "قۇت" سۆزى "مۇقەددەس، بەخت، دۆلەت، ئۇلۇغلۇق، بەرىكەت، تەلەي..." مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن. بۇ سۆز ھازىرمۇ "بەخت ـ سائادەت" مەنىسىدە ئىستىمال قىلىنماقتا. "ئىزۇق" سۆزى مەنا جەھەتتىن " مۇقەددەس" كە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي "ئىزۇق" ئىبارىسىنى شەرھلىگەندە مۇنداق دەيدۇ: "ئىزۇق: قۇتلۇق ۋە مۇبارەك نەرسە، ئىرىملىك نەرسە. ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن مال ئىزۇق دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ، ئۇنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭى قىرقىلمايدۇ، ئىگىسى ئۇنى بىر نەرسىگە ئاتاپ ساقلايدۇ."[①] كۆرۈشكە بولىدۇكى "ئىزۇق" مۇقەددەس دەپ قارالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۈستىگە نۇرغۇن پەرھىزلەر يۈكلەنگەن نەرسىدۇر.

مۇقەددەس بولغانلىقى سەۋەبىدىن سىرلىق قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەسەۋۋۇرىدا بىر قانچە تەرەپكە چېتىلىدۇ. ئۇلار مۇئەييەن تەبىئەت جىسمى، ئۆسۈملۈك، ھايۋان ۋە ئۇنىڭ مەلۇم ئەزاسى، سۈنئىي بۇيۇملار، مۇئەييەن ۋاقىت، مۇئەييەن تەرەپ، مۇئەييەن سان مۇئەييەن ئورۇن،

[①] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1ـ توم 89 ـ بەت.

ئادەمنىڭ مۇئەييەن ئەزاسى... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىمىزىملىق قارىشى، جۈملىدىن روھ ۋە مانا قاراشلىرى بىلەن ئۇيغۇر پەرھىزلىرى زىچ مۇناسىبەتلىكتۇر. بۇ خىل مۇناسىبەتنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

1 ، پەرھىزلەردىكى خەۋپ-خەتەر ۋە يامان ئاقىۋەت تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەردىن كېلىدۇ. ئانىمىستىك قاراشلاردىكى روھ ۋە مەنىۋى قۇۋۋەت دەل ئەڭ ئاساسىي ۋە كەڭ مەنىدىكى "تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ" بولۇپ، "روھ" قارىشى بولماي تۇرۇپ، خۇراپىي پەرھىزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەكىللىنىدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇ روھ ۋە مەنىۋى قۇۋۋەتنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ۋە ئاپىتىنى پاسسىپ ئۇسۇل بىلەن توسۇش ھەم ئالدىنى ئېلىشتۇر. روھ ۋە سىرلىق قۇۋۋەتنى ئاكتىپ ئۇسۇلدا ئىشلىتىش ۋە تىزگىنلەش سېھرىگەرلىك، جادۇگەرلىك ۋە پىرىخونلۇققا تەۋە ئىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ ئانىمىستىك قاراشلاردۇر.

2. ئانىمىستىك قاراشلار ئىچىدە ھەر بىر شەيئىدە روھ ۋە مەنىۋى قۇۋۋەت بولىدۇ، دېگەن ئىشەنچ سەۋەبىدىن، بۇنداق تەبىئي ھالدا مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان شەيئىدۇر. مۇقەددەس شەيئىنى ئادەتتىكى شەيئى ياكى مۇقەددەسلىك دەرىجىسى تۆۋەنرەك شەيئىدىن پەرقلەندۈرۈش، ئايرىلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چەك - چېگرا بەلگىلەپ بېرىش - دەل پەرھىزلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

3. مەيلى روھ بولسۇن ياكى سىرلىق قۇۋۋەت بولسۇن، ئۇلارنىڭ تەسىرى تارقىلىشچان ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇنداق ئالاھىدىلىكتىن ئاكتىپ سېھرىگەرلىك ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى تىزگىنلەپ، ئەمچىلىك (ئىپتىدائى داۋالاش - سېھرىي تۈس ئالغان تىبابەت)، تېرىقچىلىق، ئوۋچىلىق، ئىشق - مۇھەببەت، ئەر - خوتۇنچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە قوللانسا، پەرھىزدىن ئىبارەت پاسسىپ سېھرىگەرلىك بۇنداق تارقىلىشنىڭ ئالدىنى تەسىرىنى توسىدۇ. ھەتتا پەرھىز ئاكتىپ سېھرىگەرلىك يامان مەقسەدلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە (بۇ قارا سېھرىگەرلىكتۇر)، بۇنداق مەقسەد كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىنىڭ ھەم ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

4. ئانىمىزىم قارىشى دىن پەيدا بولۇشنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىدۇر. ھەر قايسى دىنلاردىكى

يوكسەلگەن، مەركەزلەشكەن، تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەر(ئىلاھلار) ئانىمىزىم قارىشى ئاساسىدا يېتىلگەن بولۇپ، پەرھىزلەرگە خىلاپلىق قىلغاندا كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەت ھەر قايسى دىنلاردىمۇ ئەشۇ "تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ" لەردىن كېلىدۇ. پەرھىزلەرنىڭ مەقسىدى ھەر قانداق شەكىلدىكى "تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ" لەرگە چېقىلماسلىق، ئۇلارنىڭ كەلتۈرىدىغان بالايى - ئاپەتلىرىنى توسۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىمىزىملىق قارىشى كونكرت پەرھىزلەردە تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا ئىپتىدائى تەپەككۇرغا مەنسۇپ بولغان ھىسسىي تەسىر چۈشەنچىسى ۋە جىن - ئالۋاستى قارىشى ئەنە شۇ ئانىمىزىملىق قاراشلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمۇ خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل تەبىئەتكە چوقۇنۇش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. ھازىرغىچە سانلىنىپ قالغان يازما يادىكارلىقلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشتەك ئېتىقادى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللاردۇر. مەزكۇر ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولىشىچە، ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردا ئاسمان جىسىملىرىدىن قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارغا؛ تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن يامغۇر، يېشىن(چاقماق)، گۈلدۈرماما، بوران قاتارلىقلارغا؛ تەبىئەت جىسىملىرىدىن تاغ، تاش، سۇ، زېمىن (يەر) لەرگە؛ ئۆسۈملۈكلەردىن چوڭ ئورمانلىق ۋە بەھەيۋەت چوڭ ئېگىز دەرەخلەرگە؛ ھايۋانلاردىن بۆرە قاتارلىق بىر تۈركۈم ھايۋانلارغا؛ ئوت قاتارلىق تەبىئەت جىسمىغا چوقۇنۇپ، ئۇلارنى ئىلاھ، دەپ قارىغان. بۇلار ئىچىدە ئاسمان جىسىملىرى سىياقىدىكى ئىلاھلاردىن قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار چوڭ ئىلاھلار ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۇرار جاي كۆك (ئاسمان) ھەممىدىن ئۈستۈن ئىلاھ سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان. يەر ۋە سۇ بىرلەشتۈرۈلۈپ قارىلىپ، ئىنسان ھاياتىنى قامدىغۇچى ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنۇشقا سازاۋەر بولغان. تۈرك - ئۇيغۇر مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى، قۇچۇ دەۋرىدىكى يادىكارلىقلار، خەنزۇچە تارىخنامىلەر ۋە ھازىرغىچە سارقىت بولۇپ قالغان ئۆرپ - ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىدا بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۆزلىرى چوقۇنغان تەبىئەت جىسىملىرىنى "تەڭرى" نامى بىلەن ئاتىدى. "تەڭرى" سۆزى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى (ئومۇمەن ئالتاي تىللىق مىللەتلەر) نىڭ "تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ"

ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، "تەڭرى" پەيدا بولۇشىدىنلا تەبىئەتكە چوقۇنۇش بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. "تەڭرى" سۆزىنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دائىرىسىدە قوللىنىلغانلىقىنى تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇنۇ بايانىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ: "... ئاسماننى تەڭرى دەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرىگە كۆرۈنگەن ھەر قانداق نەرسىنى ـ ئېگىز تاغ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ تەڭرى دەيدۇ. شۇڭا بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار يەنە بىلىملىك ئادەملەرنى تەڭرىكەن دەيدۇ..."[1] دېمەك، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئېگىز، زور ۋە ئاجايىپ بىلىنگەن تەبىئەت جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىنى "تەڭرى" نامى بىلەن ئاتاپ ئىلاھلاشتۇرغان.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدا "تەڭرى" دەپ قارالغان شەيئىلەر "تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەر" بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا ھەم بەخت ـ سائادەت ھەم ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ ئىشىنىلگەن. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلار ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس، قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ ۋە مۇشۇ سەۋەبلەردىن چېقىلغىلى، ھۆرمەتسىزلىك قىلغىلى بولمايدىغان ئوبيېكتلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار ئاشۇ شۇ تەبىئەت سۈپەتلىك "تەڭرى" لەرگە تېۋىنىش ئاساسىدا، شۇ "تەڭرى" لەرگە مۇناسىبەتلىك بىر قاتار پەرھىز ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، كۆك تەڭرى، كۈن تەڭرى ۋە ئاي تەڭرىلەر دېگەن ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەر سەۋەبىدىن كۆك (ئاسمان)، كۈن ۋە ئايغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش قىلمىشلىرىنى توسىدىغان بىر قاتار پەرھىزلەر مەيدانغا كەلگەندىن باشقا، خاقان ـ پادىشاھلار ئۆزلىرىگە مەزكۇر تەڭرىناملىرىنى خاقانلىق نامى قىلىپ قوللانغانلىقى سەۋەبىدىن، ئاشۇ پادشاھ ـ خاقانلارمۇ مۇھىم پەرھىز ئوبيېكتلىرىغا ئايلانغان. يەر ۋە سۇ قاتارلىقلار ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭرىلەر (ياكى مەلۇم مەنىدىن چىشى جىنسلىق تەڭرىلەر) ھېسابلىنىپ، ئۇلارغا قارىتا نۇرغۇن پەرھىزلەر مەيدانغا كەلگەن. يەر ۋە سۇ يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئېگىلىكى (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق) نىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدىكى پەرھىزلەر كۆپىنچە يەر ۋە سۇنى ئىلاھلاشتۇرۇش بىلەن مۇناسىبەتلىك بولغان. ئۇنىدىن باشقا تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى، تەبىئەت جىسىملىرى ئىچىدىكى "تەڭرى" سۈپىتىنى ئالغانلىرى ئوخشاشلا پەرھىز ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، ئۇلارغا

---

[1] مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 3 ـ توم، 514 ـ، 515 ـ بەتلەر.

مۇناسىبەتلىك نۇرغۇن پەرھىزلەر شەكىللەنگەن. بىز ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىغا مەنسۇپ نۇرغۇن پەرھىز ئادىتىنى بىلىش ئىمكانىيىتىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قىسمەن ئىشەنچ ۋە پەرھىزلەردىن شۇ دەۋرلەردىكى ئەھۋاللارنى قىياس قىلالايمىز.

تەبىئەت ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر پەرھىزلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1. تەبىئەتكە چوقۇنۇش بىلەن مۇناسىبەتلىك ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ئاساسەن تەبىئەت سۈپەتلىك ئىلاھلارنىڭ مۇقەددەسلىكىنى قوغداشنى مەقسەد قىلىدۇ.

2. تەبىئەتكە چوقۇنۇش بىلەن مۇناسىبەتلىك ئۇيغۇر پەرھىزلىرىدە سېھىرگەرلىك مەنىسىدىكى ھېسسىي تەسىر نىسبەتەن ئاجىز ئورۇندا تۇرغاچقا، بۇنداق مەقسەتتىمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ.

3. بۇنداق پەرھىزلەردە ئادەمنىڭ ئاكتىپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ. قايسىلا دىندا بولسۇن، ئادەملەر پەقەت ئىلاھ ئالدىدا تېخىمۇ كىچىكلىك تۇيۇنىش، باش ئېگىش پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەپ تۇرغاچقا، ئەشۇ ئىلاھقا ئالاقىدار پەرھىزلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىنسانلارنىڭ ئىلاھىي سەۋەب تۈپەيلىدىن بولىدىغان بالايى ـ ئاپەتلەردىن ئىنتايىن پاسسىپ رەۋىشتە ساقلىنىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.

ئىنسانلار ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ۋە روھتىن ئىبارەت مەنىۋى مەۋجۇدلۇقنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇچىنچى خىل مەنىۋى مەۋجۇدلۇق ـ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشەنگەن. جىن ـ ئالۋاستى قارىشى بىلەن پەرھىز ئادىتىنىڭ شۇنداق مۇناسىۋىتى باركى، ئىنسانلار بارلىق پالاكەت، كېسەللىك ۋە بالايى ـ ئاپەتنى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن زەررى دەپ ھېس قىلغاچقا، نۇرغۇن ئەھۋالدا بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى بولمىش پەرھىزلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەشۇ كېلىشمەسلىكلەردىن ساقلانماقچى بولغان. سېھىرگەرلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى ئىنسان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ئاكتىپ سېھىرگەرلىك ۋە ئۇلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىدىغان پاسسىپ سېھىرگەرلىك (پەرھىز) مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ پەرھىز

ئادىتى جىن ـ ئالۋاستىلار ئېلىپ كېلىدىغان خەتەرگىلا قارىتىلغان بولماستىن، پەرھىز ئادىتى ئىچىدىكى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى كۆپىنچە جىن ـ ئالۋاستىلار قورقىدۇ، دەپ قارىغان بۇيۇملارنى ئىشلىتىش ۋە پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغاندا كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتنى تۈگىتىشتە قوللىنىلىدىغان، جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ زەررىنى قايتۇرىدىغان قارشى تەدبىرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئومۇمەن، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بەزى كىشلەر "جىن"، "شەيتان"، "ئالۋاستى"، "دىۋە"، "يەك" قاتارلىق روھى مەۋجۇدلۇقلارغا ئىشىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قاراشلىرىدا نۇرغۇن پالاكەتنى (كىسەللىك، ساراڭلىق) ئەشۇ جىنلار پەيدا قىلىدۇ، ئۇلار تۈرلۈك سىياقلارغا (مەسىلەن، ئاق رەڭلىك ئۆچكە، مۈشۈك، ئىسكىلىتىلا قالغان ئادەم، ئۇزۇن چاچلىق ئايال، غەلىتە مەخلۇق، قۇيۇن، شامال، ئوت، يورۇقلۇق....) كىرىپ ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار ئاياللار، كېسەل كىشلەر، بوۋاق بالىلارغا ئاسان زەررە يەتكۈزىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى ئۇيغۇرلار "جىن چاپلىشىپتۇ" دەپ چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك ئاياللار، بوۋاق بالىلار ۋە كېسەل كىشلەرگە مۇناسىبەتلىك نۇرغۇن پەرھىزلەر دەل ئەشۇ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ زىيانكەشلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىتىك قارىشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىبەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى گۈزەللىك، رەڭلەردىكى گۈزەللىكلەرگە بولغان تۈپ قاراشلىرى، تۈرلۈك سىزىملارغا قارىتا مايىللىق ۋە بىزارلىق تۇيغۇسى، جۇغراپىيەلىك مۇھىت شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىستىتىك زوق ئۆلچەملىرى يالغۇز تۇرمۇش ۋە سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئەكس ئېتىپلا قالماستىن يەنە پەرھىز ئادىتى ئىچىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىز بۇ نۇقتىنى كونكرېت پەرھىزلەر ئۈستىدىكى مۇلاھىزىمىزدە تېخىمۇ كونكرېت  ھالدا شەرھلەيمىز.

## 4. دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى

ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلار بىلەن زىچ مۇناسىبەتلىكتۇر. دىن ئەڭ چوڭ ئىدىئولوگىيە سىستېمىسى بولۇش سۈپىتىدە ئۇ خەلقنىڭ مەنىۋىي ھاياتىدا زور چەكلەش كۈچىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ئادەتلىرىنى شۇ مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، پەرھىزلەر ھەققىدىمۇ شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر

ئەجدادلىرىنىڭ ئىبتىدائىي ئېتىقادىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە شەكلىنى كېيىنكى دەۋردىكى چوڭ تەبىئەت دىنى ـ شامانىزىم چەتكە قاقمىدى، بەلكى تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇردى ۋە بېيىتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئىبتىدائىي ئېتىقاد بىلەن شامان دىنى پەرھىزلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ئەمەس، بەلكى بىردەكلىك ساقلاندى.

ۋاھالەنكى، دىن تەرەققىياتى جەريانىدا دىنلارنى پەرقلەندۈرگۈچى ئامىل سانىلىدىغان "ئىلاھ" نىڭ ئوخشىماسلىقى، دىندىكى تۈپ قاراشلارنىڭ پەرقلىق بولۇشى بىلەن، دىنلار ئىچىدىكى ئاساسىي ئىپادىلىگۈچى شەكىللەر پەرقلەندى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا پەرھىزلەردىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. خۇلاسىسە تەرىقىسىدە ئېيتقاندا، ھەر قايسى دىنلارنىڭ پەرھىزلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرقلەر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن ئوخشاش ۋە ئوخشاپ كېتىدىغان تەركىبلەر مەۋجۇد.

دىن ئىچىدىكى بېكىتىلگەن چەكلىمە ۋە پەرھىزلەر ئىلاھ بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەر قانداق بىر دىن ـ مەيلى ئۇ قانچىلىك سىستېمىسىز ۋە ئاددىي بولسۇن ـ كىشىلەرگە مۇئەييەن مەجبۇرىيەت ۋە چەكلىمىلەرنى يۈكلەيدۇ. بۇنداق مەجبۇرىيەتلەر "پەرز" شەكلىدە شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلانسا، چەكلىمىلەر "پەرھىز" شەكلىدە كىشىلەرنىڭ شۇ دىنغا نىسبەتەن تەقۋالىق دەرىجىسى ۋە مەنىۋىي قىياپىتىنى ئىپادىلەيدۇ. پەرھىزلەرگە بويسۇنۇش كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلىكى، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە) ئېرىشىدىغان مۇكاپات ۋە جازاسى، شۇ دىن جەمئىيىتى ئىچىدىكى سالاھىيىتى ۋە ئورنى... قاتارلىقلارنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك، ھەر قانداق دىن كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئەقىدىگە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلغاندىن باشقا، مۇھىمى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن ئەڭ زىچ ئالاقىسى بولغان تۈپ مەسىلىلەر مەسىلەن، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، جىنسىي پائالىيەت ۋە جىنسكە قارىتا پوزىتسىيە، مال ـ مۈلۈك، ئاياللار مەسىلىسى... گە قارىتا پەرھىز تەرىقىسىدە جاۋاپ بېرىدۇ، ھەر بىر ساھەگە ئالاقىدار كۈچلۈك چەكلىمىلەرنى بېكىتىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار دىن دائىرىسىدە مەلۇم مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە مەلۇم پەرھىزلەرگە بويسۇنۇش ھەم ئۆزىنىڭ نەپس ـ ھەۋىسىنى يىغىش بىلەن "مۇكاپات" قا ئېرىششىنى كۆزلەيدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق چەكلىمىلەرنىڭ بەزىسى مەڭگۈلۈك، بەزىسى ۋاقىتلىق بولغان بولىدۇ. ھەر قايسى دۇنياۋىي

دىنلاردىكى "روزا تۇتۇش" ئەنە شۇ ۋاقتلىق چەكلىمىلەرنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. قىسقارتىپ سۆزلىگەندە، ئىنسان خاراكتېرى ۋە تەبىئىتى ئەڭ كۆڭگەن ۋە ئەڭ ئىشلىتىلىدىغان ساھەلەرگە ھەر قانداق دىن چەكلىمە بەلگىلىمەي تۇرۇپ، ئۆز نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرەلمەيدۇ.

ھەر قايسى دىنلاردا بەلگىلەنگەن پەرھىزلەرگە ئورتاق ئىككىنچى نۇقتا شۇكى، ھەر قانداق دىن ئىچىدە مۇئەييەن شەيئى، مۇئەييەن ۋاقت، مۇئەييەن ئورۇن، مۇئەييەن تەرەپ - يۆنۈلۈش، مۇئەييەن ھەرىكەت ... مۇقەددەس، دەپ قارالغانلىقتىن، شۇ نەرسە، ماكان، زامان، تەرەپ، ھەرىكەت ... كە ئالاقىدار بىر قاتار پەرھىزلەر مەۋجۇد بولىدۇ. نەرسە دېگەندە دىنى پائالىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان مۇقەددەس كىتابلار، تەبىئىي ۋە سۈنئىي ماددىي بۇيۇملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ۋاقت دېگەندە، دىن ئېتىقادىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن ئالاقىدار مەلۇم كۈن، ئاي، يىل ياكى قىسقىغىنە بىر چاغ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئورۇن دېگەندە، دىنلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن ئالاقىدار بولغان بىرەر شەھەر، قەلئە ياكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەرەپ دېگەندە، دىن ئېتىقادى سەۋەبىدىن ئۇلۇغلىنىدىغان تەرەپ (ئوڭ ياكى سول دېگەندەك)، مۇقەددەس ماكان ئورۇنلاشقان تەرەپ ... لەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەرىكەت دېگەندە، بۇنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ بولۇپ، شۇ دىنلارغا ئالاقىدار پائالىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت - قىلىقلار ۋە يۇقىرىدىكى ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىنىي تۇرمۇشتا يۇقۇردىكى ساھەلەر ئادەتتىكى ساھەلەردىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. شۇ ساھەلەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، خالىغانچە مۇئامىلە قىلىش ۋە چېقىلىش، ئورۇنسىز ئىشلىتىش، شۇ ساھەلەر بىلەن ئادەتتىكى ھاياتىي ساھەلەرنى ئارىلاشتۇرىۋېتىش بىردەك ساقلىنىشقا تېگىشلىك پەرھىزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان يۇقىرىدىكى دىنلارنىڭ ھەر بىرىدە بىر يۈرۈش ماددىي نەرسىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئۇلۇغلىنىپ مۇقەددەسلەشتۈرىلىدۇ. ئۇلارغا چېقىلىش، ناپاك تەندە يېقىنلىشىش، ئۇلارنى ئادەتتىكى شەيئىلەردىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇش ياكى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش بىردەك چەكلىنىدۇ. شۇ دىنلارنىڭ ئىجادچىلىرى تۇغۇلغان كۈنلەر، دىن بەرپا بولغان كۈنلەر، شۇ دىن ئەقىدىلىرى بويىچە ئىلاھنىڭ ئالەمنى بىنا قىلغان كۈنلىرى ، شۇ دىنلار ئىنسانلارغا بىكىتكەن روزا كۈنلىرى بىردەك مۇقەددەس ۋاقت سۈپىتىدە قارىلىپ، شۇ ۋاقىتلاردا يامان ئىشلارنى قىلىش، يامان خىياللاردا بولۇش قاتتىق چەكلىنىدۇ. ھەر قايسى دىنلار پەيدا

بولغان ۋە مۇھىم پائالىيەتلەر يۈز بەرگەن ئورۇن ـ شەھەرلەر، دىنى پائالىيەت سورۇنلىرى ئۇلۇغ ماكان دەپ قارىلىپ، شۇ جايلاردا يامان ئىشلارنى قىلىش، خالىغانچە ھەرىكەت قىلىش، يامان سۆز ۋە خالىغانچە سۆز قىلىش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بارلىق دىنلاردا قەبرىستانلىق بىردەك مۇقەددەس دەپ قارىلىپ، كۈچلۈك پەرھىز ئوبيېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىراق ھەر قايسى دىنلارنىڭ پەرھىزلەر سىستېمىسىدا يەنە ناھايىتى زور پەرقلەر مەۋجۇد. دىن تەرەققىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ھەر قايسى دىنلار ئەقىدىسى ۋە پەرھىزلىرىدە گوياكى ناھايىتى يېقىن مۇناسىبەت ۋە ۋارىسچانلىق مۇناسىۋىتى باردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ـ دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك ئوخشاشلىق ئەمەس. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ چەكلىك ئەقلىي سەرمايىسى، ھېسسىي تۇيغۇسى، چەكلىك ماددىي شارائىتى ئاستىدا ياراتقان مەنىۋىي نەتىجىلىرىدە ئوخشاشلىق مەۋجۇد بولىدۇ. "دىنىي ئىدىيە تارىخىدا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغىنى ۋە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولغىنى ماددىي پەرھىزلەر بولماستىن، بەلكى پەرھىزلەر ئارقىسىدىكى مۇددىئادىن ئىبارەت بولىدۇ."[①] ئەلۋەتتە، دىن ئەقىدىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن مۇناسىپ پەرھىزلەردىمۇ پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر.

ھەر قايسى دىنلارنىڭ كونكرېت پەرھىزلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر بار بولىدۇ. جۈملىدىن ھەر بىر دىنىنىڭ ئىلاھى، پەيغەمبىرى، بەرپا بولغان جايى ۋە ۋاقتى ئوخشىمىغاچقا، شۇلارغا ئائىت پەرھىزلەردىمۇ پەرق بولىدۇ. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان دىنلار، بولۇپمۇ دۇنياۋىي دىنلار ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن قالغان پەرھىزلەرنى چەتكە قاقىدۇ. بۇنداق چەتكە قېقىش پوزىتسىيەسى مەزكۇر دىنلاردىكى تۈپ ئەقىدىلەر سەۋەبىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دىنلاردىكى مەقسەد ۋە مۇددىئانىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن، ئىپتىدائىي ئېتىقادقا مەنسۇپ نۇرغۇن قاراشلارنىڭ خۇراپات كاتېگورىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. سۈنئىي دىنلارنىڭ پەرھىزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادقا ئائىت پەرھىزلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن مەركەزلىششى دەل دىن تەرەققىياتىدىكى چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ زور دەرىجىدە ئازايغانلىقى ۋە يۈكسەلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىراق، بۇ سۈنئىي دىنلار ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن قالغان تۈرلۈك تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دېگەنلىكمۇ ئەمەس. دەل

---

[①] [گېرمانىيە] ئېرنىست كاسسىئېر: «ئادەم ھەققىدە»، گەن ياڭ تەرجىمىسى، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 135 ـ بەت.

ئەكسىچە، ئىنسانىنىڭ ئىبتىدائىي تەپەككۇرىدىكى ئەپسانىۋى تەپەككۇر، ئانىمىزملىق تەپەككۇر ۋە ھېسسىي تەسىر تەپەككۇرى قاتارلىقلار سۈنئىي دىنلارنىڭ بەرپا بولۇش زېمىنى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى تايلور ئېيتقاندەك: "ئەمەلىيەتتە، ئانىمىزم قارىشى بەدەۋىيلەرنىڭ دىنى بولسۇن ياكە مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ دىنى بولسۇن، بارچە دىن پەلسەپەلىرىنىڭ ئاساسىدۇر."[①] سۈنئىي دىنلارنىڭ كۆپ قىسمىدا تەبىئەتتىكى شەيئىلەر مۇقەددەس ۋە ئاددى، پاك ۋە ناپاك دەپ ئايرىلىسمۇ، بىراق ئاشۇ ساھەلەرنى ئايرىشتىكى ئۆلچەم كۆپىنچە شۇ دىنلاردىكى تۈپ ئەقىدىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەچكە، بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. جۈملىدىن مەلۇم دىندا مۇقەددەس ۋە چېقىلغىلى بولمايدىغان پەرھىزلىك ئوبېكتلەر يەنە بىر دىندا ئادەتتىكى نەرسە ھەتتاكى يىرگىنىچلىك نەرسە بولۇشى مۇمكىن. بۇ پىكىرگە مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كەلسە، نۇرغۇن پاكىتلارنى تىزىپ كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. دىن تەرەققىياتىدا بىر مىللەتنىڭ مەلۇم دىنى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، يەنە بىر يېڭى دىن ئېتىقادىغا ئۆتۈشى، يالغۇز پەرھىزلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل مەنىۋى قىياپىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئۆزگىرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلانىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىبتىدائىي ئېتىقادى ئاساسىدا شامان دىنىنى ياراتتى. ئىبتىدائىي ئېتىقاد بىلەن شامان دىنى ئوتتۇرىسىدا تۈپ ئىختىلاپىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن، ئىلگىرىكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدىكى نۇرغۇن تەبىئەت سۈپەتلىك "ئىلاھ" لار، ھەممىدە روھ (جان) بار دەپ قاراش، ھەتتا ئىبتىدائىي سېھرگەرلىك شامان دىنىدا تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈلدى. شامان دىنىدا تەبىئەت دىنلىرىدىكى ئەقىدىلەر ئاساسەن قوبۇل قىلىندى. مۇناسىپ پەرھىزلەرمۇ ئەلۋەتتە شامان دىنى دائىرىسىدە مەۋجۇد بولىۋەردى. ھالبۇكى، بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئىبتىدائىي قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرىنىڭ شامان دىنى ھامىيلىقىدا كېيىنكى دەۋرلەرگە ئۇلىنىپ كېلەلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرىپىدىن بولسىمۇ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ داۋاملىششى نۇرغۇن ئىبتىدائىي ئادەتلەرنىڭ پەرھىز شەكلىدە بۈگۈنگىچە تارقىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى ۋە باشقا دىنلارنىڭ تەسىرىنى مۇۋاپىق ئۆزلەشتۈردى. بىراق شامانىزىم ھامىيلىقىدىكى نۇرغۇن خۇراپىي قاراشلار ۋە يوسۇن ـ ئادەتلەر باشتىن

---

[①] [ئەنگىلىيە] ئېدۋارد تايلور: «ئىبتىدائىي مەدەنىيەت»، ناملىك كىتابنىڭ 11 ـ بابى «ئانىمىزم قارىشى»، «20 ـ ئەسىر، غەرب دىن مەدەنىيەتشۇناسلىقىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانما» غا بېسىلغان، 1 ـ توم، شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 24 ـ بەت.

ئاخىرى سىرتتىن كىرگەن دىنلارنىڭ ھوجۇم قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىۋەردى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام تۇسنى ئالغان شامان ئادەتلىرىنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ئاشۇ زىددىيەت بىلەن مۇرەسسەنىڭ ئورگانىك گەۋدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادى ئۇلارنىڭ ئىبتىدائىي ئېتىقادىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بولۇپمۇ قوياشقا چوقۇنۇش (ئومۇمەن، نۇر مەنبەلىرىگە تېۋىنىش) ۋە ئوتقا چوقۇنۇش ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە قەدىمدىلا مەۋجۇد ئىش بولسىمۇ، بىراق ئاتەشپەرەسلىك بۇ خىل ئېتىقادنى يۈكسەكلەشتۈردى. ئاتەشپەرەسلىكتىكى نۇرغۇن قاراشلار (بولۇپمۇ تەبىئەتنى بۇلغىماسلىق) ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىيىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاش ۋە داۋام ئەتكۈزۈش ئىستەكلىرىگە لايىق كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىغا يانداشتۇرۇپ بۇ دىننىڭ نۇرغۇن پەرھىزلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرغان نۇرغۇن ئىرىملىك قاراشلار ۋە پەرھىزلەر بۇ پىكىرلىرىمىزگە دەلىلدۇر. مانى دىنىنى ئېلىپ ئېيتساق، مانى دىنىنىڭ دىنىي تەشەببۇسى ئەسلىدىنلا بىر قانچە دىن ئاساسىدىكى ئەبجەش قاراشلار بولغىنى ئۈچۈن، بۇ دىننىڭ تۈپ قاراشلىرى ئۇيغۇرلاردا ئۆزىگە لايىق ئورۇن تاپتى. بولۇپمۇ ھۆكۈمران قاتلامنىڭ بۇدىننى قوللىشى ۋە كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە، خەلقنىڭ نۇرغۇن قاراش ۋە ئادەتلەرنى مەجبۇرىي ۋە ئىختىيارىي يوسۇندا قوبۇل قىلغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر قايسى دىنلارغا تۇتقان كەڭ قول پوزىتسىيەسى تۈرلۈك دىنى ئەقىدىلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى پەرھىزلەرنىڭمۇ بىرلىكتە مەۋجۇد بولۇشىنى، پەرھىز ئادىتىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن.

بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىغا تارقالغان ۋاقت مانى دىنىدىن ئىلگىرىرەك، ئاتەشپەرەشلىك دىنىدىن سەللا كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دىننىڭ پەرھىزلىرىنىڭ كۈچلۈك تەبىقە تۈسىگە ئىگە بولۇشى ـ بۇ دىنغا ئىشەنمىگەن كىشىلەرنىڭ شۇ دىن پەرھىزلىرىگە ئېتىبارسىز قارىشىنى ھەتتا رىئايە قىلماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ياشىغان زىمىنلارنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەتتا شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىمۇ ھەر قايسى دىنلارنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش كۆلىمى ۋە

دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ھەم دىنغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ئادەت ـ يوسۇنلارنىڭ ئوخشىماسلىقىدەك پەرقلەر بار بولغان. بۇ پىكىرلىرىمىزنى رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ئىچىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتكە ئالاقىدار ماتېرىياللار ۋە يازما ۋەسىقىلەردىكى ئادەت ـ يوسۇنغا ئائىت بايانلار ئىسپاتلايدۇ.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن مەدەنىيەت جەھەتتە ئەمەس بەلكى ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىسلاھات تەرىقىسىدە مەيدانغا كەلدى. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى پۈتۈن مەدەنىيەت يېڭى بىر كۈچ ئالدىدا ئىنكار قىلىنىشقا دۇچ كەلدى. ئۇيغۇر ئىدىيە تارىخىدا ھېچقانداق بىر دىن ئىسلام دىنىدەك پۈتۈن مىللەتكە ئومۇملاشىپ كېتەلىگەن ئەمەس، شۇنداقلا رېئال ھاياتنىڭ ئىنچىكە ساھەلىرىگە تەسىر بېرىپ كېتەلىگەن ئەمەس. دېمەكچىمىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدە، رېئال ھاياتىدا توپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر قانچە خىل دىنىنىڭ باراۋەر ياكى ئوخشىمىغان نىسبەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىشىغا مۇمكىن بولمىدى. ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن ئىبتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئەمەس، بەلكى ھەر قايسى دىنلار تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە زەربە بەردى. بۇددا ۋە مانى ئېتىقادى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن مەدەنىيەت ۋە سەنئەت نەتىجىلىرى ئاساسەن يوقالغان بولسىمۇ، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، تۇرمۇشقا سىڭگەن ئادەت ـ قائىدىلەر، جۈملىدىن پەرھىز ئادىتى مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ قالىۋەردى. نۇرغۇن ئىبتىدائىي چۈشەنچىلەرگە ئىسلامىيەت قاراشلىرى سىڭىپ كىردى ياكى ئىبتىدائىي ئېتىقاددىن قالغان ئادەتلەر ئىسلامچە چۈشەندۈرۈلدى ياكى چۈشىنىلدى. ھەتتاكى شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دەسلەپكى ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن پۈتۈن مەدەنىيىتىگە ئىسلامىيەت يوپۇقى يېپىلدى.

ھەر قاندىق دىن ئەپسانە بىلەن پەرھىزنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بەلگىسى قىلىدۇ، ھەتتا بۇ ئىككى خىل ئامىل دىنىنىڭ سىرتقى قېپى سۈپىتىدە شۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە نوپۇزىنى مۇھاپىزەت قىلىش، داۋاملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بىراق دىننى ساقلاپ تۇرغان بۇ ئامىللار ئۆزىدىنمۇ كۈچلۈك ئامىل ـ بازىس ۋە ئەمەلىي كۈچ (ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىنىڭ ياردىمى ۋە تەشەببۇسى) نىڭ ھامىيلىقىدا تارقالغان يېڭى دىنغا

دۇچ كەلگەندە، يېڭى تارقالغان دىنىنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى (يەنى شۇ دىن ئەقىدىسىنى چۈشەندۈرىدىغان ھېكايىلەر) ۋە پەرھىزلىرى ئورۇنغا ئۆتۈپ خەلق ئارىسىدا تارقىلىدۇ. بىراق، مەنىۋى ئادەتلەردىكى ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيىتى سەۋەبىدىن، ئىلگىرىكى ئەپسانىلەر ۋە پەرھىزلەر يېڭى ئەپسانە ۋە پەرھىزلەر بىلەن بىرىكىپ، خەلق ئەدەبىياتى ۋە ئادەت ـ يوسۇنلىرىنىڭ مولللىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يىپەك يولى ئالاقىسىگە ئىشتىراك قىلغان مىللەتلەر، بولۇپمۇ كۆپ خىل دىنى ئېتىقادنى قوبۇل قىلغان مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ۋە ئادەت ـ يوسۇنلىرىدا بۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىكتۇر.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن يەنە شۇنى ھىس قىلىشىمىز مۇمكىنكى، ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى خۇددى ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىگە ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئوخشاش كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قىرلىق، سىنكرىتىك مەنىۋى ئېتىقاد ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ ھەممىسى مەلۇم دىنلارغا مەنسۇپ دەپ كەسكىن قىلغىلىمۇ بولىۋەرمەيدۇ. نۇرغۇن دىنىي پەرھىزلەردە ئۆتۈشۈش، ئالمىشىش ۋە ئېنىقسىزلىق مەۋجۇد. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەجرىبە خاراكتېرلىك پەرھىزلەرنى مەلۇم دىنغا تەئەللۇق دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. خۇراپىي پەرھىزلەرنى ئىنسانىنىڭ چەكلىك ئەقلىي قۇۋۋىتى ۋە ئىبتىدائىي دەۋرلەردىن قالغان تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن كۆرۈش كېرەككى، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ بىرەر دىنغىلا باغلاش ئىلمىي ھۆكۈم ھېسابلانمايدۇ.

# 2. بۆلۈم: ئىنسان ھاياتىغا ئائىت پەرھىزلەر

## 1. ئادەم بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلەر

ئىنسان ئۇچۇن ئېتىقاندا بەدەن (ياكى تەن) ئەڭ مۇھىم نەرسە بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بەدەن دېمەك ھاياتلىق دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىن تارتىپ ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىغىچە، بەدەننى ئىنتايىن مۇھىم پىكىر ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى قاتارىدا كۆرۈپ، تەن ھەققىدە ئۈزلۈكسىز ئويلانغان. ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋردىلا بارلىققا كېلىپ بولغان روھ چۈشەنچىلىرى، ئەپسانىلەر (بولۇپمۇ يارالمىش ئەفسانىلىرى)، تۈرلۈك شەكىلدىكى تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى ۋە شۇنداقلا ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلار بىردەك بەدەننى مەركەز قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. تۈرلۈك تاشقىي مۇھىت ھەم شارائىت تەقەززاسى بىلەن بارلىققا كەلگەن جىسمانىي ئۆزگىرىشلەرگە تۈرلۈك مەنىلەرنى يۈكلەپ، خاس بەدەنگە مۇناسىبەتلىك تۈرلۈك ئەقىدە، ئادەت، جۈملىدىن پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەنگە قارىتىلغان پەرھىزلىرى ۋە بىشارەتلىك چۈشەنچىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇشۇ پەرھىزلەر ۋە بىشارەت چۈشەنچىلىرى ئاخىرقى ھېسابتا بەدەننى قوغداش مەقسىدىدە بارلىققا كەلگەن مەنىۋىي ھادىسىلەردۇر.

بىز بۇ بۆلەكتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلىرىنى مۇنداق ئىككى نۇقتا بويىچە بايان قىلىمىز:

بىرى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئادەملەرگە قاراتقان ھالدا رىئايە قىلىدىغان پەرھىزلىرى ۋە پەرھىز چۈشەنچىلىرى؛ يەنە بىرى بولسا، بەدەندىكى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەر ھەم ئۇلارغا ئالاقىدار ھەرىكەتلەرگە مۇناسىبەتلىك پەرھىز ئادەتلىرىدىن ئىبارەت.

### 1. باشقىلارنىڭ بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر

ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋردىلا ئانىمىزم چۈشەنچىسى، ھەر خىل دىنى ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي شارائىت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئادەملەرنى پەرقلىق بولىدۇ، بۇ پەرق يالغۇز جىسمانىي تۈزۈلۈش

جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى كۈچ ـ قۇدرەت، ئەقلىي قۇۋۋەت، سېھرىي قۇۋۋەت قاتارلىقلاردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرى ۋە ئىجتىمائى ئورنى تۈپەيلىدىن ئۇلار ئوخشىمىغان خاراكتېرگە ـ ياكى مۇقەددەسلىك خاراكتېرگە ۋە ياكى ناپاكلىق خاراكتېرگە ئېگە بولىدۇ، دەپ چۈشىنىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلاردا ھەر بىر كىشى ئاڭ جەھەتتە ئۆزىدىن تاشقىرى ئادەملەرنىمۇ مۇقەددەس ۋە ناپاك دەپ ئىككى كاتېگورىيەگە ئايرىپ، ئۇلارغا قارىتا نۇرغۇن پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

## (1) مۇقەددەس ئادەملەرگە ئائىت پەرھىزلەر

قەدىمدىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار ئادەملەردە بىر خىل سىرلىق قۇۋۋەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. بولۇپمۇ بىر قىسىم ئادەملەر ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقۇرلىقى ۋە شۇغۇللىنىدىغان كەسپىنىڭ ئالاھىدە بولۇشىغا ئاساسەن، "مۇقەددەس كىشىلەر" دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان. بۇنداق "مۇقەددەس" كىشىلەرنىڭ سىرلىق قۇۋۋەتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار باشقا ئادەملەرگە زىيان ئېلىپ كېلەلەيتتى ۋە بەخت ـ ئامەتمۇ ھەدىيە قىلالايتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇلارنى پەرھىز ئوبيېكتى سۈپىتىدە قاراپ، ئۇلارغا يېقىنلىشىش، چېقىلىش ۋە سۆزلەشتىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇيغۇرلار نەزىرىدە "مۇقەددەس كىشىلەر" بولسا خاقان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ ۋۇزەرا قاتارلىق ئورنى يۇقىرى ئادەملەر؛ دىن ۋە سېھرگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئورۇنلىنىش ھوقۇقىنى قولدا تۇتقان پىرىخون ـ باخشى، جادۇگەرلەر ۋە نەزىرە ـ چىراغ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى قاتارلىقلار؛ تەسەۋۋۇپتىكى "ئەۋلىيا" لىق ماقامىغا يەتكەن "پىر" ۋە "خوجا" لەرنى كۆرسىتەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق تەرىپىدىن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ھېسابلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە خەتەرلىك ۋە ئاپەت كەلتۈرەلەيدىغان كىشىلەر دەپ سانىلاتتى.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تارىختا خاقان ـ پادىشاھلارنى مۇقەددەس بىلگەن ياكى شۇ خاقانلارمۇ ئۆزلىرىنى مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ ھېسابلىغان. ئۇلارنىڭ مۇقەددەسلىكى شۇ يەردىكى، ئۇلار ئالدى بىلەن دۆلەت ھوقۇقىنى تىزگىنلىگەن، يەنە بىرى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ "تاللانغان بەندىلىرى" ياكى "ئوغۇللىرى" قاتارىدا سانىغان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى شامان ئېتىقادىدا تۇرغان مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ خاقانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى سىياقىدىكى تەڭرىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغانلىقى،

ئۆزلىرىگە "تەڭرىنىڭ ئوغلى" مەنىسىدىكى "تەڭرىقۇت" نامىنى بېرىشى... بۇ پىكرىنىڭ مىسالىدۇر. كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ئۆزلىرىنى تەبىئەت تەڭرىلىرى بىلەن باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تەڭرىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىبىتى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇقەددەسلىكنى بىلدۈرىدىغان "ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغان"، "كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇچ كۈچلۈك بىلگە قاغان"، تەڭرى بولمىش ئېل تۇتمىش بىلگە قاغان" ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئۆزىنى ئاتىغان.

پادىشاھلار ۋە خاقانلار ئىجتىمائى ھوقۇقنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ زورلۇقى ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتىرى ئوبيېكتىپ مەۋجۇد ئەھۋالدۇر. بىراق بۇنداق ئەھۋال ئادەتتىكى كىشىلەر ۋە پۇقرالارنىڭ نەزىرىدە بىر خىل سېھرى كۈچ سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، ئۇلار پەرھىز ئوبيېكتىلىرىغا ئايلاندۇرۇلغان. نەتىجىدە ئادەتتىكى كىشىلەر خاقانلارنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىماسلىق، ئۇلارغا يېقىنلاشماسلىق، چىشىغا تەگمەسلىك، بىللە تائام يېمەسلىك، خاس بۇيۇملىرىنى ئىشلەتمەسلىك، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدە يامان ھۆكۈم چىقىرىشىدىن ساقلىنىش قاتارلىق بىر قاتار پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پادىشاھلارنىڭ يېنىدىكى ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار، خانىش ـ مەلىكىلەر، شاھزادە ـ تېكىنلەر ئوخشاشلا سىرلىق كۈچكە ئىگە خەتەرلىك ۋە مۇقەددەس كىشىلەر دەپ قارىلىپ ئۇلارمۇ مۇھىم پەرھىز ئوبيېكتىغا ئايلانغان. قۇللۇق ۋە فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا، كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن پادىشاھ ۋە ئوردا ئەھلىنىڭ سىرلىق كۈچكە ئىگە خەتەرلىك، مۇقەددەس كىشىلەر دەپ قارىلىشى تەدرىجى ھالدا كۈچلۈك تۈزۈمگە، ھەتتاكى قانۇن ـ نىزاملارغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئادەتتىكى كىشىلەر پادىشاھ ۋە ئوردا ئەھلىنى مۇقەددەس دەپ قاراپ، ئۇلارغا مۇناسىبەتلىك بىر يۈرۈش پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەندىن باشقا، پادىشاھلارمۇ ئۆز تۇرمۇشى ۋە پائالىيىتى دائىرىسىدە بىر يۈرۈش پەرھىزلەرگە رىئايە قىلغان. بۇنداق پەرھىز كۆپىنچە پادىشاھلارنىڭ غىزالىنىش، يېتىپ ـ قوپۇش، ئادەم قوبۇل قىلىش، ياسىنىش ... جەھەتلەردە ئىپادىلەنگەن. بىز ئۇيغۇر پادىشاھلىرىنىڭ تارىختا قانداق پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەنلىكىنى تولۇقى بىلەن دەلىللەپ بېرەلمەيمىز. بىراق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىدە پادىشاھلارنىڭ غىزالىنىش سايمىنى ھەققىدە مۇنداق بىر بايان بار:

"تامغالىق: بىر كىشىلىك داستىخان. ئەسلى 'تامغالىغ' بولۇپ 'تامغىلىق، تامغىلانغان' دېمەكتۇر. ئادەتتە پادىشاھلار ئۆزىگە خاس داستىخان ۋە ئۇۋرىق (كوزا) نى باشقىلار ئىشلەتمىسۇن دەپ ئۈستىگە تامغا بېسىپ قويىدۇ، بۇلاردا بىر كىشىلىك شاراپ ۋە تاماق بولىدۇ..."[①] كۆرۈشكە بولىدۇكى، پادىشاھ ـ خاقانلار تاماق يېيىشتە قاچا ـ قۇچىلىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاق ئىشلەتمەسلىكتەك پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» تە ھۆكۈمدارلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتە زەھەرلىنىپ قىلىشقا ئوخشاش بەزى خەتەرلىك ئەھۋالغا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە مۇنداق بېيىتلارنى قالدۇرغان ئىدى:

2890 بۇ گالدىن بولۇر بەگكە ھەممە خەتەر،

بۇ گال تاتقى ئاشچى، ئىدىشچى تۇتار.

2891 بۇ ئاشچى، ئىدىشچى سادىق بولمىسا،

بولۇر بەك قىيىن بەگكە ئىچسە ـ يېسە.

2902 كۆرۈپ مەينى قولىلە ياسسۇن ئۆزى،

بېسىپ تامغا تۇتسۇن، ساقلىسۇن ئۆزى"[②]

ئۇندىن باشقا پادىشاھلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى جەھەتتىمۇ، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، زىبۇ ـ زىننەتلىرى، چاچ ۋە ساقال بۇرۇت پاسونلىرى قاتارلىقلاردا كونكرېت بەلگىلىمە بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، قەدىمكى كۆسەن پادىشاھلىقىدا پۇقرالار چېچىنى كېسىپ، قىسقا چاچ ھالەتتە يۈرسىمۇ، كۆسەن دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئەكسىچە، قائىدە بويىچە كۆسەن دۆلىتىنىڭ شاھلىرىنىڭ چېچىنى كېسىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغان. «كونا تاڭنامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا كۆسەن شاھلىرىنىڭ چېچىنى كەستۈرمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. «سۈينامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى خوتەن پادىشاھلىرىنىڭ چېچىنى كېسىشىگە رۇخسەت

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم، 682 ـ 683 ـ بەتلەر.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي، بېيجىڭ 1 ـ نەشرى، 613 ـ 615 ـ بەتلەر.

قىلىنمىغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چېچىنى كىمخاپ تەلپەك ئىچىگە تۈگۈۋېلىپ باشقىلارغا كۆرسەتمەيتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كىمكى پادىشاھنىڭ چېچىنى كۆرۈپ قالسا، شۇ كىشىنىڭ شۇ يىلدىكى ھوسۇلى بەك ئازلاپ كېتەر ئىكەن.[1] قارىغاندا ئۇزۇن چاچ پادىشاھلارنىڭ بىر خىل زىننىتى بولۇپلا قالماي، مۇھىمى ئۇلارنى ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپ ھېسابلانغان.

پەرھىزلىك ئادەم يەنە شۇ ئادەم ئىگە بولغان ئىلاھىيلىق بىلەنمۇ مۇناسىبەتلىكتۇر. ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى دەۋرىدىلا ئىلاھىي ھوقۇقنى، دىنى پائالىيەت ۋە نەزرە ـ نىياز ھوقۇقىنى قولدا تۇتقان كىشىلەر "شامان"، "باخشى"، "قام" ناملىرى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ سېھرگەرلىك ۋە جادۇگەرلىك يولى بىلەن ئىلاھ، جىن ـ ئالۋاستى ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا مۇناسىبەت پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا كىشىلەر ئىشەنگەن. شۇڭلاشقا ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن پەرھىزلىك ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇلارغا ئالاھىدە كۆز قاراشتا بولۇپ، ئۇلارغا بويسۇنۇش پسىخىكىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارغا مۇناسىبەتلىك قىسمەن پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى دەۋرلەردە سېھرگەر ۋە قاملار ھاكىمىيەت دائىرىسىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرغۇچىلار بولغاچقا، ئۇلار بەزىدە مەلۇم خىلدىكى ئىشلارنى ياكى شەيئىلەرنى پەرھىزلىك ھەرىكەت ياكى پەرھىزلىك شەيئى سۈپىتىدە بەلگىلەش ھوقۇقىمۇ بولغان. پىرىخۇن ۋە قاملارنىڭ ئۆزى پەرھىز ئوبېكتلىرى بولغاچقا، ئۇلار ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك ئەسۋاپلارمۇ پەرھىزلىك نەرسىلەر بولۇپ سانالغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر باخشىلىرى ئىشلىتىدىغان داپ، ساز، كۆزگۈ (ئەينەك)، خەنجەر، قامچە، تانا، دەرەخ شېخى (بولۇپمۇ جىگدە دەرىخىنىڭ پۇتىقى)، تۇغ ـ ئەلەم ۋە چىراق (بەزىدە نوكچا) قاتارلىقلار پەرھىزلىك شەيئىلەر بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇلارنى تۇتۇش، ئىشلىتىش، ئارىيەتكە ئېلىش، ھەتتا كۆرۈشتىن ھەزەر قىلىدۇ. دېمەك، بۇلار ئەسلىدە ئادەتتىكى شەيئىلەر بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنى ئىشلەتكەن باخشى ۋە قاملارنىڭ ئۆزلىرى ئىلاھىي خىسلەتكە ئىگە ئادەملەر دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ نەرسىلەرمۇ سىرلىق ۋە پەرھىزلىك نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، باخشى ۋە قاملارنىڭ ئۆزىمۇ بۇ شەيئىلەرنى باشقىلارغا

---

[1] ليۇ شىگەن، چېن لياگۋېي: «قەدىمكى كۈسەن دۆلىتىنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 197 ـ بەت.

ئاسانلىقچە كۆرسەتمەيدۇ، تۇتقۇزمايدۇ ياكى ئىشلەتكۈزمەيدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولى تەگسە، قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلار يەنە قىسمەن ھاللاردا بىلىملىك كىشىلەرنى ۋە تەسەۋۋۇپتا "ئەۋلىيالىق ماقامى" غا يەتكەن كىشىلەرنى "مۇقەددەس كىشىلەر"، ئۇلاردا ئادەتتىن تاشقىرى سىرلىق قۇۋۋەت بار دەپ ئىشەنگەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇلارنى پەرھىزلىك ئادەملەر دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىش، غەزىپىنى قوزغاشتىن كۈچلۈك پەرھىز تۇتىدۇ. بۇنداق پەرھىز تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ سۆزى سىرلىق قۇۋۋەتكە ئىگە، شۇڭا ئۇلارنىڭ دېگىنى چوقۇم يۈز بېرىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان بولسا ئۇلار قارغايدۇ ياكى يامان سۆز قىلىدۇ. مۇنداق قارغىش دەرھال ئەمەلگە ئېشىش خۇسۇسىيتىگە ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بۇنداق ئەھۋالنى "دۇئايى بەدكە ئۇچرىغان" دەپ ئىپادىلەيدۇ. ھازىرقى دەۋردىمۇ خەلق ئارىسىدا كىشىلەر چوڭ ئۆلىمالارنىڭ "دۇئايى بەد" گە ئۇچراشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇلارنى ئىمكان بار رازى قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ "ياخشى دۇئاسى" غا ئېرىششنى ئويلايدىغان ئەھۋاللار ساقلانماقتا. يەنە مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قانچە يەر خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش ھالىتى ۋە يەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇناسىبەتلىك رىۋايەتلىرىدە چوڭ ئىشان ئاپاق خوجا مەلۇم جاي خەلقىغە "دۇئايى بەد" قىلغاچقا، شۇنىدىن كېيىن شۇ يەر خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغانلىقى، ياكى بىرەر خىل زىرائەت، مېۋىلەرنىڭ شۇ يەردە ياخشى بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە "ئۇلۇغلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ دۇئايى بەدكە گىرىپتار بولغاننىڭ يامان ئاقىۋىتى" دائىم كۆپتۈرۈپ ھېكايە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار مۇقەددەس دەپ بىلگەن كىشىلەر يەنە باشقا خىلدىكى كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، بىراق ھەممىسى ھامان يۇقىرىقى ئۈچ كاتېگورىيەگە تەۋە بولىدۇ. دەرۋەقە خاقان ـ پادىشاھلارنى سىرلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە، ئۇلارنىڭ تەڭرى بىلەن باغلىنىشى بار دەپ قاراش ئۇيغۇرلاردا ئىسلام ئېتىقادى دەۋرىدىن ئېتىبارەن سۇسلاشتى. ئىسلام مۇھىتىدا يەنە داۋاملىق پائالىيەت قىلغان شامان باخشى ـ داخانلىرى، ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ئۆلىمالار يەنىلا "مۇقەددەس ئادەم" قاتارىدا يەنىلا پەرھىز ئوبيېكتى بولۇپ قېلىۋەردى. ئىسلام دىنىدىكى ئادەمنى ئادەمدىن ئۇلۇغ كۆرۈش ... تەك

ھەرىكەتلەرگە، پسخىكلارغا قاتتىق تۇرۇش ۋە چەكلەش بەلگىلىمىسگە قارىماي، تەسەۋۋۇپ "ئەۋلىيا" لىرى ئۆزىنى مۆجىزىدار ۋە سىرلىق كۈچكە ئىگە قىلىپ كۆرسەتتى. ئومۇمىي يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، مۇقەددەس ئادەملەرگە قارىتىلغان پەرھىزلەر يوقالمىدى. شۇنداقتىمۇ كۆپ قىسمى مەنپەئەتدارلىق نۇقتىسىدىن، ئۆزلىرىنىڭ خۇراپات ئاساسىدىن ئايرىلدى.

**(2) ناپاك ئادەملەرگە ئالاقىدار پەرھىزلەر**

ئۇيغۇرلاردا ناپاك ئادەملەرگە مۇناسىبەتلىك پەرھىز ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل كىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، ھېيزدار ئايال

ئىككىنچى، تۇغۇتلۇق ئايال

ئۈچىنچى، جۇنۇپ كىشى

تۆتىنچى، جەسەت

بەشىنچى، كېسەل ئادەم

ناپاك كىشىلەرگە مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەر ھەم ئاخىرقى ھېسابتا باشقا كىشلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداش مەقسىدىدە بارلىققا كەلگەن. يەنە ئۇنىڭدا نۇرغۇن خۇراپىي تەركىبلەر(مەسىلەن، ھېسسىي تەسىر، روھ قاراشلىرى) مۇ مەۋجۇد. ناپاك دەپ قارالغان يۇقىرىقى خىلدىكى كىشىلەر تەۋەلىك جەھەتتىن "ناپاك" بولسىمۇ، بىراق ئۇلار خۇددى "مۇقەددەس كىشىلەر" گە ئوخشاشلا بىر قاتار پەرھىزلەرنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، خەلق ئىچىدە "ناپاك" دەپ قارالغان يۇقىرىقى كىشىلەرگە ئالاقىدار پەرھىزلەر تېخىمۇ قاتتىق ۋە كۆپتۇر. بۇ پەرھىزلەر ئاساسەن يۇقىرىقى خىلدىكى "ناپاك كىشى" لەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن پەرھىز قىلىش، ئۇلارغا قاراشتىن پەرھىز قىلىش، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشتىن ھەزەر ئەيلەش، ئۇلار ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىك، ئۇلار بىلەن جىسمانىي جەھەتتە يېقىنلاشماسلىق، ئۇلارنى مەلۇم ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرماسلىق، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن نەرسىلىرىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ... قاتارلىق جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر "مۇقەددەس كىشىلەر" گە مۇناسىبەتلىك پەرھىزلىرىدە كۆپىنچە بويسۇنۇش، بېسىمغە ئۇچراشتەك پاسسىپ ئەھۋالدا تۇرىدىغان

بولسا، "ناپاك ئادەملەر" گە مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەردە ئاكتىپ ھالەتتە قارشى تەرەپنى چەكلەش پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقىرىقى خىلدىكى ناپاك كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا ئاڭلىق ھالدا شۇ بىر قاتار پەرھىزلەرگە بويسۇنىدۇ.

بىز بۇ يەردە "ناپاك ئادەم" لەرگە مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەرنى تەپسىلى سۆزلىمەيمىز. تەكرارلىق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھېيزدار ئايال ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارغا مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەرنى "تۇغۇتقا ئالاقدار پەرھىزلەر" قىسمىدا، جۇنۇب كىشىلەرگە مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەرنى "جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت پەرھىزلەر" قىسمىدا، جەسەتكە ئالاقدار پەرھىزلىرىنى "ئۆلۈم ـ دەپنە پەرھىزلىرى" قىسمىدا بايان قىلىمىز.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، مەيلى مۇقەددەس ۋە چېقىلغىلى بولمايدىغان ئادەملەر بولسۇن ۋە مەيلى ناپاك ۋە خەتەرلىك ئادەملەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ پەرھىز تۇتۇش ئۇسۇلىدا دائىم قوللىنىدىغىنى ئۇلارنى ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان تۇرلىك ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تاكى قەدىمدىن بېرى خاقان ـ پادىشاھلار قەسىر ـ ساراي ۋە ئوردىلاردا ياشاپ ئادەتتىكى خەلقتىن ئايرىلىپ تۇرغان. راھىب ۋە راھىبەلەر بۇتخانا ۋە ساڭراملاردا ماكانلاشقان. پىرىخۇن ۋە باخشىلار بولسا كىشىلەرگە يېقىن بولمىغان جايلاردا ماكان تۇتقان. ھازىرقى دەۋردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نۇرغۇن داخان ۋە پىرىخۇنلارنىڭ ئۆيلىرى كىشىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردىن يىراق جايلارغا، قەبرىستانلىق يېنىغا جايلاشقان. تەرىقەت يولىنى تۇتقان زاھىدلار، سوپىلار خانىقا، مەسجىد ۋە مازارلارنى ماكان قىلغان. ئۇيغۇرلاردا يەنە يېڭى ھېيىز كۆرۈپ رەسىدە بولغان قىزلار، تۇغۇتلۇق ئاياللارمۇ ئوخشاشلا كىشىلەردىن مەلۇم مەزگىل ئايرىۋېتىلىدۇ. كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلار ھەر قانداق جايدا ئايرىم كۈتىلىدۇ. ئۆلۈكلەر دەپنە قىلىنىدۇ، ۋەھاكازا. مۇقەددەس ۋە ناپاك دەپ قارالغان كىشىلەرنى ئادەتتىكى كىشىلەر توپىدىن ئايرىۋېتىشتەك ئۇسۇل ناھايىتى قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا دۇنياۋىي كۆلەمدىكى ئورتاق ئادەتكە ئايلانغان. قارىماققا ئادەتتىكىدەك تۇيۇلىدىغان بۇنداق ئايرىۋېتىش ئەمەلىيەتتە ناھايىتى قەدىمگە تۇتىشىدىغان پەرھىز بەلگىلىرى بولۇپ، بۇ بەلگىلەر خەتەرلىك رايون، چەكلەنگەن رايون ئۇقۇمىنى ساقلىغان ئاساستا، ئۇلارغا تۇرلىك مەدەنىيەت مەنالىرى يۈكلىنىپ، ھازىرقى بىز كۆرۈۋاتقان ھەر خىل مەدەنىيەت نامايەندىلىرى (جۈملىدىن ئوردا ـ قەسىر شەكلىدىكى قەدىمكى شەھەر مەدەنىيتى؛

بۇتخانا، مىلك ئۆي، مەسجىد، چىركاۋ، خانىقا شەكلىدىكى دىنى مەدەنىيەت؛ قەبرىستانلىق ۋە مازار شەكلىدىكى دەپنە مەدەنىيتى... گە تەرەققى قىلغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىنسانلار ئەنە شۇنداق چەكلىمىلەر ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە تەبىئەتتىكى ھەر خىل تەبىقە ۋە جايلارنى "مەدەنىيەت ماكانى" تەرىقىسىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى تەبىقە ۋە ئورۇنلارنىڭ ۋە شۇلارغا مۇناسىبەتلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئارىلىق ساقلىنىپ، ھەر بىر مەدەنىيەت ماكانىدىكى كىشىلەر مۇئەييەن پەرھىزلەرگە، تەرتىپلەرگە بويسۇنغان ھالدا، جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن قېلىپىنىڭ، ئەندىزىسىنىڭ ھەم تۈزۈملىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس سالغان.

## 2. ئۆز بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر

ماتېرىياللاردىن ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن بىلىشىمىزچە، ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەنىدىكى ھەر بىر ئەزانىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە فىزىئولوگىيەلىك ھەرىكىتىگە قارىتا ئېلىپ بارغان يىراق مۇساپىلىق مۇلاھىزىلىرى ۋە ساددا ئېتىقاد ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن بىشارەتلىك قاراشلىرى ناھايىتى مول. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم بەدىنىدىكى ھەر بىر ئەزا ۋە تەركىبكە ئالاقىدار قىزىقارلىق ۋە مەنىلىك پەرھىز چەكلىمىلىرىمۇ خەلق ئارىسىدا خېلى كىلڭ ئومۇملاشقان. بىز بۇ بۆلەكتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز بەدىنىگە قارىتا تۇتىدىغان پەرھىز پوزىتسىيەلىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتا بويىچە مۇلاھىزە قىلىمىز.

1. بەدەنىنىڭ قىياپىتىگە ئائىت پەرھىزلەر

2. بەدەن ئەزالىرىغا ئائىت پەرھىزلەر

3. بەدەندىن ئاجرىلىپ چىققان ئاجراتما ۋە سۇيۇقلۇقلارغا ئائىت پەرھىزلەر (تەن ئاجراتمىلىرىغا ئائىت پەرھىزلەر).

### (1) بەدەنىنىڭ قىياپىتىگە ئائىت پەرھىزلەر

#### يالىڭاچلىققا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەننى يالىڭاچ تۇتۇش ھەققىدىكى قاراشلىرى تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە تۈرلۈك تۈس ئالدى. ئىپتىدائىي ئومۇمىي بىر ئەھۋال شۇكى، ئۇيغۇرلار تارىختىن بىرى بەدەننى يالىڭاچ قويۇش ياكى

بەدەننى كۆرستىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار مەيلى قايسى دىندا تۇرغان مەزگىللىرىدە بولسۇن، يالىڭاچ بەدەننى كۆرستىشنى چوڭ ئەخلاقسىزلىق سۈپىتىدە تونۇغان. بىراق ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى دىنلارنىڭ بەدەننى يېپىشنىڭ دەرىجىسىگە قويغان تەلىپى دېگۈدەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇ دىنلار ئىچىدە بۇددا دىنى بەدەننى يالىڭاچ قويۇشقا نىسبەتەن مۇئەييەن كەڭچىلىك پوزىتسىيەسىنى تۇتقان بولسىمۇ، بىراق ئەھۋال يەنىلا ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس. ۋون گابائىن «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا هايات» ناملىق ئەسىرىدە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىننى يالىڭاچ قويۇشتىن پەرھىز قىلىش ئادىتى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: "ئۇيغۇرلار ئادەمنىڭ تېرىسىنىڭ سىرتقا ئېچىلىپ قېلىشىدىن ساقلىناتتى. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك تەلىپى بولمىغاندا ئىككى پۇتنىمۇ ئوچۇق قويمايتتى. مۇشۇنداق خاھىش سەۋەبىدىن، كىشىلەر بەزىدە بۇددانىمۇ سەندەل، يەنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىلگىرى كىيگەن كەشلەرنى كىيىۋالغان ھالەتتە سىزغان ئىدى."① كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر بۇددا راھىبلىرىمۇ ئوخشاشلا يۈز ۋە قولىدىن باشقا بەدەن ئەزالىرىنى ئوچۇق قالدۇرۇشتىن ساقلانغان.

ئىسلامىيەت شارائىتىدىكى ئۇيغۇرلاردا بەدەننى يالىڭاچ تۇتۇشنى ئېغىر ئالدىغان، دىنىي چەكلىمە ۋە ئەخلاق نۇقتىسىدىن بۇنداق ئىشتىن پەرھىز تۇتىدىغان ئادەت بار. بۇنداق ئەھۋالى ئۇيغۇرلار "ئەۋرەت" سۆزى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. "ئەۋرەت" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى "يېپىشقا تېگىشلىك نەرسە، ئادەمنى ئۇياتتا قالدۇرىدىغان نەرسە، جىنسىي ئەزا ياكى ئاستىنقى بەدەن" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە "ئەۋرەت" ئەر ۋە ئاياللار بەدىنى ئۈچۈن پەرقلىق ئەزالارنى كۆرستىدۇ. ئومۇمەن ئىسلام ھۆكمىدە ئاياللارنىڭ يۈزى ۋە قول بېغىشىدىن تارتىپ بارماق ئۇچىغىچە بولغان جايلاردىن باشقا بارلىق ئەزالار ئەۋرەت سانىلىپ مۇتلەق يېپىشقا بۇيرۇلغان. بەدىنىنىڭ ھەر قانداق بۆلىكى ۋە ئەزاسىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى چەكلەنگەن. ئۇندىن باشقا، ئايرىم پىكىردىكىلەرنىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئاياللارنىڭ يۈزىمۇ ئەۋرەت سانىلىپ، پەقەت قول ئۈچىنىلا ئوچۇق قويۇشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئەرلەر ئۈچۈن ئەۋرەت سانىلىدىغان بەدەن ئەزالىرى تىزدىن كىندىكىگىچە بولغان ئارىلىق بولۇپ، بۇ جاينى مۇتلەق يېپىشقا بۇيرۇلغان. مۇشۇنداق ھۆكۈمنىڭ تۈرتكىسىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغا قەدەر ۋاقىتتا ئۇيغۇر

① [گېرمانىيە] ۋون گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا هايات» ، خەنزۇچە تەرجىمىسى، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى نەشرى، 1989 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. 94 ـ بەت.

ئاياللىرى سىرتقا چىققاندا ياكى ئۆز ئېرى ۋە بالىلىرىدىن باشقا ئەرلەر يېنىدا مۇتلەق ھالدا بەدىنىنىڭ ھەممە ئەزاسىنى يۆركەپ ياپقان. بۇھال يالغۇز ئاياللارنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋە مۇھىم پەرھىزىگە ئايلىنىپلا قالماستىن، يەنە بۇ دىنى جەمئىيەت تەرىپىدىن قاتتىق نازارەت قىلىنغان. ئۇيغۇر ئەرلىرى گەرچە تىزىدىن كىندىكىگىچە بولغان ئارىلىق ئەۋرەت، باشقا ئەزالار ئېچىلىپ تۇرسا بولىدۇ، دېگەن ئىسلامىي قاراشنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئادەتتە ئۇستۈنكى بەدەننى ئوچۇق تۇتقان ھالدا ياكى كالتە ئىشتان بىلەن سىرتقا چىقىش ۋە ئەمگەك قىلىشنى ئېغىر ئالىدۇ ۋە مۇنداق ئىشلاردىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەننى يالىڭاچ تۇتۇشتىن پەرھىز قىلىش ئادىتى يەنە ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ پاسونى، ئۆلچىمى، رەخت سۈپىتى ۋە رەڭگىگىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار كىيىم - كېچەك كېيىشتە بەدەن كۆرۈنۈپ قالىدىغان نىپىز، سۈزۈك، يېرىم ئوچۇق ۋە ياكى بەك تار كىيىملەرنى كېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەد ئاخىرقى ھېسابتا بەدەننى كۆرسەتمەسلىكتىن ئىبارەت. بىراق ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەرلەر ئۈچۈن ئۇستۈنكى بەدەننى يالىڭاچ تۇتۇش قىسمەن ئەھۋاللاردا (مەسىلەن ئەمگەك) پەرھىزلىك ئىش ئەمەس. ئاياللار ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ باشتىن ئاخىر بوشاشمىغان پەرھىزدۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە ئەر - ئاياللارنىڭ بەدەن يالىڭاچ ياكى مەلۇم بىر ئەزا يالىڭاچ ھالەتتە ئۇچرىشىپ قېلىشنى چەكلىگەندىن باشقا، ئەرلەر بىلەن ئەرلەرنىڭ بەدىنىنى، ئاياللار ئاياللارنىڭ بەدىنىنى كۆرۈپ قىلىشنىمۇ چەكلەيدۇ. بۇنداق چەكلىمە يالغۇز "كۆرۈش" ھەركىتىدىلا ئەمەس، يەنە يالىڭاچ ھالەتتە تېگىشىش، سىيلاش، شۇ ھەقتە سۆزلەش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەرلەر ئەرلەرنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرسە، ئاياللار ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرسە بولمايدۇ. ئەرلەر ئەرلەر بىلەن بىللە ئۇخلاشقا، ئاياللار ئاياللار بىلەن بىللە يېتىپ ئۇخلاشقا بولمايدۇ."[1] مۇشۇنداق كۆرسەتمىلەرگە مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇر ئەرلىرىمۇ بىر - بىرىنىڭ يالىڭاچ بەدىنى (ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغان قىسمى) گە قاراشتىن، ئاياللارمۇ بىر - بىرىنىڭ بەدىنىگە قاراشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. ئاسانلىقچە ياكى زۆرۈرىيىتى بولمىسا ئەرلەر بىلەن ئەرلەر بىر ئورۇندا ياتمايدۇ، ئاياللارمۇ

---

[1] [سۈرىيە] ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋىي: «رىيازۇسسالىھىين» («ياخشى كىشىلەر باغچىسى»)، لىۋان، بېيرۇت، دارۇل كۇتۇبۇل ئىلمىييە (ئىلمىي كىتابلار نەشرىياتى)، مىلادىي 1972 - يىلى، ھىجرىيە 1402 - يىلى نەشرى، ئەرەبچە، 616 - بەت.

بىر ئورۇندا ياتمايدۇ. ھەتتاكى ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى تۈرلۈك سەرراپ، ھاممام ۋە مۇنچىلاردا يۇيۇنۇش ئورۇنلىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇنداق بولۇشىدا ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرمەسلىك، ئاياللارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ بەدىنىنى كۆرمەسلىكتەك مەقسەد چىقىش قىلىنغان.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەدەننى يالىڭاچلاش ئىنتايىن ئېغىر ئېلىنىدىغان پەرھىزلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بەدىنىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئوچۇق قويۇشقا قارىتا چەكلىمىلىرى بوشراق بولۇشى مۇمكىن. بىراق بىز رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان جەسەتلەر بولسۇن، ياكى مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرىدىكى رەسىملەر بولسۇن، ئۇلارنى بىردەك بەدەننى تولۇق ياپىدىغان ھالەتتە ئۇچرىتىمىز. يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئۇيغۇرلار ئادەتتە كىچىك ئوغۇل بالىلار (يەنى، بەش ياشتىن تۆۋەن ئوغۇللار) نىڭ يالىڭاچ يۈرۈشىنى ئېغىر ئالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ قىزلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا بەدىنىنى تولۇق يېپىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىنىنى يالىڭاچ قويۇشقا ئائىت پەرھىزلىرى ھازىرمۇ سۇسلاشقىنى يوق. بولۇپمۇ يېزىلاردا ئاياللار ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا بەدىنىنى تولۇق يېپىپ يۈرۈدۇ. شەھەرلەردە بولسا باشقا مىللەتلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىش، تېلۋىزىيە ـ كىنو قاتارلىق مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن نىسبەتەن ئوچۇق كىيىملەر، سۈزۈك كىيىملەر، ھەتتاكى بەدەننىڭ يېرىمى تولۇق كۆرۈنۈپ قالىدىغان كىيىملەر ئاز ساندىكى كىشىلەر (بولۇپمۇ قىزلار) تەرىپىدىن ئىستىمال قىلىنماقتا. ئەمما كۆكس ۋە جىنسىي ئەزا قاتارلىق ئەزالارنى ئوچۇق قالدۇرۇشنى شۇ كىشىلەرمۇ يامان كۆرىدۇ. باشنى، جۈملىدىن چاچنى ئوچۇق قالدۇرۇشنى نۇرغۇن كىشىلەر پەرھىزلىك ھەرىكەت دەپ چۈشەنسە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئىختىيارى ئىش قاتارىدا سانىماقتا. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي باش كىيىملىرىنىڭ پاسونىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى چاچنى تولۇق يېپىش ئالاھىدىلىكىگە ئەمەس. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەقىدىگە مۇناسىپ ھالدا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك رومallar، پەرەنجىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كىيىم ـ كېچەكلىرى دائىرىسىگە كىرىپ، يالىڭاچ بەدەنگە ئائىت پەرھىزلەرنىڭ مۇھىم ماددىيلاشقان شەكلىگە ئايلانغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلار بەدەننىڭ ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغان قىسمىنى ئېچىپ يۈرمەيدۇ،

سىرتقا چىقمايدۇ، باشقىلارغا كۆرسەتمەيدۇ. يالىڭاچ بەدەن ھالدا كىشىلەر بىلەن ياتمايدۇ (ئەر ـ خوتۇنلار بۇنىڭ سىرتىدا)، ياكى يالىڭاچ بەدەننىڭ سۈپىتى ھەققىدە سۆزلىمەيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ھەممە ئادەم دېگۈدەك رىئايە قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەلۇم دائىرىدە تەدرىجىي سۇسلىشىۋاتقان پەرھىزلىك ھادىسىدۇر.

## بەدەندىكى سۆڭەك ۋە مۇسكۇلغا ئائىت پەرھىزلەر

ئادەم بەدىنىدىكى سۆڭەك ۋە مۇسكۇلغا ئائىت پەرھىزلەر ئادەمنىڭ جىسمانىي قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى ئىرىملىك قاراشلار ۋە مۇسكۇل سىرتىدىكى بىر قاتار فىزىئوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرگە قارىتىلغان پەرھىزلەردۇر. ئۇيغۇرلاردا سۆڭەك (ئادەم ئۇستىخانى) گە ئائىت پەرھىزلەر كۆپ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلار ئادەم ئىسكىلىتىنى قورقۇنچلۇق نەرسە دەپ قاراپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن، تۇتۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. كىشىلەر نەزىرىدە كېچىدە ئىسكىلىت (گۆشى يوق گەۋدە) نى كۆرۈپ قېلىش ناھايىتى يامان ئىش دەپ سانىلىدۇ. چۈنكى ئۆلگەن ئادەم بەزىدە ئىسكىلىت شەكلىدە كىشىلەرگە كېچىدە يولۇقۇپ قالىدۇ، جىن ـ ئالۋاستىلار ئەتىسىز ئىسكىلىت شەكلىدە كىشىلەرگە يولۇقىدۇ دەپ  قارىلىدىغان ئەھۋالمۇ باردۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلامدىن باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان. شۇ چاغلاردا جەسەتنىڭ كۈلىنى ساقلايدىغان مەخسۇس قۇتىلار ۋە ئۇلار ساقلىنىدىغان مەخسۇس تەكچە، ھوجرىلار بولغان. بەزىدە بۇنداق سۆڭەك كۈلى نەزرە سۈپىسىغا تىزىپ قويۇلغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇلغان توپىغا دەپنە قىلىش ئادىتىدە ئادەم ئىسكىلىتىنىڭ گۆشتىن خىلى ئۇزاق ساقلىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ناۋادا جەسەت قويۇلۇپ بولغان بىر قەۋرىگە يەنە بىر جەسەتنى قويۇشقا توغرا كەلگەندە، ئەسلىدىكى جەسەتنىڭ ئىسكىلىتىنى قەبرىنىڭ بىر تەرىپىگە يىغىپ، ئەسلى ھالىتى بويىچە تىزىپ قويىدىغان ئەھۋال بار. مۇشۇنداق قىلغۇچىلارمۇ جەسەت سۆڭىكىنى بىۋاستە قولى بىلەن تۇتمايدۇ، بەلكى پەلەي قاتارلىق نەرسىلەرنى كېيىپ  ئاندىن تۇتىدۇ ۋە يۆتكەيدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر بولسا جەسەت ئىسكىلىتىنى كۆرۈشتىن، تۇتۇشتىن، يۆتكەشتىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇيغۇرلار جەسەتنىڭ ئىسكىلىتىنى روھى بار نەرسە دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارىتا يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇستىخان بىلەن مۇناسىبەتلىك بولغىنى ئادەمنىڭ مۇسكۇلىدۇر. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلدا "ئەت" دېيىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا "ئەت" روھنىڭ تۇرىدىغان جايى (بىراق بىردىنبىر ماكانى ئەمەس) ھېسابلانغان. ئىسلامىيەت چۈشەنچىلىرى بويىچە، "شەيتان" ئاتلىق مەلئۇن جىن دەل ئادەمنىڭ گۆشى بىلەن تېرىسى ئارىسغا جايلاشقان. خەلق ئىشەنچلىرىدە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تۇپراققا دەپنە قىلىنغاندا ئالدى بىلەن جەسەتنىڭ ئەتلىرىنى قۇرت ـ قوڭغۇزلار يەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئەتنىڭ تەكىبىدىكى ماددىيلارنىڭ پارچىلىنىش ۋە يېمىرلىش جەريانىنى ھاياتلىقنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگەللىنىشى مەنىسدە چۈشىنىدۇ. بۇ "تەن تۇپراقتىن يارىتىلغان، يەنە تۇپراققا قايتىدۇ." دېگەن ئېتىقاد بىلەن قوشۇلۇپ، ئەتنى ۋە تۆت ئاناسىر ئىچىدىكى تۇپراقنىڭ ئادەمنىڭ ئاساسىي ماددىسى ئىكەنلىكىدەك قاراشلارنى يۈكسەلدۈرگەن.

بەدەندە ئەتنىڭ كۆپ ۋە ئاز بولۇشى ئادەمنىڭ سېمىز ياكى ئورۇقلۇقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا سېمىزلىك ۋە ئورۇقلۇققا مۇناسىبەتلىك پەرھىزلىك ئادەتلەر ھەم بار. ئومۇمەن ئۇيغۇرلاردا بوۋاق سېمىز ۋە بۇدرۇق تۇغۇلسا بۇنى بەخت دەپ ھېسابلايدۇ. ئەگەر بوۋاق ئورۇق ۋە ئاجىز بولسا، بۇنى يامانلىق دەپ قاراپ قايغۇرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلادا بوۋاقلار ۋە باللارنىڭ زىيادە ئورۇق بولۇشىدىن پەرھىز قىلىدۇ. ياشلارنىڭ زىيادە سېمىزلىكتىن پەرھىز قىلىشى، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ زىيادە سېمىزلىك ياكى زىيادە ئورۇقلۇقتىن پەرھىز قىلىشى قاتارلىقلاردا ياش پەرقىگە ۋە جىنس ئايرىمىسغا قاراپ، كىشىلەر مەيلى سېمىزلىكتىن پەرھىز قىلسۇن ياكى ئورۇقلۇقتىن پەرھىز قىلسۇن، ئۇنىڭدا ساپ ساغلاملىق قارىشىلا چىقىش قىلىنغان ئەمەس. بەلكى بۇ قاراشلاردا يەنە سالاپەت، مەرتىبە ... لەر مۇھىم ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ سېمىزلىكنى "بايلىق ۋە بەخت بەلگىسى" دەپ بىلگەن. ئورۇقلارنى ساغلاملىق نۇقتىسىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىقتىسادىي ئورۇننىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك نۇقتىسىدىمۇ كۆزەتكەن.

## بەدەنگە نەقىش چېكىشكە دائىر پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئادەم تېنىگە ئالاقىدار پەرھىزلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تەرەپ ـ بەدەنگە نەقىش چېكىشكە ئائىت پەرھىزلەردۇر. ئىبتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسدە دېگۈدەك

بەدەنگە نەقىش چېكىش ئادىتى بولغان بولۇپ، بۇ بىر دۇنياۋىي ھادىسىدۇر. بەدەنگە نەقىش چېكىش بەدەننى زىننەتلەش ھەرىكىتى ۋە ئادىتى بولۇپ، بۇ كىيىم ـ كېچەككە ئەمەس، بەلكى تېرە ۋە ئەتىنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە ھالدا مۇئەييەن زىننەت بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەدەننى زىننەتلەش ئۇسۇلىنى ئىككى خىلغا بۆلۈش مۇمكىن: بىرى، مەڭگۈلۈك زىننەت. يەنى بەدەننى تىلىپ، تېشىپ چىقىرىلغان زىننەتلەر؛ يەنە بىرى، ۋاقىتلىق زىننەتلەر، يەنى مەلۇم نەرسىلەرنى بەدەنگە ئېسىۋېلىش، سۈركىۋېلىش ئارقىلىق چىقىرىلغان زىننەتلەر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن زىننەتلىرى ئىچىدە بەدەننى تىلىپ نەقىش چىقىرىش ئۇسۇلى كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. كۆپرەك كۆرۈلىدىغىنى بەدەنگە نەقىش چېكىشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەنگە نەقىش چېكىش ئەنئەنىسىنى ئىسلامىيەتنى چەك ـ چېگرا قىلىپ تۇرۇپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا بەدەنگە نەقىش چېكىش ئەنئەنىسى بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتتىن كۆرەلەيمىز. يەنى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان جەسەتنىڭ يۈز قىسمىغا ئاتىنىڭ شەكلى چېكىلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئاتنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلانسا كېرەك. ئۇندىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرى تۇتېم دەپ قارىغان ھايۋانلارنىڭ شەكلىنى بەدىنىنىڭ مەلۇم قىسمىغا چېكىش بىلەن ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىنى ۋە تۇتېم ئېتىقادىنى ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىبتىدائىي دەۋردىكى خەلقلەرنىڭ بەدىنىگە گۈل چېكىش ئادىتى يەنە مەلۇم ئىشلارنى خاتىرىلەش سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. خۇددى پىلخانوپ ئېيتقاندەك، "بەدەنگە نەقىش چېكىش ئىبتىدائىي تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇلى ئىچىدىن تەرەققىي قىلىپ چىققان بولۇپ، پەقەت كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىلا ئاندىن تۇغۇلغانلىق ئىسپاتى، كىملىك ۋە ئەسلەتمە قاتارلىق روللارغا ئىگە بولغان."[①] ئادەتتە بەدەنگە گۈل چېكىش ئادەتتە ياشلىق دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. چېكىلىدىغان شەكىللەر كۆپىنچە تۇتېم بولغۇچى ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكنىڭ شەكلى، قەبىلىنىڭ بەلگىلىرى ياكى شەخس ياقتۇرغان مەلۇم گېئومېتىرىك شەكىللەر بولىدۇ. چېكىلىدىغان جايلار يۈز، قول، بىلەك، يوتا، كۆكرەك، دۈمبە (دولا) قاتارلىق قىسىملار بولىدۇ. قەدىمدىن ئېتىبارەن، بەدەنگە نەقىش چېكىش ئەرلەردە

① [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى] پىلخانوف: «ئادرېسسىز خەتلەر: سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1962 ـ يىلى نەشرى، 136 ـ بەت.

ئاياللارغا قارىغاندا كۆپرەك تارقالغان. قەدىمكى دەۋرلەردە بەدەنگە نەقىش چەكمىسە بولمايدىغان پەرھىز بولغان. يەنى بەدەنگە نەقىش چەكمەسلىك چوڭ ئەيىب سانىلىپ، نەقىش چەكتۈرمىگەن ئادەم ئومۇمەن بىر قاتار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇلمىغان. ھازىرقى بىر قىسىم مىللەتلەردە بەدەنگە نەقىش چەكمەسلىكنى قاتتىق چەكلەيدىغان ئەھۋال بار. ئۇندىن باشقا بەدەنگە نەقىش چېكىش ئىبتىدائىي مىللەتلەردە قورامىغا يېتىش مۇراسىمىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىنغاندىن باشقا، يەنە ئۇلار بۇ ئادەتنى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھەم يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم سېھىرگەرلىك مەنىسىدىمۇ قوللانغان، ۋەھاكازا.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ  بەدەنگە گۈل - نەقىش چېكىش قارشىلىرىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. يەنى ئىسلام دىنىدا بەدەنگە ھەر قانداق بىر شەكىلنى چېكىش ۋە ئويۇش قاتتىق چەكلەنگەن ئىش بولغاچقا، ئۇيغۇرلارمۇ تەدرىجىي ھالدا بەدەنگە تۈرلۈك شەكىللەرنى چېكىشتىن پەرھىز قىلىدىغان بولدى. ئىسلام دىنىدا بۇھەقتە ئېنىق كۆرسەتمە بار. يەنى پەيغەمبەرنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇھەممەد پەيغەمبەر چاچ سالغۇچى ۋە چاچ سالدۇرغۇچىلارغا، بەدەنگە گۈل چەككۈچى ۋە گۈل چەكتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇدى."[①] ئىسلام دىنىدا بەدەنگە گۈل - نەقىشلەرنى چېكىشنىڭ چەكلىنىشى ئالدى بىلەن بۇنداق قىلىقنىڭ چىراينىڭ ۋە بەدەننىڭ ئەسلى شەكلىنى بۇزۇۋېتىش بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن چېكىلگەن شەكىلنىڭ (ئەگەر ئۇ ھايۋان ۋە ئادەم سۈرىتى بولۇپ قالسا) بەدىنىگە شۇ شەكىلنى چەككۈچىدە شۇ شەكىلگە قارىتا چوقۇنۇش پىسخىكىسىنى قوزغاپ قويۇش ئېھتىماللىقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چەكلىمىدە بەدەنگە گۈل چېكىش جەريانىدىكى جىسمانىي ئازابمۇ چىقىش قىلىنغان. مۇشۇ چەكلىمە تۈپەيلىدىن بىز 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەنگە گۈل - نۇسخىلارنى چېكىشكە ئائىت بىرەر يازما خاتىرىنى ئۇچراتمايمىز.

بەدەنگە گۈل - نەقىش چېكىشنى چەكلەش پەرھىزى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر قاتار

[①] [سۈرىيە] ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋىي: «رىيازۇسسالىھىين» («ياخشى كىشىلەر باغچىسى»)، لىۋان، بېيرۇت، دارۇل كۇتۇبۇل ئىلمىييە (ئىلمىي كىتابلار نەشرىياتى)، مىلادىي 1972 - يىلى، ھىجرىيە 1402 - يىلى نەشرى، ئەرەبچە، 621 - 622 - بەتلەر.

ئادەتلەرگە سىڭگەن. ئادەتتە ئۇيغۇرلار بۇنداق قىلىقتىن چەكلىنىدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئوچۇق بەدىنىنىڭ ئېچىلىپ تۇرىدىغان يېرىدە ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك چېكىلگەن رەسىم، گۈل ياكى بەلگە بولسا، ئۇ كىشى ئۆزىمۇ نىسبەتەن سۈرلۈك تۈس ئالىدىغان مۇراسىملار (مەسىلەن، ئۆلۈم ۋە دەپنە مۇراسىمى، نەزىرە) غا قاتناشقاندا شۇ چېكىلگەن بۆلەكنى يېپىۋالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە مۇنداق قاراش بار: ئەگەر بىر كىشىنى بىخۇدلۇقتىن ياكى قەستەن ھالدا بەدىنىگە گۈل چېكىۋالىدىغان بولسا، ئۇنى ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بىر ئامال قىلىپ چىقىرىۋېتىشى، ئۆچۈرۈپ تاشلىشى لازىم. ئەگەر ئۆچۈرۈپ تاشلىمىغاندا، ئۇ كىشى ئۆلگەندە، جەسەتنى يۇيغۇچىلار ئەسۋاپ ئىشلىتىپ، شۇ گۈل ـ نەقىشلەرنى ئويۇپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن كېپەنلەيدۇ. دېمەك، بەدىنىدە چېكىلگەن نەرسە بار تۇرۇپ يەرلىككە قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە قىسمەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىشلەر بەدىنىنىڭ ھەر قايسى قىسمىغا (بولۇپمۇ بىلەك ئۈستىگە) گۈل، ھايۋان رەسىمى، مەلۇم ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ۋە باشقا گېئومېترىك شەكىللەرنى چېكىۋالىدىغان ئادەتلەر كەڭ تارقالدى. بۇنداق ئەھۋال ھەتتا ئاياللار ئارىسىدىمۇ يۈز بەردى. بىراق يېقىنى مەزگىللەردە بەدەنگە گۈل چېكىش يەنە نىسبەتەن پەسىيىپ قالدى. چۈنكى كىشلەر بۇنىڭ بىھۇدىلىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغاندىن باشقا، ئۇنى چىقىرىپ تاشلاشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئويلىشىدىغان بولدى.

## كۆلەڭگە ۋە سۈرەتكە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبتىدائىي دەۋرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قاراشلىرىدا ئادەم ئىككى نەرسىدىن تەركىب تاپىدۇ. بىر تەن، يەنە بىرى بولسا روھتۇر. تەن بولسا ماددىي قۇرۇلما بولغاچقا ئۇنى كونكرېت ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بىراق، روھ بولسا مەنىۋى مەۋجۇدلۇق بولغاچقا، ئۇنى كونكرېت ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. روشەنكى كۆلەڭگە (سايە) ۋە سۈرەت (ياكى رەسىم) ھەققىدىكى پەرھىزلەر ئۇيغۇرلارنىڭ روھ چۈشەنچىسىنى بىلىشنىڭ مۇھىم ئاچقۇچىدۇر.

دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە روھنى كۆلەڭگە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىش قارىشى قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇدتۇر. بۇ قاراش بويىچە ئېيتقاندا، كۆلەڭگە ئادەمنىڭ روھىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، روھ بولغاچقىلا كۆلەڭگە بولغان. ئەگەر بىر كىشى كۆلەڭگۈسىنى يوقىتىپ قويىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ روھى

ئۇنىڭ تېنىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆلەڭگىگە زىيان يەتكۈزگەندە ئوخشاشلا شۇ كۆلەڭگىنىڭ ئىگىسىگە زىيان يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلاردا كۆلەڭگە ھەققىدىكى ئادەت ۋە ئىشەنچلەر دېگۈدەك يوقالغان بولۇپ، بىز بۇ يەردە نىسبەتەن پۈتۈن ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان ئىككى خىل ئادەتنى تىلغا ئالىمىز.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىگە كىشىلەرنىڭ ئاگسىز ھالدا دەسسىشىنى ئېغىر ئالمىسىمۇ، بىراق قەستەن دەسسىشىدىن پەرھىز تۇتىدۇ. مۇنداق ھەرىكەتنى ئۆز قەدىر - قىممىتىگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق دەپ ھېس قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىشق - مۇھەببەت سېھىرگەرلىكىگە ئىشىنىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىزىدىنلا ئەمەس، بەلكى كۆلەڭگىسى چۈشكەن جايدىن توپا ئېلىنىپ، شۇ توپىغا سېھىر ئىشلىتىلىپ ئۆزىنىڭ ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بولۇشىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن جايلاردا ھېلىھەم مەۋجۇد.

يەركەنت ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا مۇنداق بىر ئادەت ساقلانغان: شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، بارات ئېيى (ھېجرىيە كالىندارى بويىچە 8 - ئاينىڭ يەنە بىر نامى. شەئبان ئېيى) نىڭ ئون بەشىنچى كېچىسى تولۇن ئاي چىققاندا، كىشى كۆينەكچان (ئۇستىنكى بەدىنى يالىڭاچ) ھالەتتە ئايغا بېقىپ تۇرغاندا، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ كۆلەڭگۈسى يەرگە تولۇق چۈشسە، شۇ كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولار ئىكەن. ئەگەر كۆلەڭگۈسى كالتىرەك چۈشسە، ئۆمرى قىسقا بولىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىكەن. ئەگەر كۆلەڭگىنىڭ بىرەر قولى، قۇلىقى، بۇرنى ياكى بېشى كەم بولۇپ قالسا ۋە ياكى كۆلەڭگە پەقەتلا يوق بولسا، ئۇنداقتا شۇكىشىنىڭ ئۆمرى كېلەركى يىلنىڭ بارات ئېيىنىڭ ئونبەشىدىن ئاشماي، ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بىزنىڭچە بۇ ئىلمىي قارش ئەمەس، بەلكى قەدىمدىن قالغان روھ ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ ئىسلامىي تۈس بېرىلگەن بىر سارقىندىسىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇيغۇرلارمۇ ھەم روھ بىلەن كۆلەڭگىنى بىر نەرسە (يەنى كۆلەڭگە روھنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى) دەيدىغان قاراشتا بولغان. دېمەك، كۆلەڭگىنىڭ چۈشمەسلىكى ياكى چۈشسىمۇ كەمتۈك بولۇشى، دەل روھنىڭ بەدەندىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكى ياكى بىر قىسمىنىڭ ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەنلىكى دېگەندەك ئەھۋالغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ چۈشىنىلگەن. شۇڭا بەزى كىشىلەر ھىلھەم بارات ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كېچىسدە ئاشۇنداق سىناقنى قىلىشتىن ھەزەر

ئەيلەيدۇ ياكى سىنىغان تەقدىردىمۇ كۆلەڭگىسىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ كەم بولۇپ قېلىشىدىن ياكى چۈشمەسلىكىدىن ۋە ياكى بويىغا نىسبەتەن قىسقىراق چۈشۈپ قېلىشىدىن پەرھىز تۇتىدۇ. بۇ ئەھۋال قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ نۇرنىڭمۇ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى توغرا تونۇيالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان خۇراپىي قاراشتۇر.

قوياش نۇرى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ نۇرى ئادەمنى يورۇتۇشتىن پەيدا بولغان ئەينەك ئىچىدە كۆرۈنىدىغان كۆلەڭگە ياكى سۈرەتمۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن يەنىلا روھقا باغلاپ تونۇلغان. ئۇيغۇرلاردا ئەينەك قەدىمدە "كۆزگۈ" دېيىلگەن ۋە بۇ شامانلىق پائالىيىتىدە جىن ـ ئالۋاستىلارنى ھەيدەش قاتارلىق ئاق سېھىرگەرلىكتە كۆپ ئىشلىتىلگەن.

ئۇيغۇرلاردا ئەينەككە قاراش ھۆسن تۈزەشنىڭ بىر خىل ياردەمچى ئۇسۇلى دەپ تونۇلغاندىن باشقا، يەنە بۇنىڭغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك پەرھىزلەر ساقلانغان: خەلق ئارىسىدا بوۋاقنى (بولۇپمۇ تىلى چىقمىغان بوۋاقنى) ئەينەككە قارىتىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. ئەگەر تىلى چىقمىغان بوۋاقنى ئەينەككە قاراتسا، بوۋاق گاچا بولۇپ قالىدۇ ياكى  تىلى كېيىن چىقىدۇ دەپ ئىرىمدىلىدۇ ۋە ياكى بوۋاقنىڭ ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ دەپ جورۇلىدۇ. بۇنداق قاراش بوۋاقنىڭ روھى ئەينەككە كۆچۈپ، ۋاقتىدا بوۋاق تېنىگە قايتالمايدۇ دېگەن ئىشەنچ كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئەينەككە تولا قاراشنى يامان ئالىدۇ. ئەينەككە تولا قارىسا بىتەلەي بولۇپ قالىدۇ دەپ بۇنىڭدىن پەرھىز تۇتىدۇ. بۇنىڭدا ئەينەككە تولا قاراپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغانلىقتىن ۋە ئۆز ھۆسنىدىكى ئىۋەنلەرنى كۆرۈۋېرىپ كۆڭلى غەش بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت ئاساس بولماستىن، ئەڭ دەسلەپكى قاراشلاردا روھنىڭ تەكرار ئەينەك ئىچىگە بەنت قىلىنىشى سەۋەبىدىن تەنگە زىيان ـ زەخمەت يېتىدۇ دېگەن ئىشەنچ ئاساس بولغان. بەزى ئۇيغۇرلا يەنە ئەتىگەندە يۈزنى يۇيماي تۇرۇپ ئەينەككە قاراشتىن ۋە كېچىدە ئەينەككە قاراشتىن ھەزەر قىلىدۇ. بۇنداق قىلسا يېراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۆمرى قىسقا بولۇپ بىتەلەي بولۇپ قالىدۇ ۋەياكى يولدىشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ دەپ جورۇيدۇ. بۇلاردىمۇ ئوخشاشلا ئەينەككە چۈشكەن ئادەم ئەكسىنىڭ روھ سۈپىتىدە تونۇلۇپ، ئۇنىڭغا زىيان يېتىپ، شۇ ئارقىلىق تەننىڭمۇ تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقىدەك ئىشەنچ بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى گۈزەل سەنئەتنىڭ رەسىم تۈرىدە مىڭ ئۆي بىزەكلىرى كەبى شانلىق نامايەندىلەرنى ياراتقان ئىدى. ئەپسۇسكى، شۇ دەۋرلەردىن بىزگە قالغىنى كونكرېت تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى بۇددا ئىلاھلىرى، مۇئەككەللىرى ۋە ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ رەسىملىرى بولدى. گەرچە مىڭ ئۆي غارلىرىدا ئۇيغۇرلاشقان بۇددا ئىلاھلىرى، راھىب ـ مۇئەككەللىرى سىزىلغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىمزاسى ۋە نامى ئەسكەرتىلگەن بىرەر رېئال شەخس ئەمەس. ئەلۋەتتە، بىز بۇ ئەھۋالنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز رەسىمىنى سىزدۇرۇشتىن پەرھىز قىلىش ئادىتىگىلا باغلاپ قارىيالمايمىز. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن مىللەتلەردە باشقىلارنىڭ ئۆز رەسىمىنى سىزىشى، سىزىلغان رەسىمنى كۆيدۈرۈۋېتىشى قاتتىق پەرھىز قىلىنغان. بىز بۇ ئەھۋالنى تاكى ھازىرغىچە ساقلانغان فوتو سۈرەتلەرگە ئائىت پەرھىزلەردىن بىلەلەيمىز. قەدىمكى ئىنسانلار رەسىمىنى ئۆزلىرىنىڭ بىر بۆلىكى، ياكى قەغەز تۈزىدە ئىز قالدۇرغان روھ دەپ بىلگەچكە، ئەگەر رەسىمى سىزىلسا، ئۆزىنىڭ روھىنىڭ بىر قىسمى تەندىن چىقىپ كېتىپ، تېنى ئاجىزلايدۇ دەپ قارىغاچقا، ئومۇمەن كونكرېت شەخسنىڭ رەسىمىنى سىزغۇزۇشتىن چەكلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسىمنى قارا سېھىرنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئوبيېكتى دەپ قاراش بىلەن، شۇ رەسىملەرنىڭ سېھىرگەرلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىي ئەقىدىلەرگە مۇناسىپ ھالدا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇشتىن پەرھىز تۇتىدىغان بولدى. بۇ ھەقتە «ھەدىس» لەردە ئېنىق كۆرسەتمە بار. يەنى: "ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: ' ھەقىقەتەن، رەسىم سىزغانلار ئاخىرەت كۈنىدە ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ھەمدە ئۇلارغا ئۆزلىرىڭلار سىزغان رەسىملەرگە جان ئاتا قىلىڭلار دەپ بۇيرۇلىدۇ."، " ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنىدە ئەڭ قاتتىق ئازاپقا ئۇچرايدىغانلار رەسساملاردۇر."[①]

كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئىسلامدا رەسىمنىلا ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق جانلىقنىڭ سۈرىتىنى سىزىش چەكلەنگەن بولۇپ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئادەم رەسىمىنى ئادەمدىكى روھقا تەسىر يېتىدۇ دەپ

---

[①] [سۈرىيە] ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋىي: «رىيازۇسسالىھىين» («ياخشى كىشىلەر باغچىسى»)، لىۋان، بېيرۇت، دارۇل كۇتۇبۇل ئىلمىييە (ئىلمىي كىتابلار نەشرىياتى)، مىلادىي 1972 ـ يىلى، ھىجرىيە 1402 ـ يىلى نەشرى، ئەرەبچە، 631 ـ ، 632 ـ بەتلەر.

قاراپ ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتە شۇ رەسىمدىكى ئادەمنى تىرىلدۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالماسلىقتىن كېلىپ چىققىدىغان ئازاپتىن قورقۇپ سىزمىغان. مۇشۇ سەۋەبتىن بىز 10 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر، ئۇيغۇرلاردا ئادەم ۋە ھايۋان رەسىمىنىڭ ئاساسەن سىزىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز.(بىراق قىسمەن چاغلاردا مىنياتۇرا رەسىملىرىدە ئادەم ۋە ھايۋان سىزىلغان ئەھۋال بار). گېپىمىزنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئىسلامىي شارائىتتا ئۇيغۇرلار ئادەم ۋە ھايۋان رەسىمىنى سىزىشتىن ياكى ئۆزىنى سىزدۇرۇشتىن پەرھىز تۇتقان. مۇشۇنداق پەرھىز سەۋەبىدىن، ئىلگىرى شانلىق نەتىجە يارىتىلغان ئۇيغۇر بۇددىزىم رەسساملىق سەنئىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەمما بۇنداق چەكلىمىلەرگە قارىماي، ئۇيغۇر تەسۋىرى سەنئىتى ئىسلامىيەت شارائىتىدا مىنياتۇرا رەسساملىقى شەكلىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. ئوتتۇرا ئەسىردە بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرگە قىستۇرما قىلىپ سىزىلغان مىنياتۇرالاردا يەنىلا ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ رەسىمى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سۈرەتكە چۈشكەندە، ئادەمدىكى سىرلىق مەنىۋىي قۇۋۋەتكە زىيان يېتىدۇ دەپ قارايدىغا ئادەت بولمىغان. ئىلگىرى زامانلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، بىزگە مەلۇم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ سۈرەت ۋە رەسىمنى سېھىرگەرلىك مەنىسىدە چۈشىنىدىغان ۋە پەرھىز تۇتىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا خىلى كەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. بۇ تۆۋەندىكى بىر قانچە پەرھىز ئادىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار باشقا مىلللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ رەسىملىرىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ساقلايدۇ. رەسىملەرنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن، دەسسىلىپ يىرتىلىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ناۋادا ئۆزىنىڭ رەسىمى ياكى سۈرىتى دەسسىلىپ كەتسە، يىرتىلىپ كەتسە ۋە ياكى كۆيدۈرۈۋېتىلسە ئۇنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈپ چىرايى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا مەيلى ئۆزىنىڭ بولسۇن ۋە مەيلى باشقىلارنىڭ بولسۇن، ھەر قانداق رەسىمنى ۋە سۈرەتنى تاشلىۋېتىشتىن، كۆيدۈرۈۋېتىشتىن، يىرتىۋېتىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. سۈرەتكە ئائىت يەنە بىر پەرھىز سۈرەتنى ھاجەتخانىغا (ئومۇمەن پاسكىنا جايلارغا) تاشلىماسلىقتىن ئىبارەت. خەلق ئارىسدا، بەزىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ سۈرىتىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ھاجەتخانىدىكى نىجاسەتكە تاشلىۋېتىش ئارقىلىق، شۇ سۈرەت ئىگىسىگە زىيانكەشلىك قىلىشنى ئىستەيدىغان قارا سېھىر شەكلى تارقالغان. ئۇندىن باشقا يەنە ئىشقىي سېھىرگەرلىكتە ئۆزى

ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشىنىڭ سۈرىتىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا سېھرى ئىشلىتىش ئارقىلىق، شۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش قىلمىشلىرىمۇ يۇقىرىقى پەرھىزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان.

نەزەرىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، سۈرەت ۋە رەسىمگە ئائىت سېھرىي مەنىدىكى پەرھىزلەردە مۇنداق پرىنسىپ گەۋدىلىنىدۇ. يەنى سۈرەت ۋە رەسىم ئادەم بىلەن مۇقەررەر باغلىنىشقا ئىگە. شۇڭا سۈرەت ياكى رەسىم زىيانغا ئۇچرىسا شۇ سۈرەت ياكى رەسىمدىكى ئادەممۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. مانا بۇ ھېسسىي تەسىر سېھرگەرلىكىدىكى ئوخشىشىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن پەيدا بولغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى - پەرھىزلەردۇر.

## (2) بەدەن ئەزالىرىغا ئائىت پەرھىزلەر

### چاچ ۋە بەدەن تۈكلىرىگە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا چاچ، ساقال - بۇرۇت ۋە بەدەندىكى تۈك (موي) لەرگە ئالاقىدار نۇرغۇن پەرھىزلەر بولۇپلا قالماستىن، چاچ ۋە بۇرۇت - ساقال ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە مەنىگە ئىگە سىمۋوللۇق نەرسىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا چاچنىڭ شەكلى، تارىلىش ئۇسۇلى، ئۇزۇن قىسقىلىقى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت بەلگىلىرىنىڭ مۇھىم تارمىقى سۈپىتىدە تارىختىن بىرى ناھايىتى ئېتىبارغا ئېرىشىپ كەلگەن.

ئالدىن بىلەن، چاچنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئۇيغۇرلاردا مەلۇم مەدەنىيەت مەنالىرىغا ئىگە ھادىسىدۇر. ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە چاچنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە شەكلى جىنىس پەرقى بىلەن مۇناسىبەتلىك ئىشتۇر. ئادەتتە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئەرلەر قىسقا چاچ، ئاياللار ئۇزۇن چاچ قويىدۇ. بىراق ئەرلەرنىڭ چاچنى قىسقا قويۇش، ئاياللارنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىن شەكىللەنگەن ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئەر - ئاياللىرى بىردەك ئۇزۇن چاچ قويغان.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ (بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ) چېچىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىدا كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. دەسلەپتە ئىسلام دىنىدىمۇ ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشى چەكلەنمىگەن. مۇسۇلمان ئەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى چاغلاردا چېچىنى قىسقا قويىدىغان بولغان. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر

ئەرلىرىنىڭ چاچنى قىسقا قويىدىغان ئادىتى يالغۇز ئىسلام سەۋەبىدىنلا بولغان ئەمەس. "ئىنسانلار چاچنى تۇزەشنى بىلگەندىن كېيىنكى ھەر بىر دەۋردە، ھەر بىر جايدا چاچنىڭ شەكلى جىنس پەرقى بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر باغلىنىشقا ئىگە بولغان. ... ئەمەلىيەتتە، تەبىئىي ئەھۋالدا ئەرلەرنىڭ چېچى بىلەن ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن ـ قىسقىلىقتا پەرقلەنمەيدۇ. قايسى جىنسنىڭ قىسقا چاچ قويۇشى پۈتۈنلەي ئىجتىمائىي توپلارنىڭ مەدەنىيەت كۆزقارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ."[①] ئەمما، قىسقا چاچنىڭ بىرقەدەر قاتتىق ۋە يىرىك بولىدىغانلىقى، ئۇزۇن چاچنىڭ بولسا نىسبەتەن يۇمشاق بولىدىغانلىقى ۋەجىدىن، قىسقا چاچنى ئەر جىنسلىقلارغا خاسلاشتۇرۇش، ئۇزۇن چاچنى بولسا ئايال جىنسلىقلارغا خاسلاشتۇرۇش دۇنياۋى كۆلەمدە ئورتاق قوبۇل قىلىنغان بىر ھادىسە بولسا كېرەك.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇزاق بىر مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۇزۇن چاچ قويۇشتىن پەرھىز قىلىپ، قىسقا چاچ قويىدىغان ياكى چاچنى پۈتۈنلەي قىردۇرىۋېتىدىغان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ قىسمەن باش كىيىملىرى (بولۇپمۇ يازلىق باش كىيىملىرى) ئۇزۇن چاچ قويغان باشقا ماس كەلمەيدۇ يەنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەنچە يازلىق باش كىيىملىرى تېيىززاق ھەم قاتتىق بولغاچقا، چاچ كۆپ بولسا، باشتا مۇقىم تۇرمايدۇ. ئەلۋەتتە چاچنى ئۇزۇن قويماسلىق ياكى كۆپ چاچ قويماسلىق پەرھىزلىرى باش كىيىم كېيىش ئادىتى بىلەنمۇ ماسلاشقان ھالدا داۋام قىلغان.

ئۇيغۇرلاردا چاچ ئاياللار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك نەرسە سانىلىدۇ. يەنى چاچ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈچۈن جىنس مەناسىغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇ ئاياللار گۈزەللىكى، ئاياللارنىڭ ياش قۇرامى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئىجتىمائىي سالاھىيىتى قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىختىن بېرى ئىنچىكە تۇردە ئۇزۇن چاچ قويۇپ كەلگەن ۋە چاچقا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار پەرداز قىلىش ئۇسۇللىرى، چاچ نۇسخىلىرى ۋە ئىرىملىك قاراشلارنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ پاسونى، ئۆرۈمە سانى مەدەنىيەت مەناسىغا ئىگە بولغان ھالدا، مەلۇم پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىنغان ھالدا ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچى ئون بەش، ئون يەتتە، يىگىرمە بىر ھەتتا قىرىق بىر تال قىلىپ تاق ئۆرۈلىدۇ. جۈپ ئۆرۈشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. توي

[①] لى يۈن: «چاچ پاسونى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت»، شائخەي مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە، 32 ـ بەت.

قىلمىغان قىزلارنىڭ پېشانىسىدە كوكۇلا چېچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پاتاك (شىللا) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۇستۇرا بىلەن چۈشۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. توي قىلغان قىزلارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى چۈۋۈلۈپ، قايتىدىن ئىككى تاللا قىلىپ ئۆرۈلىدۇ. بۇ يەردە چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككى تال چاچ ئۇستىگە يەنە ياڭاق سېكىلەك چاچ قويىلىدۇ. ياتلىق قىلىنغان ئاياللار بالىلىق بولغاندا بالچۇق چاچ (كىچىك ئۆرۈمە چاچ) قويۇلىدۇ، شۇنداقلا ياڭاق چاچ بولىدۇ. ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار ياڭاق چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز ... تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ. جۈپ ئۆرۈشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالچۇق ۋە ياڭاق چاچلىرى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئاياللارنىڭ چاچنى بىر تال ئۆرۈۋېلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. يەنى چاچنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئاياللار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئەر تىلەپ يۈرگەن ئايال، دەپ قارىلىدۇ ۋە يامان كۆرۈلىدۇ. يۇقىرىقى بىر يۈرۈش چاچ پاسونى ئاساسىدا يەنە شۇ چاچ پاسونلىرىغا يات شەكىللەردىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتلەرمۇ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، قىزلار چېچىنى بېشىغا يۆگەپ تۈگۈۋالسا، ئۇلارنىڭ بېشىغا يىلان يۆگىشىۋالىدۇ ياكى بەختى كەلمەيدۇ دەپ ئىرىمداپ، ئۇلارنىڭ چوڭ ئاياللارنىڭ چاچ پاسونىنى تەقلىد قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە چاچنى دۆلەت، بەخت دەپ قارايدۇ. شۇڭا "چاچنى ئۇزۇن قويسا بەختى ئۆسىدۇ" دەپ، چاچ بىلەن بەختنى تەڭلەشتۈرۈپ قارايدۇ. چۈشۈپ كەتكەن چاچنى پاكىز يۇيۇپ ساقلايدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا چاچ گۈزەللىك ۋە جەزبە مەنىسىگىمۇ ئىگە. ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەردە چاچنى جىنس بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان ئادەت بار. خۇددى فرېئۇد ئېيتقاندەك: "چاچنىڭ جەزبىسى بەك چوڭدۇر. ئۇ قىنسىي تاللاشقا ئالاقىدار كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش ۋە تېگىشتىن ئىبارەت تۆت خىل سېزىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ."[1]

ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى ئادەتتە چاچنى كەسمەيدۇ، بىھۇدە چاچ كېسىشنى ناھايىتى ئېغىر ئالىدۇ. ئەگەر چاچ زىيادە ئۆسۈپ كېتىپ باشقۇرۇش مۇمكىن بولماي قالغاندا ۋە ياكى شالاڭشىپ كەتكەندە، ئاندىن

---

[1] سىگمۇند فرېئۇد: «جىنسىيەت پسىخولوگىيىسى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 215 ـ بەت.

كېسشنى لايىق دەپ بىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئادەتتىكى چاغلاردا كېسشتىن پەرھىز قىلىدۇ، بەلكى يامغۇر ياغقاندىن كېيىن چاچنى پالتا بىلەن كەسسە چاچ تىخىمۇ كۆپ ۋە ئۇزۇن بولىدۇ، دەپ قاراپ شۇنداق چاغدا كېسىدۇ. كىسىلگەن چاچنى تاشلىۋەتمەي، پاكىزە يۇيۇپ ساقلايدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرىدا چاچ تاراشقا ئائىت بىر قاتار ئىرىملىك قاراش ۋە پەرھىزلەر بار. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تاراش پائالىيىتىدە ۋاقت، ئورۇن، ئۇسۇل ۋە شەكىل قاتارلىق جەھەتلەردە تۆۋەندىكىدەك پەرھىزلىك ئادەتلەر ساقلانغان. ئۇيغۇر ئايال ـ قىزلىرى چاچنى قۇرۇق تارىسا قۇرۇق تۆھمەتكە قالىدۇ، دەپ قاراپ قۇرۇق چاچنى تاراشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئېھتىمال بۇ قۇرۇق چاچنى تارىغاندا، چاچنى ھۆل ھالەتتە تارىغاندىكىگە قارىغاندا كۆپرەك ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاياللاردا پەيشەنبە كۈندە، چارشەنبە كۈندە چاچ تاراشتىن پەرھىز تۇتىدىغان ئادەت بولغان، ھەممە پەيشەنبىدە چاچ تاراشنى بىر تۇغقان قىرىنداشنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەسلىككە، چارشەنبىدە چاچ تاراشنى ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالىدىغانلىققا جورۇغان. خەلق ئارىسىدا ھازىرمۇ "مەزلۇم كىشى (ئاياللارنى دېمەكچى) چارشەنبىدە چاچ تارىسا تۇل بولغاي، تۇلدىن ئۆتۈپ كۇل بولغاي" دېگەن ئىشەنچ ساقلانماقتا. چاچنى كۆپىنچە دۈشەنبە كۈندە ۋە جۈمە كۈندە تاراشنى ئادەت قىلغان. بولۇپمۇ "قىزلار جۈمە كۈندە چاچ تارىسا، تەلىيىگە تۇخۇمدەك تەلەي قوشۇلار" دېگەن قاراش بەك كەڭرى تارقالغان.جۈمە كۈندە بەدەن تازىلىقى قىلىش ئىسلامىي قائىدە بولۇپ، جۈمە كۈندە چاچ تاراشنىڭ تەلەي كەلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراش ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە ئايەم كۈنى (ھىجرىيە كالىندارى بويىچە سەككىزىنچى ئاي ـ شەئبان ياكى بارات ئېيىنىڭ ئون بەشى، تۈنەك كېچىسى بولىدىغان كۈن) دە چاچ تاراشتىن، قۇربان ھېيتتىن بىر ھەپتە بۇرۇن چاچ تاراشتىن ۋە ھېيت كۈنىمۇ، تاڭ ئېتىپ ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغۇچە چاچ تاراشتىن چەكلىنىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر يۇقىرىقى كۈنلەر كېلىشتىن بۇرۇن چاچلىرىنى تارىۋېلىپ تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ پەرھىزلەر ھېيت ۋە ئايەم كۈنلىرىدىكى ئالدىراشچىلىق تۈپەيلىدىن چاچ تاراشنىڭ باشقا ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئەشۇ ۋاقىتلارنىڭ مۇقەددەس چاغ دەپ تونۇلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان پەرھىزلەردۇر. چۈنكى چاچ تاراش مەلۇم جەھەتتىن چاچتىكى كىرلەرنى چىقىرىپ تاشلاش پائالىيىتىدۇر. بۇ مۇقەددەس چاغلاردا بۇنداق

ھەربىكەتلەرنىڭ پەرھىز قىلىنىشقانلىقى تەبىئىي ئىشتۇر، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر ئايال ـ قىزلىرى يەنە قاراڭغۇدا چاچ تارىمايدۇ. بۇنىڭدا قاراڭغۇدا چاچ تارىغاندا چاچنىڭ پاكىز يۇيۇلماسلىقى، چاچنىڭ چىرايلىق ئۆرۈلمەسلىكىدىن باشقا يەنە باشقا مەنىۋى ئېتىقاد ئاساسلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە چاچ تارايدىغان يەرنىمۇ تاللايدۇ. ئادەتتە ئۇستى ئۇچۇق ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان يەردە چاچ تاراشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنىڭدا قوياش نۇرىنىڭ باش تېرىسىنى قىزىتىپ تەسىر يەتكۈزىشىنى چەكلەش قىلغاندىن باشقا، مۇھىمى قوياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ قەدىمكى ئىزنالىرى بۇ پەرھىزدە رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاياللار چاچ تارىغاندا، چاچنى پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ياش قۇرامى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىغا قاراپ تۇتام ـ تۇتام قىلىپ ئايرىيدۇ. چاچلار ئايرىلغان جاي "چاچ يېرىقى" دېيىلىدۇ. خەلق ئىشەنچلىرىدە "چاچ يارمىسىنى ياندىن ئايرىسا ئۇ دۇنيادا ياخشى ـ يامان ئەمىلى ئايرىلماي قالىدۇ." دېگەن قاراش سەۋەبىدىن، چاچ يارمىسىنى ياندىن ئايرىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. گۈزەللىك نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، چاچ يارمىسىنى ياندىن ئايرىغاندا يۈزنىڭ سىممېترىك كۆرۈنىشىگە تەسىر يېتىپ، چاچنى ياندىن ئايرىغان ئايالنىڭ يۈزى مايماقتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. "ئۇ دۇنيادا ياخشى ـ يامان ئەمىلى ئايرىلماي قالىدۇ." دېگىنى خۇراپىي قاراش بولۇپ، ھېچبىر ئىسلام دەستۇرىدا ئاخىرەتتە كىشىنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمىلىنىڭ ئايرىلىشى چاچ يېرىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دېگەن ھۆكۈم بولغان ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا "چاچ يارمىسىنى قوياش كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ" دېگەن ئىشەنچ بار. بۇنىڭ ئاساسى خۇددى "قوياش نۇرى ئاستىدا چاچ تارىسا بولمايدۇ" دېگەن پەرھىزنىڭ ئاساسى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى چاچ تاراپ بولغاندىن كېيىن چېچى ھۆل پېتى يېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش قۇللۇقنى تىلىگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا يەنە چاچ تارىغاندا باشنىڭ بىر تەرىپىنى تاراپ، يەنە بىر تەرىپىنى تارىمىغاندا، چاچ ئىگىسىنى ئىت چىشلىۋېلىش خەۋپى بار بولىدۇ دەپ قارايدىغان خۇراپىي ئىشەنچلەرمۇ ساقلىنىپ قالغاندۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ باشتىن چۈشۈپ كەتكەن ياكى كېسىۋېتىلگەن چاچنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىدا مەنا جەھەتتىن يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن قالغان ئادەتلەر ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاياللارنىڭ كېسىۋەتكەن

چىچى، يۇيغاندا ياكى تارىغاندا چۈشۈپ كەتكەن چاچ، بوۋاقلارنىڭ چۈشۈرۈلگەن قىرقى چىچى ۋە ياكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلگەن چىچىغا ئائىت بىر قاتار ئىرىملىك قاراش ۋە پەرھىزلەر ئۇيغۇرلارنىڭ چاچ ھەققىدىكى پەرھىزلىرىنىڭ مۇھىم بۆلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا چۈشۈپ كەتكەن ياكى كېسىۋېتىلگەن چاچنى ھەم ئۇلۇغلايدىغان ھەم ناپاك كۆرىدىغان ئادەت بار. ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلار ئىچىدە چاچ ـ ساقال (ئومۇمەن بەدەندىكى موي ) نى ناپاك، دەپ قارايدىغان دىن ئاتەشپەرەسلىك دىندۇر. ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە بەدەندىن ئاجرالغان ھەرقانداق نەرسە (بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىدىغىنىمىز چاچتۇر ) ناپاك بولۇپ، ئۇنى كەسكەندىن كېيىن چوقۇم ياخشى ئوراپ، يىراق دەشتىلەرگە كۆمۈپ تاشلاش لازىم. ئىسلام دىنىدا چاچ ـ ساقال بەدەن زىننىتى دەپ قارالغاندىن باشقا، ئۇلارنى ناپاك دەپ ئايرىپ ئالاھىدە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بىراق، ئىبتىدائىي دەۋر ئىنسانلىرى ئۈچۈن چاچ بەك مۇھىم ۋە سىرلىق نەرسە ئىدى. ئىنسانشۇناس فرازېر شۇنداق دەيدۇ: "... ئىبتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشىش ۋە ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ بۇلىدىغانلىقىغا، يەنى قايسى بۆلەك بەدەندىن ئايرىلىپ كەتسە، بۇ خىل تېگىشىش ۋە ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىلا ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىغا، بۇ بۆلەكلەر، مەسىلەن، كېسىلگەن چاچ ۋە قىيىلغان تىرناقلار ناۋادا زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرايدىكەن، ئۇنداقتا بەدەننىڭ ئۆزىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۇلارنى ئاسان زىيانغا ئۇچرايدىغان جايلارغا تاشلىۋەتمەيتتى، ياكى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، سېھىر ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زىيان يېتىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلاتتى. بۇنداق خەتەر ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش بولۇپ، بولۇپمۇ مۇقەددەس كىشىلەر بۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقاتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تېخىمۇ قاتتىق بولاتتى."① فرازېر بۇيەردە تىلغا ئالغان "ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى" دەل پەرھىز بولۇپ، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى، ھەتتا مەرىپەت دەۋرىدىكى ئىنسانلارمۇ يۇقىرىقىدەك "ئادەم بەدىنى بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ھەرقانداق ئەزالار ئوتتۇرىسىدا ھەرقاچان تەسىر مۇناسىۋىتى ساقلىنىدۇ" دەيدىغان ئىبتىدائىي ئېتىقاد شەكلىگە ئىشەنگەنلىكتىن، ھازىرقى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە چاچنى ۋە باشقا ئەزالارنى

① [ئەنگلىيە] فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 1 ـ قىسىم، 344 ـ بەت.

تاشلىۋېتىشكە دائىر بىر قاتار پەرھىزلەر شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان قايسى خىلدىكى چاچ بولسۇن، ھەممىسىنى خالىغان يەرگە تاشلاشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. بوۋاقنىڭ چۈشۈرۈلگەن تۇنجى چېچى - "قىرقى چاچ" نى رەختتكە ئوراپ بىر ئۆمۈر ساقلايدۇ، ياكى بىرمەزگىلدىن كېيىن پاكىز يەرلەرگە كۆمۈۋېتىدۇ. قىزلار ۋە ئاياللاركىسۋەتكەن ۋە چۈشۈپ كەتكەن چېچىنى تاشلىۋەتمەي تۈگۈنچەك قىلىپ ساقلايدۇ، ياكى كېيىنكى چاغلاردا ئۆز چېچىغا ئۇلاپ سالىدۇ. چۈشۈپ كەتكەن چاچنى ۋە كەسكەن چاچنى سۇغا تاشلىۋەتمەيدۇ، يەرگىمۇ تاشلىۋەتمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا "چاچنى پاقا ياكى كالا يەپ قالسا، باشتىكى قالغان چاچلارمۇ چۈشۈپ كېتىپ، باش سېدام بولۇپ قالىدۇ" دەپ قارايدۇ. بۇ پەرھىزدە مۇنداق بىر سېھرىي مەنا بىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى پاقا بولسا تۈكسىز ھايۋان. ئۇنىڭ چۈشۈپ كەتكەن چاچنى يەۋېلىشى شۇ چاچ چۈشكەن باشتىكى قالغان چاچلار بىلەن ھېسسىي تەسىر مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ تۇرغاچقا، قالغان چاچلارمۇ چۈشۈپ، ئۇ باش پاقىنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش سىدام تۈكسىز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەر ھېلىھەم مۇنداق ئەھۋالدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا "چۈشۈپ كەتكەن چاچنى تاشلىۋەتسە، ناۋادا ئۇ چاچ باشقىلارنىڭ چېچى بىلەن ئارىلىشىپ قالسا، باشقىلارنىڭ چېچى ئۇ كىشىنىڭ چېچىنى يەكلەپ، چاچ چۈشۈشكە، سانچىلىپ باشنى ئاغرىتىشقا سەۋەب بولىدۇ" دەپ قارىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. بۇ پەرھىزدە چاچتا ئادەمنىڭ روھى بولىدۇ، چۈشۈپ كەتكەن چاچتىمۇ ئادەمنىڭ روھىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، دېگەن قاراش مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇر ئاياللىرىدا يەنە چۈشۈپ كەتكەن ۋە كەسكەن چاچنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن پەرھىز تۇتىدىغان ئادەت بار. ئەگەر مۇنداق قىلسا "كۆيدۈرۈلگەن چاچتىن چىققان ھىدنى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بالىسى پۇراپ ‹ئانام كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ› دەپ تەلمۈرىدۇ" دەپ جورۇيدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ چاچ ھىدىنى پۇرىيالىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ھېسابلانسىمۇ، بىراق بۇ قاراشتا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر چاچ كۆيدۈرگۈچىنى يېنىغا (يەنى ئاخىرەتكە) كېلىۋاتىدۇ، دەپ تەلمۈرىدۇ دېگەن خىيال چاچ ئىگىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ياخشىلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يەنە شۇنداق قاراشلارمۇ باركى، كېسىۋېتىلگەن ياكى چۈشۈپ كەتكەن چاچنى ئۇزۇم تېلىنىڭ ئاستىغا كۆمسە، كىشىنىڭ چېچى تالدەك ئۇزۇن ۋە ئەۋرىشىم بولارمىش. بۇمۇ "ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى" ئاساسىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىرىلغان بىر خىل خۇراپىي ئىشەنچتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا يەنە باشقا كىرگەن ئاق چاچنى يۇلۇپ تاشلاشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. بولۇپمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بۇنداق پەرھىز ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان. بۇ پەرھىز ئەسلىدە ئىسلام دىنى ئىچىدىكى بىر چەكلىمە بولۇپ، بۇ ھەقتە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: " ئامىر ئىبنى شۇرەيبىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاق چاچنى يۇلماڭلار. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى نۇرىدۇر."[①] دېمەك، بۇ ئىسلامىي چەكلىمە سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلاردا چاچ ۋە ساقالدىكى ئاق تۈكلەرنى يۇلۇپ ئېلىۋەتمايدىغان پەرھىزلىك ئادەت ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قوشۇمچە قىلىشقا تېگىشلىك بىر تەرەپ شۇكى، ئۇيغۇرلاردا چاچقا دائىر ئادەتلەر يەنە باشقا ساھەلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىرە ـ چىراغ پائالىيەتلىرىدە چاچ قايغۇ ـ ئەلەمنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قارىلىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە چۇۋۇلغان، نىسبەتەن رەتسىز چاچ ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ تىمسالى بولسا، ئەكسىچە بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق چاچ شەكلى قايغۇنىڭ ، ئازابىنىڭ ۋە ماتەمدارلىق تۇيغۇسىنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلانماقتا.

بۇرۇت ۋە ساقال ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ مۇھىم جىسمانىي زىننىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ساقال ۋە بۇرۇت قويۇش تارىخى بەك ئۇزۇن بولۇپ، بىز رايونىمىز تەۋەسىدىكى مىڭ ئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىدىن چىرايلىق ساقال ـ بۇرۇتى بار نۇرغۇن ئادەم ئوبرازىنى كۆرەلەيمىز. ئەنە شۇلار ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۆز سىياقىدا ئىجاد ئەتكەن بۇددا ئەۋلىيالىرى ۋە راھىبلىرىنىڭ سۈرىتىدۇر. ئىسلام دىنى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ساقال قويۇش ئادىتىنى يۈكسەلدۈردى. چۈنكى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ساقال قويۇش ھەققىدىكى تەشەببۇسى بار ئىدى. ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئەرلىرىدە ياشلارنىڭ كۆپ قىسمى ساقال قويمايدۇ. بىراق چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالىدۇ. ساقاللىق كىشىلەر ئاستىنقى لىۋىنىڭ ئاستىغا كىچىك قىلىپ موي ئۆستۈرىدۇ. بۇ "ماقال" دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم بىر ئادەت شۇكى، ساقال قويمىغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ ماقال قويمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ياشانغان ئەرلەرنىڭ ساقال قويماسلىقى ياكى ساقال چىقماسلىقى پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھەر بىر تال ئاق ساقالنىڭ ئاستىدا بىردىن پەرىشتە بار، ئەگەر ساقالنى چۈشۈرىۋەتسە

---

[①] [سۈرىيە] ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋىي: «رىيازۇسسالىھىين» («ياخشى كىشىلەر باغچىسى»)، لىۋان، بېيرۇت، دارۇل كۈتۇبۇل ئىلمىييە (ئىلمىي كىتابلار نەشرىياتى)، مىلادىي 1972 ـ يىلى، ھېجرىيە 1402 ـ يىلى نەشرى، ئەرەبچە، 622 ـ بەت.

پەرىشتە كېتىپ قالىدۇ دەپ قارالغاچقا، چوڭلار ئادەتتە ساقىلنى چۈشۈرۈۋەتمەستىن چەكلىمەيدۇ. ئادەتتە ساقال پىشقەدەملىك، ھۆرمەتكە سازاۋەرلىك، ئۆزىنى ھەقىقى توختاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئەرلەرنىڭ چوڭ زىننىتى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا "ئەر كۆركى ـ ساقال، سۆز كۆركى ـ ماقال" دېگەن ھېكمەت پەيدا بولغان. ساقال چىقمىغان ئادەملەر "كۇسا" (بۇ فارىسچە سۆز بولۇپ، ‹ساقىلى ئاز› ياكى ‹ساقىلى يوق ئادەم› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.) دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە خەلق ئارىسىدا كوسا ئادەم بىلەن تۇغماس خوتۇننى تەڭلەشتۈرۈپ ياكى مەجازىي ھالدا باغلاپ مەيدانغا كەلگەن گەپ سۆزلەر ۋە قوشاقلار بار.

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ساقىلى يۈزىدە ئىگىلىگەن قىسمىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى ۋە شەكلىگە قاراپ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىر قىسىم ئەرلەر چېكە چاچلىرى بىلەن ساقاللىرىنى بىرلەشتۈرىۋالسا، يەنە بىر قىسىم ئەرلەر چېكە چېچىنى قىردۇرۇۋېتىپ، ساقال بىلەن چاچنى ۋە بۇرۇتنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر ئەرلىرى ساقال بۇرۇتلىرىنى ھەپتىدە بىر قېتىم پاكىزە تەكشىلەپ ياسىۋالىدۇ. ئادەتتە مەخسۇس ساقالنىلا تاراشقا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تاغاقنى غىلىپى بىلەن يېنىدىن ئايرىماي، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تاراپ تۇرىدۇ. بۇرۇتنىڭ شەكلى ئۇيغۇرلاردا بەك كۆپ، ئومۇمەن كۆپرەك قويىلىدىغان بۇرۇت شەكلى ياشلار ئۈچۈن نىسبەتەن ئىنچىكىرەك ۋە ئۇزۇن كەلگەن بۇرۇت بولسا، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە قېرىلار ئۈچۈن بۇرنىنىڭ ئاستى بىلەن ئېغىزىنىڭ ئۈستىنى تولۇق ئىگىلەيدىغان بۇرۇتتۇر. يەنە "شاپ بۇرۇت" دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇزۇن ۋە ئىككى ئۇچى ئۈستىگە ئېگىلىپ ۋە ياكى پەسكىرەك قاراپ تۇرىدغان بۇرۇت شەكلىمۇ بار. بۇنى كۆپىنچە جانبازلار، يۇرت نوچىلىرى ۋە قاسساپلار قويۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلاردا بۇرۇتقا ئائىت مۇنداق بىر پەرھىز بار. يەنى بۇرۇتلۇق كىشى تاماق يەۋاتقاندا بۇرۇتى ئېغىزىغا كىرىپ قالسا بولمايدۇ. بولمىسا ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى لوقما مەكرۇھ بولىدۇ. بۇ روشەنكى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن مۇناسىبەتلىك پەرھىزدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىدا بەدەندىكى ھەر قانداق تۈك ياكى موينىڭ تائام بىلەن بىللە چاينىلىشى مەكرۇھ ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار يەنە بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىدىكى موينلارغا ئالاقىدار بىر قاتار تازىلىق ئادەتلىرى ۋە پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. جىنسىي پەرقىگە ئاساسەن ئۇيغۇر ئەرلىرى ئاياللارغا قارىغاندا تۈكلۈكرەك

كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار قولتۇق تۈكى، ئەۋرەت تۈكى قاتارلىق كۆپ ئۆسىدىغان تۈكلەرنى قىرقىپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. ئەر - ئاياللار بىردەك قولتۇق تۈكلىرىنى پات - پات يۇلۇپ ياكى چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ، ئەۋرەت تۈكلىرىنى قىرقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەزالاردىكى تۈكلەرنىڭ بارماق (تەخمىنەن بىر سانتىمېتىر) ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئەزالاردىكى تۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى چەكلەش پەرھىزى ئىسلامدىكى قائىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قەرەللىك ھالدا چاچنى ئالدۇرۇپ تۇرۇش، تىرناقنى قىيىپ تۇرۇش، قولتۇق تۈكنى يۇلۇپ تۇرۇش، ھەر بىر قەرەل قىرىق كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىك ھەققىدىكى كۆرسەتمىسى بار. بەدەن تازىلىقى بىلەن ئالاقىدار بۇنداق كۆرسەتمە ئۇيغۇرلاردا ئومۇملىشىپ، خەلق ئىچىدىكى پەرھىزلىك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر ئەرلىرى يۈزىدىكى يۇمران مويلارنى ساقال قىرىش جەريانىدا چىقىرىپ تاشلايدۇ. بىراق ئاياللار يۈزىگە تىغ تەككۈزمەيدۇ (يەنى ئۇستۇرا قاتارلىقلار بىلەن يۈزىدىكى تۈكلەرنى قىرمايدۇ) بەلكى يىپلاش ئۇسۇلى بىلەن يۈزىدىكى تۈكلەرنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە ئاياللارنىڭ يۈزىدىكى تۈكنى يىپ بىلەن چىقىرىپ تاشلاش ئادىتى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئادەت تاكى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بىراق ئەنئەنىۋي جەمئىيەتتە ئاياللار تاكى جۇۋانلىق مەزگىلىگىچە يۈزىنى يىپلاتماسلىقتەك پەرھىزگە رىئايە قىلىپ كەلگەن. جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغان ئاياللار جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى تۇنجى قېتىم يۈزىدىكى تۈكلەرنى تېرىپ، ھۆسنىنى يەنىمۇ تۈزەش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان.

خۇلاسىسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ چاچ ۋە بەدەندىكى تۈكلەرگە ئائىت پەرھىزلىرىنىڭ بىر قىسمى ناھايىتى قەدىمكى زاماندىكى ئىبتىدائىي ئېتىقاد، جۈملىدىن ھېسسىي تەسىر سېھىرگەرلىكىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىن قېلىپ قالغان ئىزنالاردۇر. يەنە بىر قىسمى بولسا ئىسلام ئەقىدىسىدە ئوچۇق چەكلەنگەن شەكىل ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاچقا ئالاقىدار ئىرىملىك قاراشلارنىڭ كۆپ قىسمى باش ھەققىدىكى خەلق ئىشەنچلىرى بىلەن مۇناسىبەتلىكتۇر.

## باش ۋە يۈزگە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا ئادەمنىڭ بېشى ۋە يۈزىگە ئائىت بىر قاتار ئىرىملىك قاراشلار ۋە پەرھىزلىك ئادەتلەر

مەۋجۇد. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە باش ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ھەممىدىن ئېگىز ۋە ھەممىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا "باش" سۆزى بىلەن ئالاقىدار ھالدا ئۇيغۇر تىلىدا "رەھبەر" مەنىسىدىكى "باشلىق"، "باشلامچى"، "باشلامچىلىق قىلماق"، "باشقۇرماق"... دېگەندەك سۆزلەر مەيدانغا كەلگەن. يۇزمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە شەرەپ ۋە ھۆرمەتنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇ ئىككى ئەزا ئادەم تېنىدىكى باشقا ئەزالارغا قارىغاندا مۇقەددەس دەپ قارالغاچقا، ئۇلارغا ئائىت پەرھىزلەرمۇ نىسبەتەن كۆپرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق پەرھىزلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇقەددەسلىك قاراشلىرى بىلەن مۇناسىبەتلىك ھالدا مەيدانغا كەلگەن پەرھىزلەردۇر.

نۇرغۇن ئىبتىدائىي مىللەتلەر ۋە ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن مىللەتلەر باشنى ئالاھىدە مۇقەددەس دەپ قارىغان. قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ نۇرغۇن جەسەتلەرنىڭ باش سۆڭىكىدە تۆشۈكچىلەر بار بولۇپ، ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ پىكرىچە، بۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىدىكى روھنىڭ ئاسان چىقىپ كېتىشىنى ئۈچۈن تېشىپ قويۇلغان تۆشۈكچىلەردۇر. دېمەك، قەدىمكى دەۋردە ئىنسانلار روھنى باشتا تۇرىدۇ دەپ ئىشەنگەن ۋە شۇڭلاشقا باشنى ئۇلۇغ بىلىپ، باشقا ھاقارەتلىك ھەر قانداق سۆز ھەرىكەتتىن چەكلەنگەن. باشقا ئائىت پەرھىزلەر دۇنيادىكى ھەممە مىللەتتە دېگۈدەك مەۋجۇد بولۇپ، بۇ باشنىڭ ھېلىھەم مۇقەددەس دەپ قارالغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەھۋالدۇر.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردە روھنى باشتا بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ قاراشتا ئىسلامىي قاراشلاردىكى "باشنى ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، باشقا ئەزالارنى بولسا پەرىشتىلەر ياسىغان. شۇڭا باش ھەممىدىن ئۇلۇغ" دېگەن ئىشەنچ قوشۇلۇپ، باشقا ئالاقىدار تۆۋەندىكىدەك پەرھىزلەر شەكىللەنگەن:

خەلق ئارىسىدا مەيلى كىچىك بالىنىڭ بولسۇن ياكى چوڭ ئادەمنىڭ بولسۇن، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ ھەمدە "باشقا ئۇرغان قول سۇنىدۇ" دەپ قارىلىدۇ. ئۇرۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ھاقارەتلىك ھەرىكەتلەر ھەم قاتتىق چەكلىنىدۇ. ھەتتاكى نۇرغۇن كىشىلەر پىشانىنى بەختنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قارايدۇ. تەلىيى كەلگەن ئادەمنى "پىشانىسى ئوڭ" دەپ، ئامىتى قېچىپ، پالاكەت باسقان ئادەمنى "شور پىشانە" دەپ سۈپەتلەيدۇ. شۇڭا، كىچىك بالىلارنىڭ پىشانىسىدىن نوقۇپ ئەركىلىتىلمەيدۇ. شۇنداق قىلسا بالىلارنىڭ ئامىتى قاچىدۇ دەپ جورلىدۇ. ئۇيغۇلار يەنە "كىچىك

باللارنىڭ بېشىغا سۈپۈرگە بىلەن ئۇرسا بويى ئۆسمەي پاكار بولۇپ قالىدۇ" دەپ قاراپ، باشقا سۈپۈرگە بىلەن ئۇرۇشتىن پەرھىز تۇتىدىغان ئادەت بار. ھەتتاكى بەزى كىشىلەر بالىسىنىڭ بويى بەك تىز ۋە ئېگىز ئۆسۈپ كەتسە "دارازا" بولۇپ قالمىسۇن دەپ بېشىغا  تونۇر يېنىدا تونۇر بېشى ۋە ئەتراپىنى سۈپۈرىدىغان كىچىك شىۋاق سۈپۈرگە بىلەن ئۇرۇپ قويىدىغان سېھرىلىك ھەرىكەتمۇ مەۋجۇد. ھەر كىشى ئۆز بېشىغا قارىتا كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ھەرىكەتلەر بىلەن ھاقارەت قىلىشىنى قاتتىق ئېغىر ئالىدۇ. ئۇندىن باشقا ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ بېشى ھەققىدىمۇ مەلۇم پەرھىزلەرگە بويسۇنىدۇ. مەسىلەن، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا "قولنى باشتىن ئارتىلدۇرۇپ ئۇخلىسىغا ياتسا قەرزدارچىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ" دەپ قاراپ، شۇنداق قىلىشتىن پەرھىز تۇتىدىغان ئادەت بار. ھەقىقەتەن، كۆپىنچە ئەھۋالدا قەرزدار كىشى يۇقىرىقىدەك ھالەتتە ئۆز قەرزىنى تۆگىتىشىنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ياكى قايغۇرىشى مۇمكىن. قەرزى يوق كىشىلەر خۇددى قەرزى بارلىقتىن قايغۇرۇپ ياتقان كىشىگە ئوخشاش ياتسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا قەرزدارچىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، دەپ قاراش "ھېسسىي تەسىر سېھرىگەرلىكى" دىكى "ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى" نىڭ بىر قىسىم كىشىلەر ئېڭىدا يەنىلا رول ئويناۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى خالاس.

يۈز ـ باشنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، يۈز باش قىسمىدا بولغاچقا، باش ئەشۇنداق ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس دەپ قارالغان. ئۇيغۇرلاردا يۈزگە ئائىت ھەم بىرقىسىم پەرھىز ئادىتى بار. ئالدى بىلەن، بۇنداق پەرھىز باشقىلارغا ھاقارەتلىك ھەرىكەت قىلىشتىن چەكلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلادا باشقىلارنىڭ يۈزىگە پۈۋلەشنى ئىغىر ئالىدىغان ئەھۋال بار. شۇڭا "باشقىلارنىڭ يۈزىگە پۈۋلىسە، پۈۋلەنگۈچىنىڭ يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالىدۇ" دەپ مۇنداق قىلىقتىن چەكلىنىدۇ. يۈزگە ئۇرۇش ئەڭ ئىغىر ئىلىنىدىغان كۈچلۈك پەرھىزلەردىن ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئارىسىدا يەنە يۈزنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئۆلچەشكە قارشى تۇرىدىغان پەرھىز بار. چۈنكى يۈزنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئۆلچەش يۈز ئىگىسىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يەنە "ئىڭەكنى تىرەپ ئولتۇرسا، بەختسىز بولۇپ قالىدۇ"، "پىشانىسىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرسا، بەختى قاچىدۇ" دەپ قاراپ ئەشۇنداق ئولتۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتمۇ باردۇر. بۇ پەرھىزلەرنىڭ  كېلىپ چىقىشى مۇنداق بىر سەۋەبكە تايانغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى بەختسىز بولۇپ

قىلىپ غەمگە پاتقان كىشىلەر كۆپىنچە ئىڭىكىنى تىرەپ ياكى پىشانىسىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇنداقتا كىمىكى ئەشۇنداق سىياقتا ئولتۇرىدىكەن، ئۇمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەتىگەندە تۇرۇپ ئالدى بىلەن يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ، ئاندىن باشقا ئىشقا تۇتۇش قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇرلاردا يۈزنى يۇيۇش ۋە سۈرتۈش جەھەتلەردىمۇ بىر قانچە پەرھىز بار. ئۇيغۇرلار ئادەتتە جاۋۇردىكى سۇدا يۈز يۇمايدۇ. مۇنداق قىلىشنى ناپاكلىق دەپ قاراپ، سۇنى ئېقىتىپ تۇرۇپ يۈزنى يۇيىدۇ. يۈزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن چاپان ـ كۆينەكنىڭ پېشى بىلەن ياكى يېڭى بىلەن يۈزنى سۈرتمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا "باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالىدۇ" دەپ جورۇيدۇ. بىزنىڭچە، بۇ بەدەن پاكىزلىقىنى ساقلاش مەقسىدىدە بارلىققا كەلگەن پەرھىزلەردۇر. چۈنكى چاپان ـ كۆينەكنىڭ يېڭى ۋە پەشلىرى پاكىز بولۇپ كەتمەيدۇ. پاكىز بولغان تەقدىردىمۇ يۈزنى ئۇلۇغلاش قارىشى سەۋەبىدىن بەدىنىگە كىيىدىغان نەرسىلەر بىلەن يۈزنى سۈرتمەيدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە تەر لۆڭگىسى بىلەن يۈزنى سۈرتمەيدىغان پەرھىزمۇ بار. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئالغان بەزى كىشىلەر يەنە يۇيۇلغان يۈزنى ئېرتماي، سۇنى يۈزدە قۇرىتىۋېتىشنى ساۋاپ دەپ قاراپ يۈزنى سۈرتمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىسلام دىنىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئايال ـ قىزلىرى يۈزىنى ئوچۇق قويۇپ سىرتقا چىقىش، يات ئەرلەرگە كۆرۈنۈشتىن چەكلەنگەن. يۈزنى ئېچىپ سىرتلارغا چىققان ۋە بازارغا بارغان ئاياللار جەمىيەتنىڭ ۋە ئەرلەرنىڭ ئەيىبلىشىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە دىنىي سوت (قازىخانا) نىڭ شەرىئەت ھۆكمى بويىچە جازاسىغا ئۇچراپ تۇرغان. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى يۈزى ئوچۇق ھالەتتە سىرتلارغا چىقىش ۋە يات ئەرلەرگە يولۇقۇشتىن ھېلىھەم پەرھىز تۇتۇپ كەلمەكتە. ئۇندىن باشقا توي قىلغان قىزلارنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى يىپلاپ ئېلىۋېتىشمۇ قاتتىق پەرھىزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنى بىز ئالدىنقى سەھىپىلەردە سۆزلىگەچكە، مۇشۇنچىلىك تىلغا ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

يۈزگە ئائىت پەرھىزلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى يۈزدىكى سەپكۈنگە ئالاقىدار پەرھىزلەردۇر. ئۇيغۇرلار ئادەتتە يۈزىدە سەپكۈنى بار ئادەمنىڭ سەپكۈنىنى ساناشتىن، ئۇنىڭ پۇتىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشتىن پەرھىز

قىلىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىپ سالسا (بۇ مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بولسۇن) سەپكۈننى سانىغۇچىنىڭ ياكى سەپكۈنى بار ئادەمنىڭ پۈتىدىن ئاتلىغۇچىنىڭ يۈزىگە سەپكۈن چۈشۈپ قالىدۇ، ئەگەر يۈزىدە سەپكۈنى بار بولسا، سەپكۈنى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. پىگمېنت (رەڭ ماددىسى) لارنىڭ يۈزدە يىغىلىپ قېلىشتىن شەكىللەنگەن سەپكۈننى ئادەمدىن ئادەمگە يۇقىدۇ دەپ قاراش ئەمىلىيەتتە سەپكۈننىڭ بىر خىل خەتەرلىك نەرسە، سىرلىق نەرسە دەپ قارالغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئىبتىدائىي دەۋرلەردىن داۋاملىشىپ كەلگەن تەپەككۇردىكى چوڭ بىر تەرەپ دەل ئاشۇنداق خەتەرلىك شەيئىلەرنىڭ تارقىلىشچانلىقى، يۇقۇشچانلىقى ئېگە بولۇشى ھەققىدىكى قاراشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق تەپەككۇر بويىچە ئېيتقاندا، كۆز بىلەن سەپكۈنگە ئىنچىكىلەپ قاراش ياكى سەپكۈنلۈك كىشىنىڭ پۈتى ۋە باشقا ئەزاسىنى ئاتلاپ ئۆتۈش ھەرىكىتى سەپكۈننىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ۋاستە بولۇپ قالىدۇ. سەپكۈننىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنى داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ بارلىقى كېلىشى بىلەن بۇ خىل پەرھىزلەر كۆپ جايلاردا يوقالغان بولسىمۇ، بىراق يەنە بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا مۇنداق ھەرىكەتلەردىن پەرھىز قىلماقتا.

**قاشقا ئائىت پەرھىزلەر**

ئادەمنىڭ چىراي تۇرقىدا قاش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قاش يۈزنىڭ سىياقىغا بىۋاستە مۇناسىبەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دائىر ھەم بىر قىسىم ئىرىملىك قاراشلار ۋە پەرھىزلەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاش ـ ئۇيغۇر ئايال ـ قىزلىرىنىڭ ئۆز ھۆسنىنى تۈزەشتىكى ئاساسىي ئوبيېكتلىرىدىن بىرى بولۇپ، قاشنى تۈزەشكە ئائىتمۇ بەزى قائىدە ۋە چەكلىمىلەر بار.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ـ قىزلىرى ئۈچۈن ئوسما قاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەرداز بۇيۇمى بولۇپ، ئوسمىنى كىچىك قىزلاردىن تارتىپ چوڭ ئاياللارغىچە قويىۋالىدۇ. تال ـ تال ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چاچلار ئۈستىگە كېيىلگەن گۈللۈك دوپپا بىلەن ئوسما قويۇلغان قاش بىرلىشىپ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەڭ تىپىك چىراي تۇرقىنى ۋە جەزبىسىنى نامايەن قىلىدۇ. بىراق قاشقا ئوسمىنى قويۇش مۇۋاپىق بولماي قالسا، ئۇ ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى قېشىغا ئوسمىنى بەك توم قويۇۋېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى قېشىغا ئوسمىنى توم قويۇۋېلىش شەھۋانىيلىقنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا، قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا قاشقا ئوسما قويغاندا، قاشنىڭ قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوسما قويسا

بولمايدۇ. شۇنداق قىلسا شۇ  خوتۇننىڭ ئېرىنىڭ بېشى ئۈستۈن بولۇپ، خوتۇنغا قارىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ، مۇشۇنداق قىلىشتىن پەرھىز تۇتىدىغان ئادەت بار. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئۇسما قويۇش شەكلى ئاياللارنىڭ چىرايىغا نىسبەتەن دېگۈدەك مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. بۇنى ئەرلەرنىڭ ياقتۇرماسلىقى مەۋجۇد ئەھۋال. ھالبۇكى ئاياللار ئاشۇنداق خەۋەپ تۇپەيلىدىن قاشنىڭ قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ئۇسما قويۇشتىن چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇسما يوپۇرمىقىنى سىققاندىن كېيىن، ئۇسما سۈيى سىقىلغان قاچىنى ئۇياق ـ بۇياققا يۆتكىمەيدۇ. يۆتكەپ سالسا ئۇسما قاشقا ئىچمەيدۇ (سىڭمەيدۇ) دەپ جورۇيدۇ. شۇڭلاشقا سىقىلغان ئۇسمىنى يۆتكىمەي ھەممە ئاياللار شۇ ئۇسما يېنىغا كېلىپ قېشىغا قويۇۋالىدۇ. بۇنىڭدىمۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك قارىشى مەۋجۇد. يەنى ئۇسمىنىڭ ئورنىنىڭ يۆتكىلىشى ئۇنىڭ قاشتىن چۈشۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەيدىغان "ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى" بۇ پەرھىزنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزلار پەلكۈچ بىلەن قاشقا ئۇسمىنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، پەلكۈچنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ. ئېرىملىك قاراشلاردا ئەگەر ئۇسمىنى قويۇپ بولغان پەلكۈچنى سۇندۇرىۋەتمىسە، ئۇسما قويغۇچى ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭ ئالدىدا غادىيىدىغان )چوڭچىلىق قىلىدىغان) بولۇپ قالا ئىمىش. بۇنىڭدا ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ قاشلىرىغا ئۇسما قويۇلغان ئەمەس، بەلكى قاشلىرى ئۇسمىسىزمۇ ئەسلىدىلا شۇنداق چىرايلىق، دېگەن بىر خىل مۇددىئا سەۋەبىدىن، ئۇسما قويۇشقا ئىشلەتكەن پەلكۈچنى سۇندۇرۇپ يوقىتىۋېتىشنى ئادەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئالدىراپ قاشنى تەرمەيدۇ. بولۇپمۇ توي قىلمىغان قىزلار قاشنى تېرىپ ئىنچىكە قىلىۋېلىشتىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياكى جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئاندىن قاشنى تېرىشكە بولىدۇ.

ئەنئەنىۋي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاياللار ۋە قىزلار قېشىنى چېكۋېلىپ تومليتىش ياكى ئىنچىكەلەشتۈرۈشتىنمۇ ھەم چەكلەنگەن. بۇ ھەقتە «بەدەنگە گۈل ـ نەقىش چېكىشكە ئائىت پەرھىزلەر» بۆلىكىدە بايان قىلىنغان بولغاچقا، بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز.

### كۆزگە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا كۆزگە ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان پەرھىزلىك ئادەتلەر مەۋجۇد. كۆز ئادەم ئەزاسى ئىچىدە

كۆرۈش سەزگۈسىنى ئۈستىگە ئالغان ئەزا بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلىشىدە بولسۇن، ياكى ئاڭ تەرەققىياتىدا بولسۇن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەر قانداق مەنىۋى تۇيغۇ ئادەم بەدىنىدە ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىزنالارنى قالدۇرماي قالمايدۇ. بۇ ئەزالار ئىچىدە كۆز ئادەمنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەيدىغان ئەزا بولۇپ، ئۇيغۇرلار قەلبتە نېمە خىيال قىلىنغان، قانداق ھېسسىي ئۆزگىرىش بولسا، ئۇلار ئالدى بىلەن كۆزدە ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. "كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى" دېگەن ھېكمەت ئەنە شۇ قاراشتىن كەلگەن. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان كۆزگە قارىتا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا دائىر سىرلىق قاراشلارنى ۋە بىر قاتار مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

قەدىمدىن تارتىپلا ئۇيغۇرلار كۆزدە بىرخىل سېھرىي كۈچنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ كەلگەن ئىدى. يەنى كىشىلەر زوقمەنلىك ۋە ياكى ھەسەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەم، نەرسە ياكى ئىشقا قارىسا، كۆزدىكى سىرلىق كۈچ سەۋەبىدىن شۇ ئادەم، نەرسە ياكى ئىشقا تۈرلۈك كېلىشمەسلىك كېلىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن قالغان بۇ ئىشەنچى يوقىلىش ياكى سۇسلىشىشنىڭ ئەكسىچە بارغانسىرى كەڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە بولدى. كۆزنىڭ قارىشىنىڭ ئادەم، نەرسە ياكى ئىشتا پەيدا قىلغان كىلىشمەسلىكىنى ئۇيغۇرلار "كۆز تېگىش" دەپ ئاتايدۇ. بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا ئاشۇنداق سىرلىق قۇۋۋەتكە ئىگە كۆز ھەممە ئادەمدە ئوخشاش بولمايدۇ. يەنى بۇ، ئادەمگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دا مۇنداق بىر سۆزنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان: "ئەلقتى: چۈشكۈنلەشتى، بۇزۇلدى، "ئەر ئەلقتى" ـ ئادەم چۈشكۈنلەشتى. "باش ئەلقتى" يارا شەلۋەرەپ كەتتى. جۈملىدىن ھېيىز كۆرگەن ياكى تۇغۇتلۇق خوتۇنلار ۋە جۇنۇپ يۈرگەن كىشلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ بۇلغانغان نەرسىلەرمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.... »[1] قارىغاندا، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ "ناپاك ئادەملەر" نىڭ كۆزىنى ياكى مۇقەددەس ئادەملەرنىڭ كۆزىنى ئادەتتىكى كىشىكەرنىڭ كۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ دەپ قارىغان. بىز ئالدىنقى سەھىپىدە "ناپاك ئادەملەر" ھېيىزدار ئايال، تۇغۇتلۇق خوتۇن، جۇنۇپ كىشى... دەپ كۆرسەتكەن ئىدۇق. دېمەك مۇشۇنداق كىشلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن نەرسىلەرنىڭ بۇلغىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئالللىقاچان بولغان. بۇ

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، I توم، 257 ـ 258 ـ بەتلەر.

يەردە قوشۇمچە قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلار يەنە "كۆزى يامان" دەپ قارايدىغان كىشلەر يۇقىرىدىكى بىر قانچە تۈرلۈك ئادەمنى كۆرسەتكەندىن باشقا، يەنە كۆز چانىقىدا مەڭ بار ئادەم ياكى كۆز چانىقىغا ئۇزۇن تۈك ئۈنۈپ قالغان ئادەم ۋە بەزىدە چېقىر كۆزلۈك ئادەمنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولدى. دېمەك، ئۇيغۇرلار كۆزىدە يۇقىرىقىدەك بىر قانچە خىل ئالامەت بار بولغان كىشلەرنى "كۆزى يامان"، "كۆزىدە چېچى بار" دەپ قاراپ ئۇلارنى "پەرھىزلىك ئادەم" دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭلاشقا ھەر قانداق كىشى كۆزىدە مېڭى بولۇشتىن، كۆز چانىقىغا تۈك ئۈنۈپ قېلىشتىن ياكى چېقىر كۆزلۈك بولۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇنداق كىشلەرگە يېقىنلىشىش، ئۇلارغا ياخشى نەرسىلىرى (چىرايلىق كىچىك باللىرى، ئەتىۋارلىق ۋە ياخشى ئىينىغان ھايۋانلىرى، مول ھوسۇللۇق باغلىرى، زىرائەتى ئوخشىغان ئېتىزلىرى...) نى كۆرسىتىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئىشەنچلىرىدە مۇنداق كىشلەرنىڭ كۆزى شۇ نەرسىلەرگە چۈشۈپ قالسا بالا بولسا كېسەل بولىدۇ، ياكى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇلاغ بولسا تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەر قۇرۇپ كېتىدۇ، زىرائەتتىن بەرىكەت بولمايدۇ، ۋەھاكازا. تۆۋەندە ئۇيغۇرلار "كۆز تېگىدۇ" دەپ پەرھىز قىلىدىغان ئىشتىن بىرقانچىنى تىزىپ كۆرسىتىمىز:

△ بوۋاق بالىغا تىكىلىپ قارىسا بولمايدۇ. بولمىسا، بالىغا كۆز تېگىپ، ئۇنىڭ قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىيدۇ؛

△ تونۇردىكى نانغا تىكىلىپ قارىسا بولمايدۇ. بولمايدىكەن، تونۇردىكى نان چۈشۈپ كېتىدۇ؛

△قويۇۋاتقان ئۆپكىگە تىكىلىپ قارىسا بولمايدۇ. بولمىسا، ئۆپكە يېرىلىپ كېتىدۇ؛

△ توقۇۋاتقان رەختكە قاراپ تۇرسا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن، رەخت تۇقۇۋاتقان يىپ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

كۆز كۆرۈش ئەزاسىدۇر. بىراق، كۆزنىڭ نېمىنى كۆرۈشى ۋە نېمىگە قارىشى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەردە ئوخشىمىغان دائىرىلەردە چەكلىنىشى مۇمكىن. كۆز گۈزەللىكنى ۋە سەتلىكنى ھېس قىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق كۆڭۈلدە تۈرلۈك تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا ئاساس بولىدىغان ئەزا بولغاچقا، ھەر قانداق مەدەنىيەت رايونلىرىدا ۋە دىنلاردا كۆزنىڭ كۆرۈش ئوبيېكتى ھەققىدە مەلۇم چەكلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلاردىن بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئوچۇق بەلگىلىمىلەر

ئارقىلىق، ئەرلەرنىڭ (يات) ئاياللارغا، ئاياللارنىڭمۇ (يات) ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىشىنى چەكلىگەن. كۆزنىڭ كۆرۈش ئوبيېكتىگە دائىر بەلگىلىمىلەر دىنلاردىكى "بەدەننى يالىڭاچ قويماسلىق" پەرھىزى بىلەن بىرلىشىپ، مەزكۇر دىنلاردا قاتتىق ۋە كەسكىن پەرھىزلەرگە ئايلانغان. بۇ ئوبيېكتلار ئىچىدە ئاياللارغا ۋە ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە تىكىلىپ قاراش ھەممە دىنلاردا بىردەك چەكلەنگەن ئىشتۇر. بۇددا دىنىدىكى "سەككىز مۇھىم پەرھىز" نىڭ ئالتىنچىسى "كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ۋە پائالىيەتكە قارىماسلىق ۋە كۆرمەسلىك" بولۇپ، بۇ ئەلۋەتتە ئاياللارغا نىسبەتەن ئەرلەرنىڭ بەدىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇددا تەلىماتلىرىدا رېئال دۇنيادىكى بارچە نىزۋان ( klesa ـ قايغۇ) لارنىڭ مەنبەلىرى (يەنى، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن ۋە ئاڭدىن ئىبارەت ئالتە مەنبە ـ Sadindriya) ئىچىدە كۆزنىڭ كۆرۈشى مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ، ئاياللارنىڭ بەدىنىگە تىكىلىپ قاراش ـ كىشىنىڭ نېرۋاناغا يېتەلمەي، سانسار (ھايات ـ ماماتنىڭ ئايلىنىشى) دەردىگە مۇپتىلا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىق «مايترى سىمىت» نىڭ ئۈچىنى بۆلۈم ئۈچىنچى ياپرىقىدا " ... نەپسىنى يىغىۋالغان كىشى قىززىق قوزۇقنى ئۆز كۆزىگە سانچىيدۇكى، ھەرگىزمۇ شەھۋانىي كۆڭۈل بىلەن ئاياللارغا تىكىلىپ قارىمايدۇ. مەلىكىلەر بولسا ساپ پەرھىز ساقلاش نىزام ـ .... بولىدۇ."[①] دەپ يېزىلغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇددا دىنىدا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا شەھۋەت كۆڭلى بىلەن كۆز سېلىشى ئىنتايىن قاتتىق پەرھىز بولۇپ ھېسابلانغان. ئىسلام دىنىدا ئەرلەرنىڭ يات ئاياللارغا ۋە ئاياللارنىڭمۇ يات ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىقى توغرىسىدا «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» لەردە ئېنىق كۆرسەتمە باردۇر. ئۇيغۇرلاردىكى "ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىر قارىشى سۈننەت، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قېتىم قارىشى ھارام" دېگەن قاراش دەل مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدىن كەلگەن پىكىردۇر.

ئۇيغۇرلاردا ئەر ـ ئاياللارنىڭ (ئەر ـ خوتۇنلار ۋە قانداش تۇغقانلارنىدىن باشقىلارنىڭ) بىر بىرىگە تىكىلىپ قارىشى يامان ئېلىنىغاندىن باشقا، كىچىك بالىلارنىڭ چوڭلارنىڭ ئۇياتلىق يېرىگە قارىشىغا ئائىت بىر پەرھىز بار. يەنى بۇنىڭدا "كىچىك بالىلار چوڭلارنىڭ ئەۋرىتىگە قارىسا، كۆزىگە يىڭنە ئاسقۇ چىقىدۇ". يىڭنەئاسقۇ بىلەن كىچىك بالىلارنىڭ چوڭ كىشىلەر ئەۋرىتىگە قاراپ سېلىشى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر

[①] «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت»، 1 ـ توم، ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقەييۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرىيلەر رەتلىگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 77 ـ بەت.

مۇناسىبەت بولمىسىمۇ، ئەمما كىشىلەر بالىلارنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن قورقۇتۇپ، ھېلىقىدەك ھەرىكەتتە بولۇپ قېلىشىدىن چەكلەيدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، كۆزنىڭ كۆرۈش فۇنكسىيىسىدىن باشقا يەنە يىغلاش رولىمۇ بار. ياش كۆزدىن چىقىدىغان بولغاچقا، يىغلاشقا دائىر پەرھىزلەرمۇ كۆزگە ئالاقىدار پەرھىزلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئەرلەر ئازراق، ئاياللار كۆپرەك يىغلايدۇ، چوڭلار ئازراق، كىچىكلەر كۆپرەك يىغلايدۇ. يەنە يىغلاشنىڭ ۋاقتى ۋە شەكلىدىمۇ پەرقلەر بار بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا "كىچىك بالا داۋام يېتىپ يىغلىسا، ئاتا ـ ئانىسى بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ" دەيدىغان پەرھىزلىك قاراش بار. دەرۋەقە، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالىلار چەكسىز قايغۇ سەۋەبىدىن داۋام يېتىپ يىغلىشى مۇمكىن. دېمەك، كىمكى ئەشۇنداق شەكىلدە يىغلايدىكەن، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشتا رېئاللىقتىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىبىتى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن، خالاس. ئۇيغۇرلار يەنە "زاۋال ۋاقتىدا يىغلىسا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەنلىك بولىدۇ"، "پېشىن ۋاقتىدىن كېيىنكى پەيتلەردە يىغلىسا، شۇملۇق كەلتۈرىدۇ"، دەپ قاراپ، ئەشۇ پەيتلەردە يىغلاشتىن چەكلىنىدىغان ئادەتمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە بىر كۈن ئىچىدە ئۈچ زاۋال بار بولىدۇ. ئۇلار: ئەتىگەندە كۈن چىقىۋاتقان چاغدىكى ئەتىگەنلىك زاۋال، چۈشتە كۈن تىكلەشكەندە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنرەك چاغلاردىكى چۈشنىڭ زاۋىلى، كەچتە كۈن پېتىپ گۇگۇم چۈشكەن مەزگىلدىكى كەچنىڭ زاۋىلىدىن ئىبارەت. "زاۋال" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "يوقالماق، چېچىلماق" مەنىلىرىگە ئىگە. يەنى، بۇ سۆز قوياشنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتىلغاندا، قوياشنىڭ پاتىدىغان پەيتىنى كۆرسەتسە، قاراڭغۇغا قارىتىلغاندا، تاڭ ئاتىدىغان پەيتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈش پەيتىدىكى كۈن غەربكە قايرىلىشقا باشلىغان ۋاقتىمۇ ماھىيەتتە قوياشنىڭ ئەڭ يۈكسەك بىر ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە يۈزلەنگەن ۋاقتىدۇ. خەلق ئىشەنچلىرىدە، بۇ زاۋاللار ئىچىدە كەچتىكى زاۋال خەتەرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر زاۋال پەيتى شۇ كۈنلەر ئىچىدىكى خېيىم ـ خەتەر كۆپ يۈز بېرىدىغان چاغلار بولۇپ، بۇ چاغلاردا يەر يۈزىگە جىنلار توشۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىكىدىن، زېمىن يۈزىگە يىڭنە چاغلىق نەرسە تاشلىسىمۇ، يەرگە چۈشمەيدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، زاۋال ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر دەسلەپتە ئاتەشپەرەستلىك دىنى، جۈملىدىن مانى دىنىدىكى قاراڭغۇلۇق ۋە يورۇقلۇقنىڭ كۆرۈشى ھەم زىددىيىتى ھەققىدىكى ئېتىقاد بىلەن

مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئاتەشپەرەستلىك دىنى ۋە مانى دىنى ئېتىقادىدا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق (زۇلمەت) ئۆزلۈكسىز كۆرەش قىلىپ تۇرىدۇ. جىن ـ ئالۋاستىلار زۇلمەت ھامىيلىرى بولۇپ، ئۇلار يورۇقلۇقتىن قورقىدۇ، ھەمدە زۇلمەتنىڭ يورۇقلۇق بىلەن كۆرەش قىلىشىغا ئىشتىراك قىلىدۇ. دېمەك، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، گۇگۇمنىڭ چۈشۈشى، قوياشنىڭ پېتىشى ئەمەلىيەتتە يەر يۈزىنىڭ مەلۇم بۆلەكلىرىدە قاراڭغۇلۇقنىڭ يورۇقلۇق ئۈستىدىن غالىپ كېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق چاغدا زۇلمەت ھامىيلىرىنىڭ پىتراپ كېتىشى ۋە كۈچلىنىپ ئىنسانغا زىيان يەتكۈزۈشى خەلق ئىشەنچىسىدە تامامەن مۇمكىن بولغان ئەھۋالدۇر. دېمەك، مۇشۇنداق چاغلاردا يىغلاشنىڭ ئۆزى شۇم ئىش ھېسابلىنىپ، چەكلىمىگە ئۇچرىشى تەبىئىي ئىش، شۇنداقلا قەدىمدىن قالغان ئادەتتۇر. ئۇيغۇرلار "يىغا يىغىنى كەلتۈرىدۇ" دەپ قاراپ، كۆپ يىغلاشتىن پەرھىز قىلىدىغان، كۆپ يىغلىغان كىشىلەرەە ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تەسەللىي بېرىدىغان قائىدە ـ يوسۇن باردۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە بوۋاقلارنىڭ يىغىسىنىمۇ ئىرىملىك قاراشلار بىلەن ئىزاھلايدۇ. ئادەتتە ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ كۆپ يىغا ـ زارە قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ھەمدەا بۇنداق بىئىش شۇملۇق كەلتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەكسىچە، "قىز بوۋاقنىڭ يىغلاڭغۇسى ئالدىدا كۆرىدىغان بەختىنى تىلەپ يىغلايدۇ." دەپ، ياكى "قىز بوۋاق كۆپ يىغلىسا، قارا كۆز بولىدۇ" دەپ جورۇپ، ئېغىز ئالمايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلاردىكى كۆزگە ئالاقىدار پەرھىزلىك ئادەتلەر ئىپتىدائىي خۇراپىي قاراشلارنى، ياكى ھەر قايسى دىنلارنىڭ چەكلىمىلىرىنى ۋە ياكى قىسمەن ئىلمىي، تەجرىبىۋىي تەركىبلەرنى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى قىلغاندۇر.

## ئېغىز ۋە چىشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا چىش ھەققىدىمۇ بىر قاتار پەرھىزلەر بار. مەسىلەن، بوۋاقنىڭ چىشى چىقىۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنىڭ چىشىغا قەتئىي قارىمايدۇ. ئەگەر قاراپ قالسا چىش قىيىندا چىقىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا، كىچىك بالىلارنىڭ چىشى چۈشۈپ كەتكەندە، ئۇ چىشنى تاشلىۋەتمەيدۇ. بەلكى شۇ چىشنى خىمىرگە ئوراپ ئىتقا بېرىدۇ. ئىتقا بېرىدىغان ۋاقتتا "ئەقىل چىشىڭنى ماڭا بەر، ئوغرى چىشىڭنى ئۆزەڭ ئال" دەيدۇ. بۇئادەتتە بىرخىل سېھرىي چۈشەنچە رول ئوينىغان. يەنى، ئۆز تېنىدىن ئايرىلغان چىش

باشقا چىشلار بىلەن داۋاملىق تەسىر مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ چىشنى ئۆتكۈر ۋە قاتتىق چىشى بار ھايۋان ئىت يەۋالسا، ھېلىقى چىشنىڭ ئىتنىڭ چىشى تەرىپىدىن چاينالغانلىقى ئۈچۈن، ئىتنىڭ چىشنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىق خۇسۇسىيىتى تەسىر ئارقىلىق ئادەمگە ئۆتۈپ باشقا چىشلار ئىتنىڭ چىشىدەك قاتتىق ۋە ئۆتكۈر بولۇپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا چۈشۈپ كەتكەن چىشنى يەنە خېمىرگە ئوراپ قويغا يېگۈزۈۋېتىدىغان سېھرىي ھەرىكەتمۇ بار. بۇنىڭدا چۈشمەي قالغان چىشلارنىڭ ياكى چىقىدىغان چىشنىڭ قوينىڭ چىشىغا ئوخشاش كىچىك ۋە رەتلىك چىقىشى ئۈمىد قىلىنغان. بەزى كىشلەر چۈشۈپ كەتكەن چىشلارنى قاتتىق ياغاچلارنىڭ يېرىقلىرىغىمۇ قېقىۋېتىدۇ. بۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىمۇ ئوخشاشتۇر. يەنى قالغان چىشلار ۋە ياكى چىقىدىغان چىشلارنىڭ ھېلىقى چۈشۈپ كەتكەن چىش ياغاچ ئارىسىدا مۇقىم تۇرغاندەك مۇقىم تۇرۇشى ئارزۇ قىلىنغان.

ئۇيغۇرلاردا يەنە تۆمۈردە چىش كوچىلىسا بولمايدۇ، تىرناقتا چىش كولىسا بولمايدۇ دەيدىغان پەرھىزلەر بار. بۇچىشنىڭ پۈتۈنلىكى ۋە تەننىڭ ساغلاملىقى نوقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەجرىبە تىپىدىكى پەرھىزلەردۇر .

ئادەم ياشلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا ئېزىق ئارلىقلىرىغا بىرتال چىش چىقىدۇ. بۇنى ئۇيغۇلار "ئەقىل چىشى" دەپ ئاتايدۇ، ھەممە ئەقىل چىشنىڭ چىقىشنى ئەقىل تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەنلىك دەپ تونۇيدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، باشقا چىشلاردىن تاشقىرىراق ئۆسكەن چىشنى "ئوغرى چىش" دەپ ئاتايدۇ ھەممە "ئوغرى چىشى بار ئادەمنىڭ رىزىقى چوڭ بولىدۇ" دەپ جۇرۇيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئېغىزنىڭ رەڭگى ،تىلنىڭ رەڭگى، لەۋنىڭ رەڭگى، توم ـ ئىنچىكىلىكى، چىشنىڭ ئاق ياكى سېرىقلىقى قاتارلىقلارغا دائىر بىر قاتار چەكلىملەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساغلاملىق ۋە تىبابەت نوقتىسىدىن قويۇلغان پەرھىزلەر بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيمىز .

### بويۇنغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا بويۇنغا ئالاقىدار پەرھىزلىك قاراشلار كۆپ ئەمەس. بۇ يەردە مۇشۇنىڭغا ئالاقىدار ئىككى خىل پەرھىزلىك قاراشنى مىسال كەلتۈرىمىز. بىرى، ئۇيغۇر ئاياللىرى بويۇنلىرىغا مارجان، مەرۋايىت، ... قاتارلىق زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ئېسىپ ئۆزىنى پەردازلايدۇ. بىراق، خەلق ئارىسىدا "توي قىلمىغان قىزلار

بوينىغا مارجان ئاسسا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆلگەندىن كېيىن بوينىغا يىلان يۆگىشىۋالىدۇ."
دەپ، مۇنداق ئىشتىن پەرھىز تۇرىدىغان ئادەت بار. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ بىر خىل خۇراپات تېپىدىكى
پەرھىزدۇر. چۈنكى، بويۇنغا مارجان ئېسىش بىلەن بويۇنغا يىلان يۆگىشىۋېلىش ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر
سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت يوق. بۇ يەردىكى مەسىلە چوڭلارنىڭ كىچىك قىزلارنى ئۆز يېشىغا
مۇناسىپ كەلمىگەن ياسىنىش قىلمىشىدىن توسۇشتىن ئىبارەت، خالاس. يەنە بىرى، ئۇيغۇرلاردا "قىز ـ
ئاياللار بوينىغا مارجاننى ئۈچ قۇردىن ئارتۇق ئاسسا يامان بولىدۇ" دەيدىغان بىر خىل پەرھىزلىك قاراشمۇ
بار بولۇپ، بۇمۇ زىيادە ياسىنىشتىن ھەم ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان تەكەببۇرلۇق تۇيغۇسىنى چەكلەش
سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرھىزدۇر.

### مۇرىگە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا مۇرەھەققىدىكى پەرھىزلەر ۋە ئىرىملىك قاراشلار كۆپ ئەمەس. بۇھەقتە تۆۋەندىكىدەك
بىر قانچە پەرھىزلىك ئادەت بار. ئۇيغۇرلار باشقىلارنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى
تارتىشتىن ياكى چاقچاق قىلىشتىن ۋە ياكى يېقىنچىلىقىلىقنى ئىپادىلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر
مۇسۇلمانلىرىنىڭ قارىشىچە ئادەمنىڭ ئىككى مۇرىسىدە ئىككى پەرىشتە بار بولۇپ، ئوڭ مۇرىدىكى پەرىشتە
مەخسۇس ئادەمنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. سول مۇرىدىكى پەرىشتە ئادەمنىڭ يامان ئىش ـ
ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ ماڭىدۇ. ئاخىرەتتە ئادەم تىرىلگەندە شۇ خاتىرىلەر ئاساس قىلىنىپ، ئۇ ئادەمنىڭ
دوزاخقا ياكى جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، مۇرىگە شاپىلاقلاش ياكى ئۇرۇش ئەشۇ
پەرىشتىلەرگە قىلىنغان ھاقارەتلىك ھەركەت بولۇپ چەكلىنىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا چوڭلار ياشلارنىڭ
مۇرىسىگە يەڭگىل شاپىلاقلاپ ئۇلارنىڭ ماختىنىشى ياكى ئىلھام بېرىشى مۇمكىن. لېكىن ياشلار ۋە كىچىكلەر
ھەرگىزمۇ چوڭلارنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ گەپ قىلمايدۇ. ئۇندىن باشقا ئاياللارنىڭ مۇرىسىگە
شاپىلاقلاش ياكى بېسىش ئاياللارغا قىلىنغان بىمەنە چاقچاق ياكى شەھۋانىيلىق ئارىلاشقان ھەرىكەت دەپ
قارىلىپ ھەم پەرھىز قىلىنىدۇ. مۇرىگە شاپىلاقلاش پەرھىزى دىنىي ئېتىقادنىڭ ئارىلاش پەرھىز بولغاندىن
سىرت، قالغانلىرى ئاساسەن مىللەت ئەخلاقى دائىرىسىدە چەكلەنگەن ياكى ئەخلاق نورمىسىغا ماس
كەلمەيدىغان ھەرىكەت ـ قىلىقلاردۇر.

## ئەمچەككە دائىر ئىرىملىك قاراشلار

ئەمچەك ئاياللار ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم ئەزا بولۇپ، ئۇھەم بەدەندىكى جىنسى تۇيغۇسىغا ئىگە جايدۇر، ھەم ئەۋلاتلارنى ئېمىتىپ ئوزۇقلاندۇرىدىغان مۇھىم جىسمانىي بۆلەكتۇر. ئەمچەك بىرلەمچى ئاياللىق جىنسىي ئالامىتى بولۇش بىلەن ئۇ ئەڭ مۇھىم ۋە قاتتىق پەرھىزلەرنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. بىرىنچىدىن، بەدەننى يالىڭاچ قويۇشنى چەكلەش ئاياللارنىڭ ئەمچىكىگىمۇ قارىتىلغان بولۇپ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ تارىختىن بېرى ئاياللارنىڭ ئەمچىكىنى ئوچۇق قويۇشنى جەمئىيەت ئەخلاقىغا قارىتا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، دەپ قاراپ چەكلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئەمچىكىگە تېگىلىپ قارىشىمۇ پەرھىزلىك ھەرىكەتتۇر. چۈنكى كۆز ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئەمچىكىگە قاراش مەلۇم جەھەتتىن جىنسىي ئىستەكنى ۋاستىلىك تەرزدە قاندۇرۇش ھېسابلانغاچقا، جەمئىيەت ئەخلاقى ۋە دىنىي تەلەپ بويىچىمۇ بۇ چەكلەنگەن قىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئاياللارنىڭ ئەمچىكىنىڭ ئىششىپ، تۇيۇقسىز سۈت ئېقىپ كېتىشى بۇ تەبىئىي فىزئولوگىيىلىك ھادىسىدۇر. بىراق قەدىمقى ئۇيغۇرلار بۇنداق بولۇشنى مەلۇم بىشارەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، دەپ چۈشەنگەن. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە «ئالتۇن يارۇق» تا مۇنداق ۋەقەلىك بار: ئىلىك خانىنىڭ ئۈچ ئوغلى سىرتقا سەيلىگە چىقىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىش جەريانىدا ئورمانلىقتا يېڭىدىن ئەنۈكلىگەن (ئاسلانلىغان) بىر چىشى يولۋاسنى كۆرىدۇ. بۇ يولۋاس ئاچلىقتىن مادارى قالمىغان بولۇپ، ئارسلانلىرىنىمۇ ئېمىتەلمىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كەنجى تېكىن ماخاستىۋى ئاكىلىرىنى كەتكۈزىۋېتىپ، ئۆزىنى يولۋاسقا يەم قىلىپ بېرىدۇ. دەل شۇ چاغدا تېكىنلەرنىڭ ئانىسى خانىشنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ، كۆڭلى تىنجىمايدۇ. "شۇ ئارىدا ئىككى ئەمچىكى ئىششىپ سۈتى ئېقىپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ بىئارام بولدى، ئەنسىرىدى...."[①] دېمەك، بۇ يەردە خانىش ئۆزىنىڭ ئەمچىكىنىڭ ئىششىپ، سۈتىنىڭ ئېقىپ كەتكەنلىكىنى بالىلىرىغا بىرەر پالاكەت كەلگەنلىكىنىڭ بىشارىتى دەپ تونۇيدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر ئاياللىرىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال بار. مەسىلەن، قۇچىقىدا ئېمىكلىك بالىسى بار خوتۇنلار بالىسىنى قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ناۋادا تۇيۇقسىز ئەمچىكى چىڭقىلىپ، ئىششىپ، سۈتى ئېقىپ كەتسە، بۇ ئەھۋالنى بالىلىرىنىڭ ئەمگىسى كېلىپ

---

[①] ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر تۈزگەن: «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە 176 ـ بەت.

زارلىنىۋاتقانلىقىدىن بولغان، دەپ قاراپ دەرھال باللىرى يېنىغا يۈگرەيدۇ. بىراق، بۇ قەدىمقى دەۋرلەردىكى بەك يامان ئاقىۋەتتىن بىشارەت بېرىش خۇسۇسىيىتىدىن كۆپ سۇسلاشقان ئەھۋالدۇر.

تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇر ئاياللىرى نەزىرىدە يەنە ئەشمس پاتىمەمنىڭ سۈننىتىگە يارىمايدىغان تۆت ئىش بار. ئۇلارنىڭ بىرى دەل "كېيىك ئەمچەكلىك بولۇش" دەپ قارايدىغان ئادەت بار .رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشچە، ئەشمس پاتىمەنىڭ سۈننىتىگە يارىمايدىغان تۆت ئىش بار. ئۇلار: ئاياللارنىڭ كېيىك ئەمچەكلىك بولۇشى، زاغزاق تىرناقلىق بولۇشى، سېرىق كىيىم كېيىشى ۋە چۆپ ئاشنى جۇپلەپ يېيىشىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى ئەشمس پاتىمەم بولسا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قىزى فاتىمە (مىلادىيە 605 ـ 632) بولۇپ ئۇ يەنە "فاتىمە زۆھرە" (Fatima al ـ Zuhra) مۇ دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ فاتىمەنى "ئەسمش پاتىمەم" دېگەن نامدا بەك ھۆرمەتلەيدۇ. نۇرغۇن ئاياللار نەزرە ـ چىراغ ئىشلىرىدا فاتىمەنىڭ نامىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرلار تەسەۋۋۇرىدا فاتىمە يەنە قەدىمكى ئىلاھ ئۇماي دىن كېيىنكى تۇغۇت ھامىيسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. بىز بۇ مەسىلىنى «تۇغۇم پەرھىزلىرى» قىسمىدا شەرھلەيمىز. ئۇيغۇرلار دەۋاتقان "ئەشمس پاتىمەمنىڭ سۈننىتى" دەل فاتىمە زۆھرا دائىم قىلىپ كەلگەن ۋە ياكى چەكلەنگەن ۋە ياكى كۆڭلىدە ھەزەر قىلغان ئىشلار بولۇپ، بۇ "سۈننەت" لەرگە يارىمايدىغان "كېيىك ئەمچەكلىك بولۇش" پەرھىزى ئاياللارنىڭ ئەمچىكىنىڭ تىك ۋە ئۇچلۇق بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن كۆرە، كۆپرەك ئەشۇنداق ئەمچىكنى كىيىمدىن قەستەن يېرىم ئېچىپ قويۇش ياكى تار كىيىملەر بىلەن سوزۇنچاق ھالىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشكە قارىتىلغان. بۇ ئىسلام دىنىدىكى "بەدەننى ئوچۇق قويۇشتىن پەرھىز قىلىش" نۇقتىسىدىن كېلىپ چىققان قاراشتۇر.

ئەمچەككە ئائىت پەرھىزلەرنىڭ يەنە بىرى تىل پەرھىزلىرىدۇر. ئەمچەك كۆپىنچە ئاياللىق جىنسىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بەلگىسى بولغاچقا، ئۇمۇ جىنسىي ئېزىقتۇرۇش ۋە مايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئېلىش خەلق ئىشەنچىسىدە تازا ياخشى ئەھۋال ئەمەس. ئۇيغۇرلار "ئەمچەك" سۆزىنى بىۋاستە تىلغا ئالماي "كۆكس"، "مەيدە"، "ئالما"، "بىجىق"، "سىينە" ("مەيدە" مەنىسىدە) دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مۇشۇ مەنادىن ئىپادىلەيدۇ. بۇھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى «تىل پەرھىزلىرى» قىسمىغا قالدۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە "ئەمچەك" سۆزى ئاياللارنىڭ ئەشۇ ئەزاسىنىڭ ئۇيغۇر تىلدىكى

ئەڭ ئاساسىي شەكلى بولغاچقا، بىز بۇ يەردە تەتقىقات ئېھتىياجىغا ئاساسەن بۇسۆزنى ئەينەن ئىشلەتتۇق.

## جىنسىي ئەزاغا ئائىت پەرھىزلەر

جىنس، جۈملىدىن جىنسىي ئەزا ھەرقايسى مىللەتلەر تەرىپىدىن ھەم ناپاك ھەم مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلگەن. ئەڭ ئالدى بىلەن، جىنسىي ئەزالىرى ئىنساننىڭ كۆپىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغاندىن باشقا، يەنە ئۇ تەدرىجىي سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ، بىر قاتار ئادەت ۋە پەرھىزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان.

جىنسقا ئائىت پەرھىزلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى جىنسىي ئەزانى ئوچۇق قويماسلىققا دائىر پەرھىزدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ئەجدادلىرى "ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ ئەنجۈر ياپرىقىدا ئەۋرىتىنى ياپقانلىقى" دىن تارتىپ تاكى ھازىرغا كەلگۈچە جىنسىي ئەزانى ئوچۇق قويۇشنى قاتتىق چەكلەپ كەلگەن. بىز ھەرقانچە بەدەۋىي مىللەتلەرنىڭمۇ جىنسىي ئەزالىرىنى تېرە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن يېپىپ كەلگەنلىكىنى ۋە كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. خۇددىي شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارمۇ مەيلى قانداق ئەھۋال بولمىسۇن، جىنسىي ئەزانى يېپىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئادەتتە ئۇيغۇر بالىلىرى ئىچىدە قىزلار ئۈچ ـ تۆت ياش چاغلىرىدىن، ئوغۇللار بەش ـ ئالتە ياش چاغلىرىدىن تارتىپلا ئاغىسىز ئىشتان كىيىمەسلىككە ئادەتلىنىدۇ. چوڭ ئادەملەرنىڭ ئاغىسىز ئىشتان كىيىشى تېخىمۇ تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئاممىۋى سورۇنلاردا جىنسىي ئەزانى ئوچۇق قويۇش قاتتىق چەكلىنىدىغان، جەمئىيەتنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدىغان پەرھىزلىك ھەركەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە جىنسىي ئەزا ۋە ئۇنىڭغا تېگىشىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر، مەسىلەن كالتە ئىشتان، گارشۇك، ھاجەتخانا قاتارلىقلار بىردەك ناپاك نەرسە دەپ قارىلىپ، ئۇلارنى بھۇدە تۇتۇش، تېگىش پەرھىز قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىنسىي ئەزا قەدىمدىن تارتىپ مۇقەددەس دەپمۇ قارالغان. بىز قەدىمكى قىيا تاش سۈرەتلىرى، ئۇلۇغلانغان تاش تۈۋرۈكلەر، تاغ ئۆڭكۈر قاتارلىقلاردىن ئىنسان ئەجدادلىرىنىڭ جىنسىي ئەزاغا تېۋىنىش ئېتىقادىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل بالىلار خەتنە قىلىنغاندا ئۇلارنىڭ خەتنىلىكى كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىن، كېسىۋېتىلگەن تېرە تاشلىۋېتىلمەي ئېگىز يەرگە قويۇپ قويۇلىدۇ. بۇ جىنسىي ئەزا مۇقەددەسلىكىدىن قالغان سارقىندىلار جۈملىسىدىن بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلاردا مەيلى ئاممۇبي سورۇندا بولسۇن، ياكى بىر ـ ئىككى كىشى بىلەن تۇرغاندا بولسۇن، جىنسىي ئەزاغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى قىلىش چەكلىنىدۇ. مۇنداق سۆزلەر "بەدقىلىق سۆز"، "پاسكىنا گەپ" دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى ۋە ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئېلىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. بەلكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئەزالارنى ئىپادىلەيدىغان، مەلۇم سىلىق تۈس بېرىلگەن بىر قاتار ئېۋفېمىزملىق سۆزلەر، مەجازىي ئاتالغۇلار بار. بۇلارنى «تىل پەرھىزلىرى» قىسمىدا تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

### يۆت ۋە قولغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا يۆت ۋە قولغا ئالاقىدار قىسمەن پەرھىزلىك ئادەتلەر مەۋجۇد. بۇلار يۆت ۋە قولنىڭ ھەرىكىتى، ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرنىڭ ئايرىم تەرەپلەرگە ئىشلىتىلىشى قاتارلىق تەرەپلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئوڭ قول بىلەن سول قولنى نۇرغۇن ئىشلاردا پەرقلىق ئىشلىتىدۇ. خەلق ئىشەنچىسىدە ئوڭ تەرەپ ۋە ئوڭ قول مۇقەددەس دەپ قارالسا، سول قول ئۇنداق قارالمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بۇ قارىشى ئىسلام ئېتىقادى سەۋەبىدىن يەنىمۇ يۇكسەلدى. «قۇرئان» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاخىرەتتە ئىنسانلار تىرىلگەندە، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى يېزىلغان دەپتەر ئوڭ ۋە سول قولغا بېرىلىدۇ. ئەگەر قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرى كۆپ بولسا ھېلىقى دەپتەر ئۇنىڭ ئوڭ قولغا بېرىلىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا ۋە يامان ئىشنى كۆپ قىلغان بولسا، ئۇ دەپتەر سول قولغا بېرىلىدۇ. دەپتەرنىڭ ئوڭ قولغا بېرىلىشى ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولسا، سول قولغا بېرىلىدىغانلىقى دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ھەدىسلەردىمۇ ئوڭ قول بىلەن سول قولنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئايرىلغان. ئومومەن تاھارەت، كىيىم كىيىش، ئاياغ كىيىش، كىيىم سېلىش، كۆزنى ئۇۋۇلاش، تىرناق ئېلىش، ساقالنى قىسقارتىش، چاچ ياساش، تاماق يېيىش، سۇ ئىچىش، قول ئېلىشىش، نەرسە تاپشۇرۇش، ۋە ئېلىش قاتارلىقلاردا بىردەك ئوڭ قولنى ئىشلىتىش؛ بۇرۇننى تاشلاش ياكى پاكىزىلاش، ئەۋرەتنى تۇتۇش، پاسكىنا نەرسىلەرنى تۇتۇش قاتارلىقلاردا سول قولنى ئىشلىتىش بۇيرۇلغان. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئەشۇ ئەقىدە تەسىرىدە ئومومەن ئوڭ قول بىلەن پاسكىنا

نەرسىلەرنى تۇتۇشتىن، بۇرۇننى پاكىزلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئوڭ قول بىلەن ئەۋرەتنى تۇتۇش بولسا تېخىمۇ پەرھىزلىك ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سول قولدا بولسا نىسبەتەن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس دەپ بىلگەن شەيئى ۋە نەرسىلەرنى تۇتمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار «قۇرئان» نى سول قولدا تۇتمايدۇ ياكى كەم دېگەندە ئىككى قول بىلەن تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ئوڭ ۋە سول چۈشەنچىسى بەك كۈچلۈك بولۇپ، بۇ يەنە نۇرغۇن ياخشى، پاكىز ئىشلارنى ئوڭدىن باشلاش، پاسكىنا نەرسە ۋە ئىشلارنى سولدىن باشلاش ئادىتىنى ھەم كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇندىن باشقا جۈپ ۋە تاق سانمۇ ئۇيغۇرلار نەزىرىدە پەرقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلار ئادەتتە قول يۇيغاندا جۈپ ساندا يۇيمايدۇ. ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئۈچ قېتىمدىن ئاز يۇيمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا "قولنى يۇيۇپ بولغاندىن سىلكىسە بولمايدۇ" دەپ پەرھىز قىلىدىغان ئادەت ناھايىتى كەڭ ئومۇملىققا ئىگە. بۇنداق قىلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئەدەبسىزلىك دەپ قارالغاندىن باشقا، بۇ "مەكرۇھ" (يامان كۆرۈلىدىغان) ئىشتۇر. ئەلۋەتتە، ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر چەپ قولنى ئىشلىتىپ كۆنگەن بولۇپ، ئۇلار ئادەتتىكى ئىشلاردا سول قولنى ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنە مۇقەددەس شەيئى ۋە ئۇلۇغ نەرسىلەرنى تۇتۇشتا سول قولنى ئىمكان بار ئىشلەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئولتۇرغاندا ياكى تۇرغاندا ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرىدۇ، بىراق سول قولنى ئوڭ قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇشتىن ۋە ياكى قول بارماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ئولتۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قول ھالىتى ئوڭ ۋە سول ھەققىدىكى قاراشلار بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ مىللىي خاسلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەنئەنىلەردۇر.

ئۇيغۇرلاردا پۇتقا ئائىت پەرھىزلەر ئاساسەن ئولتۇرغاندىكى پۇتنىڭ قىياپىتىگە چېتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئولتۇرۇشتا پۇتنىڭ قىياپىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئالدى بىلەن، كىشىلەر پۇتنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇ پەرھىزنىڭ مۇنداق بىر ئېتىقاد ئاساسى بار. يەنى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم داۋاملىق پۇتنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرسا، بۇ ئادەت تۈپەيلىدىن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ گۆردە پۇتى مىگىشىپ قالىدۇ. ناۋادا مېيىتنىڭ پۇتى مىنگىشىپ قالسا، ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى باشقىلارنىمۇ سۆرەپ كېتىدۇ (يەنى، باشقىلارمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ). شۇ چۈشەنچە بويىچە، ئەگەر بىر ئۆيدىن بىر قانچە كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتسە، كىشىلەر بۇنى دەسلەپتە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ پۇتىنىڭ مىنگىشىپ

قالغانلىقىدىن كۆرىدۇ ـ د، ئۇ كىشىنىڭ گۆرىنى ئېچىپ، ناۋادا پۇتى مىنگىشىپ قالغان بولسا تۈزەپ قويىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىدىغان ئۆلۈم توختايدۇ دەپ قارىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ھايات ۋاقتىدىمۇ پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرسا بولمايدۇ دېگەن پەرھىزلىك ئادەت كېلىپ چىققان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۆلگەن ئادەمنىڭ گۆرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى تۈزەپ قويىدىغان ئىش شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە بولغان. بىزنىڭچە، بۇ چېكىدىن ئاشقان خۇراپىي ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم بىلەن پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇش ئادىتى ئوتتۇرىسىدا مۇقەرەر باغلىنىش بولمايدۇ. مېيىتنىڭ مىنگىشىپ قالغان پۇتىنى تۈزەپ قويۇش بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئۆلۈم ھادىسىسىنىڭ توختىشى ئوتتۇرىسىكى مۇناسىبەتنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ئولتۇرۇش ۋە يېتىشتا پۇتىنى قىبلە تەرەپ (غەرب ـ مەككە تەرەپ) كە سۇنۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. (بىراق بىمار كىشىلەر ياتقاندا قىبلىگە يۈزىنى قىلىپ ئىشارەت نامىزى ئادا قىلىش ئۈچۈن پۇتىنى قىبلىگە قارىتىپ يېتىش دۇرۇس، دەپ قارىلىدۇ). چۈنكى ئۇيغۇرلار قىبلە تەرەپنى، جۈملىدىن مەككە مۇكەررەم تەرەپنى ئۇلۇغ بىلىدۇ. مۇنداق ئادەت ئىسلامىيەتتىن كېيىن شەكىللەنگەن. ئۇندىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار بولسا كۈن تەڭرىسى چىقىدىغان تەرەپ ـ شەرق تەرەپنى مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن. مۇشۇنداق مۇقەددەسلىك قارىشى تۈپەيلىدىن يۇقىرىقى پەرھىز ئادىتى كېلىپ چىققان. ئولتۇرۇش شەكلى جەھەتتە يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى بەدەشقان نىسبەتەن بىر قەدەر ئازادە، ئەمما قوپاللىراق سىياقتىكى ئولتۇرۇش شەكلى بولۇپ، بۇنداق ئولتۇرغاندا ئاياللارنىڭ ئەدەپلىكلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقا، بۇ يەنە جىنسىي ئەزاغا قارىتا يوشۇرۇش ھەرىكىتىگە سەل قارىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ھازىرغىچە ئۇيغۇر  قىز ـ ئاياللىرى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشنى چوڭ ئەدەبسىزلىك دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە "باشقىلارنىڭ پۇتىدىن ئاتلاپ ئۆتسە پۇتى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالىدۇ" دەپ باشقا ئادەملەرنىڭ پۇتىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتمۇ بار.

مېڭىش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئۇيغۇرلاردا "كەينىچە ماڭسا يامان بولىدۇ" دەيدىغان گەپمۇ بار. كەينىچە مېڭىش ئەگەر چېنىقىشنى مەقسەد قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنداقتا يامان كۆرىلىدىغان ئىش ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر بىرەر مەقسەد بولماي تۇرۇپ كەينىچە ماڭغاندا، بۇ ھەرىكەت نېرۋا كېسىلى بولۇپ

قالغان قسمەن كىشلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاپ قالغىنى ئۈچۈن چەكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ يەنە باشقا ئېتىقاد ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار "ئاق نەرسىلەرگە دەسسىسە يامان بولىدۇ." دەپ قاراپ ئۇنداق ھەرىكەتتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئاق رەڭ ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى ئېتىقادىدا ئۇلۇغلانغان رەڭ بولۇپ، ئۇ نۇرنىڭ، يورۇقلۇقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش قىلمىشى يورۇقلۇق تەڭرىسىگە قىلىنغان ھاقارەت ئىدى. شۇڭا شۇ دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن بۇ پەرھىز ھازىرقى ئۇيغۇرلار تۇمۇشىدا يەنىلا يوقالماي كەلمەكتە.

ئادەمنىڭ قول ۋە پۇتىدىكى تىرناق ھەققىدىكى پەرھىزلەر ئىبتىدائىي ئىنسانلاردىن تارتىپ داۋام ئېتىپ كەلگەن، نۇرغۇن ۋە چوڭقۇر سېھرىگەرلىك قاراشلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن قەدىمىي ھادىسىدۇر. بۇ ھەقتە فرازېر مۇنداق دەيدۇ: "چچ ۋە تىرناق ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئېلىۋېتىلگەن چاچ ۋە تىرناقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قىيىن مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار زىيانغا ئۇچرىسا، بەدەنمۇ زىيانغا دۇچار بولىدۇ. پۈتۈن دۇنيادا دېگۈدەك مۇشۇنداق قاراش باركى، بۇ قاراش بويىچە ئادەم ئۆز بەدىنىدىن ئېلىۋېتىلگەن چاچ، تىرناق ياكى باشقا نەرسىلەر سەۋەبىدىن سېھرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. نەتىجىدە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان، ئەمما قائىدە ـ قانۇنىيىتى بىر خىل بولغان نۇرغۇن ئىشلار مەيدانغا كەلگەن. ..."[1]

خۇددى «چاچ ھەققىدىكى پەرھىزلەر» قىسمىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، تىرناقمۇ ئادەم بەدىنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار ئادەم بەدىنى بىلەن تىرناقنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىغا، تىرناق قىيىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ (ئادەمنىڭ بەدىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ)، ئۇ ئادەم تېنى بىلەن بولغان تەسىر مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. بۇ قاراش دەل قىيىۋېتىلگەن تىرناقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت پەرھىزلەرنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇيغۇرلاردا تىرناققا ئائىت پەرھىزلەر بىر قەدەر كۆپ. جۈملىدىن تىرناقنى قانداق (قايسى سايمانني ئىشلىتىپ) قىيىش، قانداق چاغدا قىيىش، قەيەردە قىيىش، قىيىلغان تىرناقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار پەرھىزلەر بار. ئۇيغۇرلاردىكى تىرناققا ئائىت پەرھىزلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىبتىدائىي تەپەككۇردىكى

---

[1] [ئەنگلىيە] فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 1 ـ قىسىم، 346 ـ ، 347 ـ بەتلەر.

سېھرىي قاراشلار ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر قىسمى بولسا ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىن قالغان سارقىتلار ھېسابلىنىدۇ. ئايرىم بىر قىسمى بولسا كېيىنكى ئەبجەش ئېتىقاد (ئىبتىدائىي تەپەككۇر، شامان دىنى ئېتىقادى، ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ ئارىلاشمىسى) نىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلاردا قوش بىسلىق ئەسۋاپلار، جۈملىدىن قايچىدا تىرناق ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار بولغان. مۇنداق قىلىشنى بالا يۈزى كۆرمەسلىككە ياكى قوش خاپىلىق ئارىسىدا قىلىشقا جورۇلغان. قوش بىسلىق ئەسۋاپلار گەرچە تىرناق قىيىشقا قۇلايلىق بولسىمۇ، بىراق قوش بىسىنىڭ تىرناقنى ئارىسىغا ئېلىپ قىيىشى گويا بىر ئادەمنىڭ قوش قىيىنچىلىق ئارىسىدا قىلىپ قىلىشىغا ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىنغان بولغاچقا، بۇ پەرھىز كېلىپ چىققان. شۇڭا ئەنئەنىۋىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەر ئاساسەن ئۆتكۈر پىچاقنى ئىشلىتىپ تىرناق ئېلىپ كەلگەن. تىرناق ئالغۇچ مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئىشلىتىشكە باشلىغان بولسىمۇ، بىر قىسىم مۇتەسسىپ كىشىلەر تىرناق ئالغۇچ ئىشلىتىشنى ھېلىھەم رەت قىلىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلاردا يەنە چىش بىلەن تىرناق ئېلىش، تىرناق بىلەن چىش كولىماسلىق پەرھىزىمۇ بار. ئۇيغۇرلار تىرناقنى زىيادە ئۆستۈرۈۋېتىشنى ئەيىپ دەپ بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تىرناق ئېلىپ تۇرۇش كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ دائىملىق تازىلىق ئادىتىگە ئايلانغان.

تىرناق ئۇيغۇرلار نەزىرىدە قوش خاراكتېرگە ئىگە نەرسىدۇر. يەنى ئۇ ھەم پاسكىنا، نىجىس نەرسە دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە مۇقەددەس نەرسە، بەختنىڭ بەلگىسى دەپمۇ قارىلىدۇ. ئالدىنقى قاراشتا كۆپرەك ساغلاملىق ۋە سەھىيە نوقتىئىينەزىرى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسا، كېيىنكى قاراشتا ئىبتىدائىي تەپەككۇردىكى خۇراپىي ئاڭ ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. تۆۋەندىكى پەرھىزلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە تىرناق مۇقەددەس نەرسە، بەخت بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇلغان: ئۇيغۇرلار تىرناق ئالىدىغان ئورۇنغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار باشقىلارنىڭ ئۆيىدە تىرناق ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مۇنداق قىلسا قولىدىكى بەرىكەت باشقىلارنىڭ ئۆيىدە قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. يەنە "كېچىدە تىرناق ئالسا بولمايدۇ" دېگەن پەرھىزمۇ بار.

تىرناقنى قايسى ۋاقىتتا ئېلىش ۋە قايسى ۋاقىتتا ئالماسلىق بويىچە بىر قاتار قائىدە ۋە چەكلىمىلەرمۇ بار. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىيرەك مەلۇمات يەنىلا مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىينىڭ «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا

ئۇچرايدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ «تىرناق ئالماقلىق ھەققىدە» دېگەن قىسمىدا مۇنداق يېزىلغان:

"ھەر كىم شەنبە كۈنى ئالسا تىرناق،

بولۇركىم تەندۇرۇستى بولسە بارماق.

ئەگەر تىرناقنى يەكشەنبە ئالسە،

ئەزىز بولغاي نەچە خەلق ئىچىدە قالسە.

ئەگەر دۈشەنبەكىم تىرناق ئالىپدۇر،

جافالىق مىھنەتىدىن ئول قالىپدۇر.

ئەگەر سەيشەنبە ئالسا تىرناغىنى،

ھەم ئەندامى كۆرمەس ئاغرىقىنى.

كىشىكىم چاھارشەنبە تىرناق ئالسە،

بولۇرلار تەندۇرۇستى كىمىكى ئالسە.

كىشى پەيشەنبەدە ئالسا نەھالى،

قولىغە كىرمىگەي ھەرقانچە مالى.

كىشىكىم ئازنە، تىرناق ئالغاي،

ئانىكىم ھەقتەئالا يادىغا ئالغاي."[1]

كۆرۈشكە بولىدۇكى، پەيشەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنىدە تىرناق ئېلىش خاسىيەتلىك، پايدا كەلتۈرىغان ئىش ھېسابلانسا، پەيشەنبىدە تىرناق ئېلىش قولىغا مال كىرمەي كەمبەغەل بولۇپ كېتىشنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە پەرھىزلىك ئىش ھېسابلانغان.

ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جۈمە كۈنىدىن باشقا كۈنىدە تىرناق ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان كىشىلەرمۇ بار. چۈنكى جۈمە كۈنىدە غۇسلى تاھارەت، بەدەن تازىلىقى قىلىش ـ ئىسلامىي قائىدە بولۇپ، كۆپىنچە كىشىلەر مۇشۇ كۈنىدە تىرناق ئالىدۇ. يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مۇنداق بىر قاراش كەڭ تارقالغان. يەنى، "سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنىدە تىرناق ئالسا قىزىل تىرناق (يەنى پەرزەنت دېمەكچى)

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 ـ يىل 8 ـ ئاي، 88 ـ، 89 ـ بەتلەر.

قا زار بولغاي." . يەنى سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرىدە تىرناق ئالسا پەرزەنتكە زار بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا پەرھىز قىلىش لازىم. خۇددى "قايچىدا تىرناق ئالسا بالا يۈزى كۆرەلمەس" دېگەن پەرھىزدىكىدەك، بۇ پەرھىزگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن پەرزەنت كۆرەلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرگەنلىكىنى بىلىش ئاسان ئەمەس. بۇ بەلكى ئاشۇ كۈنلەردە تىرناق ئېلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆپتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش بولۇشى مۇمكىن. ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردىمۇ "ھەر چارشەنبە كۈنىدە تىرناق ئېلىشنى ئۇدا داۋاملاشتۇرسا پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ" دېگەن قاراش بار. مۇنداق خۇراپىي ئېتىقادنىڭ مۇنچىلىك كەڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ مەلۇم تارىخىي كېلىپ چىقىشى بارلىقىنى يۇشۇرۇن دارىتمىلايدىغان ئەھۋالدۇر. قىسمەن كىشىلەر ئارىسىدا يەنە قۇربان ھېيتتىقا بىر ھەپتە قالغاندا (ئىسلام كالىندارى بويىچە زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى ) تىرناق ئالمايدىغان ئادەت بار. بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەندەك،  بۇ ئەشۇ مۇقەددەس ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن پەرھىزدۇر.

تىرناقنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇق سېھرگەرلىك تۈسىنى ئالغان ئىش بولۇپ قالغان. خۇددى فرازېر ئېيتقاندەك، كېسىۋېتىلگەن چاچنى ۋە قىيىۋېتىلگەن تىرناقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئىبتىدائىي مىللەتلەر، ھەتتا ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن مىللەتلەر جىددىي قارىغان مەسىلىدۇر. چۈنكى ئىبتىدائىي تەپەككۇر بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم بىلەن ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك ئەزالار ئوتتۇرىسىدا ھېسسىي تەسىر مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇچرىشىش ۋە تېگىشىش پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، چۈشۈرىۋېتىلگەن چاچ ۋە قىيىۋېتىلگەن تىرناقلارغا زىيان يەتسە، شۇ چاچ ياكى تىرناقنىڭ ئىگىسىگىمۇ زىيان يېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى بىخەتەر جايلارغا قويۇش زۆرۈر بولىدۇ. خۇددىي شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرلارمۇ تىرناقنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن خالىغان يەرگە تاشلىۋەتمەيدۇ. بەلكى ئۇنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن "دۆلەت بېرى كەل، مەينەت نىرى كەت" دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ئۇلارنى مەلۇم ئورۇنلارغا كۆمۈۋېتىدۇ. تىرناقنى ئوتقا تاشلاشمۇ پەرھىز قىلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلسا تىرناق ئىگىسىنىڭ قولىدىكى تىرناق كور بولۇپ قالىدۇ (ئۇيغۇرلار يېرىلغان، بۇزۇلغان، ياكى قىلىنلاپ غەلىتە ھالغا كېلىپ قالغان تىرناقلارنى "كور تىرناق" دەيدۇ) دەپ جورۇلىدۇ. بىر قىسىم يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلار مەيلى

قول تىرنىقنى بولسۇن، ياكى پۇت تىرنىقنى بولسۇن، بىردەك بوسوغا ئاستى، تام تۈۋى... قاتارلىق جايلارغا كۆمۈۋېتىدۇ. يەنە بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇرلار قول تىرنىقنى قورغاق يەرلەرگە كۆمۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇنى ھۆل يەرگە كۆمگەندە قولغا بەرىكەت كېلىدۇ، قۇرۇق يەرگە كۆمسە قول قۇرۇق بولۇپ قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. پۇت تىرنىقنى بولسا دەرۋازا ئالدىغا كۆمۈۋېتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر پۇت تىرنىقنى دەرۋازا ئاستىغا كۆمۈشنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق رىۋايەت بىلەن ئىزاھلايدۇ: ئاخىر زاماندا دەججال ("دەججال" دېگەن سۆز "يالغانچىلىقنى بەك كۆپ قىلىدىغان" دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە ئىسلامىي رىۋايەتلەردىكى ئاخىر زاماندا يەر يۈزىدە پەيدا بولىدىغان بىر كاززاپنى كۆرسىتىدۇ.) ئېشەكنى مىنگەنچە داقا - دۇمباق، نەغمە - ناۋالار بىلەن پەيدا بولغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى ئويلايمىش. شۇ چاغدا ئەگەر ئادەم پۇت تىرنىقنى دەرۋزا ئاستىغا كۆمگەن بولسا، شۇ تىرناق ئېگىسىنى سىرتقا چىقىشتىن توسۇپ قالارمىش. نەتىجىدە ئۇ ئادەم دەججالنىڭ ئېشىكىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ كېتىشتىن ۋە كۇفرى بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالارمىش. ئەمەلىيەتتە، تىرناقنى بىخەتەر يەرگە كۆمۈشنىڭ ئېتىقاد مەنبەسى دەل قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تىرناقنىڭ باشقىلار قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆزلىرىگە قارا سېھىرگەرلىك يولى بىلەن زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش پسىخىكىسىدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى پىرىخون - باخشىلار كىشىلەرنىڭ چېچى، قەدەم ئىزى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان سېھىرگەرلىك ئىشلەتسىمۇ، ئەمما تىرناقنى ئاساسەن ئىشلەتمەيدۇ. بىراق، قىسمەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا يەنىلا قارا سېھىرنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرناقنى كۆمۈپ تاشلاشتەك پسىخىكا ۋە ھەرىكەت مەۋجۇد.

دەرۋەقە، تىرناق شەكلى بىلەن ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىش - ئەمىلى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولمىسىمۇ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكنىڭ قول تىرنىقنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ئىشتۇر. شۇڭا خەلق ئارىسىدا كىچىك باللارنىڭ تىرنىقنىڭ جاپا چەككەن چوڭلارنىڭ تىرنىقىغا ئوخشاش بولۇشى ئۇ باللارنىڭ چوڭ بولغاندا جاپاكەش بولىدىغانلىقىغا بىشارەت بولۇپ قېلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلاربار. ئەمەلىيەتتە، بۇ بەدەنىنىڭ باشقا قىسمىدىكى ئەزالارغا ئائىت قىسمەن خۇراپىي قاراشلار بىلەن كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئوخشاش ئاساسقا ئىگە.

### مەڭ ۋە سۆگەلگە ئائىت پە رھىزلەر

ئادەم بەدىنىدىكى مەڭ ۋە سۆگەل گەرچە ئادەم بەدىنىنىڭ بىرەر ئەزاسى ھېسابلانمىسىمۇ، بىراق ئۇلار بەدەن سىرتىغا چىقىپ قالىدىغان بىر خىل جاراھەت ياكى كېسەللىك بەلگىسى بولۇش سۈپىتىدە بەزىدە ياخشىلىق بىلەن، بەزىدە بولسا يامانلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ چۈشىنىلىدىغان خۇراپىي ئادەت پۈتۈن ئىنسانلاردا مەۋجۇد بولغان بىر ئىشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەڭنىڭ چىققان ئورنىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشقا قاراپ ئۇنى ھۆسن بەلگىسى دەپ تونۇيدىغان ئىشمۇ ھەم بار. ئۇيغۇرلاردا مەڭ ۋە سۆگەلگە ئائىت پەرھىزلەر ئاساسەن ئۇلارنىڭ يوقۇتۇشقا مۇناسىبەتلىكتۇر.

ئۇيغۇرلاردا ناۋادا كىچىك باللارنىڭ بەدىنىگە، يۈزىگە زىيادە كۆپ مەڭ ئۈنۈپ چىقىپ، شۇ باللىنىڭ چىراي گۈزەللىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋال شەكىللەنسە، ياكى كۆز چانىقىغا مەڭ چىقىپ قېلىپ "يامان كۆزلۈك" بولۇش خەۋپى تۇغۇلسا، مۇشۇنداق چاغدا مەڭنى يوقۇتىدىغان بىرخىل ئاكتىپ سېھرگەرلىك ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇنداق سېھرىي پائالىيەتنىڭ جەريانى مۇنداق: چارشەنبە كۈنىدە چىرايىدا مەڭ كۆپ بولغان ئوغۇل "مەڭلىك ئاخۇن" دەپ چاقىرىلىدۇ، قىزلار "مەڭنىساخان" دەپ چاقىرىلىدۇ. چارشەنبە كۈنىدىن تارتىپ مۇشۇنداق چاقىرىشقا باشلىسا، باللىنىڭ چىرايىدىكى مەڭلەر تەدرىجىي تۆگەيمىش. نېمىشقا چارشەنبە كۈنىدە مۇشۇنداق چاقىرىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، "چارشەنبە" دىكى "چار" سۆزى ئەمەلىيەتتە ئادەم بەدىنىدىكى مەڭنى كۆرسىتىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. "زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش" پرىنسىپى بويىچە "مەڭلىك ئاخۇن"، "مەڭنىساخان" دېگەندەك مەڭ تەكىتلىنىدىغان سۆزلەر بىلەن "چارشەنبە" دىكى "چار" توقۇنۇشۇپ، بىر - بىرىنى تۈگىتىدۇ، دېگەن پرىنسىپ بۇنداق سېھرگەرلىكنىڭ ئاساسى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلاردا سۆگەلگە ئائىت پەرھىزلەر ۋە ئۇنى يوقىتىشقا ئائىت ئادەتلەر بىر قەدەر كۆپ. ئومۇمەن ئۇيغۇرلار سۆگەلنى ناپاك نەرسە دەپ قارايدۇ، ۋە ئۇنىڭ كۆچۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىدۇ. خەلق ئارىسىدا "سۆگەلنى سانىسا سانىغۇچىغا سۆگەل چىقىپ قالىدۇ" دەپ باشقىلارنىڭ بەدىنىگە چىققان سۆگەلنى ساناپ بېقىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. يەنە، "ئىتقا سۇ چاچسا سۆگەل چىقىدۇ" دەپ قاراپ، ئىتقا سۇ چېچىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. ئومۇمەن، سۆگەلگە قارىتا، ساناش پائالىيىتى

ئۇنى تەندىن تەنگە يۆتكەيدىغان جەريان دەپ قاراش ئىبتىدائىي تەپەككۇردىن قالغان سارقىتلاردۇر.

يۇقىرىقى قاراشلار ئاساسىدا، ئۇيغۇرلار باشقىلاردىن ساناش يولى بىلەن كۆچكەن سۆگەلنى ياكى يامانلىققا سەۋەب قىلىنغان (بەدەنىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يېرىگە چىققان ياكى بەدەنىنىڭ سول تەرىپىگە چىققان) سۆگەللەرنى يوقۇتۇشتا بىر قانچە خىل سېھرىگەرلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنىڭ بىرىدە مۇنداق قىلىنىدۇ: سۆگەل چىقىپ قالغان كىشى سۆگەلگە تۇز ياكى سېغىزنى ئۈچ قېتىم دوملاپ (سۈركەپ)، سۆگەلدىن چىققان قاننى تۇزغا ياكى سېغىزغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى سىرتتىكى بىرەر يولۇچىغا يوشۇرۇنچە ئېتىپ "كۆچ-كۆچ" دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناۋادا تۇز ياكى سېغىز شۇ كىشىگە تېگىپ كەتسە، ئۇنىڭغا سۆگەل يۇقۇپ قالىدۇ. سۆگەل بولسا ئەسلىدىكى ئىگىسىدىن كۆچۈپ تۈگەيدۇ. روشەنكى بۇنىڭدا قوللىنىلغىنى ھېسسىي تەسىر سېھرىگەرلىكىدىكى پرىنسىپلاردىن ئىبارەت. خەلق ئىچىدە سۆگەلنى كۆچۈرۈشكە ئائىت ئەڭ كەڭ تارقالغان مۇنداق بىر ئۇسۇل بار: بەدىنىگە سۆگەل چىقىپ قالغان كىشى كېچىدە بىرەر تۈپ سۆگەت دەرىخى يېنىغا كېلىپ (بەزىدە بۇ ئىشنى تەجرىبىلىك بىر ئادەم ئورۇنلايدۇ)، سۆگەلگە بىرەر پارچە سېغىزنى دوملاپ، ئاندىن "سۆگەل دېگەن سۆگەتتە بولماي ئادەمدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟" دېگەندەك تەنە سۆزلەرنى قىلىپ سېغىزنى سۆگەلگە سۈركەيدۇ ۋە سېغىزنى تاشلىۋېتىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا سۆگەل ئادەمدىن سۆگەتكە كۆچىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ پائالىيەتتە تىل سېھرىگەرلىكى، يەنى تىلنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنىش مەۋجۇد. "سۆگەل" سۆزى بىلەن "سۆگەت" سۆزى ئاخىرقى "ل" ۋە "ت" ھەرپىنىڭ پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاھاڭداش سۆزلەردۇر. مۇنداق ئاھاڭداشلىق ئالاھىدىلىكى سۆگەلنى سۆگەتكە كۆچۈرەلەيدۇ دەپ قاراش تىلدىكى سېھرىي كۈچنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشنىڭ بىر دەلىلىدۇر. مۇنداق ئاھاڭداشلىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن پەرھىزلەر يەنە باشقا ساھەلەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلار ياشايدىغان يۇرتلاردا سۆگەل نامى بىلەن باغلانغان، ھەمدە سۆگەل يوقۇتۇش بىلەن ئالاقىدار ھالدا مەيدانغا كەلگەن بىر قانچە جاي بار. مەسىلەن، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا يېقىن كۆكتاتچىلىق كەنتىدە "سۆگەللىك مەسچىد" دېگەن بىر مەسچىد بار. بەدىنىگە سۆگەل چىقىپ قالغان كىشىلەر شۇ مەسچىد يېنىغا بېرىپ، قولىغا بىر ئۇچۇم لاينى ئېلىپ سۆگەلگە سۈركەپ، ئەشۇ مەسچىدنىڭ تېمىغا چاپلايدۇ. شۇ جەرياندا "كۆچ-كۆچ" دەپ تۇرىدۇ. كىشىلەر مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سۆگەلنى

يوقاتقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنىدىن باشقا، تۇرپان تەۋەسىدە ‹"سۆگەللىك غوجام" دېگەن بىر مازار بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئەشۇ مازاردا قالدۇرۇپ كېتىش بىلەن سۆگەلنى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئادەت مەۋجۇد. روشەنكى، سۆگەلگە سىركەلگەن لاينى مەسچىد تېمىغا چاپلاش ياكى مازاردا بىرەر نەرسىنى مازاردا قالدۇرۇپ قويۇش يولى بىلەن تەندىكى سۆگەلنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇش ـ ئىسلامىي ئەقىدە ئەمەس، بەلكى بىر قانچە خىل ئەقىدە، جۈملىدىن ئىبتىدائىي تەپەككۇرغا مەنسۇپ سېھىرگەرلىك ۋە غەيرىي ئەقلىي خۇراپات ئارىلاشقان، ئىسلامىي تۈس بېرىلگەن ئەبجەش ئېتىقادتۇر. مۇنداق قاراش نۇرغۇن كىشىلەر نەزىرىدە خۇراپات ھېسابلىنىپ، ئەيىپكە ئۇچرىسىمۇ، بىراق ئاز ساندىكى كىشىلەر ھېلىھەم شۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كەلمەكتە.

## (3) تەن ئاجراتمىلىرىغا ئائىت پەرھىزلەر

### شۆلگەي، تۈكۈرۈك ۋە بۇرۇن ئاجراتمىسىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا تۈكۈرۈك ۋە ماڭقا ئالاھىدە سىرلىق مەنىگە ئىگە ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىردەك ناپاك نەرسە دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ئائىت پەرھىزلەر ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئۇسۇلى ۋە قەيەرگە چىقىرىپ تاشلاشقا مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەردۇر. ئۇيغۇرلاردا "شۆلگەينى ئېقىتىپ يۈرسە بولمايدۇ"، "شۆلگەينى تاماققا تېمىتسا بولمايدۇ" دېگەندەك پەرھىزلەر بار. بۇ ئاساسەن شۆلگەي ۋە تۈكۈرۈكنى ناپاك دەپ قاراپ، سالامەتلىكنى ئاسراش نوقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. گەرچە كىچىك باللار ئۈچۈن شۆلگەينى ئېقىتىپ يۈرۈش ئاساسەن نورمال ئىش ھېسابلانسىمۇ، چوڭ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ناھايىتى بىمەنە ئىشتۇر، ۋە ياكى ئەقلىي كەمتۈكلۈكنىڭ بەلگىسىدۇر. تۈكۈرۈك ناپاك نەرسە دەپ قارالغانلىقتىن، ئادەمگە قاراپ تۈكۈرۈش ناھايىتى چوڭ ھۆرمەتسىزلىك سانىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇقەددەس ئوبيېكت ۋە مۇقەددەس نەرسىلەرگە قاراپ تۈكۈرۈش قاتتىق چەكلىنىدىغان ئىشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ھازىر ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. قەدىمقى ئۇيغۇرلاردىمۇ مۇشۇ پەرھىز بولغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە "كۆككە تۈكۈرسە يۈزگە چۈشەر" دېگەن تەمسىل خاتىرىلەنگەن.① ئەمەلىيەتتە، بۇ پەرھىز كۆككە (ئاسمانغا) تۈكۈرسە تۈكۈرۈكنىڭ يۈزگە

---

① مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، II توم 107 ـ بەت.

چۈشىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئاسماننى "كۆك تەڭرى" دەپ ئۇلۇغلىغانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغاندۇر. شۇڭا، كۆككە قاراپ تۈكۈرۈش كۆك تەڭرىگە قىلىنغان ھاقارەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. يەنە ئۇيغۇرلاردا قىبلىگە قاراپ تۈكۈرۈش ۋە مىشقىرىشنى چەكلەيدىغان پەرھىز ئادىتى بار. مەسچىد ئىچىدە تۈكۈرۈشنى چەكلەش ھەققىدە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە ھەم ئېنىق كۆرسەتمە بار.

چۈشكۈرۈش ئېغىز ۋە بۇرۇندىن ئاجراتما پەيدا قىلىدىغان ۋە چىقىرىپ تاشلايدىغان ھەرىكەت بولغاچقا، ئۇيغۇرلار چۈشكۈرۈشتىمۇ مەلۇم قائىدىلەرگە بويسۇنىدۇ. مەسىلەن، باشقا ئادەمگە قاراپ چۈشكۈرۈش شۇ ئادەمگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، دەپ قارىلىپ چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاممىۋى سورۇنلاردا مىشقىرىپ بۇرۇن ئىچىنى تازىلاشنى ناھايىتى ئېغىر ئالىدۇ. چۈنكى بۇ بەدەننى پاكىزىلەش، پاسكىنىچىلىقنى چىقىرىپ تاشلاش ئىشى بولغاچقا، خۇددى بەدەن تازىلىقىغا دائىر باشقا ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ پىنھان جايدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تۈكۈرۈشنى كەمسىتىش، ھاقارەت قىلىش، ئېتىراپ قىلماسلىقنىڭ بەلگىسى، دەپ چۈشىنىلىدۇ. شۇڭا باشقا ئادەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈش ئۇنىڭغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت دەپ تونۇلۇپ، بىر مەيدان كەسكىن جىدەلگە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭا پەرھىز قىلىنىدۇ. يەنە يامان چۈش كۆرۈپ قالغان كىشىمۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ دەرھال سول تەرىپىگە تەكرار ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىش بىلەن چۈشتىكى يامانلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشىنى چەكلەيدىغان ئادەتمۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇدۇل كەلگەنلا يەرگە تۈكۈرۈش، كۆلگە ۋە ئېقىن سۇغا تۈكۈرۈش قاتارلىقلارنى چەكلەش ئادىتى ئۇيغۇرلاردىكى گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ ئومۇملاشقان.

### قانغا ئائىت پەرھىزلەر

قان بولسا ئادەمنىڭ ھاياتى كۈچىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرغان ئەڭ مۇھىم تەركىبتۇر. قان دېمەك جان دېمەكتۇر. قان ھەققىدىكى پەرھىزلەر ئەڭ قەدىمكى پەرھىز ئادىتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىبتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلار ئەينى دەۋردىلا قانغا ئائىت بىر قاتار سىرلىق قاراشلارنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۇ قاراشلارنىڭ مەزمۇنى ئالدى بىلەن "ئادەمنىڭ روھى ياكى جېنى قاندا بولىدۇ" دېگەندىن ئىبارەت

بولسا، ئىككىنچىدىن "قان ئارقىلىق ئادەمگە زىيان يەتكۈزگىلى بولىدۇ" دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا مەيلى تاشقىي سەۋەب (سوقۇلۇش، ئۇرۇلۇش، يارىلىنىش ...) تۈپەيلىدىن ئاققان قان بولسۇن، ياكى ئىچكى سەۋەب (بەدەندىكى ئىسسىقلىق هارارىتىنىڭ زىيادە يۇقىرى بولۇشى، ئىچكى ئەزالارنىڭ زەخىملىنىشى) تۈپەيلىدىن ئاققان قان بولسۇن، بۇ بىردەك روهنىڭ تەندىن ئېقىپ چىقىپ كېتىشى دەپ قارىلىپ، مۇنداق ئەهۋالدىن ئىنتايىن خەۋپ هېس قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتلىق تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قارىشى بولغان "تۆت زات قارىشى" ئىچىدە قان هاياتلىقنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئەڭ مۇهىم ئامىل (زات) بولۇپ، ئۇنىڭ كەم بولۇشى نۇرغۇن كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە هاياتلىق كۈچىنىڭ كەم بولۇشىدىن دېرەك بەرسە، ئۇنىڭ كۆپىيىپ نورماللىشىشى هاياتلىق كۈچىنىڭ جۇش ئۇرۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ چۈشىنىلگەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا قاننى مجەز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراش ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىدىن بولۇپ سانىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئادەم قېنىغا ئائىت پەرھىزلەر هازىر كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇ ھەقتە بىر پەرھىزدە "ئادەم قېنىنى خوراز يەۋالسا بولمايدۇ" دېيىلىدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار ئادەم بەدىنىدىن تۆكۈلگەن قاننى كۆمۈپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ دەسسىلىپ كېتىشى، پاسكىنا نەرسىلەرگە ئارىلىشىپ قېلىشىدىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇرۇش سەۋەبىدىن قان تۆكۈلگەن جايلارنى ئۇلۇغ بىلىپ، ئۇ يەرلەردە مازار بەرپا قىلىدۇ ۋە قەرەرلىك هالدا نەزىر ـ چىراق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئادەم قېنى ئىشلىتىپ سېھىرگەرلىك قىلىش هازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى پىرىخون ۋە باخشىلارنىڭ پائالىيىتىدە ئاساسەن ئۇچرىمايدىغان بولۇپ، قەدىمدە قاننى قارا سېھىرگەرلىك ياكى جادۇگەرلىكنىڭ مۇهىم ئوبيېكتى سۈپىتىدە ئىشلىتىش كەڭ تارقالغان ئىشتۇر.

پەرهىزنىڭ "مۇقەددەس" ۋە "ناپاك" دېگەن ئىككى تەرەپتىكى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى نوقتىسىدىن قارىغاندا، قانغا ئالاقىدار پەرهىزلەر ئەڭ مۇكەممەل پەرهىزلەر بولۇپ هېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قاننى ئېقىتىۋەتمەسلىك، قاننى ئەڭ ياخشى ياغىش (نەزىرە) دەپ قاراشتىن ئۇنىڭ مۇقەددەسلىك تەرىپىنى كۆرسەك، هېيىزدار ئايال ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللاردىن ئاققان قاننى ناپاك، دەپ قاراشتىن ئۇنىڭ نېجىس نەرسە، دەپ قارالغانلىقىدەك قوش پوزىتسىيەنى كۆرۈپ ئالىمىز.

**مەنىيگە ئائىت پەرهىزلەر**

هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "مەنىي" سۆزى ئەرەب تىلىدىن ئۆزلەشكەن ئىبارە بولۇپ، ئۇ پىشىپ يېتىلگەن ئەرلىك جىنسىي ھۆجەيرىلىرىدىن پەيدا بولغان سۇيۇقلۇقنى كۆرستىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا مەنىي ـ كۆچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى بولۇپ، ئۇئادەمنىڭ ئومۇرتقىسىدىن چىقىدۇ. ئۇ پەرزەنت ئاپىرىدە بولۇشنىڭ ئەر تەرەپ ئاساسى بولغاچقا ئىنتايىن مۇھىم ۋە مۇقەددەس نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا مەنىينى ئىسراپ قىلمايدىغان، ئۇنى قەدىرلەيدىغان قاراش بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ناپاك نەرسە دەپ قارىلىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم تېنىدە تۇرغاندا كۆچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئالامتى بولغىنى بىلەن، مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن سىرتقا چىققاندا نېجىس نەرسلەردۇر. ئۇنىڭ ھەر قانداق نەرسگە تېگىپ كېتىشى بىلەن شۇ نەرسە ناپاك بولىدۇ، شۇڭا يۇيۇش لازىم. مەنىي ئاققۇزغان كىشى بىردەك "جونۇپ ئادەم" دەپ قارىلىپ، ناپاك ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق ئادەم تاكى يۇيۇنۇپ بولغۇچىلىك ئارىلىقتا نۇرغۇن ئىشلاردىن پەرھىز تۇتىدۇ. ئۇندىن باشقا مەنىينىڭ بەك ئاز بولۇشى بىر خىل كېسەللىك ئالامتى سۈپتىدە ھەزەر قىلىنىدىغان ئىش بولسا، مەنىينىڭ بەك كۆپ بولۇشى جىنسىي ئىستەكنىڭ زىيادە كۆچلۈكلىكىنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قىلىپ، ئۇمۇ تەن جەھەتتىكى ئاجىزلىققا ھەمدە مەنىۋي ئاجىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا بۇمۇ ئوخشاشلا پەرھىز قىلىنىدىغان ئىشتۇر. بىز مەنىي سەۋەبىدىن جونۇپ بولغان "ناپاك ئادەم" ھەققىدىكى «جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت پەرھىزلەر» بۆلىكىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە مۇشۇنچىلىك بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

*******************************************************************

ئادەم بەدىنى ھەققىدىكى ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. ئادەم بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلەر كۆپىنچە ئىنتايىن پاسسىپ ھالدىكى ئېسەنكىرەش، قورقۇش پسىخىكىسىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پەقەت كۆڭۈلدە ھەزەر ئەيلەش، ئېھتىيات قىلىش شەكلىدىلا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلاردا ئەشۇ بىشارەتلىك ئالامەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ياكى ئالدىنى ئالىدىغان ئەمەلىي تەدبىرلەر ئاساسەن مەۋجۇد بولمايدۇ. شۇڭا بۇنداق پەرھىزلەرنى نىسبەتەن ئاكتىپ ھەرىكەت شەكلىگە ئىگە، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىلىدىغان پەرھىزلەرنى قىسمەن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا

كېلىدۇ.

2. ئادەم بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلەردە دېگۈدەك تەننى ئاسراش، تەندىكى روھنى قوغداش، تەقدىرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، يامانلىقتىن ساقلىنىشتەك ئەمەلىي مەقسەد يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۆزىنى قوغداش مەقستى پۈتۈن پەرھىزلەرنىڭ تۈپ چىقىش نوقتىسى بولسىمۇ، بىراق مۇنداق مەقسەد بەدەنگە ئائىت پەرھىزلەردە تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

3. ئادەم بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلەردە ئادەم بەدىنىنىڭ مەلۇم ئۆزگىرىشلىرىنىڭ بىشارەتلىك خۇسۇسىيتى بارلىقى نوقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇلار ھازىرقى پەن سەۋىيەسىدە خۇراپاتلىق ھېسابلىنىدۇ. بىراق پەن تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ جىسمانىي ئۆزگىرىش ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ ئادەمنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن مۇناسىبىتىنىڭ بار - يوقلىقى ئۈستىدە ئىلمىي نوقتىدىن ئىزدىنىش، ئىسپات ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىلمىي قاراش ياكى سەپسەتە ئىكەنلىكىنى دەلىللەش لازىم.

## 2. جىنسىي پەرققە ئالاقىدار پەرھىزلەر

ئادەم ئالدى بىلەن ئەر ۋە ئايال دەپ ئىككى جىنسقا ئايرىلىدۇ. بۇ جىسمانىي تۈزۈلۈش جەھەتتىكى پەرق بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇنداق پەرق ناھايىتى كۈچلۈك مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە بولىدۇ. ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئىچىدە ئەر ئايالliq جىنسىي پەرق ئوبيېكتىپ مەۋجۇدلۇق سۈپىتىدە تونۇلغاندىن باشقا، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق رېئال پەرق ئەخلاق، ئىجتىمائىي يۇسۇن، ئادەت قاتارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئۇلارنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۇنيادىكى ھەممە مەدەنىيەتلەر دېگۈدەك ھەممىسى ئەر جىنس بىلەن ئايال جىنس ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ئۆتۈشمەيدىغان ۋە سىغىشمايدىغان بىر قاتار چەكلىمىلەرنى بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ چەكلىمىلەر گوياكى بىر تۇساقتەك ئەر بىلەن ئاياللارنى ھەرىكەت - قىلىق، پىسخىكا، تۇرمۇش پائالىيىتى ... تەرەپلەردە قەتئىي پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇنداق پەرھىزلەر دۇنياۋىي كۆلەمدىكى پەرھىز ئادىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جىنس پەرقىگە ئائىت پەرھىزلەر تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پەرقى باشتىن ئاخىر قاتتىق تەكىتلىنىپ كەلگەن بىر

مەسىلىدۇر. بىز ئۇيغۇرلاردىكى جىنس پەرقىگە ئاساسەن ئاياللار ۋە ئەرلەرگە ھەمدە ھەر ئىككى جىنسقا قارىتىلغان پەرھىزلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا بۇيىچە قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز .

## 1. جىنسنى پەرقلەندۈرۈشكە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا ئەر ئاياللار يالغۇز جىسمانىي جەھەتتە پەرقلىنىپ قالماستىن ، يەنە كەسىپ، خىزمەت، يۈرۈش - تۇرۇش، گەپ -سۆز ، ئىجتىمائىي ئالاقە ... تەرەپلەردىمۇ پەرقلەندۈرۈپ قارىلىدۇ. بىز ئادەم تېنىگە ئائىت ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ بىرقىسمىدا ئەرلەرنىڭ تېنىدىكى ھالەتلەر بىلەن ئاياللارنىڭ تېنىدىكى ھالەتلەرنىڭ تۈپتىن قارمۇ - قارشى بىشارەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، پۈتۈن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پەرقلەندۈرۈلمەي ئارىلىشىپ كېتىشى ناھايىتى چوڭ پەرھىز بولۇپ، مۇنداق بولۇش ئەمەلىي مالىمانچىلىقنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەنە مەدەنىيەت مۇھىتى، پوزىتسىيە ۋە خاراكتېردىكى ئارىلىشىپ كېتىشنىڭمۇ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئىككى جىنسنىڭ پەرقلىنىپ تۇرۇشىغا بەك ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن. بۇنداق پەرق ئەڭ ئالدى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا ئەرلەرنىڭ باشقۇرغۇچى بولۇشتەك ئاساسىي ۋە ئاكتىپ ئورۇندا تۇرغانلىقى ، ئاياللارنىڭ بولسا باشتىن ئاخىر ئەرلەرنىڭ مۇلازىمىتىنى قىلىدىغان ياردەمچى، ئاددىي پائالىيەتلەرنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇشتەك باشقۇرۇلغۇچى ئورۇندا تۇرغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ئانىلار (جۈملىدىن ئاياللار) ھوقۇقىنىڭ ئۈستۈن بولغانلىقىدەك ئەھۋالنى تىلغا ئالمايمىز. چۈنكى ئۇ ناھايىتى يىراقتىكى بىر خىل ئىجتىمائىي ھالەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دەۋرلەر ھازىرقى زامان مىللەتلەر جەمئىيىتىنىڭ نەق دەسلەپكى گەۋدىسى ئەمەس. ئۇ پەقەت مىللەتلەر ئايرىلمىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بىر ھالەت خالاس. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئەرلەر مۇتلەق ئۈستۈن مەۋقەدە تۇرۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغان، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ غوللۇق پائالىيەتلىرىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، باشقۇرغۇچىسى بولغان. ئاياللار بولسا ئەرلەرنى كۈتكۈچى، خىزمىتىنى قىلغۇچى بولغان. ھەتتا ئىدىقۇت دەۋرىدىكى بەزى يازما ھۆججەتلەرگە قارىغاندا قولدىن- قولغا ئۆتۈپ سېتىلغۇچى ئورۇندىمۇ تۇرۇپ كەلگەن. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئىچىدە ئەرلەر بىلەن ئاياللارمۇ كەسكىن پەرقلەندۈرۈلگەن. نۇرغۇن ئىشلار گوياكى ئەرلەرنىڭلا قىلىشى ئۈچۈن پۈتۈلگەندەك، يەنە بىر قىسىم

ئىشلار بولسا ئاياللارنىڭلا قىلىشى ئۇچۇن پۈتۈلگەندەك بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ئەرلەر ئاياللار قىلىدىغان ئىشلارنى قىلسا بۇ ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە چوڭ ھاقارەت ھېسابلانغان، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئىشنى قىلسا، بۇنداق ئىشنىڭ ياخشى ئاقىۋەت بەرمەيدىغانلىقى، پالاكەت بىلەن تۈگەللىنىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنغان ۋە ياكى ئاياللارنىڭ ئەدەپسىزلىكى، ئاتىكاچىلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئىش دىگىنىمىزدە بۇ تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ( دېھقانچىلىق. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ...)، كىيىم ـ كېچەك ، تۇرالغۇ، سودا ـ سېتىق، يۈرۈش ـ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇمۇمەن، ئاياللارنى ئاجىز دەپ تونۇش سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى ئاياللارنىڭ قىلىشى چەكلەنگەن. بۇ يەردىن مىسال تەرىقىسىدە بىر قانچە پەرھىزنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئۇيغۇرلاردا دادىلار قىزلىرىنى ئاسانلىقچە ئۇرمايدۇ. ھەرقانچە غەزىپى كېلىدىغان ئىشنى قىلغان تەقدىردىمۇ بۇنى ئانىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى ئاياللار بىلەن ئۇرۇشۇشتىن، تىللىششتىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنى چەكلەيدىغان پەرھىزلەرنىڭ بىر قىسمى يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە كىيىم ـ كېچەككە قارىتىلغان. ئۇيغۇرلار ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشاش ياسىنىۋېلىشىنى، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ياسىنىۋېلىشىنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان "ياسىنىش" بولسا ئەرلەرنىڭ چىراي تۇرقى، چېچى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى ۋە كىيىم ـ كېچىكىنى ئاياللارچە قىلىۋېلىشىنى، ھەمدە ئاياللارنىڭمۇ كىيىم ـ كېچەك، چاچ شەكلى، چىراي تۇرقى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا ئەرلەردەك بولۇۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئەرلەرنىڭ يۈز ، تىرناق، چاچ ... لىرىغا زىننەت بويۇملىرى ئېسىشىنى، پەرداز قىلىشىنى، گۈللۈك ۋە رەڭگى ئوچۇق رەختلەردە كىيىم كىيىۋېلىشىنى پەرھىز قىلىدۇ. ئاياللارنىڭمۇ كالتە چاچ قويۇشى، قەستەن ھالدا قوپال ۋە يىرىك رەختلەردىن كىيىم كېيىۋېلىشىنى چەكلەيدۇ. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن ئۇلار جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىپلىشىگە دۇچار بولىدۇ. يەنە ئىسلامىي قائىدە بويىچە ئەرلەر يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىش، ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى سېلىشىنى، يىپەك كىيىملەرنى كېيىشىنىڭ قەتئىي جايىز بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا بىر قاتار ھەدىسلەرمۇ باردۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئالتۇن ئۈزۈك تاقاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بىراق يېقىنقى مەزگىللەردە تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ناھايىتى

ئاز ساندىكى ئەرلەر ئالتۇن ئۆزۈك سالماقتا.

ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى چوڭ ئىشىنىڭ بىرى تاماق ئېتىشتۇر. گەرچە تاماق ئېتىش ئەرلەرمۇ قىلالايدىغان ۋە قىلسا بولىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار ئەرلەرنىڭ تاماق ئېتىشىنى ياكى تاماق ئېتىشكە ياردەم بېرىشىنى ياخشى ئىش، دەپ قارىمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەر تاماق ئېتىشتىن، ئوچاققا نان يېقىشتىن (تونۇرغا نان يېقىش مۇشكۇل ئىش بولغاچقا بۇنى ئەرلەرمۇ قىلىدۇ)، قاچا ـ قومۇچ يويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئەرلەرنىڭ ئۆي سۈپۈرىشى، ئەخلەت، كىر يۇيۇش، كۆڭلەك تىكىش... ئاۋال كىرىپ، كۇل ئېلىپ تۆكۈشى ياخشى ئەھۋال ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسچە ئاياللار ئوتۇن يېرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش پائالىيتى تەرەپتە، ئۇيغۇر ئاياللىرى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئىشتىراك قىلىدۇ. لېكىن ئىنتايىن ھالقىلىق پائالىيەتلەر، مەسىلەن، ئۇرۇق چېچىش، خامان ئېلىش ۋە ئاشلىقنى ئۇسسۇش قاتارلىقلارغا قاتناشتۇرۇلمايدۇ. ناۋادا ئاياللار ئۇرۇق چاچسا، خامان چەشلەپ ئاشلىق ئۇسسا بەركەت بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ ھېيىزدار ئاياللار ۋە نەفاس مەزگىلىدە تۇرغان ئاياللار دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ كۆپىنچە تۈرىگە قاتنىشىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاياللارنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشىنى چەكلەيدىغان ئادەت ئازادلىققا قەدەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىردەك مەۋجۇت ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال ھازىر زور دەرىجىدە ئۆزگەردى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پائالىيىتى ئوتتۇرىسدا مۇئەييەن چەك ـ چېگرا بەلگىلەنگەن. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ھازىرقى دەۋردە نىسپەتەن چوڭراق پائالىيەتلەردە، خىزمەت ساھەلىرىدە ئەرلەر بىلەن ئاياللار باراۋەر ئىشلەپ، باراۋەر ھوقۇق ۋە مەنپەئەتتىن بەھرىمان بولۇۋاتقان بولسىمۇ، خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پەرقى يەنىلا تەكىتلىنىدىغان مەسىلىدۇر. "ئاياللار ئەركىنلىكى" ياكى باراۋەرلىك تەشەببۇسلىرى ئالدى بىلەن ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ تەن قۇرۇلمىسى، جىسمانىي قۇۋۋىتى، ئەقلىي ـ ھېسسىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلەرنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ ۋە بۇنى يوقىتىۋېتىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. ئوخشاش مەدەنىيەت بىرلىكى ئىچىدە ئەرلەرنىڭمۇ ۋە ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى ۋە ئورنى بار بولىدۇ. جىنىس پەرقىگە ئائىت پەرھىزلەرنىڭ رولى

دەل ئەشۇ ئورۇننى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، ئەخلاق، يوسۇن شەكلىدە ئىككى جىنسنىڭ ئۆزىگە خاس پائالىيەت دائىرىسىنىڭ ئايرىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىنى ئىبارەت.

## 2. جىنسىي ئېزىقتۇرۇشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا سۆز ھەركەت، قىلىق ۋە پائالىيەت دائىرىسى قاتارلىق ساھەلەردە بىر قاتار پەرھىزلىك چەكلىمىلەرنىڭ تۇرغۇزۇلىشى ئەر ئايال ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىنى كاپالەتلەندۇرۇش بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئاسانلا يۈز بېرىدىغان جىنسىي خاھىشقا ئەگەشكەن ھالدا مەيدانغا چىقىدىغان ئىزىقتۇرۇش ۋە جەلپكارلىقنى توسۇشتىن ئىبارەت. ناۋادا ئەرلەرنىڭ بارلىق ئەرلىك بەلگىلىرى ئوچۇق بولسا، ئاياللارنىڭمۇ بارلىق ئاياللىق ئىپادىلىرى ئېنىق بولسا، بۇ خىل ھالەت مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىش سانالغاندىن باشقا، يەنە ئەمەلىيەتتە ئەشۇنداق بەلگە - ئالامەتلەرنىڭ ئوچۇق، ئېنىق بولۇشى دەل ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئۆز - ئارا ئۆتۈشۈشكە يول قويمايدىغان جىنسىي پەرققە ئائىت پەرھىزلەرنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. نىمە ئۈچۈن ئەر- ئاياللارنىڭ پەرقى شۇنچىلىك كۆپ تەكىتلىنىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى دەل ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ۋەسۋەسە ۋە ئېزىقتۇرۇشنى توسۇش ۋە چەكلەشتىن ئىبارەت.

بەدەننى يالىڭاچ قويۇشنى چەكلەش پەرھىزلىرى تامامەن دېگۈدەك جىنسىي ئېزىقىش - ئېزىقتۇرۇشنى توسۇش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇندىن باشقا يۈرۈش - تۇرۇش، سۆز - ھەركەت سەۋەبىدىن يۈز بېرىش مومكىنچىلىكى بولغان جىنسىي ئېزىقىشنى توسۇش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن پەرھىزلەرمۇ بار. ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرىدىن مىسال ئالساق، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تۈرلىك سەۋەبلەر بىلەن نۇرغۇن پائالىيەتلەردە ئەر ئاياللارنىڭ ئارلىشىپ كېتىشىنى چەكلىگەن. مەشرەپ قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا ئەر - ئاياللارنىڭ ئارلاش ئىشتىراك قىلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتىكى مېھماندارچىلىق، نەزىرە، ئۆلۈم مەرىكىلىرى ... دە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئايرىم خانىلەردە ئولتۇرىدۇ. ئالاھىدە زۆرۈرىيەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىر خانىدە ئولتۇرمايدۇ. ئىسلامىيەت شارائىتىدىكى پۈتۈن مەدرىس ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەردىمۇ ئوغۇل - قىزلار ئايرىۋېتىلىپ، ئايرىم ئورۇندا دەرس ئالغان. قىزلار بىلەن

ئوغۇللارنى ئايرىپ ئوقۇتۇش تۈزۈمى تاكى ئازادلىققا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنداق بولۇشنىڭ تۈپ سەۋەبى ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە ئېزىقىشتا بولۇپ قېلىشنى چەكلەشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلاردا بىۋاستە تۇغقان ھېسابلانمايدىغان ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ باشقا كىشىلەر بولمىغان ئەھۋالدا يالغۇز تۇرۇشى پەرھىزلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە "بىر ئەر بىلەن بىر ئايال يالغۇز تۇرغاندا ئۈچىنچىسى چوقۇم شەيتان بولىدۇ" دېگەن گەپ بار. بۇ دېگەنلىك، ئەرلەر بىلەن ئاياللار يالغۇز تۇرغاندا ئۇلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ناتوغرا جىنسىي پائالىيەتتىن ساقلىنالمايدۇ دېگەنلىكتۇر. شۇڭلاشقا ئاياللارنىڭ باشقا ئەرلەر بىلەن پىنھاندا ئۇچرىشىشى، يالغۇز سەپەرگە چىقىشى (سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭ باشقا ئەرلەرگە سەپەرداش بولۇپ قالىدىغانلىقى سەۋەبىدىن) چەكلەنگەن ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان ياكى كۆڭۈل رىشتىلىرى بىر - بىرىگە چېتىلىپ قالغان يىگىت - قىزلارنىڭ پىنھاندا ئۇچرىشىشى ئوخشاشلا قاتتىق پەرھىز جۈملىسىدىن بولۇپ، بىز تارىخىمىزدىكى مۇشۇنداق چەكلىمە ۋە ئۇنى بۇزۇپ تاشلاش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەش ۋە تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتلەر ھەققىدىكى ئەھۋالاتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىي ۋەسۋەسە پەيدا قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئۇچرىشىش، بىللە تۇرۇشنى چەكلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز .

جىنسىي ئېزىقتۇرۇشنى چەكلەش پەھىزلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئىشلىتىدىغان خاس بويۇملار ۋە كىيىم- كېچەككە قارىتىلغان. ئەنئەنىۋىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاياللار ئىشلىتىدىغان ھەرخىل پەرداز بويۇملىرى، جۈملىدىن تۈرلۈك بەدەن ئاسقۇلىرى، ئۇپا - ئەڭلىك ، خېنىلەر ... گە ئەرلەر ئادەتتە تېگىشتىن ۋە تۇتۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئەگەر يات ئاياللارنىڭ بولسا مۇنداق چەكلىمە تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ كىيىمى بىر يەرگە قويۇلمايدۇ. يۇيۇلغاندىن كېيىن بىر يەرگە ئېسىلمايدۇ. كىيىم - كېچەكنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ كېتىشى بۇ پەرھىزلەردە بەدەننىڭ بىر-بىرىگە تېگىشىپ كېتىشىگە تەققاسلانغان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىملىرى بىلەن ئەرلەرنىڭ ئىچ كىيىملىرىنىڭ يېقىن تۇرۇشى ياكى تېگىشىپ تۇرۇشى تېخىمۇ چەكلىنىشكە تېگىشلىك ئىش بولۇپ ھېسابلانغان. ھازىرقى دەۋردە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللىرى قاتناش قوراللىرىغا چىقىپ يول يۈگەندە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيەسى بىلەن ئۆز كىيىمىنىڭ يات ئەرلەر كىيىمگە تېگىپ

كېتىشىدىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئائىللىرى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە سوتقا چىققاندا مەستۇرە ھالەتتە يۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ كىيىم كېچەكلىرى ۋە پەردىجىسىغا چېقىلىش ئىنتايىن ھاقارەتلىك ۋە بەدئەخلاق ئىش ھېسابلىنىپ جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ تۇرغان. پەرىجە ئارتىپ مەستۇرە ھالەتتە تۇرۇشنىڭ بىر رولى شۇكى، ئەرلەر مەستۇرە ئائىلىنىڭ چىراي تۇرقىنى، قەددى قامىتىنى ئېنىق كۆرەلمىگەچكە، ئۇلارغا بولغان جىنسىي ئىستەك ۋە ئېزىقىشتىن ئاساسەن خالىي بولالايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى مەزكۇر خىلدىكى پەرھىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى تۇرالغۇ ئۆيلەردە ھويلىنى ئىككىگە بۆلۈش ياكى ئايال ـ قىزلار ئۈچۈن خاس خانە بەرپا قىلىش بولغان. مۇشۇنداق قىلغاندا سىرتتىن كىرگەن يات ئەرلەر شۇ ئائىلىدىكى ئاياللارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيتتى، ئوخشاشلا سىرتتىن كىرگەن يات ئاياللارمۇ شۇ ئائىلىدىكى ئەرلەرنى كۆرەلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئەقەللىي دەرىجىدىكى جىنسىي قوزغىلىش ياكى خىيالدىن خالىي بولالايتتى. ئۇيغۇرلاردا يەنە "قىزلار خورازنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە بولمايدۇ" دىگەن پەرھىز ئاندا ـ ساندا يەرلەردە ئۇچراپ قالىدۇ. گەرچە ئادەم بىلەن توخۇ ئارىسىدا ناھايىتى زور پەرق بولسىمۇ، بىراق خورازنىڭ ئەركەك جىنسلىق بولۇش سەۋەبىدىن، قىزلاردا ئەركەك جىنسقا نىسبەتەن مەلۇم تونۇشنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى كۆزدە تۇتۇلۇپ مۇشۇنداق كۈلكىلىك پەرھىزمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئىسلام دىنى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلاردىكى جىنسىي ئېزىقتۇرۇشقا ئائىت پەرھىزلەر تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. ئۇمۇمەن ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي ئىستەك پەيدا قىلىدىغان ھەرقانداق سورۇن، شەيئى، يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆز بىردەك چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئۆز ـ ئارا تىكىلىپ قارىشىش ـ كۆزنىڭ زىناسى؛ بەد قىلىق سۆزلەرنى قىلىش ـ ئېغىزنىڭ زىناسى؛ شۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاش ـ قولاقنىڭ زىناسى؛ سىيلاش، تۇتۇش بولسا قولنىڭ زىناسى؛ جىنسىي ئىستەك ئۈچۈن مېڭىش ـ پۇتنىڭ زىناسى؛ يات ئاياللارغا قارىتا جىنسىي تۇيغۇدا بولۇش ـ كۆڭۈلنىڭ زىناسى دەپ قارىلىپ، ئەشۇنداق تەن ھەركەتلىرىمۇ قاتتىق چەكلىنىدىغان بولدى. ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقىدەك جىنسىي ئالامەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت ئوخشاشلا پەرھىزلىك ھەركەت سانىلىپ، ئەنئەنىۋي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىرغا قەدەر رول ئويناپ كەلمەكتە.

### 3. جىنسىي بېسىمغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە قەدىمدىن قېلىپ قالغان ئەنئەنە بويىچە ئاياللار كۆپىنچە بېسىمغا ئۇچراپ كەلگەن ھەم مەلۇم جەھەتلەردە ئەرلەرگە تېخىمۇ كۆپ پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىشقا مەجبۇر بولغان. جىنسىي پەرقققە ئائىت پەرھىزلەردىكى "ئەرلەر ئاياللار بىلەن ئۇرۇشماسلىق" دېگەندەك پەرھىزلەردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئاياللارنى كەمسىتىش ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاتىلىق ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنىڭ تېخى يوقالمىغانلىقى ئاياللارنىڭ نۇرغۇن بېسىمغا ئۇچرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولغان بولسا، ئاياللارنىڭ ئۆزىدىكى جىسمانىي، ئەقلىي ۋە روھىي ئالاھىدىلىكلەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بېسىمغا ئۇچرىتىۋاتقان يەنە بىر سەۋەبتۇر. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بىر سەۋەب شۇكى، نۇرغۇن مەدەنىيەت رايونلىرىدا ئاياللارنىڭ يارىتىلىشىنى ھەمىشە بىر خىل يامانلىق سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر مەۋجۇد. ھەتتا كۆپىنچە دىنلاردا ئاياللارنىڭ كېلىپ چىقىشى مەلۇم شۇملۇق ۋە يامانلىققا ھەمراھ قىلىنىپ، تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن: يەھۇدى دىنى، خىرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنلىرىدا ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادا جاپا ـ مۇشەققەتلىك ھاياتنى باشتىن كەچۈرىشى دەل ھەۋۋانىڭ ئىزىشىنىڭ ۋە جەننەتتىن قوغلىنىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى چۈشەنچىلىرىدىمۇ يۇقىرىقى قاراش سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىبتىدائىي دەۋرلەردىكى ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئىقتىدارى قەبىلە ۋە قەۋملەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدىكى تۈپ ئاساس دەپ تونۇپ، ئاياللار ۋە ئايال جىنسقا تېۋىنىش قارىشىنىڭ ئەكسىچە، كېيىنكى دەۋرلەردە ئاياللار ھەم ياخشىلىق ھەم يامانلىقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە تونۇلدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا شەكىللەنگەن پەرھىزلەر ئاياللارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن نىزاملارغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇيغۇرلاردا تارىختىن بېرى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي بەك تۆۋەن بولغانىمۇ ئەمەس. لېكىن يەنە ئاياللارغا قارىتىلغان بىر قاتار پەرھىزلەر تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ پەرھىزلەر تۈپ مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئاياللارغا بېسىم ئىشلىتىشنىڭ ئادەت شەكلىدىكى ۋاستىسى بولۇپ قالغان.

ئاممىۋىي پائالىيەتلەر جەھەتتە، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇيغۇر ئەرلىرىگە قارىغاندا ئىجتىمائىي يىغىلىشلارغا، ئاممىۋىي ئويۇنلارغا ئازراق قاتنىشىدۇ. مەسىلەن، بارلىق ئۆلۈم مەرىكىلىرىگە (دەپنە مۇراسىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئاياللار ئىشتىراك قىلمايدۇ. قوچقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، ھېيت

بايراملاردىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇل (ساما ئۇسۇلى) قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئاياللار قاتناشمايدۇ ياكى قاتناشتۇرۇلمايدۇ. ئاياللارنىڭ مۇنداق پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقى شۇ سەۋەبتىنكى، چۈنكى مۇنداق ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئاسانلا ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش ئېھتىمالىنى پەيدا قىلىدۇ، ياكى خەلق نەزىرىدە مۇنداق ئىشلارغا قاتنىشىش ئاياللارنىڭ ئەخلاقى، تەبىئىتىگە ماسلاشمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتتە ئاياللارغا قارىتىلغان بىر قاتار پەرھىزلەر بار. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىشى پەرھىز قىلىنىغان. ئادەتتە ئەر ـ ئاياللار بىللە مېڭىشقا توغرا كەلسە ئەرلەر ئالدىدا، ئاياللار ئارقىدا ماڭىدۇ. ئۆتۈپ كېتىشكە توغرا كەلگەندىمۇ ئەرلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئۆتمەيدۇ. بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بىللە ماڭغاندىمۇ ئەر ئالدىدا، ئايال ئارقىسىدا ماڭىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاياللارنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇپ، كۆكرىكىنى كېرىپ مېڭىشى ئىنتايىن يامان ئېلىنىدۇ. زىيادە چوڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىش، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىش، كۈلۈپ مېڭىش، ئۇياق ـ بۇياققا توختىماي قاراش ـ بۇلار ئاياللار ئۈچۈن پەرھىزلىك ھەركەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ئاياللارنىڭ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. يۈكۈنۈپ ياكى ساغرىسىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى پۇتىنى بىر تەرەپكە قويۇپ يانچە ئولتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئاممىۋى سورۇندا چۈشكۈرۈشى، ئۇخلىغاندا خورەك تارتىشى ياخشى ئەھۋال ھېسابلانمايدۇ.

ئاياللارغا قارىتىلغان جىنسىي كەمستىش ۋە جىنسىي بېسىم يەنە ئاياللارنىڭ ھېيزدارلىق مەزگىلىدىكى ھەرىكەت، سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىغا قارىتىلغان پەرھىزلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھېيزدارلىق مەرگىلىدە دىنىي قائىدە بويىچە ناماز ئوقۇمايدۇ، ئېرى بىلەن جىما قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ باشقىلار ئۇستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى پەرھىز قىلىنىدۇ ۋە مۇشۇنداق قىلىپ سالسا ئاتلانغۇچىنىڭ يۈزىگە داغ چۈشىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. ھەيزدار ئاياللار "ناپاك ئادەم" لەر دەپ قارىلىپ  ئۇلارنىڭ بەزى دېھقانچىلىق ئەمگىكى، تاماق ئېتىش، نەزىرە ـ چىراق، ئۆلۈم ـ يېتىم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى چەكلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا ھېيزدارلىق مەزگىلىدە ئىشلەتكەن ماتېرىياللارنى باشقىلار كۆرىدىغان ئۇچۇق يەرگە قويۇش قاتتىق پەرھىزلىك ئىش بولۇپ، بۇ پەرھىزگە خىلاپلىق قىلىش بىر ـ قاتار "يامان ئاقىۋەت" لەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەخلاقىي جەھەتتە بۇ شۇ ئايالنىڭ چوڭ ئەيىبىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى،

ھېيىزدارلىق ناپاكلىق بولغاچقا، بۇ مەزگىلدە بەلگىلەنگەن بىر قاتار پەرھىزلەر ئاياللارغا قارىتىلغان جىنسىي بېسىمنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن.

جىنسىي كەمستىشكە، جىنسىي بېسىمغا ئائىت پەرھىزلەر يەنە ئەخلاق شەكلىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار قىز ـ ئاياللارنىڭ يۈزىنىڭ تۈۋەن، نومۇسچان، تارتىنچاق بولۇشىنى ئەخلاق ئۆلچىمى دەپ تونۇپ، قىزلارغا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنى چەكلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ. ئوغۇللار ۋە ئەرلەر ئۈچۈن بولسا يوقۇرىقىلار مەسىلە سۈپىتىدە قارالمايدۇ. ئەرلەر ۋە ئوغوللار ئۈچۈن دادىللىق، نومۇسنى ساقلىغان ئاساستا شجائەتلىك بولۇش ياخشى ئەدەب جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، قىزلار ئۈچۈن توي قىلىشتىن ئىلگىرى قىزلىق ئىپپىتى يوقۇتۇش ئۈچىغا چىققان ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، دەل مۇشۇ تەلەپ ئوغۇللارغا نىسبەتەن بەك قاتتىق ئەمەس. گەپ ـ سۆز جەھەتتە خوتۇنلار ئەرلىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرمايدۇ. بىراق ئەرلەر ئاياللىرىنىڭ ئىسمىنى خالىغانچە چاقىرسا بولىۋېرىدۇ. ۋەھەكازالار.

بىز ھەرقايسى بۆلەكلەرگە مەنسۇپ پەرھىز ئادەتلەرنى تەھلىل قىلغان چېغىمىزدا تەكرارلىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ يەردە ئاياللارغا قارىتىلغان كەمستىش، بېسىم تۈسىنى ئالغان پەرھىزلەرنىمۇ يەنىمۇ تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلمايمىز. دەرۋەقە، جەمئىيەتتىكى ھەممە كىشلەرنىڭ ئاياللارغا قارىتا بەلگىلەپ بەرگەن چەكلىمىلىرى ياكى ئاياللار ئۆزلىرىگىمۇرئايە قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارايدىغان پەرھىزلەردە تەكشىسىزلىك مەۋجۇد. نۇرغۇن ئىلغار پىكىرلىك كىشلەر ئەزەلدىن ئاياللارغا بېسىم ئىشلىتىش خاراكتېرلىك پەرھىزلەردىن ۋاز كەچكەن. ئاياللارغا بېسىم شەكىللەندۈرىدىغان ھەددىدىن ئاشقان پەرھىزلەر پەقەت مەلۇم كىشلەر ئارىسىدا ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار ھېلىھەم شۇنداق بويۇنتۇرۇقلار ئىسكەنجىسىدە ياشاپ كەلمەكتە. دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاياللارنى ھاقارەتلەش خاراكتېرلىك كۆپلىگەن پەرھىزلەردە ئۆزگىرىش بولغان، ھەمدە باراۋەرلىك، "يېرىم دۇنيالىق" ئىدىيىسى ئاياللار ئىدىيىسىدە تەدرىجى ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، بىراق قاتمال ۋە جاھىل ئادەت تۈسىنى ئالغان يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەر ھېلىھەم كەڭ تۈردە ساقلانماقتا. ھالبۇكى، مۇنداق پەرھىزلەر ئادىتى ئۇرپ ـ ئادەت ساھەسىدىلا ئەمەس، يەنە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ زامانىۋىي تەرەپلىرىدىمۇ ئىزچىللىقنى ساقلاپ كېلىۋاتقان

مەسىلىدۇر.

ئەر ۋە ئاياللارغا قارىتىلغان يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم "مۇقەددەس" ساھەلەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا ئوخشاشلا بىر قاتار ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆزلەردىن ساقلىنىش ھەققىدىكى چەكلىمىلەر بار. مۇتلەق كۆپ قىسىم تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى ۋە دىنىي مەجبۇرىيەت ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە. مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنى ئىچىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئوخشاشلا ئۆتىشى، نۇرغۇن پەرھىزلەرگە ئوخشاشلا رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنغان. شۇڭا مەيلى مۇقەددەس نەرسىلەر بولسۇن، مۇقەددەس جايلار بولسۇن، ياكى جىددىي ۋە دىنى تۈس ئالغان ئاممىۋىي پائالىيەتلەر (مەسىلەن، ئۆلۈم ـ يىتىم مۇراسىملىرى، نەزىرە- چىراغ) بولسۇن، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاشلا بىر قاتار چەكلىمىلەرگە بويسۇنۇشى شەرت. مۇنداق مەجبۇرىيەت دىن تەرىپىدىلا ئەمەس، بەلكى ئادەت قانۇنى (تۆرۈ) شەكلىنى ئالغان مۇراسىملار، خۇراپىي قاراشلار تەرىپىدىنمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە مۇستەھكەملەنگەن

*****************************************************

بىز جىنسىي پەرقكە ئاساسەن شەكىللەنگەن پەرھىزلەر ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىسە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز:

بىرىنچى، جىنسىي پەرققە ئائىت پەرھىزلەر ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەر- ئاياللىق جىنسىي پەرقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ مەۋجۇدلۇق ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇلارغا يەنە مەلۇم دەرىجىدە ئاياللارغا قارىتىلغان جىنسىي كەمسىتىش ۋە بېسىم پوزىتسىيەسى سىڭگەن. تۆۋەنتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ خىلدىكى پەرھىز ئادەتلىرى ئاياللارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئېڭىدىمۇ ئۆزلىرىنى كەمسىتىش ئەھۋالىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، ھەقىقىي ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن ئۆرپ ـ ئادەت كاتېگورىيىسىدىنمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش ھەم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، جىنسىي پەرققە ئاساسەن شەكىللەنگەن پەرھىزلەر باشقا ئۆرپ ـ ئادەت ھادىسىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان نەرسە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئۇنىڭ ئىزنالىرى بار. ئۇنىڭ

ئۆستىگە جىنسىي پەرقىگە ئائىت پەرھىزلەر ئىنسان ئېتىكا سىستېمىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن پاترىئارخاللىق جەمئىيەت باسقۇچلىرىدا ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كۈچلەر تەرىپىدىن مۇستەھكەملەنگەن، دىنلار تەرىپىدىن شەرھلەنگەن، ئەرلەر تەرىپىدىن مەجبۇرلانغان، ئائىللار بولسا ئەخلاق ئۆلچىمى سۈپىتىدە بەجا كەلتۈرۈپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. شۇڭا مۇنداق پەرھىزلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا - قويۇقلا سەلبىي نەرسە قاتارىغا چىقىرىۋېتىش ئەقىلغە مۇۋاپىق بولمايلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى تۈپتىن تۈگىتىش خېلى ئۇزاققىچە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر.

## 3. جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئىنسانلار ھايۋاناتلاردىكى نوقۇل نەسىل قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەبىئىي تەقەززاسى ئاستىدىكى ئاڭسىز جىنسىي ئالاقىدىن پەرقلىق ھالدا، ساپ نەسىل قالدۇرۇشتىن ھالقىپ، جىنسىي ئالاقە مەسىلىسىگە شەھۋانىيلىق، ئەخلاق، تۈزۈم شەكلىدە مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. ئىنسانلار جىنسىي ئالاقىدىن قورقۇش، ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇپ چوقۇنۇش، قاتتىق چەكلەش، ئىلمىي ھالدا تونۇش قاتارلىق باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈردى. جىنسىي ئالاقە مەسىلىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن شۇنداق قوش خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىدىكى، ئۇ قەدىمكى زامانلاردا ھەم چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى، ھەم تارىختىن بېرى پاسكىنا، ناپاك قىلىق دەپمۇ چەكلەندى.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمۇ تارىختىن بۇيان جىنس ۋە جىنسىي ئالاقە مەسىلىسىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن. رايونىمىز تەۋەسىدىن بايقالغان قىيا تاش سۈرەتلەردىكى جىنسىي ئەزا ۋە جىنسىي ئالاقە تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلاردىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەلۇم چاغلىرىدا جىنسقا تېۋىنىش ئىشەنچلىرىدە بولغانلىقىنى بىلسەك، كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردە دىنىي كۆز قاراش ۋە ئەخلاقىي مىزانلار سەۋەبىدىن جىنسىي ئالاقىنىڭ قاتتىق نازارات قىلىنغانلىقىنى، ناپاك دەپ قارىلىپ پىنھان تۇتۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن، جىنسىي ئالاقە مەسىلىسىگە قارىتا ھەم ئىلمىي ھەم خۇراپىي تەركىبلەر ئارىلاشقان بىر قاتار نىزاملار ۋە چەكلىمە (پەرھىزلەر) بارلىققا كەلدى. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئىشەنچلىرىدىكى

جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت پەرھىزلەرنى بىر قانچە نۇقتا بويىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. نىكاھتىكى جىنسىي ئالاقىگە ئائىت پەرھىزلەر

تارىختىن بېرى جىنسىي ئالاقە بىلەن نىكاھنىڭ مۇناسىۋىتى بارچە ئېتىكا سېستىمىلىرىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولۇپ كەلدى. نىكاھنىڭ بارلىققا كېلىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا جىنسىي ئالاقىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، جامائەت ئەخلاقىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشىدۇر. ئومۇمەن، نىكاھ قىلىش چەكلەنگەن بارلىق ئوبيېكتلار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي ئالاقىنىڭ ئۆتۈلۈشى چەكلىنىدۇ. شۇڭا، نىكاھ پەرھىزلىرى مەلۇم دەرىجىدە جىنسىي ئالاقە پەرھىزلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇيغۇرلار خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىنتايىن قەدىمكى دەۋرلەردىكى توپ نىكاھلىق تۈزۈمى شارائىتىدىكى قالايمىقان جىنسىي ئالاقىدە بولۇش باسقۇچىدىن تارتىپ، مانى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىكى ھەرقانداق شەكىلدىكى جىنسىي ئالاقىدىن قەتئىي چەكلىنىش باسقۇچلىرىغىچە، ۋە كېيىنكى ئىسلامىي شارائىتتىكى "جىما" ۋە "زىنا" دەپ ئاتالغان قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز جىنسىي ئالاقىلەر باسقۇچىغىچە تەدرىجىي قائىدە يوسۇن ۋە تىبابەت تۈسىنى ئالغان جىنسىي ئالاقە جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى. ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن جىنسىي ئالاقىگە قارىتا ئىشەنگەن مەزگىللەردە جىنسىي ئالاقىنى "ئىنتايىن قەبىھ ۋە يامان قىلىق"، " ناپاك ئىش" دەپ قاراپ، جىنسىي ئالاقىدىن قەتئىي چەكلەنگەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن جىنسىي ئالاقىگە قارىتا پوزىتسىيەدە روشەن ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئىسلام دىنى قۇدرىتى يەتكەن كىشىلەرنىڭ توي قىلىپ نورمال جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىكاھتىن سىرت ھەرقانداق جىنسىي ئالاقىنى قەتئىي چەكلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت ئېتىقادىدىكى پۈتۈن جەرياندا نىكاھ ئىچىدە نورمال جىنسىي ئالاقىدە بولۇشنى، ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدا قارشى تەرەپنىڭ جىنسىي ئىستىكىنى قاندۇرۇشنى گۈزەل ئەخلاق دەپ تونۇپ، نىكاھ قىلىشقا بولىدىغان ئوبيېكتلاردىن سىرت ئوبيېكتلار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنى ئىنتايىن قەبىھلىك، ھايۋانىيلىق، ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىق دەپ قاتتىق چەكلىنىپ كەلدى.

### 2. نىكاھتىن سىرتقى جىنسىي ئالاقىگە ئائىت پەرھىزلەر

دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەردە دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىماي، نىكاھ سىرتىدىكى

ھەرقانداق كىشى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش ئىنتايىن چەكلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئەڭ چوڭ ئەخلاقىي مەسىلە بولۇپ، ئۇنى چەكلەش ئىنسانغا خاس تەبىئەت ۋە خىسلەتكە ئايلانغان. نىكاھ دائىرىسىدە بولمىغان كىشىلەر بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، توي قىلىشتىن بۇرۇن جىنسىي ئالاقە قىلىش؛ يەنە بىرى، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچىنچى كىشى بىلەن (كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمدە نىكاھىدىكى بارلىق خوتۇنلاردىن باشقا ئاياللار بىلەن) جىنسىي ئالاقە قىلىش. نىكاھتىن سىرتقى جىنسىي ئالاقىنى چەكلەش پەرھىزىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا توي قىلماي تۇرۇپ جىنسىي ئالاقە قىلىشنى چەكلەش پەرھىزى بىلەن  توي قىلغاندىن كېيىن نىكاھتىن سىرتقى باشقا كىشى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنى چەكلەش پەرھىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام دىنىدا جىنسىي ئالاقە "جىما" ۋە "زىنا" دەپ ئايرىلىدۇ."جىما" دېگىنى ئەسلىدە ئەرەبچە ئىبارە بولۇپ، " ئەر- خوتۇنلارنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، قوشۇلۇشى" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئەرنىڭ شەرىئەت قائىدىسىگە ئاساسەن نىكاھلاپ ئالغان ئايالى بىلەن قىلغان جىنسىي ئالاقىنى كۆرسىتىدۇ. "زىنا" بولسا ئۆز خوتۇنىدىن ياكى ئۆز ئېرىدىن سىرت (توي قىلمىغان بولسا ھەرقانداق يات جىنس بىلەن) كىشى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. زىنا بولسا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئېغىر گۇناھلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ دائىم ئېيتىلىدىغان "گۇناھى كەبىر" (چوڭ گۇناھ) لار ئىچىدىكى ئەڭ يامىنىنىڭ بىرىدۇر.

مەقسەدنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، نىكاھ ئوبيېكتى دائىرىسىدىن ھالقىپ قىلىنىدىغان جىنسىي ئالاقە، يەنى زىنا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلىش ۋە جۈپتىدىن باشقا كىشى بىلەن زىنا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار توي قىلمىغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ زىنا قىلىشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار زىنادىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن قەدىمدىن تارتىپلا بالدۇر توي قىلىشتەك ئادەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.  ئۇيغۇرلار مەيلى دىنىي تەلەپ جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئادەت كۈچى جەھەتتىن بولسۇن، قىزلارنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇن زىنا قىلىشنى قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلىپ قويغان قىزلار (مەيلى ئىختىيارىچە بولسۇن ياكى مەجبۇرىي بولسۇن) خەلق ئارىسىدا ناھايىتى يامان ئاتىلىق بولۇپ قالىدۇ. توي قىلماقچى بولغان يىگىتلەرمۇ لايىقىنىڭ قىز بولۇشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ. يېقىنقى چاغلارغىچە ئۇيغۇرلاردا توي كېچىسى قىزنىڭ ئاستىغا ئاق رەڭلىك رەخت

قويۇپ، ئاققان قىزلىق قېنىنى ئەتىسى يىگىتنىڭ ئانىسىغا ياكى يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىگە كۆرسىتىپ خوتۇنىنىڭ قىز چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان، ئەگەر خوتۇن قىز بولماي قالسا (يەنى ئىپپىتى ئىلگىرىلا يوقالغان بولسا) ئۇنى توي ئەتىسى تالاق قىلىپ قويىۋېتىدىغان ياكى ھەتتا قاتتىق ئۇرۇپ ئاندىن كىشلەرگە بىلدۈرۈپ ھەيدىۋېتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇد ئىدى. بۇ خىل قاراش ھازىرمۇ ئىنتايىن مۇستەھكەم ھالەتتە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا. شۇڭا قىزلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاشقا ئىنتايىن دىققەت قىلىپ، كىشلەر ئالدىدا ئۇياتقا قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، تويدىن بۇرۇن زىنا قىلماسلىق تەلىپى ئوغۇللارغا نىسپەتەن قىزلارغا قارىغاندا يەڭگىلرەك. خەلق ئارىسىدا ئوغۇللارنىڭ زىنا قىلىشى ئەگەر ئاشكارە بولۇپ قالمىسىلا ئوغۇللارغا ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغان ئىش ھېسابلانمىغان. شۇنداقتىمۇ خەلق ئوغۇللارنىڭ تويدىن بۇرۇن  زىنا قىلماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بالاغەتكە يەتكەن ھامان توينى قىلىشقا ئالدىرىغان. ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرى توي قىلىش يېشىنىڭ نىسبەتەن كىچىك بولۇشى ئەنە شۇ پەرھىز ئاساسىدا شەكىللەنگەن .

توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن جۆرىسىدىن باشقا ئادەم بىلەن قىلىنغان زىنامۇ ئەلۋەتتە نىكاھتىن سىرت جىنسىي ئالاقىنىڭ ئاساسىي شەكلىدۇر. جۈپىدىن باشقا كىشى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش ئىنتايىن قەبىھ ۋە ئەخلاقسىز ئىش بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن جەمەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىبەتنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇندىن قالسا، بۇنداق قىلىق شەخسنىڭ سالامەتلىكىگە، ئائىلىۋىي ھېسياتىغا قەبىھ تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئائىلە بۇزۇلۇپ، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ، تەرتىپىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت، ھەرقانداق بىر دىن ۋە ھەرقانداق بىر سىياسى قانۇنسىز جىنسىي ئالاقە (زىنا) غا قارىتا كەڭچىلىك ياكى مەيلىگە قويىۇۋېتىش پوزىتسىيەسىنى تۇتقان ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئىسلامىي ئەھكام بويىچە تارىختىن بېرى زىنانى قاتتىق چەكلەپ كەلگەن. بىرەر ئەر ئايالنىڭ  باشقا ئەر بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ قالسا ياكى تۇتىۇۋالسا ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان، ياكى دىنىي شەرىئەت ئۇلارنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىدىغان ئەھۋاللار پات ـ پات بولۇپ تۇرغان. شەرىئەت تەرىپىدىن جازاغا ئۇچرىمىغان تەقدىردىمۇ، كىشلەر بىلىپ قالسا، زىناخورنىڭ خەلق ئارىسىدا يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشى ھەقىقەتەن تەس

بولغان.

نىكاھ سىرتىدا زىنا قىلىشنىڭ يەنە بىر شەكلى ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ زىنا قىلىشىدۇر. بۇ "لەۋۋاتلىق" ياكى "لىۋاتە" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىنسان تەبىئىيتىگە مۇخالىپ كېلىدىغان، بارلىق جەمئىيەتلەردە بىردەك قارشى تۇرۇلغان قىلىقتۇر. نۆۋەتتە غەرب ئەللىرىدە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشى ۋە زىنا قىلىشى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان بىر يامان ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇمۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئايال جىنسلىقلارغا قارىغاندا ئەر جىنسلىقلار ئارىسىدا لەۋۋاتلىق كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىمۇ ئەرلەرنىڭ لەۋۋاتلىق قىلىش ھادىسىسى ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدۇ. بىراق ئۇمۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەر لەۋۋاتلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز. ئۇيغۇرلار مۇنداق كىشىلەرنى "قوڭچى"، "ھېجىقىز" دەپ ھاقارەتلىك ئاتايدۇ، ھەمدە مۇنداق كىشىلەرنى ئىنتايىن پەس كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن بولغان ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئالاقىنى ئۈزىدۇ. نىكاھ ئوبيېكتىنى تاللاشقا ئالاقىدار پەرھىزلەردە لايىق سۈپىتىدە تاللاش چەكلەنگەن ئوبيېكتنىڭ بىر ئوخشاش جىنسلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ زىنا قىلىشىنى چەكلەش كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا قاتتىق پەرھىز قىلىنىدىغان ئىش ھېسابلانغان.

### 3. جىماغا ئائىت پەرھىزلەر

زىنا ئۇيغۇرلاردا قاتتىق چەكلەنگەندىن باشقا، قانۇنلۇق ۋە ھالال نىكاھلىق ئەر - خوتۇنلارنىڭ جىما قىلىشىغا ئائىت ھەم بىر قاتار پەرھىزلەر بار. بۇ پەرھىزلەرنىڭ بەزىلىرى ساغلاملىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بەزىلىرى جىنسىي پائالىيەتنى مۇقەددەس ئىش دەپ قارىغانلىقتىن شەكىللەنگەن، يەنە بەزىلىرى بولسا جىنسىي پائالىيەتنى پاسكىنا، ناپاك ئىش دەپ قارىغانلىقتىن كېلىپ چىققان. جىمانىڭ ۋاقتى، ئورنى، شارائىتى، ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا بويىچە شەرھىلەپ ئۆتىمىز.

**جىماغا ئائىت ساغلاملىق پەرھىزلىرى:** بەزى چاغلاردا جىما قېتىم سانى كۆپ بولمىغان تەقدىردىمۇ بۇ ئىش سالامەتلىككە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈفى مۇئەللىپلىكىدە مەيدانغا كەلگەن «ئۇيغۇر تىبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى دەرسلىكى»، قەدىمكى قوليازمىلار ۋە ئۇيغۇرچىغا پارس ھەم ئەرەب

تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان تىبابەتكە ئائىت كىتابلاردا بىردەك جىما قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ۋە پەرھىزلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار: كېسەللىكتە، ئەقەللىيسى زۇكام بولۇپ قالغان چاغدىمۇ جىما قىلماسلىق؛ قورساق ئاچ ياكى بەك توق ۋاقتىدا جىما قىلماسلىق؛ ئايال ھەيىزدار مەزگىلىدە جىما قىلماسلىق؛ نەفاس مەزگىلىدە جىما قىلماسلىق؛ زەئىپ ۋە ھارغىن چاغدا جىما قىلماسلىق؛ جىمادىن كېيىن سوغۇق نەرسىلەرنى يېمەسلىك، ئىچمەسلىك؛ جىمادىن كېيىن سوغۇق سۇدا ئىستىنجا قىلماسلىق؛ ئۆزىدىن چوڭ ياشتىكى كىشىلەر بىلەن جىما قىلماسلىق؛ نامۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن جىما قىلماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مۇنداق پەرھىزلەرنىڭ ھەممىسىدە ئادەمنىڭ ساغلاملىقى چىقىش قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارغا رىئايە قىلىنمىغاندا مۇقەررەر ھالدا تۈرلۈك كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

**جىمانى ناپاك دەپ قاراشقا ئائىت پەرھىزلەر:** دۇنيادىكى مىللەتلەر جىنسىي ئالاقىنى سالامەتلىك نۇقتىسىدىن كۆزىتىشتىن، ئۇنى مۇقەددەس ئىش دەپ قاراش بىلەن بىللە، يەنە جىنسىي ئالاقىنى ئىنتايىن ناپاك ئىش، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك. مەنىي چىقارغان، بىراق يۇيۇنۇپ بەدىنىنى يۇمىغان ئادەمنى ئۇيغۇرلار "جۇنۇپ ئادەم" دەپ ئاتايدۇ. مۇنداق ھالەتنى "جانابەتلىك" دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆز ئەرەبچىدىن ئۆلەشكەن بولۇپ، "بۇلغانماق، ناپاك بولماق"مەنىلىرىگە ئىگە. بۇسۆز مەخسۇس مەنىي ئېقىپ چىقىش بىلەن ناپاك بولغان ئادەمگە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىمۇ مەنىي ئېقىتقان ئادەمنى ناپاك دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار بار ئىدى. بۇ ئەھۋالنى مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىدە "ئەلىقتى" سۆزىنى شەرھلىگەندە تىلغا ئالغان. («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 _ توم 257 ـ بەتكە قارالسۇن.)

ئىسلام دىنىدا جۇنۇپ ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇشى چەكلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قۇرئان» ئوقۇشىمۇ چەكلىنىدۇ. جۇنۇپ ھالەتتە ھەرقانداق دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلمايدۇ، تائام يېمەيدۇ، قۇرۇلۇش قىلمايدۇ، تىجارەت قىلمايدۇ، ھۈنەر قىلمايدۇ، مالمۇ باقمايدۇ، سەپەرگە چىقمايدۇ، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم مۇراسىملىرىگە قاتناشمايدۇ. ... قىسقىسى ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. جۇنۇپ ئاياللارمۇ يوقۇرىقىدەك ئىشلارنى قىلىشتىن پەرھىز قىلغاندىن باشقا يەنە بالا ئېمىتمەيدۇ، تاماق ئەتمەيدۇ. جۇنۇپ ئادەملەرگە ئالاقىدار پەرھىزلەرنىڭ ئىككىنچى تەرىپى بولسا باشقا پاك ئادەملەرنىڭ جۇنۇپ

كىشىلەرگە يېقىنلاشماسلىقىدۇر. كىشىلەر بىرەر ئەر ياكى ئايالنىڭ جۇنۇپلۇقىنى بىلسە، ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ ئۆز بەدىنىگە تېگىپ كېتىشىدىن پەرھىز قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلمىغاندا جانابەتلىك پاك ئادەمگىمۇ يۇقۇپ ئۇمۇ پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىنتايىن تىپىك پەرھىز ئادىتى بولۇپ، بۇ ئىبتىدائىي سېھرىي تەپەككۇردىكى سىرلىق كۈچ قۇۋۋەتنىڭ تارقىلىشچانلىقىغا ئىگە بولۇشىدەك قەدىمىي قاراشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**جىنسىي ئالاقە چاغلىرىغا ئائىت پەرھىزلەر:** جىنسىي ئالاقە ياكى جىما ئادەم تېنىنىڭ ۋە كەيپىياتىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە ھەرىكەتكە كېلىشى، ئۆزگىرىشىنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولغاچقا، ئەمگەك ۋە كەيپىيات ئېھتىياجىدىن جىمانى قانداق چاغدا قىلىش، قانداق چاغدا قىلماسلىقتا ئائىت ھەم بىر قىسىم بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا چىققان. يەنە بىر تەرەپتىن، خۇراپىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن مەلۇم ئاي، مەلۇم كۈن مەلۇم چاغ (سائەت) لەرنى مۇقەددەس دەپ قاراش بىلەن جىمانىڭ ناپاك ھەرىكەت دەپ قارىلىدىغانلىقى قوشۇلۇپ، مۇقەددەس چاغلاردا جىما قىلماسلىققا دائىر ھەم بىر قاتار پەرھىزلەر شەكىللەنگەن. جىما ئادەمنى ناپاك قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەددەس چاغلاردا جىما بىلەن شۇغۇللىنىش شۇ كۈنلەرگە، ئايلارغا ۋە چاغلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار مۇقەددەس دەپ كېلىۋاتقان ۋاقىتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىدىكى مەلۇم خاتىرە ـ بايرام كۈنلىرى، ئۇلۇغلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرى، ئاممىۋىي يىغىلىش كۈنلىرى، مۇھىم دىنىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان چاغلار بولۇپ، بۇ چاغلاردا جىما قىلىش خەلق نەزىرىدە چوڭ ھاقارەتلىك ئىش سانىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم بولغاندىن كېيىن مەلۇم مەزگىلگىچە جىمادىن چەكلىنىدۇ. جىنسىي كۆڭۈل ئېچىش ئىشى ياكى ناپاك ھەركەت دەپ قارالغانلىقتىن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كەم دېگەندە قىرىق كۈنگىچە جىما قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

**جىنسىي ئالاقە ئورۇنلىرىغا ئائىت پەرھىزلەر:** ئۇيغۇرلاردا جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان ئورۇنلارغا قارىتا ھەم قىسمەن بەلگىلىمىلەر بار. روشەنكى، ھازىرقى زاماندىكى مەدىنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ جىنسىي ئالاقە پائالىيىتى ئىبتىدائىي ئىنسانلارنىڭ جىنسىي ئالاقە پائالىيىتىدىن مەقسەد ۋە مۇددىئا جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەرنىڭ بىرى دەل مەدىنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ جىنسىي

ئالاقىنى ئۈچىنچى بىر كىشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىشىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەر- خوتۇنلار ئارىسىدىكى جىمانى ئىنتايىن يوشۇرۇن ئېلىپ بارىدۇ. كىشلەرنىڭ جىما قىلىش ئىشىنى كۆرۈپ قېلىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش كەم دېگەندىمۇ جىما قىلغۇچىنىڭ كەيپىياتىنى بىر ئىزىدا ساقلاش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلار بالىلىرى مەلۇم ئىشلارنى ئۇققۇدەك بولغاندىن باشلاپلا ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە ياتمايدۇ. جانابەتلىكتىن پاك بولۇش ئۈچۈن غوسلى قىلىشتىمۇ، بۇنى باشقا ھەرقانداق كىشىگە بىلدۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇرلار مېۋىلىك دەرەخنىڭ تۈۋىدە، ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان ئوچۇقچىلىقتا جىما قىلىشتىن پەرھىز قىلغاندىن باشقا، يەنە ھەرخىل دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى (مەسچىد، خانىقا)، زىرائەت تېرىلىدىغان ئېتىزلار، مال قوتىنى، قەبرىستانلىق، مازار، "ئوردام سەيلىسى" قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ سورۇنلىرى ... قاتارلىقلاردىمۇ جىما قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش شۇ جايلارغا قىلىنغان ئېغىر ھاقارەت بولۇپ، خەلق تەرىپىدىن ئىنتايىن يامان كۆرىلىدىغان قىلىقتۇر.

**جىما قىلىش ئۇسۇلىغا ئائىت پەرھىزلەر:** جىما قىلىش جىنسىي ئىستەكنى قاندۇرۇش ۋە ئەۋلادقا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان فېزىئولوگىيىلىك ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ بەدەن چېنىقتۇرىدىغان گىمناستىكا ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىلمىدە نامۇۋاپىق جىما شەكىللىرى چەكلەنگەن ۋە بۇنداق ئۇسۇللار مەلۇم كېسەللىككە سەۋەبچى بولىدۇ، دەپ قارالغان. يەنە بەزى قاراشلاردا بولسا نامۇۋاپىق جىما شەكىللىرى شۇ شەخستە ۋە پەرەنتتە يامان قىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ، دېيىلگەن . بۇ جەھەتتە يەنە ناۋادا ئەر - خوتۇن ئىككەيلەن بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە جىما قىلسا، شۇ چاغدا تۆرەلگەن بالا قىز بولىدۇ دەيدىغان بىر خۇراپىي ئىشەنچمۇ باردۇر.

ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تىبابىتىدە جىما قىلىش شەكلى ھەققىدىمۇ بەلگىلىك نىزاملار بار. جۈملىدىن قانداق ئۇسۇلدا جىما قىلىش ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە بىۋاستە مۇناسىبەتلىك دىگەن پىكىر باشتىن ئاخىر تەكىتلىنىپ كەلگەن. بۇ يەردە قىستۇرما تەرىقىسىدە مۇسۇلمان دۇنياسىدا بەك مەشھۇر بولغان ۋە يېقىنقى مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزبېك تىلىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن جىنسىيەت ھەققىدىكى ئەسەر «ئەشيالار خاسىيىتى، ۋىسال لەززىتى» دىكى جىما ئۇسۇلىغا ئائىت بايانلارنى نەقىل تەرىقىسىدە كۆرسىتىمىز. شۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: "جالىنۇس ۋە پۇقرات (سوقرات) ھېكىم ئۆز كىتابلىرىدا شۇنداق

بايان قىلىدۇ: ئۆرە تۇرۇپ ئالاقە قىلىش بىر مۇنچە ئىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە يانپاشلاپ يېتىپ ئالاقە قىلغاندا، بۆرەك كېسىلى پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۇرۇقنىڭ خام چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئايالنى دۈم ياتقۇزۇپ قويۇپ ئالاقە قىلىشمۇ دووسۇن ئاغرىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سۈيدۈك يوللىرىدا تاش پەيدا قىلىدۇ. ھەركىم خوتۇنى بىلەن بىللە بولۇۋاتقاندا، ھېرىسمەنلىك ۋە شەھۋەتپەرەسلىك بىلەن ئۇنىڭ ئۇياتلىق يېرىگە قارىسا، كۆپىنچە پەرزەنتى كور تۇغۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دەججالنىڭ كور بولۇشى ئاتىسىنىڭ شۇ ئەسكى قىلىقنى قىلىپ قويغانلىقىدىن بولغان ئىكەن. بۇنداق قىلىقسىزلىقتىن جەزمەن ساقلىنىش لازىم. كىمكى خوتۇن بىلەن ھەر ئىككى ياقتىن ئالاقە قىلسا، شۇ لەنەتكە گىرىپتار بولغۇسىدۇر، ناۋادا پەرزەنتلىك بولسا، ئاغزى ۋە قولتۇقى بەدبۇي پۇرىدىغان بولۇپ تۇغۇلىدۇ. ..."[1] ئۇندىن باشقا جىما قىلغاندا خۇشپۇراق، گۈزەل نەرسىلەرگە قاراش، پۇراش، تۇغۇلغان بالىنىڭ چىرايلىق، خۇشپېئىل بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغانلىقى سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇ ئىبتىدائىي ئەمچىلىك بىلەن كېيىنكى زامان مىللىي تىبابىتىنىڭ "ئوخشاش نەرسە ئوخشاش ئۇنۇم پەيدا قىلىدۇ، ئوخشاش نەرسە ئۆزىگە ئوخشاش نەرسىگە داۋا بولىدۇ" دېگەن تۈپ قاراشىنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

ئۇيغۇرلاردا جىما قىلىشتا خوتۇنىنىڭ ئارقا پىشابىگە جىما قىلىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى بۇ بىر كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇ ئىسلام دىنىدا قاتتىق مەنئىي قىلىنغان بەد قىلىقتۇر. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ ھەقتە ئېنىق كۆرسەتمىلەرمۇ بار. («ھەدىس» كىتابلىرىنىڭ نىكاھقا ئالاقىدار قىسىملىرىغا قارالسۇن.)

ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئائىت كىتابلاردىمۇ بۇنىڭ ئىنتايىن قەبىھ ئىللەت ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىن قەتئىي ساقلىنىش لازىملىقى قاتتىق تەكىتلەنگەن.

قىسقىسى، قانداق شەكىلدە خوتۇنى بىلەن جىما قىلىش شەخسنىڭ ھەۋىسى ۋە تالللىشى بولۇپ، ئۇنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەت بىلەن ھېچقانداق مەنپەئەت توقۇنۇشى بولمىسىمۇ، بىراق ئەخلاق، نومۇس كۈچى، ساغلاملىق قارىشى ۋە كەيپىيات نۇقتىسىدىن يۇقىرىقىدەك بىر قىسىم پەرھىزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ ئىش شەخسىي ۋە مەخپىي ئىش بولغاچقا خەلق ئارىسىدا ئادەت شەكلىنى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ

[1] «ئەشيالار خاسىيىتى، ۋىسال لەززىتى»، ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 61 ـ بەت.

ئۇ ھەممە ئادەم دىگۈدەك چىتىلىدىغان ھەرىكەت بولغاچقا ئۇنىڭ ئاممىۋىيلىقى يوشۇرۇن ھالەتتە بولىدۇ.

*************************************************************

جىنسىي ئالاقىگە ئائىت پەرھىزلەر ئىنتايىن قەدىم تارىخقا ئىگە پەرھىز ئادىتى بولۇپ، ئۇ توتېمغا تىۋىنىش دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. چۈنكى جىنسىي ئالاقە ئۇرۇقنىڭ، قەبىلىنىڭ، مىللەتنىڭ مەۋجۇدلىقى، كۆپىيىشى ۋە گۈللىنىشى بىلەن زىچ ئالاقىدار ئىش بولۇپ، تارىخ مابەينىدە كىشىلەرنىڭ ئىزچىل ئېتىبار قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار جىنسىي ئالاقىنى مۇقەددەس بىلىش، ناپاك دەپ قاراش، تىبابەتچىلىك نۇقتىسىدىن شەرھلەش ۋە ھازىرقى دەۋردىكى نىسبەتەن ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتەك تۆرلۈك مەۋقەلەردە بولۇپ كەلگەن. جىنسىي ئالاقە بارچە جەمئىيەتتە مەۋجۇدلۇق پائالىيىتى بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇ باشتىن ئاخىر تىزگىنلەشكە ئۇچراپ كەلگەن "چەكلەنگەن ساھە" دۇر. خەلق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىكى تىل ئادەتلىرى مەلۇم جەھەتتىن جىنسىي پائالىيەت بىلەن بىرىكىپ ئاندىن بىز دەۋاتقان "سەت، بەدقىلىق" تۈسلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇ جەھەتتىن قارىغاندا نۇرغۇن تىل پەرھىزلىرى يەنىلا جىنسىي ئالاقە پەرھىزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. جىنسىي ئالاقە پەرھىزلىرى بارلىق پەرھىز ئادەتلەر ئىچىدە ئەڭ يوشۇرۇن ۋە مەخپىي تۈستە جارى بولىدىغان يېپىق ھالەتتىكى ئادەت بولۇپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى، شەخسنىڭ پەزىلىتى، ئىستىلى قاتارلىقلارغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. جىنسىي ئالاقە پەرھىزلىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە رىئايە قىلىش شەخسنىڭ جەمئىيەت ئەخلاقى ئىچىدە تۇتىدىغان ئورنى ۋە پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. شۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار جىنسىي ئەخلاقنى ئەڭ چوڭ ئەخلاق سۈپىتىدە تونۇپ، ھەربىر مىللەت ئەزاسىغا ئادەت كۈچى بىلەن چەكلىمە قويىدۇ، بېسىم ئىشلىتىدۇ. يېقىنقى مەزگىللەردە كىشىلەر ئېڭىنىڭ نىسبەتەن ئۆسۈشى، سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىي ئالاقە ۋە جىنسىي مەسىلىگە قارىتا تۇتۇپ كەلگەن پوزىتسىيىسىدە قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئەڭ بېكىنمە، ئەڭ يېپىق ھالەتتىكى ئادەت ۋە پائالىيەت بولۇش بىلەن ئۇمۇمىي ھالەتنى يەنىلا ئۆزگەرتكىنى يوق. ئۆزگىرىش بولغىنى ماھىيەتلىك مەسىلە ئەمەس، بەلكى قىسمەن پوزىتسىيە ۋە مەقسەد مەسىلىسىدۇر. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بارچە ئادەتلەرگە قارىغاندا جىنسىي پائالىيەتكە ئالاقىدار ئادەتلەر ئەڭ تۇراقلىق بىر تەرەپتۇر. ئەلۋەتتە بۇ

يەنە كىشلەرنىڭ جىنسقا بولغان توغرا تونۇشى، جىنس مەسلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا باغلىقتۇر.

## 4. توي ـ تۆكۈنگە ئائىت پەرھىزلەر

نىكاھ (توي) مۇناسىبىتى ـ ئەر ۋە ئاياللىرىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئارىسىدا تىكلەنگەن، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بولۇپ، مۇنداق مۇناسىۋەت ئۆرپ ـ ئادەت ياكى قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، بەلگىلىك ھوقۇق ھەم مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان ئەر ـ ئاياللىرىن تەشكىل تاپىدۇ. نىكاھ بولسا ئائىلە جامائەتچىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە كېڭىيىشىنىڭ مەنبەسىدۇر. نىكاھ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا ئوخشىمىغان شەكىللەرگە ئىگە بولۇپ كەلگەن ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ شەكىللىرىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. بىزگە ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان توي شەكىللىرىدىن قالايمىقان نىكاھ (Promiscuity)، ئىبتىدائىي توپ نىكاھ (Group Marriage)، بىر ئەر ـ كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ (Polygamy)، بىر خوتۇن ـ كۆپ ئەرلىك نىكاھ (Polyandry)ۋە بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق نىكاھ (Monogamy) لار بار. يوقۇرىقى توي شەكىللىرى ئىنسانلار قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن شەكىللەر بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت ياكى بىرەر قەۋمدە كۆرۈلۈشى ناتايىن. يەنى ئۇلار قىسمەن رايونلاردا ئوخشىمىغان نىسپەتتە ئومۇملاشقان بولۇپ، مەرىپەت دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان توي شەكلى بىر ئەر ـ كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى بىلەن بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىدىن ئىبارەت. قالغانلىرى ئاساسەن ئىبتىدائىي جەمئىيەت ۋە ياۋايىلىق دەۋرىگە خاس نىكاھ شەكىللىرىدۇر.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلار ئاساسەن مەرىپەت دەۋرىگە خاس ئىككى خىل نىكاھ شەكلى بولغان بىر ئەر ـ كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى بىلەن بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى جارىي قىلىنىپ كەلگەن. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلاردا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى بىلەن بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ شەكلى بىرلىكتە مەۋجۇد بولغان.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يۇقىرىقى ئىككى خىل نىكاھ شەكلى بىرلىكتە مەۋجۇد بولغان.

توي بولسا ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. توي ئىزچىل رەۋىشتە ئىنساننىڭ جەمئىيەتنى تەشكىللەشتىكى ئەڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ كەلدى. خۇددىي بېركېت شىمس ئېيتقاندەك، "دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەت، قەبىلىنىڭ ئۆزىگە خاس نىكاھ شەكلى بار. نىكاھ (توي) خۇددىي ئوتنى، تىلنى ۋە قورال ـ سايمانلارنى ئىشلىتىشكە ئوخشاش ئومۇملاشقان."[①] نىكاھ مۇناسىبىتىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىر جەمەتنىڭ، بىر قەۋمنىڭ، قەبىلىنىڭ، ھەتتا مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن بىۋاستە مۇناسىبەتلىك ھالدا، تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتكە زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئىنسانلار توينىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەچكە، توينىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە يۇسۇنلىرىغا ئالاقىدار بىر قاتار قېلىپلاشقان قائىدىلەرنى بېكىتتى. قايسى دائىرىدە لايىق تاللاش، قانداق مۇھەببەتلىشىش، توينى قايسى قەدەم ـ باسقۇچلار بويىچە ئۆتكۈزۈش، توينىڭ ۋاقتى ـ سائىتىنى قانداق بەلگىلەش قاتارلىق ئىشلاردا ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزگىچە پەرھىزلەرنى تىكلىدى. گەرچە توي خوشاللىق ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭدىكى خۇراپىي تەركىبلەر ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پەرھىزلەر كۆپ بولسىمۇ، ئەشۇ ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئىزنالاردىن بىز خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئۈمىدلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋە تەسەۋۋۇرىدىكى يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە پاراستىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇر توي ـ تۆكۈنلىرىنىڭ شەكلى، دائىرىسى، جارىي قىلىنىش جەريانى كۆپ خىل ئېتىقادنى ئۆزىگە يابداشتۇرغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر توي ـ تۆكۈنلىرىگە ئائىت پەرھىزلەر ياكى مەلۇم دىنى ئېتىقاد سەۋەبىدىن، ياكى ياخشىلىققا ئىنتىلىپ يامانلىقتىن ساقلىنىش ھەققىدىكى خۇراپىي قاراشلىرى سەۋەبىدىن ۋە ياكى توي جەريانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈنلىرىگە ئائىت پەرھىزلەرنى توينىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانىدىكى بىر قانچە قەدەم باسقۇچلار بويىچە قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىمىز.

---

[①] بېرېدوك: «توي كارۋىنى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 1 ـ بەت.

## 1 . لايىق تاللاشقا ئائىت پەرھىزلەر

لايىق تاللاشقا ئائىت پەرھىزلەر دېگىنى نىكاھ ھەمراسىنى تاللاشنىڭ دائىرىسى ۋە ئۇسۇلىغا ئائىت پەرھىزلەر بولۇپ، ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، مەلۇم ئىجتىمائىي توپقا تەۋە بولغان شەخس ئۆزى تەۋە بولغان كوللېكتىپنىڭ ئىرادىسى، ئېڭى ۋە ئادىتىنىڭ تەسىرى ھەم ئارىلىشى ئاستىدا، لايىق تاللاشتا پەرھىز تۇتىدىغان ئوبيېكتلەردۇر. بۇ ئۇرۇق، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى، ئىرق، قەبىلە، مىللەت ۋە جەمەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىرى، ھەر بىر شەخس ئۆزىنىڭ سوبيېكتىپ ئىرادىسىگە ئاساسەن لايىق تاللاشتا بويسۇنىدىغان بىر قاتار ئادەت ۋە يوسۇنلاردۇر. روشەنكى، ھەر قايسى مىللەتنىڭ نىكاھ ئوبيېكتىنى تاللاش دائىرىسى چەكسىز بولغان ئەمەس، يەنى بەزىلىرى مەلۇم جامائەت توپى دائىرىسىدە چەكلەنسە، بەزىلىرى مىللەت ۋە دىن دائىرىسىدە چەكلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بەزىلىرى جامائەت توپى، ئۇرۇق ... لارنىڭ سىرتىدىن لايىق تاللاش بىلەن چەكلىنىدۇ. بىز يوقۇرقىدەك ئىككى خىل ئەھۋالنى ئىنسانشۇناسلىقتىكى مونۇ ئىككى ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلەيمىز: بىرى، ئۇرۇق ئىچىدە نىكاھلىنىش تۈزۈمى؛ يەنە بىرى، ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان "ئۇرۇق" كېيىنكى دەۋرلەردە قەبىلە، جەمەت، ئورتاق ئەجدادقا ئېگە بولغان بىر تۈركۈم ئادەملەر ياكى ئىسىم- فامىلىسى ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدىغان بولدى. ئۇرۇق ئىچىدە نىكاھلىنىش بىلەن ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش ئىبتىدائىي جەمئىيەتتىكى نىكاھ ئوبيېكتىنى تېپىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىككى خىل شەكلى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل شەكىل ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇلارنىڭ مۇناسىبەتلىك پەرھىزلىرىدىمۇ پەرق بولىدۇ.

### 1 . ئۇرۇق ئىچىدە نىكاھلىنىشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇرۇق ئىچىدە (ياكى ئۇرۇق دائىرىسىدە) نىكاھلىنىش (Endogamy) تۈزۈمى ئىبتىدائىي دەۋرلەردىكى بىر خىل نىكاھ تۈزۈمى بولۇپ، ئۇمۇمەن شەخسنىڭ لايىق تاللاشتا ئۆز ئۇرۇقى ياكى ئۆز جەمەتى دائىرىسىدە چەكلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل نىكاھ تۈزۈمىدىكى ئەڭ چوڭ پەرھىز ئۆز ئۇرۇقى ياكى جەمەتى سىرتىدىن لايىق تېپىشتىن ئىبارەت. بۇخىل تۈزۈمدە ئاتا بىلەن قىزى، ئانا بىلەن ئوغلى، ئاكا بىلەن سىڭىل، ئىنى بىلەن ئاچىلارنىڭ توي قىلىشى چەكلەنگەندىن باشقا، تاغا بىلەن جىيەن قىز يەكى ھاما بىلەن جىيەن

ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا، ئىككىنچى ئەۋلاتلار ئوتتۇرىسىدا، ھەتتا ئوخشاش بولمىغان ئەۋلاتلار ئوتتۇرىسىدا ياش پەرقىگە قارىماي نىكاھ مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەھۋاللاردىن بىز ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئۇرۇق ئىچىدە نىكاھلىنىش، ھەتتا ئىنتايىن يېقىن تۇغقانلار ئۆز ـ ئارا نىكاھلىنىشتەك توي شەكلىنى بىلىشكە قادىر ئەمەسمىز. بۇ دېگىنىمىز ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۇرۇق ۋە جەمەت ئىچىدە نىكاھ ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ پۈتۈنلەي چەكلەنگەن دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى بۇ ھەقتىكى يازما ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، بىز قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بەلكى ئۇرۇق ئىچىدىن نىكاھلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىشقا قارشى تۇرغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنىلا ئوتتۇرىغا قويالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەبىلىچىلىك ھالىتىنى ئالىلىقاچان يوقاتقان ياكى ۋاز كەچكەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىدا ئىمكان قەدەر يېقىنراق ئۇرۇق تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا نىكاھ بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇش، شۇ ئارقىلىق جەمەتنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشىش ئەھۋاللىرى خېلىلا ئەۋج ئالغان. بۇ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭمۇ ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىشتىن پەرھىز قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھازىرقى نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئىمكان بار ئۆزجەمەتى ئىچىدىن نىكاھ ئۇيۇشتى ئىزدەپ، جەمەت سىرتىدىن ياكى يات كىشىلەردىن لايىق تاللاشتىن ئىمكان بار پەرھىز قىلىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇرلار جەمەت ئىچىدە لايىق تاللاشتا مۇتلەق ھالدا ئىككىنچى ئەۋلات ۋە ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن تاللايدۇ. بۇ نەۋرىلەر، ئەۋرىلەر، چەۋرىلەر ... ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا بۇ بىرىنچى ئەۋلاتلار ئارىسىدىكى نىكاھ ياكى بىرىنچى ئەۋلات بىلەن ئىككىنچى ئەۋلاتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 2. ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش (Exogamy) بولسا ئىبتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئاساسىي ۋە ئومۇملاشقان نىكاھ ئۇيۇشتۇرۇش شەكلى بولۇپ، بۇنىڭدا شەخسنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ياكى كاتېگورىيە سىرتىدىن لايىق تېپىشنى تەلەب قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇق ئىچىدە نىكاھلىنىشتىن پەرھىز قىلىشنى مۇھىم ئالاھىدىلىك قىلىدۇ. ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇقلارنى، جەمەتلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ. ئۇرۇق ئىچىدە نىكاھلىنىش

بولسا ھەربىر گۇرۇپپىنى، ئۇرۇقتىن ئايرىۋېتىدۇ ۋە روشەن بىرلىك سۈپىتىدە ساقلايدۇ. ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىشنىڭ پىكىر ئاساسى شۇكى، بۇنىڭدا بىر ئۇرۇق ياكى جەمەت ئىچىدىكى بارلىق ئەزالار قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە دەپ قارىلىپ، ھەربىر ئۇرۇق ۋە جەمەت باشقا ئۇرۇق ۋە ياكى جەمەتتىن نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بارلىق قەبىلە ئۇرۇقلار ھەربىر ئەزانىڭ ئۆز ـ ئارا نىكاھلىنىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. خىلاپلىق قىلغانلار "ئۇرۇق تۇغقانلار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغان" (Incest) لىق جىنايىتى بىلەن قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ. ئۇرۇق سىرتىدىكى نىكاھلىنىش بىۋاستە ھالدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ "ئۇرۇق تۇغقانلار ئارا جىنسىي بۇزۇقچىلىقنى چەكلەش پەرھىزى" بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ يېقىن تۇغقانلار، قانداش كىشىلەر ئارا توي قىلغاندا كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر (پەرزەنتلەرنىڭ مېيىپ تۇغۇلىشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەرنىڭ ئاتاقلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى...) سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ خىل تۈزۈمنىڭ ئىزنالىرى ئوخشىمىغان مىللەتلەردە تۈرلۈك تۈس ئالدى. ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى ئىنسانلارنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى چوڭ كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئىپتىدائىي ئىنسان ئەجدادلىرى ئۇرۇق ئىچىدە نىكاھلىنىشنى شۇنىڭ ئۈچۈن چەكلىدىكى، چۈنكى ئۇلار بۇ خىل تۈزۈمدىن ئىلگىرىكى بارلىق نىكاھ شەكىللىرى (توپ نىكاھ، قانداشلىق ئاساسىدىكى نىكاھ، ئۇرۇق ئىچىدىكى نىكاھلىنىش) كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرنى ئۆزلىرىگە ئاللىقانداق سىرلىق كۈچلەر ئېلىپ كەلگەن جازا دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇرۇق سىرتىدىكى نىكاھلىنىشنى ئىمكانىقەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

ئۇرۇق سىرتىدىكى نىكاھلىنىش تۈزۈمى يەنە توتېم ئېتىقادى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە توتېم مەلۇم ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەرنىڭ ئەجدادى ھېسابلانغاچقا، شۇ قاراش بويىچە، بىر توتېمغا تەۋە بولغان بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرى قانداش ياكى قېرىنداشتۇر. توتېم پەرھىزلىرىنىڭ چوڭ بىر تۈرى ئوخشاش بىر توتېمغا تىۋىنىدىغانلار ئارا نىكاھ مۇناسىۋىتى بەرپا قىلماسلىق بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە مەلۇم ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكنى تۆتېم قىلغان بىر ئۇرۇق ئىچىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ئۆز ـ ئارا نىكاھلىنىشىغا يول قويماسلىقتەك پەرھىزدۇر.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىلگىرىكى قەبىلىۋىي ھاياتتا ياشاۋاتقان دەۋرلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتالغان نۇرغۇن قەبىلىلىرى بولغان. بۇلاردىن مەشھۇرراقلىرى "تاشقىي توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى"، ۋە مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان نەچچە ئون ئوغۇز قەبىلىسىدۇر. بىز تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەمچىلىكى تۈپەيلىدىن، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە ۋە ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇرۇق ۋە قەبىلە ئىچىدە نىكاھلىنىشنى چەكلىگەنلىك ئەھۋالىنى قىسمەن ھالەتتىلا قىياس قىلالايمىز. چۈنكى، ئۇرۇق سىرتىدىكى نىكاھلىنىش پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەجدادلىرىغا ئورتاق بولغان نىكاھ تۈزۈمىدۇر. بۆرە بولسا پۈتۈن تۈركىي قەۋملىرىنىڭ ئورتاق توتېمى بولسىمۇ، بىراق بىز بۆرە توتېمىغا ئىشىنىدىغان بارلىق تۈركىي قەۋملەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن نىكاھلانمىغانلىقىدەك مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. چۈنكى مۇشۇنداق نىكاھلىنىش بولمىسا كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز بۆرىنىڭ پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق توتېمىغا ئايلانغانلىقى كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىش دەپ خۇلاسە چىقىرالايمىز.

ئۇيغۇرلار قەبىلىۋىي جەمئىيەتتىن تولۇق ۋە مۇكەممەل مىللەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى تەدرىجىي ھالدا باشقىچە تۈس ئالدى. يەنى بۇ ئالدى بىلەن يېقىن تۇغقانلار ئارا تويى قىلىشنى چەكلەشتە ئىپادىلەندى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىشنىڭ كېيىنكى شەكىللىرى ھەرقايسى دىنلار ۋە كىشىلەرنىڭ نىسبەتەن ئالغا باسقان ئېڭى تەرىپىدىن تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

### 3. قانداشلىق نىكاھقا ئائىت پەرھىزلەر

قانداشلىق نىكاھ ئەمەلىيەتتە ئىبتىدائىي دەۋردىكى ئۇرۇق ئىچىدىكى نىكاھلىنىشتىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بىر خىل نىكاھ شەكلىدۇر. ھازىرقى دەۋردە دېيىلىۋاتقان قانداشلىق ئىبتىدائىي جەمئىيەتتە يولغا قويۇلغان ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىنى قانداش دەپ قارايدىغان ئەھۋالدىن، ياكى بىر توتېمغا چوقۇنىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنى بىر ـ بىرى ئۈچۈن قانداش، دەپ قارايدىغان ئەھۋالدىن پەرقلىنىدۇ. ھازىر بىز دەۋاتقان ئىككىنچى ئەۋلاتنىڭ يوقۇرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان

ئەۋلات ـ ئەجدادلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەنە ۋاستىلىق قانداش دەپ قارالغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، نىكاھلىنىشتا قانداشلىق سەۋەبىدىن ئېلىشقا ياكى تېگىشكە بولمايدۇ، دەپ قارىلىدىغان ئوبيېكتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولغان: ئوغۇلغا نىسبەتەن، ئۇ ئۆگەي ئانىسىنى نىكاھىغا ئالمايدۇ. مەيلى ئۇ ئايال بىلەن ئوغۇلنىڭ دادىسى ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسۇن ۋە ياكى ئوغۇلنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆگەي ئانا تۇل قالغان بولسۇن، ئۇنى نىكاھقا ئېلىش قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ. يەنە ئىسلام دىنىدا ئەرگە قانداشلىق تۇغقان ھېسابلىنىدىغان بارلىق ئاياللار "مۇھەررەمات" (يەنى، نىكاھىغا ئېلىش چەكلەنگەن ئاياللار) دەپ ئاتىلىپ، ئەرلەرنىڭ ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشى قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ. ئۇلار: ئانا، موما، قىزى، قىز نەۋرىسى، ئاچا ـ سىڭىل ( بۇ مەيلى بىر ئاتا ـ ئانىدىن بولغان ئاچا سىڭىل بولسۇن، ياكى دادا بىر، ئانا باشقا ئاچا ـ سىڭىل بولسۇن، ۋە ياكى ئانا بىر، دادا باشقا ئاچا ـ سىڭىل بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش) ، ھاما ( دادىنىڭ ئۆز ياكى يېرىم ئۆگەي ئاچا ـ سىڭلىسى، ئانىنىڭ ئۆز ياكى يېرىم ئۆگەي ئاچا ـ سىڭلىسى) ، جىيەن قىز ( ئاكا ـ ئىنىسى ياكى ئاچا ـ سىڭلىنىڭ قىزى) دىن ئىبارەت. قىزلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، دادىسى (ئۆگەي دادىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە)، بوۋىسى (دادىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ دادىسى)، تاغىسى (دادىسىنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ئانىسىنىڭ ئەر قېرىندىشى) ۋە جىيەن ئوغلى بىلەن توي قىلىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ. قىزلار ئۈچۈن يۇقىرىقى ئەرلەر "مەھرەم" ( توي قىلىش پەرھىز قىلىنغان ئەرلەر) دېيىلىدۇ.

دەرۋەقە، يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەر ناھايىتى تەبىئىي چەكلىمىلەردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بىراق بىۋاستە قانداشلار ئارىسىدا نىكاھلىنىش دەل ئىبتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق نىكاھ شەكلى بولۇپ، بۇ ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىدە تىلغا ئېلىنىدىغان "ئۇرۇق تۇغقانلار بىلەن جىنسىي بۇزۇقچىلىق قىلىش" قىلمىشى (Incest) دۇر. ئۇيغۇرلاردا قانداشلار ئىچىدە نىكاھلىنىش ئىنتايىن يامان ئېلىنىدۇ. بۇنداق قىلمىش "ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىق" دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يەنە ۋاستىلىق ھالدا (يەنى ئېمىش، قۇدىلىشىش ئارقىلىق) پەيدا بولغان قانداشلار ئارا نىكاھلىنىش قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى ئۆز ئانىسىدىن باشقا بىر ئايالنى ئېمىشتىن پەيدا بولغان قانداشلىقتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بېرى پادىشاھ، خاقانلارنىڭ، بەگلەرنىڭ

پەرزەنتلىرى ئۆز ئانىسىدىن باشقا ئاياللارنى ئىمىپ چوڭ بولاتتى. ئادەتتىكى پۇقرالاردىمۇ مۇنداق ئەھۋال بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇقۇشماسلىقتىن، ياكى يات بوۋاقلارنىڭ يىغا ـ زارىغا تاقەت قىلالمىغان ئاياللار ئۇلارنى بىرەر قېتىم ئىمىتىپ قويىدىغان ئەھۋال كۆپرەك ئۇچرايتتى. ئەنە شۇنداق باشقا ئايالنى تەكرار ئىمىش ياكى بىرەر قېتىم ئىمىپ قويۇش بىلەنلا، بالا بىلەن ئەشۇ ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى، تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلىدۇ دەپ قارالغاچقا، ئىملداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئېگە ھەرقانداق كىشلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى پەرھىز قىلىنغان. يوقۇرىقى پرىنسىپ بويىچە، ئۇيغۇرلاردا ئوغۇللار ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئاياللارنى نىكاھقا ئېلىش قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئۇلار: ئىنىك ئانا، ئىنىك ئانىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى، ئىنىك ئانىنىڭ قىزى، ئىنىك ئانىنىڭ قىز نەۋرىسى. قىزلار ئۈچۈن ئىملداشلىق سەۋەبىدىن قانداشلىق شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن ياتلىق بولۇش چەكلىنىدىغان ئوبيېكىتلەر: ئىنىك ئانىنىڭ ئوغلى، ئىنىك ئانىنىڭ ئېرى، ئىنىك ئانىنىڭ ئوغۇل نەۋرىسى، ئىنىك ئانىنىڭ ئەر قېرىنداشلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مۇنداق باشقا بىر ئانىنى بىر قېتىم ئىمىپ قويغان ياكى بىر ئىنىك ئانىنى ئىلگىرى كېيىن ئىمىپ چوڭ بولغان قىز ـ ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىملداشلىق مەۋجۇد بولغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نىكاھلىنىش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئىملداشلىق سەۋەبىدىن چەكلىنىدىغان نىكاھتا يەنە موما بولغۇچى ئايال ئۆزىنىڭ باللىرىدىن بىرەرسىنىڭ چوڭ بالىسىنى (نەۋرىسىنى) ئىمىتىپ قويسا، ئۇ چاغدا شۇ باللارنىڭ ئۆزى بىلەن نەۋرىلىك مۇناسىۋەتتىكى ھەرقانداق بىر كىشى بىلەن نىكاھلىنىشىمۇ راۋا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا مۇنداق ئەھۋال "موما تالاق" دەپ ئىپادىلىنىدۇ. "موما تالاق" دېگىنى مومىسىنى ئىمىپ قويغان نەۋرىلەر ئارىسىدا نىكاھنىڭ ھەرگىز ھالال بولماي، دائىملىق "تالاق" ھالىتىدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاستىلىق قانداشلىق يەنە نىكاھ مۇناسىۋىتىدىنمۇ شەكىللىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار نىكاھ سەۋەبىدىن ئۆزىگە باغلانغان شىرمەم تۇغقانلار بىلەن توي قىلمايدۇ. ئەرلەر ئۈچۈن نىكاھىغا ئېلىش پەرھىز قىلىنغان ئاياللار مونۇلار: بىرىنچى، قېيىن ئانا. ئەرلەر بىر ئايالنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويمىغان تەقدىردىمۇ، ئايالنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىلىق ئورنىدا تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلار بىلەن نىكاھلانمايدۇ. ئىككىنچى، خوتۇنىنىڭ ئالدىنقى ئەردىن بولغان قىزى. بىراق، ئەگەر خوتۇنى بىلەن تېخى بىر ياستۇقتا باش قويمىغان بولسا، ئۇنداقتا قىزىنى ئېلىش چەكلەنمەيدۇ.

ئۈچىنچى، كېلىن. ئەرلەرنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ خوتۇنىنى ئەمرىگە ئېلىش بىردەك چەكلىنىدۇ. يوقۇرىقى بايانلاردىكى نىكاھقا ئېلىش چەكلەنگەن ئاياللارنىڭ دائىرىسى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى نىسبەتەن تار بولۇشى مۇمكىن. يەنى، جەمەتنى مۇستەھكەملەش ئېھتىياجى، مۇنداق نىكاھتىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتنى تونۇپ يەتمەسلىك سەۋەبىدىن بىۋاستە قانداش تۇغقانلاردىن لايىق تاللىسىمۇ، ئىملىدەشلىك مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان ياكى نىكاھ سەۋەبىدىن قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىش ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەۋجۇد بولغان ئىدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆگەي ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىش تۈزۈمى بار ئىدى. مەسىلەن، تاڭ مەلىكىسى نىڭگو ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى قارا قاغان (مىلادىي 745 ـ يىلدىن 759 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) غا ياتلىق بولغان. قارا قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نىڭگو مەلىكە ئارقا ئارقىدىن ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان، ئالچۇر تېكىن، قۇتلۇق بىلگە قاغان ۋە تەگرىدە يار ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان قاتارلىق تۆت ئەۋلاد خاقانغا ياتلىق بولغان.[1] بۇ خىل ئەھۋال يەنە ئۇرخۇن دەۋرىدىكى پۇقرالار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇد بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلاردا ئەرلەرنىڭ نىكاھىغا ئېلىش چەكلەنگەن ئاياللار ۋە ئاياللارنىڭ تېگىشى چەكلەنگەن ئەرلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەنلەردۇر. ئىسلام دىنى مۇھىتىدا مۇنداق پەرھىزلەر مىڭ يىلدىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. چۈنكى مۇنداق چەكلىمىلەر «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» لەردە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.  ئۇيغۇر ئەرلىرى يوقۇرىقى دائىرىدىكى ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىشتىن چەكلىنىدۇ. ئاياللارمۇ يوقۇرىقى دائىرىدىكى ماس مۇناسىبەتتىكى ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشتىن چەكلىنىدۇ. ئىبتىدائىي دەۋردە تىكلەنگەن ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى خۇددى يوقۇرىدا كۆرسىتىلگەندەك، دىنلار تەرىپىدىنمۇ مۇستەھكەملەندى. قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئىچىدە چەكلىنىپ كېلىۋاتقان نىكاھ ھازىرقى زامان تىبابىتىدىكى سۈپەتلىك تۇغۇش ئىلمى (Eugenics) نىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلىنىشىغا سازاۋەر بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىنىدى.

ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى ۋە ئۇرۇق ئىچىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل نىكاھ تۈزۈمى بار بولۇپ، ئۇ ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىدە دېيىلىدىغان "ئالاھىدە نىكاھ"

[1] «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 98 ـ جىلدى «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 75 ـ بەت.

(Preferencial Mating) دۇر. لايىق تاللاش جەھەتتە، بۇ خىل نىكاھ شەكلى قانداشلىق نىكاھ تۈزۈمى دائىرىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىككى خىل شەكلى "قېرىنداشنىڭ خوتۇنىنى نىكاھىغا ئېلىش" ۋە "ھەمشىرىسىنىڭ ئېرىگە ياتلىق بولۇش" دۇر. بۇ ئىككى خىل نىكاھ شەكلى ئىبتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يولغا قويۇلغان. "قېرىنداشنىڭ خوتۇنىنى نىكاھىغا ئېلىش" تۈزۈمى بولسا ئەرنىڭ قېرىندىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئەمرىگە ئېلىشتىن ئىبارەت. "ھەمشىرىسىنىڭ ئېرىگە ياتلىق بولۇش" بولسا ئاياللارنىڭ ئۆز ھەمشىرىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېرىگە ياتلىق بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە قېرىندىشىنىڭ ياكى ھەمشىرىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بۇ خىل نىكاھ شەكلىنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى بولۇشى ناتايىن. يەنى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئەمرىدە ساقلىغان، بىر ئەر ئىككى ھەمشىرىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىگە ئالغان ئەھۋاللار بولغان. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، يۇقۇرىقى ئىككى نىكاھ شەكلىنىڭ قىسمەن شەكلى كۆزنىمىزگە چېلىقىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغان تارىخي ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا ئىككى قېرىنداش (ئاكا ـ ئۇكا) نىڭ بىر خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىشتەك نىكاھ شەكلى مەلۇم ئەمەس. دېمەك، مۇنداق ئەھۋال مەۋجۇد بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ قانداشلىق نىكاھ دائىرىسىدە چەكلەنگەن ئەھۋالدۇر. بىر ئەرنىڭ ئىككى ھەمشىرە (ئاچا ـ سىڭىل) نى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلىشى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق «قۇرئان» دىكى ئېنىق چەكلىمە تۈپەيلىدىن مۇنداق ئىشتىن پەرھىز قىلىنغان. ئاكىسى ياكى ئىنىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئەمرىگە ئېلىش ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇد بولغان. يۇقىرىقى مىسالدىكى ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالىنى نىكاھىغا ئېلىش قىلمىشى ئىنىسى بولغۇچىنىڭ ئاكىسى ئۆلگەندىن ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئەمرىگە ئېلىش ئەھۋالىدىن دالالەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا خوتۇنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىغا ئالىدىغان ئەھۋاللار ھازىرغا قەدەر مەۋجۇد. بۇنداق قىلمىشتىكى مەقسەد كۆپىنچە ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇندىن تۇغۇلغان باللارغا ئەڭ ياخشى ھامىي تېپىش (ئەملىيەتتە ھاما بولغۇچى ئايال جىيەنلىرى ئۈچۈن ئانىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەڭ مۇۋاپىق ھامىي سانىلىدۇ.)، ئائىلىنىڭ پۈتۈنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇڭا بۇ خەلقنىڭ ئادەت قانۇنىدا چەكلەنمەيدىغان ئىشتۇر.

## 4. مىللەت ئىچىدە نىكاھلىنىشقا ئائىت پەرھىزلەر

مىللەت ئىچىدە نىكاھلىنىش تۈزۈمى ئۈرۈق ئىچىدە نىكاھلىنىش تۈزۈمىگە دېگۈدەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، مىللەت بىلەن ئۇرۇق تەڭداش ئۇقۇم ئەمەس. ئالدى بىلەن، مىللەت بولسا ناھايىتى چوڭ كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قانداش ئۇرۇقلارنىڭ ئۇيۇشۇشى شەرت. ئىككىنچىدىن، مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ـ ئارا قانداشلىق بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قانداشلار ئارا نىكاھلىنىش ئۆز مىللىتى ئىچىدە نىكاھلىنىشقا تەڭداش بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھازىرقى زاماندىكى قىسمەن مىللەتلەر گەرچە تۇتېمغا تېۋىنىشنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن مىللەت ئەزالىرى بىر تۇتېمدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش ئاساسەن يوقۇلىۋاتقان ئەپسانىۋى چۈشەنچە بولغاچقا، نىكاھ ئىشىدا تۇتېم ئاساس بولالمايدۇ. مىللەت ئىچىدە نىكاھلىنىشقا ئائىت پەرھىزلەر بولسا ئۇرۇق ئىچىدىن ياكى سىرتىدىن نىكاھلىنىش بىلەن پەرقلىق ھالدا، تىل پەرقى، رايون ئايرىمىسى، ئادەت ـ يوسۇن چەكلىمىسى، ئېتىقاد ئىشەنچلىرى ۋە مىللىي ھېسسىيات قاتارلىق سەۋەبلەردىن شەكىللىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان، يىپەك يولى ئالاقىلىرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، تارىختىن بېرى مەلۇم دائىرىدە يات مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىشتىن پەرھىز قىلمىغان. ئەمما ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپ يېقىنقى مەزگىللەرگىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن نىكاھلىنىشى يەنە بىر شەرت ئاستىدا ئەمەلگە ئاشقان. ئۇ بولسىمۇ يات مىللەتكە تەئەللۇق نىكاھ ئوبيېكتىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئەرلىرى باشقا مىللەتتىن بولغان ئايالنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئايال چوقۇم مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك ۋە ياكى نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە كېيىنكى تۇرمۇشىدا ئىسلام دىنى قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشى شەرت بولغان. بىراق ئۇيغۇر قىزلىرى (ئۇلار مۇسۇلمان بولغىنىدا ) نى يات مىللەتتىن بولغان غەيرى مۇسۇلمان ئەرگە ياتلىق قىلىش چەكلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا مىللەت ئىچىدە نىكاھلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ مىللەت سىرتىدىن نىكاھلىنىشتىن پەرھىز قىلىشى ۋە بۇنىڭغا ئېتىقاد بىرلىكىنى شەرت قىلىشى خەلقىنىڭ مىللەت ئىچىدىن نىكاھلىنىش

ئادىتىنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلىشتەك خاھىشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يەنە مىللەت ئىچىدىمۇ توي قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قاتناش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبىدىن كىشلەر يىراق جايلاردىن ئۆيلىنىشنى ياكى يىراق يەرلەرگە ياتلىق بولۇشتىن ئىمكانقەدەر چەكلىنەتتى. بولۇپمۇ قىزلار ئۈچۈن يىراق يەرگە ياتلىق بولۇش بىر ئۆمۈر يۇرت سېغىنىشى، ئورۇق- تۇغقان سېغىنىشى ۋە پىراق ئازابىنى چېكىپ ئۆتۈشكە سەۋەب بولاتتى. ئۇيغۇرلاردا "قىز بالىنىڭ يۇرتى يوق"، "قىز دېگەن تالانىڭ ئادىمى" دېگەندەك سۆزلەر ئەنە شۇنداق رېئال ئەھۋالدىن كېلىپ چىققان. يەنە قىسمەن جايلاردىكى ئۇيغۇرلار يېقىنراق يۇرتلارغا قىز ياتلىق قىلىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۈستۈن ئاتۇشلۇق ئۇيغۇرلاردا ئاستىن ئاتۇشلۇق ئۇيغۇرلارغا قىزلىرىنى ئاسانلىقچە ياتلىق قىلمايدۇ. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدىكى " ئابدال" دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلار باشقا ھەرقانداق يۇرتلارغا قىز بەرمەيدۇ ياكى قىزمۇ ئالمايدۇ. خوتەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى "ئابداللار" دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ ياقا يۇرتلارغا قىز بېرىشتىن، قىز ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. قاتناش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ يىراق يۇرتلارغا قىز ياتلىق قىلىش ياكى ياقا يۇرتلاردىن خوتۇن ئېلىشتىن ساقلىنىش پەرھىزى نىسبەتەن سۇسلاشقان بولسىمۇ، ئەنئەنە تۈپەيلىدىن بۇنداق پەرھىزلەر ھېلىھەم ساقلانماقتا.

ئۇيغۇرلاردا تارىختىن بېرى مىللەت ئىچىدىن لايىق تاللاشتا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل شەكىل داۋام قىلىپ كەلگەن. بىرى ئاتا- ئانىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن لايىق تېپىش، يەنە بىرى ئەركىن مۇھەببەت شەكلىدە لايىق تېپىش، ئۈچىنچىسى، قىسمەن ھالدا سودا خاراكتېرلىك لايىق تېپىشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا "نىكاھ غايىب" دېگەن سۆز بەك كەڭرى ئىشلىتىلىدۇ. "غايىب" دېگىنى نىكاھ شەخسىنىڭ تاللىشى بويىچە بولمايدۇ، بەلكى ئىلاھىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ دېمەكتۇر. نۇرغۇن ئاتا- ئانىلار دەل ئەشۇ "نىكاھ غايىب" پەتىۋاسىنى مىڭ يىلدىن بېرى دەستەك قىلىپ، قىز - ئوغۇللىرىنىڭ لايىق تېپىش ئىشلىرىغا ئارلىشىپ كەلگەن ياكى كۆپىنچە ئەھۋالدا مۇنداق ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلگەن. ئىسلامىيەت مۇھىتىدا قىزلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشى ياكى باشقا ئەرلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرستى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، دەرۋەقە ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى بالىلىرىغا لايىق تېپىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ

ئەھۋال ئاقىۋەتتە ئۇيغۇرلاردىكى ئاجرىشىپ كېتىش نىسپىتىنىڭ نىسبەتەن يوقىرى بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۇيغۇرلاردا لايىق تاللاش قىزنىڭ ئەخلاقى، دىنى ئېتىقادى، ھۆسىن جامالى، ئائىلە ئەھۋالى بىردەك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بىراق بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى يەنىلا قىزنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە دىيانىي (دىنى ئېتىقادى ئاساسىدا تىكلەنگەن خۇلقى) دۇر. بۇ ھەقتىكى قاراشلار مۇتەپپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاتمىش ئىككىنچى بابى «ئۆيلۈنىشنىڭ قانداق بولۇشى بايانى» دا شۇنداق دېيىلىدۇ:

"ئەگەر ئۆيلۈنۈشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ،
تاللىۋال خىلىنى، ئىتتىك قىل كۆزۈڭ.
گۈزەل خۇينى ئىستە، ئاختارما جامال،
خۇيى ياخشى بولسا، تاپار ئۇ كامال.
ئايا باي خوتۇنغا ئىنتىلگۈچى جان،
ئەسىر بولما ئاڭا، ئېي ئالىم ئىنسان.
گۈزەلنى تىلەگەن، ئېي ئەر ياخشىسى،
ئۇنى ئالساڭ ياغار ئەلنىڭ كۆلكىسى.
ئۇرۇغ- نەسلى بۈيۈكنىڭ سۆزى ھەم تىلى،
ئۇزۇندۇر، بولما سەن خوتۇننىڭ قۇلى.
ئەي تەقۋادار خوتۇننى ئىستەر بەگزادە،
تېپىلسا ، بولغاي تۆت شەرت ئىپادە.
ھېكىم سەن، بىر تەقۋادار خوتۇن ئىستىگىل،
ئۇ بولسا، بولۇرجەم بۇ تۆت شەرتمۇ، بىل."[1]

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ لايىق تاللاشتا ئاياللارنىڭ تۆت خىل (باي ئايال، گۈزەل ئايال، ئېسىل

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1984- يىلى 5- ئاي ، بېيجىڭ 1- نەشرى. ئۇيغۇرچە، 929-، 931-، 933- بەتلەر.

نەسەپلىك ئايال ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك تەقۋادار ئايال) ئىچىدىن پەقەت خۇلقى ياخشى، تەقۋادار ئايالنى ئېلىشنى، قالغانلىرىنىڭ ئىمكانقەدەر چەكلىنىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇيغۇرلار توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىدا لايىق تاللاشتا ھەقىقەتەن يوقۇرىقى ئۈچ خىل ئايالنى تاللاشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

### 5. تەبىقىلەر ئارا نىكاھقا ئائىت پەرھىزلەر

ئىنسانلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرىشى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. رېئال تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئىنساننىڭ مال ـ مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى (ئىگىلىگۈچى ۋە ئىگىلەنگۈچى) نىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن خالىي بولالمىدى. كىشىلەر ئىگىلىگەن مال ـ مۈلكىنىڭ كۆپ ـ ئازلىقى، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يوقۇرى ـ تۆۋەنلىكى ئۆز نۆۋىتىدە توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىدىكى لايىق تاللاشقىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. تارىختىن بۇيان ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مەۋجۇد بولغان تۈرلۈك تەبىقە، دەرىجە ۋە مەرتىبىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ـ ئارا توپلىشىش ئەھۋالى ناھايىتى ئاز كۆرۈلدى. تۈرلۈك تەبىقە ۋە مەرتىبىلەر بىر قاتار پەرھىزلەر ئارقىلىق ئۆز ـ ئارا نىكاھلىنىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋال تاكى ھازىرغىچە قىسمەن ساھەلەردە ئىزچىل داۋاملىشىپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇرلارمۇ تارىخ مابەينىدە ھەر قايسى مەرتىۋە، تەبىقىلەر ئارا توپلىشىشتىن چەكلىنىپ كەلگەن. يوقۇرى ياكى يوقۇرىراق تەبىقىلەر بىلەن تۆۋەن ياكى تۆۋەنرەك تەبىقىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا توپلىشىشى ئىچىدە، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ يوقۇرى تەبىقىدىن قىز لايىق تالىلىشى ئاساسەن مۇمكىن بولماي كەلدى. مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ، يوقۇرى تەبىقىدىكىلەر مۇنداق ئىشقا پۈتۈنلەي قارشى تۇردى.

ئاتا ـ ئانىلار ئوغۇل ـ قىزلىرىغا لايىق تاپىدىغان ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە تەبىقە ۋە دەرىجە ئاتلاپ لايىق تېپىش ناھايىتى كۈچلۈك پەرھىز بولۇپ سانالدى. يوقۇرى تەبىقىدىكىلەر تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئىچىدىن لايىق تاللاشتىن چەكلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرمۇ جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ۋە تويدىن كېيىن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىبەتتە پەيدا بولىدىغان قىيىنچىلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇلاردىن لايىق تېپىشتىن ھەم پەرھىز قىلدى. ئۇيغۇرلاردا بەزى يوقۇرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ پىكرىچە، ئۇلار كەمبەغەللەر بىلەن توي قىلسا، ئۆزلىرىگە كەمبەغەللىك يۇقۇپ قالارمىش.

مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا مەيدانغا كەلگەن "تاغارغا تاغار ياماق، تاۋارغا تاۋار ياماق" دەيدىغان تەمسىلمۇ خېلى كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلاردىكى لايىق تاللاشتا تەبىقە ئاتلىماسلىق پەرهىزى «قۇتادغۇ بىلىك» تىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنى:

"خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ئۆزۈڭدىن تۆۋەن،
ئېسىلما ئېگىزگە ، ئەسىر بولۇرسەن.
خوتۇن ئالما، ئالساڭ ئۆز تېگىڭنى ئال،
ئىي ئەرلەر ئەرى سەن، تەقۋادارنى ئال.
ئۇرۇغ- نەسلى بۇيۇكنىڭ سۆزى هەم تىلى —
ئۇزۇندۇر، بولما سەن خوتۇنىنىڭ قۇلى."[①]

بۇيەردە دېيىلىۋاتقىنى يوقۇرى تەبىقىدىن لايىق تاللىماسلىق پەرهىزىدىن باشقا، يەنە ئۆزى بىلەن تەڭ تەبىقىدىن لايىق تاللاشنىمۇ ئېهتىيات قىلىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت. هازىرقى زاماندىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نىكاهقا لايىق تاللاشتا ئۆزى بىلەن تەڭ ياكى تۆۋەنرەك تۇرىدىغان لايىق تاللاشتا ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەنرەك تۇرىدىغان ئائىلىلەردىن لايىق ئىزدەيدىغان ئادەت كەڭ تۈردە ساقلانغان.

تەبىقە ۋە دەرىجە يەنە كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان كەسپى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئۆتكەن دەۋرلەردە خەلق ئارىسىدا بىر قىسىم كەسپلەر ھەقىقەتەن كەمستىشكە ئۇچرىغان. شۇ كەسپنى قىلىدىغانلار بولسا تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىلىپ، ئۇلار ئىچىدە ئوغۇل ياكى قىز لايىق تاللاشتىن چەكلىنىلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ساتىراچلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلەن باشقا كاسىپلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تويلىششى پەرهىز قىلىنىدىغان ئەھۋاللار بار ئىدى. بۇ ھەركەت ئەمەلىيەتتە ساتىراچلىق ھۈنىرىنى كەمستىش ياكى ھاقارەتلەشنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش " گۈل گۈلى بىلەن، خىل خىلى بىلەن" دېگەندەك دەرىجە، تەبىقە قارىشىغا ۋە ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن لايىق تاللاشتىمۇ ئائىلىلەرنىڭ ئۇمۇمي ئەھۋالىنىڭ ماس كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. نىكاھلانغۇچى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىيادە پەرق

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1984- يىلى 5- ئاي ، بېيجىڭ 1- نەشرى. ئۇيغۇرچە، 929-، 931-، 933-بەتلەر.

ياكى ماسلاشماسلىق ئەمەلىيەتتە لايىق تاللاشقا دائىر پەرھىزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 6. ئېرى بار ئايالنى ئالماسلىق پەرھىزى

ئۇيغۇرلار ئېرى بار ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشنىمۇ قاتتىق چەكلەيدۇ. ئېرى بار ئايال باشتىن ئاخىر ئۆز ئېرىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرغاچقا، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا باشقا ئەرگە ياتلىق بولسا بولمايدۇ. ئەگەر ئايال يەنە باشقا ئەرگە ياتلىق بولماقچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى شەرتنى ھازىرلىشى لازىم: بىرىنچىدىن، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ياكى ئېرى بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئارىسىدىكى نىكاھ ئەھدى ئۈزۈل ـ كېسىل بىكار بولغان بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، ئىددەت مەزگىلىنى تولۇق ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى پاكلاش جەريانىنى ئۆتكۈزۈشى لازىم. بۇ يەردە دېيىلگەن ئىددەت ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال يەنە بىر ئەرگە تەگسە بولىدىغان ۋاقىتقىچە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرىدىغان چاغ بولۇپ، ئۇ مۇنداق بۆلۈنىدۇ: بىرى، ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال ئەگەر ھامىلدار بولسا، ئۇ پەرزەنتىنى تۇغۇپ پاكلانغاندىن كېيىن ئاندىن باشقا ئەرگە تەگسە بولىدۇ. يەنە بىرى، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال چوقۇم تۆت ئاي ئون كۈن (130 كۈن) گىچە ساقلاپ ئاندىن ئەرگە تەگسە بولىدۇ. ئۈچىنچى بىرى، ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال ئۈچ ئىددەت ئۈچ قېتىملىق ھېيزنى باشتىن كەچۈرۈش (ياكى ئۈچ ئاي) بولۇپ، ئاندىن قايتىدىن ئەرگە تەگسە بولىدۇ. دېمەك، ئېرى بار ئايالنى لايىق سۈپىتىدە تاللاش پەرھىزلىك ئىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە يوقۇرىقى ئۈچ خىل ئىددەت ئىچىدە تۇرغان ئاياللار بىلەنمۇ توي قىلىش چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت مۇھىتىدا يوقۇرىقىدەك پەرھىزلەرگە ئىزچىل رىئايە قىلىپ كەلدى. يوقۇرىقىدەك پەرھىزلەردىكى مەقسەد بولسا، قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئارلىشىپ كېتىشىنى توسۇش، پەرزەنتنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلاردا يەنە مۇنداق پەرھىزلەرمۇ بار. يەنى مەلۇم كىشىنىڭ قىزى باشقا ئەر بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان ياكى ئۇنىڭغا "چاي ئىچۈرۈپ قويغان" بولسا، ئۇنداقتا باشقا ھەرقانداق بىر ئەر ئۇ قىزنى لايىق سۈپىتىدە تاللىمايدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نىكاھ رەسمىيىتى ئۆتۈلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ شۇ ئەرگە "رىسقى قوشۇلغان" دەپ قارىلىپ، مۇنداق توي تەلىپىنى ئەسلا قويمايدۇ. بۇمۇ ئېرى بار ئايالنى نىكاھىغا

ئالماسلىق پەرھىزىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

****************************************************************

ئۇيغۇرلاردا لايىق تاللاشتا فامىلىنىڭ ئوخشاش بولۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن توپىلاشمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇد ئەمەس. ئۇيغۇرلاردا فامىلە تۈزۈمى قېلىپلاشمىغان بولۇپ، نوقۇل قانداشلىقنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن فامىلە تېخىمۇ ئاز كۆرىلىدۇ. فامىلە مەۋجۇد بولمىغان ئىكەن، فامىلىداشلار توي قىلماسلىق پەرھىزى تېخىمۇ مەۋجۇد بولمىغان ئىشتۇر. ئۇيغۇرلاردا مۆچەل ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى بولسىمۇ، شۇنداقلا ھەربىر شەخس ئۆزىنىڭ مۆچىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، بەزى مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش مەلۇم مۆچەللىك يىگىت بىلەن مەلۇم مۆچەللىك قىزنىڭ توي قىلسا بولمايدىغانلىقىدەك پەرھىز يوق. بەلكى ئىلگىرىكى دەۋردە مۇنداق ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە خاتىرىلەنگىنىدەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەربىر يىلنى بىر ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتاپ، ھەربىر يىلدىكى ئىشلارنى شۇ يىلغا مۆچەل قىلىدىغان ھايۋاننىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. شۇ بويىچە بولغاندا، بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ھايۋانلار مۆچەل قىلىنغان يىللاردا تۇغۇلغان قىز - يىگىتلەر ئەشۇ خىل قاراش تۈپەيلىدىن توي قىلىشتىن پەرھىز قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن بۇ ھەقتە ئېنىق بىر خۇلاسىگە كېلىشكە ئامالسىزمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئوبيېكتى (لايىق) تاللاشقا دائىر پەرھىزلىرى ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا - ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى چەكلەش پەرھىزىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ نىكاھلىنىپ ئائىلە بەرپا قىلىشى ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىشتۇر. لېكىن، ھازىرقى دەۋردە تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئالاقىدار ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەرلىك بەلگىلىرى ئايان بولۇپ قالغان ئاياللارنىڭ يەنە ئايالدىن لايىق تېپىشى ياكى ئاياللىق جىنسىغا يېقىن كېلىدىغان ئەرلەرنىڭ يەنە ئۆزىگە ئوخشاش ئەرلەر بىلەن توپىلىشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئاياللار تېنىدە ئەرلىك ھورمونىنىڭ ئارتىپ كېتىشى ۋە ئەرلەر تېنىدە ئاياللىق ھورمونىنىڭ ئارتىپ كېتىشى بىلەن مەلۇم ئەرلەردە ئاياللىششىنىڭ، مەلۇم ئاياللاردا ئەرلىششىنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. مەيلى قانداقلا

بولمسۇن، ئوخشاش جىنسلىقلار (ياكى ئەسلىدىلا ئوخشاش جىنسلىقلار) نىڭ نىكاھلىنىشى خەلق ئارىسىدا قاتتىق چەكلىنىدىغان ۋە يامان ئىللىنىدىغان ئىشتۇر.

خۇلاسىسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلاردا توي لايىقىنى تاللاشتا يوقۇرىقىدەك دائىرىدىكى ئوبيېكتلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. بۇنداق پەرھىزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپلا شەكىللەنگەن ۋە كۆچكە ئىگە بولغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋردە دىنلار تەرىپىدىن يەنە بەزى تۈرلەر قوشۇلدى. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ئۇيغۇرلار بۇددا ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە، مەزكۇر دىنلاردا نىكاھلىنىش گۇناھ بولىدۇ، دەپ قارالغانلىقى سەۋەبىدىن، تەقۋادار راھىبلار ۋە مۇخلىسلار توي قىلىشتىن مۇتلەق چەكلىنىپ ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكەن. شۇڭا ئۇلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق يات جىنسنى لايىق سۈپىتىدە تاللاش پەرھىز ھېسابلانغان. ئىسلام دىنى توي قىلىشنى ئىنسانىي مەجبۇرىيەت قاتارىدا شەرھىيلىدى ۋە پۈتۈن توي رەسمىيەتلىرىگە قارىتا كونكرېت قائىدىلەرنى بېكىتتى. مىڭ يىل مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن ئىشلىرى، نىكاھ رەسمىيىتى جەريانىدىكى پائالىيەتلەر ئاساسەن ئىسلامىي قائىدە بويىچە بېجىرىلىپ كەلدى.

لايىق تاللاش ھازىرقى دەۋردە دائىر جەھەتتىن كېڭەيگەن بولسىمۇ، كەم دېگەندە توي قىلغۇچى لايىقنى ئۆزى تاللايدىغان ۋەزىيەت خېلى كەڭ دائىرىدە شەكىللەندى. بۇ جەھەتتە شەھەر خەلقى بىلەن يېزا - قىشلاق خەلقى يەنە مەلۇم جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. لايىق تاللىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تويى مەسلىھەت چېيى، تويلۇق سېلىش، نىكاھ ئوقۇش، توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈش دېگەندەك تەرتىپلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 2. توي مەسلىھەتىگە ئائىت پەرھىزلەر

لايىق تاللاش بولسا ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ ئۆزىگە قارشى جىنستىن جۈرە تاللاشتىكى ئۇسۇلى ۋە دائىرىسى بولۇپ، ئۇ مەلۇم جەھەتتىن توي مەسلىھەتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توي مەسلىھەتىمۇ لايىقنى تاللاش ۋە ئۇنى كۈزىتىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق توي مەسلىھەتى بولسا لايىقنى مۇۋاپىق دائىرىدە مەلۇم ئۇسۇللار بىلەن تاللاپ بولغاندىن كېيىن بېجىرىلىدىغان بىر خىل پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىز - ئوغۇل ئىككى تەرەپتىكى ئائىلە ۋە جەمەت ئەزالىرىنىڭ

تويىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا مەسلىھەتسىز توي پۈتمەيدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىر قاتار پەرھىزلەر ۋە ئادەت يوسۇنلار مەۋجۇد.

**1. ئەلچىگە ئائىت پەرھىزلەر**

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردا قىز - يىگىتلەرنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشىپ مۇھەببەتلىشىش ئارقىلىق تويىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ياكى ھوقۇقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قىز - يىگىتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرۈش رولىنى ئۆتەيدىغان ۋاستىچى ياكى ئەلچىنىڭ بولۇشى ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىدى. ئۇيغۇرلاردا يىگىت بىلەن قىز ئەلچى ئارقىلىق ياكى بىۋاستە ئۇچرىشىپ تونۇشۇپ، توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەندىن كېيىن، ئۆز ئائىلىلىرىگە لايىق تېپىشقانلىقىنى، توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئائىلە باشلىقلىرى لايىقنىڭ مۇۋاپىق، ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، مۇۋاپىق بولسا ئارلىقتىن بىر كىشىنى ئەلچى سۈپىتىدە تەيىنلەپ قىز تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. ئەلچى ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا قىز يىگىتنىڭ ياش قورامى، تەقى - تۇرقى، ئىسمى، ئەخلاقىي پەزىلىتى، ئائىلە نەسەبى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىقلار ھەققىدە ۋە قارشى تەرەپنىڭ پوزىتسىيەسى توغرىسىدا خەۋەر ئالماشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان كىشىدۇر. ھەر ئىككى تەرەپ ئەلچى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى، تەلەپلىرىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزىدۇ. ئەلچى خالىس مەيداندا تۇرۇپ، ئىككى تەرەپنى ھەرخىل چارىلەر بىلەن كېلىشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئەلچى قىز تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن "چاي" ئەپكېلىش ۋاقتىنى بەلگىلەپ قايتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق پائالىيەتلەردە ئەلچى باشتىن - ئاخىرى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەلچى توي ئىشىدا مۇھىم بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئەلچىلەرگە نىسبەتەن مۇھىم قاراشتا بولغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ قانداق كىشىلەردىن تاللىنىشىغىمۇ دىققەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا توي ئەلچىسى بەزىدە "دەللال" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا توي ئەلچىسى ئومۇمەن ئەرلەردىن تاللانمايدۇ. ئەرلەر تېپىشتۇرۇشتا رول ئوينىغان تەقدىردىمۇ، كونكېرت ئىشلاردا ۋاستىچىلىك قىلمايدۇ. بۇ بىر پەرھىزدۇر. يەنە توي ئەلچىسى (دەللال) نىڭ يالغانچى، ئاچكۆز، ئىشرەتخور ۋە ئابروييپەرەست ئاياللاردىن تاللىنىشىدىن پەرھىز قىلىنىدۇ. گەرچە مۇنداق ئاياللار توي ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرگەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەر

مۇنداق تويىنىڭ جەريانى ۋە ئاقىۋىتىگە ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارايدۇ. شۇڭا توي ئەلچىلىرى راستچىل، ھەققانىي، سەممىي ۋە زۇۋاندىراز (ناتىق) دېگەن ئايالار تاللىنىدۇ. ئادەتتە ئەلچى ئايال توي ئىشىنى يىگى باشلىغاندا توي ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى مەخپىي تۇتىدۇ، ئاسانلىقچە ئاشكارە قىلمايدۇ. چۈنكى، ئەگەر مۇشۇنداق قىلىپ توي ئىشى ئەپلەشمىسە، ئۇ ئاھانەتكە گىرىپتار بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەلچى قىز تەرەپنىڭ مەخپىيىتىنى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ساقلايدۇ. توي ئىشى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا بارغاندا ۋە مۇناسىبەت مۇقىملاشقاندا ئاندىن توي جەريانىنى باشقىلارغا ئېيتسا بولىدۇ. ئەلچىلەر گەرچە مۇبالىغە گەپلەر ۋە قىسمەن يالغانچىلىقلارنى قىلسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى سەۋەبىدىن توي ئىشى رويابقا چىقسا، كىشىلەر ئۇلارنى يەنىلا ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر بىرەر سەۋەبلىك چىقىپ توي ئىشى ئەپلەشمەي قالسا كىشىلەر ئۇنى "مال- مۈلۈكنى يەپ كەتتى" دەپ زارلىنىدۇ. ئۇمۇمەن توي ئەلچىلىرى يۇقىرىقى سۈپەتلەرنى ھازىرلىغاندىن سىرت يەنە ئۇلار كۆپىنچە توي ئىشىغا بولغان تونۇشى چوڭقۇر، ئەنئەنىۋى قارىشى مۇكەممەل بولۇشى لازىم.

توي ئەلچىسى قولداشتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئەرلەردىن بىرقېتىم توي قىلغان كىشى قولداش بولسا بولىدۇ. بىراق ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق توي قىلغان ئەرلەرنىڭ يىگىتكە قولداش بولۇشى پەرھىز قىلىنىدۇ. قىز قولدىشى بولسا چوقۇم توي قىلمىغان قىز بولۇشى كېرەك. شۇڭا قىز تويىدا توي قىلغان جۇۋان ياكى چوكان قىزغا قولداش بولۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. قىزنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ بولغان بولسا، يەنىلا توي قىلمىغان باشقا قىزلار بۇ رولنى ئۆتەيدۇ. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردا قىز قولدىشى ياكى يىگىت قولدىشى دېگەنلەر بولمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ ئورنىدا يەڭگە ۋە يىگىت بېشى بۇ رولنى ئۆتەپ كەلگەن. يەڭگە بولسا قىزلاردىن تەيىنلەنمەيتتى. بەلكى تۇرمۇش تەجرىبىسى مول ئاياللاردىن تاللىناتتى. ئۇلار توي كۈنىدە، توي كېچىسىدە ۋە توي ئەتىسى قىزنى جۈندەش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالاتتى. يىگىت بېشى بولسا توي قىلغان يىگىتكە توي جەريانىدا ھەمراھ بولار ئىدى. ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇرلاردا يىگىت ئۈچۈن يىگىت قولدىشى ۋە يىگىت بېشى، قىز ئۈچۈن قىز قولدىشى ۋە يەڭگە خىزمەت قىلىدىغان ئادەت شەكىللەندى. شەھەرلەردە بولسا قىزلارغا ھەمراھ بولىدىغان قولداشلا قېلىپ (بەزى جايلاردا قىزلار ئۈچۈن ئىككى قولداش تەيىنلىنىدىغان ئەھۋال بار)، يەڭگە ھەمۋاھ بولۇش ئادىتى

ئەمەلدىن قالدى.

### 2. چاي ئەپكىرىشكە ئائىت پەرھىزلەر

چاي ئەپكىرىش ـ توي مەسلىھەتىدىكى مۇھىم بىر ھالقىدۇر. ئۇيغۇرلاردا چاي "كىچىك چاي"، "چوڭ چاي" دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. "كىچىك چاي" ـ "ماقۇللۇق چېيى" ياكى "تەزىم چېيى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا چاينى ئەلچى يالغۇز ئېلىپ بارمايدۇ، بەلكى، يىگىتنىڭ ئانىسى بىر قانچە ئايال ۋە ئەلچى ئايالنى ئېلىپ قىزنىڭ ئائىلىسىگە "كىچىك چاي" ئېلىپ بارىدۇ. چاي دېگىنى دەسلەپكى تونۇشۇش شەكلىدە ئۇغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە ھەدىيە قىلىدىغان سوۋغىلىرى بولۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا چاينىڭ سوۋغىلىرى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە قىزغا ئاتالغان بىرەر قۇردىن كىيىملىك رەخت ۋە مول داستىخاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بولسا چاي سوۋغىسى كۆپىنچە ئات، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلار بولغان. ئۇيغۇرلاردا قىز سوراش مۇناسىبىتى بىلەن چاي ئاپىرىشقا بولسۇن، ياكى كىچىك چاي ئاپىرىشتا بولسۇن، ئۇمۇمەن سەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى تاللىنىدۇ. بۇنداق قىلىشنى ئاق يوللۇق بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇندىن باشقا، چاي شەكلىدىكى ئەلچىلىككە ھەپتىنىڭ تاق كۈنلىرى ياكى ئاينىڭ تاق كۈنلىرى تاللىنىدۇ. ئىمكانقەدەر جۈپ كۈنلىرى ئەلچىلىككە بارىدۇ. يەنە، قىز چېيىنى ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى ئېلىپ بارمايدىغان پەرھىزلىك ئادەتمۇ بار. ھەپتە ياكى ئاينىڭ تاق كۈنلىرىدە چاي ئاپارماسلىقتىكى ئاساس شۇكى، توي ئالدى بىلەن يەككە تەنىنىڭ قوشۇلۇشى، تاقلىقنىڭ جۈپلۈككە ئايلىنىش ئىشىدۇر. ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزى بولسا ئۆزى ھەم تاق كۈن، ھەم ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى ( ھىجرىيە كالىندارىدىكى ئالتە ئاي ئوتتۇز كۈن، ئالتە ئاي يىگىرمە توققۇز كۈن بولىدۇ) دۇر. خەلق ئىشەنچلىرىدە ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىش باشلاش، بولۇپمۇ تويغا ئوخشاش خوشاللىق ۋە خەيرىلىك ئىشلارنى باشلاش ياخشى ئەھۋال ئەمەس. شۇڭا پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تويدىن باشقا ساھەلەردە تاق ساننى ئۆلۈغ بىلسىمۇ، توي ئىشلىرىدا جۈپ ساننى مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ رېئال ئاساسى يەنىلا تويىنىڭ يات جىنسلارنىڭ قوشۇلۇش پائالىيىتى بولغانلىقىدۇر.

چاينىڭ يەنە بىر خىلى "چوڭ چاي" دۇر. "كىچىك چاي" ئېلىپ بېرىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئوغول تەرەپ قىز تەرەپكە "چوڭ چاي" ئاپىرىدۇ. بۇ چاي مۇراسىمىمۇ ئوخشاشلا قىز تەرەپتە ئۆتكۈزىلىدۇ.

چايغا يىگىت ۋە قىز تەرەپتىن بولۇپ ئەللىك ـ ئاتمىشچە (بۇ ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىنىشىمۇ مۇمكىن.) ئادەم قاتنىشىدۇ. ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپ ئاتا ـ ئانىلارغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ۋە قىزغا كىيىم ـ كېچەك دېگەندەك سوۋغىلارنى بېرىدۇ. يەنە بىرەر تىرىك مال (كۆپىنچە قوي) مۇ ھەدىيە قىلىنىدۇ. سويۇلۇپ بولغان مالنى ئېلىپ بېرىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. چوڭ چايدا يىگىت تەرەپ ئېلىپ بارغان سوۋغا ـ سالاملار خاس ساندۇققا قاچىلىنىدۇ ۋە يىگىت تەرەپ مەخسۇس ساندۇق ئاچقۇچى ئايالنى تەيىنلەپ، جامائەت ئالدىدا ساندۇقنى ئېچىپ سوۋغا ـ سالاملارنى ئەكىلگۈچىنىڭ نامىنى ئاتاپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، ساندۇق ئاچقۇچى ئايال بىر نىكاھلانغان ئايال بولۇشى لازىم.كۆپ نىكاھلىق بولغان ئايال بۇ ئىشنى باشقۇرسا، قىز ئەرگە چىقىپ يەنە ئەرگە تېگىدىغان، يىگىت تولا خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ جورۇلىدۇ. شۇڭا، كۆپ نىكاھلىق ئايالنىڭ ساندۇق ئېچىشى پەرھىز قىلىنىدۇ. چوڭ چاي ئاخىرلاشقاندا تويىنىڭ مەسلىھەت باسقۇچى ئۇمۇمىيۈزلۈك ئاخىرلىشىپ، توي بېكىتىلىش باسقۇچىغا كىرىدۇ.

## 3. تويىنى بېكىتىشكە دائىر پەرھىزلەر

تويىنى بېكىتىش ئۇيغۇرلاردا تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: توي ۋاقتىنى بىكىتىش؛ تويلۇق مال ـ مۈلۈكنى بىكىتىش؛ قىز ـ تىگىتلەر ئۈچۈن قولداشلارنى ۋە يەڭگىنى بىكىتىشتىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا بەزى ئۇششاق تۈرلەرنى بېكىتىشمۇ مۇشۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. يوقۇرىقى توي ۋاقتىنى بەلگىلەش، تويلۇقنى بېكىتىش قاتارلىقلار ئادەتتە چوڭ چاي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزىدە كېيىن بېكىتىلىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ.

### 1. توي كۈننى بەلگىلەش ھەققىدىكى پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار توي ئىشىنى ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش دەپ قاراپ، بۇنداق قۇتلۇق ئىشقا قۇتلۇق كۈنلەرنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھازىر پەلەك بۇرجلىرىغا قاراپ توي كۈننى بەلگىلەيدىغان ئەھۋال يوق. بىراق ئىلگىرىكى دەۋرلەردە توي كۈننى بەلگىلەشتە مۇنەججىملەرگە پال سالدۇرۇپ، قايسى كۈندە توي قىلسا خەيرلىك بولىدىغانلىقى ۋە قايسى كۈندە توي قىلسا نەسلىك باسىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن مەلۇماتقا ئېرىشكەندىن كېيىن توي كۈننى بىكىتەتتى. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ۋە «سالنامە» قاتارلىق

كلاسسىك ئەسەرلەردە بۇ ھەقتە قىسمەن بايانلار بار. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلار رامىزان ئېيى (ھىجرىيە كالىندارى بويىچە توققۇزىنچى ئاي، روزى تۇتىدىغان ئاي) دا توي قىلىشتىن پەرھىز قىلىپ كەلگەن. چۈنكى، ئىسلامىي قائىدە بويىچە رامىزان ئېيى روزا تۇتىدىغان، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چاغ بولۇپ، كۈندۈزدە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا بىر قىسىم ئىشلاردىن چەكلىنىش لازىم. مۇشۇنداق بولغاچقا بۇ ئاي ئىچىدە توي قىلىش نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ھازىرغا قەدەر رامىزان ئېيىنىڭ ھەرقانداق بىر كۈننى توي كۈنى قىلىپ بېكىتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئارا ئاي (روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت ئارىسىدىكى ئاي، شەۋۋال ئېيى) دا توي قىلىشتىن چەكلىنىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇ ئايدا توي قىلسا يىگىت بىلەن قىز كېلىشەلمەيدۇ دەپ قاراپ، بۇ ئاي ئىچىدە توي قىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەنە سەپەر ئېيى (ھىجرىيە كالىندارى بويىچە ئىككىنچى ئاي) دا توي قىلسا تويغا جىن ـ شەيتانلار ئارىلىشىۋېلىپ، توي قىلغان قىز ـ يىگىتلەر كېلىشەلمەيدۇ دەپ جورۇپ، بۇ ئايدا توي قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. بىراق، رامازان ئېيىدا توي قىلىشتىن چەكلىنىشتىن باشقا، ئارا ئاي ۋە سەپەر ئېيىدا توي قىلماسلىق ئەسلىدە ئىسلامىي قائىدە ئەمەس. بۇ كىشلەرنىڭ تۈرلۈك رىۋايەتلەر ئاساسىدا توقۇۋالغان خۇراپىي قاراشلىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

توي كۈننى بېكىتىش جەھەتتە ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ توينى ھەپتىنىڭ تاق كۈنلىرى ياكى ئاينىڭ تاق كۈنلىرى قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بولغان. قىز بىلەن يىگىتنىڭ تويى قوش تەرەپنىڭ خوشاللىق ئىشى بولۇپ، بۇ ئىش تاق كۈنلەردە بولسا بۇ نەسلىكتىن دېرەك بېرىدىغاندەك تۇيۇلغاچقا، ئۇمۇمەن ئاينىڭ ياكى ھەپتىنىڭ تاق كۈنلىرى تاللانماي، جۈپ كۈنلەرگە قارار قىلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلاردا سەيشەنبە ۋەجۈمە كۈنلىرى توي قىلمايدىغان ئەھۋال بار.

ھازىرقى دەۋردە توي كۈننى بېكىتىشكە ئائىت پەرھىزلەردە قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ ھەپتىنىڭ ياكى ئاينىڭ تاق كۈنلىرىدە توي قىلماسلىق رېئال شارائىت ۋە ئېھتىياج سەۋەبىدىن كۆنسىرى ئۇنتۇپ كېتىلدى. ھازىر ساقلىنىپ تۇرغان پەرھىزلەر بولسا رامازان ئېيىدا توي قىلماسلىق، (يېزا ـ قىشلاقلاردا) سەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنىدە توي قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

### 2. تويلۇققا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار توي جەريانىدا "كىچىك چاي" ئارقىلىق قىز تەرەپنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن "چوڭ چاي" جەريانىدا ۋە ئۇئۇنىڭدىن كېيىن تويلۇقنى پۈتۈشىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تويلۇق ھازىرقى دەۋردە ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە قىز مېلى سۈپىتىدە بېرىدىغان بىر قۇر ياكى بىر قانچە قۇر ئۈستىباش، ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا سوۋغا ـ سالام ۋە قىز تەرەپنىڭ توي كۈنى قازان ئېسىشى ئۈچۈن تەييارلانغان "ئاش سۈيى" دەپ ئاتىلىدىغان گۆش، ياغ، گۈرۈچ، ئۇن، نان، چاي ، تۇز، سەۋزە، يېقىلغۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى.

ئىسلام دىنىدا تويلۇقنى ئېغىر بەلگىلەش چەكلەنگەن ئىش بولۇپ، بۇ توغرىدا "بىر ئادەمنىڭ ئۈچ يىل خىراجەت قىلىسمۇ يەتكۈدەك مال ـ مۈلكىنىڭ ئوندىن بىرىدىن ئارتۇقنى تويلۇق سۈپىتىدە بېرىش يامان" دېگەن پەتىۋالارمۇ چىقىرىلغان. ھازىرقى دەۋردە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ نىسبەتەن ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئاز تويلۇق سېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇۋېمۇ، يەنە بىھۇدە مال ـ مۈلۈك ئىسراپچىلىقىدىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا تويلۇق سالماسلىق تەشەببۇسلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ كۆرۈلمەكتە. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئېغىر تويلۇق سېلىشتىن ئىمكانقەدەر چەكلىنىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا بېقىپ تويلۇق سېلىش، ھەتتا ئازراق تويلۇق سېلىش قىز ئېگىلىرىنى ياخشى جامائەت پىكرىگە ئېرىشتۈرىدۇ، مۇنداق ئەھۋال ئالقىشلىنىدۇ.

## 4. تويلىششقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا توي تەييارلىقى پۈتۈنلەي پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن كۈندە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ. توي مۇراسىمى مۇنداق ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، "نىكاھ ئوقۇش" ، يەنە بىرى، كونكرېت توي مۇراسىمىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پەرھىز ئادەتلىرىنى ئىككى نۇقتا بويىچە بايان قىلىمىز.

### 1. نىكاھ ئوقۇشقا ئائىت پەرھىزلەر

نىكاھ ئوقۇش ـ ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدىكى توي مۇناسىۋىتىنى ئىسلام شەرئىيتىگە لايىقلاشتۇرۇش ياكى ياكى توي مۇناسىۋىتىنى ئىسلام شەرئىيتىنىڭ (باشقىچە ئېيتقاندا ئىلاھى پەرمانىنىڭ) تەستىقىدىن

ئۆتكۈزۈش مۇراسىمى بولۇپ، بۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن شەكىللەنگەن قائىدىدۇر. نىكاھ ئوقۇشتا ئىككى خىل مەقسەد بولىدۇ. بىرى، ئىككى ياشنىڭ (ياكى ئىككى جىنسنىڭ) توي مۇناسىۋىتىگە ئىلاھنى گۇۋاھلىققا چاقىرىش؛ يەنە بىرى، شۇ ئارقىلىق جامائەتنىڭ بۇنداق توي مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلاردا نىكاھسىز توي بولمايدۇ.

نىكاھ توي كۈنى سەھەردە ئوقۇلىدۇ. ئايرىم جايلاردا بولسا قىزنىڭ ئۆيىدە توي بولغان كۈنى كەچقۇرۇن قىزنى يۆتكەپ كېتىش ئالدىدا ئوقۇلىدۇ. بىراق، نىكاھ ھەرگىز بىرەر كۈن ئىلگىرى ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلسا نىكاھ قونۇپ قالىدۇ، راۋا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. نىكاھ ۋاقتىدا نىكاھ ئوقۇش پائالىيىتىگە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ يارەنلىرى، قولداشلار، ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئورۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ يارەنلىرى، نىكاھ ئوقۇيدىغان موللا ياكى ئاخۇنلار، يۇرت كاتتىلىرىدىن ياكى پىشقەدەملىرىدىن بىر نەچچىسى... قاتنىشىدۇ. ئىسلام شەرئىتى بويىچە نىكاھ ئوقۇشقا قاتنىشىدىغان ئادەم سانى قىز ـ يىگىت ۋە نىكاھ ئوقۇغۇچىدىن باشقا (بەزىدە نىكاھ ئوقۇغۇچى بۇنىڭ ئىچىدە ھېسابلىنىدۇ) ئۈچ ئەردىن كەم بولماسلىقى لازىم. ئايال بولسا ئالتىدىن كەم بولماسلىقى لازىم. ئىمام ياكى ئاخۇن قىز ۋە يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بۇ تويدا پۈتۈلگەن مەھر ھەققىنى ھېسابلاپ بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، نىكاھ ئوقۇش مۇراسىمى باشلىنىدۇ. نىكاھ ئوقۇش جەريانىدا قىز بىلەن يىگىت بىر ئۆيدە تۇرمايدۇ. چۈنكى ئىسلامىي قائىدە بويىچە نىكاھلانمىغانلار بىر ـ بىرى ئۈچۈن نامەھرەم بولۇپ، كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش چەكلىنىدۇ. شۇڭا قىز بىلەن يىگىت ئايرىم ـ ئايرىم ، ئەمما يانمۇ ـ يان ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، ياكى قىز ئىشىك سىرتىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ جەرياندىكى يەنە بىر پەرھىز شۇكى، قىز بىلەن يىگىت نىكاھقا كونا كىيىملەر بىلەن كىرمەسلىكى لازىم. چۈنكى توي يېڭى باشلىنىشتۇر، شۇڭا ھەممە نەرسە يېڭى بولۇشى كېرەك دەپ قارىلىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە يىگىت مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن نىكاھ ئۈستىدە بولالمىسا، يىگىتنىڭ قەلەمتىرىچى، پىچىقى قاتارلىق دائىم ئىشلىتىدىغان تىغ ئەسۋاپلىرىنى قويۇپ نىكاھ ئوقۇيدىغان ئەھۋال بار ئىدى. قىز ـ يىگىت ۋە جامائەت ھازىر بولغاندىن كېيىن، ئىمام نىكاھ خۇتبىسىنى ئوقۇيدۇ. ۋە ئاندىن قىزدىن ۋە يىگىتتىن بۇ نىكاھقا رازى ياكى ئەمەسلىكىنى سورايدۇ. يىگىت "ئالدىم" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا قىز ئۈچ قېتىم سورالغاندىن كېيىن ئاندىن جاۋاب بېرىدۇ.

بىرىنچى قېتىم سورىغاندا جاۋاب بىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ سالسا كىشلەرنىڭ "توي قىلىشقا ئاران تۇرغان" دېگەندەك تەنە سۆزلەرنى قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ يەردىكى يەنە بىر مەسىلە شۇكى، قىزنىڭ "قوبۇل قىلدىم" دېگىنىنى ۋە يىگىتنىڭ "ئالدىم" دېگىنىنى ئىمام باشلىق بارلىق جامائەت ئاڭلىشى لازىم. بولۇپمۇ قىز ۋە يىگىت بىر ـ بىرىنىڭ جاۋابىنى ئېنىق ئاڭلىشى لازىم. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىر توي نىكاھى ئوقۇلغاندا قىز نىكاھ ئوقۇلىدىغان يەردە تۇرمايدىغان ئادەت بار. بۇنداق ئەھۋالدا قىزنىڭ ۋەكىلى نىكاھ مەيدانىغا كېلىپ يىگىتكە قىزنىڭ نىكاھقا رازى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنى ئىمام باشلىق جامائەت ئاڭلىغاندىن كېيىن نىكاھ پۈتىدۇ. بەزى جايلاردا نىكاھ ئوقۇلۇۋاتقاندا توي قىلمىغان (بويتاق) لارنىڭ قاراپ تۇرۇشى چەكلىنىدۇ. مۇنداق بولسا توي ئىشى ئۇزاققا بارماي، قىز بىلەن يىگىت بويتاق بولۇپ قالىدۇ دەپ جورۇپ، پەرھىز قىلىنىدۇ.

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە نىكاھ ئوقۇلىدىغان ۋاقىتنى ئىلمىي نۇجۇم قائىدىلىرى بويىچە تاللاش ئەھۋالى مەۋجۇد ئىدى. مەسىلەن: «سالنامە» ناملىق كىتابتا "مېررىخنىڭ سائىتىدە ... نىكاھ قىلىش ..قاتارلىق ئىشلارغا ياخشى سائەت ئەمەس. بۇ سائەتتە تۇغۇلغان پەرزەنت باشتوك (بەد ئەخلاق، بەد قىلىق)، كىشلەرگە ئازاب بېرىدىغان، زالىم، ئۇرۇشخۇمار بولىدۇ. ئۆمرى ئۇزۇن، بىخىل بولىدۇ."، "زۇھەلنىڭ سائىتى يامانلىقتۇر. ... نىكاھ قىلماققا ياخشى بولمايدۇ." دەپ يېزىلغان.[①] «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا بولسا "ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى، ئون يەتتىنچى كۈنى، يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى.... نىكاھ قىلسا پاتلا تالاق چىقىرىدۇ."، "ئاي سەراتان بۇرچىغا توغرا كەلگەندە نىكاھ قىلماق ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس." دېيىلگەن.[②] ھازىرقى دەۋردە ئۇيغۇرلار نىكاھ قىلىشتا ئىلمىي نۇجۇم قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان ئادەت ئاساسەن يوقالغاندۇر. ئۇيغۇرلاردا نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىز قانۇنلۇق، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ئەر ـ خوتۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى توي مۇرسىمى بولسا ئەنە شۇ مۇناسىبەتنىڭ بەرپا بولغانلىقىغا تەنتەنە قىلىش، تېخىمۇ كۆپ جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىدىدە ئۆتكۈزىلىدىغان مۇراسىمدۇر.

---

[①] «سالنامە»، «مىراس» ژورنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق ئىككىنچى سانىغا بېسىلغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى. 69 ـ ، 70 ـ بەتلەر.

[②] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 5 ـ ئاي، 36 ـ ، 40 ـ ، 41 ـ ، 42 ـ بەتلەر.

## 2. توي مۇراسىمىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇر تويلىرىدا نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىز تەرەپ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست بۇرادەرلىرى ۋە خۇلۇم خوشنا، يۇرتداشلارغا، شۇنداقلا يىگىت تەرەپتىكى مېھمانلارغا ئۆزىگە لايىق كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. نىكاھ كەچقۇرۇن ئوقۇلىدىغان جايلاردا نىكاھ ئوقۇلىدىغان كۈنى كۈندۈزدىن ئاخشامغىچە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىز كەچقۇرۇندا يىگىتنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىدۇ. ئەتىسى يىگىت تەرەپتە ئوخشاش دەرىجىدە توي مۇرسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي مۇراسىمى تۆۋەندىكىدەك مۇنداق بىر قانچە باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ: بىرىنچى، قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئولتۇرۇشى؛ ئىككىنچى، قىزنى يۆتكەش؛ ئۈچىنچى، قىزنى قارشى ئېلىش؛ تۆتىنچى، يول توساش؛ بەشىنچى، يۈز ئاچقۇ پائالىيىتى؛ ئالتىنچى، سالامغا بېرىش؛ يەتتىنچى، چىللاق (ئۆز ـ ئارا تونۇشۇش، هاردۇق سوراش پائالىيىتى). بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. پەقەت بۇ جەرياندىكى بىر قىسىم ئىرىملىك قاراش ۋە پەرھىزلىك ئادەتلەرنىلا مۇلاھىزە قىلىمىز. توي كىيىمى جەھەتتە، ئۇيغۇرلاردا توي قىلغۇچى قىز ـ يىگىتلەر يالاڭباش يۈرۈشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە يىگىتلەر بېشىغا دوپپا، تۇماق قاتارلىق قۇيۇق مىللىي تۈسكە ئىگە، قىممەت باھالىق باش كىيىملەرنى؛ قىزلار بولسا كەشتىلىك دوپپا، تۇماق ۋە ئۇزۇن رومال قاتارلىق باش كىيىملەرنى كىيەتتى. ھازىر بۇ ئەھۋال شەھەرلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلاردا ئۆزگىرىپ كەتتى. لېكىن كۆپ ئۇيغۇرلار توي كۈنىدە يىگىت بىلەن قىزنىڭ يالاڭباش يۈرۈشىنى ھېلىھەم چەكلەيدۇ. قىزنىڭ تويلۇق كىيىمى جەھەتتە، تويلۇق كىيىم ئۇمۇمەن سېرىق، قارا، نىشەرەڭ، قارا، كۆك رەڭلەردىكى رەختلەردىن بولمايدۇ. كۆپىنچە قىزىل ۋە ئاق ياكى كۆپ خىل رەڭلەردىن تەشكىل تاپقان رەختلەردىن بولىدۇ.

قىز بىلەن يىگىتنىڭ يوتقان كۆرپىسى جەھەتتە، ئۇيغۇرلاردا قىز تەرەپ يىگىت ـ قىز ئۈچۈن ئېسىل رەختلەردىن قېلىن ۋە كەڭ قىلىپ يوتقان ـ كۆرپە، ئىككى ياستۇق تەييارلايدۇ. يىگىت تەرەپتىنمۇ بىر قانچە يوتقان ـ كۆرپە تەييارلىنىدۇ. قىز بىلەن يىگىتنىڭ خاس يوتقان كۆرپىسىنى تويدىن ئىلگىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىشلىتىشى، يېتىشى چەكلىنىدۇ.

قىزنى كۆچۈرۈپ مېڭىش پۈتۈن توي جەريانىدىكى ئەڭ قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىدۇر. يىگىت

بىلەن قىزنىڭ ئۆيىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئات، ئات ھارۋىسى، مەپە قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

توي كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى قىز قاتتىق يىغلايدۇ. بۇ يىغا كىچىكىدىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىدىن، يۇرتىدىن، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىش پىراقىغا چىدىماي چىقىدىغان يىغىدۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا قىزنىڭ پۈتكۈل كۆچۈرۈش جەريانىدا يىغلاپ تۇرۇشى ئىنتايىن قەدىمدىن قالغان ئادەتتۇر. شۇڭا مۇشۇنداق ئادەت كۆچىنىڭ بېسىمى بىلەن قىزنىڭ كۆچۈرگەندە يىغلىماسلىقى ئىنتايىن يامان ئېلىنىدىغان قاراش شەكىللەنگەن.

توي مۇراسىمىغا ئائىت مۇنداق پەرھىزلەر بار: ئۇيغۇرلار تويغا يۇرتداشلار ۋە مەلۇم خۇلۇم ـ خوشنىلارنى دەرىجە، تەبىقە ئايرىماي چاقىرىدۇ. بايلارنى، يوقۇرى تەنقىدىكىلەرنىلا چاقىرىپ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنى، كەمبىغەللەرنى چاقىرماسلىقتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. توي دېگەن ھەممە ئادەم "تويىدىغان ئىش" دەپ قاراپ، يېتىم ـ يېسىر ۋە غېرىپ ـ مىسكىنلەرگە ئالاھىدە خەيرىخاھلىق قىلىدۇ. توي ئېشى ئېتىدىغان ئوچاق ئەتراپى توي كۈنىدە بەخت بەركەت سورۇنى بولۇپ قالىدۇ. ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىدا مۇنداق ئادەت بار: قىز تەرەپ قازان ئېسىلىپ توي ئېشى ئېتىلىدىغان كۈندە ئوچاقتا كۆيۈپ بولالمىغان چۈچۈلنى ئېلىپ سىرتقا تاشلىۋەتمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ سالسا توي بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ياكى يىگىت بىلەن قىز بالا ئاجرىشىپ كېتىدۇ، دەپ قاراپ ئوچاققا سالغان ئوتۇننى تولۇق كۆيدۇرۈۋېتىدۇ. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ كۆپىنچە يەرلىرىدە ئوغۇل تەرەپتە توي بولغان كۈنىدە قىزنىڭ دادىسى  يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارمايدۇ ۋە تويغا قاتناشمايدۇ. خوتەن تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈندە يىگىت ـ قىز تەرەپنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن ھېچ كىشى سوغۇق سۇ ئىچمەيدۇ. شۇنداق قىلسا قۇدىلار ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشىدۇ دەپ قاراپ، سوغۇق سۇ ئىچىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا "ھېسسىي تەسىر سېھرگەرلىكى" نىڭ ئىچىدىكى "ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى" ئاساسىدا پەيدا بولغان خۇراپىي ئادەتتۇر. توي ئىنسان ھاياتىدا ھەقىقەتەن خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشتۇر. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇرلار توي جەريانىدا تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى، مول داستىخاننى ئايىمايدۇ. ھەممە كىشىنىڭ شادلىققا چۆمۈشى ـ تويدىكى ئاساسىي كەيپىيات بولۇپ قالىدۇ.

*****************************************************************

تويدىن كېيىن قىزلار يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېڭى ئەزا سۈپىتىدە قوشۇلغاندىن كېيىن ئائىلىدە خېلى ۋاقىتلارغىچە چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ئۇلارنى "كېلىن خېنىم"، "يەڭگەم"، "خان ئاچا" دېگەندەك ھۆرمەت ناملىرى بىلەن ئاتاپ ئىززىتىنى قىلىدۇ. كېلىن ئۆزىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنى ھۆرمەتلەپ بەجاندىل خىزمىتىنى قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا قېيىن ئاتا بىلەن كېلىن، قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك پەدىشەپ ساقلىنىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىشمايدۇ. خوتۇن ئەرنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇل چاقىرمايدۇ. يىگىت بىلەن قىز ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر ئائىلىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ياش ئەر - خوتۇنلار ئەرنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئۆي ئايرىش ھەققىدە رۇخسەت سورىدۇ. ئاتا - ئانىلارمۇ بالىلارنىڭ تېزراق بۆلەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلىۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، ياش ئەر - خوتۇنلار ئۆي ئايرىپ، چوڭ ئائىلىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە كەنجى ئوغۇل ئەڭ ھەقلىق ۋە بىۋاستە ۋارىسى ھېسابلانغاچقا، كەنجى ئوغۇل بىلەن خوتۇنى ئاساسەن ئۆي ئايرىماي، ئاتا - ئانىسى ياشانغاندا بېقىپ، ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇزۇتۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ جايىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ "ئاتىلىرى ياققان چىراقنى ئۆچۈرمەسلىك" كە تىرىشىدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل ئۆيلەش ۋە قىز ياتلىق قىلىشتا بالىلارنىڭ توي قىلىش تەرتىپىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئادەتتە چوڭ ئوغۇلنى ئۆيلىمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوغۇللارنى ئۆيلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بولۇپمۇ چوڭ قىزى تالالىق بولماي تۇرۇپ، كىچىك قىزىنى ياتلىق قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئوغۇللار بىلەن قىزلار دېگۈدەك مۇناسىبەتسىز ئورۇنغا قويۇلىدۇ. يەنى، ئاكىسىنى ياتلىق قىلماي تۇرۇپ سىڭلىسىنى ياتلىق قىلماسلىق دېگەندەك پەرھىزلەرمۇ بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇيغۇرلار ھايات ۋقتىدا بالىلىرىنىڭ توينى قىلىپ قويۇشقا بەك ئالدىرايدۇ. "توي بالىلارنىڭ ئاتا - ئانا ئۈستىدىكى قەرزى" دەپ قارالغاچقا، ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئىمكان بار ھەممە بالىلىرىنىڭ توينى قىلىپ قويىدۇ. بىرەر بالىسىنىڭمۇ توينى قىلىۋەتمەي ئۆلۈپ كېتىش ياخشى ئىش سانالمايدۇ.

قىزلار ئەرگە تېگىپ، ئېرى يېنىدا ياشىغاندىن كېيىن، پات - پات ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ تۇرىدۇ.

بۇنداق ئىش "ئازنىلىك" دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆپىنچە جۈمە كۈنىدە بەزىدە يەكشەنبە كۈنىدە ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كېلىشنى ئادەت قىلغاچقا، بۇ شۇنداق ئاتالغان. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئازنىلىق قىلغاندا ئاتا ـ ئانىسى يېنىدىن شۇ كۈنى بېرىپ شۇ كۈنى يېنىپ كېلىدۇ. قونۇپ قېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنى ئەرلىرىمۇ قەتئىي قوللىمايدۇ. ئەگەر ئۆيى يىراق بولسا، ھەر ھەپتىدە بېرىپ كەتمەيدۇ. بىرەر ئاي، ياكى يېرىم يىلدا بىر يوقلاپ، قونۇپ كېلىدۇ. يېقىن بولغان ئەھۋالدا ھەرقانچە بولغاندىمۇ چوقۇم قونۇپ قالمايدۇ. بىزنىڭ مەقسىدىمىز توي مۇراسىم ئادەتلىرىدىكى پەرھىزلەر بولغاچقا پۈتۈن توي مۇراسىمى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك سۆزلەش بىلەن كۇپايىمىز.

## 5 . ئاجرىششقا ۋە قايتا توي قىلىشقا ئائىت پەرھىزلەر

خەلق ئارىسىدا ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ، بىللە قېرىشىنى، پەرزەنتلىرىنى ئۆز قولىدا تەربىيىلىشىنى بەخت بەلگىسى دەپ تونۇيدىغان قاراش بار. ھەقىقەتەن، توي بولسا ئەر بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەھكەم ئەھدە بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتە جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ھالاۋەتتە تەڭ تۇرۇش تۇيغۇسى ۋە ئىستىكى بولىدۇ. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە ئەرنىڭ خوتۇنغا، خوتۇننىڭ ئەرگە يۈكسەك مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ھەر بىر تەرەپ چامىنىڭ يېتىشىچە قارشى تەرەپنىڭ مەنپەئەتى، ھوقۇقىنى قوغدايدۇ ۋە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت ئەرگە نىسبەتەن ئائىلىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە قامداش، خوتۇنغا نىسبەتەن ئەرلىك مۇھەببىتىنى ساقلاش، ۋە پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتۇر. خوتۇننىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا پۈتۈن ئائىلە ئىشلىرىنى جايىدا باشقۇرۇش، ئانا بولۇش سالاھىيىتى بىلەن پەرزەنتلەرنى بېقىپ چوڭ قىلىش، ئەرگە بولغان مۇھەببىتى ۋە پاكلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. بۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئارتۇقلۇقى ئائىلىنىڭ مەۋجۇد بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، بۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئارتۇقلۇقماسلىقى نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل بۇزۇلۇش ئاخىرقى ھېسابتا ئاجرىشىپ كېتىشتۇر. ئاجرىشىپ كېتىش بولسا ئەر خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە زىددىيەتنىڭ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرقانداق بىر مىللەتتە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

بىز ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئاجرىششى كۆپىنچە ئىسلامىيەت قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئىسلام دىنىدا ئاجرىشىپ كېتىش "تالاق" ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.خەلقنىڭ چۈشەنچىسىدە "تالاق" ھەم لەۋزەن ھەم ھەركەتلىك ئىشتۇر. دېمەكچىمىزكى، خوتۇننى قويۇپ بىرىش سۆز ئارقىلىقمۇ بولىدۇ ۋە ئەمەلىي ھەركەت ئارقىلىقمۇ بولىدۇ. سۆز ئارقىلىق قويۇپ بىرىش ئېغىزىدا خوتۇنغا "سېنى قويۇپ بېرىمەن" ياكى "سەن تالاق" دېيىشنى كۆرستىدۇ. ھەركەت ئارقىلىق ئاجرىشىش بولسا "تالاق" سۆزىنى دېمەي تۇرۇپمۇ خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەشنى كۆرستىدۇ. ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىبەتنى ساقلاپ قېلىشتىكى بارچە تىرىشچانلىقلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئەر خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى قارار قىلغان بولسا خوتۇنغا "سەن تالاق" دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىسا ياكى "سەن ئۈچ تالاق" دېسە، خوتۇن بىلەن بولغان نىكاھ مۇناسىبىتى ئۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ ئىسلامدا بەلگىلەنگەن قائىدىدۇر. بىراق "تالاق" نىڭ قېتىم سانى جۈپ ساندا بولمايدۇ. شۇڭا "تالاق" نى ئۈچ قېتىم تەكرارلاش ۋەياكى "ئۈچ تالاق" دېيىش زۆرۈربولىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى بەلگىلىمىلەردە خوتۇننى تالاق قىلىش ئىنتايىن ئامالسىز قالغان ئەھۋالدا بولۇش لازىم. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە ئاللاھ ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ھالال ئىشنىڭ دەل تالاق قىلىش ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بولغاندا، ئەرنىڭلا خوتۇننى تالاق قىلىش ھوقۇقى بار بولىدۇ، بىراق خوتۇننىڭ ئەرنى تالاق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. خوتۇن ئېرىنى تالاق قىلغان (يەنى ئۇنىڭغا ئاجرىشى ئېلان قىلغان) تەقدىردىمۇ، بۇنداق ھەرىكەت ئىناسىۋەتسىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا خوتۇننى قويۇپ بېرىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى ئايالالار پاك بولغان ۋاقىتلاردۇر. يەنى خوتۇن ھېيزدارلىق مەزگىلىدە تۇرغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىش پەرھىز قىلىنىدۇ. ياكى خوتۇن ھېيزدارلىقتىن پاك بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولغاندىن كېيىن ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئەر خوتۇنغا "ئۈچ تالاق" ياكى "قويدۇم" سۆزى لەۋزە قىلىنغاندىن كېيىن، مىراس ۋە پەرزەنتنىڭ تەۋەلىكى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش تۈگىمىگەن بولسىمۇ، يەنە ئەر بىلەن خوتۇننىڭ بىرگە ئۆتۈشى راۋا بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا، ئاجرىششنى مەلۇم ئىش ھەققىدىكى قەسەمنىڭ مەزمۇنى قىلىۋېلىشمۇ چەكلىنىدۇ.يەنى خوتۇنغا "ئەگەر سەن ××× ئىشنى قىلىدىغان بولساڭ،

مەن ئۈچۈن سەن تالاقتا ھېساب" دېيىش چەكلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئىسلام دىنىدا تالاقنىڭ كونكرېت قائىدىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرلار پەقەت يوقىرىقى بىرقانچە قائىدە بويىچە ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ كەلگەن. ئەگەر كونكرېت مەسىلىگە دۇچ كەلسە ئۇ چاغدا خەلق ئارىسىدىكى ئۆلىما كىشىلەر شەرىئەتكە ئاساسەن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم چىقارغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدىكى "تالاق" سۆزىنىڭ لەۋزە قىلىنىشى بىلەن ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىبەتنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئاجرىشىشنى ئەشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بېجىرىپ كەلگەن. بەزىدە قىسمەن نادان كىشىلەر ئىسلامي قائىدىنى سۇيىئىستىمال قىلىپ خوتۇنلىرىغا "تالاق" دەپلا ئۇلارنى قويىۋېتىپ، نەتىجىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى نىسبەتەن يوقۇرى ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. ئاياللاردا تالاق قىلىش ھوقۇقى بولمىغاچقا، "تالاق" سۆزى گوياكى ئىنتايىن شۇم سۆزدەك تۇيغۇ بېرىدىغان بولۇپ قالغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن، تالاق قىلىش بىلەنلا ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىبىتىنى ئۈزىۋېتىدىغان ئىشلار نىسبەتەن ئازايدى. كىشىلەرنىڭ "تالاق" قا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئەرلەر "تالاق قىلىش" بىلەن ئاجراشمايدىغان بولدى. ئۇمۇمەن ئاجرىشىش ئىشلىرى دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىلىدىغان بولدى. ئەنئەنىۋي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نىكاھتىن ئاجراشقان ئاياللارنىڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن يامان كۆرۈلمەسلىكى ياخشى بىر ئادەتتۇر. بىراق بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاجرىششنىڭ كۆپلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ ئۆيدىن كېتىشتىن بۇرۇن ئۆيدىكى ئوچاقنى چېقىۋېتىدۇ. ئۆز قولى بىلەن سالغان بۇ مۇقەددەس پائالىيەت سورۇنىنىڭ باشقا ئايال قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۇنى قالدۇرۇپ كېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

قايتا توي قىلىش ـ ئاجرىشىپ كېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يەنە بىر ئەھۋالدۇر. دەرۋەقە، بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشى ۋە خوتۇنىنىڭ ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشى ھاياتنىڭ تۈگەللىنىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا ھەممە كىشى ئاجراشقاندىن كېيىن يەنە لايىق كېلىدىغان جۆرە ئىزدەيدۇ. تالاق قىلىنغان ئايال بىلەن قايتا نىكاھلىنىش ھەققىدە ئالدىنقى سەھىپىدە سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇيغۇرلاردا قايتا توي قىلىش ياكى جۆرىسى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكتىن، ياكى جۆرىسىنىڭ

ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. يېقىنقى دەۋرلەرگىچە خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئېلىش قايتا توي قىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەكلى ئىدى. بۇ هازىر مەۋجۇد ئەمەس. ئەگەر بىرەر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ياكى بىرەر ئەرنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، شۇ ئەر ياكى خوتۇنىنىڭ بىر يىلنى ئۆتكۈزمەي تۇرۇپلا قايتا توي قىلىشى كىشلەر تەرىپىدىن ئىنتايىن يامان كۆرىلىدۇ. جۆرىسى ۋاپات بولغۇچىلار ئادەت بويىچە جۆرىسىگە ماتەم تۇتۇپ تېزلا قايتىدىن نىكاھلىق بولۇۋېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە جۆرىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياشانغان كىشلەرنىڭ قايتىدىن نىكاھلىنىشى كۆرىلىپ تۇرىدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، بىراق ياشانغان ئاياللار ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتىدىن ئەرگە تېگىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئىشەنچلىرىدە شۇنداق بىر قاراش باركى، جۆرىسىدىن ئايرىلغان ياشانغان دادىلاردىن، ئانىلاردىن پەرزەنتلىرىنىڭ ھەپتىدە بىر قېتىم "دادا، ئۆزلىرىنى ئۆيلەپ قويايلىمۇ"، "ئانا، ئۆزلىرىنى ياتلىق قىلىپ قويايلىمۇ؟" دەپ سوراپ تۇرۇشى مەجبۇرىيەتتۇر. گەرچە ياشانغان كىشلەر بۇنى رەت قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆتىنىش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ قىلىنىدىغان مۇنداق غەمخورلۇق ئىسىل مىللىي ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردا ئاجرىشىش نىسبىتى نىسبەتەن يوقىرى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ خەلقنىڭ رايىدىكى ئىش ئەمەس. چۈنكى خەلق كۆپ ئۆيلەنگەن ئەرلەرنى "خوتۇنباز" دەپ ئەيىبلىسە، كۆپ ئەرگە تەككەن خوتۇنلارنى تېخىمۇ يامان كۆرۈپ لەنەت ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاق بار:

بىرگە تەككەن ياخشى،

ئىككىگە تەككەن باخشى.

ئۈچكە تەككەن ئايالدىن،

تەخەيلىك ئېشەك ياخشى.

*******************************************************************

توي ھەققىدىكى ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ھەققىدە ئاخىردا بىز مۇنداق بىرقانچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

بىرىنچى، توي ھاياتلىق مۇراسىملىرى ئىچىدىكى چوڭ مۇراسىم بولسىمۇ، بىراق خاركتېرىنىڭ نىسبەتەن شاد- خورام كەيپىياتقا تولغان بولۇشى سەۋەبىدىن ۋە ئۇنىڭ باشتىن - ئاخىرقى جەريانىدىكى كەيپىياتىنىڭ سۈرلۈك تۈس ئالمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلەر كۆپ ئەمەس. بولغان تەقدىردىمۇ كۆپىنچىسى توي مۇراسىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان يۇسۇن خاراكتېرلىك چەكلىمىلەردۇر.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر توي - تۆكۈن پەرھىزلىرىنىڭ لايىق تاللاش، ئاجرىشىش قاتارلىق ساھەلەردىكى پەرھىزلەر ئىنتايىن قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ داۋاملىشىپ، مۇستەھكەملىنىپ ئىنسانىيەتكە ئورتاق قانۇنىيەتكە ئايلانغان چەكلىمىلەر بولۇپ، بۇلار نىسبەتەن ئۇمۇمىيلىق تۈيغۇسىنى بېرىدۇ. بۇ مەسىلە مىللەتلەر ئارا توي - تۆكۈن ئادەتلىرىنىڭ ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇلۇپ تەھلىل قىلىشقا رىغبەت بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار ياشىغان يەرلەرنىڭ كەڭرى بولۇشى ۋە تارىختىن بېرى قاتناش ئالاقىلىرىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبىدىن، ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرىدە قىسمەن پەرقلەر ساقلانغان. بۇ پەرقلەر پەرھىز جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بۆلەكتە تىلغا ئالغانلىرىمىز بولسا ئاساسەن پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە ئورتاق بولغان پەرھىزلىك ئادەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكى بىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادىتى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. بۇ بۆلەكتە تېپىلغان مەنبەلەرنى مۇناسىبەتلىك جايلاردا قىستۇرۇپ بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەندۇق.

تۆتىنچى، دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن ئادەتلەردە ئۆزگىرىش بولىدۇ. كېيىنكىلەر ئالدىنقىلاردىن قالغان ئادەتلەر ئىچىدىكى خوراپاتلىققا ياتىدىغان تەركىبلەرنى ئۆزلۈكسىز چۆرۈپ تاشلايدۇ ۋە يېڭى ئادەت شەكىللەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە يېڭى ئادەتلەرمۇ مەلۇم خۇراپىي تەركىبلەردىن خالىي بولالمايدۇ. بىز ئۇيغۇر توي - تۆكۈن ئادەتلىرىنىڭ ھازىرغىچە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بىز تىلغا ئالغان پەرھىزلەر پەقەت ھازىرقى توي - تۆكۈن ئادەتلىرىنىڭ ھالىتىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھازىرقى زاماندا نۇرغۇن كىشىلەر، جۈملىدىن شەھەر

ئاھالىلىرى خوراپات دەپ قارىغان نۇرغۇن پەرھىزلەردىن ۋاز كېچىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مەلۇم شەيئىنىڭ ئىستىمالدىن قېلىشى شۇ شەيئىگە ئالاقىدار پەرھىزلەرنىڭمۇ ئەمەلدىن قېلىشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە كونكرت مەسىلىنى كونكرت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# 5. تۇغقۇم پەرھىزلىرى

"تۇغقۇم پەرھىزلىرى" دېگىنى ئاياللارنىڭ ھېيزدارلىق ۋە تۇغۇتنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بارلىق جەريانلارغا ئالاقىدار پەرھىزلەر بولۇپ، بىز بۇنداق پەرھىزلەرنىڭ ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، "تۇغقۇم" سۆزىنى ئىشلەتتۇق. تۇغقۇم پەرھىزلىرى ئىنسانلارنىڭ ئاياللار جىنسغا چوقۇنۇش، ئەر جىنسغا چوقۇنۇش ۋە ھامىلىدارلىققا چوقۇنۇش پسىخىكىلىرىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، تۇغۇتقا ئائىت ئىرىملىك ئادەتلەر ۋە پەرھىزلەر ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى بىلەن ئوخشاش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ھادىسىدۇر. ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپكى ياۋايىلىق دەۋرىدە تۇغۇت مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي دىگۈدەك توغرا تونۇيالمايتتى، ئاياللارنىڭ ھامىلەدار بولۇشى، تۇغۇشى، بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى قاتارلىق جەريانلارنى ناھايىتى سىرلىق تۇيغۇ بىلەن كۆزىتەتتى. قەدىمكى دەۋرلەردىكى ھامىلىدارلىق جەريانىدىكى بىر قىسىم فىزىئولوگىيىلىك ۋە روھىي ئۆزگىرىشلەرنى توغرا تونۇيالماسلىق، سەھىيە ۋە داۋالىنىش شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشى تۈپەيلىدىن، بوۋاقلارنىڭ ھەتتا ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ئاياللارنى ناپاك دەپ قاراش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن پۈتۈن تۇغۇت جەريانىغا ئالاقىدار بىر قاتار خۇراپىي قاراشلار بارلىققا كەلدى. بىراق بۇنداق ئادەتلەر يەنە ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك كۆپىيىش جەريانىدا يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىسى بولۇش بىلەن، ئۇلارغا يەنە مەلۇم دەرىجىدە ئىلمىي ئامىللار سىڭىپ كەتكەن. ئىبتىدائىي جەمئىيەتتە ئەڭ كۆپ پەرھىز ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغىنى ئاياللار بولۇپ، سانىسىزلىغان خۇراپىي قاراشلار ئاياللارنى "ناپاك"، "چېقىلغىلى بولمايدىغان"، "خەتەرلىك" دەپ تونۇش بىلەن مۇناسىبەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئىبتىدائىي پەرھىزلەر ئىچىدىكى ئەڭ قاتتىق پەرھىزلەر ھېيزدار ئاياللار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارغا قارىتىلغان.

روشەنكى، بارلىق تۇغۇم ئادەتلىرى ئايالىلارغا مەخسۇس ئېتىقاد ۋە ئادەت ھادىسىسىدۇر. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا تۇغۇم پەرھىزلىرىمۇ ئايالىلارغىلا خاس پەرھىزلەردۇر. بىز بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇتقا مۇناسىبەتلىك پۈتۈن پەرھىزلىرىنى ھېيزدار ئايالىلارغا مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەر، ھامىلىدار ئايالىلارغا مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەر، تۇغۇتلۇق ئايالىلارغا ئائىت پەرھىزلەر، بوۋاقلارنى تەربىيىلەشكە مۇناسىبەتلىك پەرھىزلەر دېگەن قىسىملار بويىچە مۇلاھىزە قىلىمىز.

## 1. ھېيزدار ئايالىلارغا ئالاقىدار پەرھىزلەر

خەلقىمىز ھېيزدارلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان قىز ۋە ئايالىلارنى "ناپاك" دەپ قاراپ ئۇلارغا ئائىت نۇرغۇن پەرھىزلىك ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. قىزلار ئادەتتە بالدۇر بولغاندا توققۇز ياشتا، كېيىن بولغاندا ئون بەش ياشقىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە ھېيز كۆرۈشكە باشلايدۇ. ئۇيغۇرلار قىزلارنىڭ ھېيز كۆرۈشىنى ئۇلارنىڭ رەسىدە بولغانلىقىنىڭ تۈپ ئالامىتى دەپ قارايدۇ ـ دە ، شۇندىن كېيىن ئانىلار ئۇلارغا ئەدەب ـ ئەخلاق، ئۆزىنى ئاسراش، يات جىنسلىقلاردىن نېرى بولۇش ... تەربىيەلىرىنى بېرىشكە باشلايدۇ. ئۇيغۇرلار ھېيزدار قىز ـ ئايالىلارغا قارىتىلغان پەرھىزلەر ياكى ھېيزدار قىز ـ ئايالىلار ئۆزى ئاكتىپلىق بىلەن ساقلىنىدىغان ھەرىكەتلەر، ياكى باشقىلارنىڭ ئۇلاردىن نېرى تۇرۇش پوزىتسىيەسى ياكى ھېيزدار قىز ـ ئايالىلار ئىشلەتكەن بويۇملار ۋە ھېيزدارلىق قېنىغا ئالاقىدار بولىدۇ.

ھېيزدارلىق مەلۇم مۇددەت داۋاملىشىدىغان، توختىغاندىن كېيىن يەنە داۋام قىلىدىغان ھالەت بولۇپ، شۇ بويىچە ئېيتقاندا ھېيزدار ئايالغا ئائىت پەرھىزلەر "ۋاقىتلىق پەرھىزلەر" قاتارىغا كىرىدۇ. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ھېيزدارلىقنى ناپاكلىق دەپ قارايدىغان ئەھۋال مەۋجۇد ئىدى. مەھمۇد كاشغەريي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە ئۇيغۇرلاردا ھېيزدار ئايالىلارنى ناپاك دەپ قارايدىغان ئادەتنىڭ بارلىقىنى مۇنۇ سۆز بىلەن ئىشارەت قىلىدۇ. بۇنى بىز ئىلگىرىكى سەھىپىلەردە تىلغا ئالغان ئىدۇق. ئۇيغۇرلاردا ھېيزدار ئايالىلارغا مۇناسىبەتلىك باشقا پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقىنى يۇقىرىقى مەلۇمات ئاساسىدا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ھېيزدار ئايالىلارغا ئالاقىدار پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ قىسمەن سارقىندىلىرى بۈگۈنگىچە ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتەشپەرەسلىك دىنىدا قان ناپاك نەرسە دەپ قارىلىپ، ئۇنى پاك زېمىنغا ئېقىتىش ئىنتايىن قاتتىق چەكلەنگەن. ئىسلام دىنىدا بولسا ھېيزدار

ئاياللار ئوخشاشلا ناپاك دەپ قارىلىدۇ. ئىسلامىي قاراش بويىچە ھېيزدار ئاياللار ئېرى بىلەن جىما قىلمايدۇ، ناماز ئوقۇمايدۇ. ھېيزدارلىقتىن يۇيۇنۇش ئارقىلىق پاك بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن نورمال ئىبادەتنى ۋە ئىشلىرىنى قىلسا بولىدۇ. ھېيزدار ئايال يەنە ئۆزى خالىسا رامىزان روزىسىنى تۇتمىسىمۇ بولىدۇ (بىراق كېيىن تولۇقلاپ تۇتىدۇ) . ناۋادا ھەج قىلىشقا توغرا كەلسە، كەئىبەنى تاۋاب قىلمايدۇ، بىراق باشقا ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى بېجىرىدۇ.

ئۇيغۇر ئايالىرى ھېيزدارلىقنى ناپاكلىق دەپ قاراپ، بۇ مەزگىلدە تەننىڭ ناھايىتى ئاجىز ۋە ئۆزگىرىشچان ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تۇنجى ھېيز كۆرگەن قىزلارنى ئايرىم خانىلەرگە بەنت قىلىپ قويىدىغان ئەھۋال يوق. شۇنداقتىمۇ ھېيزدارلىقنى نومۇس ئىش دەپ قاراپ ئۇنى مۇتلەق يوشۇرۇشقا (بولۇپمۇ يات ئەرلەردىن مەخپىي تۇتۇشقا) تىرىشىدۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا بىر قاتار ئىشلاردىن پەرھىز تۇتىدۇ. مەسىلەن: تاماق ئېتىش جەھەتتە، بەزى ئائىلىلەردە ھېيزدار ئايالارنىڭ تاماق ئېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ناۋادا تاماق ئەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلار تاغار ياكى ساندۇقتىن ئۇن ئېلىش، خېمىر يۇغۇرۇش، تۇز چىلاشقا ئوخشاش ئىشلاردىن پەرھىز قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا ئۇنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ، تۇزنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن تاماق ئېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇلار يېنىغا (قوللىرىغا، ...) ئالتۇن - كۆمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى سېلىۋېلىپ ئاندىن تاماق ئېتىدۇ. ياسىنىش ۋە تارىنىش جەھەتتە، ھېيزدار ئايالار گىرىم قىلسا يۈزىگە داغ چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، گىرىم قىلىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. يەنە مۇشۇ مەزگىلدە ئەينەككە قاراشنى يۈزىگە داغ چۈشۈپ كېتىشنىڭ، چېچىغا يىلىم چېپىشنىڭ چاچ ئاقىرىپ كېتىشنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنداق ئىشلاردىنمۇ ئىمكانقەدەر ساقلىنىدۇ. يەنە ھېيزدار ئايالنىڭ باشقىلارنىڭ چېچىنى تاراپ قويۇشىمۇ تارالغۇچىنىڭ چېچىنىڭ ئاقىرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىلىپ چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە ھېيزدار ئايالارنىڭ بىر قاتار ئاشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىنىشى چەكلىنىدۇ. مەسىلەن، ھېيزدار ئايالار مايسا تاقلىمايدۇ، خامانلىققا كىرمەيدۇ، ئۇرۇق چاچمايدۇ، پىلىخانىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ، تۇپراق بېشىغا چىقمايدۇ، ۋەھەكەزا. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھېيزدار ئايال نەسلىك ئېلىپ كىلىدىغان خەتەرلىك ئادەم دېگەن قاراش ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ھېيزدار ئايالارنىڭ

يەنە تونۇر بېشىغا چىقىشى پەرھىز قىلىنىدىغان بولۇپ، ناۋادا ھېيزدار ئايال تونۇر بېشىغا چىقسا تونۇرنىڭ يۈزى قىزىرىشىلىپ نان ئوخشىمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. تونۇر قانچە قىزىتىلسا، يۈزى شۇنچە ئاقىرىدۇ، يېقىلغان نانمۇ ئوخشايدۇ. تونۇر يۈزىنىڭ قىزىرىشىلىشى گوياكى ھېيز قېنىنىڭ قىزىللىقىغا تەققاسلىنىپ، ناننىڭ ئوخشىماي قېلىشىنىڭ سەۋەبىگە ئايلاندۇرۇلغان. بىز ئالدىنقى سەھىپىلەردە ھېيزدار ئاياللار بىلەن توي قىلىش ۋە جىما قىلىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى، ھېز توختىغاندىن كېيىن تېخى يۇيۇنمىغان ئايال بىلەنمۇ جىما قىلىشنىڭ راۋا بولمايدىغانلىقىدەك پەرھىزلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ پەرھىزلەر ئەلۋەتتە بۇ يەردىمۇ كۈچكە ئىگە. ھېيزدا رئاياللار ئەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە ئۆز ھېيزدارلىقىنى يوشۇرۇشتىن باشقا، يەنە يۇرۇش ـ تۇرۇشتىمۇ بەزى ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا "ھېيزدار ئايال ئىككى ئەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتسە بولمايدۇ" دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەرلەرنىڭ سول تەرىپىدىن يانداپ ئۆتۈشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ھېيزدار ئاياللار تاھارەت ئېلىشقا تەگىشەپ بەرگەن سۇ پاك بولمايدۇ دەپمۇ قارىلىدۇ. يەنە ھېيزدار ئايال ھېيىزى توختىغاندىن كېيىن، غۇسلى قىلمىغان ھالەتتە يەرگە دەسسىشى (سىرتقا چىقىشى دېمەكچى) ئىنتايىن يامان ئېلىنىدۇ. "زىمىن ھەر نەرسىنى كۆتۈرۈشكە رازىكى، بىراق بۇنداق ناپاكلىقنى كۆتۈرەلمەيدۇ" دەپ قاراپ ھەيىزدارلىقتىن كېيىن تېزراق يۇيۇنۇپ پاكلىنىشى تەلەب قىلىنىدۇ.

ھېيزدارلىقتىن كەلگەن قان ھېيىزنى ناپاك دەپ قاراشنىڭ تۈپكىي سەۋەبىدۇر. ئىبتىدائىي دەۋردىلا ئىنسانلار قانغا نىسبەتەن سىرلىق قاراشتا، يەنى ئۇنى روھنىڭ تۇرار جايى دېگەن قاراشتا بولغان ئىدى. شۇڭا قاننى خالىغان يەرگە تاشلىۋېتىش، تۆكۈۋېتىش قان ئىگىسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق ئىشلا بولۇپ قالماي، باشقىلار ئۈچۈنمۇ خەۋپلىك ئەھۋال بولۇپ قالاتتى. بولۇپمۇ ھېيزدارلىقتىن كەلگەن قان ئىنتايىن نىجىس نەرسە بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ناپاكلىقنى پەيدا قىلىدۇ دەپ قارىلىپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا ناھايىتى ئېتىبار بېرىلگەن ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئادىتىدە ھەم ئوخشاشلا ھېيزدار ئاياللار ئۆز تېنىدىن ئاققان قاننى ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق پەرھىزلەر بار: ئاياللار ھېيزدارلىق قېنىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ، ئۇ ئاققاندىن كېيىن دەرھال كۆمۈپ تاشلايدۇ. ھېيزدارلىقتا ئىشلەتكەن قەغەز ۋە لاتىلارنى كۆيدۈرۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شۇنداق قىلسا يۈزىگە

داغ چۈشىدۇ دەپ جورۇيدۇ. بۇ پەرھىزدە ھېسسىي تەسىر تەپەككۇرى رول ئوينىغان. چۈنكى، قان ئادەم تېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ، تەن بىلەن بولغان تەسىر مۇناسىبىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ناۋادا قان كۆيدۈرۈلىدىكەن، ئۇنداقتا ئادەم بەدىنىگە داغ (كۆيدۈرۈشتىن پەيدا بولغان داغ) چۈشىدۇ. بۇنىڭدىكى پرىنسىپ مانا ش. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە ھېيىز لاتىسىنى ئېقىن سۇلاردا يۇيمايدۇ. بۇنداق قىلماسلىق ئەڭ دەسلەپتە ئىچىملىك سۇنى بۇلغىماسلىق سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكى بۇنىڭدىكىسى، ئېقىن سۇدا يۇيسا ھېيىز ئېقىۋېرىدۇ، توختام سۇدا (داس ياكى بىرەر نەرسىدە) يۇيسا تىززاق توختايدۇ" دېگەن چۈشەنچە رول ئوينىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ "ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ ئوخشىشىنى پەيدا قىلىدۇ" دېگەن سېھرىي قاراشتۇر ئەلۋەتتە. ئاياللار يەنە ھېيىز لاتىلىرىنى ئاپتاپقا يېيىپ قويمايدۇ.

خۇلاسىسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيزدار ئاياللارنى ناپاك دەپ قاراپ چەكلەپ تۇرۇشى ھىلىھەم مەۋجۇد ئىشتۇر. يەن تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئاڭنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر تەدرىجى ھالدا ھېيىزنىڭ ئاياللار ئۈچۈن زۆرۈر جىسمانىي ئۆزگىرىش (يەنى بەدەننىڭ دەۋرىي پاكلىنىپ تۇرۇشى) ۋە تەبىئىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ھېيزدارلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقاندا ئۆزلىرىنى يەنىلا پاك دەپ ھېسابلاشقا جۈرئەت قىلىشى نەتىجىسىدە يۇقىرىقى پەرھىزلەرنىڭ بىر قىسمى سۇسلاشتى، بىر قىسمى بولسا دىنى ساھەدە ۋە نىسبەتەن سۇرلۇك تۇس ئالغان مۇھىت - پائالىيەتلەردە دائىملىق ھالىنى ساقلاپ كىلىۋاتىدۇ. خىزمەت ئېھتىياجى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى ھېيزدار ئاياللارنىڭ يەنىلا نۇرغۇن پائالىيەتلەرگە باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئىشتىراك قىلىشىنى تەلەب قىلماقتا.

روشەنكى، ھېيزدارلىق ئاياللىقنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسىدۇر. ئۇ مەيلى ئېتىقاد تەرەپتىن بولسۇن ياكى تىبابەت ئىلمى تەرەپتىن بولسۇن ھامىلەدار بولۇش، پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرىي تەييارلىق باسقۇچىدۇر.

## 2. ھامىلىدار ئاياللارغا ئائىت پەرھىزلەر

ھامىلىدارلىق ئىككى جىنسنىڭ قوشۇلىشىدىن ئاياللار ۋۇجۇدىدا پەرزەنتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ چوڭىيىش جەريانى بولۇپ، بۇ يېڭى بىر ئىنساننىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدۇر. بىر قاتار ئەمەلىي سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار بالدۇر توي قىلىشقا ۋە بالدۇر ھامىلدار بولۇپ تۇغۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ھامىلىدارلىق خۇشاللىق ئىش بولۇپ، بىر ئايال ھامىلىدار بولغان

هامان مۇناسىبەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چەكسىز سۆيۈنۈپ ھامىلىدار ئايالنى ئاسراشقا ۋە ياخشى كۈتۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە كىشىلەرنىڭ يامانلىقتىن ساقلىنىپ ياخشىلىققا ئىنتىلىش پسىخىكىسى ئىنتايىن كۈچىيىپ، ھامىلىنىڭ ياخشى يېتىلىشى، ھامىلىدار ئايالنىڭ بۇ مەزگىلدىن سالامەت چىقىۋېلىشى ئۈچۈن ھامىلىدار ئاياللارغا قارىتا بىر قاتار چەكلىمىلەرنى قويىدۇ. ھامىلىدار ئاياللار ئۆزىمۇ بىر قاتار ئىشلاردىن پەرھىز تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھامىلىدار ئاياللارغا ئائىت پەرھىزلىرىدىكى تۈپكى مەقسەد ھامىلىدار ئايال ۋە ئۇنىڭ ھامىلىسىنىڭ سالامەت بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئايالنىڭ بالىنى تېنىچ ئامان يەڭگىۋېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇنداق پەرھىزلەر ئىچىدە خۇراپىي پەرھىزلەر كۆپرەك، تەجرىبە تىپىدىكى پەرھىزلەر بولسا يەنە خېلى چوڭ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ قەدىمدىن قالغان ئادەتلىرى بويىچە ئاياللارنىڭ ھامىلىدارلىق ۋاقتىنى توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە بولىدۇ،دەپ قارايدۇ. توققۇز - تۈركىي خەلقلەر ئېتىقادىدا ئەڭ ئۇلۇغلانغان سان بولۇپ، ئۇ مۇكەممەللىككە، ئەڭ يۇكسەكلىككە ۋەكىللىك قىلغان. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئايالنىڭ پەزەنتنى يۇقىرىقى مۇددەتتىن كېيىن تۇغۇشى ئەمەلىيەتتە پەرزەنتنىڭ ئانا تېنىدە ۋايىغا يېتىپ، تولۇپ، كامالەتلىك ھالەتتە دۇنياغا كۆز ئاچىدىغانلىقىنىڭ بىر خىل ئاساسى سۈپۈتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ھامىلىدار ئاياللارغا قارىتىلغان پەرھىز ئادەتلىرىنى بىر قانچە نوقتا بويىچە مۇھاكىمە قىلىمىز.

### (1) ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە ئالاقىدار پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار ھامىلىدار ئاياللارنىڭ تېنىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىدەك ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، ھامىلىدار ئاياللارنىڭ بىر قاتار ئىش - ھەرىكىتىنى چەكلەيدۇ. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئەمگىكىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى، خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىغا قاراپ مەلۇم خۇراپىي قاراش ياكى ئىلمىي ئاساس بويىچە قىسمەن پەرھىزلەر بىلەن ئۇلارنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ھامىلىدار ئاياللارنى ئانا بولغۇچى سۈپىتىدە ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ، كىشىلەر ئۇلارغا بولغان مۇئامىلە ۋە پوزىتسىيىسىنى كۆپ ياخشىلايدۇ. ئۇيغۇرلار ھامىلىدار ئاياللار بىلەن شەھۋانىيەت ياكى غەيرى مۇناسىبەت نۇقتىسىدىن ئارىلىششىنى ئىنتايىن ئېغىر ئالىدۇ. بۇنداق

قىلىش قورساقتىكى پەرزەنتكە قىلىنغان ئېغىر ھاقارەت دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار ھامىلدار ئايالنىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ مېڭىشىدىن پەرھىز قىلىدۇ ھەمدە ھامىلدار ئاياللارنى باشقىلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشتەك ئىشلارغا سالمايدۇ. چۈنكى، خەلقنىڭ ئىشەنچىدە قورساقتىكى بالىنىڭ قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى ئىنسان بىلمەيدۇ. ناۋادا قورساقتىكى بالا ئەۋلىيا بولۇپ قالسا، كەلگۈسىدىكى بۇ "ئەۋلىيا" نىڭ ئانىسى باشقىلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشتەك چاكارچە ھەرىكەتنى قىلىپ سالغانلىقتىن، ياكى كىشىلەر ئەشۇ ئانىنىڭ ئالدىدا ئۆتكىنىگە كەينىنى قىلىپ مېڭىپ سالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار تۇغۇلغۇسى ئەۋلىيانىڭ لەنىتىگە، قارغىشىغا دۇچار بولىدۇ.

ھامىلدار ئاياللارنىڭ جىسمانىي ھالىتى ئۆزگۈرۈشچان بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە جىن ـ شەيتانلارئۇلارغا ئوڭاي چاپلىشىۋالىدۇ. مۇشۇ قاراش بويىچە ئۇيغۇرلار ھامىلدار ئاياللارنى يالغۇز ياتقۇزمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىر ئۆيدە يالغۇز يېتىشى پەرھىز قىلىنىدۇ. ھامدار ئاياللار كېچىدە يالغۇز سىرتقا چىقمايدۇ، يالغۇز ھاجەتكە بارمايدۇ. چۈنكى كېچىدە زېمىن يۈزىدە جىن ـ شەيتانلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار ھاجەتخانا، ئەۋرەزگە ئوخشاش پاسكىنا جايلاردا كۆپ بولىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىدىكەن (يەنى ئۇۋسىغا دەسسەپ سېلىش، ئۇلار ئىگىلىگەن جايلارغا ھاجەت قىلىپ سېلىش)، ئۇنداقتا ئۇلار ھامىلدار ئاياللارغا چاپلىشىدۇ ـ د، ئايالنى كېسەل قىلىدۇ دەپ جورۇلىدۇ. ھەقىقەتەن، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ھامىلدارلىقتا بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئۆزۈقلىنىش شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشى سەۋەبىدىن، ھامىلدار ئاياللار ئاسانلا كېسەل بولۇپ قالىدىغان ۋە كىشىلەر بۇ خىل ئاقىۋەتنى ھامىلدار ئايالغا جىن چاپلىشىۋالغانلىقتىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىشى ئادەتتىكى ئەھۋال ئىدى. ھالبۇكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئەنە شۇنداق ئىشلاردىن ئېمكانقەدەر ساقلىنىدۇ.

تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم پەرھىزلەرمۇ باركى، بۇلار ناھايىتى قەدىمىيلىككە ئىگە پەرھىزلەردۇر. چۈنكى ئۇلاردا ئىبتىدائىي تەپەككۇردىكى تۈپ سېھرىي قاراش ناھايىتى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ھامىلدار ئاياللار ھايۋان باغلايدىغان ئارغامچىنى ئاتلاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قىلسا بوۋاق تۇغۇلغاندا ئەش (بالا ھەمرىيى، ئوماي) بالىنىڭ بويىنىغا يۆگىشىۋالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا ئارغامچىنىڭ

پۈتقا ئىلىنىشپ قىلىشى بالىنىڭ بوينىغا ئەشىنىڭ يۆگىشىپ قىلىشقا ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى بويىچە تەدبىق قىلىنغان. يەنە ھامىلىدار ئاياللار ئاغزى بوغۇلغان تاغارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسا، پۇرۇكى پۈتۈن بالا تۇغۇلىدۇ، دەپ ئۇنداق ئىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ئاياللار يەنە قۇربانلىق قوينىڭ قېنىدىن (ياكى ھەرقانداق ھايۋاننىڭ قېنىدىن) ئاتلاشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. شۇنداق قىلىشنى بالىنىڭ تاجلىق تۇغۇلىشىغا سەۋەب قىلىپ چۈشىنىدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا ئوخشاشلىق سېھرگەرلىكى قارىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. سېھرگەرلىك قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن خۇراپىي پەرھىزلەردىن يەنە مۇنۇلار بار:

ھامىلىدار ئايال تۆگىگەقاراپ كۈلسە، تۇغۇت ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىدۇ؛

ھامىلىدار ئايال تۆگە بار جايغا ھاجەت قىلسا، تۇغۇت ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىدۇ؛

ھامىلىدار ئايال تۆگىنىڭ ئىزىدىن ئاتلاپ سالسا، تۇغۇش ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىدۇ؛

ھامىلىدار ئايال توشقانغا قارىسا، بالىسى كالپۇكى يېرىق ھالەتتە تۇغۇلىدۇ؛

ھامىلىدار ئايال كىلەگە قارىسا، بالىسى چولاق ھالەتتە تۇغۇلىدۇ

ھامىلىدار ئايال شەپەرەڭگە قارىسا، بالىسى قارغۇ ھالەتتە تۇغۇلىدۇ ؛

بۇ پەرھىزلەردىكى ئاساس شۇكى، چۈنكى تۆگە بولسا سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ھامىلىدارلىق مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاندىن تۇغىدىغان ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ھامىلىدارلىق مۇددىتى ئون ئىككى ئايدۇر. دېمەك، ھامىلىدار ئايال ئۈچۈن ئون ئىككى ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغىدىغان تۆگىگە قاراش، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش، ئىزىدىن ئاتلاش، مىنىش، تۇتۇش... تەسەۋۋۇردا ھەقىقەتەن ياخشى ئەھۋال ئەمەس. توشقاننىڭ كالپۇكى كەمتۈكرەك بولىدۇ؛ كىلەنىڭ بولسا ئالدى پۇتى قىسقا بولىدۇ؛ شەپەرەڭ بولسا ئەڭ تېپىك كۈندۈز قارىغىسىدۇر. بۇ ھايۋانلارنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ "قاراش ھەركىتى" ئارقىلىق ئانا تېنىگە، ئاندىن ھامىلىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆتۈشۈشى "ھېسسىي تەسىر" قارىشى بويىچە پۈتۈنلەي مۇمكىن بولىدىغان ئەھۋالدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان پرىنسىپقا تايانغان ھالدا بارلىققا كەلگەن پەرھىزلەردىن يەنە مۇنۇلار بار: ئۇيغۇرلار ئادەتتە ھامىلىدار ئايال بار ئۆيدە ئوتۇننى تەتۈر قالىسا بالا تەتۈر تۇغۇلۇپ قالىدۇ، دەپ قاراپ مۇنداق ئىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەنە ھامىلىدار ئايال بار ئۆيدە ئەگىلەكتە كېپەك قويۇپ قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مۇنداق قىلىشنى بالا ھەمرىيىنىڭ چۈشمەسلىكىگە

سەۋەب سۈپىتىدە قارايدۇ. بۇ يەردە دانىنى (ياكى ئۇننى) بالىغا، كېپەكنى ھەمرىيىگە (ئەشكە) تەققاسلاشتەك ئوخشاتما سېھىر قارىشى رول ئوينىغان. ھامىلىدار ئاياللار كاللا پاقالچاق ئۇتلەشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. شۇنداق قىلىشنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش پرىنسىپ بويىچە بالىنىڭ قاش ـ كىرپىكسىز تۇغۇلىشىغا ئاساس بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھامىلىدار ئايالار يەنە ھويلا ـ ئارامغا سۈنى نېپىز سەپسە تۇغۇت قىيىن بولىدۇ دەپ قاراپ، سۈنى سەپكەندە ئىمكانقەدەر بولۇقراق سېپىدۇ. بۇ ـ سۈنى كۆپ سېپىش گويا تۇغۇت ۋاقتىدا بالىنىڭ بىر تولغاقتىلا تۇغۇلۇپ كېتىشىگە، سۈنى ئازراق سېپىپ قويۇش گويا ئۇزاققا سوزۇلىدىغان تولغاققا ئوخشىتىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىنىش ۋە شۇ ئاساستا سۈنى ئاز ۋە شالاڭ سېپىشتىن پەرھىز قىلىشتۇر.
ئۇيغۇرلار يەنە قىبلىنى ئۇلۇغ دەپ ھېسابلىغاچقا، ئادەتتە قىبلە تەرەپكە قاراپ ھاجەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردا ھامىلىدار ئايالار قىبلىگە قاراپ ھاجەت قىلسا، قورسىقىدىكى بالا ئوغۇل بولسا قىزغا ئۆزگىرىپ تۇغۇلىدۇ، دەيدىغان قاراش بار. بۇ پەرھىز قىبلىنى (مەككە تەرەپنى) ئۇلۇغلاشتەك مۇقەددەسلىك قارىشىدىن سىرت، يەنە قىزلارنى كەمستىشتەك بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇرلار تۇغۇلغان پەرزەنت مەيلى ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن، ئۇلارنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرۈۋېرىدۇ. بىراق ئوغۇللارغا يەنىلا مەلۇم جەھەتتە بەكرەك ئامراق كېلىدۇ. ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىدا ھامىلىدار ئايال ئاشنىڭ تۇزىنى تېتىسا بولمايدۇ. شۇنداق قىلسا بالىسى يوغان بۇرۇنلۇق تۇغۇلىدۇ، دەيدىغان قاراش بار. مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇرلاردا يوغان بۇرۇنلۇق كىشىلەرنى بەزىدە "چۆمۈچ بۇرۇن" دەپ تەسۋىر قىلىدىغان ئەھۋالمۇ باردۇر. ئۇيغۇرلاردا چۆمۈچنى ئېغىزىغا تەككۈزۈش بىلەن چۆمۈچنىڭ شەكلى بالىسىنىڭ بۇرنىغا تەسىر قىلىدۇ دەپ قاراش ئوخشاشلا يۇقىرىقى پرىنسىپقا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھامىلىدار ئايالار زىيادە شاۋقۇن، سۈرەنلىك، قايغۇلۇق جايلارغا، مۇراسىملارغا، جۈملىدىن ئۆلۈم مۇراسىمى، قەبرىستان يوقلاش ... قا قاتناشمايدۇ ۋە بارمايدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ مەلۇم ئىلمىي ئاساسىمۇ بار ئەلۋەتتە. ھامىلىدار ئايالار يەنە قورسىقىنى قاشلاشتىن (بۇنداق قىلىش بالىغا يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ)، ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈشتىن، يىراق جايلارغا پىيادە سەپەر قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارتارىختىن بېرى قورساقتىكى ھامىلىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرۈۋېتىشنى ئىنتايىن قەبىھلىك، ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىق، ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك دەپ قاراپ كەلگەن ۋە بۇنداق قەبىھ قىلىقتىن ئىنتايىن چەكلىنىپ

كەلگەن. نۆۋەتتە دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلۇۋاتقان شارائىتتا، قىسمەن ئاياللارنىڭ پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈپ قالغاندا ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىشنى خالىماسلىقى ئەنە شۇ ئەنئەنىۋىي قاراشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## (2) ھامىلىدار ئاياللارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە ھامىلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ سىياقى زور دەرىجىدە ئانىنىڭ ئوزۇقلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە بۇ جەرياننى تىزگىنلەش، يۈتۈن كەيپىيات، يىمەكلىك، يۈرۈش - تۇرۇشنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلاردا مۇشۇ فىزئولوگىيىلىك جەريان تىبابەتچىلىك نۇقتىسىدىن تونۇلۇش بىلەن بىرگە، يەنە پەرھىز شەكلىدە تولۇقلىنىدۇ ۋە تونۇلىدۇ. ئاياللارنىڭ ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ھامىلىدارلارنىڭ فىزئونومىيىسىدە مەلۇم ئۆزگۈرۈشلەر بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ياكى كۆڭلى بىر نەرسىنى تارتىش ھالىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھالەت ئۇيغۇر تىلىدا "سېزىكلىك" دەپ ئاتىلىدۇ. سېزىك كۆپىنچە يېمەك - ئىچمەكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ھامىلىدار ئاياللارنىڭ سېزىكلىكىنى قاندۇرۇشقا بەك ئېتىبار بېرىدۇ. ئەگەر سېزىكلىكى قانمىسا بالا پۈچۈق (بىرەر ئەزاسى كەمتۈك) تۇغۇلىدۇ دەپ جورۇيدۇ. شۇڭلاشقا، ئەرلەر ھامىلىدار ئاياللارنىڭ نېمىگە سېزىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، پەسلىگە، ۋاقتىغا قارىماي سېزىك بولغان نەرسىسنى تەييار قىلىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ھامىلىدار ئايالنىڭ سېزىك بولغان نەرسىسگە قاراپ، تۇغۇلغۇسى بالىنىڭ جىنسىي پەرقىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ھامىلىدار ئايال ئەگەر تاتلىق - چۈچۈك نەرسىگە سېزىك بولسا قىز تۇغىدۇ؛ ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىگە سېزىك بولسا ئوغۇل تۇغىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزىدە بۇنداق پەرەزلەرمۇ توغرا چىقىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە مەلۇم يېمەك - ئىچمەك قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدۇ. بۇنداق قائىدىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ھەقىقىي خۇراپىي مەنىدىكى پەرھىزلەردۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئاياللىرى ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە كاللا - پاقالچاق يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قىلسا بەدەن چىڭقۇۋېلىپ، تۇغۇت تەسلىشىدۇ دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەن، كاللە - پاقالچاق بولسا ھايۋان ئەزالىرى ئىچىدە قاتتىق ۋە مايلىق قىسمىدۇر. بۇنى كۆپ يېگەندە بەدەندىكى

ئىسسىقلىق ۋە ماي تەركىبى ئېشىپ كېتىپ بەدەن چىڭىيدۇ. بۇ ئاسان تۇغۇتقا پايدىسىزدۇر. هامىلدار ئاياللار يەنە تۆگە گۆشى ۋە توشقان گۆشى يېيىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. شۇنداق قىلسا تۇغۇت ۋاقتى ئۇن ئىككى ئايغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ ياكى كالپۇكى يېرىق بالا تۇغىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاياللار يەنە هامىلدارلىق مەزگىلىدە نەرسىنى يېرىم يېمەيدۇ. يەنى نان، مېۋە قاتارلىقلارنى يېيىشكە توغرا كەلسە ياكى پۈتۈننى يەيدۇ ياكى ھەممىسنى تۆكىتىپ يەيدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلمايدىكەن، بالىسى چالا تۇغۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. هامىلدار ئاياللار ئۆپكىنىڭ كاننىنى يېسە، بالىسىنىڭ ئاۋازى (كانايدەك) يوغان چىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپمۇ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە هامىلدار ئاياللار يەنە سۇنۇق، پۇچۇق قاچىلاردا غىزالىنىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. كونا بولسىمۇ پۈتۈنىدە ئىستېمال قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا بالىسى پۇچۇق تۇغۇلۇپ قالارمىش.

بالىنىڭ مەلۇم ئەزاسىنىڭ كەمتۈك هالەتتە تۇغۇلۇشى بالىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئاتا_ئانىسى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن ئازابلىق ئىش بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇزۇقلىنىش ۋە كۆتۈنۈشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ئاساسىدا پەيدا بولغان بۇنداق كەمتۈكلۈكنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تولۇق چۈشۈنۈپ يېتەلمەي، بۇنى ئاللىقانداق نەرسىلەرگە قاراپ سالغانلىقتىن، يەپ سالغانلىقتىن كۆرگەن ئىدى. كېيىنكى دەۋردە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ ئەسلىدىلا شەكىللەنگەن ئەشۇنداق خۇراپىي قاراشلار يەنىلا يوقالماي، هازىرقى زامان ئاياللىرىغىمۇ مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرستىپ كەلمەكتە.

**(3) هامىلە تەربىيىسىگە ئائىت پەرھىزلەر**

هامىلە ئانا تېنىدە تۇرغان چاغدا، هامىلىگە قاراتمىلىق هالدا ئانا تېنىگە مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن تەسىر كۆرستىپ، شۇ ئارقىلىق هامىلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش "هامىلە تەربىيىسى" دېيىلىدۇ. ئانا بىلەن بالا (هامىلە) ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئوخشاشلىقنىڭ بولىدىغانلىقى، ئانىنىڭ هەر بىر هەركەت، يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ هامىلىگە بىۋاستە تەسىر كۆرستىدىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئانىنىڭ هەممە ئىشلاردا چوقۇم بەلگىلىك قائىدە ـ نىزاملارغا بويسۇنىشى كېرەكلىكى هەققىدىكى ئۇقۇم ۋە قاراشلار ئۇزاق تارىخقا، خەلق ئىشەنچلىرىدە چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە. يۇقىرىقى ئىككى سەھىپە «هامىلدار ئاياللارنىڭ ئىش ـ هەرىكىتىگە ئالاقىدار پەرھىزلەر» بىلەن «هامىلدار ئاياللارنىڭ يېمەك ـ

ئېچمىكىگە ئائىت پەرھىزلەر» ئەمەلىيەتتىمۇ ھاملە تەربىيىسىنىڭ كەڭ مەنىدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئانىلارنىڭ (ھاملىدار ئاياللارنىڭ) كۆرۈش، قاراش، ئاڭلاش ھەرىكىتىنىڭ ھاملىنىڭ چىرايىغا ۋە كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇ ئاساستا ھاملىدار ئايال نېمىگە كۆپرەك قارىسا، ئۇنىڭ ئەكسى ھاملىدە ئەكس ئېتىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ھاملىدارلىق مەزگىلىدە تۆگىگە، يوشقانغا، كىلەگە، شەپەرەڭگە قاراشتىن پەرھىز قىلغاندىن سىرت، يەنە جىن ـ شەيتانلار ياكى غەلىتە مەخلۇقلار تەسۋىرلەنگەن كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. مەن قەشقەردە مۇنداق بىر ۋەقەنى ئاڭلىغان ئىدىم. جۇڭگودا «غەرىپكە ساياھەت» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىنىپ ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ تېلېۋىزىيە فىلىمى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بەك قارشى ئېلىشقا سازاۋەر بولدى. بولۇپمۇ فىلىمدىكى جۇ باجيې كىشىلەرگە ھەم ئەخمىقانە ھەم سۆيۈملۈك تۇيغۇ بېرىدىغان ئوبراز بولۇپ، ئۇنى نۇرغۇن كۆرۈرمەنلەر ئىنتايىن ياقتۇرغان. مەلۇم يېزىدىكى بىر ھاملىدار ئايال ھاملىدارلىق مەزگىلىدە «غەربكە ساياھەت» فىلىمىدىكى جۇ باجيې ئوبرازىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تەكرار كۆرگەچكە، بالىسى چوشقا بۇرۇنلۇق، قۇلىقى ئۇزۇن ۋە سىمىز تۇغۇلۇپتۇدەك. بۇ گەرچە بىر رىۋايەتسىمان گەپ بولسىمۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئانىنىڭ نېمىگە كۆپ قارىشى شۇ نەرسىنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى ھاملە چىرايىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دېگەن قارىشىنىڭ ھازىرقى دەۋردىمۇ يەنىلا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى بالا دادىسىغا ئوخشاپ تۇغۇلسا ھاملىدار ئايالنىڭ ئېرىگە تولا قارىغانلىقىنىڭ، ئانىسىغا ئوخشاپ تۇغۇلسا ئانىسى ھاملىدار ۋاقتىدا ئەينەككە (ئۆزىگە دېمەكچى) تولا قارىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ. بەزىدە ئاياللار سۈزۈك ئېقىن سۇ، قىزىل ئالما، گۈل، پاكىز سۈپۈرۈلگەن يەر ... لەرگە قاراپ بەرسە بالىسى چىرايلىق تۇغۇلىدۇ، دەپ شۇنداق قىلىدۇ. ئەكسىچە سەت، بىنورمال، قورقۇنچلۇق، بەدبەشىرە مەنزىرىلەرگە ۋە نەرسىلەرگە قاراشتىن، يامان تىللارنى، سەت گەپلەرنى ئاڭلاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھاملىدار ئاياللار چۆچۈرە ۋە تۇگرە (جۇۋاۋا) تۈگكەندە چىرايلىق تۈگمىسە، بالىسى قۇلىقى سەت ھالەتتە تۇغۇلۇپ قالىدۇ دەيدىغان سېھرىي ئىشەنچمۇ ھەم بار. ھازىرقى ئىلىم سەۋىيەسى بويىچە ھاملىدار ئاياللارنىڭ قاراش، ھىدلاش، ئاڭلاش ھەرىكەتلىرى ۋە سېزىملىرىنىڭ

هاملىگە بولغان تەسىرى خۇراپاتلىق دەپ قارالغىنى بىلەن، هاملە بىلەن ئانىنىڭ يۇقىرىقىدەك تەسىر مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇشى تىبابەت ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن مەلۇم ئىسپاتلارغا ئېرىشىشى مۇمكىن.

## 3. تۇغۇتقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار تۇغۇتنى مۇقەددەس، ئەمما مۈشكۈل ئىش دەپ قاراپ، تۇغۇتقا بەك ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىدۇ. هامىلدار ئايال ئۈچۈن قورساقنىڭ تولغاپ ئاغرىشقا باشلىشى تۇغۇتنىڭ سىگنالى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ ـ دە، تەييارلىق ئىشلىرىنى جىددىي قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇيغۇرلاردا هامىلدار ئاياللارنىڭ تۇغۇشىغا ياردەم بېرىدىغان تەجرىبىلىك، قولى ئەپچىل ئاياللار بار بولىدۇ. بۇنداق ئاياللار "تۇغۇت ئانىسى" دەپ قارىلىپ جامائەت تەرىپىدىن بەك ئەتىۋارلىنىدۇ. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە دوختۇرخانىدا تۇغۇش ئىشى بولمىغانلىقتىن، تۇغۇت ئاساسەن ئۆيلەردە تۇغۇت ئانىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. تۆۋەندە ئۇيغۇرلاردىكى تۇغۇتقا ئائىت پەرھىزلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتا بويىچە مۇلاھىزە قىلىمىز.

### (1) تۇغۇت ئورنىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا ئايالنىڭ تۇنجى تۇغۇتى ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. بىر ئايال هامىلدار بولغاندىن كېيىن، هاملە يەتتە ـ سەككىز ئايلىق بولغاندا ئايالنىڭ ئائىلىسى تەرەپتىن ئانىسى باشلىق بىر قانچە ئايال كېلىپ هامىلدار ئايالنى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ كېتىدۇ. دېمەك، تۇنجى تۇغۇت هەر قانداق ئەهۋال ئاستىدا ئەرنىڭ ئۆيىدە بولمايدۇ. بۇ ئادەت بەك ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، دەسلەپ تۇغۇت ناپاك ئىش دەپ قارىغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق قىلىش هەم هامىلدار ئايالنىڭ هامىلدارلىق مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرى هەم تۇغۇت ۋاقتىدىكى سالامەتلىك، بىخەتەرلىكنى ئاسراش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ... تۇغۇتلىرى ئاساسەن ئۆز ئۆيىدە بولىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى هامىلدارلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياكى تولغاق تۇتۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ياكى سىرت جايلاردا بولسا ئىمكانقەدەر ئۆز ئۆيىگە ياكى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىدۇ. چۈنكى باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ياكى سىرت جايلاردا تۇغۇش ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن يامان ئىش هېسابلانمىسمۇ، ئاياللار هامان ئۇنداق بولۇپ قېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. تۇغۇت ئورنىنى تاللاش يالغۇز تۇغۇتنىڭ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ناهايىتى زور

تەسەللىي ۋە يار ـ يۆلەكنىڭ لازىم بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئۇيغۇرلاردا بىر ئايالنىڭ تولغىقى تۇتقان ھامان ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلسۇن، ياكى ئۇنى خاس خانىگە يۆتكەشكە توغرا كەلسۇن، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاياللار چاچ قىسقۇچ، تارغاق قاتارلىق نەرسىلىرىنى، ئەرلەر قولياغلىق، پارچە پۇل، تۈگمە قاتارلىق نەرسىلەرنى ھامىلىدار ئايالنىڭ بىللە ئېلىپ كېتىشىگە بېرىدۇ. خوتەن قاتارلىق رايونلاردا ئاياللار تۇغۇۋاتقان مەزگىللەردە ئۇلار ياتقان ئۆينىڭ تورۇسىغا بۆركۆت پېيىنى ئېسىپ قويىدىغان ئادەت بار بولۇپ، خەلق ئىشەنچىسىدە مۇشۇنداق قىلسا جىن ـ ئالۋاستىلار تۇغۇتلۇق ئايالغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆركۆت، لاچىن قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلار جىنلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ھەم ئۇلارغا ئۆچلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنى كۆرسىلا قوغلايدۇ، جىنلارمۇ بۆركۆت ۋە لاچىندىن بەك قورقىدۇ دەيدىغان چۈشەنچە بار بولۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللار بار ئۆيگە بۆركۆت پېيىنى ئېسىپ قويۇش ئەنە شۇنداق ئىدىيىۋى ئىشەنچنى ئاساس قىلىدۇ.  يەنە بىر تەرەپتىن، تولغىقى تۇتقان  ئايال بۇ ئەھۋالنى ئىمكانقەدەر كۆپ ئادەمگە ئېيتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسا تۇغۇت تەسلىشىدۇ ياكى تولغاق ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئايال تولغاق يەۋاتقان مەزگىلدە تۇغۇت خانىسىگە يات كىشىلەر كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئايالنىڭ ئانىسى، تۇغۇت ئانىسى دېگەندەك كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ تۇغۇت ئۆيىگە كىرىشى بوۋاققا خىيىم ـ خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قاراپ، بۇنداق ئىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ.

ئايال سالامەت يەڭگىۋالغاندىن كېيىن تاكى قىرىق كۈنگىچە تۇغۇت ئۆيى پەرھىزلىك ئورۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئورۇنغا ئائىت پەرھىزلەر ئاساسەن كىشىلەرنىڭ تۇغۇت ئۆيىگە كىرمەسلىكى، تۇغۇت ئۆيىدە بەزى ئىشلارنى قىلماسلىق، تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە بەزى نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرمەسلىك قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆي ھەم مۇقەددەس ھەم ناپاك دەپ قارىلىپ بۇ ئۆيگە بىر قىسىم كىشىلەر كىرگۈزۈلمەيدۇ. مەسىلەن، تۇغۇتنىڭ بىرىنچى كۈنى تۇغۇت ئانىسى (كىندىك ئانىسى) ۋە تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئانىسىدىن باشقا ھەر قانداق كىشى تۇغۇت ئۆيىگە كىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا ھەتتا بوۋاقنىڭ دادىسىمۇ كىرگۈزۈلمىگەن. ھازىر دادا بولغۇچى كىرىپ خوتۇنى ۋە بالىسىنى كۆرسە ئېغىر ئېلىنمايدىغان بولدى. تۇغۇتلۇق ئۆيگە ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ بىۋاستە تۇققانلار

(بولۇپمۇ ئاياللار) كىرىشكە بولسىمۇ، تاكى يەتتە كۈنگىچە يات ئاياللار كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بالىسى تۇرمىغان ئاياللار ۋە تۇغماس ئاياللار قىرىق كۈنگىچە تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. تۇغۇتلۇق ئۆيگە سىرتتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كىرگەنلەر ئالدىراپلا كىرمەيدۇ. بەلكى ئاز ـ تولا ھاردۇقنى ئېلىۋېلىپ ياكى ئىسسىۋېلىپ ئاندىن تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرىپ تۇغۇتلۇق ئايالدىن تىنىچلىق سوراپ، بوۋاقنى مۇبارەكلەيدۇ. ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەرنىڭ تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرىشى بەكرەك چەكلىنىدىغان ئىشتۇر. ئومۇمەن تۇغۇتلۇق ئۆيگە يات ئەرلەر قىرىق كۈنگىچە كىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بوۋاقلار ئىنتايىن نازۇك بولغاچقا، ئىسسىق ـ سوغوققا ئاسان بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى يات كۆزلەردىن، يامان تىللاردىن ساقلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار تۇغۇتلۇق ئۆينىڭ ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا پارچىسى ئېسىپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇسۇپلا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ۋەياكى كىرىپ يوقلىغۇچىلارنىڭ ئۇدۇللا تۇغۇتلۇق خانىگە كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئايرىم ئۆيدە كۈتۈلۈپ ئاندىن تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرگۈزۈلىدۇ. يۇقىرىقى پەرھىزلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك مۇئەييەن ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. چۈنكى مۇشۇنداق قىلىش تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ تىنىچلىقى، سۈتىنىڭ راۋان بولۇشى، بوۋاقنىڭ خاتىرجەملىكى ... گە پايدىلىقتۇر.

ئۇيغۇرلار تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرىشتە نېمىلەرنى ئېلىپ كىرىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئومۇمەن، ھەر قانداق كىشى تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرگەندە قۇرۇق قول كىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق قىلسا بالا قۇرۇق ئېغىز بولۇپ، رىزىقلىق بولماي قالىدۇ دېيىلىدۇ. يەنە ئۇيغۇرلار تۇغۇتلۇق ئايال بار خانىگە ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئاق ئۇن ئېلىپ كىرىپ، خېمىر يۇغۇرۇپ تاماق ئېتىشتىن، ياكى تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە گۆش ئېلىپ كىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدە، ئەگەر ئاق ئۇن ئېلىپ كىرسە بالا ئاق كېسەلگە، گۆش ئېلىپ كىرسە تېرىسى گۆش رەڭگىدە بولۇپ قالىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولار ئىمىش. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇلار ئوخشاشلىق سېھىرگەرلىك قارىشى ئاساسىدىكى خۇراپىي پەرھىزدۇر. ئۇيغۇرلار يەنە تۇغۇتلۇق ئاياللار بار ئۆيگە قىرىق كۈنگىچە باشقىلارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەگەر ئۆلۈم خەبىرى يېتىپ قالسا، بوۋاق چىلە (پۈتۈن بەدەننى جاراھەت قاپلايدىغان كېسەللىك) بولۇپ قالار ئىمىش، ياكى شۇ ئايال قايتا تۇغماس بولۇپ قالار ئىمىش. يەركەنت

ئۇيغۇرلىرىدا بىرەر ئايال بىر پەرزەنت تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن قايتا تۇغمىغان بولسا، بۇنى ئۇنىڭ بىرىنچى تۇغۇتى مەزگىلىدە بىرەر ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدىغان ئادەت بار. دېمەك، ئەگەر بىرەر تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ قېلىپ، شۇ ئايال قايتا تۇغمىسا، ئۇنداقتا ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ شۇ ئايال قەبرىدە يۇمۇلسا قايتىدىن تۇغۇدىغان بولار دەپ قاراپ، ئەشۇنداق قىلىدىغان ئەھۋاللار يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە باشقىلار تاماق ئېلىپ كىرگەندە تۇگۈلگەن تاماقلار (مەسلەن مانتا، چۆچۈرە، تۈگرە، سامسا ...) نى ئېلىپ كىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلىنىدىكەن، شۇ ئايال يەنە تۇغۇۋېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ جورۇلىدۇ. بۇمۇ خۇراپىي پەرھىزدۇر. چۈنكى ئىچىگە قىيما تۈگۈلگەن تاماقلارنى مەلۇم جەھەتتىن تېنىدە ھامىلە بار ئايالغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. مۇشۇنداق ئوخشاشلىق قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن پەرھىزلەردىن يەنە مۇنداق بىرى بار: كىرىيە ئۇيغۇرلىرى تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە تاماق ئېلىپ كىرگەندە قاچىنىڭ ئېغىزى ئوچۇق ھالەتتە ئەپكىرمەيدۇ. چۈنكى شۇنداق قىلسا بوۋاق ئۇخلىغاندا ئېغىزىنى ئوچۇق قويۇپ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالارمىش. ئۇيغۇرلاردا تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلارغا ئائىت يەنە بىر قىسىم پەرھىزلىك ئادەتلەر بار. مەسىلەن، تۇغۇتلۇق ئۆيدىن باشقىلارغا ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئارىيەتكە بېرىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيدىن باشقا كىشىلەرگە پالتا، پىچاق، قازان، كەكە...قاتارلىق تۆمۈر سايمانلارنى ئارىيەتكە بەرسە بوۋاقنىڭ كىندىكى تەستە چۈشىدۇ، دەپ قاراپ، ئەشۇنداق قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت ساقلانغان. ئۇنىدىن باشقا ئۇيغۇرلار تۇغۇتلۇق ئۆيدە ياڭاق، ئۈچكە قاتارلىق نەرسىلەرنى چاقمايدۇ، ئوتۇن يارمايدۇ. شۇنداق قىلسا بوۋاقنىڭ بېشىنىڭ قۇرى ئاجراپ كېتىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. دەرۋەقە ئەشۇنداق نەرسىلەرنى چېقىش ۋە يېرىشتىن چىققان قاتتىق ئاۋازغا بوۋاقنىڭ ئىنتايىن نازۇك ئاڭلاش سەزگۈسى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇ پەرھىزلەر ئەنە شۇنداق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. يەنە ئۇيغۇرلار تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيدە يەتتە ـ سەككىز كۈنگىچە ھەتتا قىرىق كۈنگىچە چىراق ئۆچۈرمەيدۇ. بۇنداق قىلىش ئانىنىڭ بوۋاقنى ئېمىتىشىگە، بالىنىڭ ئورنىنى تازىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈنلا بولماستىن، مۇھىمى ئانا بىلەن بالىلارغا جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ چاپلىشىۋېلىپ ئۇلارنى كېسەل قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. يەنە قىسمەن جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇغۇتلۇق

ئايال بار ئۆيدە قىرىق كۈنگىچە لاي ئىتىپ تام سالمايدۇ ھەم قىغ چىقارمايدۇ. ئەگەر تام سېلىپ قالسا ئايال كېيىنكى نۆۋەت تۇغمايدۇ. ئەگەر يەنە تۇغاي دېسە، ئۇنداقتا ئىلگىرىكى تۇغۇتى مەزگىلىدە شۇ ئورۇندا سالغان ھەر قانداق تامنى ئۆرۈۋېتىش كېرەك، دەپ قارايدىغان ئەھۋال ساقلانغان. بۇمۇ ئوخشاشلىق سەھرىي قارىشى ئاساسىدىكى خۇراپىي پەرھىز بولۇپ، تام گوياكى تۇغماسلىققا تەققاسلانغان سىمۋوللۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇلغان. ناۋادا ئېغىلدىن قىغ چىقىرىپ قالسا ئۇنداقتا قىغدىن تارقىغان سېسىق ھىد پۈتۈن ئەتراپنى قاپلايدۇ ـ د، بوۋاققا تەبىئى ھالدا تەسىر قىلىدۇ. خەلق بۇنى بوۋاققا چىقىپ قالىدىغان جاھىل جاراھەتنىڭ سەۋەبچىسى سۈپىتىدە چەكلىگەندۇر.

### (2) تۇغۇتلۇق ئايالالارغا ئائىت پەرھىزلەر

تۇغۇت ئايالالار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇشكۈل بىر ئىشتۇر. تۇغۇتنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇغۇتلۇق ئايال مەيلى جىسمانىي جەھەتتىن بوولسۇن ياكى روھىي جەھەتتىن بولسۇن ئىنتايىن ئاجىز ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار تۇغۇت سائىتىدىن باشلاپلا "پەرھىزلىك ئادەم" ھېسابلىنىپ نۇرغۇن ئىشلاردىن چەكلىنىدۇ. تۇغۇتلۇق ئايالالارنى "ناپاك" دەپ قاراپ ئۇلارنى بىر قاتار ئىشلاردىن چەكلەش قەدىمدىن تارتىپ ھەر قايسى دىنلاردا ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىشتۇر. مەسىلەن، ئىسلام دىنىدا تۇغۇتلۇق ئايالالارنىڭ تاكى نەفاس ھالىتى (تۇغۇپ قىرىق كۈنگىچە بولغان مەزگىلدىكى تۇغۇتتىن پەيدا بولىدىغان خۇن ياكى قاننىڭ ئېقىپ تۈگەش جەريانى) ئاخىرلىشىپ پاك بولغانغا قەدەر ئارىلىقتا جىما قىلىش، بارلىق دىنى مەجبۇرىيەتلەرنى (جۈملىدىن ناماز، روزا قاتارلىق زۆرۈر ئىبادەتلەر) ئۆتىشى چەكلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم پەرھىزلەرمۇ باركى، ئۇلار تۇغۇتلۇق ئايالالارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خۇراپىي تۈس ئالغان، يەنە بەزىلىرى ئېنىق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. تۇغۇت ئورنىغا ئائىت پەرھىزلەرنىڭ كۆپ قىسمىمۇ ئەمەلىيەتتە تۇغۇتلۇق ئايالغا ۋاستىلىك ھالدا قارىتىلغان پەرھىزلەردۇر. ئۇيغۇرلار ئادەتتە قىرىق كۈنگىچە تۇغۇتلۇق ئايالنى يالغۇز قالدۇرمايدۇ، يالغۇز قوندۇرمايدۇ. ھەر ۋاقىت بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ. ناۋادا تۇغۇتلۇق ئايال يالغۇز قالسا ھەم ئۇخلاپ قالسا، ئۇنى قارا باسىدۇ، كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ، جىن چاپلىشىۋالىدۇ دەپ جورۇيدۇ. ھەر قانداق ئايال ئۇلارنى يوقلاپ كىرگەندە قۇرۇق قول كىرمەيدۇ، بۇنداق قىلسا تۇغۇتلۇق ئايالدىن سۈت چىقمايدۇدەپ قاراپ

ئمكان قەدەر بىرەر ھەدىيە بىلەن كىرىدۇ. چۈنكى، تۇغۇتلۇق ئايالنى ئۇۋۇندۇرۇپ قويىدىغان ھەر قانداق ئىش ئۇنىڭ سۈتىنى قىسقىتىدۇ دەپ جورۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۇغۇتلۇق ئايالنى كۆرگىلى كىرگەن ئاياللار تۇغۇتلۇق ئايال ياتقان ياستۇقنى بېسىپ ئولتۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلسا تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ قورسقى تېخىمۇ ئاغرىيدىكەن. بۇ خۇراپىي قاراشتۇر. ئەمما ئۇنىڭدا تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى مالال قىلماسلىق دەۋىتىمۇ بار ئەلۋەتتە.

ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتە، تۇغۇتلۇق ئاياللار قازان ـ قومۇچ كۆتۈرۈشتىن، تاماق ئېتىشتىن، ئېغىر ئىشلارنى قىلىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. بۇنداق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئازابىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئۇلار يەنە چاچ تاراشتىن، سوغۇق سۇ ئىشلىتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. دەرۋەقە، تۇغۇتلۇق ئاياللار نەفاس مەزگىلىدە ئۆزىنى ئىسسىق تۇتۇشى، سوغۇق ئۆتكۈزىۋالماسلىقى لازىم. بولمىغاندا، بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھەر خىل كېسەللىك ئايالغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ.شۇڭا سوغۇق سۇ ئىشلىتىپ كىر يۇيۇش، يۇيۇنۇش قاتارلىقلار ساغلاملىق نوقتىسىدىنمۇ چەكلىنىدۇ. ئاياللار يەنە تۇغۇتلۇق ھالەتتە تىرناق ئېلىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى بۇ بەدەن ئىنتايىن ئاجىز بولغاچقا، تىرناق ئالغاندىمۇ تەنگە دەخلى يېتىشى مۇمكىن. بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە تۇغۇتلۇق مەزگىلىدە ئۇلۇغ سۈلۈق دەريالاردىن (مەيلى كېچىپ، مەيلى كېمە بىلەن بولسۇن) ئۆتۈشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا خۇن توختىماي تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېلەرمىش. دەريا سۈيىنىڭ ئېقىشىنى نەفاس خۇنىنىڭ ئېقىشىغا ئوخشىتىپ بۇنداق چەكلىمە يۈرگۈزۈش ئەلۋەتتە ئاساسسىز خۇراپاتتۇر. ئەمما بۇ مەزگىلدە ئۇزاققا سەپەر قىلىشنى چەكلەش نوقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇ قىسمەن ئىلمىيلىككە ئىگە. ئۇيغۇر ئاياللىرى نەفاس مەزگىلىدە سىرتقا چىقمايدۇ. بولۇپمۇ كېچىلەردە سىرتلارغا چىقىپ ھاجەت قىلىشتىن ياكى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. جىن ـ ئالۋاستىلار ھەممە يەردە يۈرگەن كېچىدە تېنى ئاجىز تۇغۇتلۇق ئايال يالغاز سىرتقا چىقسا، جىنلار ئۇنىڭغا ۋە بالىسىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە، تۇغۇتلۇق ئاياللار تېخىمۇ كۆپ ئىشلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئومۇمەن بۇ مەزگىلدە سوغۇق سۇ ئىچمەيدۇ، توخۇ گۆشى يېمەيدۇ، يەللىك تائاملار، مەسىلەن، ئۆچكە گۆشى، پىياز قاتارلىقلاردىنمۇ پەرھىز تۇتىدۇ، قورساقنى ئىسسىتىدۇ دەپ ئات گۆشى

يېيىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. سەي ـ كۆكتات ياكى قۇۋۋەتسىز يېمەكلىكلەردىن بەكرەك پەرھىز قىلىپ، قۇۋۋەتلىك ۋە ئىسسىق تائاملارنى يەپ بېرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئانىنىڭ سالامەتلىكى ئەلۋەتتە تېزراق ئەسلىگە كېلىدۇ. بەزى جايلاردىكى تۇغۇتلۇق ئۇيغۇر ئاياللىرى قورسىقى ئاغرىيدىغان ئاياللار ئىتىپ ئەكىرگەن تائاملارنى يېيىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. ئاغرىق ئۈستىگە ئاغرىق تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن تاماققا تەسىر ئارقىلىق ئۆتكەن قورساق ئاغرىقنى تاماقنى يېمەسلىك ئارقىلىق رەت قىلىش ئەلۋەتتە بىر خۇراپىي تەدبىردۇر.

تۇغۇتلۇق ئاياللار يەنە بۇ مەزگىلدە گەپ ـ سۆزگىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. يەنى يامان، نەس ۋە شۇم سۆزلەرنى قىلىشتىن، ئاڭلاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەنە سىھرىي قاراش بويىچە تۇخۇنى "تاخ" دېمەيدۇ، مۈشۈكنىمۇ "پەش" دەپ چاقىرمايدۇ ياكى قوغلىمايدۇ. چۈنكى توخۇ سۈتى بولمىغان قۇش تۈرىدىكى ھايۋان بولغاچقا، مۈشۈكمۇ سۈتى ئاز ھايۋان بولغاچقا، ئەگەر ئۇلارنى چاقىرىدىغان ياكى قوغلايدىغان بىرەر ئېغىز سۆزنى قىلىپ قويسا، ئۆزىنىڭمۇ سۈتى تاراپ كېتىدۇ ياكى سۈت چىقماي قالىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ.

ھازىرقى دەۋردە ئۇيغۇرلاردا تۇغۇتلۇق ئاياللارنى ناپاك دەپ قاراش قىسمەن تۈگىگەن بولسىمۇ، ئەمما نەفاسلىقتىن كەلگەن قان ياكى خۇننى نىجىس نەرسە، دەپ قاراش ئومۇمىي يۈزلۈك ئەھۋالدۇر. شۇنداق بولغاچقا تۇغۇتلۇق ئاياللار ئۆز تېنىدىن كەلگەن خۇننى ئىنتايىن يوشۇرۇپ ئانىسى ياكى تۇغۇت ئانىسىدىن باشقا كىشىگە كۆرسەتمەيدۇ. بۇنى ئەرلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشى (ھەتتا شۇ ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىمۇ) ئىنتايىن ئېغىر ئېلىنىدىغان ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق خۇننى، خۇن ئاققان قەغەز، لاتا پارچىلىرى ... دېگەندەك نەرسىلەرنى پىنھاندا كۆمۈۋېتىدۇ ياكى يۇيۇپ قۇرۇتىدۇ. بۇ ھازىر كۆپىنچە شەرم ـ ھايا شەكلىدە ئىپادىلىنىۋاتقان بىر ئادەتتۇر.

خۇلاسىە قىلغاندا، تۇغۇتقا ئائىت پەرھىزلەر ئاساسەن ۋاقىتلىق خاراكتېرىنى ئالغان، دائىرىسى مەلۇم ئۆي ياكى تۇغۇتلۇق ئايال دائىرىسىدىلا يۈرگۈزۈلىدىغان چەكلىمىلەردىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان تىبابەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە نۇرغۇن ئاياللارنىڭ تۇغۇت ئاياللىرىنىڭ ياردىمىدە ئەمەس، بەلكى دوختۇرخانىلاردا تۇغۇشقا يۈزلىنىشى نەتىجىسىدە، شۇنداقلا تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ تىببىي دورىلار بىلەن تېز ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق پەرھىزلەرنىڭ بىر قىسمىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە.

## 4. بوۋاقتا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار ئەۋلاتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. تۇغۇلغان بالا مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن، بۇ ھەقتەقەن خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇغۇلغان بوۋاقنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، بوۋاقنىڭ تېنىنىڭ، روھىنىڭ ئاجىز بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەر تەرەپتىن ياخشى كۈتۈپ، ئىنچىكە تەرتىپلەر بىلەن باقىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بوۋاقلار ۋە ئۇلارنى بېقىشقا ئائىت نۇرغۇن ئىرىملىك قاراشلىرى ۋە پەرھىزلىك ئادەتلىرى بار.

### (1) تۇغۇلۇشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار بىر ئائىلىدە پەرزەنت دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن، دەرھال خاس ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ خوش خەۋەرنى بالىنىڭ باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا يەتكۈزىدۇ. خوش خەۋەرنى ئاڭلىغۇچىلار خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى كىشى (بۇ كۆپىنچە ئاياللار بولىدۇ) گە ياخشى ھەدىيە سوۋغا قىلىدۇ. بىراق، يات كىشىلەرگە تۇغۇت خەۋىرىنى ئۇچ كۈنگىچە ئېيتماي مەخپىي تۇتىدۇ. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردا بالىنىڭ تۇغۇلۇش ۋاقتىنى بۇرج ۋە مۆچەل بويىچە ھېسابلاپ، مەلۇم چاغلاردا تۇغۇلۇشنى خەيرلىك، مەلۇم چاغلاردا تۇغۇلۇشنى خەيرسىز ۋە نەس دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدى. شۇڭا قىسمەن چاغلاردا پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن پەرھىز قىلغان ئىدى. مەسىلەن، «سالنامە» قاتارلىق كىتابلاردا بالىنىڭ ئاينىڭ بەشىدە، ئالتىسىدە، سەككىزىدە، ئون يەتتىسىدە، يىگىرمىسىدە ۋە يىگىرمە بىرىدە تۇغۇلىشىنىڭ يامانلىق ئىكەنلىكى، مىررىخ ۋە زۇھەلنىڭ سائىتىدە تۇغۇلسىمۇ يامانلىق ئىكەنلىكى، بۇنداق بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە مەلۇم يامانلىقلارنى قىلىدىغان ياكى ئەقلى كەمتۈك بولىدىغانلىقى ھەققىدە بايانلار بار. ئەمما بۇنداق قاراشلار ھازىر خەلق ئارىسىدا ئاساسەن يوقالغان.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا بوۋاق ئەش بىلەن بىللە تۇغۇلسا بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدىغان ئادەت بولغان ئىدى. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە "قاپ" سۆزىنى شەرھلەپ مۇنداق يازىدۇ: "قاپ: ئانىنىڭ قورسىقىدا بالىنى ئوراپ تۇرغان قاپ. ئەگەر بالا شۇ قاپ بىلەن تۇغۇلسا، بەختلىك ھېسابلىنىپ "قاپلىق ئوغۇل" دېيىلىدۇ."[①] كېيىنچە بالا ئەش بىلەن تۇغۇلسا بۇنى ياخشىلىققا

---

[①] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە،

جورۇيدىغان ئادەت تەدرىجىي يوقالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەشنى "ئۇماي" دەپ ئاتايتتى. بۇ ھەقتە يەنىلا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە مۇنداق بايان بار: "ئۇماي: ئەش، يولداش، ھەمرا، ئاياللارنىڭ كۆزى يورىغاندا بالىدىن كېيىن چۈشىدىغان نەرسە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: "ئەشكە تېۋىنسا، ئوغۇل تاپار". كىم تۇغۇت ئىشىغا خىزمەت قىلسا، ئوغۇللۇق بولىدۇ. خوتۇنلار بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ."[①] مۇشۇ قاراش بويىچە ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تۇغۇت ئىشىنى ناھايىتى خەيرلىك ئىش دەپ بىلگەن ۋە  بالا ياتىدىغان ئەشنى ئۇلۇغلىغان. بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن تۇغۇت ئادەتلىرىدىكى ئەشكە ئالاقىدار ئىرىملىك قاراش ۋە پەرھىزلەر ئەشۇ پىكىرىمىزگە دەلىلدۇر. ئۇيغۇرلار بالىنىڭ ھەمرىيىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى بوۋاق بىلەن دەۋاملىق تەسىر مۇناسىبىتىنى ساقلاپ قالىدۇ دەپ قاراپ، بالا ھەمرىيىنى ئەسلا تاشلىۋەتمەيدۇ. بەلكى مۇنبەت تۇپراققا ياكى ئۆي ئىچىدىكى كوچىغا كۆمىدۇ. كۆمگەندىمۇ تېيىز كۆممەي چوڭقۇر كۆمىدۇ. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ خۇددى مۇنبەت تۇپراقتىكى گىياھقا ئوخشاش تېز، ساغلام چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنى ھايۋانلارنىڭ  تېپىۋېلىپ يەۋېتىشى  ياكى دەسسىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر.

ئۇيغۇرلار ئەگەر بالا تۇغۇلغاندا دۈم ھالەتتە تۇغۇلسا "بالا دۇنيانى قۇچاقلاپ چۈشتى" دەپ بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ. ناۋادا ئوڭدىسىغا تۇغۇلسا بۇنى ئالاھىدە مەنىگە ئىگە، دەپ قارىمايدۇ. بىراق، دۈم ھالەتتە چۈشۈشىنى بەكرەك  ئارزۇ قىلىدۇ. يەنە، بالا تۇغۇلغاندا پۇتى ئالدى بىلەن چىقىپ بېشى ئارقىسىدىن چىقسا، بۇنداق ئەھۋال قىيىن تۇغۇتقا مەنسۇپ قىلىنىدۇ ۋە بالىنىڭ بۇنداق ھالەتتە تۇغۇلىشىدىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا بالا تۇغۇلغاندىلا چاچلىق ھالەتتە تۇغۇلسا، بۇنى ياخشى ئەھۋال دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما چىشى چىققان ھالدا تۇغۇلسا، بۇنى بىنورماللىق دەپ قاراپ ئېھتىيات قىلىدۇ. بالىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ  كەمتۈك ياكى غەيرى ھالەتتە تۇغۇلۇشى ئىنتايىن  يامان ئەھۋال بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئائىلە ئۈچۈن چوڭ بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، بۇنى خەلق ھامىلدار ئايالنىڭ ئاللىقانداق غەيرىي نەرسىلەرگە قارىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بالىنىڭ  ئاتا - ئانىسىنىڭ قانداش

III توم، 200- بەت.

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، I توم 167- بەت.

ئىكەنلىكىدىن ۋە تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن كۆرىدۇ.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئانا تېنىدىن چىققان باشقا نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ ئالاھىدە ئۇسۇللار بولىدۇ. بىز يوقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئانا تېنىدىن ئاققان قان ياكى خۇن ھەم بالا ھەمرىيى قالايمىقان تاشلىۋېتىلمەي، مەلۇم ئورۇنغا كۆمۈلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەلۇم بىر تەرەپ بوۋاقنىڭ كىندىكىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتۇر. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردىكى ئادەتلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كىندىك ئەزەلدىن بىر خىل تىرىك نەرسە، بالىنىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭ روھىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلىپ كەلگەن. كىندىك بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تەسىر مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ قالىدۇ دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، بالىنىڭ بەخت‌ەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىدىدە، كىندىك ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنغان. ئۇيغۇرلاردا بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانىنى تۇغدۇرغان تۇغۇت ئانىسى ئۆتكۈر ئۇستۇرا بىلەن بالىنىڭ كىندىكىنىڭ ئاستىغا سېغىز قويۇپ تۇرۇپ كېسىدۇ. شۇڭا تۇغۇت ئانىسى "كىندىك ئانىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆزىنىڭ كىندىكىنى كەسكەندە قان تامچىلىغان جاينى (يۇرتنى) ئىنتايىن ئەزىزلەيدۇ. دېمەك، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي ئۇيغۇرلاردىكى يۇرت تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كېسۋېتىلگەن كىندىك بىلەن بالىنىڭ ھاياتى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ـ ئارا تەسىر مۇناسىۋىتى ساقلىنىدۇ، دەپ ئىشىنىلگەچكە، كىندىكنى بىر تەرەپ قىلىشتا خۇددى ئەشنى بىر تەرەپ قىلغاندەك ئىنچىكە تەرتىپلەر بويىچە ئىش بىجىرىلىدۇ. ئۇيغۇرلار كىندىكنىڭ كېسۋېتىلگەن قىسمىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ سالسا، ناۋادا كىندىك خارلىنىپ دەسسىلىپ قالىدىكەن ياكى ئۇنى ئىتقا ئوخشاش ھايۋانلار يەپ كېتىدىكەن، ئۇنداقتا بالىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ، دەپ ئۇنى مەخسۇس جايلارغا كۆمىدۇ. بەزى يۇرتلاردا يەنە كىندىك بىلەن كۆز ئۆز ـ ئارا تەسىرگە ئىگە قىلىنىپ، كۆزنىڭ نورمال ياكى ئالغاي بولۇپ قېلىشنى كىندىكنى قانداق جايغا قويغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ. يەنى كىندىكنى بىر تەرەپ قىلغۇچى كىشى بىرەر تامغا ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ، ئۆزى كۆزى ئۇدۇل چۈشكەن جايدىن تۆشۈك تېپىپ سېلىپ قويىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەد ـ بالىنىڭ كۆزىنى ئۇدۇلغا قارايدىغان نورمال كۆز بولۇشنى تىلەشتۇر. بۇنىڭدا ئوخشاشلا كېسۋېتىلگەن كىندىكنى نەزىرى چۈشكەن تۆشۈكتىن ئېگىزرەك يەردىكى باشقا تۆشۈككە ياكى ئۇدۇل تۆشۈكنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىكى تۆشۈكلەرگە تىقىپ قويۇشتىن

پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا ئۇنداق قىلىنمايدىكەن، بالىنىڭ كۆزى ئېگىزگە قارايدىغان ياكى پەسكە قارايدىغان، ۋە ياكى ئوڭغا ـ سولغا قارايدىغان ئالغاي بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

### (2) بوۋاق تەربىيىسىگە ئائىت پەرھىزلەر

بوۋاق سالامەت تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ ھەمرىيى ۋە كىندىكى بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئانا بولغۇچى ئايال ۋە ياردەملەشكۈچىلەر بوۋاقنى ھەقىقىي تەرزدە ئاسراش ۋە بېقىشقا كىرىشىدۇ. بوۋاق دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىنتايىن نازۇك ۋە ئاجىز بولغاچقا، ئۇ ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە مۇھتاج بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئەلۋەتتە نۇرغۇن پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن قىلىدىغان تۇنجى ئىش ئۇنى ئوبدان زاكىلاشتۇر . ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ بوۋاقلارنى زاكىلاپ بېقىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلار بوۋاقلارغا تۇنجى قېتىم يېڭى كىيىم كەيگۈزمەيدۇ. بەلكى يۇمشاق رەختلەردىن زاكا قىلىپ بوۋاقنى ئوراپ بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن كېيىن تۇنجى كىيىمى بولغان قىرقى كۆينىكى (بۇ زاكا ئورنىدىكى كۆينەكتۇر) كەيگۈزىدۇ. ئادەتتە بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەپ، زاكا كۆينەكنى يۇز ياشتىن ئۇستۈن ئۆمۈر كۆرگەن كىشلەرنىڭ كىيىملىرىنىڭ پارچىسىدىن تىكىدۇ، ياكى تۇنجى بالىسى ئۆلۈپ كەتمىگەن ئايالنىڭ ئەشۇ بالىسىنىڭ زاكا كۆينىكىنى ئوغرىلىقچە قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كىيگۈزىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا بالا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ ياكى بالدۇر ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەرقانداق ئايال تۇنجى بالىسىنىڭ زاكا كۆينىكىنى باشقىلارغا بەرمەيدۇ. يوقىرىقى زاكا كۆينەكنى ئوغرىلاش ئىشى مۇشۇ پەرھىز سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان پەرھىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىدۇر. قىسمەن جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئوغۇل بوۋاقلارنى كۆك رەڭلىك رەختتىن زاكا قىلمايدۇ ياكى كۆينەك تىكمەيدۇ. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكنى ئۇلۇغلاش قارىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار بوۋاقنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەپ زاكا كۆينەكنىڭ شەكلىگە قارىتا قىسمەن پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. مەسىلەن، بوۋاقنىڭ زاكا كۆينىكىنىڭ بويۇن قىسمىدىكى ئىككى تال بوغقۇچنى قىسقا قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بەلكى ئۇنى بوۋاقنىڭ تاپىنىغىچە ئۇزۇنلۇقتا تىكىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولارمىش. يەنە بوۋاقنىڭ زاكا كۆينەكلىرىنىڭ، ئىشتانلىرىنىڭ يەڭ ـ پۇچقاقلىرىنىڭ ئاياغ قىسمىنى پۈكمەيدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن، بوۋاق چىڭگىس، قولى چىڭ ياكى

بېخىل بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇ پەرھىزلەر ئوخشاشلىق تەپككۇرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئادەتلەر جۈملىسىدىندۇر. ئۇيغۇرلار مەيلى بوۋاق كېيىپ يۈرىدىغان زاكا كۆينەك، زاكا ئىشتانلار بولسۇن ياكى بۆشۈكتە بوۋاقنى يۆگەشكە ئىشلىتىلىدىغان زاكا لاتىلار بولسۇن، ھەممىسنى پاكىز، قۇرغاق تۇتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ نەرسىلەرنى كېچىدە سىرتقا قويۇشتىن، يۇلتۇز كۆرستىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق قىلمىسا بوۋاقنىڭ زاكىلىرىغا جىن ـ ئالۋاستىلار چاپلىشىۋېلىپ بوۋاقنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.

بالىنىڭ كىندىكى كېسىۋېتىلگەندىن كېيىنكى قىسمى ئادەتتە ئون كۈن ئىچىدە قۇرۇپ چۈشۈپ كېتىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار تۇغۇتلۇق ئۆيدە يەنە بەزى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. مەسىلەن، بوۋاقنىڭ كىندىكى چۈشكىچە شۇ ئائىلىدە قىغ چىقارسا بولمايدۇ دەپ قاراپ، بۇنداق قىلغاندا بوۋاققا جاراھەت چىقىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. دەرۋەقە قىغنىڭ سېسىق ھىدى بالىنىڭ كىندىكنى ياللۇغلاپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ مەلۇم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. يەنە شۇ مەزگىلدە شۇ ئۆيدە كىر يۇيۇلمايدۇ (بوۋاقنىڭ زاكىللىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا)، باشقىلار تۆكۈلگەن تاماقنى ئەپكىرىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. شۇنداق قىلسا بوۋاقنىڭ ئېغىزى يېرىلىپ قالارمىش. بۇمۇ ھەم خۇراپىي ئادەتتۇر .

ئۇيغۇرلار بوۋاقنىڭ تىلىنىڭ ئۆز قەرەلىدە ياكى بالدۇرراق چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بوۋاقنىڭ تىلىنىڭ بالدۇر چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرخىل ئامىللار (ھالبۇكى بۇنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇردىكى ئامىللاردۇر) نى قاتتىق چەكلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تىلى چىقمىغان بوۋاقنى ئەينەككە قاراتمايدۇ، مۇشۇنداق قىلسا بالا گاچا بولۇپ قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. بىرىنچىدە بۇ روھ ھەققىدىكى قاراشتىن كېلىپ چىققان. يەنە ئۇيغۇرلار مەيلى قەستەن بولسۇن ياكى ئوينىشىپ بولسۇن، بوۋاقنىڭ پۇتىنىڭ ئالقىنىنى قىچىقلىمايدۇ. مۇشۇنداق قىلسا بوۋاق ئىچىدە "ئۆلسەمچۇ كاشكى" دەيمىش ۋە ياكى گاچا بولۇپ قالارمىش. دەرۋەقە، بوۋاقنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر سېزىمغا ئىگە بولغان ۋە قاتمىغان پۇتىنى غىدىقلىغاندا، بوۋاقنىڭ نېرۋىسى ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە تىلى چىقمىغان بوۋاققا تىلى چىقمىغان بوۋاقنى سۆيدۈرمەيدۇ. مۇشۇنداق بولسا بىر بوۋاقنىڭ تىلى يەنە بىر بوۋاقنىڭ تىلى چىقمىغىچە چىقمايدۇ. يەنى ئۆز قەرەلىدە ئەمەس، بەلكى ئىككىسىنىڭ تەڭلا چىقىدۇ دەپ قارايدۇ. كېرىيە ئۇيغۇرلىرىدا ئىككى

قوشنا ئۆيدە ئىككى قوشنا تەڭلا يەڭگىپ قالسا، تۇغۇلغان ئىككى بوۋاققا بىر پارچەناننى چىشلىتىدىغان ئادەت ساقلانغان. ئەگەر مۇشۇنداق قىلمىسا شۇ ئىككى بوۋاق گاچا بولۇپ قالار ئىكەن. قىسقىسى، ۋاستىسى خۇراپىي تۈس ئالغان بۇ پەرھىزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بوۋاقنىڭ تىلىنىڭ راۋان ۋە تېزراق چىقىشى ئۈمىد قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندۇر.

ئۇيغۇرلار بوۋاقلارنى قولغا ئېلىش ۋە سىرتلارغا ئېلىپ چىقىشتىمۇ بەزى پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىدۇ. مەسىلەن، بوۋاقنى زاۋالدا ياكى قاراڭغۇدا سىرتتا كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. شۇنداق قىلسا بوۋاق شامالداپ ئۈچۈنۈپ قالىدۇ، ھەمدە ئۇنى دېۋىلەر ئىگىلىۋالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، سىرتتىن كىرگەن كىشى ئۇدۇل كىرىپلا بوۋاقنى قولىغا ئالمايدۇ. بۇنداق قىلسا بالىغا سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلار بوۋاقلارنى ئىسسىق تۇتۇشقا بەك ئېتىبار بېرىدۇ. خەلق ئارىسىدا "بوۋاققا ئاسماندىكى قۇشنىڭ سايىسىدىمۇ سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ" دېگەن گەپ بار. بۇ بوۋاقنى شامالداتماسلىق، سوغۇق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق ئەھۋالىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشىدۇر. بوۋاقنى سىرتقا كۆپ ئېلىپ چىقىشتىن پەرھىز قىلىشتىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئۇ بولسىمۇ بوۋاققا يامان تىل، يامان كۆز تېگىشتىن ساقلىنىشتۇر. شۇڭا بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆزلىرى بوۋاقنى ماختاشتىن، ئۇنىڭغا زوقمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قاراشتىن ساقلانغاندىن باشقا، باشقىلارنىڭمۇ بوۋاقنى ماختىشىدىن ياكى تىكىلىپ قارىشىدىن پەرھىز قىلىدۇ. نەفاسلىق مەزگىلى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۇغۇتلۇق ئاياللار ئورنىدىن تۇرۇپ، نورمال تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىشقا باشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغلاردا تاماق ئېتىشكە خېمىر يۇغۇرغاندا، قولى خېمىر يۇقى ھالدا بوۋاقنى تۇتۇشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بولمايدىكەن، بوۋاق "سىيكىنىپ كېتىدۇ" (بەدىنىگە ئۇششاق قىزىل دانىچىلار پەيدا بولىدۇ، دېمەكچى) دەپ قارايدۇ. گەرچە بوۋاقنى خېمىر يۇقى قولدا تۇتۇش بىلەن بۇنداق جاراھەت ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولمىسىمۇ، ئەمما بۇنداق قىلىش يەنىلا پاكىز قىلىق ئەمەس، ئۇ شۇڭا چەكلەنگەن. ئۇيغۇرلار ھەر قانداق بوۋاقنى تۇنجى كۆرگەندە ياكى بوۋاقنى يوقلاپ كىرگەندە قۇرۇق قول كۆرۈشمەيدۇ ياكى كىرمەيدۇ. بۇنداق قىلسا بوۋاق "قۇرۇق قول" (نامرات)، يالغانچى بولۇپ قالارمىش. يەنە بوۋاق يېنىغا كىرگەنلەر خام گۆش ئېلىپ كىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا خام گۆش ئېلىپ كىرىشكە توغرا كەلسە "گۆش، گۆش" دەپ ۋارقىرىۋېتىپ، ئۆيدىكىلەر بوۋاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن

ئېلىپ كىرىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلمايدىكەن، بوۋاقنىڭ ئەتلىرى قىزىرىۋالار ئىكەن. بۇ بىر خۇراپىي قاراشتۇر. بەزى يۇرتلاردا يەنە بوۋاق دۇنياغا كۆز ئېچىپ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۇنى هويلا ـ ئارامغا ئېلىپ چىقىشقا توغرا كەلسە، چوڭلار بالىنى ئوبدان زاكىلاپ، شۇ ئائىلىدىكى ياكى يېقىن تۇغقانلار ئىچىدىكى روهلۇق، چەبدەس بىر كىشىنى تاللاپ، شۇ كىشىنىڭ بىر قولىغا بوۋاقنى، يەنە بىر قولىغا ئوت تۇتاشتۇرۇلغان قەغەز (ياكى باشقا نەرسە) ۋە كۆرۈدىغان ئەينەكنىمنى تۇتقۇزىدۇ. بالىنىڭ يۈزى ئوچۇق قويۇلۇپ، ئۇنى كۆتۈرگەن ئادەم ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن باشلاپلا قاهقاهلاپ كۈلگەن پېتى سىرتقا يۈگرەپ چىقىدۇ. شۇ ئارقىلىق بوۋاقنىڭ جەمئىيەتكە كۈلۈپ باقىدىغان، بەختىيات ئىنسان بولۇپ قېلىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلار تىلى چىقمىغان بوۋاقنى ھەمدە تىلى چىقمىغان بوۋاقنىڭ پۇتىنى سۆيمەيدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا بوۋاق ماڭغۇدەك بولغاندا سۆيگۈچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدىغان بولۇپ قالارمىش. بولۇپمۇ ئېغىزىغا سۆيۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلىدىكەن، بوۋاقنىڭ ئېغىزى شالداما (شۆلگەي ئېقىپ تۇرىدىغان) بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە چوڭ ئادەملەر بوۋاقلارنىڭ ئېغىزىغا تولا سۆيسە، بوۋاقنىڭ ئېغىزى يالاۇغلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ناۋادا بىرەر بوۋاقنىڭ ئېغىزى شالداما بولۇپ قالسا، ئۇنى مۇنداق ئۇسۇل بىلەن ساقايتىدۇ: شالداما بولۇپ قالغان بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا بوۋاقنىڭ تاغىسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى ئۈچ قېتىم دوملايدۇ. بوۋاقنىڭ كاچىتىنى سىقىشتىن پەيدا بولغان شالدامنى ساقايتىشقىمۇ يۇقىرىقى ئەم قوللىنىلىدۇ. بۇ ئەم ئۇسۇلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىز بىرەر تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا خۇراپاتقا ياتىدىغان بىر خىل ئاكتىپ سېھىرگەرلىك پائالىيىتى بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلاردا يەنە بوۋاقنىڭ بېشىنى سوراشتىن پەرھىز قىلىدىغان ياكى سورىسىمۇ ئېيتىپ بەرمەيدىغان ئادەت بار. چۈنكى مۇشۇنداق قىلمىغاندا سورىغۇچى بالىنىڭ يېشىغا قارىغاندا كۆپ تىمەن چوڭ بولغانلىقىنى ماختاپ تەرىپلىسە، بالىغا يامان تىل تىگىدۇ ـ دە، بالا كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. خەلق ئارىسىدا بوۋاقلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر ھەم بىر قاتار پەرھىزلەر مەۋجۇد. ئۇيغۇرلاردا ئوغول بوۋاقنىڭ سۈيدۈكى كېسەلگە شىپا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ، ھەمدە بىرەر سەۋەب بىلەن تاياق يېگەن ياكى ئىچى زەخمىلەنگەن ئادەمگە ئوغول بوۋاقنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچكۈزىدىغان ئەھۋال بار. بىراق قىز بوۋاقنىڭ سۈيدۈكى بۇنداق خىسلەتكە ئىگە دەپ

قارالمايدۇ. بۇنىڭ قانداق ئىلمىي ئاساسىنىڭ بارلىقى هازىرچە بىزگە نامەلۇم. بەلكىم، ئوغوللارنى زىيادە ياخشى كۆرۈش سەۋەبىدىن بۇ خىل ئادەت كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بوۋاقنىڭ چوڭ تەرىتىنى ئۇيغۇرلار بوۋاق بىلەن تەسىر مۇناسىۋىتىگە ئىگە دەپ قاراپ ئۇنى خىلغانچە تاشلىۋەتمەيدۇ. "بوۋاقنىڭ چوڭ تەرىتىنى ئوتقا تاشلىسا بوۋاق تاز بولۇپ قالىدۇ"، "بوۋاقنىڭ چوڭ تەرىتىنى ئىت يەۋالسا بوۋاقنىڭ قورسىقى ئاغرىيدۇ" دەپ ئىرىمداپ، ئەشۇنداق ھەركەتلەردىن چەكلىنىدۇ. بەزى ئاياللار بوۋاق باللىرىنى ئېلىپ يىراققا سەپەر قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ يول بويى بوۋىقىنىڭ چوڭ تەرىتىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن كۆمۈۋېتىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا بوۋاقنىڭ تەرىتىنى ئىتلار يەۋالىدۇ ـ دە، بوۋاقنىڭ قورسىقى ئاغرىيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە بوۋاق تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن پايپاق بىلەن بالىنىڭ ئارقىسىنى سۈرتۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلسا، بوۋاق چوڭ بولغاندىن كېيىن ئوغۇل بولسا خوتۇن بىلەن، قىز بولسا ئەر بىلەن كېلىشەلمەيمىش. بىزنىڭچە بۇ ئاساسى يوق گەپتۇر. پەقەت پايپاق ناۋادا پاسكىنا بولۇپ قالسا ئۇنى ئىشلىتىپ تەرىتىنى ئېتىش ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس. بۇ ھەم بالىنى بۇلغايدۇ، ھەم ئانىغىمۇ قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ئادەمنىڭ بالىنى ئېمىتىشى ناھايىتى زور ئىلمىيلىككە ۋە مەدەنىي مەناغا ئىگە. شۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر مىللەتتە بالا ئېمىتىشتە رىئايە قىلىدىغان بىر قاتار ئادەت ۋە تەرتىپلەر مەۋجۇد. ئۇيغۇرلار بوۋاقنى قانغۇدەك ۋە ئۇزاق مەزگىل ئىمىتىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەت ئىسلام دىنى تەرىپىدىن تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈلدى. «قۇرئان كەرىم» دە باللارنى ئىككى يىل ئېمىتىش لازىملىقى ھەققىدە كۆرسەتمە بار بولۇپ، مۇشۇ كۆرسەتمە بويىچە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئەسىرلەر مابەينىدە بالىنى ئىمكانىيەت يار بەرسىلا تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشكە كاپالەتلىك قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار يەنە ناپاكلىق قارىشى بويىچە ئايالالرنىڭ جۇنۇپ ھالەتتە بالا ئېمىتىشدىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە زىيادە ئىسسىق ۋاقىتلاردا يىراقتىن ھېرىپ چارچاپ كېلىپلا بالىنى ئېمىتمەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتتا سۈت ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقتىن، ئېچىپ قېلىپ، بالا ئۇنى ئەمسە قورسىقى ئاغرىيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر باشقا ئاياللار (ئىنىك ئانىلار) غا ئېمىتىشكە توغرا كەلسە پۈتۈن بەدىنى ساغلام ئاياللارنى تاللايدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە كىشىلەرنىڭ بالىسىنى ئىمتىپ قويۇشتىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش سۈتىنى ئايىغانلىق ئەمەس،

بەلكى پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئىمىلدەشلىك مۇناسىۋىتى پەيدا بولۇپ، كەلگۈسىدە توي قىلىشقا توغرا كەلگەندە تۇغقانلار ئارا جىنسىي بۇزۇقچىلىقنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقى ۋە ياكى ئۇلاردىن مەجرۇھ پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. بوۋاق چوڭ بولغانسىرى چىش چىقىپ ئەمگەندە ئانىسىنىڭ كۆكسىنىڭ توپچىسىنى چىشلەيدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇنى ئانچە ياخشىلىققا جورۇمايدۇ. يەنى بىرەر كىشى تۇرمۇشتا ئېغىر كۈلپەتكە ياكى ناھايىتى چوڭ پالاكەتكە گىرىپتار بولغاندا باشقىلار ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ "ئانىسىنىڭ ئەمچىكىمى قاتتىق چىشلىگەن بولغىيمىدى؟" دەپ سوئال قويۇشىدۇ. ئەنە شۇ قاراش ئاساسىدا، ئەگەر بوۋاق ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئىمىش جەريانىدا چىشلەپ سالسا، بوۋاق چوڭ بولغاندا ھېلىقىدەك پالاكەتكە گىرىپتار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، "مەن رازى" دەپ تۇرۇپ ئېمىتىدۇ. بۇ بالىنىڭ بۇ قىلىقىغا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە كېيىن بەختسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

بوۋاق ئەمگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم تاماق يېگۈزۈشنى ئۇيغۇرلار "ئېغىزلاندۇرۇش" دەپ ئاتايدۇ. خەلقىنىڭ نەزىرىدە ئېغىزلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولۇپ، ئۇ بوۋاقنىڭ زۇۋانىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇرلار بوۋاقنىڭ شېرىن سۆزلۈك، ياخشى خۇيلۇق بولۇشىنى كۆزلەپ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئىچىدىكى خۇشخۇي ۋە ناتىق ئادەمنى تاللاپ مېغىز، نان قاتارلىق ياخشى يېمەكلىكلەر بىلەن ئېغىزلاندۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاق ئۆزىنى ئېغىزلاندۇرغان ئادەمنى دوراپ "مېغىزدەك سۆزلەيدىغان" بولار ئىكەن. يەنەن بەزى كىشىلەر بوۋاقنى «قۇرئان» توپىسى بىلەن ئېغىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى چىڭ، ئىلىملىك ئادەم بولۇشىنى كۈتىدۇ. ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاقلارغا نان، بۇلماق، سۈت، مېغىزلار، گۆش... قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى بېرىپ باقىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا بوۋاقلارغا ئىسسىق تاماقلارنى كۆپرەك يېگۈزىدۇ. يەللىك، سوغۇق كېلىدىغان ۋە قۇۋۋەتسىز غىزالارنى يېگۈزمەيدۇ. تاكى ئۇلار باللىق دەۋرىگە يەتكەنگە قەدەر ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى قاتتىق تەرتىپلەر ئىچىدە بېرىلىدۇ.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بوۋاقنىڭ قىرىق چېچىنى چۈشۈرۈش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتۇر. ئۇيغۇرلار بوۋاق قىرىق كۈنلۈك بولغاندا بوۋاقنىڭ چېچىنى تۇنجى قېتىم چۈشۈرىدۇ. بۇ شۇڭا

"قىرىق چاچ" دېيىلىدۇ. قىرىق چاچ چۈشۈرۈشتە قولى يۇمشاق، ئەپلىك، ھۈنەرگە پىششىق ساتىراچلار بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرىدۇ. چۈشۈرۈلگەن قىرىق چېچى قالايمىقان تاشلىۋېتىلمەيدۇ. بەلكى مۇنبەت يەرلەرگە كۆمۈش بىلەن بالىنىڭ تېز ئاينىشىنى كۆزلىسە، بازىرى ئىتتىك بىرەر دۇكانغا چېچىۋېتىش بىلەن بالىنىڭ تەلەيلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە بوۋاقلارنىڭ قىرىق چېچىنى ئانىسى چۈشۈرسە، بالا بىتەلەي بولۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ،بوۋاقلارنىڭ چېچىنى ئانىلار شۇنداقلا ئاياللار چۈشۈرمەستىن، بەلكى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئەر ساتىراچلار ياكى باشقا ئەرلەر چۈشۈرىدۇ.

بالا تۇغۇلۇپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئىسىم قويۇپ تونۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسىم ناھايىتى روشەنلىككە ئىگە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ئېستېتىك قاراشلىرىنى بىلىپ ئالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تۇنجى بالىنىڭ ئىسمىنى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بېكىتىدۇ. ئىككىنچى بالىنىڭ ئىسمىنى بەزىدە قىز تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بېكىتىدۇ. ئەگەر پەرزەنت قىز بولسا ئىسىم تاللاش ھوقۇقى كۆپىنچە ئايال تەرەپكە تەئەللۇق بولىدۇ. تۇغۇلغان بالا ئوغۇل بولۇپ قالسا، يەنىلا ئەر تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى بېكىتىدۇ. ئۇيغۇرلار بالىغا ئۈچ كۈن ئۆتمەي تۇرۇپ قويمايدۇ. بۇنىڭدا ئالاھىدە سەۋەب بولۇشى ناتايىن. مۇھىمى قويۇلىدىغان ئىسىمنىڭ ياخشى تاللىنىشىغا ۋاقىت ئىمكانىيىتى قالدۇرۇش نەزەرگە ئېلىنغان بولسا كېرەك. ئەگەر بوۋاق تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئۆلۈك ھالەتتە تۇغۇلسىمۇ ئۇلارنى ئىسىم قويمايلا دەپنە قىلىنىۋەتمەيدۇ، بەلكى بىر ئىسىمنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن دەپنە قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئېتىقادىچە، ئاخىرەتتە پۈتۈن ئىنسان تىرىلىپ قوپۇپ مەھشەرگاھقا يىغىلغاندا ھەممە ئادەم ئەزان توۋلاپ قويۇلغان ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسمى بولمىغانلار ئەلۋەتتە تېڭىرقاپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىمام ئەزان توۋلاپ قويمىغان ئىسمىنى بەك ئېتىراپ قىلىپ كەتمەيدۇ. ئىسىم تاللاش ۋە قويۇشتا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە پەرھىز ئادىتى مەۋجۇد. بەزى جايلاردىكى كىشىلەر بالىغا سەيشەنبە كۈنىدە ۋە جۈمە كۈنىدە ئىسىم قويمايدۇ. بۇنداق قىلماسلىقنىڭ نېمە ئاساسى بارلىقى بىزگە نامەلۇم. ئۇيغۇرلاردا ئۆز بوۋىلىرىنىڭ ياكى ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمىنى بالىغا قويۇش ناھايىتى كەڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلار فامىلە ئىشلەتمىسىمۇ، يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ جەمەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ئىسىم قويۇشتا جايلار ئارا مۇنداق بىر

زىددىيەتلىك ئەھۋال بار. يەنى بەزى كىشلەر ھايات ئادەمنىڭ ئىسمىنى بوۋاقىغا قويمايدۇ. يەنە بەزى كىشلەر ۋاپات بولغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى بوۋاقىغا قويمايدۇ. ھايات ئادەمنىڭ ئىسمىنى قويمىغۇچىلار بۇنداق قىلىشنى ھايات ئادەمنىڭ (بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىدىن بىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلىگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىسا، ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسمىنى قويمىغۇچىلار بوۋاقىغا ئاتا ـ ئانىدىن بىرەرسىنىڭ ئىسمىنى قويۇش بىلەن ئۇلارنى رازى قىلىش ئىستىكىدە بولىدۇ. بىراق ھەممە ئەھۋالدا يەنىلا بوۋاقنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ھەققىدىكى ئارزۇ ئۈمىدلەر ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىرىگە «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىنى بالىلىرىغا قويۇشنى مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن ياقۇپ، ئەيسا، مۇسا، مۇھەممەد، يۈسۈپ، ئىبراھىم، مۇھەممەد دېگەندەك ئىسملار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. يەنە بوۋاقلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىنى قويغاندا، "يۈسۈپ" ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئوغلىغا "ياقۇپ" دەپ، "ئىسمائىل" ئىسىملىك كىشىنىڭ ئوغلىغا "ئىبراھىم" دەپ ئىسىم قويمايدۇ. چۈنكى «تەۋرات» ۋە «قۇرئان» دىكى بايانلارغا قارىغاندا، يۈسۈپ پەيغەمبەر بولسا ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ، ئىسمائىل پەيغەمبەر بولسا ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىدۇر. شۇ دادىنىڭ ئىسمىنى بالىغا قويۇش تەتۈر ھېسابلىنىپ پەرھىز قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تەربىيىلەشتە ئىشلىتىدىغان، تارىخى ئۇزۇن بولغان قورالىنىڭ بىرى بۆشۈك بولۇپ، ئۇيغۇر بۆشۈكى كۆچلۈك سىمۋوللۇق مەنىگە ۋە ئىشلىتىلىشچانلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلار بالىنىڭ كىندىكى چۈشكەندىن كېيىنلا بۆشۈككە سېلىپ تەربىيىلەيدۇ. بۆشۈك بالىنىڭ سالامەتلىكى، پاكىزلىقى ۋە ئاراملىق تەرەپلىرىنى تولۇق ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا ياسالغان بولۇپ، بالا بۆشۈكتە بېقىلسا، بىرىنچىدىن، بالىنىڭ سوغۇق تېگىپ زۇكامداپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بالا ياتقاندا ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرەتلىرى  چۈشىدىغان خاس جاي ئورنىتىلغان بولغاچقا بالا پاكىز بېقىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بالا بۆشۈككە راۋۇرۇس تېڭىلغانلىقتىن، ئۆسۈش جەريانىدىكى تۈرلۈك ئەيىپلەردىن (پۇت ـ قولى مايماق بولۇپ قېلىش، دوقا باش بولۇپ قېلىش ...) خالى بولالايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئانا بولغۇچى بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ قويۇپ ئۆزى كۆپ جاپا تارتمايدۇ. ئۇيغۇرلار بۆشۈكنى ياساش، ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ قىسمەن پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. جۈملىدىن ھەرقانداق بۆشۈكنى قارا ياغاچ دەرىخىنىڭ ياغىچىدىن ياساشتىن

پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدە قارا ياغاچ جىنلار ئۇۋا سالىدىغان دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۆشۈك ياسىسا، شۇ بۆشۈكتە ياتقان بالا ئەنسىز بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۆشۈك ياسىلىدىغان ماتېرىيال ئىمكانقەدەر مېۋىلىك دەرەخنىڭ ياغىچىدىن تاللىنىدۇ. خەلق ئارىسىدا "بۆشۈكنى خامانلىققا موما قىلغان ياغاچتىن ياسىسا، شۇ بۆشۈكتە ياتقان بالا يۇرت كاتتىسى بولىدۇ" دېگەن قاراش بار. دەرۋەقە، موما خامانلىقتا ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ۋە چەش ئايرىغۇچى ھايۋانلار ۋە سايمانلار (ئات ـ ئېشەك، تۇلۇق ...) ئۇنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ. دېمەك، خەلق ئىشەنچى بويىچە، بۇ خۇسۇسىيەت ئادەمگە كۆچسە، ئۇ ئادەم ئەلۋەتتە ئابرويلۇق ۋە كاتتا بولۇپ قالىدۇ. يەنە بۆشۈكنىڭ "قول تارتقۇ" دەپ ئاتىلىدىغان، بوۋاقنى يۆگەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئىككى پارچە تارتقۇ رەختنى چىگىپ قويىدىغان توغرا ياغاچنى مېۋىسىز دەرەختىن ياسىمايدۇ، بەلكى مېۋىلىك دەرەختىن ياسايدۇ. مېۋىلىك دەرەختىن ياسىسا بالا كۆپ پەرزەنتلىك (خۇددى مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىلىرىدەك) بولارمىش. ئەگەر مېۋىسىز دەرەخنىڭ شېخىدىن ياسىسا، پەرزەنتسىز ياكى ئامەتسىز بولۇپ قالارمىش . ئەنئەنىۋىي بۆشۈك ياساش ئۇسۇلىدا بۆشۈككە تۆمۈر مىخ ئىشلىتىلمەيدۇ، بەلكى پۈتۈنلەي شىنا بىلەن ياغاچلار كىرىشتۈرۈلەتتى. ھازىر بۇ ئەھۋال ئۆزگىرىپ بۆشۈك ياسىغۇچىلار مىخ ئىشلىتىدىغان بولدى.

ئۇيغۇرلار بوۋاق قىرىق كۈنلۈك بولغاندا ئاندىن بۆشۈككە سالىدۇ. بۆشۈككە سېلىشتىن بۇرۇن كىچىك دائىرىدىكى بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بالىنى تۇنجى قېتىم سۇدا يۇيۇندۇرىدۇ. بۇ "قىرىق سۈيىگە سېلىش" دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بوۋاق قىرىق كۈن بولغاندىن كېيىن ئاندىن سۇدا يۇيۇندۇرۇش ئادىتىدە ئىنتايىن چوڭ ئىلمىيلىك بار بولۇپ، ئالاقىدار ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، بوۋاق ئانا تېنىدىن چۈشكەندە ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر خىل شىلىمشىق ماددا بار بولىدۇ. بۇ ماددا كۈچلۈك دېزىنفېكسىيە قىلىش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ قىرىق كۈنگىچە بوۋاقنىڭ تېنىنى تۈرلۈك سىرتقىي يالləغلاردىن ساقلايدۇ. ناۋادا بوۋاقنى تۇغۇلغاندىلا يۇيۇندۇرسا، تېنىدىكى شۇ خىل دورىلىق ماددا يوقاپ كېتىپ، بوۋاق ھەر خىل ياللۇغلارغا ئاساسانلا گىرىپتار بولىدۇ. مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇرلار بوۋاقنى "قىرىق سۈيى" گە سېلىشتا قىرىق كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاندىن سالىدۇ ھەم بۇنى ئاددىي يۇيۇندۇرۇش ھەرىكىتى دەپ قارىماستىن ، بەلكى مۇراسىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇ. بوۋاقنى قىرىق سۈيىگە سېلىشتا بوۋاقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر قىسىم

ئۇرۇغ ـ تۇغقان ۋە قوشنىلارنى چاقىرىدۇ، كونا تامنىڭ سۇۋىقى (كاكۇل لاي) نى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ دۇغى چىققان سۈنى ئېلىپ ھەم ئۇنىڭغا ئازراق تۇز سېلىۋەتكەندىن كېيىن، شۇ سۇدا بالىنى يۇيىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن پاكىز ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن شۇ سۇ ئىچىگە ئالتۇن ئۈزۈك ياكى باشقا خىلدىكى زىبۇ زىننەت بويۇملىرىنى تاشلاپ، شۇ سۇدا بالىنى چايقايدۇ. بوۋاق يۇيۇندۇرۇلغان سۇ خالىغان يەرگە تۆكۈلمەستىن بەلكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يېنىغا تۆكۈلىدۇ. يەنە بىر ئادەتتە بوۋاقنى يۇيۇندۇرغان قىرىق سۇيىنى مەسجىد تېمىغا چېچىۋەتسە، شۇ بالا مەسجىدتەك ئۇلۇغ ۋە ئەزىز بولار ئىكەن دەپ جورۇلىدۇ. بۇنداق مۇراسىمغا بەزىدە مەھەللىدىكى كىچىك بالىلار چاقىرىلىدۇ، مۇراسىمدىن كېيىن ئۇلارغا تاتلىق ـ تۈرۈملەر تارقىتىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىشنىڭ تەييارلىقى پۈتكەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئائىللىرى بوۋىقىنى بۆشۈككە سېلىشتا بولسۇن ياكى ئېلىشتا بولسۇن بۆشۈكنىڭ سول تەرىپىدىن سالمايدۇ ھەم ئالمايدۇ . بۇ ھەم ئائىلىلارنىڭ بوۋاقنى سېلىش ۋە ئېلىشقا قولايلىق بولۇش نۇقتىسىدىن، ھەم ئوڭنى ئۇلۇغلاش قارىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلار بالىنى تۇنجى قېتىم سېلىشتا، ئالدى بىلەن بۆشۈكنى ئىسرىق سېلىپ ئىسلاپ ئاندىن سالىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا ئىسرىق سالمىغان بۆشۈككە بوۋاقنى سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى خەلق ئىشەنچلىرىدە بۆشۈك ياسالغان ياغاچتا جىن ـ ئەرۋاھلار بولۇپ قالسا، ئۇلار ئىسرىق سەۋەبىدىن بۆشۈكتىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. خۇددى ئادەم پۇتىنى قىبلىگە قارىتىپ ياتسا بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگىنىدەك، مەيلى بۆشۈكتە بالا بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئۇنىڭ ئايىقىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇشتىنمۇ پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار بۆشۈكنى قاراڭغۇدا سىرتتا قويمايدۇ. بۇنداق قىلسا بۆشۈكتە جىن ـ شەيتان يېتىۋالىدۇ ۋە بالىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئۈستىنى ئوچۇق قويسا جىنلار يېتىۋالىدۇ، دېگەن قاراش ئاساس بولغان. ناۋادا بۆشۈكتە بالا بولماي قۇرۇق بولسا، مەيلى قەستەن ياكى چاقچاق قىلىپ بولسۇن ئەسلا تەۋرەتمەيدۇ. چۈنكى بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، بەختى ئۆچۈپ، ئۆزىگە ئۆرتەنگەن ۋە مەجنۇن بولغان ئانىلار بۆشۈكنى قۇرۇق ھالەتتە تەۋرىتىدۇ. مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر بۆشۈكنى قۇرۇق ھالەتتە تەۋرەتمەسلىك ئادىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۆشۈك ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس نەرسە. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئېتىبارەن

بوۋاقلارنىڭ بۆشۈكتە تەربىيلىنىش شەرىپىگە ئاتاپ «بۆشۈك تويى» دېگەن تويىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. «بۆشۈك تويى» ئۇيغۇرلاردىكى ھاياتلىق مۇراسىملىرى ئىچىدىكى ئىسىم قويۇش مۇراسىمىدىن كېيىنكى نىسبەتەن چوڭراق مۇراسىم بولۇپ، ئۇ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## 5. باللارغا ئائىت پەرھىزلەر

بوۋاقلىق مەزگىلى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بىر ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكىسى باللىق مەزگىلىدۇر. باللىق مەزگىلى بولسا بىر ياشتىن ئون ئىككى ياشقىچە (يەنى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگىچە) بولغان ئارلىقتىكى مەزگىل بولۇپ، بۇ باللارنىڭ جىسمانىيىتىنىڭ ئۆسۈشى، ئەقلىنىڭ يۈكسىلىشى، بىلىمىنىڭ كۆپىيىش جەريانىدۇر. باللىق مەزگىلىدە خاراكتېر ۋە ئادەت ئېڭى باللاردا ئاساسەن يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرغاچقا، پەرھىز نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇلار مۇشۇ مەزگىلدە شۇ مىللەت ۋە رايوندىكى بارلىق پەرھىز ۋە ئىرىملىك قاراشلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ چەكلىشى بىلەن ئۇلار ئەنە شۇنداق يوللار ئارقىلىق توغرا بىلەن خاتانى، مۇۋاپىقلىق بىلەن نامۇۋاپىقلىقنى، بولىدىغانلىق ۋە بولمايدىغانلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تەدرىجىي تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭلاشقا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ باللارنىڭ پەرھىزنىڭ ئوبيېكتى بولۇشتىن پەرھىزنىڭ سۇبيېكتى بولۇشقا ئۆتۈش جەريانى، پەرھىز شەكلىدە ئۆرپ ـ ئادەت تەربىيىسى ئېلىش جەريانىدۇر. بىز ئۇيغۇر باللىرى ئۈستىدە جارى بولۇپ كېلىۋاتقان ۋە ئۇيغۇر باللىرى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈۋاتقان پەرھىز ـ ئادەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى ھېس قىلالايمىز .

(1) ئۇيغۇرلار باللىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا، ئۇلارنىڭ كۆڭدىن ـ كۆڭگە ئوخشىماي يېڭىلىنىپ بېرىۋاتقان جىسمانىيىتى ۋە روھىيىتى سەۋەبىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىسىمۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئۆز باللىرىنى يۈز تۇرانە ماختىشىنى، زوقمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قارىشىنى زادىلا ياقتۇرمايدۇ. بۇ پەرھىز ھەتتا ياشلىق دەۋرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر داۋام قىلىدىغان ئادەتتۇر. ئۇيغۇرلار يەنە كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار بەزىدە باشقىلار ئۆزىنىڭ باللىرىنىڭ سانىنى سورىغاندا نەق سانىنى ئېيتىشتىن پەرھىز قىلىپ، ئەمەلىي سانىنى كېمەيتىپرەك جاۋاپ بېرىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب سورىغۇچىنىڭ ئىچىدە بۇ سانغا ھەيران قېلىپ ياكى زوقلىنىپ "يامان تىل" دا سۆزلەپ قېلىشىنى چەكلەپ

قىلىشتىن ئىبارەت .

باللار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا تۇيۇقسىز ئورۇقلاپ كېتىدۇ ياكى پات ـ پات قورسىقى ئاغرىپ تۇختىماي يىغلايدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار بالىدا يۈز بەرگەن سەۋەبى ئېنىق بولمىغان كېسەللىكلەرنى بالىغا جىن تەگكەنلىكىنىڭ ياكى يامان تىل، يامان كۆز تەگكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراپ، ئۆزلىرى جىن بار دەپ قارىغان ھەرقانداق باللىرىنى بارغۇزمايدۇ. ئەگەر بالا بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولسا بۇنى مەلۇم پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى دەپ قاراپ، ئاكتىپ تەرەپكە ئۆتۈپ، ئىلمىي تىبابەت تەدبىرلىرى ئارقىلىق داۋالاش مىبلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە "كونىلىق" قىلىدۇ. بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان "كونىلىق" ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەزىرىدە سېھرى تۈس ئالغان ئەمچىلىكتۇر.

(2) باللىق مەزگىلىدە ، ئۇيغۇرلار باللارنىڭ كىيىم ـ كېچەكى ، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ، ئويۇن ـ تاماشالىرىغا ئالاھىدە دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ يوقۇرىقى ساھەلەردە ئىپادىلىنىدىغان خاراكتېر تەرەقىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بىر تەرەپ ئوغۇللار بىلەن قىز باللارنىڭ تەدرىجىي رەۋىشتە ئېنىق جىنسىي ئايرىملىقا ئىگە بولۇشىدۇر. يەنى باللارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىق جىنسىي ئايرىمسىنىڭ ئېنىق بولۇشى نەزەردە تۇتۇلۇپ، باللارغا كىچىكىدىن باشلاپلا پەرقلىق كىيىملەرنى كىيگۈزىدۇ. چاچ شەكلىمۇ پەرقلىنىدۇ. ئويۇن ئوينىغاندا قىزلار بىلەن ئوغۇللارنىڭ ئايرىم گۇرۇپپا بولۇپ ئويۇن ئوينىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەگەر قىز باللار ئوغۇللارنىڭ كىيىمنى كىيىۋالسا، ئوغۇللارنىڭ ئويۇننى ئوينىسا، ئەيىبكە ئۇچرايدۇ. ئوغۇل باللارغىمۇ قىزلارچە كىيىم كىيگۈزۈلمەيدۇ. قىزلارنىڭ ئويۇننى ئويناتقۇزمايدۇ. مەسىلەن، ئاتۇشتا "كىچىك ئوغۇل بالا تەپكۈچ تەپسە، چوچىقى تاغقا چىقىپ كېتىدۇ" دەپ كىچىك ئوغۇل باللارنى قورقۇتۇپ، ئۇلارغا بۇنداق ئويۇننى ئويناتقۇزمايدۇ. يەنە يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتتىنمۇ ئوغۇللارنىڭ تۈز مېڭىشى، قولىنى تۈز تۇتۇشى تەكىتلىنىدۇ. قىزلارنىڭ قىزچە نازاكەت ۋە يېتىلدۈرىشگە تەربىيە بىلەن ياردەم بېرىدۇ. قىسقىسى، ئوغوللاردا ئەرلىك خۇسۇسىيەتنىڭ، قىزلاردا ئاياللىق خوسۇسىيەتنىڭ ئېنىق ۋە تولۇق يېتىلىشىگە تۈرلىك تەرەپلەردىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ ئىككى ساھەنىڭ ئارلىشىپ كېتىشى ئۇمۇمەن پەرھىز ئارقىلىق چەكلىنىدۇ.

(3) ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا يېتىلىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەنئەنە بويىچە

مەلۇم ئىزنا ـ بەلگىلەرنى قالدۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ. بۇنىڭغا قىزلار ئۈچۈن قۇلاق تېشىش، ئوغۇللار ئۈچۈن خەتنە قىلىشنى مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرسەك بولىدۇ.  ئۇيغۇرلار قىزلار ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ قۇلىقىنى تېشىشكە باشلايدۇ. ئەنئەنىۋىي قۇلاق تېشىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي ھەم بىخەتەر بولۇپ، كىشىلەر قىزلىرىنىڭ قۇلىقىنى تەشتۈرۈشكە بىرەر پىشقەدەم ماماينى تەكلىپ قىلىدۇ. ماماي قىزنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنى قوناق ياكى چىگىت بىلەن ئۇزاق ئۇۋۇلاپ، قۇلاق يۇمشىقىنىڭ قېنىنى قاچۇرغاندىن كېيىن  ئاندىن يىڭنە بىلەن قۇلاقنى تېشىدۇ ـ د، ئىنچىكە سۈپۈرگە ياغىچى ياكى چاي ياغىچىنى سانجىپ قويىدۇ.  ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى قۇلىقىنىڭ بىرلا يېرىدىن تۆشۈك تېشىشكە ئادەتلەنگەن. ئادەتتىكى ئەھۋالدا قۇلىقىنى ئىككى يەردىن (بىر قۇلاققا ئىككى تۆشۈك) تەشمەيدۇ ھەم بۇرنىنىمۇ تەشمەيدۇ. ناۋادا قۇلاقتىكى ئەسلى تېشىلگەن  تۆشۈك ھالقا ۋە زىرىلەرنىڭ سەۋەبىدىن بۇزۇلۇپ، قۇلاقنىڭ يۇمشىقى يېرىلىپ كەتسە، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم يەنە تۆشۈك تېشىدۇ. ئەمما نۆۋەتتە ئايرىم ساندىكى ئۇيغۇر قىزلىرى قۇلىقىدىن ئىككى ـ ھەتتا ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ تۆشۈك ئېچىپ، كۆپرەك بېزەك ئېسىش بىلەن گۈزەللىك قوغلىشىدىغان يېڭىچە يۈزلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئوغۇللىرى ئالتە ياشقا يەتكەندىن باشلاپلا ئۇلارنى خەتنە قىلدۇرىدۇ. خەتنە قىلىش ـ يەھۇدى، خىرىستىيان ۋە ئىسلام ئەنئەنىلىرىگە مەنسۇپ بىر خىل قائىدە بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئوغۇل بالىلارنى ئاساسەن كۈز ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە خەتنە قىلدۇرىدۇ. خەتنىنى مەخسۇس شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر (ئابدال ياكى سۇنەتچى ) قىلىدۇ. خەتنە قىلىدىغان چاغدا بالىنى تاغىسى ياكى ياخشى كۆرىدىغان كىشىسى تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئايال زاتىنىڭ بالىنى تۇتۇپ بېرىشى پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار خەتنە يېشىنىڭ تاق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى كىشىلەر بالىلىرىنىڭ خەتنىسىنى يەتتە ياش، تۇققۇز ياش چاغلىرىدا قىلىدۇ. خەلق  ئارىسىدا  خەتنىنى ھەر ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا قىلسا بولىۋېرىدىغانلىقى  ھەققىدە "خەتنىنى ئالتە ياشتا قىلسا ئانىسىغا ساۋاپ، يەتتە ياشتا قىلسا دادىسىغا ساۋاپ بولىدۇ."  دەپ قارايدىغان ئادەت بار. يەنە ئۇيغۇرلاردا خەتنە ئۈچۈن ئاينىڭ ھەم ھەپتىنىڭ جۈپ كۈنى تاللانمايدۇ. بۇ پەرھىزلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تاق سانىنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەكس ئېتىدۇ. تاق ساننىڭ ئۇيغۇرلار نەزىرىدە خاسىيەتلىك سانغا ئايلىنىپ قېلىشى ئىسلام دىنىدىكى ئاللاھنىڭ يېگانە بىر ئىلاھ ھەققىدىكى

ئىشەنچتىن كېلىپ چىققان. مۇشۇ ئىشەنچ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇس ئادىتىگە سىڭىپ، ئىستىخىيلىك ھالدا تاق سانىنى ئۇلۇغلاش قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بالىنى خەتنە قىلىۋاتقاندا بالىنىڭ ئانىسى نەق مەيداندا تۇرۇشتىن، بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاشتىن ۋە خەتنە قېنىنى كۆرۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن، بالا بىتەلەي بولۇپ قالارمىش ياكى ئانا بالىنى كېلىندىن كۆنلەيدىغان بولۇپ قالارمىش. ئۇيغۇرلار خەتنە قىلغاندا بالىدىن ئاققان قاننى يەرگە ئېقىتمايدۇ. (ھەم قان ئېقىشتىن بۇرۇنلا كۆيدۈرۈلگەن پاختا بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ كېسىۋېتىلگەن تېرىسىگە چاپلىنىپ دەرھال قان توختىتىلىدۇ.) مۇشۇنداق قىلسا بالىنىڭ پەرزەنتلىرى تۇرماس بولۇپ قالارمىش . بالا خەتنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كېسىۋېتىلگەن خەتنىلىكنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيدۇ. بەلكى ئۇنى ئېگىز يەرگە يۇشۇرۇپ قويىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا بالا چوڭايغاندا مەرتىۋىلىك، دەرىجىسى ئۈستۈن ئائىلىنىڭ قىزىنى ئالار ئىكەن. روشەنكى، بۇمۇ ئوخشاتما تەپەككۇردىن پەيدا بولغان بىر ئادەت نەمۇنىسىدۇر. ئۇيغۇرلار قىزلارنىڭ قۇلاق تەشتۈرۈشى ئۈچۈن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ. ئەمما ئوغۇللارنىڭ خەتنە قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تارىختىن بۇيان مۇئەييەن كۆلەمدە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەتكە بىر ئەزا قوشۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ كەلگەن ئىدى. ئىپتىدائىي مىللەتلەر ئۈچۈن، نۇرغۇن قىيىن سىناقلار ئۇلارنىڭ قورامىغا يەتكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان سىناق بولغان بولسا، ئۇنداقتا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا خەتنە ئوغۇللارنىڭ قورامىغا يېتىش ئۈچۈن بېشىدىن كەچۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان تۇنجى ئەمما مۇشكۈل سىناقتۇر.

بالىلارغا ئائىت ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ يۇقىرىقى بىر قانچە تەرىپىدىن قارىغاندا، بالىلارغا ئائىت پەرھىزلەر بەك كۆپ ئەمەس. بۇ بالىلىق مەزگىلدە بوۋاققا ئائىت پەرھىز ئادىتىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەمەلدىن قالدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بالىلار خۇددى چوڭ ئادەملەردەك مۇقىم مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە بولۇپ بولالمىغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. ئەمما بالىلار تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ئۆرپ ـ ئادەت نىزاملىرىغا لايىقلىشىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىمۇ نۇرغۇن ھەركەتچان مەدەنىيەت ھالىتى ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ.

****************************************************************

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇم پەرھىزلىرى ئاساسىي مەنىدىن قارىغاندا ھامىلىدارلىقتىن تۇغۇشقىچە، بوۋاقلىقتىن

بالىلىقچە بولغان بىر قانچە باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇددى يۇقۇرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇم پەرھىزلىرىدە ئىلمىي تەركىب، خۇراپىي تەركىب ۋە مەدەنىيەت تەركىبلىرى ئوخشاشمىغان نىسبەتتە ساقلانغان. ئەمما مەيلى قايسى خىلدىكى پەرھىز بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى ئانا بولغۇچى ۋە تۇغۇلغان بوۋاقنى ھەر تەرەپتىن ئاسراش، تەربىيلەش، بالىغا شۇ مىللەتنىڭ، شۇ جەمئىيەتنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە مەدەنىيەت ھالىتىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئۇلاردىكى مەقسەد ئىنتايىن ئىجابىي ۋە ئەمەلىيدۇر. دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر خۇراپات تىپىدىكى تۇغۇم پەرھىزلىرىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسىم تەركىب يەنە مەلۇم دەرىجىلەردە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. بىز تەھلىل قىلغان يۇقىرىقى نۇقتىلار پەقەت بىز نۆۋەتتىكى جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان دەۋردە خاتىرىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلىگەن ئادەت نەمۇنىلىرىدۇر.

# 6. يېمەك ـ ئىچمەككە ئائىت پەرھىزلەر

يېمەك ـ ئىچمەك ـ ئىنسان ئۆز ھاياتىنى قامداش، پەرۋىش قىلىش ۋە قوغداشتا تايىنىدىغان بىرىنچى ئامىلدۇر. بىراق، ئىنساننىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمال قىلىشى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش جەريانى ئەمەس، بەلكى يېگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش دائىرىسىدە نېمىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان ئىشتۇر. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، يېمەك ـ ئىچمەككە ئالاقىدار بارلىق پائالىيەتلەر ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىقلىم شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئۆزلۈكلىنىش ئادىتىنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبىدىن، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە پەرقلەر مەۋجۇد بولىدۇ. بۇنداق پەرق ئومۇمەن نېمىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك تەرزىدە قوبۇل قىلىنىشى، غىزا تەييارلاش ئۇسۇللىرى، شۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ چىققان يېمەك ـ ئىچمەك تىبابىتى ۋە ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

ھەر بىر جەمئىيەتتە كىشىلەر يېگىلى، ئىچكىلى بولىدىغان ماددىي نەرسىلەر ئىچىدىن مەلۇم نەرسىلەرنى ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە تاللىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرى

بۇ دائىرىدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. دېمەك، نېمىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقى ۋە يەنە نېمىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنمايدىغانلىقى يالغۇز يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ ئۆزۈلۈك قىممىتى، پايدا ـ زىيىنى نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، يېمەك ـ ئىچمەك ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىبەتلىك بولغاچقا، كىشىلەر يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسىدە ھامان بەزى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەردىن شۇنداقلا غىزالىنىش ئۇسۇللىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ، شۇ ئارقىلىق ساغلاملىقتا، ئامانلىقتا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. غىزالىنىش ئەنئەنىسى ئىچىدىكى نېمىلەرنى يېيىش ۋە نېمىلەرنى يېمەسلىك، قانداق يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەردىن ئۆزىنى تارتىش قاتارلىقلار دەل ئۆرپ ـ ئادەتتىكى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلاردىن، ياكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى دىنىي چۈشەنچە ھەم ئىشەنچلەردىن، ۋەياكى ئادەتتىكى ئەنئەنە سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنە بەزى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى بىر مىللەتنىڭ ئۆزۈلۈك دائىرىسى سىرتىدىكى بارلىق ئوبيېكتلەرنى، جۈملىدىن يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆزۈلىنىش مەسىلىسىدە بارلىققا كەلتۈرگەن پەرھىزلىرى ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك، يېمەكلىك تەييارلاش ئۇسۇللىرى ۋە غىزالىنىش ئۇسۇلى قاتارلىق بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تەرەپلەر ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىغا، تۈسىگە ۋە قۇرۇلمىسىغا چوڭ تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار بىر قەدەر مول ۋە رەڭگارەڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان، يېمەكلىك ئىستېمال قىلىشنى تېبابەت پرىنسىپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن، يېمەكلىك تۈرلىرى ۋە غىزا تەييارلاش ئۇسۇللىرى كۆپ خەلقتۇر. مۇناسىپ رەۋىشتە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ئىچىدە نۇرغۇن پەرھىزلەر مەۋجۇد. بۇ پەرھىزلەرنى نېمىلەرنى يېمەسلىك ۋە ئىچمەسلىك (غىزا ئوبيېكتى)، قانداق شەكىلدە يېمەسلىك (غىزالىنىش شەكلى)، غىزا تەييارلاشتا نېمىلەرنى قىلماسلىق (غىزا تەييارلاش ئۇسۇلى) قاتارلىق ئۈچ چوڭ تۈر ئىچىدە كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن. تۆۋەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر

تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرىنى ئەشۇ ئۈچ نۇقتا بويىچە شەرھلەيمىز:

## 1. غىزا ـ تائام پەرھىزلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىك پەرھىزلىرى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تىبابەت پرىنسىپلىرى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بەزىلىرى بولسا مەلۇم دىنىي ئەقىدە ۋە خۇرۇپاتلىق مەۋقەسىدىن شەكىللەنگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىكلەرگە ئائىت پەرھىز ئادەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ بىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان يېمەكلىكلەرنى يېگىلى بولۇش ـ بولماسلىق نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنى تەبىئىتى، قۇۋۋىتى، پايدا ـ زىيىنى نۇقتىسىدىنمۇ كۆزەتتى. نەتىجىدە ئۇزۇق بولىدىغان نەرسىلەرنى تونۇش ۋە مەنپەئەتلىك تەرزدە ئىستېمال قىلىش ـ "ئوزۇقشۇناسلىق" نامى بىلەن ئاتىلىپ، كۆندىلىك تۇرمۇشتا ۋە تېبابەتچىلىكىمىزدە ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى پەرق ئېتىش ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر ئوزۇقشۇناسلىقىدا يېمەك ـ ئىچمەكلەر (ئومۇمەن ئېغىزدىن ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەر) تەبىئىتى، سۈپىتى ۋە پايدا ـ زىيىنىغا ئاساسەن بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنگەن. يېمەكلىكلەر دورىلىق ياكى ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئاساسەن "غىزايى مۇتلەق"، "داۋايى مۇتلەق"، "غىزايىداۋايى" ۋە "داۋايى غىزايى" دەپ تۆت تۈرگە ۋە بىر قاتار ئىككىلەمچى تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. يېمەكلىكلەر سۈپىتىگە ئاساسەن "لەتىيف"، "كەسىيف" ۋە مۆتىدىل" دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە ۋە ئون سەككىز خىل ئىككىلەمچى تۈرگە بۆلۈنگەن. ئۇيغۇرلار بارلىق غىزالارنى يەنە ھۆللۈك ۋە ئىسسىقلىق دەرىجىسى بويىچە "ھۆل سوغۇق"، "ھۆل ئىسسىق"، "قۇرۇق سوغۇق" ۋە "قۇرۇق ئىسسىق" دېگەندەك تۆت تۈرگە بۆلۈپ تونۇيدۇ ۋە ئىستېمال قىلىشنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەمنىڭ يېشى، جىنسى، پەسىل ۋە ۋاقىت بويىچە يېمەكلىكلەرنىڭ مىقدارى ھەم سۈپىتى ھەققىدىمۇ ئېنىق تەلەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئاساستا، ئىلمىي ئىستېمالنى تەكىتلەيدۇ. ئۇيغۇر ئوزۇقشۇناسلىقىدا يېمەكلىكلەرنى زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياج، سان ۋە سۈپەت، ۋاقىت، ئۇسۇل، شەكىل ۋە ئادەتتىن ئىبارەت ئالتە شەرت ئاستىدا ئەتراپلىق ئويلىشىپ ئاندىن يېيىش ۋە ئىچىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى زۆرۈر شەرتلەر ئاساسىدا ئۇيغۇرلار سۈپىتى ۋە تەبىئىتى ئۆزلىرىگە ماس كەلمىگەن يېمەكلىك ھەم ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. يەنى، مىزاجى ھۆل ئىسسىق كىشىلەر ھۆل ئىسسىق تەبىئەتتىكى غىزالاردىن، مىزاجى ھۆل سوغۇق كىشىلەر ھۆل

سوغۇق تەبىئەتتىكى غىزالاردىن، مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق كىشلەر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتتىكى غىزالاردىن، مىزاجى قۇرۇق سوغۇق كىشلەر قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتتىكى غىزالاردىن پەرھىز قىلىدۇ. ياش ـ قورامى بويىچە، ياشلار زىيادە ئاز غىزالىنىشتىن، قېرىلار كۆپ غىزالىنىشتىن، جىنىس بويىچە ئەرلەر بەك ئاز غىزالىنىشتىن، ئاياللار بەك كۆپ غىزالىنىشتىن پرھىز قىلىدۇ. پەسىل بويىچە قىش پەسلىدە سوغۇق تەبىئەتتىكى يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن، ياز پەسلىدە بولسا ئىسسىق تەبىئەتتىكى يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار "كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ، ۋە يەنە ئېغىزدىن چىقىپ كېتىدۇ." دەپ قاراپ، چەكسىز ئىختىيارىيلىق بويىچە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلاردا غىزانى كۆپ يېيىش يامان ئىش دەپ قارىلىدۇ، كۆپ يېيىش ۋە كۆپ ئىچىش ـ كېسەللىكنىڭ، هورۇنلۇقنىڭ، ئاڭقاۋلىقنىڭ ۋە كۆڭلى قارىلىقنىڭ سەۋەبكارى دەپ تونۇلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇلۇغ ھۆكۈماسى يۈسۈپ خاس ھاجىب «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسرىدە يېمەك ـ ئىچمەك مەسلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ، شۇنداق يازغان:

« 4615 كېسەل گالدىن كىرۇر، ئۇنى چىلىڭ كۈزەت،
يېگىن ئاشنى تەڭشەپ، ئاز ـ ئاز يە پەقەت.

4674 ئېغىزدىن كىرۇر ئاش بىلەن بۇ كېسەل،
قېرىتۇر كىشنى يېشىدىن ئەۋۋەل.

4675 گېلىڭنى يىغىپ سەن، دائىم ئېسەن يۈر،
قىلۇر يۈزنى سۇلغۇن كېسەل ھەر مەھەل.

4642 تىلەسەڭ كېسەلسىز ئۆمۈر، ئەي تېكىن،
ئېتى "ئاز ي" دېگەن دورىنى يېگىن.»[①]

ئۇيغۇرلار يەنە يېمەكلىكلەرنىڭ تەبىئىتىگە ئاساسەن قارىمۇ قارشى تەبىئەتتىكى يېمەكلىكلەرنى بىرلا ۋاقىتتا يېيىشتىن چەكلىنىدۇ. يەنى، تەبىئىتى زىيادە ئىسسىق تاماقلار بىلەن تەبىئىتى زىيادە سوغۇق تاماقلارنى بىرلا ۋاقىتتا يېيىش، سۈپىتى قارىمۇ قارشى يېمەكلىكلەرنى يېيىش، بىر خىل غىزانى يەپ

① يۈسۈپ خاس ھاجىب: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 959 ـ ، 963 ـ ، 971 ـ بەتلەر.

بولغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ ھەزىم بولۇشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىكى كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەك بولغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇنداق پەرھىزلەر مەلۇم خىلدىكى ئەقىدە ـ ئىشەنچ سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ساغلاملىقنى ئاسراش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇلارنى كۆپ شەرھلىمەيمىز.

يۇقىرىدا قىسقىچە تىلغا ئالغان ئىلمىي ۋە تەجرىبىۋى تۈس ئالغان يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا شۇنداق بىر قىسىم پەرھىزلەرمۇ باركى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىبتىدائىي دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن ياكى ھازىرقى زامان دىنلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بۇنداق پەرھىزلىك يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار يېيىشتىن ۋە ئىچىشتىن چەكلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم يېمەكلىكلەر، ئىسلام دىنىدا "ھارام" ياكى "مەكرۇھ" دەپ قارالغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر، شۇنداقلا تۈرلۈك خۇراپىي سېھرىي قاراش سەۋەبىدىن، ئىستېمال قىلىنغاندا نەسلىك پەيدا قىلىدۇ دەپ قارىلىدىغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەردۇر.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمنىئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. جۈملىدىن ھايۋاناتتىن ئېلىنىدىغان يېمەكلىكلەر مەزكۇر دىنىدا ھالال ۋە ھارام دەپ ئىككى كاتېگورىيىگە بۆلۈنگەچكە، ئۇيغۇرلارنىڭ گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلىرىنىڭ ۋە بىر قىسىم ئىچىملىكلەرنىڭ تۈرلىرىدە بىلى چوڭ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. «قۇرئان» ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلار بىر قىسىم يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىنىدىغان بولدى. تۆۋەندە، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىپ كەلگەن يېمەكلىك، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەرنى تىزىپ كۆرستىمىز:

1. يېيىش چەكلەنگەن يېمەكلىكلەر:

(1) چوشقا (ئۆي چوشقىسى ۋە توڭگۇز)، ئىت، ئېيىق، مايمۇن، ئېشەك، قېچىر، بۇرسۇق، چاشقان تۈرىدىكى ناپاك ھايۋانلار؛

(2) يولۋاس، قاپلان، بۆرە، شىر، مۆشۈك، يىلان، چايان، شۇنداقلا ئۆتكۈر تىرناقلىق، تۇمشۇقىدا ئۆلجىنى چوقۇپ ـ تىتىپ يەيدىغان بۈركۈت، قارچۇغا، سار تۈرىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە يىرتقۇچ قۇشلار؛

(3) بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلمىگەن، بەلكى ئىكۆزى ئۆلۈپ قالغان، كېسەل بولۇپ ئۆلگەن، زەھەرلىنىپ ئۆلگەن، سوقۇلۇپ ئۆلگەن، بېسىلىپ ئۆلگەن، تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن، ئېسىلىپ ئۆلگەن ۋە يىقىلىپ ئۆلگەن بارلىق هايۋانلار؛

(4) ئاللادىن باشقا ئىلاھلار ياكى مەخلۇقنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان ياكى مۇسۇلمان بولمىغان ئادەم بوغۇزلىغان هايۋانلار؛

(5) بارلىق قانلار، جۈملىدىن هالال ۋە هارام هايۋانلارنىڭ قانلىرى؛

(6) گەندە يەپ قالغان قوي، كالا، توخۇ، ئۆردەك، غاز، ... قاتارلىق هالال هايۋانلار؛

**2. ئىچىش چەكلەنگەن ئىچىملىكلەر:**

(1) هاراق (ئىسپىرتلىق بارلىق ئىچىملىكلەر)؛

(2) قان؛

(3) گۆشىنى يېگىلى بولمايدىغان هايۋانلارنىڭ سۈتى؛

(4) گەندە يەپ سالغان هالال هايۋاننىڭ سۈتى؛

(5) ئادەم سۈتى (ئېمىش مەزگىلىدە تۇرغان بوۋاقلار بۇنىڭ سىرتىدا)؛

**3. چېكىش چەكلەنگەن نەرسىلەر:**

(1) زەھەرلىك چېكىملىكلەر، جۈملىدىن خىروئىن، كوكايىن، ئەپيۇن، مورفىن ۋە نەشە قاتارلىقلار؛

(2) ئادەتتىكى چېكىملىكلەر، جۈملىدىن تاماكا، پاپىرۇس، سىگارت، كىكىك تاماكا، ناسىۋال قاتارلىقلار؛

يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك نەرسە ئىسلام دىنىدا يېيىش، ئىچىش ۋە چېكىش چەكلەنگەن نەرسىلەردۇر. بۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ چەكلىنىشى ھەققىدە «قۇرئان» دا ئېنىق بەلگىلىمە بار، بەزىلىرىنىڭ چەكلىنىشى ھەققىدە بولسا توغرىسىدا «ھەدىس» لەردە كۆرسەتمىلەر بېرىلگەن، يەنە بەزىلىرى بولسا ئىلمىي قىياس ئۇسۇلى بويىچە چەكلەنگەن نەرسىلەردۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن يېمەكلىك، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەردىن چەكلىنىدىغان بولدى. «قۇرئان» دا هايۋانلاردىن پەقەت چوشقىنىڭ هارام قىلىنغانلىقىلا تىلغا ئېلىنغان، ئەمما ھەدىسلەردە بۇ مەزمۇن تېخىمۇ

كېڭىيتىلىپ، ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ دائىرىسى توم تۇياقلىق ھايۋانلار، كۆشىمەيدىغان ھيۋانلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار، يىرتقۇچ قۇشلار، بارلىق ھاشارەتلەر ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغان. بىراق ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلار ئىچىدە بارلىق سۇ جانلىقلىرى (جۈملىدىن بېلىق تۈرىدىكىلەر) ھالال قىلىنغان بولۇپ، ناۋادا ئۇلار سېسىپ كەتمىگەن بولسىلا يېيىش تەشەببۇس قىلىنغان. يۇقىرىقىدەك ھۆكۈم تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار ئېشەك، قېچىر قاتارلىق توم تۇياقلىق ھايۋانلارنى، چوشقىغا ئوخشاش كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنى، شىر، بۆرە، ... قاتارلىق بارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنى، ئىت، مۈشۈككە ئوخشاش گۆشخور ئۆي ھايۋانلىرىنى، پاقا، قۇلۇلە، قوڭغۇز، يىلان قاتارلىق ھاشارەت ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى، قۇشقاچ، كەپتەر، دەمدەر، پاختەك، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە قاتارلىقلاردىن باشقا ياۋايى ۋە يىرتقۇچ قۇشلارنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. قىسمەن ئەھۋاللاردا كېسەللىككە شىپا ئىزدەش ياكى ئېغىر ئاچارچىلىقنى بېسىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ھايۋان گۆشلىرىنى يېيىشنى بەك يامان ئېلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار باشقا دورىلار ياكى باشقا يەيدىغان نەرسە تېپىلغان ھامان، يەنىلا پەرھىزلىك نەرسىلەر قاتارىدا سانىلىپ، چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخ مابەينىدە ئاتنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. ئەمما ئات توم تۇياقلىق ھايۋاندۇر. توم تۇياقلىق ھايۋاننىڭ ھەرقاندىقىنى يېمەسلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئات گۆشىنى يېيىش ئالاھىدە ئەھۋال سانىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىمۇ ئات گۆشى يېيىش چەكلەنگەن نەرسە قاتارىدا سانالمىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار بىرەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىسا، ئاسانلىقچە ئات ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېيىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەتمەيدۇ. بەزىدە كىشىلەر جەڭدە مىنگەن ئات بولسا، ئۇنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھالال دەپ قارىلىدىغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىش ئۇسۇلى ياكى ئۆلۈش شەكلىگە قاراپ ئاندىن يېيىش ياكى يېمەسلىكنى بەلگىلەيدۇ. ئىسلامىي قائىدە بويىچە، ھالال ھايۋانلار ھەرقانداق سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۆزى ئۆلۈپ قالاندىن كېيىن بايقىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ گۆشىنى بىردەك يېمەيدۇ. يەنە مۇسۇلمان بولمىغان ئادەم بوغۇزلىغان ياكى ئوۋلىغان ھالال ھايۋاننىڭ گۆشى ھەم بوغۇزلىنىپ قېنى ئېقىتىلمىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنىمۇ يېمەيدۇ. ئۇيغۇرلار توخۇ يېمەكچى بولغاندا، توخۇنى يەتتە كۈن كاتەكتە بېقىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بوغۇزلاپ ئىستېمال قىلىدۇ. يەنە كۈرۈك

توخۇنمۇ بوغۇزلاپ يېمەيدۇ. سەۋەب شۇكى، توخۇلار دالادا يۈرگەندە، گەندە يەپ سىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. كۈرۈك توخۇ بەك ئورۇقلاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنى يېسە بەدەنگە مەنپەئەت قىلىپ كەتمەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، توخۇ يېيىشتە توخۇنى يەتتە كۈن كاتەكتە بېقىپ، ياكى توخۇ كۈرۈكلۈكتىن خالاس بولغاندىن كېيىن ئاندىن بوغۇزلاپ يەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ھالال ھايۋاننىڭ بەدىنىدە يەتتە خىل ھارام (يەنى يېيىش ـ ئىچىش قەتئىي چەكلەنگەن) ۋە يەتتە خىل مەكرۇھ (يېيىش ـ ئىچىش نەپرەتلىنەرلىك) نەرسە بار دەپ قارايدۇ. بۇ يەتتە خىل ھارام نەرسە بولسا: قان، يىرىڭ، يۇلۇن ئىچىدىكى يۇلۇن سۇر ماددىسى، ئۆت قېپى، ئۆت سۇيۇقلىقى، ھايۋاننىڭ چىشى، شىرلى (بويۇن پاتىگى) لاردىن ئىبارەت؛ يەتە خىل مەكرۇھ نەرسە بولسا: يۈرەكنىڭ ئىككى قۇلىقى، تۇياق، بەز، مېڭە قېپى، كۆز قارچۇقى، ئەركەك ھايۋاننىڭ تاشقى ۋە چۈيسى (جىنسىي ئەزاسى) دىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار ھالال ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەزالىرىنى چىقىرىپ ياكى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئىستېمال قىلىدۇ. قاسساپلارمۇ مالنى ئۆلتۈرۈپ قېنىنى تولۇق ئېقىتىپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا  تىلغا ئېلىنغان تەركىبلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ئاندىن گۆشنى ساتىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار ھالال ھايۋان تېنىدىكى يۇقىرىدىكى 14 خىل نەرسىنى يېيىش ۋە ئىچىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە مۇنداق بىر بايان بار: "يۈڭ: ئۆپكىگە چاپلاشقان ئىچ گۆش. بۇنى ئاياللار يەيدۇ، ئەرلەر يېمەيدۇ."[①] ھازىرقى ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاشلا ھايۋان تېنىدىكى ئەشۇ گۆشنى ئېلىپ تاشلىۋېتىدۇ، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ ئوخشاشلا يېمەيدۇ. بۇ ناھايىتى قەدىمدىن قالغان پەرھىز ئادىتى بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى بىزگە ھازىرچە مەلۇم ئەمەستۇر.

قەدىمكى دەۋرلەردىكى توتېملارغا ئاي.ىت پەرھىزلەرنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى توتېم ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە گۆشنى يېيىشتىن چەكلەشتۇر. قەدىمكى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئۆزلىرىگە توتېم قىلغان ھايۋانلارنى شۇ ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ ھەر قانداق ئەزاسىنىڭ ئۆلتۈرۈپ گۆشنى يېيىشنى قاتتىق چەكلەيتتى. ناۋادا بىرەر كىشى توتېم ھايۋىنىنىڭ گۆشنى يەپ قويسا، ئۇ كىشى ئۇرۇق ياكى قەبىلىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ ئېغىر جازاسىغا يولۇقاتتىق ياكى ئۆلتۈرۈلەتتى. دېمەك، بۇ دۇنياۋى ھادىسە قەدىمكى

[①] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، III توم، 494 ـ بەت.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئارىسىدىمۇ بولغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرى تارىختا بىر قانچە هايۋاننى توتېم قىلىپ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە كەڭ ئۇمۇمىيلىققا ئىگە بولغىنى بۆرەدۇر. تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار توتېم بولغۇچى هايۋان بۆرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋە ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن پەرھىز قىلغان. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئەجدادنى ئۆلتۈرگەنلىك، ئۇنى يېيىش ئەجدادنى يېگەنلىك ھېسابلىنىپ قاتتىق چەكلەنگەن. بۈگۈنگىچە بولغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلار مەيلى توتېم قارىشى سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى ئىسلام دىنىدىكى يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلەش قارىشى سەۋەبىدىن بولسۇن، بۆرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ. گۆشىنى يېمەيدۇ. بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار بۆرىگە ھەم قورقۇنچ نەزىرىدە ھەم ئىخلاس بىلەن قاراپ، ئۇنى ئېتىپ تاشلاشتىن چەكلىنىدۇ. بۆرىنى ئۆلتۈرسە مال ئايىنمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە بۆرە ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك پەرھىزىمۇ تەدرىجى ئەمەلدىن قالدى.

گۆش قەدىمكى ئۇيغۇرلانىڭ ئاساسي يېمەكلىكى بولغان ئىدى. بۇددا ۋە ئىسلام دىنغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئادىتى ھەققىدە "تۈركى تىللار دىۋانى" دىن ئاز- تولا مەلۇماتقا ئىگە بولساقمۇ ئەمما شۇ دەۋرلەردىكى يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ ئۇمۇمىي ھالىتى، بولۇپمۇ يېمەك- ئىچمەك پەرھىزلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بەلكى ياشاش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار يېيىشتىن چەكلەنگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېگەن بولۇشى، ھەتتا ھازىر ھالال دەپ قارىلىدىغان بەزى ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى، سۈتلىرى شۇ دەۋردە ئىستىمال قىلىنمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ئۇن ئەسىردەك ۋاقىت ئىچىدە، بۇددا دىنىدىكى جانلىققا ئازار بەرمەسلىك، جانلىقنى ئۆلتۈرمەسلىك ئەقىدىسى بويىچە پۈتۈن ئۇيغۇر بۇددىستلار گۆش يېيىشتىن،گۆشلۈك تاماق يېيىشتىن قاتتىق چەكلىنىپ، ئاددىي- ساددا ۋە گۆشسىز غىزا يېيىشكە ئادەتلەنگەن. بىز ئىدىقۇت دەۋرىگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردىن گۆشلۈك غىزا گۆشلۈك غىزا ھەققىدىكى بايانلارنى دېگۈدەك ئۇچرىتالايمىز. بۇ ئەھۋالدىن، ھەممە بۇددا دىنىنىڭ تۈپ قاراشلىرىدىن چىقىپ تۇرۇپ بۇددا دىنغا ئېتىقاد قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى گۆش يېيىشتىن، سۈت ئىچىشتىن چەكلەنگەن، دەپ ئېيتالايمىز. ئىسلام دىنى سەۋەبىدىن ئۇيغۇلارنىڭ ئەسلىدىكى يېمەك -

ئىچمەك ئۆبيېكتلىرى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئىراق يوقىرىدا بايان قىلغاندەك چەكلىمىلەرمۇ بېكىتىلدى. نەتىجىدە مىڭ يىل مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ گۆش تۈرىدىكى يېمەك - ئىچمىكى ئاساسەن قوي، تۆگە، ئۆچكە، ئات، غاز، ئۆردەك، توخۇ...قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن كېلىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىللىك قوي گۆشى ئىستىمال قىلىش جەريانىدا قوي گۆشىدىن ياسىلىدىغان تۈرلۈك تائاملارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بېيىتتى.

ئۇيغۇرلار ئېچىتقۇلۇق يېمەكلىكلەرنى ئىچىشكە ئادەتلەنمىگەن. بولۇپمۇ كۈچلۈك مەس قىلىش رولىغا ئىگە ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئىسلام ئېتىقادىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار سۈت ۋە ئاشلىقنى ئېچىتىش ئارقىلىق بىر قانچە خىل ئىچىملىك ياساپ ئىستىمال قىلىپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە خاتىرىلەپ قالدۇرغان "قۇملاق" (ھەشقىپىچەككە ئوخشاش بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، شاراپ ياسىلىدۇ.)، "قىمىز" (تۇلۇمدا ئېچىتىلغان يىلقا سۈتى)، "بۇخسۇم" (بوزا، تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك)، "ئاغارتقۇ" (بوغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزىغا ئوخشاش ئىچىملىك)[1] قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىستىمال قىلىپ كەلگەن شاراپلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار شەھەر ھاياتىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۈزۈمدىن ئېچىتىلغان ئىچىملىك (بۇ كېيىنچە "مۇسەللەس"دەپ ئاتالدى) ئېچىتىدىغان بولدى. قىسقىسى ئىسپىرت تەركىبى بار ئىچىملىكلەرنى ئىچىش قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا چەكلەنمىگەن. ئەمما ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن مەس قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن چەكلىنىدىغان بولدى. بۇددا مۇرتلىرى كۆڭۈلنى پاكلاش، تۇيغۇنى ساپ تۇتۇش، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك تەشەببۇسلىرى بىلەن، مەي - شاراپ ئىچىشتىن قەتئىي چەكلەنگەن ئىدى. ئىسلام دىنىدا ئۇمۇمەن ئادەمنى مەست قىلغۇچى ھەرقانداق ئىچىملىك مەسىلەن: ئاق ھاراق، ئۈزۈم ھارىقى، بۇغداي ھارىقى، ئانار ھارىقى، چىلان ھارىقى، گۈرۈچ ھارىقى، پىۋا، بوزا، ... قاتارلىقلارنى ئىچىش ئادەمنىڭ ئەقلىگە ۋە روھىغا يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن قاتتىق چەكلەندى. ئەنئەنىۋىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلار ھاراق تۈرىدىكى بارلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن چەكلىنىپ كەلگەن. ئاندا - ساندا كىشىلەر مۇسەللەس ياكى قىمىز ئىچىپ ئۆز تەلەپلىرىنى

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، I توم 620 - بەت، 631 - بەت، III توم، 600 - بەت.

قاندۇرۇشۇپ كەلگەن. يېقىنقى مەزگىللەردە دەۋرىي ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەرلىرى ھاراق ئىچىشنى ئېغىر ئالمايدىغان، ھەتتا كەسىپ قىلىۋالىدىغان ئەھۋالنى شەكىللەندۈردى. بىراق خەلق يەنىلا ھاراق ئىچىشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. بولۇپمۇ مەيلى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بولسۇن ياكى ھازىرقى دەۋرلەردە بولسۇن، ئاياللارنىڭ ھاراق ئىچىشى ئىنتايىن ئەخلاقسىزلىق سانىلىپ قاتتىق چەكلىنىپ كەلگەن ۋە چەكلىنىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە قىسمەن كىشىلەر ئارىسىدا ھاراق ئىچىش ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى.

تاماكا گەرچە يېمەكلىك ياكى ئىچىملىك بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئېغىز بۇرۇندىن كىرگۈزۈپ جىسمانىي ۋە روھىي تەلەپنى قاندۇرىدىغان بىر خىل ئىستىمال بويۇمىدۇر. تاماكىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە بىزدە ئېنىق ئىسپات يوق. ئەمما كۆك تاماكا تېرىش ۋە كەندىر تېرىپ نەشە ياساش خىلى ئۇزاق يارىخقا ئېگە ئىشتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چېكىملىكلىرىدىن كۆك تاماكا، نەشە ۋە ناسىۋاللار بار. ئۇيغۇرلار تاماكىنى نىسبەتەن ئاز چېكىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىدا ئۇمۇمەن بەدەنگە ۋە روھقا زىيانلىق ھەرقانداق نەرسە ھارام دەپ قارىلىپ چەكلىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار يوقۇرىقى ھەرخىل چېكىملىكلەرنى چېكىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى ئاندا ـ ساندا تاماكا چەكسىمۇ، ئەمما ئاياللار ئىچىدە تاماكا چېكىدىغانلىرى يوق دېيەرلىك. ناۋادا چېكىپ قالسىمۇ، مەخپى ھالەتتە چېكىدۇ. ئاياللارنىڭ تاماكا چېكىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىغا قەتئىي ماسلاشمايدۇ. جەمئىيەت ئاياللارنىڭ تاماكا چېكىشىنى ئىنتايىن يامان كۆرگەنلىكتىن ھازىرقى تاماكا تازا ئەۋج ئالغان دەۋردىمۇ ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى تاماكا چېكىشتىن ھامان چەكلىنىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە شۇنداق بىر قىسىم پەرھىزلەرمۇ باركى، ئۇلار مەلۇم خۇراپىي قاراش ياكى سېھرىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار توي قىلمىغان ياشلارنىڭ ۋە باللارنىڭ قوي،كالا ۋە ئۆچكىلەرنىڭ قىزىل ئۆتكىچىنى يېيىشتىن چەكلەيدۇ. قىزىل ئۆتكەچىنىڭ يەنە بىر ئىسمى "يېنىشقاق" بولۇپ، ناۋادا توي قىلمىغانلار ئۇنى يېسە، توي قىلماقچى بولغان لايىقى بىلەن يېنىشىپ كېتەرمىش. ئۇيغۇرلار يەنە توخۇ، غاز ۋە ئۆردەكلەرنىڭ يىلىكىنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى شۇنداق قىلسا ناماز شام قارىغۇسى بولۇپ قالار ئىكەن. بۇ پەرھىزلەردە ئوخشاشلىق سېھرىگەرلىكى ئاساسىي

رول ئوينىغان بولۇپ، قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيىتى تويىنىڭ يېنىشىپ كېتىدىغانلىقىغا، توخۇ- غازلارنىڭ ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ چۈشۈشى هامان كۆزىنىڭ كۆرمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ يىلىكىنى يېگەندە يىگۈچىنىڭ ناماز شام قارىغۇسى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا سەۋەب قىلىنغان. يەركەندە ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە كىچىك باللارغا يىلىك يىگۈزسە شۇ بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىدىغان(يەنى ئاتا - ئانىسىنى بەك قاخشىتىدىغان) بولۇپ قالىدۇ، دەپ، باللارغا يىلىك يىگۈزىشتىن پەرهىز قىلىدىغان ئەهۋال بار. بۇنىڭ پرىنسىپمۇ يوقۇرىدىكى پەرهىزلەرگە ئوخشايدۇ. ئەمما بۇ ئىلمىي قاراش ئەمەس. چۈنكى يىلىك ناهايىتى قۇۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا كىچىك باللار جىددىي ئېهتىياجلىق بولغان مىنىرال ماددىلار (مەسىلەن، كالتسىي) ئىنتايىن مول بولۇپ، بۇ خىل ئەهۋال هازىر باللار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان كالتسىي كەملىك كېسەللىكىنى داۋالاش ئېهتىياجى سەۋەبىدىن يوقۇلۇپ كەتتى. خەلق ئارىسىدا يەنە تۇرمۇشلۇق بولغانلارنىڭ هايۋان تېلىنى يېمەيدىغان ئادىتى بار. بولۇپمۇ بالىسى يېڭى تۇغۇلغان ياشلار تال يېسە بالىسى تېلىققاق بولۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ ئىرىمدايدۇ. يەنە بەزى يۇرتلاردا سەۋزە قەلەمچىسىنى يېسە قەلەندەرگە تېگىپ قالىدۇ، ياكى قەلەندەر ئېلىپ قالىدۇ دەپ، قەلەمچە قىلىنغان سەۋزىنى يېيىشتىنمۇ پەرهىز قىلىدىغان ئىشلار مەۋجۇد. يوقۇرىقى ئىككى پەرهىز ئادىتىدە تىلنىڭ سېهرىي كۈچىگە ئىشىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنى سۆزلەرنىڭ ئوخشاپ قېلىشى ئەمەلىيەتتىكى ئوخشاش نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ دەپ قارايدىغان ئىبتىدائىي تەپەككۇر يولى مەۋجۇد. تال يېمەسلىكتە، "تال" سۆزى بىلەن "تېلىقىش" سۆزىنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى ۋە ئۈچ تاۋۇشى ئوخشايدۇ. "قەلەمچە"سۆزىنىڭ ئالدىنقى تۆت تاۋۇشى بىلەن "قەلەندەر" سۆزىنىڭ ئالدىنقى تۆت تاۋۇشى ئوخشايدۇ. ئەنە شۇنداق ئوخشاشلىق رېئاللىقتىكى ئوخشاش نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق پەرهىزلەر بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ئۇيغۇرلار توي قىلمىغان ياشلارنىڭ قازاننىڭ تېگىدە قالغان قوتۇرماچ ياكى قىرماقنى، هەمدە ئۇن تۇزۇندىسى (تۈگمەندە ئۇن تارتقاندا تۇزغان ۋە كېيىن يىغىۋېلىنغان ئۇن) دىن قىلىنغان ناننى يېيىشتىن ۋە قازاننىڭ تېگىدە قالغان يۇقۇندىنى يالىشىدىن چەكلەيدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا توي بولغاندا بوران چىقىپ كېتەرمىش، ياكى يامغۇر، قار يېغىپ كېتەرمىش. دەرۋەقە قوتۇرماچ ياكى قىرماق كۆيگەن يېمەكلىك بولغاچقا ئۇ ئادەم تېنىگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. توزۇندىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئۇ شامال كۈچى سەۋەبىدىن تورزۇپ، تورزۇندا شەكىللىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كىشىلەرگە ياخشى بىر ھالەتتىكى يامان ئەھۋالنى ياكى شامال ـ بورانغا ئوخشاش ھادىسىلەرنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭلاشقا، بىرەرسىنىڭ تويى بولغان كۈنى يامغۇر ياكى قار يېغىپ، ياكى شامال چىقىپ توي كەيپىنى بۇزسا، كىشىلەر توي قىلغان قىز ـ يىگىتنىڭ ئىلگىرى قازان قىرمىسىنى يىگەنلىكىنى ياكى تورزۇندىدىن قىلىنغان ناننى يەپ سالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. ھازىر ھاۋارايى ھەققىدىكى بىلىملەر چوڭقۇرلاشقانلىقىدىن، كىشىلەر توي كۈنى بولغان ئەشۇنداق بولسا، يەنىلا چاقچاق سۈپىتىدە يوقۇرىقى قاراشنى تەكرارلايدۇ. ئۇيغۇرلار خېمىر يۇغۇرۇشقا ئىشلىتىپ ئاشقان سۇنى ئىچىشتىن ۋە قاغىلار ئېلىپ قېچىپ كۆمۈپ قويغان ياڭاقنى يېسە ئۇنتۇتقاق بولۇپ قالىدۇ، دەپ قاراپ، شۇ نەرسىلەرنى يېيىش، ئىچىشتىن چەكلىنىدۇ. بۇ پەرھىزلەردىمۇ ئوخشاشلىق قارىشى مەۋجۇد. يەنى قاغا ياڭاقنى ئېلىپ قاچقان ئىكەن، ناۋادا ئۇ ئۇنتۇتقاق بولمىغان بولسا چوقۇم ئۆزى كۆمگەن ياڭاقنى تېپىپ يىگەن بولار ئىدى. ئۇ ئۇنتۇتقاقلىق سەۋەبىدىن كۆمۈپ قويغان ياڭاق،قوناقنىڭ بېشى قاتارلىقنى تېپىپ يېيەلمەيدۇ. دېمەك، ئادەم ئۇ كۆمۈپ قويغان نەرسىنى تېپىپ يەيدىكەن ئۇنىڭغا قاغىنىڭ ئۇنتۇتقاقلىق خۇسۇسىيىتى تەسىر ئارقىلىق يۇقىدۇ. مانا بۇ نىسبەتەن توغرا چۈشەندۈرۈشتۇر.

نان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئىستىمال قىلىپ كەلگەن ئاساسىي يېمەكلىكىدۇر. نان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىدىملىك ۋە مۇقەددەس نەرسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ داستۇرخان نان بىلەن زىننەت تاپىدۇ، كىشىلەر نان بىلەن قەسەم قىلىدۇ، نانسىز سەپەرگە چىقمايدۇ. ئۇمۇمەن ناننى ناھايىتى مۇقەددەس بىلىپ، ناننى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇيغۇرلار نانىنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ يامانلىقىنى توسۇش، سېھىرگەرلىكنى پاش قىلىش خىسلىتىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەر كېچىلەردە يالغۇز يول يۈرگەندە يېنىغا نان ئېلىۋالىدۇ. ناننىڭ تۆشۈكىدىن دارۋازغا قارىسا دارۋاز ئارغامچىدىن يېقىلىدۇ. سېھىر قىلغۇچىغا قارىسا سېھىرنىڭ يالغانلىقى ئاشكارە بولىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ. ئۇيغۇرلار ناننى ئۇلۇغلاپ ئۇنى ئىسراپ قىلمايدۇ، دەسسىمەيدۇ، ئۇۋاقلىرىنى پاكىز تېرىپ ئاغزىغا سالىدۇ ياكى ئادەم دەسسىمەيدىغان جايلارغا قويىدۇ. ناننى يېيىش جەھەتتە ئۇيغۇرلار قىزلارنىڭ تونۇر ياكى ئوچاققا چۈشۈپ كەتكەن ناننى يېيىشىدىن چەكلەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا قىزلار تەلەيسىز بولىدۇ ياكى تەلىيى كەمتۈك بولىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. يەنە ئوغۇللار دادىسىنىڭ ئاستىدا قالغان خېمىر ئۇلاندىسىدا قىلىنغان ناننى

يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا ئوغۇللار شۇنداق ناننى يېسە، ئۇلارغا ساقال-بۇرۇت چىقمايمىش ياكى سەپىرىدە بوران چىقىپ كېتەرمىش. ئەكسىچە قىزلار بۇنداق ناننى يېسە بايغا ياتلىق بولارمىش ۋە ئۇنلۇق (ئاشلىقى مول دېمەكچى) بولارمىش. كۆيۈپ كەتكەن ناننى قىزلار يېسە ناخشىچى بولارمىش. قىسقىسى ئۇيغۇرلار قىز - ئوغۇللارنىڭ ناننىڭ پۈتۈننى، كۆيۈپ كەتمىگىنىنى ۋە چۈشۈپ كەتمىگىنىنى يېيىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قۇد-بەختىنىڭمۇ پۈتۈن بولۇشىنى تىلەيدۇ.ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ گۆش ۋە ئاشلىقلار بىلەن بىرگە ھايۋان سۈتلىرىنىمۇ ئىستىمال قىلىپ كەلگەن. سۈتتىن تۈرلۈك ئېچىتقۇلۇق يېمەكلىكلەرنى ياساپ ئىچكەن. ئالدىنقى سەھىپىدە تىلغا ئالغاندەك، ھارام ھايۋاننىڭ، گەندە يەۋالغان ھالال ھايۋاننىڭ ۋە ئادەمنىڭ سۈتىنى ئىچىشتىن چەكلەنگەندىن سىرت، يەنە سۈت ئىچىشتە بەزى قائىدىلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار كالا، ئۆچكە، تۆگىلەرنى ساغىدۇ. قوينى بولسا ساغمايدۇ. سېغىلغان سۈتنى قاچىلارغا قاچىلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېغىزىنى ياپماسلىقتىن قەتئىي پەرھىز قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سۈتنىڭ ئېغىزىنى ئوچۇق قويسا، جىنلار شۇ سۈتتە بالىلىرىنى يۇيۇندۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ سۈتنى ئىچكەن كىشى ساراڭ بولارمىش. ئەمەلىيەتتە جىن سۈتتە بالىلىرىنى يۇيۇندۇرمايدۇ، بەلكى سۈتنىڭ ئېغىزى ئوچۇق قالسا توپا - چاڭ سۈتكە قونىدۇ. باشقا نەرسىلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ھەم ساقلانغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر ئەشۇنداق تەجرىبىۋي بىلىمگە يوقۇرىقىدەك خوراپاتلىقنى سەۋەب قىلىپ تۇرۇپ، سۈت قاچىلانغان قاچىنىڭ ئېغىزىنى ئوچۇق قويۇشتىن توسىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ھېسسىي تەسىر نۇقتىسىدىن چىقىپ، سۈتنى ئوچاققا تۆكۈۋەتسە، شۇ سۈت سېغىلغان سىيىرنىڭ يېلىنى ئاغرىيدۇ ياكى سۈت چىقمايدۇ، دەپ جورۇيدۇ.

ئۇيغۇرلار مېۋىنى ئىنتايىن ئەزىزلەيدۇ، مېۋىنى جەننەتتىن چىققان نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى ئىسراپ قىلىشتىن، دەسسەپ - چەيلەشتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئالاھىدە ئىرىملىك قاراش ۋە ئادەتلەرمۇ يوق. ئەمما ئۇيغۇرلار قوغۇن ئۇرۇقىنى چېچىپ يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. ئاڭلاشقا قارىغاندا قوغۇن ئۇرۇقىنى چېچىپ يېسە پەرىشتىنىڭ قۇرسىقىنى يارغاندەك بولار ئىكەن.ئەمەلىيەتتە ھېچبىر دىنىدا پەرىشتە قوغۇن ئۇرىقىدا بولىدۇ دېگەن پەتىۋا يوق. بۇ پەقەت قوغۇن ئۇرۇقىنى ساقلاپ قېلىش كېلەر يىلقى تېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرھىز ئادىتىدۇر.

ئىنساننىڭ ياشىشىدا يېمەكلىكتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى سۇدۇر. ھاياتلىق سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرىمۇ ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇپ، ھالال ھايۋانلار ياكى ئادەملەر ئىچىپ ئېشىپ قالغان سۇنى بولسا ھالال دەپ قارايدۇ. ئەمما چوشقا، ئىت، يولۋاس، بۆرە قاتارلىق ھايۋانلار ئىچىپ ئېشىپ قالغان سۇنى پاسكىنا سۇ دەپ قاراپ ئىچىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مۈشۈك، توخۇ، ياۋا قۇشلار ئىچىپ ئېشىپ قالغان سۇنى باشقا سۇ بولمىغان ئەھۋالدا ئۇلارنى ئىچىش مەكرۇھ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ناۋادا سۇ تەركىبىگە ئۇن سوپۇن قاتارلىقلار چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئەمما سۇنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ئۆزگەرمىگەن بولسا ئۇنى ھالال دەپ قارايدۇ. ناۋادا سۇنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا ئۇنى ئىچمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئايغى چىقمىغان توختام سۇنى (كۆلدىكى سۇدىن باشقا توختام سۇنى) ئىچمەيدۇ. قىسقىسى سۇنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر "سۇ يەتتە دومىلسا ھالال" دەپ قاراپ بۇلغانغان سۇنى ئىچىپمۇ قويىدۇ،ۋە نەتىجىدە مەلۇم كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار مەيلى تاماق يېيىشتە بولسۇن ياكى سۇ ئىچىشتە بولسۇن، ئەرلەر ئاياللاردىن ئاشقان تاماقنى يېمەيدۇ، سۇنى ئىچمەيدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا ئەرلەر خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالار ئىكەن. ئەمما ئاياللار ئەرلەردىن ئاشقاننى يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ. بۇ روشەنكى ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر.

ھەرقانداق دىندا دىن مۇخلىسلىرىنىڭ مەلۇم مۇددەت تاماق يېمەسلىك، سۇ ئىچمەسلىك ئارقىلىق تەقۋادارلىقنى ئاشۇرۇشنى، ئۆزىنى چىنىقتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. جۈملىدىن بۇددا دىنىدىكى تۈرلۈك پەرھىزلەر، ئىسلام دىنىدىكى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 9- ئاي - رامىزان ئېيىدىكى ئوتتۇز كۈن تۇتىدىغان روزا بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇددا ئېتىقادى داۋرىدە بۇددا مۇخلىسلىرىدىن بولىدىغان ئۇيغۇرلار پۈتۈن ئۆمرىدە گۆش، ھاراق، ئويۇن - تاماشا ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن پەرھىز تۇتۇپ ئۆتەتتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك چەكلىمە بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئىسلام دىنىدىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان روزىسى تۇتۇشى پەرھىز سۈپىتىدە بەش چوڭ دىنىي مەجبۇرىيەتنىڭ بىرسىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادىدىن كېيىن رامىزان ئېيىدا سۈبھىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى كۈن پاتقىچە تاماق يېيىشتىن، سۇ ئىچىشتىن، دورا يېيىشتىن، تاماكا چېكىشتىن، جىنسىي ئالاقىدىن ۋە باشقا شەھۋانىي، ناتوغرا ئىشلاردىن، قان ئالدۇرۇشتىن، ئوكۇل سالدۇرۇشتىن قاتتىق چەكلىنىپ كەلگەن. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇشۇ بەلگىلىمە جارى بولۇپ

كەلمەكتە. رامىزان روزىسىنىڭ ئاساسىي چەكلىمىسى يېمەك-ئىچمەككە قارىتىلغان بولۇپ، سۇبھى پەيتىدە يېيىلگەن غىزا (سۇھۇرلۇق) بۇ پەرھىزنىڭ باشلىنىشى بولسا، كۈن پاتقاندا يېيىلىدىغان غىزا (ئىپتارلىق) بۇ پەرھىزنىڭ بىكار قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەرتىپ مۇشۇ ھالەتتە ئوتتۇز كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ.ئۇيغۇرلار يەنە روزىدار كىشى يېنىدا شۇكىشىنىڭ نەپسىنى قوزغاپ قويىماسلىق ئۈچۈن تاماق يېيىشتىن، ئىچىملىك ئىچىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن رامىزان ئايلىرىدا كوچىلاردا ئاشپۇزۇللار ئېچىلمايدۇ، كوچا - كويلاردا روزا تۇتمىغان كىشلەرمۇ نەرسە - كېرەك يېيىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە شۇنداق بىر ئەھۋالمۇ باركى، كىشلەر ئادەتتە يەپ باقمىغان بىر قىسىم يېمەكلىكلەرنى (مەسىلەن، سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن يېڭى يېمەكلىكلەرنى) ۋە ئىچىملىكلەرنى (مەسىلەن، گازلىق سۇ، شامپان، ۋە باشقا ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەرنى) ئىچىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بەزى كىشلەر بىر خىل يېمەكلىكنى ياقتۇرمىسا، يەنە بەزىلەر يەنە بىر خىل يېمەكلىكلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. بۇنداق يېمەكلىكلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلسە كۆڭلى ئېلىشىدۇ.مەسىلەن، دېڭىزدىن تولىمۇ يىراق ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بارلىق دېڭىز مەھسۇلاتلىرى غەيرى تۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى يېيىشنى كۆپىنچە رەت قىلىدۇ. بىزنىڭچە يوقۇرىقى ئەھۋاللار ھەقىقىي مەنىدىكى پەرھىز قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى ھەقىقىي يېمەك - ئىچمەك پەرھىزى مەلۇم خىل يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر بار مۇھىتتا يىگۈسى بار تۇرۇپمۇ ئۆزىنى مەلۇم ئېتىقاد سەۋەبىدىن ياكى خۇراپىي قاراش سەۋەبىدىن ئەشۇ خىل يېمەكلىكلەردىن ئۆزىنى چەكلەش بولۇشى كېرەك. ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە يېمەيدىغان غىزالارنى بۇ ساھەگە كىرگۈزۈش توغرا بولمايدۇ.

خۇلاسىە قىلساق، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك دائىرىسى جۇغراپىيىۋى مۇھىت، دىنىي ئېتىقاد ۋە خۇراپىي قاراشلار تەرىپىدىن يوقۇرىقى دائىرىلەردە چەكلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خۇراپىي تىپتىكى يېمەك-ئىچمەك پەرھىزلىرى ھازىر تېز سۈرئەتتە يوقالماقتا. دىن سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پەرھىزلەر بولسا كۆپىنچە شۇ خەلقنىڭ ئېتىقاد ئۆزگىرىشى بىلەن ھەمقەدەم بولىدۇ. ساغلاملىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېمەك - ئىچمەك پەرھىزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ

يېڭى ـ يېڭى ئىسپاتلارغا ئېرىشمەكتە. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۇلارنى يەنىمۇ ئىلمىي ھالەتتە چۈشىنىپ، چەكلىنىدىغان بولماقتا.

## 2. غىزالىنىش ئۇسۇلىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئىنسان ئۈچۈن تاماق يېيىش يالغۇز جىسمانىي تەلەپنى قاندۇرۇش، قورسىقنى تويغۇزۇش ئىشىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان، مىللەتنىڭ ئەخلاق ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرىكەتتۇر. تاماق يېيىش ئۇسۇلى ھەر بىر مىللەتتە نىسبىي مۇقىم ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇ شۇ مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى، ئېتىقادى ۋە ئاڭ سەۋىيەسىنى مەلۇم جەھەتلەردىن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلار تاماق يېيىشنى مۇقەددەس ۋە كەسكىن ئىش دەپ قاراپ، تاماق يېيىش ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق يېيىش ئۇسۇلىغا دائىر قىسمەن پەرھىزلىك ئادەتلەرنى بايان قىلىمىز.

ئالدى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخان سالماي تاماق يېيىشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. داستىخان ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە قۇت ـ بەرىكەت پەيدا بولىدىغان نەرسە بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىدە كەم دېگەندە بىر ـ ئىككى داستىخان بولىدۇ. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن داستىخان سېلىنىدۇ ۋە ئائىلە ئەزالىرى داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇيغۇرلار داستىخاننى دەسسىمەيدۇ، ئۇنى ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ. داستىخاننىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، ئولتۇرغانلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ بارىدۇ. يەنە داستىخان سالغاندا ئۇنى مەيلى ئادەم ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھامان كەڭ يېيىپ سالىدۇ، قاتلىمايدۇ. چۈنكى داستىخاننى كەڭ يېيىپ سالسا بەرىكەتمۇ كۆپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. داستىخان سالغاندا يەنە ئۆي تېمىغا پاراللېل ھالەتتە سالىدۇ. قىڭغىر سالسا شۇ ئۆيدە سوقۇش ـ ماجرا چىقىدۇ دەپ جورۇيدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا تاماق ۋاقتىدا قىزلار داستىخاننىڭ بۇرجەك تەرىپىدە ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. ناۋادا شۇنداق قىلسا قىزنىڭ تەلىيى كەلمەيدىكەن. ئۇيغۇرلار بالىلارنى، توي قىلمىغان قىزلىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ھەر بىر ئىشتا ئۇلارنى ئەڭ ياخشى ھالەت ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇناسىپ ھالدا قىزلارنى ۋە كىچىك بالىلارنى داستىخاننىڭ يان تەرىپىدە ياكى ئەڭ لايىق دەپ قارالغان تەرىپىدە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەنە داستىخاننىڭ قاتلانغان تەرىپىنى ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇمۇنداق قىلسا ئۆيگە كەلگەن ئوغۇل تەرەپ ئەلچىسى يېنىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ ئۇيغۇرلاردىكى داستىخان بىلەن قىز بەرىكىتىنى ئوخشاش دەپ ئىرىمداشنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇرلار داستىخاننىڭ ئۈستىدە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، قوللىرىنى داستىخانغا سۈرتمەيدۇ. شۇنداق قىلسا بۇ ئەدەپسىزلىك بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا يەنە ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى ئۈيتىدۇ (رەنجىتىپ قويىدۇ) دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، خەلق ئىشەنچلىرىدە ئەرۋاھلار تائامغا ئەمەس، بەلكى داستىخانغا ئامراقئىمىش. ئۇيغۇرلاردا يەنە "ئالدىمدا داستىخان تۇرۇپتۇ" دەپ، داستىخان بىلەن قەسەم قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلماي تۇرۇپ داستىخاندىن قوپۇپ كەتمەيدۇ. ناۋادا داستىخان كىر بولۇپ كەتسە، ئۇنى يۇيۇشتا ئېقىن سۇدا يۇيمايدۇ، مۇشۇنداق قىلسا بەرىكەت سۇ بىلەن ئېقىپ كېتىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ. قىسقىسى داستىخان ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس ۋە ئىرىملىك نەرسە قاتارىدا سانىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي تاماق يېيىش سايمانلىرى قوشۇق، پىيالە، چىنە، ئاپقۇر، ساپال قاچا، تەخسە ۋە لېگەندىن ئىبارەت. ئىدىقۇت دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يەنە بامبۇك ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان چوكا، ھەمدە پىچاقلارنىمۇ ئىشلەتكەن ئىدى. بۇ ھەقتە ۋون گابائىن «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات» ناملىق كىتابىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: "بىز شۇنداق قارىساق بولىدۇكى، خەنزۇلارغا ئوخشىمىغان ھالدا، ئۇيغۇرلار تاماق يېگەن ۋاقتتا پاكار ئۈستەل ياكى كەڭ يېيىلغان داستىخان ئەتراپىدا تىزلىنىپ (يۈكۈنۈپ) ئولتۇرىدۇ. چوكا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بەلۋېغىغا ئېسىلىدىغان بىر خىل زىننەت بويۇمى بولغاچقا، چوكا كەڭ تارقالغان بىر خىل بويۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، كىشلەر بىر جۈپ ياغاچ چوكا ياكى بىر جۈپ سۆڭەك چوكا بىلەن نەرسە يەيدۇ. ... ئىدىقۇتتا بەزى قوشۇقلار، چوكىلار ۋە پىچاق (غىزالىنىشتا ئىشلىتىلىدىغان پىچاق) لار يەنىلا ساقلىنىپ قالغان."[①]

ئەمما ئىسلامىيەت دەۋرىدىن كېيىن، ئۇيغۇلار چوكىنى كۆپ ئىشلەتمەيدىغان بولدى. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە تاماق ئۇلۇغ نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چوكا بىلەن قىسىپ ئېلىش ـ تاماققا بولغان ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ سانالغان. شۇ سەۋەبتىن، چوكا بىلەن تاماق يېيىشتىن ئۇيغۇرلار خېلى مەزگىلگىچە پەرھىز قىلىپ كەلگەن. چوكا بىلەن يېيىلىدىغان لەغمەن قاتارلىق تاماقلارنىمۇ قولى بىلەن يېيىشكە ئادەتلەنگەن. ئەمما يېقىنقى مەزگىللەردە چوكا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا قايتا سىڭىپ كىرىپ،

[①] [گېرمانىيە] ۋون گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات»، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى نەشرى، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 66 ـ بەت.

ئاساسلىق غىزالىنىش سايمىنى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە چوكا بىلەن تاماق يېيىشلىك پەرھىزىمۇ تەدرىجىي يوقىلىپ بارماقتا. ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادى سەۋەبىدىن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچا، قوشۇقلارنى ئىشلىتىپ تاماق يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ھەرقانچە باي ئائىلىلەردىمۇ مۇنداق ئىش چەكلىنىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "بەرائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يەتتە ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە يەتتە ئىشنى قىلىشتىن توسقان. ... ئۇ چەكلىگەن يەتتە ئىش بولسا: ئالتۇن ئۈزۈك تاقىماسلىق، كۈمۈش قاچىدا سۇ ئىچمەسلىك، ماھۇت كۆرپىدە ئولتۇرماسلىق، قىلىن ـ نېپىز يىپەكلەردە كىيىم كېيمەسلىك قاتارلىقلار."[①] شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ھازىرغا قەدەر ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلارنى ئىشلىتىپ غىزالىنىشنى چەكلىنىدۇ. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بەلكى يوقۇرى تەبىقىدىكىلەر غىزالىنىشتا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلارنى ئىشلىتىپ تاماقلانغان بولۇشى ئېنىق. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە خان ـ پادىشاھلارمۇ بۇنداق نەرسىلەرنى چەكلىدى. ئۇيغۇرلار يەنە توي قىلمىغان قىز ـ ئوغۇللىرىغا پۇچۇق قاچىدا تاماق بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا رىزقى كەم بولىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. بۇ ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بىر قاراشتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ رامىزان روزىسى تۇتقان ھالەتتە تاماق يېيىشتىن چەكلىنىشتىن باشقا، يەنە جۇنۇپ ھالەتتە تاماق يېيىشتىن، سۇ ئىچىشتىنمۇ قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق ھالەتتە تاماق يېسە، يېگەن لوقمىسى ھارام بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىسلامىي قائىدە ئەمەس، بەلكى جانابەتلىكنى ئىنتايىن ناپاكلىق، دەپ قاراشتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق يازىدۇ:

“ 2858   يېقىن كەلمىسۇن ئاشقا ناپاك كىشى،

ئېرىغسىز كىشىنىڭ ئېرىغسىز ئىشى.”[②]

ئۇيغۇرلار يەنە قىسمەن يېمەكلىكلەرنى يېيىشتە ۋاقىت ـ چاغقا قارايدۇ. يەنى، مەلۇم ۋاقىتلاردا مەلۇم

---

① مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقىي: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار» («لۇئلۇئۇل مەرجان»)، ئابدۇللاجان ئابدۇكەرىم تەرجىمىسى، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 503 ـ، 504 ـ بەتلەر.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 605 ـ بەت.

خىلدىكى يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئاپتاپپەرەسنىڭ خۇسۇسىيىتىگە تەققاسلاپ، ئۇنى ئەتىگەندە چېقىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا، كىشى بىر كۈن كەچكىچە قۇرۇق تۆھمەتكە دۇچار بولۇشتىن ئامان قالماسكەن. ئۇندىن باشقا، يەركەندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زاۋال پەيتىدە ئۈچكە چېقىپ يېسە قەرزدار بولۇپ قالىدۇ، دەپ قاراپ، ئەنە شۇنداق چاغدا ئۈچكە چېقىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتمۇ بار.

ئۇيغۇرلار تاماق يېيىش جەريانىدا تاماققا قىلىنىدىغان ھەرقانداق ناتوغرا مۇئامىلە ياكى ئەدەپسىزلىكنى چەكلەيدۇ. ھەر تاماق ۋاقتىدا غىزالىنىش ئەدەپلىرىنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار تاماق پىشقاندىن كېيىن، تاماقنىڭ تۇنجىسىنى شۇ ئۆيدىكى توي قىلمىغان قىزلارغا بېرىدۇ. ناۋادا ئۆيدە كىچىك باللار بولسا ئالدى بىلەن ئەشۇلارغا بېرىپ، ئاندىن قىز بالا، ئاندىن ئائىلە باشلىقى، ئاندىن ئوغۇل بالا، ئاخىرىدا تاماق ئەتكۈچى (ئانا) دېگەندەك تەرتىپ بويىچە غىزالىنىدۇ. ئەگەر تاماق بىرلا قېتىمدا پىشىدىغان بولسا، قاچا سۇنغاندا يوقۇرىقى تەرتىپنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ. تاماق يېيىش تەرزى جەھەتتە ئۇيغۇرلار مېڭىپ يۈرۈپ تاماق يېيىشتىن، گەپ قىلغاچ تاماق يېيىشتىن، تاماق يەۋېتىپ كۈلۈشتىن، ئوسۇرۇشتىن، ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىشتىن، تاماق يەۋېتىپ بۇرۇن تارتىشتىن ۋە مىشقىرىشتىن، تاماق يەۋېتىپ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن، يېتىپ تۇرۇپ تاماق يېيىشتىن (بىمار ۋە بوۋاقلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا)، تاماق ۋاقتىدا تولا سۆزلەشتىن، باشقىلارنىڭ لوقمىسىغا تىكىلىپ قاراشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قىلىشنى بىھۆرمەتلىك دەپ قارايدۇ. تاماق يېيىشتە ئولتۇرۇپ، گەپ قىلماي غىزالىنىشنى تەكىتلەيدۇ. قىياپەت جەھەتتە ئۇيغۇرلار يەنە ئارقىسىغا يۆلىنىپ، تەكەببۇرانە قىياپەتتە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تاماق يېگەندە ئەرلەر بەدەشقان قۇرۇپ، ئاياللار يانچە ئولتۇرۇپ، ياكى ھەممە كىشى يۈكۈنۈپ ۋە ياكى بىر پۇتىنى ساغرىسىنى قويۇپ، بىر پۇتىنى يەرگە قويۇپ، ئالدىغا سەل ئېگىشىپ ئولتۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ. غادىيىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ھالەتتە تاماق يېيىشنى يامان كۆرىدۇ. مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە ئۇيغۇرلاردىكى تاماقلىنىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇنداق مىسرالانى قالدۇرغان ئىدى:

4128“ ئەگەر ئاشقا بەگلەر قىچقىرسا سېنى،

ئەدەپ بىلەن ئاش يې، بەك ئۇگەن بۇنى.

4129 يېمەكنى ئال ئوڭ قول بىلەن ئەي ھېكىم،

ئاۋۋال ئېيت بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم.

4130 كىشىنىڭ ئالدىغا قولۇڭ سۇلماغىل،

ئەي زېرەك، ئۆز ئالدىڭدىكىنى يېگىل.

4131 چىقارما پىچاق ھەم سۆڭەك غاجىما،

كىشىنى ئىندىمە، يېمەك ئۇزاتما.

4132 يېمە تۇيمىغۇردەك ئالدىراپ تىقىپ،

ئايالاردەك يەنە تورما ناز قىلىپ.

4596 سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا قولىن،

يوسۇن شۇكى، قولۇڭنى ئۇزاتقىن كېيىن.

4598 كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالمىغىن،

نىمە بولسا ئالدىڭدا شۇنى يېگىن.

4599 پىچاق چىقارما غاجىما سۆڭەك،

بولۇپ كەتمە چاپقاق، تۈزۈت قىلما بەك.

4500 توق ئولساڭمۇ قانچە يېگۈلۈك ئۇ ئاش،

ئېشىلە كىشىگە ھۆرمەت قىل، ئاداش.

4601 يېمەكلەرنى چىشلەپ ئۇششاق چاينىغىل،

قىزىق ئاشنى ئاغزىڭدا پۈۋدىمىگىل.

4602 سۇرۇنمە يېمەكتە داستىخان سىرى،

تۈزەت خۇلق، كەتمىسۇن كىشى پەيزلىرى."[①]

ئۇيغۇرلاردا يېقىنقى بىر مەزگىلگىچە، تاماق يېگەندە، باشقا چوقۇم باش كىيىمى كىيىۋېلىش تەلەپ

---

[①] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

قىلىناتتى. يالاڭباش ھالەتتە تاماق يېيىشنى ئىنتايىن يامان كۆرىلەتتى. ھازىر بۇ ئەھۋالدا نىسبەتەن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇيغۇرلار ئوڭ قولدا تاماق يېيىشنى نورمال ۋە ياخشى ئەھۋال دەپ قاراپ، سول قولدا تاماق يېيىشنى يامان كۆرۈپ چەكلەيدۇ. ياخشى ئىشلارنى ئوڭ قولدا قىلىش، ياخشى نەرسىلەرنى ئوڭ قولدا تۇتۇش، يامان ۋە ناپاك نەرسىلەرنى سول قولدا تۇتۇشقا بۇيرۇش ئىسلام دىنىدىكى تەشەببۇس بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ ھەقتە كۆپ بايانلار باردۇر. مۇناسىپ ھالدا، غىزا پاك نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئوڭ قولدا تۇتۇپ يېيىش يۇقىرىقى تەشەببۇسقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار ناننى ئۇلۇغلاپ، نان يېيىش تەرتىپىگە ئالاھىدە رىئايە قىلىدۇ. مەيلى نان بولسۇن، ياكى باشقا غىزا بولسۇن، تەمنى ياكى ھىدىنى بىلىش ئۈچۈن ئەسلا پۇرىمايدۇ. ئۇيغۇرلار ناننى ياكى باشقا تاماقلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ يۈرۈپ يېيىشتىن قەتئىي پەرھىز قىلىدۇ. ھازىرقى كىشلەرمۇ بىرەر كىشى مېڭىپ يۈرۈپ نان يەۋاتقان بولسا "نامرات بولغۇڭ كەلدىمۇ؟" دەپ ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى چەكلەيدۇ. ئۇيغۇرلار يولدا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى ئۇچرىتىپ قالسا ئۇنى يولنىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويىدۇ ياكى پۈۋلەپ ئاغزىغا سالىدۇ. ھېچكىم ناننى تاشلىمايدۇ، خارلىمايدۇ. ناننى بىر قولدا ئۇشتۇشتىن، تەتۈر تۇتۇپ يېيىشتىن، ناننى پىچاق بىلەن كېسىشتىن، ھەم داپ چالغاندەك چېلىشتىن بەك پەرھىز قىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ناننى ئۇلۇغلاشتىن كېلىپ چىققان پەرھىزلىك ئادەتلەردۇر. بەزى يەرلەردە ئۇيغۇر ئائىلىلىرى مېھماندارچىلىققا بارغاندا، داستىخان ئۈستىدە ئۆزى يەپ ئېشىپ قالغان ناننىڭ پارچىسىنى داستىخاندا قويۇپ قويماي ئېلىۋالىدۇ. ناۋادا قويۇپ قويسا بالىسى تۇرماس بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلار تاماق تاللاشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ. بىرەر تاماق ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە تاماقنى "ئوخشىماپتۇ" دېگەندەك سۆزلەرنى قىلمايدۇ. ناۋادا شۇنداق دېسە، تاماق ئۇيىلارمىش. يەنە تاماقنى پاكىزە تۈگىتىپ يېمەسلىكتىن، قاچىنىڭ ئاستىدا تاماق يۇقۇندىلىرىنى قويۇپ پەرھىز قىلىنىدۇ. ناۋادا تاماقنى پاكىزە يېمىسە (قاچىدىكى يۇقۇندىلارنى قويماي، تۈگىتىپ يېمىسە) شۇنداق قىلغۇچىنىڭ بالىسى سەت بولۇپ قالار ئىكەن. بۇ پەرھىزدە ئاز ـ تولا سېھرىي قاراش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەنئەنىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىق. يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بىر ئادەتتە مۇنداق پەرھىز بار. يەنى، باللار تاماق يەۋاتقاندا، چوڭلار ئۇلارنىڭ ئاشنىڭ قويۇقى بىلەن سۇيۇقنى تەڭ

ئىستىمال قىلىشنى تەكىتلەپ، "سۈيۈق تاماقنى يېگەندە، قويۇق قىسمىنى بالدۇر يەۋېلىپ، سۈيۈق قىسمىنى كېيىن ئىچسە دادىسىدىن بالدۇر ئايرىلىپ قالىدۇ، سۈيۈق قىسمىنى بالدۇر ئىچىۋېلىپ، قويۇقىنى كېيىن يېسە ئانىسىدىن بالدۇر ئايرىلىپ قالىدۇ." دەپ بالىلارنى قورقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئەھۋالىغا پايدىلىق تەكلىپكە سېھرىي تۈس بېرىپ تەربىيىلەيدۇ. بۇمۇ ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىدىكى قىزىقارلىق بىر ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇرلاردا يەنە بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى چەكلەيدىغان ئەھۋالمۇ بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاماق ۋاقتىدا ئەشمىس پاتىمەم بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ، شۇ ئۆيگە قۇت ـ بەرىكەت تىلەيدىكەن. ناۋادا تاماق يېگۈچى بوسۇغىدا ئولتۇرۇۋالسا، ئەشمىسى پاتىمەم بوسۇغىدا ئولتۇرالمايدىكەن ـ دە، شۇ ئۆيگە بەرىكەت تىلىمەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە، داستىخاندا تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەن خەلققە نىسبەتەن، ئادەم كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ يېيىش بىنورماللىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چەكلىمە ئىشىكتىن كىرىپ ـ چىقىدىغانلارغىمۇ پايدىلىق. "ئەشمىس پاتىمەمنىڭ بوسۇغىدا ئولتۇرۇشى" بولسا ئەپسانىۋىي تۇقۇلمىدۇر.

ئۇيغۇرلار داستىخان ئۈستىدە تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ. ئەمما داستىخان ئۈستىدىكى بەزىلەر تاماق يەۋاتقاندا يەپ بولغانلار دۇئا قىلمايدۇ. ئەگەر يەپ بولغۇچىلار جىددىي ئىشى بولۇپ قېلىپ، دۇئا قىلىپ داستىخاندىن قوپۇشقا توغرا كەلسە، يەپ بولغانلار دۇئا قىلىۋاتقاندا، تاماق يەۋاتقانلار قاچىسىنىڭ ئۈستىنى قولى بىلەن توسۇۋالىدۇ ياكى ئېگىز كۆتىرىپ تۇرىدۇ. بۇ بىر خىل ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىدۇر. ناۋادا مۇشۇنداق قىلمىسا تاماقنى دۇئا بېسىۋالارىكەن ۋە ئۇنى يېيىشنى توختىتىش زۆرۈر بولۇپ قالار ئىكەن. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ بار:

"بىسمىللا" دېسەڭ چىڭ دە، دېمىگەنلەر دەۋالسۇن،

"شۈكرى" دېسەڭ بوش دە، يېمىگەنلەر يەۋالسۇن.

بۇنىڭدا دېمەكچى بولغىنى، ئالدىن شۈكرى ياكى دۇئا قىلىش ئارقىلىق، تاماق يەۋاتقانلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىق ياكى ئۇلارنى تامىقىنى قويۇپ بولدى قىلىشقا مەجبۇر قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

سۇ ۋە چاي ئىچىش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئۇيغۇرلار مەيلى چاي ئىچسۇن ياكى سۇ ئىچسۇن بىر تەرەپتىن

قاچا ئېچىگە تىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىچمەيدۇ. بۇنداق قىلسا سۇ ياكى چاي مەكروھ بولىدۇ دەپ ئىسلامىي مەنبەلەردە ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئەنئەنىۋىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سۇنىمۇ ئۆرە تۇرغان هالەتتە ئىچىشتىن پەرھىز قىلاتتى. خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن قىزىقارلىق بىر ئادەت شۇكى، ئىككى ئادەم بىر قاچىدىن سۇ ئىچىشكە توغرا كەلسە، بىرى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىرى سۇنى ئىچىشتىن بۇرۇن ئازراق تۆكۈۋېتىپ ئاندىن ئىچىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇلاپلا ئارقىدىن ئىچمەيدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قالارمىش. بۇ ھېسسىي تەسىر سېھىرگەرلىكىدىكى "ئۇچرىشىش قانۇنىيىتى" ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر ئىرىملىق قاراشتۇر. ئۇيغۇرلار چايخۇمار خەلقتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە چاي ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلار چاينى دەملەپ بولغاندىن كېيىن پىيالىگە قۇيغاندا ھەرگىزمۇ چەينەكنى ئېگىز تۇتۇپ چاينى سورۇپ قۇيمايدۇ. چاي قۇيغاندا پىيالىدە كۆپۈك چىقىپ كەتمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. باشقىلارغا سۇنغاندا بىر قوللاپ سۇنمايدۇ. ئالغۇچىلارمۇ بىر قوللاپ ئالمايدۇ. يەنە بىر قاراشتا، قىزلارنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيغاندا قىزلار پىيالىسىنى كۆتۈرۈپ بەرمىسە، نىكاھى يۈرۈشمەي، قېرى قىز بولۇپ قالارمىش. بۇ قاراش ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئەدەپ ـ ئەخلاق قارشىدىن باشقا يەنە ئاز ـ تولا سېھرىي تەركىبمۇ بار.

ئۇيغۇرلار مېۋە يېگەندە پاكىز يېيىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مېۋىنى ئىسراپ قىلىشتىن، تاشلىۋېتىشتىن، دەسسەپ ـ چەيلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. قوغۇن ۋە تاۋۇز پىچقاندا، قوغۇن، تاۋۇزنىڭ ئارقىسىدىكى ساپاق قىسمىنى يۇملاق ھالەتتە كېسىۋەتكەندىن كېيىن، ئەشۇ يۇملاق شەكىلدىكى شاپاقنى ئىككى ياكى تۆت پارچە قىلىپ كېسىۋېتىدۇ. ناۋادا ئۇنى پۈتۈن قويۇپ قويسا جىنلار يۇمۇلاق شاپاقنى چۆرگىلىتىپ، دومىلىتىپ ئوينايدۇ، دەپ جورۇيدۇ. ئۇيغۇرلار دىيارىدىن چىقىدىغان ئەنجۈر بەك داڭلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئەنجۈر يېگەندە ئالدى بىلەن ئۇنى ئىككى ـ ئۈچىنى شاپىلاقلىۋېتىپ، ياپىلاق ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن يەيدۇ. شاپىلاقلىماي يۇملاق پېتىلا ئېغىزغا سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەنجۈرنى شاپىلاقلىۋېتىپ يېيىش ھەققىدە «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان: ئادەم بىلەن ھەۋۋا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چەكلەنگەن يېمەكلىك بۇغداينى يەپ گۇناھكار بولغاندىن كېيىن، نومۇسنى بىلدى، بۇغداي قورسىقنى ئاغرىتىپ تەرەت قىلغۇسى كەلدى. ھەم يالىڭاچلىق خىجالىتىدىن تەڭلىكتە

قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەرۋىتىنى يېپىش ئۈچۈن بىر نەچچە ياپراق سورىۋىدى، دەرەخلەر رەت قىلىپ ياپرىقىنى بەرمىدى. ئەمما ئەنجۈر ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ياپرىقىنى بەردى. ئاللاھ تەئالا ئەنجۈرنىڭ بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنى خەلق ئىچىدە ئەڭ ئەزىز مېۋە قىلدى. ئەمما ياپرىقىنى ئادەمگە رۇخسەتسىز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەنجۈرگە چېچەكلىمەي مېۋە بېرىش ۋە ئادەملەر مېۋىسىنى يېگەندە كاچاتلىۋېتىپ (شاپىلاقلىۋېتىپ) يېيىش جازاسىنى بەردى.»[①] بۇ بىر رىۋايەتتۇر. دەرۋەقە ئەنجۈر مېۋىسىنى شاپىلاقلىۋەتكەندە، ئۇنىڭ ئۇنىڭ سۈيى تارقاپ تەمى ياخشىلىنىدۇ. بۇ ئۆز پېتى يېگەندىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. بۇ ئەھۋالغا يۇقىرىقىدەك رىۋايەتنى سەۋەب قىلىش ۋە شۇنداق چۈشىنىش خەلق ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىشەنچتۇر. خەلق ئىچىدە يەنە «بىر شاپتۇلنى ئىككى ئادەم تەڭ يېسە، ئۇ ئىككى ئادەم تەڭلا ئۆلۈپ قالىدۇ» دېگەن پەرھىزلىك قارارشمۇ بار. بۇ ئىنتايىن خۇراپىي قاراشتۇر.

قىسىسى، تاماق يېيىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىقىدەك پەرھىز ئادەتلىرى ساقلانغان. ئەمەلىيەتتە، يېمەك - ئىچمەك ئىستېمال قىلىش تەرزى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردا يەنە بىر قاتار ئەخلاق تۈسىنى ئالغان چەكلىمىلەر ۋە تىببىي خاراكتېرلىك چەكلىمىلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇشنى قىسقارتىمىز.

## 3. تاماق تەييارلاشقا دائىر پەرھىزلەر

تاماق تەييارلاشقا ئالاقىدار پەرھىزلەر يېمەكلىك پەرھىزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىز ئالدىنقى سەھىپىلەردە تىلغا ئالغان قوي ۋە كالا بوغۇزلىغاندا، غەيرى مۇسۇلغان بوغۇزلىغان، ئاللادىن غەيرىنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان، بۇتلارنىڭ ئالدىدا، مۇقەددەس دەپ قارالغان تاشلارنىڭ ئۈستىدە بوغۇزلانغان، ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ۋە بوغۇزلىغاندىن كېيىن قېنى ئېقىتىلمىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش چەكلەنگەنلىكىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. ئەمەلىيەتتە مۇشۇلارمۇ يېمەكلىك تەييارلاشقا دائىر پەرھىزلەر كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولىدۇ. چارۋىلارنى بوغۇزلىغاندا، يەنە قىسمەن كىشلەر بىرلا پىچاق سالغاندا جېنى چىقماي، تەكرار پىچاق سۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

---

[①] نەسرىددىن رابغۇزىي: «قىسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىلى 3 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 24 - ، 25 - بەتلەر.

شۇڭا ئۇيغۇرلار ھايۋان بوغۇزلىغاندا پىچاقنى ئىنتايىن ئۆتكۈر تۇتۇپ، بىر پىچاق سۈرۈش بىلەنلا مالنى بوغۇزلاش مەقسىدىگە يېتىشنى ئويلايدۇ. ئەمما بوغۇزلىغاندا بىر پىچاق بىلەنلا بويننى ئۈزۈپ تاشلىمايدۇ. بەلكى ئالدى بىلەن بويۇن تومۇرىنى ئۈزۈپ، قان تۈلۈق ئېقىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يۇلۇننى ئۈزىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تاماقنى ئاساسەن ئاياللار ئېتىدۇ. ئەرلەرتاماق ئېتىش ئىشلىرىغا ئارلىششتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئاياللارمۇ يەنە جۇنۇپ ھالەتتە زادىلا تاماق ئەتمەيدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ھەتتا ھېيىزدار ئاياللار تاماق ئېتىش ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئاياللار يەنە تاماق مەكروھ بولىدۇ، دەپ قاراپ تاماق ئەتكەندە يالاڭباشتاق ھالەتتە تۇرمايدۇ. بۇ پەرھىز تاماقنىڭ پاكلىقى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان چەكلىمە بولسا كېرەك. ئۇيغۇر ئاياللىرى تاماق ئېتىش جەريانىدا ئاساسىي ئىشلارغا ئوڭ قولىنى ئىشلىتىدۇ. ئىككى قولدا كۆتۈرۈش ۋە تۇتۇشقا توغرا كەلمىسلا، سول قولىنى ئىشلىتىپ تاماق ئېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەنە قىسمەن جايلاردا تۇغماس ئاياللارنىڭ تاماق ئېتىشىدىن پەرھىز قىلىدىغان ئىشلارمۇ بار. بۇ ياخشى تىلەك يوشۇرۇنغان ناچار خوراپاتلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋىي تېتىتقۇ ماتېرىيالى تۇز بولۇپ، ئۇيغۇرلار خېلى قەدىمكى زاماندىلا تۇز ئىشلىتىپ تاماق تەمىنى تەڭشەشنى بىلگەن. قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئەجدادلىرىمىز تۇزنى ئىرىملىك نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى ئىشلىتىش ۋە تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىگە تەققاسلاشتا خىلمۇ ـ خىل ئادەتلەرنى پەيدا قىلغان. ئۇيغۇرلار تۇزنى مۇقەددەس نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى ئىنتايىن ئەزىزلەيدۇ تۇز بىلەن قەسەم قىلىدۇ، تۇز ئارلاشتۇرۇلغان ھەرقانداق نەرسىگە ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ. تۇز تائامنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغاچقا، تۇز ئېرىتىش ۋە تاماققا ئىشلىتىش جەھەتتە بىر قاتار پەرھىزلىك ئادەتلەر شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار تۇزغا ياكى تۇز ئارىلاشقان ھەرقانداق نەرسىگە دەسسەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. تۇز ئارىلاشقان نەرسىلەر تۆكۈلگەن جايغا چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلسا كۆزى كور بولىدۇ، بەرىكەت قولدىن كېتىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۇزنى ئۇدۇل كەلگەنلا يەرگە تۆكمەي، مەخسۇس جايلارغا، ئادەم دەسسىمەيدىغان ئورۇنلارغا تۆكىدۇ. ئۇيغۇرلار تۇزنى ئاساسەن سەھەر ۋاقتىدا چىلايدۇ. زاۋالدا تۇز چىلىسا بالىسى يېشىل كۆزلۈك بولۇپ قالىدۇ دەپ، زاۋال پەيتىدە تۇز چىلاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا يەنە سەيشەنبە كۈنىدە تۇز چىلاشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتمۇ ھەم ساقلانغان. سەيشەنبە نەس كۈن دەپ

تونۇلغاچقا، تۇزدەك مۇقەددەس نەرسىنى بۇ كۆندە چلاش ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە تۇز چىلاشتا پاكىز سۇ ئىشلىتىدۇ، ھەرگىزمۇ گۆش شورپىسىدا ياكى ئىسسىق سۇدا تۇز چىلىمايدۇ. مۇشۇنداق قىلسا بالىسى يېشىل كۆزلۈك ھالەتتە تۇغۇلارمىش. تۇز چىلىغاندا تۇزلۇقنى مەلۇم ئورۇنغا قويۇپ، ئاندىن سوغۇق سۇ ۋە تۇزنى سالغاندىن كېيىن قوشۇق ياكى چوكا دېگەندەك نەرسىلەردە ئىلەشتۈرۈپ ئېرىتىدۇ. ئەمما ھەرگىزمۇ قول بىلەن تۇزنى ئىلەشتۈرمەيدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا "ئىلىكى شورلۇق" (ياخشىلىق قىلسا يامانلىق كۆرىدىغان) بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. خەلق ئارىسىدا تۇزنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتى بار دەپ ئىشەنگەنلىكتىن، تۇزنى پىچاقتا قوچىغاچ باشقا باشقا بىرىنى قارغىسا، شۇ قارغىش ئەمەلگە ئېشىپ قالىدۇ دەيدىغان بىر سېھىرگەرلىك قاراشمۇ مەۋجۇد. شۇڭا كىشىلەر تۇزنى پىچاقتا قوچۇپ تۇرۇپ ئېرىتمەيدۇ. ناۋادا پىچاقتا قوچۇپ ئېرىتىشكە توغرا كەلسىمۇ، ئەمما باشقىلارنى قاغىمايدۇ ياكى لەنەت ئوقۇمايدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئۆيلىرىدە تۇزلۇق ئادەم پۇتلاشمايدىغان بولۇڭ تەرەپلەرگە قويۇلىدۇ. تۇزلۇقتىن تۇزنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تۇزلۇقنىڭ ئېغىزى ئوچۇق قويۇپ قويۇلمايدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا، شەيتان تۇزغا سىيىپ قۇيارمىش. يەركەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىشەنچلىرىدە تۇزلۇقنىڭ ئاغزىنى ئوچۇق قويسا، كېلىنىنىڭ قېينى ئانىسى تولا سۆزلەيدىغان (كاپىلدايدىغان) بولۇپ قالار ئىكەن. ئۇيغۇرلار يەنە تۇزلۇقنى ئۇياق ـ بۇياققا تولا يۆتكەپ يۇرسە ئورنى ئىسسىمايدىغان، تولا ئۆي كۆچىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلاردا تۇز بىر ئائىلىنىڭ بەرىكىتى ۋە بەختىگە سىمۋول قىلىنىدۇ. بىز بۇ خىل ئەھۋالنى ئۇيغۇرلار ئۆي كۆچكەندە تۇنجى بولۇپ تۇزلۇقنى كۆچۈرۈپ بارىدىغان ئادىتىدىنمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردا ناۋادا خوشنىلار چارشەنبە كۈنى تۇز سوراپ كىرسە، ئۆينىڭ بەرىكىتى كېتىدۇ دەپ قاراپ تۇز ئارىيەتكە بەرمەيدۇ. ئۇيغۇرلار تونۇر ۋە ئوچاقلارنى شوردىن قىلىنغان لايدىن ياسايدۇ. تونۇر، ئوچاقلارنى قىزىتىپ بولغاندىن كېيىن، تونۇر ۋە ئوچاقنىڭ يۈزىگە تۇز سېپىدۇ. تۇز سەپكەندە ئۇمۇمەن "سەپكۈچ" دەپ ئاتىلىدىغان، قۇمۇشنىڭ پۆپكىدىن ياسىلىدىغان كىچىك سۈپۈرگە بىلەن سېپىدۇ. قول بىلەن سېپىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ناۋادا تۇزنى قولدا سەپسە "ئىلىكى شورلۇق" بولىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. بۇ قولدا تۇزنى ئىلەشتۈرمەسلىك پەرھىزى بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇرلار ئۇن قاتارلىق ئاشلىقلارنىمۇ مۇقەددەس دەپ قاراپ، تاماق ئېتىش جەريانىدا يەنە بىر قاتار پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىدۇ. ئاياللار ھەرقانداق تاماقنى ئېتىشتىن بۇرۇن قولنى يۇيمىغان ھالەتتە ئاشخانا ياكى قازان بېشىغا كەلمەيدۇ. ئۇننى جاۋۇر ياكى تەڭنىگە ئېلىشتا يالاڭباشتاق ھالەتتە ئېلىشتىن، ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ ئۇن ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەنە ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى ئاساسىدا، ئاياللار تاغاردىن ئۇن ئالغاندا تاغارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئويۇپ ئېلىپ، چۆرىسىدىن قىرىپ ئالمىسا، ئۇننىڭ بەرىكىتى ئويۇلۇپ كېتىپ، ئۇننىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ناۋادا ئۇننىڭ كېپىكى ئايرىلمىغان بولسا ئۇنى تاسقاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇن تاسقىغاندا ئەلگەكتە كېپەكنى قويۇپ قويمايدۇ، ئەلگەكنى ئۇرۇپ قاقمايدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا ئۆي نامراتلىشىپ كېتىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن ئۇن ئالغاندا، يەنە زاۋال ۋاقتىدا ئۇنى ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇنداق قىلىپ سالسا ئۇننىڭ بەرىكىتى بولماسمىش. خېمىر يۇغۇرۇشتا ھۆل قاچا ياكى تەڭنىگە ئۇن ئالسا، شۇنداق قىلغۇچى بالا تۇغقاندا، بالا ھەمرىيى چۈشمەي تۇرىۋالىدۇ دەپ ئىرىم قىلىدۇ. بۇ ھۆل جاۋۇر ياكى تەڭنە يۈزىگە ئۇننىڭ چاپلىشىۋېلىشىدىن تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىرىلغان ئوخشاتما سېھىرگەرلىك قارىشىدۇر. خېمىر يۇغۇرۇش جەريانىدا ئۇننى چېچىۋەتمەي ئاستا يۇغۇرىدۇ. ئۇن خېمىرگە ئايلانغاندا، خېمىرنىڭ تەڭنە ۋە ياكى جاۋۇرغا تېگىپ سىلىقلانغان يۈزىنى ئۈستىگە ئۆرۈپ يۇغۇرۇشتىن، چەيلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا خوتۇننىڭ ئېرى ئايالىدىن يۈز ئۆرۈيمىش ياكى ئەر ـ خوتۇن يېنىشىپ كېتەرمىش. بۇ يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلى ئەۋج ئالغان خۇراپىي قاراشتۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرى خېمىر يۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، خېمىرنىڭ سىلىق يۈزىنى ئۈستى تەرەپكە قارىتىپ قويمايدۇ. بۇنداق قىلسىمۇ يوقۇرىقىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە خېمىر تۇرۇچ ئىرىملىك نەرسە بولۇپ، ئۇ خېمىرنى بولدۇرۇشقا ياردەم بېرىپلا قالماستىن يەنە قوت ـ بەرىكەت نىشانى سۈپىتىدىمۇ تونۇلىدۇ. شۇڭا ئائىلىلەردە خېمىر تۇرۇچنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. خېمىرتۇرۇچ ئۆيدە ئۈزۈلۈپ قالىدىكەن، دەرھال خوشنىلاردىن ئارىيەتكە ئېلىپ يەنە ئۆز ۋاقتىدىلا قايتۇرىۋېتىدۇ. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر خېمىرتۇرۇچنى ئارىيەتكە بېرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇ ھەقتە يەركەن ئۇيغۇرلىرىدا مۇنداق بىر گەپ بار: ئەگەر بىرەر كىشى باشقىلاردىن خېمىر تۇرۇچ ئارىيەتكە ئېلىپ، قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي ئۆلۈپ كەتسە،

كىشىلەر ئۇنى "ئىششىپ ئۆلۈۋاپتۇ" دەپ تەنە قىلىدۇ. بۇ گەرچە كەسكىن قاراش بولمىسىمۇ، ئەمما خېمىرتۇرۇچىنىڭ كۆپىدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئالغان ئۆتنىنى بالدۇرراق قايتۇرۇشقا قىلىنغان دالالەتتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر تاماقلىرىنىڭ بىرى چۆپتۇر. چۆپ خېمىرنى يېيىپ ئېتىدىغان، سىڭىشلىك، پايدىسى كۆپ غىزادۇر. مەھمۇد كاشغەريي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە چۆپنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىدا ئىجاد بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇيغۇرلار چۆپنى ياىغاندا سۇپۇرا، تاختا ۋە نوغۇچ ئىشلىتىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ بىر قىسىم ئىرىملىك قاراش بار. ئۇيغۇرلار ئاشتاختا، نوغۇچ سۇپىرىنى مەخسۇس خالتا تىكىپ، ئېگىز جايغا قويۇپ قويۇلىدۇ، ئۇلار ئايرىۋېتىلمەيدۇ. ناۋادا ئاشتاختا بىلەن نوغۇچنى ئايرىۋەتسە، بەرىكەت قاچار ئىكەن. يەنە ئاشتاختا بىلەن نوغۇچنى ئالغاندا ۋە قويغاندا قاتتىق سوقۇپ، قوپاللىق بىلەن ئالمايدۇ، بەلكى سىلىق ئېلىپ، سىلىق قويىدۇ. يەنە ئاشتاختا بىلەن نوغۇچنى تىكلەپ قويسا كەمبەغەللىشىپ كېتىدۇ دەپ، ياتقۇ قويىدۇ. ئېھتىمال بۇنداق قىلمىغاندا ئاشتاختا ۋە نوغۇچقا يېپىشىۋالغان ئۇن يۇقۇندىلىرى يەرگە چۈشۈپ كېتىشى ۋە دەسسىلىپ كېتىشى مۇمكىن. نوغۇچ يەنە ئەرلىككە ئوخشىتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قىزلارنى نوغۇچ بىلەن ئۇرۇش ياكى نوقۇشنى يامان كۆرىدۇ. شۇنداق قىلسا قىز بالا بىتەلەي بولىدۇ، ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا نوغۇچنىڭ ئەرلىككە سىمۋۇل قىلىنىش يوشۇرۇن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزلارنى ئۇرۇش ھامان يامانلىقنىڭ ئالامىتى دەپ تونۇلغان. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىككى يېيىم ئاشنى چۈپلەپ يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قىلىشنى ئەشمىس پاتىمەنىڭ سۈننىتىگە يارىماپتۇ، دەپ قارايدۇ.

خەلق رىۋايەتلىرىدە ئەشمىس پاتىمەنىڭ قۇرداشلىرى (يەنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ باشقا خوتۇنلىرى) يۇقىرىقىدەك قىلىقلىرى ۋە سۈپۈتلىرى بىلەن پاتىمەدىن رەشىك قىلار ئىكەن. ئۇيغۇرلار ئاش يايىدىغان سۇپۇرىنىمۇ ئىرىملىك نەرسە دەپ قارايدۇ. ئىيتىشلارغا قارىغاندا سۇپۇرىنى يۇيماسلىقمۇ پاتىمەدىن قالغان سۈننەت بولۇپ، ناۋادا سۇپىرىنى يۇۇپ سالىدىكەن، شۇ ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللىرى سۇپۇرىنى پاكىزە تۇتىدۇ، يۇيمايدۇ. يۇيۇشقا توغرا كەلسە، پەقەت رامزان ئېيىدىلا يۇيىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە سۇپۇرىنى قۇرۇق قويمايدۇ. ئىمكان قەدەر ئاز - تولا ئۇن بىلەن قويىدۇ. بولمىسا سۇپۇرا قۇرۇق بولۇپ

قالارمىش. يەنە سۈپۈرىنى قېقىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ، مۇشۇنداق قىلسىمۇ، بەرىكەت سۈپۈرىدىن ۋە ئۆيدىن توزۇپ كېتەر ئىكەن. ئۇيغۇرلار سۈپۈرىنى ئېلىپ قويۇشتا سىلىق ئېلىپ، سىلىق قويىدۇ. تاشلىۋېتىشتىن ياكى يەرگە تاشلاپ قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قارىشىچە، سۈپۈرىنى تاشلىسا، شۇ كىشى ۋاپات بولغاندا، ئۇ سېلىنغان تاۋۇت ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچىلار قولىدىن چۈشۈپ كېتەر ئىكەن. ئاياللار سۈپۈرىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىمكانقەدەر ئۆزى يىغىپ، ئۆزى جايىغا قويىدۇ. ناۋادا بىرەرسى سۈپۈرىنى يايغان ۋە ئىشلەتكەن بولسا، ئىككىنچى ئادەم ئۇنى يىغىۋېتىشكە توغرا كەلسە، "سۈپۈرىنىڭ ئېگىسى تويغا كېتىپتىمىش" دەۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن يىغىدۇ. بۇنداق دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، سۈپۈرا بىر ئۆيدىكى بەرىكەت نىشانىدۇر. ئۇنىڭ ئالمىشىپ كېتىشى بەرىكەتنىڭ ئالمىشىپ كەتكەنلىكىدىن، بىشارەتتۇر. "تويغا كېتىپتىمىش" دېگىنى بولسا سۈپۈرا ئېگىسىنىڭ هايات ئىكەنلىكىنى، هايات بولغاندىمۇ تويلاردا خوشال ـ خۇررام يۈرىۋاتقانلىقىنى هېلىقىدەك تەسەۋۋۇردىكى يامانلىققا قارشى سەۋەب قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىدۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە نان بېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان گەزنە، رىپىدە قاتارلىق نەرسىلەرنى پاكىز ساقلايدۇ. توپا ـ چاڭ قوندۇرماسلىق ئۈچۈن مەخسۇس خالتا تىكىپ، ئەشۇنىڭدا ساقلايدۇ. يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بىر ئادەتتە رىپىدىنى ياماشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئىش بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رىپىدىنى تولا يامىسا، قىز بالىسى ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ ئۆيىدە مۇقىملىشالماسلىقى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يۆلەپ (يار يۆلەكتە يۆلۈۋېلىپ) هېرىپ كېتەر ئىكەن. بۇمۇ ئوخشاشلىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن خۇراپىي قاراشتۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە قازان، قوشۇق ـ چۆكا، قاچا، قازان قويىدىغان تەگلىك قاتارلىق تاماق سايمانلىرىنى هۆرمەتلەپ، ئۇلارنى ئاتلاپ ئۆتىدىغان، دەسسەيدىغان ئىشلاردىن چەكلىنىدۇ. قازاننى ئاتلىسا پۇتى ئاغرىقچان بولىدۇ، قازان قارىسىدىن ئاتلىسا قارىغا كېتىدۇ (سەۋەبسىز تۆهمەتكە، ئۇۋالچىلىققا قالىدۇ دېمەكچى)، قازان قويىدىغان تەگلىك (تۇۋرۇك ) نى ئاتلىسا ۋە تەپسە بالىسىنىڭ قۇلىقىدىن يىرىڭ ئاقىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ جورۇپ، تاماق سايمانلىرىغا هۆرمەتسىزلىك هېسابلىنىدىغان ئەشۇنداق قىلىقلارنى چەكلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە يەنە قازاننى ساپلىق بىلەن قىرسا، شۇ ئۆيدىن بەرىكەت

كېتىدۇ. تۇۋاق ئۈستىدە بىر نەرسە كەسسە، بالىسى گاچا بولۇپ قالىدۇ دەيدىغان، پىچاقنى قازانغا سۈركەپ بىلمەيدىغان، بەلكى چىنىلەرنىڭ ئاستى تەرپى بىلەن ياكى بىلەي تاش بىلەن بىلەيدىغان ئادەتلەر بار. بۇ ئادەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى خۇراپىي ئادەتلەردۇر. ئۇنىڭ ئاساسى ئىبتىدائىي تەپەككۇرغا خاس ھېسسىي سېھىرگەرلىكى ئىچىدىكى "ئوخشاشلىق" پرىنسىپىدۇر. قىسمەنلىرى (مەسىلەن، قازان تۇۋىقى ئۈستىدە بىر نەرسە توغرىماسلىق) تەجرىبىۋىي خاراكتېرلىك ئادەتلەردۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇچۇن تۆشۈكلۈكنى پاكىزە ۋە قۇرغاق تۇتۇش ـ تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاياللار ئىمكانقەدەر ئۆز تۆشۈكلىكنى پاكىزە، رەتلىك، قۇرغاق تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. تاماق ئېتىدىغان جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەزىدە بىر ئايالنىڭ تەبىئىتى ھەققىدە قىسمەن يەكۇننى چىقارغىلى بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئاياللارنى تۆشۈكلۈكنى پاكىزە ۋە قۇرغاق تۇتۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدىغان مۇنداق بىر چەكلىمە بار: "قايسى ئايال تۆشۈكلۈكنى ھۆل تۇتسا، ئۆلگەندە قەبرىسىدىن سۇ چىقىپ كېتىدۇ." گەرچە تۆشۈكلۈكنى ھۆل تۇتۇش بىلەن بىرەر ئايالغا قازغان قەبرىنىڭ يەر شارائىتىنىڭ نەم بولۇشى سەۋەبىدىن سۇ چىقىپ كېتىشى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولمىسىمۇ، ئەمما، ئوخشاشلىق قارىشى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇشۇنداق چەكلىمە ئاياللار ئۇچۇن، "تۆشۈكلۈكنى ھۆل تۇتما" دېگەن تەنبىھتىن بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۆشۈكلۈك ئەنئەنىسىدە قاچا ـ قۇمۇچلارنى پاكىزە ـ رەتلىك تۇتىدىغان ئادەت بار. قاچا ـ قۇمۇچنى پاكىزە يۇيۇش، ئىچى ـ تېشىنى ئوخشاشلا يۇيۇش ئېسىل ئەخلاق جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇيغۇرلار قىز ـ ئاياللارنىڭ قاچا ـ قۇمۇچلارنى پاكىزە يۇيۇشنى، يۇيغاندا يەرگە كۆپ سۇ چاچرىتىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرىكى زامانلاردا بىرەر ئادەم بىرەر كىشىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولسا، ئالدى بىلەن شۇ قىزنى ئاق كىگىز ئۈستىدە قاچا ـ قۇمۇچ يۇيغۇزۇش بىلەن سىنايدىكەن. ئەگەر قىز قاچا ـ قۇمۇچ يۇيۇش جەريانىدا سۇ چاچرىتىۋەتسە، سۇ تامچىلىرى ئاق كىگىز ئۈستىدە ئاسانلا بىلىنىپ قالىدىكەن ـ دە، قىز سىناقتىن ئۆتەلمىگەن بولىدىكەن. بۇ بىر توقۇلما ھېكايە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى مەسىلە قىز ـ ئاياللارنىڭ قاچىنى پاكىزە يۇيۇشى، تۆشۈكلۈكنى ھۆل قىلىۋەتمەسلىكنى تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئانىلىرى قىزلارنىڭ قاچا ـ قۇمۇچ يۇيغاندا ناخشا ئېيتىشىدىن بەك چەكلەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا "غالچىغا تېگىپ قالىدۇ" ياكى "قېينى ئانىسى تولا كايىلدايدىغان بولىدۇ" دەپ

قىزلىرىنى قورقۇتۇپ، ئەشۇنداق قىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. باللارنىڭ قاچا ـ قۇمۇچلارنى ئۇرۇپ ئوينىشىنى، چوكا ياكى قوشۇقلارنى قاچىغا ئۇرۇشىنى (تاماق ۋاقتىدا ياكى ئادەتتىكى چاغلاردا) چەكلەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا، ئۆيدە جېدەل ـ ماجرا چىقىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ. قاچا يۇيغاندىن كېيىن دەستىمال پاكىزە يۇيۇپ، يېيىپ قۇرۇتىلىدۇ. مۇنەك هالەتتە قويۇپ قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا ئايال كىشىنىڭ تۇغۇتى قىيىن بولار ئىكەن. بەزى ئائىلىلەردە يەنە يوقۇرىقى پرىنسىپقا تايانغان خۇراپىي قاراش بويىچە، ئەرلەر تاماق يەيدىغان قاچا (بۇنداق قاچا باشقىلارنىڭ قاچىسىدىن نىسبەتەن چوڭراق بولۇشى بىلەن پەرقلىنىدۇ) ئۈستىگە قازان تۇۋىقىنى يېپىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى خەلق ئىشەنچىسىدە بارلىق تۆشۈكلۈك سايمانلىرى ئاياللارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنداق نەرسىلەر ئەرلەرنىڭ قاچىسى ئۈستىگە قويۇلسا، شۇ ئۆيدە ئەرنىڭ گېپى ئۆتمەس، خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇرلار چۆچۈرىنى تۈگۈپ تىزغاندا رەتلىك ۋە زىچ تىزىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. قالايمىقان تىزىشتىن، شالاڭ تىزىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا، شۇ كىشى ئۆلگەندە نامىزىغا ئادەم ئاز كېلىپ قالارمىش. ئۆلۈم نامىزىغا ئادەمنىڭ ئاز كېلىشى خەلق نەزىرىدە ياخشى ئەھۋال ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭدا چۆچۈرىنى شالاڭ تىزىش گوياكى ئۆلۈم نامىزىغا ئاز ئادەم كېلىشىگە ئوخشىتىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان. يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، چۆچۈرىنى تۈگۈپ بولۇپ قازانغا سالغاندا تاق سالمايدىغان، بەلكى جۈپ ـ جۈپتىن سالىدىغان ئادەت بار. يەنە شۇ قاراش بويىچە ناۋادا تۈگۈلۈپ بولغان چۆچۈرىلەرنى قازانغا جۈپ ـ جۈپتىن سېلىپ، سۈپۈرا ياكى تاختىدا ئېشىپ قالغان چۆچۈرە جۈپ بولسا خاسىيەتكە، تاق بولسا يامانلىققا جورۇلىدۇ. بۇ خەلقنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئەر ـ خوتۇنچىلىق ۋە ئائىلىۋى ئىشلاردا جۈپ ساننى قەدىرلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا پىشقان ئاشنىڭ تۇز ـ تەمنى تېتىشتا ئۇنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئادەمنىڭ تېتىشنى يامان كۆرىدىغان ئەھۋال بار بولۇپ، بۇ بەلكى كىشىلەرنىڭ تېتىش تۇيغۇسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، ئاشنىڭ تۇز ـ تەمى ھەققىدە كېلىپ چىقىدىغان تالاش ـ تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان بىر خىل ئادەت بوولسا كېرەك.

ئوتۇن، ئوچاق ۋە تونۇر قاتارلىق نەرسىلەرگە ئائىت ئۇيغۇرلاردا يەنە بىر قىسىم ئىرىملىك قاراش بار. ئۇيغۇرلار ئوچاقنى پاكىزە تۇتىدۇ. مەخسۇس ئوچاق بېشىنى، تونۇر بېشىنى سۈپۈرىدىغان كىچىك سۈپۈرگە

بولىدۇ. ئۇيغۇرلار مەيلى قەستەن بولسۇن ياكى بىخەستىلىك قىلىپ بولسۇن، ئوچاقنىڭ ماڭلىينى دەسسىمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا بالىسىنىڭ قاڭشىرى پەس بولۇپ قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئوچاقنى ئاسراش ئۈچۈن توقۇلغان تەنبىھتۇر. يەنە ئوچاقنى تېپىپ ئولتۇرسا پۇتى ئاغرىقچان بولىدۇ، ئوچاققا سۇ سەپسە، ئوچاق بېشىدىن ئاتلىسا ئەرۋاھ قارغايدۇ دەپ جورۇيدۇ. ئوچاققا قازان ئاسقاندا، قازاننىڭ تۇتقۇچىنى ئىشىككە قارىتىپ قويسا ئۆي ئىچىدە ئۆلۈم - يېتىم بولىدۇ دەپ جورۇيدۇ. بۇ پەرھىزلەر ئەنە شۇ قەدىمدىن قالغان ئادەتلەر جۈملىسىدىندۇر. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خۇراپىي پەرھىزلەردىن يەنە كېچىدە ئوتۇن يارمايدىغان، تۇغۇلغان بالىسى توكۇر بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئىلمەك ئوتۇن قالىمايدىغان، بولۇش ئالدىدا تۇرغان توي يېنىپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، قالاش ئۈچۈن ئۆيگە ئەپكىرگەن ئوتۇننى ئەپچىقىۋەتمەيدىغان، تۇغقاندا بالىسى تەتۈر تۇغۇلۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ، ئوتۇننى تەتۈر (توم تەرىپىنى كېيىن، پۇتاقلىق تەرىپىنى بالدۇر سېلىش ھالىتىدە) قالاشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇنىڭ ئاز بىر قىسمىدا ئەمەلىي قولايلىقلىق ئىستەلگەن بولسا، كۆپىنچىسى سېھرىي قاراشتىن پەيدا بولغان خۇراپاتلىقتۇر. بەزى كىشلەرنىڭ قارىشىچە، ئوچاقتا كۆيۈپ بولالمىغان چۇچۇلىنى ئوچاق بېشىغا ئېلىپ قويسا، كىشى قەرزدارچىلىقتىن قۇتۇلالماسمىش. ئەمەلىيەتتە كۆيۈپ بولمىغان چۇچۇلىنى ئوچاق بېشىغا قويسا، ئوچاق بېشىنى قارا قىلغاندىن سىرت، يەنە ئۆيىنىمۇ ئىس - تۈتەك قىلىۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال يوشۇرۇلۇپ، ئەشۇنداق بىر نەتىجىنى شۇ ھەركەتنى توسۇشقا ۋاستە قىلىدۇ ۋە چۇچۇلىنى يەرگە ئېلىپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ چوغنى ئۆچۈرىدۇ. ئاش پىشىپ قازاننى ئوچاقتىن چۈشۈرگەندىن كېيىن دەرھال تۇۋاقنى يېپىپ، ئاشنى ئاز - تولا دەم يىگۈزىدۇ. ناۋادا ياپمىسا ئاش مۇرادىغا يەتمەيدۇ، ئاش تىنىۋالمىسا، شۇ ئائىلە كىشىلىرى تىنماي ئۇرۇشىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ جورۇلىدۇ. بۇ يەردىكى "مۇرادىغا يېتىش" ئاشنىڭ تىنىپ ئاز - تولا سوۋۇۋېلىشىنى، قويۇق - سۇيۇق قىسمىنىڭ ئايرىلىشىۋېلىشىنى كۆرسەتسە، يەنە ئاشنىڭ ھەقىقىي پىششىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشنىڭ تەمى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

ئۇيغۇرلار نان يېقىۋاتقاندا تونۇر بېشى ۋە ئەتراپىدىكى كەيپىياتنىڭ مۇقىم، سۈرلۈك بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەرقانداق بىر بىخەستىلىك سەۋەبىدىن نان ئوخشىماي قېلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار كىچىك بالىلارنىڭ ۋە "كۆزى يامان" ئادەملەرنىڭ تونۇر بېشىغا چىقىشىنى چەكلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئوچاققا ناننى

ئاياللار ياقىدۇ، ئەرلەر ياقمايدۇ. ئەمما تونۇرغا نان يېقىش نىسبەتەن قىيىن ئىش بولغاچقا، ئەرلەرمۇ، ئايالالارمۇ ياقىدۇ. ئەمما ئايالالار نان يېقىۋاتقاندا ئەرلەر تونۇر بېشىدا زوڭزۇيۇپ ئولتۇرسا ئوخشاشلا نان چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، ئەشۇنداق قىياپەتتە ئولتۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەنە ھېيىزدا ئايالالارمۇ تونۇر بېشىغا چىقسا، تونۇرنىڭ يۈزى قىزىۋېلىپ نان ئوخشىمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. يوقۇرىقى ئىككى پەرھىزدە جىنسىي ئەزانى ۋە ھېيز قېنىنى پاسكىنا دەپ قاراش ئەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قىسقىسى، تونۇرغا نان ياققاندا "ناپاك ئادەم "جۈملىسىگە كىرىدىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ تونۇر بېشىغا چىقىپ، پىشۋاتقان نانغا قاراپ تۇرۇشى چەكلىنىدۇ.

ئاشنىڭ سۇيىگە تۇز ئارىلىشىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلار ئۇنى سىرتقا قالايمىقان تۆكمەيدۇ، ئىسراپ قىلمايدۇ. ئادەمدىن ئاشسا ھايۋانغا بېرىدۇ، ھايۋاندىن ئاشسا ئاندىن ئادەم دەسسىمەيدىغان جايلارغا تۆكىۋېتىدۇ. ئاش سۇيىنى يولغا، قان ئاققان يەرگە تۆكۈشتىن، كىر يۇيغان يۇندا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈشتىن، ئاش سۇيى تۆكۈلگەن جايلارغا ھاجەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. كىشلەر تۇز ئارىلاشقان ئاشنىڭ سۇيىنى تۆكىدىغان ئەۋرەز ياكى چارۋىلار يېمەكلىك يەيدىغان ئوقۇر يەنى يالاقنى دەسسىمەيدۇ، ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، ئۈستىگە ياكى ئەتراپىغا چوڭ - كىچىك تەرەت سۇندۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن، تەرەت سۇندۇرغۇچىنىڭ كۆتىگە جاراھەت چىقىدۇ، دەپ جورۇيدۇ.

*************************************************************

يوقۇرىدىكى يېمەك - ئىچمەككە ئائىت پەرھىزلەر، يېمەك - ئىچمەك ئۇسۇلىغا ئائىت پەرھىزلەر ۋە تاماق ئېتىشكە ئائىت پەرھىزلەر قاتارلىق ئۈچ تىپقا ئاستىدىكى بارلىق چەكلىمىلەر - يېيىلمەيدىغان ۋە ئىچىلمەيدىغان غىزالار، غىزالىنىشتىكى قوللىنىلمايدىغان تەرزلەر، تاماق ئېتىشتىكى ئىرىملىك قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان ئۇمۇمىي قىياپىتىدۇر. ئەلۋەتتە، يوقۇرىقىلاردىن سىرت، ئىلمىي ھالەتتە، ساغلاملىقنى ئاسراش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن ئەمەلىي چەكلىمىلەر ۋە قائىدىلەر، يوسۇن تۈسىنى ئالغان ئۇسۇللار بار بولۇپ، ئۇلار ئۆرپ - ئادەت كاتېگورىيىسىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەققىدە توختالمىدۇق. يوقۇرىدا تەھلىل قىلىنغان پەرھىز ئادەتلەردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، بۇ پەرھىزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى كۆپ خىل، نۇرغۇنلىرىغا ناھايىتى زور

دەرىجىدە خۇراپىي ئامىللار سىڭىپ كەتكەن. ھازىرقى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قۇرۇلمىسىدا ۋە ئادىتىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز مەرمەكتە. نۇرغۇن تائام تۈرلىرى، غىزالىنىش ئۇسۇللىرى ئەمەلدىن قېلىپ، يېڭىدىن تائام تۈرلىرى ۋە غىزالىنىش تەرزى مەيدانغا كەلمەكتە. بۇشۇ ئەھۋالغا ئەگىشىپ يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرىدىمۇ بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق. ئۆرپ ئادىتىمىزدىكى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىكى مەقسەد ئەنە شۇ قىزىقارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئىچىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ئۇسۇللىرىنى ۋە ئوزۇقلىنىش ئەخلاقىنى تەرغىپ قىلىپ، كېلىمات، مىزاج، ئېھتىياج، ۋاقىت ـ پەسىل ۋە سان ـ سۈپەت بويىچە ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، يېمەك ـ ئىچمەككە ئائىت ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئىچىدىكى خۇراپىي تەركىبلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، غىزالىنىش مەسىلىسىگە قارىتا خەلقنىڭ ئەقلىغە مۇۋاپىقلاشقان، ئىلمىيلەشكەن چۈشەنچىلىرىنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

## 7. كىيىم ـ كېچەككە ئائىت پەرھىز ئادەتلىرى

كىيىم ـ كېچەك ـ مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئىنسان بىلەن تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ـ ئارا ئالاقە ۋە تەسىرلەر داۋامىدا پەيدا بولغان ھەم تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن گارمونىيىلىك ماسلىشىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا، تەدرىجى ھالدا كىيىم كېيىشنى ئۆگەندى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىنسانلار يالغۇز كىيىمنى بەدىنىنى سوغوقتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈنلا كېيىپ قالماستىن، بەلكى كىيىم ـ كېچەك بىلەن بەدەننى زىننەتلەشنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىستېتىك قارىشىنى ۋە خۇشاللىق ھەۋەسلىرىنى ئىپادىلەشنى ئۆگەندى. ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، كىشىلەر كىيىم ـ كېچەكلەر ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە مەرتىۋىنى ئىپادە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىجتىمائىي بەلگە ۋە سىمۋول بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىنسانلار يەنە كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالى ۋە ئۇنى كىيىم ـ كېچەككە ئۆزگەرتىش تېخنىكىسىنى كەشپ قىلىپ، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئەمەلىي قىممىتىنى كۆنسېرى مۇكەممەللەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن كىيىم ـ كېچەكنىڭ شەكلى، ئۇنى

كىيىش ئۇسلۇبى ۋە باشقا تەرەپلەرگە ئالاقىدار ئىجتىمائىي ئۆلچەم ـ قېلىپلار (مەسلەن، كىيىم ـ كېچەك ئادىتى، قانۇنى، پەرھىزلىرى دېگەندەك) شەكىللەندى. گەرچە ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ كىيىم ـ كېچەككە ئالاقىدار ئىجتىمائىي ئۆلچەملىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەشۇنداق مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان ھەربىر شەخسنى مەلۇم جەھەتلەردە تىزگىنلەيدۇ، شۇنداقلا شۇ كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنى، ئىدىيىسىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئادىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەككە ئالاقىدار پەرھىزلىك ئادەتلىرىنى كىيىم ـ كېچەكنىڭ رەڭگى، ماتېرىيالى، پاسونى، كىيىش ئۇسۇلى، قويۇش ئۇسۇلى ۋە يۇيۇش ـ ياماش ئۇسۇلى قاتارلىق نۇقتىلار بويىچە مۇلاھىزە قىلىمىز.

## 1. كىيىم ـ كېچەكنىڭ رەڭگىگە ئالاقىدار پەرھىزلەر

رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ھەقىقەتەن روشەن سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ كىيىم ـ كېچەكلەردە يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، قۇت ياكى نەسلىك، ياخشى ـ يامانلىق چۈشەنچىلىرى ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان بىرقانچە رەڭنى ئۇلۇغلاپ، شۇ رەڭدىكى ھەممە نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگەن ۋە مايىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىسمەن رەڭلەرنى يامان ۋە شۇم دەپ قاراپ، شۇ رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىشتىن پەرھىز قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار رەڭدە ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان جىنىس پەرقى مەسىلىسىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم رەڭلەردىكى كىيىمنى كىيىش جەھەتتىمۇ قىسمەن چەكلىمىلەرنى پەيدا قىلغان. بۇنداق پەرھىزلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بېرى مەلۇم دىنلار تەسىرىدە ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىت ـ شارائىتى تەسىرىدە مەلۇم رەڭلەرنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ئەكسى سۈپىتىدە كىيىم ـ كېچەك ساھەسىگە سىڭىپ كىرگەن.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئاق رەڭنى بەخت ـ ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىق، ئالىيجاناپلىق، ... نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تونۇپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن. شۇنداقلا يەنە كۆك رەڭنى ئىپتىدائىي شامان ئېتىقادى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا ياخشىلىق ۋە ئامەتنىڭ ھەم ئىلاھىي تۈسىنىڭ سىمۋوللۇق بىشارىتى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ كەلگەن. قىزىل رەڭنى بولسا ياخشىلىقنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، بەخت ـ سائادەتنىڭ، غەلىبىنىڭ سىمۋولى

دەپ؛ سېرىق رەڭنى مول ـ ھوسۇل، بايلىق ۋە ئالىيجاناپلىقنىڭ سىمۋولى دەپ؛ يېشىل رەڭنى ھاياتلىقنىڭ، تىنچلىقنىڭ ۋە مۇنبەتلىكنىڭ سىمۋولى دەپ تونۇپ كەلگەن. قارا رەڭنى ۋە باشقا سۇس، سوغوق رەڭلەرنى بەزىدە يامانلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدىمۇ تونۇپمۇ كەلگەن. بىراق، ئومۇمى ئەھۋالدىن قارىغاندا رەڭنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن بىشارەت بېرىش خۇسۇسىيىتى مۇقىملىقا ئىگە ئەمەس، بەلكى ئۇ نىسبىي ئەھۋالدۇر.

دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ئەرلىرى بىلەن ئاياللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكنىڭ رەڭگىدە روشەن پەرق شەكىللەنگەن. ئىسلامىي قائىدە بويىچە، ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر قىزىل رەڭلىك، توق سېرىق رەڭلىك، ياكى رەڭگى ئوچۇق، گۈل نەقىشلىرى چوڭ كىيىملەرنى كىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ كىيىمىنىڭ ئىمكانقەدەر سوغوق ۋە سۇس رەڭلەردە بولۇشىنى تەكىتلىنىدۇ. كىيىنىش جەھەتتە ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشىشىلىشى، (مەيلى قەستەن بولسۇن ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بولسۇن) ئاياللاردەك توق ۋە روشەن رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىشىلىشى قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى رەڭگى ئوچۇق، گۈللۈك ياكى نەقىشلىك رەختلەردىن قىلىنغان كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ قىزلار ۋە ياش ئاياللار رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشنى ئالاھىدە ياقتۇرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى شۇ دەۋردىكى مۇنداق بىر ھېكمەت بىلەن يىغىنچاقلىغان: "قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر، ياراي دېسە يېشىل كىيەر."① بۇ خىل ئەنئەنىمۇ ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەمما قىسمەن ئاياللار ئارىسىدا سېرىق كىيىم كىيىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋال بار. ئۇلار "سېرىق كىيىم كىيسە كۆڭلىگە قايغۇ تولىدۇ" دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا يەنە " ئەشمىس پاتىمەمنىڭ كۆندىشى سېرىق كىيىم كىيەرمىش" دېگەن قاراش سەۋەبىدىنمۇ ھەم توق سېرىق سېرىق رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار كىيىم كېچەكنىڭ رەڭگىنى يەنە مۇراسىم خاراكتېرىگە قاراپ ئۆزگەرتىدۇ. ئومۇمەن ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىرە ـ چىراغ قاتارلىق قايغۇلۇق پائالىيەتلەرگە قىزىل، سېرىق، يېشىل دېگەندەك ئوچۇق رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىپ قاتناشمايدۇ. بەلكى قارا، كۆك (ياكى قاراكۆك) ۋە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 1 ـ توم ، 512ـ بەت.

كېيىپ بارىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا رول ئوينايدىغىنى رەڭلەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەمەس، بەلكى رەڭدە ئىپادىلەنگەن كەيپىيات ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ قاتارلىق مۇراسىملارغا كېيىدىغان كىيىملەرنىڭ رەڭگىگە ئالاھىدە چەكلىمە قويۇلمىسىمۇ، ئەمما قايغۇ تۈسىنى بېرىدىغان تۇم قارا، تۇم سېرىق ئۇستىباشلارنى كېيىش پەرھىز قىلىنىدىغان ئىش سانىلىدۇ. كىيىم ـ كېچەكنىڭ رەڭگى يەنە كىشلەرنىڭ ياش قورامى بىلەنمۇ مۇناسىبەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بوۋاقلارغا كىيىم ـ كېچەك قىلغاندا قىز ياكى ئوغۇل بوۋاقلارغا ئوخشاش رەڭلەردىكى رەختلەرنى ئىشلەتسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئىككى جىنسنىڭ پەرقلىق رەڭلەردە كېيىنىشىگە ئېتىبار بەرگەندىن سىرت، يەنە ياش قورامىغا قاراپ كىيىملەرنىڭ رەڭگىنى تاللايدۇ. بولۇپمۇ ياشانغان كىشلەرنىڭ ياشلاردەك رەڭگى ئوچۇق كىيىملەرنى كېيىۋېلىشنى يامان كۆرىدۇ. شۇڭا مەيلى ئەرلەر بولسۇن ياكى ئاياللار بولسۇن ياشانغان بولسىلا ئاساسەن ئاق، قارا، كۆك ، كۈلرەڭ ......دېگەندەك سۇس، سوغۇق رەڭدىكى كىيىملەرنى كېيىدۇ.

خۇلاسىسە قىلغاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكنىڭ رەڭگىگە بولغان قارىشى ۋە مەلۇم رەڭلەرنى ئۇلۇغلاپ، مەلۇم ئەھۋالدا مەلۇم رەڭلەردىن پەرھىز قىلىشى ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىبەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭلەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى بىلەن دىنىي ئېتىقاد ۋە دەۋر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىبەتنى مۇقىم بىر فورمىلا بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىي ھالدا ئىبتىدائىي ئېتىقاد ۋە شامانىزىم دەۋرلىرىدە ئاق ۋە كۆك رەڭلەرنى ئۇلۇغلىغانلىقى، بۇددا دىنى دەۋرىدە سېرىق رەڭنى ئۇلۇغلىغانلىقى، مانى دىنى دەۋرىدە ئاق رەڭنى ئۇلۇغلىغانلىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن تارتىپ يېشىل رەڭنى ئۇلۇغلىغانلىقى، يەنە يېشىل رەڭگە قوشۇپ قارا رەڭنىمۇ ئۇلۇغلىغانلىقىدەك ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىيىم رەڭلىرىنىڭ ھەرخىل بولۇشى، سىرتقىي مەدەنىيەت تەسىرى ۋە شەخسىي ئەركىنلىك تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ھازىرقى دەۋردە شەھەرلەردىكى قىسمەن كىشلەر ئارىسىدا كىيىم ـ كېچەكنىڭ رەڭگىگە قارىتىلغان كۆپ قىسىم پەرھىزلىك ئادەتلەرگە سەل قارايدىغان يېڭىچە ئەھۋال باش كۆتۈرمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىسمەن كىشلەر تويى ئىچىدە ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئەقىدىگە خىلاپ ھالدا كىيىم ـ كېچەكنىڭ رەڭگىدىكى كۆپ خىللىقنى قوغلىشىپ، سىرتقىي مەدەنىيەت شەكىللىرىگە تەقلىد قىلىشتەك ئەھۋالمۇ ھەم مەۋجۇد

بولۇپ تۇرماقتا. ئەمما يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇرلار كىيىم رەڭگىنىڭ تاللىنىشىغا ھېلىھەم ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ.

## 2. كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار تارىخ مابەينىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىپ كەلگەن كىيىم ماتېرىيالى تېرە ۋە يۇڭدۇر. قەدىمكى ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇر مىللىي كىيىملىرى يۇڭ ۋە تېرىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرە ۋە يۇڭدىن قىلىنغان كىيىملەرنى كېيىش تارىخى بەك ئۇزۇن. ئىسلامىيەتنىڭ ئالدى كەينىدە يۇڭ ۋە تېرىدىن قىلىنغان كىيىملەرنى كېيىش ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلامىيەتتىن كېيىن ھارام ھايۋانلار، بولۇپمۇ ھارام ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تېرىسى ۋە يۇڭىدىن قىلىنغان كىيىملەرنى كېيىش چەكلىمىگە ئۇچرىدى. جۈملىدىن ئېشەك، خېچىر، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ۋە يۇڭى ئىشلىتىلىشتىن چەكلەندى. ئەمما بەزى ئەھۋاللاردا، بەل ئاغرىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشلەر ئىت تېرىسىنىڭ ئىسسىقلىقىنى كۈچلۈك ساقلاش رولىغا ئاساسەن، ئۇنىڭدىن جىلتىكە تىكىپ كېيىدىغان ياكى قىشلىق چاپانىنىڭ ئىچىگە ئەستەر قىلىپ كىيىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇد. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەككە ئىشلىتىلىدىغان يۇڭ ۋە تېرە بولسا ئاساسەن قوي، كالا، تۆگە ۋە ئۆچكىلەردىن ئېلىنىدۇ. ئەمما يەنىلا ئىسلام دىنىدىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن، ئېسىلىپ ئۆلگەن، قېنى چىقماي ھارام بولۇپ ئۆلگەن يۇقىرىقىدەك ھالال ھايۋانلارنىڭ تېرىسىمۇ يەنىلا كىيىم ـ كېچەككە ئىشلىتىلىشتىن چەكلىنىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلار ھېلىھەم يۇقىرىدىكى چەكلەنگەن ماتېرىياللاردىن كىيىم قىلىپ كېيىشتىن پەرھىز قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالىنىڭ بىرى يىپەكتۇر. ئۇيغۇر يىپەكلىرىنىڭ تۈرى ھەر خىل بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ئەتلەس ، ئاق يىپەك ۋە باشقا بىر خىل رەڭدىكى يىپەكلەر بەك مەشھۇر. ئۇيغۇرلار يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشلاپلا يىپەك رەختلەردىن كىيىم كېيگەن. ئەمما ئىسلام دىنى شارائىتىدا يىپەك كىيىملەر ئايال جىنسلىقلارغىلا خاس بولۇپ قېلىپ، ئەرلەرنىڭ ئۇنى ئىشلىتىشى چەكلەندى. ئىسلام دىنىدا ئەر جىنسلىقلارنىڭ ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى تاقىشى (ئىشلىتىشى) چەكلەنگەندىن سىرت، يەنە يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كېيىشىمۇ ھەم چەكلەندى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىر ھەدىسىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: "ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادا يىپەك رەختتە كىيىم كەيگۈچىلەر ئاخىرەتنىڭ يىپەك كىيىملىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ."[1] «قۇرئان» دىمۇ جەننەت ئەھلىنىڭ يىپەك كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئەرلەرنىڭ جەننەتتە يىپەك كىيىم كىيىشگە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا يىپەك كىيىم كىيىشتىن چەكلىنىشى شەرت قىلىنغان. يىپەكتىن توقۇلغان كىيىملەر ئومۇمەن يۇمشاق، نەپىس بولۇپ، بەدەنگە راھەت بېغىشلايدۇ. ئۇ يەنە كىيگۈچىنى لاتاپەتلىك، نازەكەتلىك كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىدا ئەرلەرنىڭ جاسارەتكە، قاتتىق ئۇستىخانغا ھەم زەبەردەست گەۋدىگە ئىگە بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئەرلەرنىڭ ئۇنى كىيىشى چەكلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپلا ئەرلەر يىپەك كىيىم كىيىشتىن پەرھىز قىلىدىغان بولدى. ھەتتا مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە "بال" سۆزىنى شەرھلىگەندە مۇنداق بىر شېئىرنى مىسال كەلتۈرۈپ يىپەك كىيىمنى كىيىشنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

شەيتان سېنى قارشى ئېلىپ بال تۇتتى،

يىپەك كېيىدىڭ، چۈشەنمىدىڭ، ئەقىلسىز بولۇپ قال.[2]

ئىسلام دىنى شارائىتىدا ئەرلەر يىپەك كىيىملەرنى كىيىشتىن قەتئىي چەكلىنىپ كەلدى. نەتىجىدە ئەتلەس قاتارلىق يىپەك رەختلەردىن قىلىنغان كىيىملەر ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ خاس مىللىي كىيىمى بولۇپ قالدى.

بۇنىدىن باشقا يەنە تېخنىكىۋىي مەسىلىلەر ياكى سالامەتلىك كۆزدە تۇتۇلۇپ بارلىققا كەلگەن كىيىم ـ كېچەكنىڭ ماتېرىيالىغا ئائىت پەرھىزلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەت خاراكتېرىدىكى چەكلىمە ئەمەس ، بەلكى تەجرىبە خاراكتېرىدىكى چەكلىمىلەر بولغاچقا، ئۇلارنى پەرھىز ئۆرپ ـ ئادىتى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ يەردە ئۇلارنى تىلغا ئالمايمىز.

## 3. كىيىم ـ كېچەكنىڭ پاسونىغا ئائىت پەرھىزلەر

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى پەرق ئەڭ زور دەرىجىدە كىيىم ـ

---

[1] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقىي: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار» ، ئابدۇللاجان كېرىم تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 12ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 505 ـ بەت.

[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم ، 213 ـ بەت.

كېچەكلەرنىڭ پاسونىدا ئىپادىلىنىدۇ. كىيىم ـ كېچەك ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئىنسانلارنىڭ تۇرغان مۇھىتى بىلەن، بولۇپمۇ كېلىمات شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. "ھەر قايسى مىللەتلەر ئىشلىتىۋاتقان كىيىم ـ كېچەكلەر ئىچىدىن بىز تەبىئىي مۇھىت بىلەن كېلىمات شارائىتىنىڭ كىيىم كېچەكلەرنىڭ پاسونى ھەم ئىشلىتىلىش قىممىتىگە قارىتا زور روللارنى ئوينايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. سوغۇق بەلباغ ۋە مۆتىدىل بەلباغ رايونلىرىدا ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، تۆت پەسىلگە ماس تىكىلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ نۇسخىلىرى ۋە پاسونلىرى كۆپ خىل، ماتېرىيال ئىشلىتىش ۋە تىكىش جەھەتتىمۇ ئىنچىكىدۇر. ۋەھالەنكى، ئىسسىق بەلباغدا ياشىغۇچى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ كىيىم نۇسخىلىرى ۋە پاسونلىرى ھاۋانىڭ ئىللىقلىقى سەۋەبىدىن بىر قەدەر ئاددىي، تىكىلىشىمۇ ئانچە مۇرەككەپ ئەمەستۇر."[1] ئۇيغۇرلار سوغۇق بەلباغ ۋە مۆتىدىل بەلباغدا پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىۋىي شارائىتتا ياشاپ كەلگەچكە، ناھايىتى قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا كىيىم ـ كېچەكنىڭ شەكلى ۋە پاسونىغا بەك ئېتىبار بەرگەن. مەيلى باش كىيىم بولسۇن، ياكى ئاياغ كىيىم بولسۇن ۋە ياكى ئۈستىباش كىيىملىرى بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى قىشلىق كىيىملەر، يازلىق كىيىملەر ۋە ئەتىيازلىق ـ كۈزلۈك كىيىملەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىقى تۈرلەرگە مۇناسىپ ھالدا ھەر قايسى پەسىلدىكى كىيىملەرنىڭ ماتېرىيالى، رەڭگى، پاسونى مەلۇم جەھەتلەردە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. كىيىم ـ كېچەك پاسونىغا ئالاقىدار پەرھىزلەر كىيىم ـ كېچەكنىڭ تىكىلىش شەكلى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ئادەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ كىيىم ـ كېچەكنىڭ پاسونىغا ئالاقىدار تېخنىكىۋىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككى نۇقتا كىيىمنىڭ بەدەننى يېپىش دەرىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلەر بىلەن جىنس، ياش، كەسىپ پەرقىگە ئاساسەن شەكىللەنگەن كىيىم پاسونىدىكى پەرھىزلىك ئادەتلەردۇر.

ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەدەننى تولۇق يېپىشنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ھەتتا ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ، سۈزۈك كىيىملەرنى كېيىش قەتئىي چەكلەنگەن ئىشتۇر. نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇيغۇرلار كىيىمنى پۈتۈن ۋە تولۇق كېيىشنى ئىنسانىي پەزىلەت، ئەخلاق ۋە ھايانىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ قارىغان ۋە ئاياللار يۈزىدىن ۋە قول ئالقىنىدىن باشقا جايلىرىنى

---

[1] جاۋ پىڭ، لۈ يىڭخۇالار تۈزگەن: «كىيىم ـ كېچەك پسىخولوگىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، جۇڭگو توقۇمىچىلىق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، خەنزۇچە، 172 ـ بەت.

تولۇق ياپىدىغان كىيىملەرنى، ئەرلەرمۇ بوينىدىن پۇت ئۇشۇقىغىچە ۋە قول بېغىشىغىچە ياپىدىغان كىيىملەرنى كېيىپ كەلگەن. ئەرلەرنىڭ كالتە ئىشتان بىلەن سىرتلاردا (ھەتتا ئۆي ئىچىدە) يۈرۈشى ئېغىر ئېلىنىدىغان ئىش بولۇپ ھېسابلانغاننىڭ ئۈستىگە، بۇ جەھەتتە ئاياللارغا قويۇلىدىغان تەلەبلەر تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ، بەدەننىڭ ھەر قايسى ئەزالىرى، ئەگرى سىزىقلار روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تار كىيىملەرنى، يوتا ياكى پاقالچەك ئېچىلىپ قالىدىغان قىسقا كىيىملەرنى، يەڭسىز كىيىملەرنى، مەيدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كېيىش قاتتىق چەكلىنىپ كەلگەن. قىسقىسى، بەدەننى تولۇق ياپالمايدىغان ھەر قانداق پاسونىدىكى كىيىم – كېچەكلەرنى كېيىش ئاياللار ئۈچۈن پەرھىز بولۇپ سانالغان. مۇشۇنىڭشا مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇرلار كىيىم پاسونىنىڭ كەڭرەك، ئۇزۇنراق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ كىيىمى تولۇق بولۇشى تەلەپ قىلىنغاندىن باشقا، يەنە ئەرلەرنىڭ كىيىمىنىڭ بەك ئۇزۇن بولماسلىقى بەلگىلەنگە. كىيىمنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۇنى كەيگۈچىدە پەخىر ۋە چوڭچىلىق تۇيغۇسى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، مەيلى تون قاتارلىق سىرتقي كىيىملەر بولسۇن، ياكى ئىشتان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلىقىنىڭ پۇت ئۇشۇقىدىن ئاشماسلىقى تەلەپ قىلىنغان.

كىشىلەر جەمىيەتتىكى ئورنىنىڭ، قىلىدىغان كەسىپ – ئوقىتىنىڭ، جىنسىنىڭ، ياش قورامىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ كىيىم – كېچەكلەرنىڭ پاسونى جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە جىنىس پەرقى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن پەرھىزلەر ھەقىقەتەن كۆپ ۋە قاتتىق. ئۇيغۇرلار بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا كىيىم – كېچەكنى ئەر – ئاياللىق جىنسىي ئايرىملىقى بويىچە پەرقلىق كېيىشنى ئۆگىتىدۇ، پۈتۈن ئۇيغۇر كىيىملىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ ناھايىتى ئېنىق جىنس پەرقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق پەرقنى تەكىتلەش سەۋەبىدىن ئەرلەرنىڭ ئايالچە پاسوندىكى كىيىملەرنى كېيىۋېلىشى ياكى ئاياللارنىڭ ئەرچە پاسوندىكى كىيىملەرنى كېيىۋېلىشى جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدۇ. كىيىم – كېچەكنىڭ پاسونى كىيىمنىڭ ياقا – يەڭلىرىنىڭ كەڭ – تارلىقى، تۈگمىسىنىڭ سانى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، پەش ھەم يانچۇقىنىڭ شەكلى، بەلنىڭ، كۆكرەكنىڭ كەڭ – تارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. شۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ياقا ئۇچىنىڭ يۇمىلاق بولۇشى، يەڭنىڭ تار بولۇشى، تۈگمىسىنىڭ چاپان – كۆينەكلەرنىڭ سول پېشىگە ،

ئىزمىنىڭ ئۇي پېشىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىشى، يانچۇقىنىڭ يانتۇ ھالەتتە كېسىلىشى، بەلىنىڭ تارراق، كۆكرەك قىسمىنىڭ كەڭرەك بولۇشى، ئىشتاننىڭ ئالدىدا يىرىقچە بولماي ياندا بولۇشى ياكى بولماسلىقى.... قاتارلىقلار ئاياللار كىيىملىرىنىڭ پاسون ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەكسىدىكىلىرى ئەرلەر كىيىملىرىنىڭ پاسون ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئەشۇنداق ئەڭ ئاساسىي بەلگە ـ ئالامەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى كىيىم پاسونىدىكى جىنس پەرقىگە ياتىدىغان پەرھىزلىك ھادىسىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى تويى قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن بەدەن بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، يەنە كىيىم پاسونلىرىنىمۇ مەلۇم جەھەتلەردە ئۆزگەرتىدۇ. دېمەك، تويى قىلمىغانلارنىڭ تويى قىلغانلار كېيىدىغان كىيىم پاسونلىرىنى تاللىشى، ھەمدە تويى قىلغانلارمۇ ئىلگىرىكى مەلۇم پاسوندىكى كىيىملىرىنى كېيىشى پەرھىزلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

## 4. كىيىمنى كېيىشكە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار كىيىم كېيىش جەھەتتىمۇ بەزى پەرھىزلىك قائىدىلەرگە رىئايە قىلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا كىيىم كېيىشكە ئائىت پەرھىزلەرنىڭ كۆپ قىسمى خۇراپىي قاراش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئاز بىر قىسمى بولسا دىنى چەكلىمىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەككە قارىتىلغان قىسمىدۇر.

ئۇيغۇرلار كىيىمنى كەيگەندە ئوڭدىن باشلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى بەلگىمىلەر بويىچە ئومۇمەن ياخشى ئىشلارنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش كېرەك . بۇنداق پەرھىزلىك چەكلىمىلەرنىڭ ئىسلامىي ئاساسى بار بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە كەش كەيگەندە ئوڭ تەرەپتىن باشلاش، سالغاندا سول پۇتنىڭكىنى ئالدىن سېلىش، باشقا كىيىملەرنى كەيگەندىمۇ ئوڭ تەرەپتىن باشلاش تەلەب قىلىنغان.[①] شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇرلاردا ھەر قانداق كىيىمنى سول تەرەپتىن باشلاپ كېيىش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتقا ئاياق كېيىش، چاپان، كۆينەك ۋە ئىشتانغا ئوڭ قول، ئوڭ پۇتنى سېلىش .... نى ئۆگىتىدۇ. سول تەرەپتىن باشلاپ كەيسە "يامان بولىدۇ" دەپ قورقۇتۇپ، ئەشۇنداق كېيىش ئۇسۇلىدىن چەكلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار كىيىم ـ كېچەكنى تەتۈر كېيىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان پەرھىزلىك ئادەتمۇ بار.

---

[①] [سۇرىيە] ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبىن شەرەف ئەننەۋەۋىي: «رىيازۇسسالىھىين» («ياخشى كىشىلەر باغچىسى»)، لۇۋان ئىلمىي كىتابلار نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، ئەرەبچە نەشرى، 337 ـ بەت.

ئەرلەر بۆكنى تەتۈر كېيمەيدۇ. ناۋادا بۇنداق قىلىپ سالسا، شۇ ئەر كۆپ خوتۇن ئېلىپ قالار ئىكەن. ئاياللارمۇ ياغلىقلىرىنى تەتۈر سالمايدۇ. چاپان، ئىشتان، كۆينەك قاتارلىق ھەر قانداق كىيىمنى تەتۈر كېيىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا ئىشى تەتۈر ماڭىدۇ دەپ جورۇلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئادەت بار: ئەگەر بىر كىشى كىيىمنى بىلمەستىن تەتۈر كېيىپ سالسا، ئۇنى شۇ جايدىلا ئۆرۈپ ئۆلۈك كېيىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بۇنى ئۆزى تۇيماي قېلىپ سىرتلارغا چىققاندا باشقىلار ئارقىلىق بىلسە، ئۇنى دەرھال يەڭگۈشلىمەستىن، بەلكى تەتۈر ھالەتتە ئۇدا ئۈچ كۈن كەيگەندىن كېيىن ئاندىن ئوڭشىۋالسا بولار ئىكەن. بۇندق قىلغاندا شۇ كىشىگە ئۈچ كۈن ئىچىدە ئامەت كېلەر ئىكەن. يەنە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ باركى، پەقەت نىرۋىسىدىن ئاداشقان كىشىلەر ياكى ئېغىر مۇسىبەتكە گىرىپتار بولغان كىشىلەرلا كىيىمنى تەتۈر كېيىش بىلەن قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. كىيىمنى تەتۈر كەيمەسلىك پەرھىزى تەتۈر لوگىكىلىق رەۋىشتە ئەنە شۇنداق مەجنۇنلۇقتا ياكى ئېغىر قايغۇغا مۇبتىلا بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان بىر تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش چارىسى بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار يەنە ئاياغنى يەكپاي ھالەتتە كېيىشتىن، چاپان ـ كۆينەكلەرنىڭ يېڭىنى ساپماي ياكى بىر يېڭىنى سېپىپ، بىر يېڭىنى ساپماي يۈرۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چاپان ـ كۆينەكنىڭ يېڭىنى ساپماسلىق خۇددى جەسەتنى يۆگەيدىغان كېپەنگە ئوخشىتىلىپ ( شۇ سەۋەبتىن، خەلق تىلىدا كېپەن "ياقىسىز ، يەڭسىز تون" دەپمۇ ئوخشىتىلىدۇ) ياكى قولى يوق كىشىلەرنىڭ كېيىش ئۇسۇلىغا ئوخشىتىلىپ قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە "چاپاننىڭ يېڭىنى ساپماي يەتتە قەدەم ماڭسا يامان بولىدۇ." دېگەن گەپ بار. ئاياغ كىيىمنى كېيىشتە، بىر پاي كەشنى كېيىپ، يەنە بىر پېيىنى كەيمەي مېڭىش ۋە ياكى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە كەش كېيىشمۇ چەكلەنگەن ئىشتۇر. بۇنداق چەكلىمىنىڭ ئىسلام ھەدىسلىرىدە ئاساسى باردۇر. جەنۇبى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەنە كەشنى كېيىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭنىڭ پاشنىسىغا ياكى تاپىنىغا قارىسا گاداي بولىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ. خەلق ئىشەنچلىرىدە ئاياغ كېيىپ باقمىغان ياكى نامراتلىق سەۋەبىدىن بىرەر ئاياغقا تەستە ئېرىشىدىغان كىشىلەرلا ئاياغ كىيگەندە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ شادلىق ھېس قىلىدۇ. ئوخشاشلىق قارىشى ئاساسىدا يۇقىرىقى پەرھىز ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققان. يەنە يېڭى كەش سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى كېيىشتىن بۇرۇن ئۇنى كۆرۈشۈپتىپ چەم تەرىپىگە قارىسا

بولمايدۇ، شۇنداق قىلىدىكەن، قارىغۇچىنىڭ يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالىدۇ، يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، چەمگە قارىغاندا ئۇنىڭغا تۈكۈرىۋېتىپ ئاندىن قاراش كېرەك دېيىلىدىغان بىر قىزىقارلىق ئادەتمۇ بار. ئىشتاننى ئۆرە تۇرۇپ كېيىشتىن پەرھىز قىلغاندىن باشقا ، يەنە " ئىشتاننى ئۆرە تۇرۇپ قىبلە تام تەرەپكە قاراپ كېيسە ئۆيگە ئوغرى كىرىدۇ." دېمۇ قارايدىغان ئەھۋال بار. بۇنداق بولۇشى ھەقىقەت بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ شۇ چەكلىمىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن توقۇلغان بىر ئەپسانىدۇر. ئۇيغۇرلار يەنە ياتقاندا چاپاننى ئۈستىگە يېپىشتا، بىر پەشنى باش تەرەپكە، يەنە بىر پەشنى ئاياق تەرەپكە قىلىپ يېپىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق يېپىش ئۇسۇلى "غېرىپچىلاپ يېپىش" دېيىلىدۇ. يەنى غېرىپ - مۇساپىرلار ئۆي - ماكانسىز بولغاچقا ئۇلار كوچىدىلا تۈنەيدۇ. يوتقان - كۆرپىسى يوق بولغاچقا چاپاننى ئۈستىگە ئەشۇنداق ياپىدۇ. بۇ نام ئەشۇ تەسەۋۋۇردىن كېلىپ چىققان. دېمەك، كىمكى چاپاننى ئۈستىگە غېرىپچىلاپ ياپىدىكەن، ئۇنىڭ بالىلىرى غېرىپچىلىققا گىرىپتار بولارمىش . بۇمۇ ئىبتىدائىي دەۋرلەردىن قېلىپ قالغان "بىر يامان ئىش ياكى ھەرىكەتكە تەقلىد قىلىنغان ئىش ياكى ھەرىكەتتىن ئوخشاشلا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ" دەپ چۈشىنىلىدىغان ئوخشاشلىق قارىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇيغۇرلار كىيىم كېيىشتە كېيىدىغان كىيىمنىڭ سانى جەھەتتىمۇ بەزى پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، خەلق ئارىسىدا بىر ئادەمنىڭ بىر خىل كىيىمى ئۈچ قۇردىن ئاشسا بولمايدۇ دەيدىغان گەپ بار. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشىلەر بىر خىل كىيىمنى ئۈچ قۇردىن ئاشۇرمايدۇ. ناۋادا ئۈچ قۇردىن ئاشسا ئاشقان ھەر ئۈچ قۇر كىيىمگە بىر قۇر زاكات كېلىدۇ دەپ قاراپ، كىيىمى تۆت - بەش قۇر بولۇپ كەتكەن ھامان بىر قۇرىنى يېتىم - يېسىر ۋە كەمبەغەللەرگە ئىئانە قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ياخشى ئەھۋالدۇر. چۈنكى كىيىم - كېچەك تېز خورايدىغان ئىقتىسادقا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنى كۆپەيتىش ئائىلە ئىقتىسادىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆپىيىشى جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي پەرقنى چوڭايتىۋېتىدۇ. ھالبۇكى ئۇنى ئاشۇرماسلىق ۋە ئاشقان قىسمىنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىۋېتىش - جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك خەير - ساخاۋەت ئىشىدۇر. ئۇيغۇرلاردا يەنە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىشتان كېيىشتىن، ئاياللار قوش ياغلىق سېلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان، قوش ئىشتان كېيسە ئەرلەر، قوش خوتۇنلۇق بولۇپ قالارمىش دەيدىغان قاراشلار مەۋجۇد. ئوخشاشلىق تەپەككۇرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇ

پەرھىزلەرگە يەنە مەلۇم دەرىجىدە ئىستىېتىك ئۆلچەملەرمۇ سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، قوش كىيىم كېيىش ياكى بىر خىل كىيىمنى ئۈستى ـ ئۈستىگە قاپلاپ كېيىش ئاللىقانداقتۇر "تاپقاننى ئۇچىسىغا ئارتىۋالىدىغان" مۇساپىر ياكى تىلەمچىلەرگە خاس ئىشتەك تەسەۋۋۇر قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار كىيىم سېلىشتىمۇ مەلۇم قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. ئالدىنقى سەھىپىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئىسلام دىنىدا كىيىمنى ئوڭدىن باشلاپ كېيىش ۋە سولدىن باشلاپ سېلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، كىيىم سالغاندا ئوڭدىن باشلاپ سېلىش پەرھىزلىك ھەرىكەتتۇر. خەلق ئىشەنچلىرىدە يەنە كىيىمنى سالغاندا تەتۈر ئۆرۈپ سېلىش ياخشى ئەھۋال ئەمەس . ئېيتىشلارغا قارىغاندا كىيىمنى تەتۈر ئۆرۈپ سالسا ، كىشلەر بىلىپ قالمىسۇن دېگەن مەخپىيەتلىك ئاشكارە بولۇپ قالار ئىكەن. بۇ خىل قاراشتىمۇ ئوخشاشلا ھېسسىي تەسىر تەپەككۇردىكى "ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى" رول ئوينىغان، خالاس .

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كېيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئۇيغۇر ئەر ـ ئاياللىرى تۆر پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان باش كىيىملەرنى كېيىشكە ئادەتلەنگەن. مەيلى ئەنئەنە تۈپەيلىدىن بولسۇن ياكى دىنىي ئەقىدە تۈپەيلىدىن بولسۇن، يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ئۇيغۇرلار بېشىغا بىر نەرسە كېيمەي يۈرۈشنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى. بولۇپمۇ بۇ چەكلىمە ئاياللارغا ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، "بېشىغا نەرسە ئارتمىغان ئايال بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، ئۆيدە قۇت ـ بەرىكەت بولمايدۇ." دەپ قاراش ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. ھازىرقى دەۋردە قىسمەن كىشلەر ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىدىن ۋاز كېچىپ يالاڭباش ھالەتتە يۈرۈشكە كۆنۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمما، ھەر قانداق بىر كىشى ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە نەزىرە ـ چىراغ مۇراسىملىرىغا باش كىيىمى كېيمەي بارمايدۇ. ئاممىۋى سورۇنلارغا باش كىيىمى كەيمەي بېرىش ھۆرمەتسىزلىك ۋە چوڭ ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار باش كىيىمنى باشقا كىيىملەرگە قارىغاندا بەكرەك ئۇلۇغلايدۇ. بۇنداق ئۇلۇغلاش قارىشى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن باشنى مۇقەددەس بىلىش بىلەن مۇناسىبەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلار باش كىيىملەرنى قويغاندا ئېگىز جايلارغا قويىدۇ. يەرگە تاشلاپ قويۇشتىن، دەسسەپ سېلىشتىن، باشقىلارنىڭ باش كىيىمى بىلەن ئالماشتۇرۇپ كېيىشتىن، تەتۈر ئۆرۈپ كېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشلەر "بۆك ۋە تۇماقلارنىڭ قىرنى

قاتلاپ كەيسە قوش خوتۇنلۇق بولۇپ قالىدۇ" دەپ ئەشۇنداق كېيىش ئۇسۇلىدىنمۇ چەكلىنىدۇ. قىسقىسى، باش كىيىمگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى بەك ئەتىۋارلايدۇ.

خەلق ئىشەنچىسىدە يېڭى كىيىم يېڭى بەختتۇر، يېڭى بەرىكەتتۇر. كىيىمگە ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ۋە ئىسسىنىش، بەدەننى قوغداش نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىستېتىكا نۇقتىسىدىن ۋە بەخت ـ قۇت چۈشەنچىلىرى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش ـ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىسىدۇر. ئۇيغۇرلار يېڭى كىيىم كېيىشتە مەلۇم كۈنلەرنى خەيرلىك ۋە مەلۇم كۈنلەرنى نەس دەپ قاراپ، نەس كۈنلەردە كىيىم كېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا "دۈشەنبە كۈنى يېڭى كىيىم كەيسە قايغۇغا گىرىپتار بولىدۇ، سەيشەنبە كۈنى يېڭى كىيىم كىيسە، شۇ كىيىم يىرتىلغاق بولۇپ قالىدۇ." دېگەن قاراش بار. شۇڭا يېڭى كىيىمنى شۇ كۈنلەردىن باشقا كۈنلەردە كېيىدۇ. بۇ قاراش ئۇيغۇرلاردا خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەسىلەن، 18 ـ ئەسىردە ياشىغان قاراقاشلىق ئالىم مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىينىڭ «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق كىتابىنىڭ «ئىگىن كىيمەكلىك ھەققىدە» دېگەن بۆلىكىدە مۇنداق بايانلار خاتىرىلەنگەن:

" كىيمە شەنبە يېڭى ئىگىن زىنھار،
كىيسەڭ ئەلۋەتتە بولغايسەن بىمار.
كىيسە يەكشەنبە نەگاھ يېڭى ئىگىن،
شۇنى بىلگىل پات ئوغرىغاي لىكىن.
جامە دۈشەنبە كيگەن ئول بىباك،
ماتەم ئولغاي يەقاسىن ئەتكەي چاك.
كىمىكى سەيشەنبە يېڭى جامە كيەر،
بولسا گەر سۇ ئىچىدە ئوتغە كۆيەر.
چاھار شەنبە كېيەرغە راغىب بول،
ئىگىن ئۈستۈن ئىگىنكى تالىب بول.
پەيشەنبە كېيىشكى زىبادۇر،

قەددىڭىزگە بىمەسەل زىيادۇر.

جۈمەدە سۈننەت ئۇلدى نەۋ جامە،

خاھى تاقىيۇ خاھى ئەمامە."[1]

هازىرغىچە يۇقىرىقىدەك قاراشلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەر يېڭى كىيىمنى پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنىدىن باشقا كۈنلەردە كىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. "پەيشەنبە كۈنى يېڭى كىيىم كەيسە دۈشمىنىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ" ، "جۈمە كۈنىدە يېڭى كىيىم كەيسە ساۋاب بولىدۇ. كەيگەن شۇ كىيىمگە زاكات كەلمەيدۇ." دەپ قاراپ، مەزكۇر كۈنلەردە يېڭى كىيىم كىيىشنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇيغۇرلار يەنە يېڭى كىيىمنى ئۆلۈم مەرىكىلىرىگە كىيىپ بارمايدۇ. شۇنداق قىلسا شۇ كىيىم دائىم ئۆلۈم مۇراسىملىرىدا كىيىشكە پۈتلۈپ كېتەرمىش. ئەمەلىيەتتە ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئۆلۈمگە يېڭى كىيىم كىيىپ بارماسلىق بەلكىم يېڭى كىيىم كەيگەندىكى خۇشاللىق تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈمدىكى قايغۇ كەيپىياتىغا ماس كەلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشى يېڭى ئۇستىباش كىيگەن هامان باشقىلار ئۇنىڭ يېڭى كىيىمنى مۇبارەكلىشىدۇ. ئەمما يېڭى ئاياغ كىيگەندە مۇبارەكلىمەيدۇ. بۇنداق بولۇشى ئاياغ تەرەپنىڭ ئۇلۇغلانمايدىغانلىقىدىن، ئاياغنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ناپاك دەپ قارىلىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلاردا بىر كىشى يېڭى كىيىم كەيگەندە، ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىسى هايات كىشىلەرنى تەبرىكلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ ياكى شۇنداق كىشىلەر ئالدىن تەبرىكلەيدۇ. ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرەرسى ياكى هەر ئىككىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر تەبرىكلەيدۇ. هەرگىزمۇ تۇنجى بولۇپ يېتىملەر مۇبارەكلىمەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا يېڭى كىيىمنى تۇنجى قېتىم ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر تەبرىكلىسە، شۇ كىيىمنى كەيگۈچىنىڭ كىيىمى قوش بولمايمىش. بۇ ئەمەلىيەتتە ئوخشاشلىق سېھرىي قارىشىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر ئادەتتۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى كىيىش ئۇسۇلىغا ئائىت ئادەت خاراكتېرلىك پەرھىزلەردۇر. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن سىرت كىيىم ـ كېچەكلەرنى قانداق ماسلاشتۇرۇپ

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەييارلىغان ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان ، ئۇيغۇرچە، 1995 ـ يىلى، 85 ـ بەت.

كىيىش ( رەڭ، پاسون، پاكىزلىق، تەرتىپ جەھەتلەردە)، قانداق سورۇندا قانداق كىيىم كىيىش ... كە ئائىت بىر قىسىم چەكلىمىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ساپ ئادەت ياكى ئىستېتىك قاراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان چەكلىمىلەر بولغاچقا، ئۇلارنى ئەنئەنىۋى پەرھىز ئادەتلىرى ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتۇر.

## 5. كىيىم تىكىشكە ئائىت پەرھىزلەر

تىككۈچىلىك كىيىم ـ كېچەك ياساش كەسپىدۇر. ئۇ ئىنسانىنىڭ سوغۇقتىن، تەبىئىي خەتەرلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش مەقسىدىدە ھەمدە بەدەننى يېپىپ ئورىنىش ۋە گۈزەللىك زەۋقلىرى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن. تىككۈچىلىك ھۈنىرى ۋە ماھارىتى كىيىم ـ كېچەكنىڭ پاسوننى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇنىڭ كەسپىلىشىشى ئىنسانىنىڭ كىيىمنى ساپ تەبىئىي مەقسەدلەر ئۈچۈنلا كېيىشتىن تەلەپىدىن كۆپ يۈكسەلگەنلىكى ۋە ھالقىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تىككۈچىلىككە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىسبەتەن ئالغا كەتكەن كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە يارىشا، يۇقىرى سەۋىيىلىك تىككۈچىلىك ماھارىتى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تىككۈچىلىككە دائىر بىر قىسىم پەرھىزلىك ئادەتلەرمۇ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ «تىككۈچىلىك رىسالىسى» دە تىككۈچىلىكنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى، ئىش تەرتىپلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ كەسپنىڭ رىسالىلىك بولۇشى، ئۇنىڭ خەلق نەزىرىدە مۇھىم ھۈنەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار كىيىم پىچىشتا ۋە تىكىشتە بىر قاتار ئىرىملىك قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىرى كىيىم پىچىش ۋە تىكىشتە كۈن تاللاشتۇر. خەلق ئارىسىدا سەيشەنبە كۈنىدە، جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە شەنبە كۈنى كىيىم پىچسا، شۇ كىيىم دەزمال سالغۇچە كۆيۈپ كېتىدۇ ياكى يىرتىلىپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، ئەشۇ چاغلاردا كىيىم پىچىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. «سالنامە» دە يېزىلىشچە ئاينىڭ تۆتىنچىسى ۋە ئون تۆتىنچى كۈنلىرى كىيىم پىچسا خەيرىلىك بولماس ئىكەن. ھەپتىنىڭ ھەر قايسى كۈنلىرىدە كىيىم پىچسا خەيرىلىك ياكى نەسلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇراپىي قاراشلار يەنە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىمۇ خاتىرىلەنگەن. شۇ ئەسەرنىڭ «ئىگىن كەسمەسلىك ھەققىدە» دېگەن بۆلىكىدە مۇنداق يېزىلىدۇ:

"كىشىكىم كەسسە ئىگىن روز شەنبى،

بولۇر بىمار ئاغرىغۇنچە تەنى.

ۋە گەر يەكشەنبىدە كەسسە بىناگاھ،

قالۇر غەمگە، ياراشماس، بولسۇن ئاگاھ.

كى دۈشەنبە مۇبارەك كەسسە ئىگىن،

كى خۇشھال بولغايسەن، بولماسسە غەمكىن.

ۋە گەر سەيشەنبە كەسسە نەۋ سەرۇپاي،

كى ئوغرى ئالغايۇ يا سۇغا ئاققاي.

ئەگەر چاھارشەنبە كەسسە خوب بىسيار،

تەۋانگەر بولغاسەن يەئنى زەردار.

كى ئالىم بولسا پەيشەنبە كەسسە،

بولۇر ئىلمى زىيادە، مۇنى بىلسە.

ئەگەر ئازنى كەسسە ئىگىن خوپ،

بولۇر ئۆمرى دەرازۇ دەۋلەتى كۆپ."[1]

يۇقىرىدىكى نەزمىدە تەسۋىر قىلىنغاندەك قاراشلار خەلق ئارىسىدىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئۇ ئادەتلەرنىڭ قىسقا مەزگىلدە پەيدا بولۇپ قالغان قۇرۇق گەپ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ئىككى ھېيت كۈنلىرى كىيىم پىچىشتىن، كىيىم تىكىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قىلىشنى شۇ كۈنلەرگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىككى ھېيت كۈنلىرىدە ياخشى ئەمگەكلەرنىمۇ قىلىشقا بولمايدۇ؟ چۈنكى بۇ كۈنلەردە ئەمگەك قىلىش خەلق ئىشەنچىسىدە تويمىغورلۇقنىڭ، ھېيت ھۆرمىتىنى ساقلىماي ئىشلەۋېرىشنىڭ، كىشلەر ئارا خۇشال كەيپىياتقا باقماسلىقنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

ئۇيغۇر تىككۈچىلىرى جۇنۇپ ھالىتىدە كىيىم پىچىش ۋە كىيىم تىكىشتىن پەرھىز قىلغاندىن باشقا، يەنە دۇكان ئىچىنى ناپاك تۇتۇش، تازلىماسلىق، دۇكان ئىچىدە ناشايان ئىشلارنى، ناشايان گەپلەرنى

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىنىنياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 84 ـ بەت.

قىلىشنىمۇ چەكلەيدۇ. تىككۈچىلەر خېرىدارلار ئېلىپ كىرگەن رەختلەرنى ئۆلچەپ ئېلىپ قالغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا پۈتتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا رەختلەردىن قېيۋىتىلگەن پۇرۇچلارنى ۋە يىپلارنى ئىسراپ قىلمايدۇ. تىككۈچى ئۇستىلار كىيىمنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان رەخت پارچىلىرىنى ۋە چوڭراق پۇرۇچلارنى كىيىم ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ھەرگىزمۇ سەل چاغلاپ ئېلىپ قالمايدۇ. بۇ ھەقتە «تىككۈچىلىك رىسالىسى»دە "ھەر كاسىپ ... كىشىنىڭ بىر تال يىپ، بىر گەز رەختى چاغلىق نەرسىسىگە خىيانەت قىلسا، قىيامەت كۈنى پىر ـ ئۇستازلار نارازى بولىدۇ، بۇ دۇنيادىمۇ ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ." دېيىلىدۇ. ئۇندىن باشقا تىككۈچىلەر ۋە شاگىرتلار كىچىك لاتا پۇرۇچلىرىنى قالايمىقان تاشلاشتىن، ھاجەتخانىغا تاشلاشتىن، كۆيدۈرۈشتىن، ئۈستىگە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق نەرسىلەرنى ئاساسەن يەرگە كۆمۈۋېتىش ۋە ئېقىن سۇغا تاشلىۋېتىش لازىم دېيىلىدۇ. ئومۇمەن، بۇ پەرھىزلەر خۇراپىي بولسىمۇ، ئەمما تۈپ مەقسەي يەنىلا تىجارەتنىڭ روناق تېپىشى، خېرىدارنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت.

## 6. كىيىمنى يۇيۇش ۋە قۇيۇشقا ئائىت پەرھىزلەر

كىيىمنى بىر مەزگىل كەيگەندىن كېيىن كىرلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يۇيۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ گەرچە ناھايىتى ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كىشىلەر نەزىرىدە خېلى كۈچلۈك ئادەت تۈسىنى ئالغان بىر پائالىيەتتۇر. جۈملىدىن ئۇيغۇرلار كىيىمنى يۇيۇشتا مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم تەرتىپ جەھەتتىكى پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىدۇ.

ئالدى بىلەن، ئۇيغۇرلار كىيىم ـ كېچەكنى يۇيۇشتا مەلۇم كۈننى تاللاپ ئاندىن يۇيىدىغان، مەلۇم كۈنلەردىن بولسا پەرھىز قىلىدىغان ئادەتلەر بار بولغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرى شەنبە كۈنى، يەكشەنبە كۈنى، دۈشەنبە كۈنى ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىدە كىر يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ ھەقتە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىمۇ مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان:

“*ئىگىن يۇماقلىق ھەققىدە*

گەر ئىگىن يۇسە ئازىنە كۈنى،

ياخشىلىق كۆرگەي ئول كۈن ـ تۈنى.

شەنبە ئىگىن يۇماقنى خوب دېمە،
غەم قايغۇنى بىھۇدە يېمە.
يۇمە يەكشەنبە بولسا ئىگىن كىر،
ئەر - خوتۇن بولغاسە ئەجىب دىلگىر.
دۇشەنبە ئىگىن يۇيىماڭ زىنھار،
يۇيساڭ ئەلۋەتتە بولغاسەن بىمار.
كىم سەيشەنبە يۇسە دەۋا بولغاي،
بىسەبەب ھاجەتى دەۋا بولغاي.
چاھارشەنبە كىشى ئىگىن يۇدى،
ئالايۇ ساتسە كۆپ كۆرەر سودى.
پەيشەنبە يۇيىماڭ ئىگىن زىنھار،
مالىڭىزغە زىيان بولۇر بىسيار."[1]

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى كىيىم يۇيۇشقا ئائىت پەرھىزلىك كۈنلەر ھەققىدىكى قىسمەن سارقىندا ئادەت بىلەن يۇقىرىقى بايانلاردىكى مەزمۇن مەلۇم دەرىجىدە ئىزچىللىققا ئىگە. ئۇيغۇرلاردا يەنە "سەيشەنبە كۈنىدە كىر يۇيسا ياخشىلىق كېلىدۇ. بۇ كۈندە ھېچبولمىغاندا قول ياغلىقى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ يۇيۇش لازىم." دېگەن قاراش ۋە ئادەت بار. نۇرغۇن كىشىلەر ( يەنى مۇشۇ بويىچە ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ) نېمە ئۈچۈن بەزى كۈنلەردە كىر يۇيسا بولمايدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن بەزى كۈنلەردە كىر يۇيسا ياخشىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ياكى سۈرۈشتۈرمەيدۇ. بىزنىڭچە ئەھۋال مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: سەيشەنبە خەلق ئىشەنچلىرىدە ئىنتايىن نەس كۈن بولۇپ، بۇ كۈندە ناۋادا بەدەننىڭ كىرىنى ئېرىغدايدىغان ياخشى ئىش قىلىنىدىكەن، ئەلۋەتتە مۇشۇ كۈندىن كېلىدىغان نەسلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن قارىغاندا، قەدىمكى ساددا ئاسترونومىيىلىك قاراشلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن يۇقىرىقىدەك كۈنلەرنىڭ خەيرلىك ياكى نەسلىكى بويىچە مەلۇم ئىشلاردىن چەكلىنىش

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، ئۇيغۇرچە، 1995 - يىلى 8 - ئاي، 86 - بەت.

ئادىتىنىڭ كۆپ ئىلمىي ئاساسى بولمىسا كېرەك.

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر ئەرلىرى كىر يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ، كىرنى ئاياللارلا يۇيىدۇ. بۇ ئەڭ قاتتىق جىنسىي پەرقنى تەكىتلەيدىغان پەرھىز بولۇپ، ئەرلەردىن كىمكى كىر يۇيۇدىكەن، ئۇ "ئايال خەقنىڭ ئىشىنى قىلغانلىق" سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ كەلگەن. كىرئالغۇ بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى دەۋردە شەھەرلەردە ئەرلەر كىر ـ قات يۇيىدىغان ئىشلارغا ياردەمدە بولۇش ئادەتتىكى ئىش تەرزىدە قارىلىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئەرلەر يەنىلا بۇ ئىشتىن چەكلىنىپ كەلمەكتە. كىر يۇيۇش پەرھىزلىرى ئىچىدە يەنە ئاياللار كىر يۇيغان چاغدا ئەرلەرنىڭ كىيىمى بىلەن ئاياللارنىڭ كىيىمنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇيۇشتىن، ياكى ئاياللارنىڭ كىيىمى يۇيۇلغان سۇدا ئاندىن ئەرلەرنىڭ كىيىمنى يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. بۇ پەرھىزلەر ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىگە ئىگە بولغۇچىلار ياكى ئوغۇل ـ قىز قېرىنداشلارنىڭ كىيىمى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ئۈنۈمگە ئىگە. بۇ پەرھىزلەر ئاياللارنى ناپاك دەپ قاراش ۋە ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئادەت شەكلىدىكى ئىپادىلىرىدۇر. يەنە ئاياللار كىر يۇيغاندا يېمەكلىك يەۋېتىپ يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا، ئاياللار تۇغۇۋاتقاندا، تۇغۇتى بىلەن چوڭ تەرىتى بىللە كېلىۋېلىپ، قىيىنچىلىق تارتىدۇ دەپ جورۇلىدۇ. بۇ ساغلاملىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان پەرھىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قويۇق خۇراپىي تۈس ئىچىگە يوشۇرۇلغان. مۇشۇنداق قىلىش بەلكى نۇرغۇن تەجرىبىۋىي پەرھىزلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار يەنە كىيىم يۇيغان يۇندىنى خالىغان جايغا تۆكمەيدۇ، يۇندا تۆكۈلگەن جايلارغا دەسسىمەيدۇ. يۇندىنى ئەڭ ناپاك نەرسە دەپ قاراپ ئۇنى ئەڭ چوڭقۇر ئەۋرەزلەرگە ۋە چەت جايلارغا تۆكىدۇ. مەيلى كىر يۇيۇشتىكى ۋاقىت پەرھىزلىرى بولسۇن ياكى يۇندىنى تۆكۈشكە ئالاقىدار پەرھىزلەر بولسۇن، ھەممىسىدە تەننى ئۇلۇغلاش، تەنگە كېيىلگەن كىيىم ۋە ئۇنىڭدىن چىققان كىر بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدا مەلۇم تەسىرچانلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇد دەپ قاراشتەك ئىشەنچ يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار كىيىملەرنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يېيىپ قۇرۇتۇشتىمۇ مەلۇم پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىدۇ. مەسىلەن، ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى ھايا ۋە ئەدەبنى ساقلاش تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشىدىغان جايلارغا يايمايدۇ. يەنە كېيىم ـ كېچەكنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن تەتۈر

يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا يۇيۇلغان كىيىمنى تەتۈر يايسا، شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ئىشلىرى تەتۈرگە ماڭارمىش. يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئەرلەرنىڭ كىيىمنى، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ كۆينەك، چاپانلىرىنى يۇيغاندىن كېيىن ياقا تەرىپىنى پەسكە، پەش قىسمىنى ئۈستىگە قارىتىپ يېيىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مۇشۇنداق قىلسا شۇ كىيىمنى كەيگەن ئەر خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالارمىش. يەنە شۇنداق پەرھىزمۇ باركى، ناۋادا ئاياللارنىڭ ئىشتىنى يۇيۇلۇپ بىرەر جايغا يېيىلغان بولسا ، ئەرلەر ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈشتىن چەكلىنىدۇ. جىنسىي ئەزانى ۋە جىنسىي ئەزاغا تېگىپ تۇرىدىغان ئىشتان ھەم كالتە ئىشتانلارمۇ ناپاك دەپ قارىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاياللارنىڭ كالتە ئۇزۇن ـ ئىشتانلىرى ئاستىدىن ئەرلەر ئۆتكەندە، ئەرلەرگە ئاياللارنىڭ ناپاكلىقى دەخلى قىلىدۇ دەپ قاراش ئاساسىدا مۇشۇنداق پەرھىزلىك ئادەتلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

ئۇيغۇرلار كىچىك بالىلارنىڭ كىيىمنى يۇيغاندىن كېيىن ئۇنى پۈتاقلىق دەرەخ ( تىكىنى كۆپ، چاتقال تىپىدىكى دەرەخلەر) گە يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا بالىنىڭ كىيىمى يىرتىلغاق (ئاسان يىرتىلىدىغان) بولۇپ قالارمىش دەپ جورۇلىدۇ. بۇ پەرھىزنىڭ پرىنسىپىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر. كىچىك بالىلارنىڭ، بولۇپمۇ بوۋاقلارنىڭ كىيىمى يۇيۇلغاندىن كېيىن سىرتلارغا يېيىپ قويۇلغاندا زاۋال پەيتلىرىدە يىغىپ ئەكىرىۋېلىنىدۇ، ھەرگىز سىرتتا قالدۇرۇلمايدۇ. ناۋادا سىرتتا قالدىكەن، ئۇنىڭغا جىن ـ شەيتانلار چېپىلىپ، بۇنى بالا كېيگەندە ئۇمۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە كىيىم يۇيۇلغاندىن كېيىن ئۇنى قۇرۇماستىنلا كېيىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا كىيگۈچىنىڭ نىكاھى سۇسلىشىپ كېتىدۇ ياكى قېيىن ئانىسى ئۆچ بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىپ، ئەشۇنداق ئىشتىن چەكلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھۆل كىيىمنى كېيسە بەدەنگە سوغۇق ئۆتىدۇ، كىيگۈچى بىئارام بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا كېسەل بولىدۇ. "نىكاھى سۇسلىشىپ كېتىدۇ ياكى قېيىن ئانىسى ئۆچ بولۇپ قالىدۇ" دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئەشۇ تەجرىبە ئارقىسىدىكى خۇراپات تۈسىنى ئالغان بىر خىل ھەيۋە ياكى ھەيدەكچىلىكتۇر.

كىيىمنى قويۇش جەھەتتە، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان پەرھىزلەر كىيىمنى مۇۋاپىق بولمىغان ۋاقىتتا مۇۋاپىق بولمىغان ئورۇنغا قويماسلىق شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئالدىنقى سەھىپىلەردە تىلغا ئالغان يۇيۇلغان كىيىملەرنى ئېسىش ھەققىدىكى پەرھىزلەرمۇ مەلۇم جەھەتتىن كىيىمنى قويۇشقا

مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلەردۇر. ئۇيغۇرلار كىيىمنى سالغاندىن كېيىن ئومۇمەن ئۇلارنى تەتۈر قويمايدۇ، يەنى ئاياقنى دۈم قويمايدۇ، چاپاننى دۈم ئاسمايدۇ، تەتۈر قاتلىمايدۇ، تەتۈر يېپىنمايدۇ. يۇقىرىقىدەك قىلسا ئىشى تەتۈرگە ماڭىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. ئۇيغۇرلار باش كىيىمنى ئۇلۇغلاپ ئۇنى قويغاندا پۇت تەرەپكە، پەسكە ياكى دەسسىلىپ كېتىدىغان جايلارغا قويمايدۇ. باش كىيىمنى ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، بەلكى ياتاردا بولسۇن ياكى پەسىل ئالماشقاندا باشقا باش كىيىمنى كېيىشكە توغرا كەلسۇن، ئۇنى ئېگىز جايلارغا ئېسىپ قويىدۇ. باش كىيىمدىن قالسا ئۇلۇغلىنىش دەرىجىسى جەھەتتە چاپان – كۆينەكلەر تۇرىدۇ. بۇ كىيىملەرنى قويۇش جەھەتتە ئالاھىدە پەرھىزلەر يوق. بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەۋقەگە قويۇلغان كىيىملەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بەلدىن تۆۋەن تەرەپكە كىيىلىدىغان كىيىملەر ناپاك ياكى پەس دەپ قارالغان بولغاچقا، ئۇلارنى قويۇش جەھەتتە مۇنداق پەرھىزلەر بار: ئاياغ كىيىمنى مىسال قىلساق، ئۇيغۇرلار ئاياغ كىيىمنى ۋە پايپاقنى باش تەرەپكە قويمايدۇ ۋە ياكى ئۈستۈن جايلارغا ئېسىپ قويمايدۇ. مۇشۇنداق قىلسا دۈشمەنى باشقا چىقىۋالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىشتاننى ئېلىپ ئېيتساق، ئىشتاننى باشقا قويۇپ يېتىش، ياكى باش تەرەپكە قويۇپ يېتىش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار مەيلى چاپان بولسۇن ياكى ئىشتان بولسۇن، ھەر قانداق كىيىمنىڭ ياقىسىدىن ئۈستىگە ئېسىپ قوماستىن بەلكى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا توغرا كالتەك (ئاسقۇ) بېكىتىپ كىيىملەرنى ئاشۇ كالتەككە ئارتىلدۇرۇپ قوياتتى. بۇنداق پەرھىز بەلكى كىيىم ئەشۇنداق كەيگەن ھالەتتە ئېسىلغاندا ئۇنىڭ ئىچىنىڭ قۇرۇق بولۇپ قېلىپ، ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك ھالىتىنى ئەسكە سالىدىغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار يەنە "ئەرلەر ئېزىز ئايالالار خار" ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە، ئەر – ئايالالارنىڭ كىيىمنى بىر يەرگە قويۇشتىن ياكى ئەرلەرنىڭ كىيىمنى ئايالالارنىڭ كىيىمىنىڭ ئاستىغا قويۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتمۇ بىر قەدەر كۈچلۈك. ئۇيغۇرلار يەنە كەش (ئاياغ كېيىم) لەرنى دۈم ھالەتتە قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا كەش تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالغان بولسا، ئۇنى ئوڭ قويۇپ قويىدۇ. يەنە بىر ئادەتتە ناۋادا كەش تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنى قولغا ئېلىپ دۈم قىلىپ تۇرۇپ تاكى كەش ئوڭ چۈشكىچە يەرگە ئۇرسا ساۋاب بولىدۇ دېيىلىدۇ. كەشنىڭ دۈم بولۇپ قېلىشى باشقىلارنىڭ كەش ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمنى تىلەۋاتقانلىقىنىڭ بىشارىتى دەپ جورۇلىدۇ. شۇڭا پەرھىز قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار كىيىمگە تۇگمە قاداش جەھەتتە مەلۇم پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. تۇگمە كىيىم ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈگۈن پەيدا قىلىدىغان ۋە كىيىمنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان بۆلەكتۇر. توقۇناق، تۈگۈن ۋە ھالقىلارنى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا يېشىۋېتىش، بۇزۇۋېتىش ۋە ئېلىۋېتىش دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ئادەتتۇر. تۇگمە ۋە تۈگۈچلەردىن پەيدا بولغان توسۇق ۋە يېپىق ھالەتلەرنى رېئال تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا تەدبىقلاپ، بۇ ئەھۋالنى ئوخشاشلىق ياكى تەسىر سېھىرگەرلىكى بويىچە چۈشىنىش شۇ خىلدىكى بارلىق پەرھىزلەرنىڭ پىكىر ئاساسىدۇر. ئۇيغۇرلاردا بۇ ھەقتە كىيىمنى كەيمەي قويۇپ قويغاندا، ئۇنىڭ تۇگمىسىنى ئېتىپ قويۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان پەرھىزلىك ئادەت ساقلىنىپ قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ناۋادا شۇنداق قىلىنىدىكەن، شۇ كىشىنىڭ يولى راۋان بولماس ئىكەن.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ئۇيغۇرلار كىر كىيىملەر بىلەن پاكىز كىيىملەرنى بىر جايغا قويۇشتىن، كىيىملەرنى بۇلغانغان ۋە پاسكىنا جايلارغا قويۇشتىن، چوڭ ئادەملەرنىڭ كىيىملىرى بىلەن بوۋاقلارنىڭ كىيىمنى بىر يەرگە قويۇشتىن، ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ كىيىملىرى بىلەن ھايات ئادەملەرنىڭ كىيىملىرىنى بىر يەرگە قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپىنچىسى ساغلاملىق ۋە پاكىزلىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەجرىبە تىپىدىكى چەكلىمىلەر، خالاس .

## 7. كىيىمنى ياماشقا ئائىت پەرھىزلەر

كىيىم يىرتىلغاندىن كېيىن ئۇنى ياماشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ يوشۇرۇشقا تېگىشلىك بەدەن ئەزالىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان قىسمى يىرتىلىپ كەتسە، شۇ ھامان ياماش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يىرتىلغان كىيىمنى ياماشقا ئائىت بىر قىسمى پەرھىزلىك ئادەتلەرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا "چاپان ـ كۆينەكنىڭ مۈرە قىسمى يىرتىلىپ كەتسە، ئىگىسى قەرزدار بولۇپ قالىدۇ." دېگەن خۇراپىي قاراش مەۋجۇد. ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە مۈرە قىسمىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشى مۈرىدە كۆپ نەرسە كۆتۈرۈش ياكى زىيادە ئېغىر ئەمگەك سەۋەبىدىن بولىدۇ. مۇشۇ پەرھىزدە ئەنە شۇ نەتىجە سەۋەب ئورنىغا يۆتكىلىپ، كىيىمنىڭ مۈرە قىسمىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشى كۆڭۈلدە پەرھىز قىلىنغان. ئۇيغۇرلار يىرتىلغان كىيىمنى كېيىپ تۇرۇپ ياماشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا يامغۇچى قۇرۇق تۆھمەتكە گىرىپتار

بولارمىش. بۇنداق ئاقۋەتتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېيىمنى ياماتقۇچى كىشى ئېغىزىغا بىر تال ياغاچنى چىشلىۋالسا ساۋاب بولارمىش. ئەمەلىيەتتە كىيىمنى كېيىپ تۇرۇپ يامىغاندا ياماقنى ياخشى سالغىلى بولمايدۇ ھەم يىڭنىنىڭ بەدەنگە سانچىلىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ پەرھىز تەجرىبە تىپىدىكى چەكلىمە بولسىمۇ، نەتىجىسى ئويدۇرمىدۇر. ئۇيغۇرلار يەنە بالىلارنىڭ كىيىمىنىڭ يىرتىقىنى يامىغاندا، ناۋادا كىيىمنى كىيدۈرۈپ تۇرۇپ ياماشقا توغرا كەلسە، بالىلارنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ يامىمايدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا بالا بىتەلەي بولۇپ قالىدۇ دەپ جورۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىلار ئەقلىنىڭ توشمىغانلىقىدىن كىيىمىنىڭ يىرتىقىنى ياماۋاتقاندا كۆپ ھەرىكەت قىلىپ، ياماق سېپىتىگە تەسىر يەتكۈزىشى ۋە يىڭنە سانچىلىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان پەرھىزدۇر.

خۇلاسىسە تەرىقىسىدە ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك پەرھىزلىرى يۇقىرىقىدەك بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلەر تۇغۇت ئادەتلىرىدىكى بوۋاقلارنىڭ كىيىم - كېچىكىدە، توي - تۆكۈن، نەزىرە - چىراغ پائالىيەتلىرىدىكى مۇراسىم كىيىملىرىدە ۋە بەدەننى يالىڭاچ قويماسلىقتا دائىر ئادەتلەردە ھەم كەڭ كۆلەمدە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرى ناھايىتى رەڭگا - رەڭ بولۇپ، يۇقىرىقىلار پەقەت ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ساپ پەرھىزلىك ئادەت كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان مەنىۋى قىسمىدۇر. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ۋە مۇلاھىزە قىلغان پەرھىزلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرقى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا رېئال مەۋجۇد بولغان چەكلىمىلەردۇر. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنىش ئادىتىدىكى پەرھىزلەر ھەققىدە ماتېرىياللار يېتەرسىز بولغاچقا، ئىلگىرىكى پەرھىزلەر توغرىسىدا توختىلىش ئاساسەن مۇمكىن بولمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك پەرھىزلىرىنىڭ ھەتتا پۈتۈن كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ جىددىي ئۆزگىرىش ياساۋاتقان مەزگىلى بولۇپ، كىيىم - كېچەككە ئالاقىدار نۇرغۇن پەرھىزلەر تەدرىجىي يوقالماقتا. بۇمۇ تارىخنىڭ ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك ئادىتىگە ئېلىپ كەلگەن بىر زەربىسى بولسا كېرەك.

## 8. تۇرالغۇغا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر

ئادەمنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى، جۈملىدىن، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئىشلەپچىرىش

پائالىيىتى، تۇرلىك مۇراسىملار ئەنە شۇ "ئائىلە" ياكى "يۇرت" دا ئىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، تۇرالغۇ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ئەڭ زۆرۈرىي ئېھتىياجلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇرالغۇ مەدەنىيىتى شەكسىزكى بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى قاتارلىقلار بىلەن زىچ ئالاقىدار بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇ مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، جۇملىدىن ئىدىيىسى، ئاڭ تۇيغۇسى، دىن ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئىستېتىك چۈشەنچىلىرى بىلەنمۇ مۇناسىبەتلىك بولىدۇ. كىشىلەر تۇرالغۇ ئارقىلىق ئىسسىنىش، يېتىپ ـ قوپۇش، خېيىم خەتەردىن ساقلىنىش قاتارلىق جىسمانىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرغاندىن باشقا، ئىستېتىك قاراشلىرى، بېلىش ھالىتى ۋە ئېتىقاد ھالىتى قاتارلىق ئۇچ خىل مەنىۋىي ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇ ھالىتى ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى دەرەخ ئۇستىدە، ئۆڭكۈرلەردە ياشاشتىن ئاددىي قورۇلمىلىق ئۆيلەرگە، خىش ـ كېسەكتىن ياكى كېگىز، رەختلەر، تېرىلەردىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەرگە ۋە ھازىرقى زاماندىكى بېتون قورۇلمىلىق ياكى مېتال قورۇلمىلىق ، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، كۆپ قەۋەتلىك ئۆيلەرگە تەرەققىي قىلدى.

ئۆيىنى ئىنسانلار ئەزەلدىن نوقۇل ماددى نەرسە دەپ چۈشەنگەن ئەمەس. ئۆيلەرنىڭ سىلېنىشى، يەرلەرنىڭ، كۆنلەرنىڭ تاللىنىشى، ئۆي قورۇلمىسى ھەم ماتىرىيالى، ھويلا ـ ئارام ئىشلىرى، ئۆي چىقىش ۋە كۆچۈشى باشتىن ئاخىرى كىشلەرنىڭ دىن ـ ئېتىقادى، مۇقەددەسلىك قاراشلىرى، جىن ـ ئالۋاستى، روھ قاراشلىرى، ئىستېتىك قاراشلىرى، قاراشلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ھەر قايسى خەلقلەردە تۇرالغۇغا ئائىت بىر قاتار ئۆرپ ـ ئادەتلەر شەكىللەنگەن. ئەلۋەتتە، تۇرالغۇ ئادەم ياسىغان ھاسىلات بولۇش سۈپىتىدە، ئۇنىڭدا ھۈنەر ـ پەن ماھارەتلىرى، جوغراپىۋىي ساۋاتلار، مۇھىت ئىلمى، بىناكارلىق، ئىستېتىكا قاتارلىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىلىم ۋە ساۋاتلار ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تۇرالغۇ سېلىش ۋە تۇرالغۇدا ئولتۇرۇشنىڭ ھەم بىر قاتار يوسۇنلىرى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ ـ تۇرالغۇغا ئائىت ئىرىملىك قاراش ۋە پەرھىزلەر بولۇپ، ئەشۇ ئىرىملىك قاراش ۋە پەرھىزلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تۇرالغۇنى مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تونۇغلى، بىر مىللەتنىڭ مەركۇز ساھادىكى قاراشلىرىنى بىلىپ ئالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارمۇ باشقا ئىنسان تۈركۈملىرگە ئوخشاش قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىپتىدائىي ئولتۇراقلىششى

ھالىتى، كۆچمەن ھالەتتە كېگىز ئۆي تىكىپ ئولتۇراقلىشىش ھالىتى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى يۇرت بۆلەكلىرى بويىچە ياغاچ - خىش ئۆيلەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ھالىتى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى. تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار نىسبەتەن بالدۇر شەھەر - يېزىلار بويىچە مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ھالىتىگە كۆچكەن خەلقتۇر. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى، بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتى ۋە دىن ئېتىقادى ھەمدە ئىستېتىك قاراشلىرىغا مۇناسىپ ھالدا ئادەتتىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر، بۇتخانا، مىڭ ئۆي، مەسجىد خانىقا، مازار - قەبرىستان قاتارلىق بىناكارلىق نەمۇنىلىرىنى ياراتقان. ئۇيغۇرلار ئاساسەن ھۆل - يېغىن ئاز بولغان قۇرغاق رايونلارغا ماكانلاشقاچقا، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىمۇ مۇشۇنداق تەبىئىي شارائىتقا ماس ھالدا قورۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن دەۋرلىرىدىكى تۇرالغۇ شەكلى بولغان ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي) لىرىنىڭ ئومۇمى ھالىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ئادەتلەردىن خەۋەرسىزمىز. بۇ يەردە نۇقتىلىق قىلىپ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ياغاچ - خىش قورۇلمىلىق ئولتۇراق ئۆيلەرگە ئالاقىدار ئىرىملىك قاراش ۋە پەرھىز ئادىتىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىمىز.

## 1. ئۆي سېلىشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي سىلېشنى ئەڭ مۇھىم، ئەر ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدىغان ئىش دەپ قارايدۇ. ئۆي - تۇرالغۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆي سىلېشتا ھەر خىل ئېتىقاد، خۇراپىي قاراش ياكى گۈزەللىك چۈشەنچىلىرنى، ھەمدە مەنپەئەتدارلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ بىر قاتار ئىشلاردىن چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زاماندا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ئۆيلىرى ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى ئۆگزىسى تۈز، چاسا شەكىللىك خىش - ياغاچ قورۇلمىلىق ئۆيلەر؛ يەنە بىرى، ئۈستى خىش بىلەن يېرىم چەمبەر شەكىلدە ئەگمە قىلىپ يېپىلىدىغان ئۆيلەر. ئۇيغۇرلار مەھەللىلەر بويىچە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئولتۇراقلاشقان يەر كۆلىمى نىسبەتەن كەڭرى بولغاچقا، ھەرقانداق ئەھۋالدا تۇرالغۇ بىر يۈرۈش ئۆي ۋە ئۇنى قورشاپ تۇرىدىغان ھويلىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇندىن باشقا، تۇرالغۇ ئۆينىڭ ئالدى ۋە كەينىدە باغ بولىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ تىپىك تۇرالغۇ قورۇلمىسىدۇر. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي سلېشقا دائىر پەرھىزلىك ئادەتلەرنى بىر قانچە نۇقتا بويىچە شەرھلەيمىز.

### (1) جاي تاللاشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۆي سېلىش ئۈچۈن ياخشى يەرنى تاللاش، ئەتراپلىق ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار مەھەللەر بويىچە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، جوغراپىيىۋىي شارائىتنى ئويلىشىپلا قالماستىن، يەنە كېيىنكى ئەھۋالنى تەخمىنىن قىلىپ جاي تاللايدۇ. يەنە ئىجتىمائىي ئالاقە مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ خۇلۇم ـ خوشنىلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى بىلەن بولغان ئارىلىق مەسىلىسىنىمۇ ئېتىبارغا ئالىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، يۇرتتىن نېرى، پىنھان جايلارغا ئۆي سېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ھەر قايسى مەھەللەرنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بولىدۇ مەسىلەن، "قاسسابلار مەھەللىسى" ، "كوزىچىلار مەھەللىسى"، "ئابداللار مەھەللىسى"، "دىۋانە مەھەللىسى"، دېگەندەك. دېمەك، ھەر بىر ئادەم ئۆي سېلىشقا يەر تاللىغاندا كەسپى ماس كەلمىگەن كىشلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللەرگە ئىمكانقەدەر ئۆي سالمايدۇ. بولۇپمۇ، پەس كەسىپ دەپ قارالغان تىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ئۆي سالمايدۇ. دېمەك، كەسپىنىڭ توغرا كېلىشىگە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتا، ئۆي سالماقچى بولغان جايغا يېقىن كىشلەرنىڭ (كەلگۈسىدىكى خوشنىلارنىڭ ) خاراكتېرىنى كۈزىتىدۇ. مىجەزى ياخشى، ئەخلاقلىق، ئادەمگەرچىلىكى بار كىشلەر بىلەن خوشنا بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ناۋادا كەلگۈسىدىكى خوشنىسى ئۇششۇق، ئاچكۆز، بەد ئەخلاق بولسا، ئۇنداق يەرلەرگە ئۆي سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار خوشنىدارچىلىققا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ھەقتە، "يېراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى خوشنا ياخشى" دېگەن ماقالىمۇ بار. ئۇيغۇرلار يەنە "خوشنا ھەققى" گە ئالاھىدە ئېتىبار قىلىدۇ. "خوشنا ھەققى" دېگىنى خوشنىلار ئارا ئۆز ـ ئارا ھۆرمەتلىشىش، ياردەمدە بولۇش، بىر ـ بىرىنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە، تېررىتورىيىسىگە چېقىلماسلىقتەك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئەشۇنداق "خوشنا ھەققى" نى ساقلىيالمايدىغان ئادەم بىلەن ھەمخوشنا بولۇشتىن، ئۇلارنىڭ ئۆيى يېنىغا ئۆي سېلىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. بۇ كىشلىك مۇناسىبەت قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققان پەرھىزلىك ئادەتلەردۇر.

ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتا جوغراپىيىۋىي شارائىتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئومۇمەن تەسكەي (كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان) جايلارغا ئۆي سالمايدۇ. ئىمكانقەدەر كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان، ئەتراپتىكى مەنزىرىسى گۈزەل (ياكى كەلگۈسىدە گۈزەللەشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار) جايلارغا ئۆي سالىدۇ. بۇ بىر نۇقتىدۇر. يەنە بىرى، ئۆي سېلىشقا يەر تاللاشقا دەريانىڭ قېشى، يار ئېلىپ تۇرىدىغان جىلغا، يول (مەيلى كونا تاشلاندۇق

يەر بولسۇن) قاتارلىق جايلارغا ئۆي سالمايدۇ. يەنە بەزى جايلاردا يار ئېلىپ تۇردىغان جىلغىلاردا جىنلار ماكانلاشقان، بۇنداق يەرلەردە ئۆي سالسا جىنلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. يول ئادەملەر ماڭىدىغان يەر بولغاچقا، ئۇنى ئىگىلەپ ئۆي سالغاندا، كىشلەرنىڭ لەنىتىدىن ۋە قارغىشىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئىلگىرى ئۇيغۇرلار يەنە زالىم بەگلەرگە خوشنا بولۇشتىنمۇ پەرھىز قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۆز مال ـ مۈلۈكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشىدىن ياكى غەزىپىگە ئۇچراپ پالاكەتكە دۇچار بولۇشتىن ئېھتىيات قىلغان. شۇ سەۋەبتىن قەدىمكى دەۋرلەردە بەگ، ھاكىملار جايلاشقان شەھەر ـ قەلئەلەردىن يىراق ماكانلىششىنى ئەۋزەل بىلگەن. بۇ ھەقتە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ"

4545 ئۆيۈڭنى يېقىن سالما چوڭ يولغا سەن،

ئۇنىڭدىن ھەزەر قىل، زەرەر كۆرسەن.

4546تاشار دەريا يا بەگنىڭ بولما خوشنىسى،

يېقىن تۇرما ھىسارغا ئەقىل ئىگىسى.

4547 بۇ ئۈچ خوشاللىقتىن ساڭا پايدا يوق،

زىيان تەگسە ئۇنىڭدىن توسار چارە يوق.

4548 ئۆي ئالماق تىلەسەڭ، خوشنىغا قارا،

يەر ئالماق تىلەسەڭ، سۈيىنى ئارا.»[①]

ئۇيغۇرلار يەنە مەسجىد، خانىقا قاتارلىق دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرىنىڭ خاس ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن ۋەخپە يەرلەرگە ئۆي سىلىشتىن پەرھىز قىلىپ كەلگەن. بۇنداق يەرلەرگە ئۆي سېلىش چەكلەنگەندىن باشقا، يەنە بۇنداق يەرلەرنى پۇقرالار ھەقسىز ياردەمدە بولۇپ تېرىشىپ بەرگەن. بۇ ۋەخپە يەرنىڭ مۇقەددەسلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىلاھىي خىزمەتكە ئىشلىتىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە چېقىلىپ كەتكەن مەسجىتلەرنىڭ ئورنىغىمۇ ئۆي سالمايدۇ. مەسجىد ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيەت ئورنى بولۇپ، ئۇنى مۇسۇلمانلار ئۇلۇغلاپ "خودانىڭ ئۆيى" (خۇدا ھەدىيە

[①] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 944~945 ـ بەتلەر.

قىلغان، خودالىق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۆي) دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆي سېلىۋېلىش كىشلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپلا قالماستىن، يەنە ئۇ دىنىي قائىدىگىمۇ خىلاپتۇر. ۋەخپە يەرگە ياكى مەسجىدنىڭ ئورنىغا ئۆي سېلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، خەلق ئارىسىدىكى پەتىۋالاردا، ئىشلەتكەن يەرنىڭ مو بېشىغا يىلدا تۆت جىڭ تۆت سەر ئاشلىق ئۆشرە بېرىش بەلگىلەنگەن. بۇ ئەھۋال ھازىر قىسمەن ھالەتتە ساقلانماقتا.

ئۇيغۇرلار روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئادەمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش تۈپەيلىدىن، ئۆي سېلىشقا يەر تاللاشتا "روھناتلارنىڭ تۇرار جايى" ياكى "جىن - ئالۋاستىلار توپلانغان جايلار" دەپ قارالغان تۆۋەندىكى بىر قانچە ئورۇنغا ئۆي سېلىشقا پەرھىز قىلىدۇ. ئۇلار: خامان ئىزى، كونا قوتان ئىزى، كونا كۆلنىڭ ئورنى، كونا قەبرىستان، قەبرىستاننىڭ يېنى، مازار ۋە مازارنىڭ يېنى، ئوزاق مەزگىل تاشلىنىپ قالغان ئۆينىڭ ئورنىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئورۇنلاردا "جىن بار" دەپ قارالغاچقا ئۆي سالمايدۇ. ناۋادا كونا كۆل ئورنىغا ئۆي سېلىشقا توغرا كەلسە، خەلق ئارىسىدىكى ئادەت قانۇنى بولغان "تۆرە" بويىچە كونا كۆل ئورنىغا ئۆي سالغۇچى باشقا بىر يەردىن كۆل چېپىپ، شۇ كۆلنىڭ سۈيىنى پۇقرالار يەتتە يىل ئىچكەندىن كېيىن سېلىشى، ياكى سەدىقە زاكات بېرىپ، پۇقرالارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆي سېلىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما قەبرىستانلىقنىڭ ياكى مازارنىڭ ئورنىغا ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆي سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۆي سېلىشقا ئورۇن تاللاشتا، شۇ جاينى ياخشى كۆزىتىشتىن باشقا، يەنە پال بېقىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەلۇم ئورۇنغا ئۆي سالسا خەيرلىك ياكى نەسلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۆي سالسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسلەن، بەزى جايلاردا كۆنا كۆل ئورنىغا ئۆي سالماقچى بولغاندا، يۇقىرقىدەك ئۇسۇللارنى قوللانغاندىن سىرت، يەنە ئۆي سالماقچى بولغان كىشى كونا كۆل ئورنىدا ئىككى - ئۈچ كېچە يېتىپ، ئۇ جاينىڭ جىن - ئەرۋاھلار ماكان قىلغان ئورۇن ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئاندىن ئۆي سېلىش ياكى سالماسلىقنى بەلگىلەيدۇ. يەنە ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مۇنداق بىر ئۇسۇلمۇ بار: ئۆي سالغۇچى ئۆي سالماقچى بولغان يەرگە بىر خادىنى قاداپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ناننى ئېسىپ قويىدۇ. بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن ئەگەر نان ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇرغان بولسا،

شۇ جايغا ئۆي سلىشنى قارار قىلىدۇ. ئەگەر نان يوقاپ كەتسە، شۇ جايغا ئۆي سالمايدۇ ۋە باشقا جاينى تاللايدۇ. ئەلۋەتتە، خادا ئۇچىغا ئېسىلغان ناننى ئىت قاتارلىق ھايۋانلار يەۋالمايدۇ، ئادەممۇ ئېلىۋالمايدۇ. بەلكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقاپ كېتىشى مۇمكىن. دېمەك، ئەگەر نان يوقاپ كەتسە، ئۆي ئېگىسى شۇ جاينىڭ ئەرۋاھلار ۋە جىنلارنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى، ناننى ئەشۇلارنىڭ يەپ كەتكەنلىكىنى جەزىم قىلىدۇ ـ دە، شۇ جايغا ئۆي سالغاندا كېيىنكى كۈنلەردە ئامان بولالماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆي سلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆي سېلىش ئادىتىدە، يەر تاللاش مەسىلىسىدە ھەم ئىلمىي ھەم خۇراپىي قاراش سەۋەبىدىن يۇقىرىقىدەك ئىرىملىك ئادەت ۋە پەرھىزلىك قاراشلار ساقلىنىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە نوپۇسنىڭ تېز ئېشىشى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قىسىلىشىشى، ھەمدە زامانىۋىي تۇرالغۇ — ئېگىز، كۆپ قەۋەتلىك بىنالارنىڭ بارلىققا كېلىشى، ۋەخپە يەر تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يۇقىرىدىكى پەرھىزلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالماقتا.

## (2) كۈن تاللاشقا ئائىت پەرھىزلەر

قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يۇلتۇزشۇناسلىق ئىلمى تەجرىبىلىرگە ئاساسەن، مەلۇم يىل، ۋاقىت، سائەت، كۈنلەردە ياخشىلىقنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى، يەنە بەزىلىرىدە بولسا نەسلىك، شۇملۇقنىڭ تولا يۈز بېرىدىغانلىقىغا جەزىم قىلغان. شۇ قاراشلارنىڭ بىر ئىپادىسى ئىمارەت سالغاندا ۋاقىت تاللاشقا ئالاقىدار بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت ئەسەرلەردىن «تارىخى تەقۋىم» (ئاپتورى ئېنىق ئەمەس)، «رىسالەئى كەۋكەبنامە» (ئاپتورى ئېنىق ئەمەس)، «شەكىلنامە» (ئاپتورى ئېنىق ئەمەس)، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (مۇھەممەد ئىۋەز ئىبنى مەۋلانە سەدرىددىن قاراقاشىي)، «نورۇزنامە» (مۇھەممەد ئىۋەز ئىبنى مەۋلانە سەدرىددىن قاراقاشىي)، «يۇلتۇزنامە» (ئاپتۇرى ئېنىق ئەمەس) قاتارلىق كلاسسىك قولىيازمىلار بار. شۇلار ئىچىدە ھازىرغا قەدەر زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلانغان بىردىنبىر ئەسەر «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا بۇرج ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئالمىشىشى، ھەرىكىتى تەسۋىر قىلىنغاندا، بەزى كۈنلەردە ئىمارەت سلىشنىڭ يامان ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسلەن، شۇ ئەسەرنىڭ «ئىنتىقالاتى بۇرج ھەققىدە

بايان» («بۇرجلارنىڭ ئالمىشىشى ھەققىدە بايان») ناملىق بابىدا، ئاي ھەمەل بۇرجىغا توغرا كەلگەندە، ئاي جەۋزا بۇرجىغا توغرا كەلگەندە ، ئاي شەرەتان بۇرجىغا توغرا كەلگەندە، ئاي مىزان بۇرجىغا توغرا كەلگەندە، ئاي جەددى بۇرجىغا توغرا كەلگەندە ئىمارەت بەرپا قىلماقنىڭ ياخشى ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ناۋادا يېڭى يىل (ھىجرىيە يىلى) دۈشەنبىدىن باشلىنىپ قالسا، شۇ يىل ئىچىدە ئىمارەت سالماقنىڭ ھەم نەس ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.[1] قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي سېلىشتا ئىلمىي نۇجۇمدىن خەۋىرى بار كىشلەردىن مەسلىھەت سوراپ، مۇۋاپىق كۈننى تاللىۋالغانلىق ئەھۋالىنىڭ بولغانلىقى ئېنىق. ئەمما كېيىنكى چاغلاردا ئۆي - ئىمارەت سېلىشتا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى ۋە ھەرىكىتىگە قاراپ كۈن بەلگىلەش ئىشلىرى ئاساسەن يوقىلىپ كەتتى. ئەمما، شۇ قاراشلارنىڭ قالدۇقى سۈپىتىدە ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا مۇنداق ئادەت ساقلانماقتا: يەنى، ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتا ئاساسەن سەيشەنبە كۈنى ئۇل بېسىپ قويۇپ، چاھار شەنبە كۈنىدە تام قوپۇرۇشنى باشلايدۇ. پەيشەنبە، جۈمە، شەنبە، يەكشەنبە، ۋە دۈشەنبە كۈنلىرىدە ئۆي سېلىشنى ئومۇمەن باشلىمايدۇ. يەنە سەيشەنبە كۈنىدىمۇ ئۇل بېسىپلا تام قوپۇرمايدۇ. ئارىلىقتا بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ. خەلق ئارىسىدا "چارشەنبە — ئىمارەت سېلىشنىڭ سائىتى" دېگەن گەپ بار. بۇ ئەشۇ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلەردىن قالغان بىر قاراشتۇر. دەرۋەقە سەيشەنبە ئۇل بېسىپ قويۇپ، چارشەنبە تام قوپۇرۇشقا باشلاش — رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋالغاندا ئۇلنىڭ ياخشى بېسىلغان - بېسىلمىغانلىقىغا، ئۇلنىڭ چىڭىۋېلىشى ۋە قورۇۋېلىشىغا، شۇنداقلا ئەگەر ئۇل خاتا بېسىلغان بولسا قايتا قوپۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە جۇغراپىيۋي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، قىش پەسلىدە، رامىزان ئايلىرىدا، ئۆلۈم - يېتىم بولغان ئاي - كۈنلەردە تام قوپۇرۇپ ئۆي سالمايدۇ. بۇلار ئەمەلىي ئېھتىياجدىن چىقىپ چەكلىنىدىغان ئىشلار بولۇپ، خەلق ئۆرپ - ئادىتى ئىچىدىكى پەرھىزلەر كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدۇ. ئومۇمەن، خەيرلىك ئىشنى خەيرلىك كۈندە باشلاپ، شۇ ئۆيدە مۇقىملىق ۋە ئامانلىق ساقلاشنى ئىستەش — بۇ خىلدىكى پەرھىزلەرنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسىدۇر.

### (3) ئۆينىڭ قورۇلمىسىغا ئائىت پەرھىزلەر

---

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 - يىلى 8 - ئاي، 38 - ، 39 - ، 41 - ، 63 - بەتلەر.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئۆي سالغاندا بوشلۇقنىڭ بۆلۈنىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلىشى ساپ مەنىدىكى فىزىكىلىق ھادىسە ئەمەس، بەلكى باشتىن ـ ئاخىر مەدەنىيەت مەنىسىدىكى پائالىيەت بولۇپ كەلدى. مەلۇم بىر ماكاننىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكى ياكى ئادەتتىكىچە، رېئال ئىكەنلىكى دائىم ئۇ ماكاننىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كىشلەرنىڭ ماكان ئىچىدا تۇتىدىغان ئورنى ۋە ئۇنىڭ باشقا ماكانلار بىلەن قانداق قورۇلما مۇناسىۋەتتە تۇرغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەندى. جۈملىدىن، ئۆينىڭ ئىشكىنىڭ يۆنىلىشى، ھەر قايسى ئۆيلەرنىڭ رەت تەرتىپى، قورۇلمىسى، ھويلىدا ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆيلەر بىلەن ھايۋانلار بېقىلىدىغان ئۆيلەر ھەم ھاجەتخانىلارنىڭ ئورۇنلىششى تۈرلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسى بىر ھويلا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر يۈرۈش ئۆي ھەمدە ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى باغدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي قورۇلمىسىدا ھويلا يەنە ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى ھويلا دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. تاشقىرىقى ھويلا ئەڭ سىرتقى تام بىلەن قورشالغان دائىرىنى كۆرسەتسە، ئىچكىرىكى ھويلا بولسا ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆيلەرنى ھايۋان ئېغىلىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان، ۋە ياكى ئائىللارنىڭ خانىسىنى ئادەتتىكى ئۆيلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ھويلىدۇر.

مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم ئۇلتۇردىغان ئۆيلەر بىلەن ھايۋانلار ئېغىلىنى قوشۇۋەتمەيدۇ. ئۇلارنى سىرتقى ھويلا تېمىدىن پاكارراق بولغان كۈڭكۈرلىك تام بىلەن ئايرىپ، ئىشىك بېكىتىدۇ. يەنە بىرى ھاجەتخانىدۇر. ئۇيغۇرلار ھاجەتخانىنى ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىگە ۋە قىبلە تەرىپى (غەربى) گە سالمايدۇ، بەلكى ئارقا تەرىپىگە يىراقراق قىلىپ سالىدۇ. "ھاجەتخانە بىلەن ئولتۇراق ئۆينىڭ ئارىلىقى يىگىرمە گەزدىن كەم بولسا بولمايدۇ" دەپ قاراپ، ئولتۇراق ئۆي بىلەن ھاجەتخانىسىنى ئېنىق ئايرىيدۇ. ئومۇمەن، ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆي، ھايۋان ئېغىلى ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ماكانى سۈپىتىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەي، بىر ـ بىردىن ئېنىق ئايرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار تۇرالغۇ ئۆيلەرنى بىر قانچە بۆلەككە بۆلىدۇ. بۇلەكلەر مېھمانخانە (مېھمان ئۆيى، ساراي ئۆيى)، ئايۋان (دەھلىزە ئۆي)، ياتاق ئۆي، ئاشخانا، قازناق (ئامبار) لاردىن ئىبارەت. ئايۋان ئادەتتە قاتار بىر يۈرۈش ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ، ساراي بىلەن ياتاق ئۆي ئايۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدە بولىدۇ. ئاشخانا

بولسا ياتاق ئۆي ياكى سارايىنىڭ يېنىدا بولىدۇ. قازناق بولسا ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تۇتاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ.

ئەلۋەتتە قورولما جەھەتتىن يۇقىرىقى سىخېمىدىن پەرقلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بىراق يۇقىرىقى ئارىلىشىپ كەتسە بولمايدىغان ئۈچ ساھە چوقۇم ئايرىۋېتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆي سالغاندا ئۆي قورۇلمىسىنىڭ چاسا بولۇشىغا ئېتىبار بېرىدۇ. يەنى ئۆيىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ۋە شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىنىڭ توغرا بولۇشىغا دىققەت قىلىدۇ. «تامچىلىق رىسالىسى» دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: "ھەر بىر ئۇستام تامچىلىق ئىشىغا قەدەم قويغاندا، ئاۋۋال مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىنىڭ قىبلە تەرىپىنى ياخشى ئۆلچىشى لازىم. ئۆيىنىڭ قىبلىسىنى تەتۈر قىلسا ياخشى ئەمەس. ... »[1] دېمەك، قىبلىسىنى توغرا قىلىش دېگىنى ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىنى غەربكە توغرىلاش دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىنىڭ كۇۋادرات شەكىلىك (تۆت تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەڭ ھالەتتە) بولۇشىدىن پەرھىز قىلىدۇ ۋە مۇنداق ئۆي ۋاپا قىلمايدۇ، دەپ قارايدۇ. روشەنكى، ئۆيىنىڭ كۇۋادرات شەكىللىك بولۇشى بىر خىل مۇكەممەللىك، كەم كۈتىسىزلىكتۇر. زىيادە مۇكەممەللىك ۋە ئىۋەنسىزلىكتىن نەسلىك كېلىپ چىقىدۇ دەپ قاراش خەلق ئىشەنچىلىردىكى يەنە مۇھىم مەزمۇندۇر. ئۆيىنىڭ قىبلىسىنى نەق غەربكە توغرىلاش يەنە ئۆي ئىشىكىنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ ئېچىلىشىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىنى يول بويلىرىغا سالغاندا، يولنىڭ غەربتىن شەرققە ياكى شىمالدىن جەنۇبقا ئەمەس، بەلكى قىيپاش بولۇشىغىمۇ قارىماي، ئۆيلىرىنى (تورالغۇ ئۆيلىرنى) يەنىلا شەرق ـ غەرپ يۆنىلىشى بۆيىچە سالىدۇ، قىبلىنىڭ ئۆيىنىڭ بولۇڭىغا كېلىپ قىلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مۇنداق ھالەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تۆت تەرەپنىڭ بىرگە ئۇدۇل توغرىلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. شەرققە قارىتىپ سالدىغانلارمۇ نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ. قىبلىگە قارىتىپ سالدىغانلار ئاساسەن كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئەمما شىمال تەرەپكە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قارىتىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ناۋادا ئۆي يولنىڭ جەنۇبىدا بولغان تەقدىردىمۇ، ھويلا ئىشىكىنى يول تەرەپ بولغان شىمالغا قاراتسا قارىتىدۇكى، ئەمما ئۆي ئىشىكىنى شىمالغا قاراتمايدۇ. ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئىلگىرى شامان ئېتىقادى تەسىرىدە كۈننىڭ چىقىش ئورنى بولغان شەرقنى مۇقەددەس بىلگەن، ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىنى شەرققە قارىتىپ ئاچقان ئىدى.

---

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 314 ـ 315 ـ بەتلەر.

بىز خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىكى بايانلاردىن بۇ ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بۇ ئەھۋال تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇپقا قارىتىپ ئۆي سېلىشىدا بىزنىڭچە ئالاھىدە مەنىۋي سەۋەب يوق. بەلكى ئۇنداق قىلىش قوياش نۇرىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈندۇر. خەلق ئارىسىدا ئىشىكنى قىبلىگە قارىتىپ ئاچمايدىغان ئادەت بار. يەنە بەزىلەر بولسا غەربكە قارىتىپ ئېچىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار ھويلا دەرۋازىسىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. نورمال ئىقتىسادى بار كىشلەر ئىمكانىقەدەر دەرۋازىنى ياخشىراق، چوڭراق ياسايدۇ. ئەمما ئۆز ئەھۋالىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىدىغان، بەك ياسىداق دەرۋازا قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇ ھەقتە "سەللە يوغان ئىمان يوق، دەرۋازا يوغان بىر نان يوق" دېگەن تەمسىل بار بولۇپ، بۇنىڭدا دەرۋازىنى ئۆز ھالىغا يارىشا قويۇش تەشەببۇس قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ئۆينىڭ نەق كۇۋادرات شەكىللىك بولۇپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلغاندىن باشقا، يەنە تامنىڭ بەك ئېگىز بولۇپ كېتىشىدىمۇ پەرھىز قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى قائىدىدە ئۇل باسقان يەردىن بالا بېشىنىڭ ئۈستىگىچە بولغان ئارىلىق يەتتە گەز (گەز ـ ئۇيغۇرلارنىڭ مېتىر سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولۇپ، بىر گەز 71 سانتىمېترگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ قىسقىراق شەكلى ھازىرمۇ ئىشلىتىلمەكتە. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا يەتتە گەز تۆت مېتىر توقسان يەتتە سانتېمىترغا تەڭ بولىدۇ.) دىن ئاشماسلىقى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بوي تۇرقى ۋە بىناكارلىق ئەنئەنىسىگە ئاساسەن ئۆيلەرنى ئېگىزرەك سالاتتى. دېمەك بەش مېتىرغا يېقىن ئېگىزلىكتىكى ئۆي يىقىنقى دەۋرلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر قەدەر ئېگىز ھېسابلانغان. ئەمما يەتتە گەزدىن ئاشماسلىقى كېرەك، دېگەن بەلگىلىمە ئۆينى ئېگىزرەك سالىدىغان دەۋرلەر ئۈچۈن ئۆلچەم بولغان.

ئېغىل بولسا ئۆي قورۇلمىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئىلىپ ئۆتكەندەك، ئۇيغۇرلار ئېغىل ۋە قوتان بىلەن ئولتۇراق ئۆينى پاكارراق تام رىشاتكا بىلەن ئايرىۋېتىدۇ. ئېغىل ئۆيلەرنىڭ يان تەرىپىگە ياكى ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ جەھەتتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر پەرھىزلىك ئادەت ساقلىنىپ قالغان: يەنى، ئېغىل سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇر سالماقچى بولغاندا، ئوقۇرنى ئېغىلنىڭ شەرق تەرەپ تېمىغا چاپلاپ سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھارام ھايۋانلار ئۈچۈن ئوقۇر سالغاندا تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر ئوقۇرنى شەرقى تامغا چاپلاپ سالسا، ھارام ھايۋانلارنىڭ كاسسا قىسمى قىبلىگە بولۇپ

قالىدۇ ـ د ، خەلق ئىشەنچىسىدە بۇ قىبلە تەرەپ (مەككە تەرەپ) كە قىلىنغان ئېغىر ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئوقۇر سالغاندا ئاساسەن غەربىي تامنى ئەۋزەل بىلىدۇ. شىمال ۋە جەنۇپ تەرەپكە سېلىشنىمۇ ھەم يامان كۆرمەيدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتا ئۆيلەرنىڭ شەكلىنى ئەتراپلىق ئويلىشىدۇ. كەڭ كۇشادە، باغلىق، ھويلىلىق ئۆيلەرنى دۇنيا راھەتلىرىدىن بىر دەپ قارايدۇ. بەزىدە يەرشەكلى سەۋەبىدىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەرھىزلىك ئادەتلەردە قىسمەن بۇزۇلۇش بولۇشى مۇمكىن. بۇ بولسا ئايرىم ئەھۋالدۇر.

## (4) ئۆي سېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيالغا ئائىت پەرھىزلەر

مەيلى ئۆي يىپپىشتا بولسۇن ياكى تام قوپۇرۇشتا بولسۇن، ھەرخىل ماتېرىياللار لازىم بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلتۇراق تۇرمۇشنى باشلىغاندىن كېيىنكى ئۆيلىرى ئاساسەن ياغاچ ـ كېسەك قورۇلمىلىق ئۆيلەردۇر.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي سېلىشتا ئىشلىتىدىغان ماتېرىيالغا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلىرىنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز.

ئۇيغۇرلار مەيلى خىش قۇيۇش ئۈچۈن بولسۇن ياكى لاي ئېتىش ئۈچۈن بولسۇن، پاكىز يەرنىڭ توپىسىنى ئىشلىتىدۇ. ئومۇمەن ئېتىزلىقلارنى پەسلىتىش (لاي سۇ كىرىۋەرگەنلىكتىن ئېتىزلىق تەدرىجىي ئېگىزلەپ كېتىدۇ.) مەقسىدى بىلەن ئۆي سېلىش مەقسىدى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېتىزلىقلاردا لاي ئېتىپ، خىش قۇيىدۇ ۋە تام ئۈچۈن لاي ئېتىدۇ. ئەمما زاراتگاھنىڭ توپىسىنى، مەسجىد توپىسىنى، مازار توپىسىنى، ۋەخپە يەر توپىسىنى ۋە كونا يول توپىسىنى ئىشلىتىپ ھەرقانداق لاي ئېتىش ۋە كېسەك قۇيۇشتىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. ناۋادا يۇقىرىقى جايلارنىڭ توپىسىنى ئىشلىتىپ ئۆي سالىدىكەن، شۇ ئۆي تېنىچ بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە لايغا كۆلنىڭ، ئۇستىخان پارچىلىرىنىڭ، كۆيۈپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىدۇ. كۆل يىپپىشقاقلىقى يوق ماددا بولغاچقا، ئۇ تامنى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. خەلق ئىشەنچىسى بويىچە، ھايۋان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھى ئۇستىخانلىرىدا ساقلىنىدۇ، بۇ ئۇستىخان لايغا ئارىلاشسا ئەلۋەتتە ئۆي تېنىچ بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلار قىسمەن دەرەخلەرگە جىن ـ ئالۋاستىلار ئولىشىۋالىدۇ، ماكان قىلىۋالىدۇ دەپ قاراپ، ئەشۇ

خىلدىكى دەرەخلەرنىڭ ياغچىنى ئۆي يىپىشقا ئىشلەتمەيدۇ. مەسلەن: توغراق دەرىخى، سىدە، قارا سۆگەت، ئاكاتسىيە، ياڭاق دەرىخى قاتارلىقلاردىن چىققان ياغاچلارنى ئۆي يىپىشقا ئىشلىتىش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ پەرھىزلەردە يۇقىرىقى ياغاچلارنىڭ سۈپىتى ھەم ئېتىبارغا ئېلىنغان. يۇقىرىقى ياغاچلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېز ئەمەس، تېز بولغان تەقدىردىمۇ چىڭ ئەمەس. ئاكاتسىيە قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ياغىچى بەك قاتتىق بولغاچقا، خەلق بۇ ياغاچلارنىڭ قاتتىقلىق خۇسۇسىيىتىدىن، "ناۋادا قارا ياغاچ (ئاساسەن ئاكاتسىيە) ئىشلەتسە ئۆينىڭ ئالدى قورۇق ھەم قاتتىق (مۇناسىبەتنىڭ يۇرۇشمەسلىكى ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇنداقمۇ ئىپادىلىنىدۇ) بولىدۇ" دېگەن تەسەۋۋۇرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلار ئۆي يىپىش ئۈچۈن ئاساسەن سۆۋادان تېرەك ۋە قارىغاي ياغاچلىرىنى ئىشلىتىدۇ. باشقا ياغاچلار ئاسان چىرىيدىغان ياكى قورۇت بالدۇر يەپ كېتىدىغان، ياكى ئاجىزلىقىدىن ئۆگزىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەر بىرىلىپ ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆي بوسۇغۇسىنى مېۋىلىك دەرەخنىڭ ياغىچىدىن قىلىشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. بوسۇغا مېۋىلىك دەرەختىن قىلىنسا شۇ ئۆي كۆپ پەرزەنتلىك ۋە باي بولىدۇ دەپ ئىرىمدايدۇ.

### (5) تام قوپۇرۇش ۋە ئۆي يىپىشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار ئىمارەت بەرپا قىلىشتا ئورۇن ۋە ۋاقتىنى بېكىتىپ، ئۆي شەكلىنى بەلگىلەپ، ماتېرىياللارنى تەييار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن كۈندە تام قوپۇرۇشقا كىرىشىدۇ. تامنى ياكى شۇ ئائىلە كىشلىرى خوشنا ـ خۇلۇم، دوست ـ بورادەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزى قوپۇرىدۇ. ياكى مەخسۇس تامچىلىقنى كەسىپ قىلغان تامچىلارغا ھاۋالە قىلىدۇ. تام قوپارغۇچى كىشى تام قوپۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆي سالىدىغان ئورۇندا ياغ پۇرۇتۇپ ئاندىن ئىش باشلايدۇ. ئۇيغۇرلار زىناخور ئادەمنىڭ تام قوپۇرۇشنى قەتئىي چەكلەيدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۆمرىدە زىنا قىلمىغان ئادەمنىڭلا تام قوپۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان. ياكى كەم دېگەندىمۇ زىنا قىلمىغان بىرەر ئادەمنى تېپىپ، ئۇ ئادەم كەم دېگەندە يەتتە قاتار خىش قويۇپ بەرگەندىن كېين ئاندىن باشقا كىشلەر تام قوپۇرىدىغان ئەھۋال بولغان. بۇ ئادەت ئىلگىرى ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىدى

ئۇيغۇرلار يەنە جانابەتلىك ھالەتتە، مەستلىك ھالىتىدە تام سىلېشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق ئىش

ناپاكلىقنى، كۆپرىلىقنى، نەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا تام سىلىش جەريانىدا هاراق - شاراپ ئىچىشتىن، بەدقىلىق سۆزلەشتىن ھەزەر قىلىدۇ. تامچىلارمۇ ئادەتتىكى ئەھۋالدىمۇ ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ. بۇ ھەقتە «تامچىلىق رىسالىسى» دە مۇنداق بايانلار بار: "مەزكۇر تامچىلىق كەسپىگە قەدەم قويغاندا بەڭ، بوزا، شاراپ، هاراق قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىك، ئىچىملىكلەر، نەغمە - ناۋا، قىمار، كۆلكە - چاقچاق قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش لازىم. ... رىسالىدە كۆرسەتكەن تەرتىپلەرگە ئەمەل قىلماي، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ يۈرگەن كاسىپكارغا ئاللاھ تەرىپىدىن تۆت تۈرلۈك بالا - قەزا (ئالدىنقى ئىككىسى بۇ ئالەمدە، كېيىنكى ئىككىسى ئاخىرەتتە) كېلىدۇ: بىرىنچى، ھاۋايى - ھەۋەس كوچىسىدا يۈرۈپ، خالايىق ئارىسىدا خار بولۇش؛ ئىككىنچى، قىلغان كەسپى ئىلگىرى باسماي پېقىرچىلىق تارتىش؛ ئۈچىنچى، ئۆلگەندە گۆر ئازابى قاتتىق بولۇش؛ تۆتىنچى، دوزاخ ئوتىدا قاتتىق كۆيۈش."[1]

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئۆينىڭ ئۈستىنىڭ يېپىلىشى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ جەۋھەرلىرى دەل ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىش ماھارىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىز بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقايلى... ئېلىپ بارمايمىز. ئۇيغۇرلار ئۆينىڭ ئۈستىگە خا، لىم (جەگە)، ۋاسا ۋە بورا ئىشلىتىپ ياپىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇش، يىكەن، لاي، توپا ئىشلىتىپ چۆمكەيدۇ. كىمىر ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە ساپ كېسەكلا ئىشلىتىلىدۇ. چوڭراق ئۆيلەرگە خا ياغىچى ئىشلىتىلسە، كىچىكرەك ئۆيلەرگە خا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار لىم سالغاندا لىمنىڭ سانىنى تاق قىلىدۇ، جۈپ لىم قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ ئەقىدىگە مۇنداق بىر خۇراپىي قاراشنى نەتىجە سۈپىتىدە يانداشتۇرغان. ئۇ بولسىمۇ "قوش لىم سالسا شۇ ئۆيدىن قوش ئۆلۈك چىقىدۇ" (يەنى شۇ ئۆيدىن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ دېمەكچى.) دېگەندىن ئىبارەت. بىزنىڭچە بۇ نوقۇل خۇراپىي قاراش بولۇپ، ئۇنىڭ ئوخشاتما سېھىرگەرلىك قارىشىدىن ھېچقانداق ئىلمىي ۋە دىنىي ئاساسىي يوق. ئۇيغۇرلار ئايۋاننى باشقا ئۆيلەردىن چوڭراق ياسايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا خا ۋە بىر تال تۈۋرۈك ئىشلىتىپ، ئۆينىڭ ئۈستۈنكى قۇرۇلمىسىنى ئىككىگە بۆلىدۇ. ئەمما تۈۋرۈك ئىشلەتكەندە ھەرگىزمۇ بىر ئۆيگە ئىككى تۈۋرۈك قويمايدۇ. بۇنداق قىلسا خەيرىلىك بولماي نەسلىك كېلىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. بىزنىڭچە قوش تۈۋرۈك قويغان ئۆي زىيادە چوڭ ئۆيدۇر. بۇ پەرھىز ئەنە شۇنداق زىيادە چوڭ ئۆينىڭ ئۆي ئېگىسىدە كىبىر

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى، 315 - ، 316 - بەتلەر.

پەيدا قىلدىغانلىقى ئېھتىمالى تۆپەيلىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

## 2. ھويلىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا ھويلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇر ھويلىلىرى ئالدى ھويلا، ئارقا ھويلا دەپ ئىككىگە، ھەمدە ئىچكىرىكى ھويلا، تاشقىرىقى ھويلا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئۆي ئىچىدىكى ھەممە پائالىيەتلەر دىگۈدەك ھويلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھويلا ئائىلىۋى تۇرمۇشتا ئۆي دائىرىسىنى سىرتقى دائىرىدىن ئايرىش، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ۋە ئادەملەرنى خېيىم خەتەردىن ساقلاش، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ ئۆي ئىچىدىكى كۆرۈپ قىلىشىنى توسۇش روللىرىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلىغا ئائىت پەرھىزلىرى مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، ھويلا ئىچى ۋە ئەتراپىغا دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى ئۆستۈرۈش؛ يەنە بىرى، ھويلا ئىچىدىكى ئىشلاردىن ئىبارەت.

### (1) ھويلا ئىچى ۋە ئەتراپىغا دەرەخ تىكىشكە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تارتىپ مۇھىتنى يېشىللاشتۇرۇش، دەل - دەرەخ ئەھيا قىلىپ، مۇھىتنى ياخشىلاشقا ئېتىبار قىلىپ كەلگەن. ئۆي سالماقچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن يەرنى تاللاپ بولغاندىن كېيىنلا ئۆي قۇرۇلمىسىنى بېكىتىپ، ھويلا ئەتراپى ۋە ئىچى قىلىنىدىغان جايلارغا دەل - دەرەخلەرنى تىكىدۇ. ياكى ئۆي سېلىپ بولغاندىن كېيىنلا دەل - دەرەخ تىكىپ ھويلىنىڭ ئىچى - تېشىنى بېزەيدۇ. ئۇيغۇرلار ھويلا- ئارامنى كۆكەرتىشنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەتىراپىدىكى جايلارغا، يۇرت - مەھەللىلەرگە دەرەخ ئەھيا قىلىشنىمۇ ياخشى كۆرۈدۇ. ئۇيغۇرلار ھويلىنىڭ ئىچىگە دەرەخ تىككەندە كۆپىنچە مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىدۇ، سىرتىغا بولسا مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنى ئارىلاش تىكىدۇ. ھويلا ئىچىگە تىكىدىغان دەرەخلەر كۆپىنچە ئۈرۈك، ئالما، ئەنجۈر، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۈژمە، ئالۇچا ... قاتارلىقلار بولىدۇ. ھويلىنىڭ سىرتىغا بولسا تېرەك، سۆگەت، سىدە، مەجنۇنتال، جىگدە، چىلان، ياڭاق، قاتارلىق دەرەخلەرنى تىكىدۇ. بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلىك ئادەتلەردە، ئۇيغۇرلار ھويلىغا تىكىشتىن پەرھىز قىلىدىغان دەرەخلەر ۋە ئۇلارنى تىكسە كېلىپ چىقىدۇ دەپ قارالغان يامان ئاقىۋەتلەر تۆۋەندىكىدەك: ھويلىغا سۆگەت تىكمەيدۇ، بولمىسا شۇ ئۆي غەمكىن بولىدۇ؛ ھويلىغا سىدە تىكمەيدۇ، بولمىسا ھويلىغا جىنلار ئۇلىشۋالىدۇ؛ ھويلىغا قاغا جىگدە دەرىخى تىكسە بولمايدۇ، بولمىسا نامراتلىق بېسىپ كېتىدۇ؛ ھويلىغا چىلان تىكسە

بولمايدۇ، بولمسا هويلا چۆللىشىپ كېتىدۇ؛ هويلىغا ئازغان تىكمەيدۇ، بولمسا شۇ ئۆيگە جىنلار توپلىشۋالىدۇ ياكى شۇ ئۆيدە ئۇرۇش ـ جېدەل، زىدىيەت كۆپ بولىدۇ، ئۆيىنىڭ ئالدى تىكەنلىك بولىدۇ.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، يۇقىرىقى پەرھىزلەردە ئاز ـ تولا خۇراپىي قاراش بار. يەنى يۇقىرىقى پەرھىزلەردە ھەر بىر پەرھىزنىڭ نەتىجىسى ھامان شۇ خىل دەرەخنىڭ شەكلى، خۇسۇسىيىتىگە تەققاسلىنىپ چىقىرىلغان نەتىجىلەردۇر. ئەگەر هويلا ئىچىگە تىرەك ئۆزى ئۈنۈپ چىقىپ قالسا ئۇنى كېسىۋەتمەيدۇ. ئەمما ئۆزلىرى ئەسلا تىكمەيدۇ. ئازغاننى ھەم تىكمەيدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئۈنۈپ قىلىشىغىمۇ يول قويمايدۇ. ئەگەر ئۆزى ئۈنۈپ قالسا ئۇنىڭغا قىزىل گۈلنى ياكى ئەتىرگۈلنى ئۇلاپ ئۆزگەرتىۋىتىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار هويلا ئىچىگە مېۋىسىز دەرەخ، تىكەنلىك، چاتقاللىق دەرەخلەرنى تىكىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چىلان مېۋىلىك دەرەخ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنتايىن تىكەنلىكتۇر. ئۇيغۇرلاردا "ئانارنى كۆلگە تىك، چىلاننى چۆلگە تىك" دېگەن ھېكمەت بار. ئومۇمەن تىكەنلىك، مېۋىسىز، ياۋا ـ دەرەخلەرنى هويلىغا تىكىش ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە شۇ ئۆيگە ئۆزلىرىگە ئوخشاش تۇستىكى ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار هويلا سىرتىغا ھەم دەرەخ تىكىپ ئەتراپنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. هويلا سىرتىغا دەرەخ تىكىشتە، ئىشىك ئالدىغا ياڭاق، نەشپۈت دەرىخنى تىكسە، شۇ ئۆي ئۆلۈملۈك بولۇپ قالارمىش. يەنە ئاقسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە مەيلى هويلىغا تىككەن ئۈژمە دەرىخى بولسۇن، ياكى هويلا سىرتىغا تىككەن ئۈژمە دەرىخى بولسۇن، ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ هويلا دائىرىسىدىن ھالقىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ قېلىشىنى شۇ ئۆيدە ئۆلۈم بولۇپ قىلىشنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە جورۇپ پەرھىز قىلىدۇ. ئۈژمە خەلق ئەنئەنىسىدە جەننەتتىن چىققان خاسىيەتلىك مېۋە دەپ قارىلىدۇ.ئەمما ھەرقانداق مۇقەددەس نەرسە مەلۇم چەت ـ چېگرادىن ھالقىپ كەتسە ناپاك نەس نەرسىگە ئايلىنىدىغانلىقى — بارلىق پەرھىزلەرنىڭ تۈپ كېلىش مەنبەلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا سۆگەت تىكىپ، سايىسىدىن بەھرلىنىدۇ. ئەمما ئىشىك ئالدىغا مەجنۇنتال تىكىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق قىلسا شۇ ئۆيدىكى كىشلەر سېرىق كىسەلگە گىرىپتار بولارمىش. ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ مەجنۇنتالنىڭ سارغىيىۋالدىغان ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا تەسەۋۋۇر قىلىنغان خۇراپىي قاراشتۇر. ئۇيغۇرلار ئىشىك ئالدىغا يەنە ئاكاتسىيە دەرىخنى يولاتمايدۇ، ئۇنى تىكمەيدۇ، ئۆزى ئۈنۈپ قالسا كېسىۋىتىدۇ. ئاكاتسىيە كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان، سايىسى

بولۇق بولمىغان تىكەنلىك دەرەخ بولۇپ، ئۇ يەنە جىنلار ئاسان ئۇۋا سىلىۋالىدىغان دەرەخ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن كۆپىرەك ھەزەر قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھويلا ئىچىگە گۈل ــ گىياھ ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىك تەلەپلىرىنى قاندۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار گۈلنى جەننەتتىن چىققان نەرسە، خوشاللىق، بەخىت ــ سائادەت ۋە نازاكەتنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ ئۇنى بەك ئۇلۇغلايدۇ. خەلق ئارىسىدا "يەتتە يىل گۈل تېرىغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ" دېگەن قاراش بەك كەڭ تارقالغان. شۇڭا ھەربىر ئائىلىدە مەيلى يەرگە بولسۇن ياكى تاشتەكلەرگە بولسۇن ھەر خىل گۈللەر تېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار قىزىل گۈللەرنى ھويلا ئىچىدىكى ئاسان كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە تىكمەيدۇ. ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىدا بۇ ئادەت بەك كۈچلۈك. ئۇلارنىڭ قارىشىچە قىزىل گۈلنى ھويلا ئىچىدىكى ئاسان كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە تىكسە ياكى قويسا، كىشى ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ، يۈزىنى يۇيمىغان ھالەتتە گۈلگە قاراپ سالسا ياخشى بولمايدىكەن. چۈنكى قىزىل گۈل جەننەتتىن چىققان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ناپاك، ياكى بىتاھارەت ھالدا قارىسا، بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان ئېغىر ھاقارەت بولىدىكەن. بۇ ئەمەلىيەتتە دىن ئېتىقادى ئاساسىدىكى مۇقەددەسلىك قاراشلىرىنىڭ پەرھىز شەكلىدىكى بىر ئىپادىسىدۇر، خالاس.

## (2) ھويلا ئىشلىرىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا ھويلا ئىشلىرىغا ئائىت ھەم قىسمەن پەرھىزلىك ئادەتلەر بار. بۇ پەرھىزلىك ئادەتلەر تۆۋەندىكى بىر قانچە ساھەدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھويلا ئارامنى پاكىز تۇتىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە سەھەر تۇرۇپ ھويلا ئارامنى پاكىز تازىلاپ، سۇ سېپىش، ئاندىن باشقا ئىشلارغا كىرىشىش ئېسىل ئەخلاقنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلگەن. ئەگەر سەھەر تۇرۇپ ھويلا ئارامنى، مەھەللىنى تازىلىمايدىكەن، ئۇنداقتا بۇنداق ئايال ئۆلچەمسىز خوتۇن، ھورۇن ئايال، تەبىئەتسىز ئانا بولۇپ سانىلىپلا قالماستىن، مۇھىمى شۇنداق قىلمىغاندا ئۆينى جۇتچىلىق ۋە نامراتلىق بېسىپ كېتىدۇ، دەپ قاراپ قەتئىي چەكلەيدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى زاۋال ۋاقتىدا ياكى زاۋالدىن كېيىن ھويلا ــ ئارامنى سۈپۈرۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىدىكەن، (مال ــ مۈلۈكى) سورۇلۇپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. زاۋال پەيتى ئۇيغۇرلار نەزىرىدە ئىنتايىن نەس ۋاقىت بولۇپ، بۇ

ۋاقىتتا قىلىنغان ھەر ـ بىر ئىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار ئەخلەتنى ناپاك دەپ قاراش بىلەن بىرگە، ئۇنى دۆلەت بەلگىسى، قۇت نىشانى سۈپىتىدە تونۇيدۇ. ھويلا ئارامنى زاۋالدا سۈپۈرگەندە مال ـ مۈلۈك سورۇلۇپ كېتىدۇ دېگەن پەرھىز ئەنە شۇ قاراشتىن كېلىپ چىققان.

يەنە بىرى، ھويلا ئىشىكنى ۋە ئۆي ئىشىكلىرىنى ئوچۇق قويماسلىق پەرھىزدۇر. ئۇيغۇرلار ئادەتتە دەرۋازىنى بىرەر ئەھۋال بولمىسىلا كۈندۈزدە تاقاپ قويمايدۇ. مۇشۇنداق قىلىدىكەن، جامائەت بۇ ئائىلە كىشىلىرىنى بېخىل دەپ يامان كۆرىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئائىلىدە دەرۋازىنىڭ ئىچىگىرەك جايغا تالا بىلەن ھويلا ئىچىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە ئېسىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ھويلا ئىچىگە كۆزى چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمما زاۋال ۋاقتىدىن كېيىن چوقۇم ئىشىكنى قۇلۇپلىمىغان تەقدىردىمۇ يېپىپ قويىدۇ. چۈنكى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق يەر يۈزىدە ئالمىشىپ تۇرغان پەيتتە، بەخت بىلەن بەختسىزلىك تېز ئالمىشىدۇ. جىن ئالۋاستىلار يەر يۈزىنى قاپلاپ كېتىدۇ. جىنلار ئادەمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ. ئىشكنى يېپىپ قويسا جىنلار ئۆيگە كىرەلمەيدۇ ۋە ئۆي ئەزالىرىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، دەپ ئىرىمدىلىدۇ.

## 3 . ئۆي ئىچىگە دائىر پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار ئۆيىنى يېپىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆي ئىچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىستېتىك قارىشى بويىچە بېزەيدۇ. ئۇيغۇرلار يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشتىن بۇرۇن، شۇ ئۆيىنى پاكىزە تازىلاپ ئىسرىق سېلىپ، ئۆيىنى پاسكىنىچىلىقتىن خالىي قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەرقايسى پائالىيەتلەردە نۇرغۇن ئىشلاردىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆيىنىڭ ئىچ تېمىنى گەج، ھاك، سىر قاتارلىق نەرسىلەردە سۇۋاپ، پاكىزلىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. گەجدىن ياكى سىردىن تۈرلۈك نەقىشلەرنى چىقارسىمۇ، ئەمما تامغا ھەرقانداق جانلىقنىڭ سۈرىتىنى سىزمايدۇ ۋە ئاسمايدۇ. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسىدا تامغا ھەرخىل سۈرەتلەرنى سىزغانلىقى، ئاسقانلىقى، ھەتتا ھەيكەللەرنى تىكلىگەنلىكى ئېنىق. بۇنى بىز بۇددا دىنىغا ئائىت مىڭ ئۆيلەردىن كۆرۈپ ئالالايمىز. ئەمما ئىسلام دىنى ئېتىقادى بويىچە رەسىملەرنى ئۆيگە ئېسىشلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنى سىزىشمۇ قاتتىق چەكلەنگەن ئىشتۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆيىنىڭ تېمىغا ۋە

ھەرقانداق بىساتىنىڭ ئۇستىگە ئادەم ۋە باشقا جانلىقنىڭ رەسىمىنى سىزمايدۇ ھەم ساقلىمايدۇ. يېقىنقى دەۋرلەردە بەزى ئائىلىلەردە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ رەسىمىنى، سۈرىتىنى ئاسىدىغان، تىزىپ قويىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلدى.

ئۇيغۇرلار ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئادەتتە زاۋال پەيتىدە ئوچۇق قويمايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش پەرھىزنى ئالدىنقى سەھىپىدە تىلغا ئالغان ئىدۇق. ئۇلار يەنە باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى كەگەللەپ (ئىككى قول بىلەن ئىشىكنىڭ ئىككى كېشىكىنى تۇتۇپ تۇرۇش) تۇرۇشنى ياقتۇرمايدۇ، بۇنى دۈشمەنلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ناۋادا بىرەرسى ئىشىكتە كەگەللەپ تۇرسا، ئۇنىڭغا "يا كىرگىن، يا چىققىن، دۈشمەنىدەك ئىش قىلما" دەپ تەنبىھ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار بوسۇغىدا ئولتۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلىدىكەن، ئولتۇرغۇچى قېينئاتا ـ قېنئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇسۇرۇپ قويىدۇ دەپ جورۇيدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلاردا قېينئاتا ـ قېيئانانىسىنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، باشقا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يەل قويۇپ سېلىشمۇ ناھايىتى قاملاشمىغان قىلىق بولۇپ سانىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق نومۇسلۇق ئاقىۋەتنى بوسۇغىدا ئولتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قىلىپ كۆرسىتىش ۋە بوسۇغىدا ئولتۇرۇشنى چەكلەش ـ ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغىنى شۇ ئۆينىڭ قۇت بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار يوتقان، كۆرپە، ياستۇق قاتارلىق يېتىشتا ئىشلىتىدىغان بىساتلارغا ۋە كىگىز، گىلەم، شىرداق، پالاس قاتارلىق سېلىنچىلارغىمۇ بەك ئېتىبار بېرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئىرىملىك قاراش ۋە پەرھىزلەرمۇ نىسبەتەن كۆپ. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە ساپ يىپەكتىن قىلىنغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى، كارۋات ئۇستى بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق يوتقان كۆرپىلەردە ئەرلەر ياتمايدۇ.بۇ «كىيىم ـ كېچەك پەرھىزلىرى» قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان "ئەرلەر يىپەك كىيىم كېيمەسلىك" پەرھىزى بىلەن پرىنسىپ جەھەتتىن بىردەكتۇر.

ئۇيغۇرلار يوتقان ـ كۆرپە ۋە ياستۇق ـ تەكىيلەرنى دائىم ئىشلىتىدىغان، ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك نەرسە دەپ قاراپ، ئۇلارغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك ھەرىكەتلەردىن چەكلىنىدۇ. ئادەتتە تەكيە ۋە ياستۇقتىن ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، ئۇلارنى بېسىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنى باشقا قويىدىغان نەرسە، باش ئۇلۇغ بولغاچقا، باشقا

قويدىغان نەرسىلەرمۇ ئۇلۇغ، تەكىيدە ئولتۇرسا پۇتى ئاغرىيدىغان بولىدۇ، لېۋىگە قوقاق چىقىدۇ دەپ جورۇيدۇ. يوتقان ئۈستىدە يېتىش، ياتقاندا يوتقاننىڭ ئوڭ - تەتۈرى ئالمىشىپ قېلىش، باش - پۇت تەرىپى ئالمىشىپ قېلىش قاتارلىق بىنورماللىقلاردىن پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئىشەنچىسىدە، كىشى ناۋادا يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنى سادىر قىلسا، ئۇنىڭ ئىشى تەتۈرگە ماڭارمىش، ياخشى ئىش قىلسا يامان نەتىجىگە ئېرىشەرمىش. بۇ قاراشلاردا يوتقاننى پاكىز تۇتۇش ئاسراش بەدەننىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش مەقسەدلىرىدە باشقا، يەنە مەلۇم دەرىجىدە سېھرىي قاراش گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەربىر ئۆيدە يېتىشتا ئىشلىتىدىغان قىسقىراق كۆرپىسىدىن باشقا، يەنە ئۆينىڭ كەڭ تارلىقىغا لايىق كەلگۈدەك، ئۈچ - تۆت مىترلىق ئۇزۇن كۆرپىلەرمۇ بولىدۇ. يىكەندازلار ئومۇمەن مېھمانلارنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن سېلىنىدۇ. مېھمانلارغا مەيلى ئادەتتىكى كۆرپە سالسۇن ياكى يىكەنداز سالسۇن، كۆرپىنىڭ قاتلاق تەرىپىنى قاياقتا قارىتىش، ئىككى ئۈچى قاتلانغان تەرەپنى قاياقتا قارىتىشتىمۇ مەلۇم قائىدە داۋام قىلىپ كەلگەن. ئومۇمەن، كۆرپە ياكى يىكەنداز سالغاندا كۆرپىنىڭ ئىككى ئۈچى قاتلانغان تەرەپنى تام تەرەپكە ياكى ئۆينىڭ ئىچى تەرىپىگە قارىتىپ سالمايدۇ، بەلكى ئىشىك تەرەپكە ياكى داستىخان تەرەپكە قارىتىپ سالىدۇ. ئەمما ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆرپە سېلىش قائىدىسىدە كۆرپىنىڭ ئىككى ئۈچى قاتلانغان تەرىپنى ئىشىك تەرەپكە ياكى داستىخان تەرەپكە قارىتىپ سالماستىن، تام تەرەپكە ياكى ئۆينىڭ ئىچى تەرىپىگە قارىتىپ سالىدۇ. يۇقىرىقى زىددىيەتلىك پەرھىز ئادىتىنىڭ ھەر ئىككىسى مەلۇم قاراشلارغا ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنى ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى كۆرپىنىڭ قاتلاق تەرىپىنى تومراق قېلىنراق بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتكە سازاۋەر مېھمانلار تۇرىدىغان تۆر تەرەپكە قارىتىپ سالىدۇ. باشقا يەردىكى ئۇيغۇلار بولسا كۆرپىنىڭ قاتلاق تەرىپىنى ئالدىغا ياكى ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ سالغاندا، ئولتۇرغاندا سىرىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقنى ئويلىشىدۇ. ئىش باشتىن باشلىنىشى ياخشى بولغاندەك، كۆرپىنىڭ ئۈچ تەرىپىدىن تۆر باشلانسا ياخشى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا يەنە باشقا قاراشلار بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۆرپ - ئادەتتىكى رايون پەرقى خالاس. ئۇيغۇرلار يوتقان - كۆرپە، كېگىز - گىلەم قاتارلىق ئۆي بىساتلىرىنى جۈمە كۈنىدە قاقمايدۇ. چۈنكى جۈمە كۈنى ئۇلۇغ كۈن بولغاچقا، بۇ كۈندە توپا - چاڭ چىقىرىش ياخشى ئەمەس دەپ قارايدۇ. شۇڭا باشقا كۈنلەردە قاقىدۇ. يوتقان، كۆرپە، كېگىز - كېچەك قاتارلىقلارنى پات - پات ئاپتاپقا سېلىپ، ئۇنىڭدىكى نەملىك ۋە توپا -

چاڭنى يۇقۇتىدۇ. بۇ ئۆي تازلىقىدىكى ئەڭ ياخشى بىر ئىشتۇر.

ئۇيغۇرلار ئۆي سۈپۈرۈشتە بىر مۇنچە پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىخ مابەينىدە سۈپۈرگە (ئۆسۈملىكى)، ئاققۇناق پۈپۈكى ۋە چاتقاللىق ئۆسۈملىكلەردىن سۈپۈرگە ياساپ ئىشلىتىپ كەلگەن. خەلقنىڭ نەزىرىدە سۈپۈرگە ئىنتايىن كۆپ مەنىلەر يۈكلەنگەن بىر ئىرىملىك نەرسىدۇر. خەلق سۈپۈرگىنى ھەم بەخىت - دۆلەت بەلگىسى، ھەم ئائىلە خىزمەتچىسى قاتارىدا كۆرۈپ ئۇنى بەك قەدىرلىگەن. سۈپۈرگىگە ئائىت ئادەتلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

سۈپۈرگىنى ياتىدىغان ئۆيدە قويمايدۇ؛

سۈپۈرگىنى تىكلەپ قويمايدۇ. بولمىسا شۇ ئۆيگە بالا - قازا كېلىدۇ ياكى نامراتلىشىپ كېتىدۇ.

سۈپۈرگىنى دەسسىمەيدۇ. بولمىسا ئۆز ئېرى ياكى ئايالىنىڭ بېشىنى دەسسىگەندەك بولىدۇ؛

چارشەنبە كۈنى سۈپۈرگە ئارىيەتكە بەرمەيدۇ؛

ئۇيغۇرلار سۈپۈرگىنى "ئالدى قاتتىق" (مۇناسىبەتنى قاتماللاشتۇرىدىغان) دەپ قاراپ، ئۇنى كېچىدە ياتىدىغان ئۆيدە قويمايدۇ. سۈپۈرگە بىلەن باللارنىڭ بېشىغا ئۇرمايدۇ. بۇ پەرھىزلەرنىڭ مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بار. سۈپۈرگە مىكروب بىلەن تولغان نەرسە بولغاچقا، ئۇنى ياتاق ئۆيدە قويسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن باشقا ئۇرسا ئەلۋەتتە سالامەتلىككە دەخلى يەتكۈزىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە سۈپۈرگىنى ئوتقا سېلىپ قالاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا بالىسىنىڭ بېشى تاز بولۇپ قالارمىش. ئەگەر سۈپۈرگە بەك كونىراپ، بۇزۇلۇپ كەتسە ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچنى تۈكۈرۈۋېتىپ، "سۈپۈرگىنىڭ بېشى تاز" دەۋېتىپ ئاندىن قالايدۇ. ھەقىقەتەن، سۈپۈرگە كونىرىسا سېپىلا قېلىپ تال - تال قىسمى يوقايدۇ. بۇ خۇددى چېچى يوق ئادەمگە ئوخشىتىلىپ، ئۇنى قالاشتىكى يۇقىرىقىدەك ئىرىملىك ئادەتنى پەيدا قىلغان. ئۇيغۇرلاردا ئاساسەن قىزلار، ئاياللارئۆي سۈپۈرىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئۆي سۈپۈرشى، ئەخلەت ئېلىشى پەرھىز قىلىدۇ. قىزلار ئۆي سۈپۈرگەندە، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ بىر تەرەپتىن ئۆي سۈپۈرسە، غالچىغا تېگىپ قالىدۇ، دەپ جۇرۇپ چەكلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆي سۈپۈرگەندە، بىر ئايال سۈپۈرۈۋاتقان يەرنى يەنە بىر ئايال سۈپۈرمەيدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا، ئەسلىدە سۈپۈرۈۋاتقان ئايالنىڭ ئېرى شۇ خوتۇننىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىۋالارمىش. يەنە ئۆينى سۈپۈرۈۋېتىپ يېرىمىدا تاشلاپ قويسا تەلىيى كەمتۈك بولۇپ قالارمىش. شۇڭا سۈپۈرگىنى قولغا ئالغان

ئايال ئۆي سۈپۈرگەندە بىر يولىلا سۈپۈرۈپ تۈگىتىدۇ، ئارىلىقتا توختاپ قالمايدۇ. يۇقىرىقىلار ئوخشاشلىق قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن پەرھىزلەردۇر. سۈپۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆينى تەتۈر (سىرتتىن ئىچىگە قاراپ) سۈپۈرۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مۇنداق قىلسا سىرتتىكى مەينەتچىلىك ئۆينى باسىدۇ، ئۆي نامراتلىشىپ كېتىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. يەنە سۈپۈرگىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ سۈپۈرسە، شۇ ئۆيدىن بەركەت كېتىدۇ دەپ قاراپ يەرگە سۈپۈرگىنى بېسىپ سۈپۈرىدۇ. يەنە سۈپۈرۈۋىندىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، سۈپۈرگىنى ئۆزى تەرەپكە سىرىپ سۈپۈرۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا بەختى يېنىپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ پەرھىز ئادەتلىرىگە خۇراپاتلىق يۇپۇقى يېپىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا ئۆينىڭ مۇھىتىنى بۇلغىماسلىق، سالامەتلىكنى ئاسراشتەك ئىلمىي مەقسەتلەر يوشۇرۇنغان. ئۇيغۇرلار يەنە ھەرخىل خۇراپىي قاراشلار تۈپەيلىدىن زاۋال پەيتىدە ئۆي سۈپۈرۈشتىن، چۈشتىن كېيىن ۋە چارشەنبە كۈنىدە ئۆي سۈپۈرۈشتىن، پەرھىز قىلىدۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا ۋە چارشەنبە كۈنلەردە ئۆي سۈپۈرسە ئۆيدىن بەركەت تورۇپ كېتىدۇ، مال ـ مۈلۈك سورۇلۇپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ناھايىتى قەدىمدىن قالغان يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ زىددىيىتى ھەققىدىكى دىنىي قاراشلاردىن تۈرلىنىپ چىققان ئادەتلەردۇر.

ئۇيغۇرلار ئۆيدىن چىققان ئەخلەت بىلەن كۈلنى بىرگە تۆكمەيدۇ. شۇنداق قىلسا شۇ ئۆيدە ئۆلۈم بىلەن توي بىرگە بولۇپ قالىدۇ (توي بولىدىغان كۈنى ئۆلۈم بولۇپ قالىدۇ) دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، زاۋال پەيتىدە ۋە زاۋلدىن كېيىن ئەخلەت ياكى كۈل تۆكمەيدۇ. كەچتە ئەخلەت تۆكسە، كۈل ئېلىپ تۆكسە سورۇلۇپ كېتىدۇ دەپ قاراپ ئەخلەت ۋە كۈلنى ئىمكانقەدەر كۈن پېتىشتىن بۇرۇن تۆكىۋېتىدۇ. ئەخلەتنى ئۆيدە قوندۇرمايدۇ. ئەگەر ئەخلەت ئۆيدە قۇنۇپ قالسا، شۇ ئۆيدە مېيىت قونۇپ قالارمىش. يەنى بىرەر ئادەم شۇ ئۆيدە ئۆلۈپ قالسا بىر ـ ئىككى كۈنگىچە كىشلەر بىلمەي قالارمىش. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇرلار ئۆيدە ھايۋان سۆڭەكلىرىنى، ئالما شۆپىكىنى ئۆيدە قوندۇرمايدۇ. ئومۇمەن قارىغاندا، بۇ ئادەتلەردە ئەخلەت ھەم پاسكىنا، ناپاك نەرسە ھەم بەخت نىشانىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. كۈل بولسا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىدا مۇقەددەس ئوتنى كۆيدۈرۈشتىن، پاكلىشىدىن پەيدا بولغان نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ساقىندىلىرى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ھېلىھەم ساقلانماقتا. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار كەچتە كۈل ئالمايدۇ، كۈل تۆكمەيدۇ. كۈلگە چوڭ ـ كىچىك تەرەت سۇندۇرمايدۇ. كۈلگە سۇ سەپمەيدۇ،

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېنىنى سورىغاندەك بولۇر دەپ قاراپ، كۆلنى سورۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. قوتانغا كۆل تۆكمەيدۇ، چارشەنبە كۈنىدە كۆل ئالمايدۇ ۋە كۆل تۆكمەيدۇ، .... ۋە ھەكازا.

ئۇيغۇرلار ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ھۆرمەت قىلىپ، تۈرلۈك بىسات ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى تەپمەيدۇ. نان، تۇز، ئاشلىق قاتارلىقلارنىڭ چېچىلىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. خەلق ئىچىدە ئۆي ئىچىگە تېرىق ياكى قىچا چېچىلىپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ئادەت بار. يەنى بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا توختىماي جېدەل ـ ماجىرا بولسا، باشقىلار "ئۇلارنىڭ جېدىلى نىمانچە توختىمايدۇ؟ ئۆيگە قىچا، تېرىق چېچىلغان بولغىيمىدى" دەپ قارايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى پەرھىزلىك ئادەتلەر بىلەن ئوخشاش بىر پرىنسىپقا، يەنى ئوخشاشلىق پرىنسىپىغا تايانغان پەرھىزلەردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ئۆي ئىچىدە مەلۇم ئاۋاز ياكى ھەرىكەتمۇ چەكلىنىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر ئۆي ئىچىدە ئىسقىرتسا شۇملۇق كېلىدۇ، دەپ قاراپ ھويلا ـ ئارام ۋە ئۆي ئىچىدە ئىسقىرتىشنى قاتتىق يامان ئالىدۇ. يەنى بەزى كىشىلەر بىبولسا ئۆي ئىچىدە توپ ئويناشنى، سەكرەشنى چەكلەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا ئۆي چاشقان بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە چاشقاننىڭ ئۆيدە پەيدا بولۇشى ئۆي ئىچىدە توپ ئويناش ياكى سەكرەش بىلەن مۇناسىبەتسىزدۇر. سەكرەشكە ئوخشاش ھەرىكەتلەر چاشقاننىڭ ھەركىتىگە ئوخشاپ قالغاچقا مۇشۇ خۇراپىي چەكلىمە ئوتتۇرىغا چىققان.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئۆي ئىچىنىڭ پاكىز رەتلىك بولۇشى، تەرتىپ ۋە نورماللىقىنىڭ ساقلىنىشىنى كۆزلەپ، مەلۇم ئېتىقادلار تەسىرىدە يۇقىرىقىدەك ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇراپىي ئادەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆي ئىچىنىڭ تۈزۈلۈشى، بېزىلىشىگە بولغان گۈزەللىك ئۆلچىمى، ئەدەپ ـ ئەخلاق نورمىسى ۋە تۇرمۇش تەرزى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

## 4. ئۆي كۆچۈشكە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار ئۆي كۆچكەندە ۋاقىت تاللايدۇ. خەلق ئارىسىدا سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرى ئۆي كۆچۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە مۇشۇ ئىككى كۈندە كۆچىدىغان ئادەت بار. ب، يېڭى ئۆي سېلىشتا ئۇل بېسىپ تام قوپۇرۇشنى سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنى باشلاش ئادىتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار

ئادەتتە پەيشەنبە كۈندە ئۆي كۆچۈشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ناۋادا مۇشۇ كۈندە كۆچىدىكەن، شۇ كۆچۈپ بارغان ئۆي كاسنا مېھمان (دائىم كېلىدىغان، ئەمما مۇھىم بولمىغان، ھەمدە كەلسىمۇ قۇنۇپ قالىدىغان مېھمان) دىن قۇتۇلالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق كىتابنىڭ «ئۆيدىن ئۆيگە كۆچمەكلىك ھەققىدە» ناملىق بۆلىكىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي كۆچكەندە كۈن تالايدىغانلىق ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنغان:

"ئۆيدىن ئۆيگە كۆچەركى يەكشەنبى،

ياخشى ئېرمەسكى، ئەيلەدىم تەنبىھ.

ئەي بۇرادەر بۇ كۈندىن ئەيلە ھەزەر،

ۋەرنە مالىڭغە بولغۇسىدۇر زەرەر.

دۈشەنبە كۆچەرنىڭ ئەھۋالى،

كىم كۆچەر، ئۆكسۈگەي ئۇنىڭ مالى.

سەيشەنبە ئېرۇر بەغايەت خوپ،

شاھلاردىن كۆرەر ئىنايەت كۆپ.

چارشەنبە مۇرادى ھاسىلدۇر،

كۆچكۈچى غەيىپغە ۋاسىلدۇر.

پەيشەنبە كۆچەردىن ئەيلە ھەزەر،

ۋەرنە مالىڭغە بولغۇسىدۇر زەرەر.

خوپ ئەمەستۇر كۆچەركى ئازىنە،

چۈنكى تۇغقان ئارا تۈشەر كىنە.

نەقىل شەنبە قاچان يامان ئولغاي،

مېھمان ئۆزرە مېھمان ئولغاي."[1]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆچۈشكە ئائىت كۈنلەر بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش ئادىتىدىكى

---

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 84 ـ 83 ـ بەتلەر.

قىسمەن كۆنلەر بىر ـ بىرىگە تامامەن ماس كېلىدۇ. پەقەت بەزى كۈنلەردە ئۆي كۆچمەسلىك پەرھىزى كېيىنكى دەۋرلەردە يوقۇلۇپ كەتكەن.

ئۆي كۆچىدىغان چاغدا، ئۇيغۇرلار كونا ئۆيدىكى ئوچاقنى چېقىۋەتمەيدۇ. ئەگەر چېقىپ سالسا كۆچكەن جايدا "ئاستى ئىسسىمايدۇ"، يەنى مۇقىم ۋە ئۇزاق تۇرالمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئالدىنقى سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاقنى مۇقەددەس بىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. ئىبتىدائىي تەپەككۇردىكى "ھېسسىي تەسىر تەپەككۇرى" بويىچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق مۇقەددەس ياكى ناپاك نەرسىدە مەۋجۇد بولغان مەنىۋى قۇۋۋەت ھامان ئىنتايىن كۈچلۈك تارقىلىشچانلىققا، تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئەگەر مۇقەددەس نەرسە ھاقارەتلىك ھەرىكەتكە دۇچار بولىدىكەن، ئۇنىڭدىكى ئەشۇ خىل مەنىۋى قۇۋۋەت شۇ ھەرىكەتنى قىلغۇچىغا يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. ئوچاقنى چېقىۋەتمەسلىك پەرھىزى ئەنە شۇ قاراشقا تايانغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. بەزىلەر بۇ پەرھىزنى "باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئوچۇن چاقمايدىغان بولۇشى مۇمكىن" دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق قاراش خاتادۇر. چۈنكى ئەھۋال بۇ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، تاشلاندۇق ئۆيگە كىرگەن ھەرقانداق ئادەم چوقۇم ئۆيدىكى ئوچاقنى چېقىپ تاشلاپ، ئاندىن قايتىدىن ئوچاق سالىدۇ. بۇ يەردە ئوچاق ئائىلىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىرىملىك نەرسە دەپ چۈشىنىلگەن. ئۇيغۇرلار ئۆي كۆچكەندە ئالدى بىلەن تۇزلۇقنى يېڭى تۇرالغۇغا يۆتكەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆچۈرىدۇ. چۈنكى تۇزنىڭ يولى ئۇلۇغ، ۋەزنى ئېغىر دەپ قاراپ تۇزنى ئەيش ۋە تۇرمۇشقا تەققاسلاپ، ئۇ ئارقىلىق يېڭى تۇرالغۇدا يېڭى تۇرمۇشنى باشلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. باشقا نۇرغۇن مىللەتلەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەت بار.

ئۇيغۇرلار ئۆي كۆچۈشتە، ئەگەر كۆچمەكچى بولغان ئۆيدە بىرەر ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، مەلۇم بىر مەزگىل شۇ ئۆيدىن كۆچۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. دەرھاللا ياكى ئەسلىدىكى پىلان بويىچە كۆچۈپ كەتمەيدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا، ئۆلگۈچىنىڭ روھى قورىنار ئىكەن. بىرەر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ئۆيدە ئۇيغۇرلار قىرىق كۈنگىچە چىراغ ئۆچۈرمەي، نۇرغۇن ئىشلاردىن پەرھىز تۇتۇپ كۆپ قېتىم نەزىرە ـ نىياز ئۆتكۈزىدۇ. دېمەك، مۇشۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن كۆچۈشنى يامان كۆرمەيدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار يۇرت تۇيغۇسى، مۇقەددەسلىك قارىشى ۋە خۇراپىي ئېتىقادلار سەۋەبىدىن بىر

ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە كۆچۈشتە ئەنە شۇنداق پەرھىزلىك ئادەتلەرگە رىئايە قىلىدۇ. ئۆي كۆچۈشنى ئادەتتىكى ئىش دەپ قارىمايدۇ.

**********************************************************

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇغا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلىرىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بۇ پەرھىز ئادەتلىرى كۆپ خىل مەنبە ئاساسىدا شەكىللەنگەن، بەزىلەر بولسا ئىستىخىيلىك ھالدا شەكىللەنگەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇلار ئارىسىدا ئىلمىي ۋە تەجرىبىۋىي قىممىتى بار بولغان پەرھىزلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. خۇراپىي، پاسسىپ دەپ قارالغان پەرھىزلەرمۇ ئائىلە ۋە تۇرالغۇغا مۇناسىبەتلىك تۈرلۈك تەرەپلەرنى چەكلەيدۇ، تىزگىنلەيدۇ. بۇ بىر نوقتىدۇر. بىز بۇلاھىزە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇغا ئائىت پەرھىزلىرى پەقەت تۇرالغۇغا مۇناسىبەتلىك بولغان مەنىۋى ئادەتلەر بولۇپ، بۇ مىللەتنىڭ بىنكارلىق تېخنىكىسى، باغۋەنچىلىك بىلىمى ۋە ئۇلارغا مۇناسىبەتلىك چەكلىمىلەر، ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسى دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، تۇرالغۇغا ئالاقىدار بارلىق پائالىيەتلەردىكى پەرھىزلىك ئادەتلەرنى تۇرالغۇ پەرھىزلىرى دائىرىسىدە تەھلىل قىلىش مۇمكىن. بىراق تۇرالغۇ پەرھىزلىرىنىڭ دائىرىسىنى مۇنداق چەكسىز كېڭەيتىۋېتىش تۈرلەرنىڭ كىسسىفىكاتسىيە قىلىنىشقا پايدىسىز. شۇڭا ئۆي سېلىشقا، ھويلا ـ ئارامغا، ئۆي ئىچىگە ۋە كۆچۈشكە دائىر پەرھىزلەرنى تار مەنىدىكى، ئەمما نەق تۇرالغۇ پەرھىزلىرى دەپ چۈشىنىپ تەھلىل قىلىشنى لايىق تاپتۇق ۋە شۇنداق قىلدۇق. بۇ ئىككىنچى نوقتىدۇر. ئۈچۈنچى نۇقتا شۇكى، جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلانىڭ تۇرالغۇ مۇھىتى ۋە تۇرالغۇ شەكلىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرالغۇسىلا ئەمەس، يەنە ئەنئەنىۋى تۇرالغۇلىرىغا ئالاقىدار مەنىۋى ئادەتلەردىمۇ خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ ئەھۋاللار ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن بىرلىشىپ يۇقىرىقى پەرھىزلىك ئادەتلەردە قىسمەن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. بىزنىڭ تەشەببۇسىمىز شۇكى، مىللەتنىڭ روھىنى، پۈت ـ قولىنى چۈشەيدىغان، كۈندىلىك تۇرمۇشىغا توسالغۇ ۋە چۈشەك بولىدىغان خۇراپىي چەكلىمىلەرنى تەشۋىقات، تەربىيە قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ يوقۇتۇش، مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنىڭ ئېسىل تەرەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، مەنپەئەتلىك چەكلىمىلەرنى مىللەتنىڭ روھىيتىگە

ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئىلمىي چۈشەندۈرۈش لازىم.

## 9. سەپەرگە ئائىت پەرھىزلەر

تۇرالغۇ ـ ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ، ئادەمدە دائىملا "ئۆي ـ ماكان" تۇيغۇسى بار بولىدۇ. كىشىلەر ئۆيدە تۇرغاندا بىخەتەردەك ھېس ـ تۇيغۇغا كېلىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئىدىيىۋى قاراش سەۋەبىدىن، كىشىلەر ئۆيدىن سىرتقا چىقىشتا ئەشۇ بىختەرلىك تۇيغۇسىنى يوقۇتۇپ قويۇش ھېسسىياتى شەكىللىنىدۇ ـ د، سىرتقا سەپەرگە چىققاندا نۇرغۇن ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇرلار تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن سەپەرگە چىققاندا بىر قاتار ئەدەپ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن. جۈملىدىن نۇرغۇن كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە سەپەرگە چىقىشنىڭ قائىدىلىرىنى خېلى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، «سائەتنامە»، «سالنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە سەپەرگە چىقىشنىڭ قائىدىلىرى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرلانىڭ سەپەرگە چىقىش قائىدە ـ ئادەتلىرىنى بىلىشىمىزدىكى ئاچقۇچتۇر. ئۇيغۇرلار سەپەرنى ئەڭ مۈشكۈل ئىشلارنىڭ بىرى دەپ قاراپ، سەپەرگە بىخەتەر چىقىپ بىخەتەر قايتىپ كېلىش ئۈچۈن، بىر قاتار ئىشلاردىن پەرھىز تۇتۇپ كەلگەن. بۇنداق پەرھىزلىك ئادەتلەر سەپەر ۋاقتى، سەپەر يۆلىنىشى، سەپەر جەريانىدىكى ئىشلار، قايتىپ كېلىش ۋە سەپەردىكى ھەمراھ قاتارلىق تەرەپلەردە بىردەك مەجۇت.

ئۇيغۇرلار يىراققا سەپەر قىلغاندا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخستىنى ئالماسلىقنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسغا سەپەرنىڭ ۋاقتى، بارىدىغان ئورۇن، بېجىرىدىغان ئىش قاتارلىقلاردىن تەپسىلىي خەۋەرلەندۈرۈپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ. سەپەر ۋاقتىنى دېمەسلىك، بارىدىغان جاينى يوشۇرۇش، بېرىش مەقستىنىمۇ يوشۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، سەپەر جەريانىدا ھەرخىل خېيىم ـ خەتەر يۈز بېرىپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنى خەۋەرلەندۈرمەيلا سەپەرگە چىقىپ كەتسە، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىسىدىن كۆپ ئەنسىرەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولىدۇ. "ئۇلارنىڭ دۇئاسى سەۋەبىدىن سەپەرگە چىققۇچى ئامان بولىدۇ" دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئەگەر ئاتا ـ ئانىسغا ئۆزىنىڭ سەپەر قىلغانلىقى ھەققىدە ئۆزى

خەۋەر بېرەلمىسە، باشقا كىشى ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇ ئۇيغۇلاردىكى ئاتا ـ ئانىغا مېھرىبانلىقنىڭ ئېسىل ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن قالغان ساددا ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ۋە قوت ـ نەسىلىك چۈشەنچىلىرى بويىچە مەلۇم كۈنلەردە سەپەرگە چىقىش ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ، مەلۇم كۈنلەردە سەپەرگە چىقسا نەسىلىك باسىدۇ دەپ قارىغان. بۇ قاراشلارنىڭ بەزىسى ئىسلام دىنى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بىز قەدىمكى ئەسىرلەرگە ۋاكالەتەن، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» نىڭ ئۈن ئۈچىنچى بابى «سەپەرگە چىقماقلىق ھەققىدە بايان» دا خاتىرىلەنگەن سەپەر ۋاقتى ھەققىدىكى بايانلارنى نەقىل كەلتۈرىمىز. «سائەتنامە» ناملىق ئەسەردىمۇ بۇ ھەقتە بايان بار بولسىمۇ، ئەمما مەزمونى «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا بۇ يەردە تىلغا ئالمايمىز. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا شۇنداق دېيىلىدۇ:

## سەپەرگە چىقماقلىق ھەققىدە

بىلىش كېرەككى، سەپەرگە چىقىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئالدى بىلەن قايسى ۋاقىتتا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى بىلمەك ئەڭ زۆرۈر:

شەنبە كۈنى ناماز دىگەر ۋاقتىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛

يەكشەنبە كۈنى چۈش ۋاقتىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛

دۈشەنبە كۈنى ناماز شام ۋاقتىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛

چارشەنبە كۈنى سەھەردە سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛

پەيشەنبە كۈنى تاڭ ئېتىش ئالدىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛

جۈمە كۈنى چاي ۋاقتىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛

ۋەللاھۇ ئەئلەم. (تەڭرى ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈچىدۇر.)[1]

ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە پەيشەنبە كۈنىدە سەپەرگە چىقىشنى ئەۋزەل بىلىش بىلەن بىرگە، جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە سەيشەنبە كۈنى پۈتۈن كۈن ئىچىدە سەپەرگە چىقىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. سەيشەنبە

---

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام » ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 70 ـ بەت.

كۈنىدە سەپەرگە چىقماسلىق بولسا تېخىمۇ قاتتىقتۇر. چۈنكى خەلق نەزىرىدە سەيشەنبە "ئۆلۈمنىڭ سائىتى" بولۇپ، بۇ كۈندە سەپەرگە چىقسا، پۈتۈن سەپەر ئوڭۇشسىز بولارمىش. ئۇيغۇرلار يەنە بىر كۈن ئىچىدىكى ئىككى زاۋال (سۈبھى ۋە گۇگۇم) دا سەپەر قىلىشتىن، سەيشەنبە كۈنى چىڭقى چۈشتىكى چۈش زاۋىلىدا يالغۇز سەپەرگە چىقىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. گۇگۇم ۋە سەيشەنبە چۈشتە سەپەرگە چىقماسلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ زىددىيىتى ھەققىدىكى مانى ئېتىقادى، ھەمدە جىن ـ شەيتان چۈشەنچىلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ نىسبەتەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا يەنە ئاي سەراتان بۇرجىغا، ئەسەد بۇرجىغا، ئەقرەب بۇرجىغا، جەددى بۇرجىغا، دەلۋە بۇرجىغا توغرا كەلگەندە سەپەرگە چىقىشتىن پەرھىز قىلىش لازىملىقى تىلغا ئېلىنغان. ئەگەر سەپەر بىر قانچە كۈنلۈك بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا يولدىكى ئۆتەڭلەردە قونۇشقا توغرا كېلىدۇ. سەپەرگە چىققۇچىلار يول يۈرۈپ كەچ بولۇپ كەتسە داۋاملىق يۈرمەيدۇ، بولۇپمۇ كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە يول يۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ. بۇھەقتە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا ھەم مۇنداق دېيىلگەن: "سەپەرگە چىقىشنىڭ يەنە بىر قائىدىسى شۇكى، ئاۋۋالقى كېچىدە يول يۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندا، پىرلاردىن خەتەر يېتىدۇ. يولغا چىقىش ۋاقتى يېرىم كېچىدۇر."[1] ئەمما، ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇپ كېتىلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا يۇلتۇز ئىلمى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلەر، پىلانېتلار بىلەن ئادەمنىڭ تەقدىرى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن باغلىنىش بولىدۇ دېگەن ساددا بىلىم سەۋەبىدىن، سەپەر قىلغاندا قايسى چاغدا قاياققا سەپەر قىلماسلىق ھەققىدىمۇ پەرھىزلەر بولغان. بۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى زاماندا سەپەرگە چىقىدىغان كىشى ئۆزىنىڭ قايسى يۆلىنىشكە قاراپ سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ياكى مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىنى يۇلتۇز پالى ئارقىلىق ھەم بەلگىلەيدىغان ئادەت بولغان. ئەمما بۇ يېقىنقى زاماندا يوقۇلۇپ كەتكەن بۇ ھەقتە بىرەر ماتېرىيالمۇ ھەم قولىمىزدا يوق. ئەمما بىر قىسىم ئەرلەردە سەپەرنى قايسى كۈندە قايسى يۆلىنىشكە قاراپ ھەققىدە بىر قىسىم خاتىرىلەر بار. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە بار:

---

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 73 ـ بەت.

"بارما مەشرىق سارىغە دۈشەنبى،
يەنە شەنبەكى، ئەيلىدىم تەنبىھ.
روزى يەكشەنبە ھەست، ئازىنە،
بارما مەغرىپكە ،كەلتۈرەر كىنە.
يەنە سەيشەنبە، چاھارشەنبەدۇر،
سۇ قۇي سارى بارماغان خوبدۇر. (سۇ قۇي سارى: شىمال)
پەنجشەنبە سۇ يۇقارى بارما، (سۇ يۇقارى: جەنۇپ)
مەنفەئەت يوقتۇر، بىھۇدە ھارما."[1]

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرىكى دەۋرلەردە شەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنىدە شەرققە قاراپ سەپەر قىلىشتىن؛ يەكشەنبە ۋە جۈمە كۈنىدە غەرپكە قاراپ سەپەر قىلىشتىن؛ سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرىدە شىمال تەرەپكە سەپەر قىلىشتىن؛ پەيشەنبە كۈندە جەنۇپقا سەپەر قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بولغان. ھازىرقى دەۋردە قايسى كۈندە قايسى تەرەپكە سەپەر قىلماسلىق ئەنئەنىسى يوقالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر ئادىتىدە يەنە ۋابا كېسىلى، چۇما كېسىلى ۋە باشقا ئۆتكۈر تارقىلىشچان كېسەللىكلەر تارقالغان جايلارغا سەپەر قىلماسلىق ئادىتىمۇ بولغان. بۇ پەرھىز ئىنتايىن ئىلمىي ۋە ئىجابىي بولۇپ، بۇنىڭ ئەشۇ كېسەللىكلەرنىڭ يەنىمۇ كەڭ تارقىلىشىنى چەكلەشتە چوڭ رولى بولغان.

ئۇيغۇرلار يەنە سەپەرگە چىقىشتا (مەيلى قىسقا سەپەر بولسۇن، ياكى ئۇزۇن سەپەر بولسۇن) سول پۇت بىلەن باشلىميدۇ. يەنى، ئىشىكتىن سول پۇت بىلەن چىقمايدۇ. بۇ ئۇمۇمەن ياخشى ئىشلارنى ئوڭ قول ۋە ئوڭ پۇت بىلەن قىلىش، ئوڭدىن باشلاش بەلگىلىمىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. سەپەر ئەمما ھەرگىزمۇ يېرىم يولدا ياندىغان ئىشنى قىلمايدۇ، مۇشۇنداق قىلسا سەپەر خەيرلىك بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا يولغا چىققان ئىكەن، ئۇنتۇلۇپ قالغان بەك زۆرۈر نەرسە بولمىسلا ئارقىغا قايتمايدۇ . سەپەرچىلەر كېچىدە يول يۈرگەندە ئىسقىرتىپ مېڭىشتىن چەكلىنىدۇ، سەۋەب شۇكى، كېچىدە يولدا ئىسقىرتىپ ماڭسا، جىننى چاقىرغانلىق بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا يەنە يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىرەر پۇتۇلكاشاڭغا

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 71 ـ بەت.

(مەسلەن، يېقىلىپ چۈشۈش، ئات ـ ئېشەكنىڭ مۈدۈرۈپ كېتىشى، هارۋىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشى دېگەندەك ئەھۋاللارغا) يولۇقسا، سەپەرنى داۋاملاشتۇرماي ئارقىغا قايتىپ، ئەتىسى ياكى باشقا كۈندە سەپەر قىلىدۇ. ھېلىقى كىچىك كىلىشمەسلىكنىڭ چوڭ كىلىشمەسلىككە بىشارەت ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىدۇ. بەزى كىشلەر ئارىسىدا يەنە سەپەر جەريانىدا توشقان كورۈپ قالسا سەپەرنى داۋاملاشتۇرمايدىغان ئەھۋال بار. بۇ خۇراپىيى قاراشتۇر. يەنى توشقانىڭ ئالدى پۇتى قىسقا، كەينى پۇتى ئۇزۇن، يۈگۈرۈشكە چاققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يۈگۈرىشى تېز، ئەمما ئۇزاققا بارمايدۇ، دېمەك، ئۇنىڭ ئۇچراپ قېلىشى سەپەرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا گاھ مېڭىپ گاھ توختاشقا سەۋەب بولىدىغان كىچىك توسالغۇلارنىڭ بارلىقىدىن بىشارەت تەرىقىسدە تونۇلۇپ، شۇ خىل ئادەت بارلىققا كەلگەن.

ئىسلام دىنىدىكى تاق ساننى ئۇلۇغلاش قارىشغا ئاساسەن، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كارۋان تۆگىلىرىنىڭ ساننىڭ جۈپ ساندا بولۇشىدىن پەرھىز قىلغان. شۇڭا بەش، يەتتە، توققۇز....... دېگەن تاق سانلاردا تۆگە تەشكىللەپ يۇرتلار ئارا تىجارەت قىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلار يەنە سەپەر جەريانىدا هايۋانغا كۆپ يۈك ئارتمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر قائىدىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇ نوقتا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئۇيغۇرلار يول بويى هايۋانلارنى ئۇزۇن تاياق ياكى قامچا بىلەن ھەيدەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قامچىسى ئۆزگىچە هۈنەر ـ سەنئەتلىك بويۇم بولۇپ، دەستىسىنى ياغاچتىن، قامچىسىنى تېرىدىن قىلىدۇ. دەستىسىنى ئېسىل ئۈيۈپ، قامچىسىنى چاچ ئۆرىگەندەك ئۆرۈيدۇ. بىر قىسم ئەنئەنىلەردە ئۇيغۇرلار قامچا دەستىسىنى ئۇزۇن سەپەر بولۇپ قالسا يۇلغۇن ياغىچىدىن قىلمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇزۇن سەپەرگە چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاغنى ئۇرمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە خەلى ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: "ئەبۇ جەھىل (ئەبۇ جەھىل ـ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ زامانىدا قۇرەيش قەبىلىسىدىن چىققان بىر كىشى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئەمرۇ بىن هىشام. ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەر دىن تارقىتىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇنىڭغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن ۋە دۈشمەنلەشكەن كىشلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ كېيىن بەدر غازىتىدە ئۆلگەن.) نىڭ بۇرنىدىن قان چىققاندا، ئۇ قاننى توڭگۇز يالاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، توڭگۇزنىڭ بەدىنى قىچىشىپ كېتىپ، ئۆزىنى يۇلغۇن دەرىخىگە سۈركەپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن يۇلغۇن دەرىخى قىزىل بولۇپ قالغان ئىكەن." بۇ بىر توقۇلما رىۋايەتتۇر. شۇنداقتىمۇ خەلق يۇلغۇننىڭ قىزىللىقىنى ئەبۇ جەھىلنىڭ بۇرنىدىن

ئاققان قان سەۋەبىدىن دەپ بىلىپ، ئۇنى ئۇلاغ ھەيدەشكە ئىشلەتمەيدۇ. ئەسلى مەقسەد رىۋايەتتە ئېيتىلغاندەك ئەمەس. يەنى يۇلغۇن ياغىچى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاغنى ئۇرىۋەرگەندە، ئەلۋەتتە ئۇلاغ چىدىماي قالىدۇ. بۇ بىزنىكى سەپەر ھەمراھى بولغان ئۇلاغنى ئاسراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پەرھىزدۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزاق سەپەرگە يالغۇز چىقىشنى خالىمايدۇ. يالغۇز سەپەرگە چىققاندا كۆپ خېيىم خەتەرگە يولۇقىدۇ دەپ قارايدۇ. دېمىسىمۇ مۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى تامامەن مۇمكىن. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام » دا مۇنداق دېيىلىدۇ: كىشى ھەمراسىز سەپەرگە چىقمىغاي ۋە ياخشى ئادەمنى ھەمراھ قىلغاي."[①] ئەمما ئۇيغۇرلار سەپەردە بىللە ماڭغۇچى ھەمراھ (يولداش) نىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىدۇ. نائەھلى، ئوغرى، يالغانچى ۋە ۋاپاسىز ئادەم بىلەن ھەمسەپەر بولۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ياخشى كىشىلەر بىلەن، ئالىملار، پازىللار، بىلەن سەپەرگە چىقىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. «سائەتنامە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "يەنە سەپەرنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرى، ئەگەر بىرەرسى سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئۆزىدە باشقىلارنىڭ ئامانىتى بار بولسا، سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئامانەتنى ئىگىسىگە ساق تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ ھەمراھسىز، يالغۇز سەپەرگە چىقماسلىق، ئامال بار ياخشى، ئالىم كىشىلەرگە ھەمرا بولۇپ سەپەر قىلىش لازىم. جادۇگەر ياكى پالچىلار بىلەن ھەمراھ بولماسلىق كېرەك. ..."[②] ئۇيغۇرلاردا بۇ ھەقتە "يامانغا يولداش بولما" دېگەن ھېكمەتلىك ماقالمۇ باردۇر.

بۇ يەردە تىلغا ئالىدىغان بىر مەسىلە شۇكى، ئىسلام دىنىدىكى بەلگىلىمە تەسىرىدە ئۇيغۇرلار ئاياللارنىڭ يالغۇز سەپەرگە چىقىشنى چەكلەيدۇ. بولۇپمۇ بىرەر كېچە قونۇپ مېقىشقا توغرا كېلىدىغان ئۇزاق سەپەرگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ روشەنكى ئىسلامىي چەكلىمىدۇر. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ بىرىدە شۇنداق دېيىلگەن: " پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:ئايال كىشى ئېرىدىن باشقا، ئۆزىگە قانداش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىگە سەپەرەە چىقماسلىق كېرەك." ئادەتتە ئاللاغا ئىشەنگەن، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئايال كىشى ئېرىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ قان - قېرىندىشى بولمىغان كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر كېچە - كۈندۈزلۈك سەپەرگە چىقسا بولمايدۇ."[③] مۇشۇ

---

[①] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 - يىلى 8 - ئاي، 72 - بەت.

[②] «سائەتنامە» ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان. 40 - بەت.

[③] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە - مارجانلار» («لۇۋلۇئۇل مەرجان»)، ئابدۇللاجان ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى،

بەلگىلىمە تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر قىز ئاياللىرى يالغۇز ياكى بىۋاستە تۇغقىنى بولمىغان ئەرلەر بىلەن سەپەر قىلىشتىن قاتتىق چەكلىنىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە ھەتتاكى بەزى پەتىۋالاردا ئاياللار يالغۇز سەپەرگە قىلسا بولىدىغان مۇساپىنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋاقتتا سۇندۇرۇلۇپ بەلگىلەنگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان.

سەپەردىن قايتىپ كېلىش ھەربىر كىشىدە تەققاززالىق پەيدا قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار سەپەرگە چىققاندىن كېيىن ئامال بار ئىشنى تېز پۈتتۈرۈپ، تېز قايتىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. يىراقراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە كېچىسى يۇرتىغا كېلىپ قالسا ئۇدۇللا ئۆيگە كىرمەيدۇ بەلكى ياكى تاڭ ئاتقۇزۇپ ئاندىن كىرىدۇ ۋە ياكى بىرەر كىشىنى ئەۋەتىپ ئۆيدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرگەندىن كېيىن ئاندىن كېرىدۇ. بۇ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قەيت قىلىنغان ئەھۋالدۇر. يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىش ئادىتى ئىچىدىكى بىر قىسىم چەكلىمىلەردۇر. ئەلۋەتتە ئەمىلي بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن چەكلىمىلەرمۇ سەپەر جەريانىدا رول ئوينايدۇ. ئەمما ئۇلار خەلق ئېتىقادىدىكى نەرسە ئەمەس بەلكى تەجرىبىۋى، ئەمىلي چەكلىمىلەر بولغاچقا، بىزنىڭ تېما دائىرىمىزگە كىرمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر ئادەتلىرىدە يېقىنقى مەزگىللەردە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ماشىنا، پويىز، ئايرۇپىلان، ۋېلىسىپىت، موتۇسىكلىت قاتارلىق قاتناش قوراللىرى ئۇلاغ، ھارۋا قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. قاتناش شارائىتى ياخشىلاندى، جۈملىدىن يوللار تۈزلەندى، سۈرئەت تېزلەشتى. سەپەر خەتىرىنى ھېس قىلىش يەنىلا مەۋجۇد بولسىمۇ، ئەمما مۇنداق خەتەر جىن ـ ئالۋاستىلاردىن ئەمەس، بەلكى قاتناش قوراللىرىنىڭ ئۆزىدىن ۋە باشقا رېئال تەرەپلەردىن كېلىدىغان بولدى. قىسقىسى قاتناش ئەھۋالىنىڭ ئومومىيۈزلۈك ياخشىلىنىشى بىلەن نۇرغۇن ئادەتلەردە تۈپ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. نەتىجىدە نۇرغۇن چەكلىمىلەر تەدرىجىي يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ئەمما بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر پائالىيەتلىرىدە ھېلىھەم مەۋجۇد ئادەتلەردۇر. ئامانلىققا ئىنتىلىش، خېيىم ـ خەتەردىن ساقلىنىش، يولنىڭ ئاق بولۇشىنى تىلەش بولسا ماددىي تەرەققىيات بىلەن مۇقەررەر باغلىنىشقا ئىگە بولمىغان، ئۆزاققىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋالدۇر.

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 326 ـ بەت.

# 10. چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر

تەرەت، سۈيدۈك، تەر، نەپەس، ھەيز، مەنىي، مەزى، تۈكۈرۈك، شۆلگەي، ياش قاتارلىقلار ئادەم بەدىنىدىن چىقىدىغان چىقىرىندىلار بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر تىبابىتىدە "ئىستىفراغ" (چىقىپ كېتىش بىلەن، بەدەن ئۇلاردىن خالاس بولىدىغان نەرسىلەر) دېيىلىدۇ. ئادەم غىزالانغاندىن كېيىن مۇقەررەر تەرەت، سۈيدۈككە ئوخشاش ئاجراتمىلارنى چىقىرىدۇ. كىشىلەر بەدەندىن چىققان ھېيز، قان ۋە مەنىينى ناپاك دەپ قارىغانغا ئوخشاش، چوڭ تەرەت ۋە سۈيدۈكنىمۇ ناپاك، نىجىس دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. ھەرقايسى مىللەتلەردە تەرەت ۋە سۈيدۈكنى نىجىس دەپ قاراپ شەكىللەندۈرگەن پەرھىزلەرنى كىشىلەرنىڭ ھاجەتخانىغا تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى، ھاجەت قىلغاندا قانداق ئورۇننى تاللايدىغانلىقى ياكى تاللىمايدىغانلىقى، قايسى يۆلىنىشكە قاراپ ھاجەت قىلمايدىغانلىقى، ھاجەت داۋامىدا نىمىلەرنى قىلمايدىغانلىقى، ھاجەت قىلىش شەكلى ھەمدە ھاجەت قىلىشقا دائىر تىل پەرھىزلىرى دېگەن بەش تۈر بويىچە تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى نىجىس نەرسە، ئۇنىڭ بەدەندىن چىقىشى پاكلىقنى بۇزىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ئىسلام دىنى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئىسلام دىنىدىكى بەلگىلىمىدە بەدەندىن مەنىي، ھېيزدارلىق قېنى ئاقسا ـ بۇ بەدەننى ئىنتايىن ناپاك قىلىدۇ. ناپاكلىقتىن پەقەت پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش ("غۇسلى قىلىش" مۇ دېيىلىدۇ.) ئارقىلىق پاكلانغىلى بولىدۇ. ئەمما چوڭ ـ كىچىك تەرەتنىڭ بەدەندىن چىقىشى بەدەننى بەك ناپاك قىلمايدۇ. ناپاكلىقتىن كىچىك دائىرىدە يۇيۇنۇش ئارقىلىق خالاس بولغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار چوڭ ـ كىچىك چىقىرىندىلارنى تىلغا ئېلىشتا سىلىقلاشتۇرۇپ، پوقنى "گەندە"، "نىجاسەت"، "چوڭ تەرەت"، سۈيدۈكنى بولسا "كىچىك تەرەت" دەپ ئاتاشقا، ئۇلارنى چىقىرىشنى بولسا "تەرەت قىلماق"، "تەرەت سۇندۇرماق" (بەدەن پاكلىقىنىڭ بۇزۇلۇشى ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك چىقىرىندا چىقىرىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ پاكلىقنىڭ، يەنى تاھارەتنىڭ سۇنۇشىدۇر. بۇ ئاتالغۇ شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان.)، "ھاجەت قىلماق"، "ئارقىغا بارماق" دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ھاجەتخانە ھەرقايسى مىللەتلەردە ھەرخىل ئاتىلىدۇ. ئەمما ھەممە مىللەتلەردە بۇ ئورۇن سىلىقلاشتۇرۇلۇپ، مەجازىي سۆزلەر بىلەن ئاتالغان بولۇپ،

"ئارقا ئۆي" ، "هاجەتخانە" مەنىسىدىكى سىپايە سۆزلەر ھەرقايسى تىللاردا ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ بۇ جايىنى ھەرگىزمۇ "سىيىپ - چىچىش ئورنى" دېمەي بىر قانچە خىل سىلىق نام بىلەن ئاتايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار چوڭ - كىچىك چىقىرىندىلارنى چىقىرىدىغان جايىنى ئوخشاشلا سىلىقلاشتۇرۇپ "هاجەتخانە"، "خالاجاي" (ئەسلي "خالىي بولىدىغان جاي" دېمەكتۇر.)، "تەرەتخانە"، "ئوبۇرنى" (بۇ رۇس تىلىدىن كىرگەن ئىبارىدۇر.)، "ئارقالىق" ("ئۆي ئارقىسىدىكى جاي" دېمەكچى.)، "بىرىنچى نومۇرلۇق جاي" (بۇ خەنزۇ تىلىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۇدۇل تەرجىمىسىدۇر.)، ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ.

دۇنيادىكى بەزى مىللەتلەردە ناھايىتى قەدىمكى زاماندىلا هاجەتخانە بار بولغان. ئەمما بەزى ئەل ۋە مىللەتلەردە هاجەتخانە بولمىغان. ئومومەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە هاجەتخانە يوق دىيەرلىك بولۇپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەردە ناھايىتى بۇرۇنلا هاجەتخانە بار بولغان. بەزى ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، 17 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى چاغلاردا ياۋروپادا مەخسۇس هاجەتخانە بولمىغان بولۇپ، كىشىلەر پەقەت دەرەخ تۈۋى، تام تۈۋى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پىنھان جايلارغا چوڭ - كىچىك تەرەت سۇندۇرۇپ كەلگەن. ياپونىيەلىكلەر 8 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئالدى بىلەن گارشۆكقا تەرەت سۇندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى هاجەتخانە سۈپىتىدىكى ئورۇنغا تۆكەر ئىكەن. چۈنكى شۇ چاغلاردىكى هاجەتخانە ئاساسەن گەندە يىغىپ قىغ قىلىدىغان ئۆيلەر بولغان. جۇڭگودا بولسا ئۈچ پادىشالىق دەۋرىگە ۋە كېيىنكى خەن سۇلالىسىغا ئائىت خاتىرىلەردىلا هاجەت قىلىدىغان ئورۇن ( 溷 ) تىلغا ئېلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى دەۋردىن باشلاپ هاجەتخانىغا تەرەت سىندۇرۇپ كەلگەنلىكى ھەققىدە بىزدە ئېنىق پاكىت يوق. ئەمما بىز شۇنىڭغا جەزم قىلالايمىزكى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مۇقىم دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ۋە شەھەر ھاياتىنى باشلىغان چاغلاردىن تارتىپلا هاجەتخانە سېلىپ، شۇ جايغا تەرەت سۇندۇرۇپ كەلگەن.

تۇرمۇشتا هاجەتخانە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ رەۋىشتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە بىردىن، ھەتتا ئىككىدىن هاجەتخانە بولىدۇ. بىر ئائىلىدە ئىككى هاجەتخانىنىڭ بولۇشى كۆپ ئۇچرىمىسىمۇ، ئەمما جان سانى كۆپرەك ئائىلىلەردە ئەر - ئاياللار ئورتاق هاجەتخانە ئىشلىتىشتىن پەرھىز قىلىپ، ئىككى هاجەتخانە بەرپا قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە هاجەتخانە ئۆيگە يېقىن يەرگە سېلىنمايدۇ.

ياكى ئۆيىنىڭ غەرب تەرىپى ۋە ئالدى تەرەپكە ھاجەتخانە سالمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئۆي ئەتراپىنىڭ مۇھىتىنى پاكىز تۇتۇشتىن سىرت، يەنە ھاجەت قىلغانلىقنى كىشلەرگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈندۇر. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇرلار ھاجەتخانىنى ئاسما شەكىلدە سالىدۇ. بۇ "ئاسما خالا" مۇ دېيىلىدۇ. ھاجەتخانىنىڭ ئىشكى توسۇلۇپ ئادەم ئولتۇرىدىغان جاي ھاجەتخانە ئىشىكىگە ئۇدۇل قىلىنمايدۇ.

ھاجەتخانە مەخسۇس چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىدىغان جايدۇر. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇرلار ئائىلىلەردە ئومۇمەن ھاجەتخانىغا كىرىپ تەرەت قىلىدۇ. ئەمما سىرتتىكى چاغلاردا تەرەت قىستىغاندا قەيەرگە تەرەت قىلىش مەسىلىسىدە، تەرەت قىلىشنى ناپاك ئىش دەپ قارىغاچقا، مۇقەددەس ئوبيېكتلارنىڭ يېنىدا ياكى ئۈستىگە تەرەت قىلىشتىن بەك ھەزەر قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار مەسجىد ئىچىگە، مەسجىد ئەتراپىغا، قەبرىستانغا، قەبرىستانىڭ يېنىغا، مازارغا تەرەت قىلمايدۇ. ئۇنىدىن باشقا يەنە مۇنچا ئىچىگە، ئۆي ئىچىگە، دەرياغا، كۆلگە، يولغا، سايىدايدىغان جايلارغا، قوتان، ئېغىل، قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى قاتارلىق جايلارغىمۇ تەرەت قىلمايدۇ. ئىسلام دىنىدىكى تەرەت قىلىش ئورنىغا ئائىت بىر قىسىم كۆرسەتمىلەر بۇنداق ئادەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىۋاستە سەۋەب بولسا كېرەك. مەسىلەن، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە لەنەتكە لايىق ئىككى ئىشتىن، يەنى كىشلەرنىڭ يولىغا ياكى ئۇلارنىڭ سايىدايدىغان جايىغا تەرەت قىلىپ قويۇشتىن جەزمەن يىراق تۇرۇش لازىملىقى ھەققىدە ئېنىق كۆرسەتمە باردۇر. ئۇيغۇرلار يەنە ئەخلەت دۆۋىسى، يۇندا ئەۋرىزى قاتارلىق جايلاردا جىنلار ئۇۋا سالىدۇ، دەپ قاراپ ۋە جىن ـ شەيتانلار ئىگەللىۋالغان "ئىگىلىك يەر" لەرگە، خىزىر غۇجام ئۆتىدىغان، قىتمىر غۇجام (ئەسھابۇل كەھف رىۋايىتىدىكى يەتتە ئەۋلىياغا ھەمراھ بولغان ئەۋلىيا ئىت.) يوللارغا تەرەت قىلسا پۇت قولى، بېلى ئاغرىيدۇ، چاقا ـ جاراھەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ، شامال كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئېغىزى مايماق بولىدۇ، دەپ قاراپ ئەشۇ جايلارغا تەرەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. كىشلەر ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ تۆكۈۋەتكەن ئەخلەت ۋە كۈل، قوغۇن، تاۋۇز شاپىقى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە تەرەت قىلىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئېغىز ـ مانىغا سۇلۇق چاچراتقۇ چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ كىچىك بالىلارنىڭ ئېغىز ـ مانىغا چاچراتقۇ چىقىپ قالسا، بۇنى ئۇلارنىڭ ئەخلەت قوغۇن تاۋۇز شاپىقىغا تەرەت قىلىپ قويغانلىقىدىن كۆرۈپ، "چاچراتقۇ" دەپ ئاتىلىدىغان سىھىرگەرلىك

ئۇسۇلنى قوللىنىپ ساقايتىدۇ. يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەنە ئايالالر كۆلگە تەرەت قىلسا تۇغماس بولىدۇ، دەپ قاراپ، چەكلەيدىغان ئادەت بار.

ئۇيغۇرلار تۇزنى، ئاشلىقنى مۇقەددەس بىلىش ئەقىدىسى سەۋەبىدىن تۇز بار يەرگە، ئاش سۇيى تۆكۈلگەن جايغا تەرەت قىلىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا كۆزى كور بولىدۇ، بەركەت قولدىن كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. بىز تۇرمۇشتا ئۇيغۇرلارنىڭ دەل ـ دەرەخلەرنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى، ئوتۇن ۋە خازاننى ئەزىزلەپ، ئوتۇننى نان بىلەن تەڭ كۆردىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. شۇ سەۋەبتىن خەلق ئارىسىدا خازان ئۈستىگە، ئوتۇن ئۇۋاقلىرى ئۈستىگە، مېۋىلىك دەرەخنىڭ يېنىغا تەرەت سۇندۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. يەنە زىرائەتنى ئەزىزلەپ ئېتىزلىقتا، خامانلىقتا تەرەت قىلمايدۇ. گەرچە گەندىنى ئېتىزلىققا قويۇش ئەھۋالى كۆپ كۆرۈلسىمۇ، ئەمما ئېتىزلىققا بىۋاستە ئولتۇرۇپ تەرەت قىلىش ياخشى ئىش ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئۇچاقنى ئۇلۇغلاشنىڭ پەرھىز شەكلىدىكى ئىپادىلىرىدىن تونۇر بېشىغا ۋە يېنىغا، ئوچاق بېشىغا ۋە يېنىغا، توي ـ تۆكۈن ۋە نەزىرە ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئوچاقلارنىڭ ئورنىغا تەرەت قىلماسلىق، شۇ جايلاردا غۇسلى قىلماسلىق قاتارلىق ئادەتلەرمۇ بار. ئۇيغۇرلاردا يەنە روھ ھەققىدىكى چۈشەنچلەر سەۋەبىدىن قان تۆكۈلگەن جايلارغا، ئادەم قېنى ئۈستىگە، مېيىتنى يۇيغان جايغا تەرەت قىلىشتىن، شۇ يەرلەردە غۇسلى قىلىشتىن بەك ئېھتىيات قىلىدىغان ئادەت بار. بۇنداق ھەرىكەت روھلارغا قىلىنغان ئېغىر ھاقارەت بولۇپلا قالماستىن، يەنە شۇ روھلارنىڭ تەرەت قىلغۇچىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىغىمۇ سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار جىن بار دەپ قارايدىغان باشقا جايلار ۋە نەرسىلەر، مەسىلەن: ماندا دەرىخى (بۇ بىرخىل چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملىك.) ئۈنگەن جاي، كونا ئۆي، كونا تۈگمەن، ئەۋرەز، كىر سۇيى تۆكىدىغان يەر، يالغۇز دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ تۈۋىگە ياكى ئۈستىگە تەرەت قىلىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق جايلارغا تەرەت قىلسا جىنلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوقۇم ئۇچرايدۇ دەپ جورۇيدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا بىرەر سەۋەب بىلەن نېرۋىسىدىن ئازغان ۋە ئاغزى مايماق بولۇپ قالغان كىشىلەرنى باشقىلار ئۇلارنىڭ جىنلار ئىگىلىگەن مەلۇم جايلارغا تەرەت قىلىپ قويغانلىقىدىن كۆرۈشەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇنداق كېسەلنى داۋالايدىغان پېرىخون، باخشىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن كېسىلىنى ساقايتىپ قويۇشنى ئۆتۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن، جىنلار بىلەن پېرىخون ياكى باخشىلار ئارىسىدا بىر مەيدان

كەسكىن "ئېلىشىش" بولغاندىن كېيىن، باخشىلار يېڭىپ ئادەمنى ساقايتاتتى، ياكى جىنلار يېڭىپ ئادەم ساقايمايتتى. مۇشۇنداق "كونىلىق قىلىش" نىڭ ئىزنالىرى هازىرقى تۇرمۇشتا خۇراپاتلىق سۈپىتىدە يەنىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. خەلقنىڭ جىنلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بويىچە، ھەر كۈنى زاۋال پەيتىدە جىنلار يەر يۈزىگە شۇنچىلىك تولۇپ كېتىدۇكى، يەرگە يىڭنە تاشلىسا، يىڭنە يەرگە چۈشمەسكەن. ناۋادا تەرەت قىلغۇچى كىشى بىلمەستىن جىنلار تۇرغان ئورۇنغا ھاجەت قىلىپ سالسا ئۇلار ھاجەت قىلغۇچىغا چوڭ زەرەر يەتكۈزىدىكەن. شۇڭلاشقا خەلق مۇشۇ ئېتىقاد بويىچە كېچىدە، زاۋال پەيتىدە ھەرگىزمۇ ئۇدۇل كەلگەن جايغا تەرەت قىلمايدۇ. بەلگىلەنگەن نوقتىغا تەرەت قىلىشتىن بۇرۇنمۇ "پوش - پوش" (ئەي جىنلار، نېرى تۇرۇڭلار!! دېگەن مەنىدە) دەۋېتىپ ئاندىن تەرەت قىلىدۇ، بۇ خەلق ئارىسىدا بەك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر ئادەتتۇر. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار مۇقەددەس، دەپ قارىغانلىكى ھەرقانداق جايلارغا تەرەت قىلىشنى، مۇقەددەس دەپ قارىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۈستىگە تەرەت قىلىشنى چەكلەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ پەرھىزلەر چوڭ - كىچىك تەرەتنى نىجىس دەپ قارايدىغان ئەقىدىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلار چوڭ - كىچىك تەرەت قىلغاندا مەلۇم يۆلىنىشلەرگە، مەلۇم شەيئى ياكى ئورۇنلارغا قاراپ تەرەت قىلىشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. شۇنىڭ جۈملىسىدە، كىشىلەر قىلبىگە يۈزلىنىپ ياكى قىبلىگە ئارقىسىنى قىلىپ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشتىن (بۇ ئالدىدا توسالغۇ بولمىغان دالىدىكى پەرھىز بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاجەتخانىنىڭ ئەۋرەز تۆشىكىنى شىمالدىن جەنۇپقا قارىتىپ سېلىشى مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.)، مەسجىدكە، مازارغا، قەبرىستانلىقا قاراپ تەرەت قىلىشتىن، كۈنگە، ئايغا ۋە شامال ئېغىزلىرىغا قاراپ تەرەت قىلىشتىن، كېچىدە شىمالغا يەنى شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىغا قارپ تەرەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى ئىسلامىي ئەقىدە سەۋەبىدىن، يەنە بىر قىسمى قەدىمكى تەبىئەت دىنلىرىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. قەدىمكى دەۋردە ئۇيغۇرلاردا شەرققە قاراپ تەرەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار بولغان ئىدى. بۇ ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى قىلبىگە ئارقىسىنى تەرەت قىلماسلىق چەكلىمىسى بىلەن بىرلىشىپ تېخىمۇ كۈچلۈك تۈس ئالدى.

ئۇيغۇرلار تەرەت قىلۋاتقان جەرياندا يەنە نۇرغۇن ئىشلاردىن پەرھىز قىلىدۇ. ئالدى بىلەن تەرەت قىلىشتا ئىشتان سېلىشقا توغرا كەلگەچكە ئەۋرەت ئېچىلەپ قالىدۇ. جىنىسنى ناپاك دەپ قاراش ۋە ئەۋرەتنى

ئاشكارا قىلماسلىق چەكلىمىسىگە ئاساسەن كىشىلەر تەرەت قىلىۋاتقاندا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن، بولۇپمۇ ئەۋرىتىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن بەك ھەزەر قىلىدۇ. ناۋادا تەرەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئەۋرىتىگە قارايدىكەن، كۆزىگە يىڭنە ئاسقۇ چىقىپ قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ئىككى ھاجەتخانىنىڭ بولۇشى، ياكى ھاجەتخانىنىڭ پەردىسى ۋە ئىشىكىنى تەرەت قىلغاندا يېپىۋېتىش، باشقا ئادەم كېلىپ قالغۇدەك بولسا يۆتىلىپ قويۇش بىلەن بىشارەت بېرىش، ... قاتارلىقلار باشقىلارنىڭ بولۇپمۇ يات جىنسلارنىڭ ئۆز ئەۋرىتىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدىكى مۇناسىپ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھاجەتخانىغا ئوڭ پۇتى بىلەن كىرمەيدۇ، بەلكى سول پۇتى بىلەن كىرىپ، ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىدۇ. تەرەت داۋامىدا بولسا ئوڭ قولى بىلەن ئەۋرەتنى تۇتمايدۇ ۋە چوڭ تەرەتتىن كېيىن ئوڭ قولى بىلەن ئارقا تەرەپنى سۈرتمەيدۇ. ناۋادا سول قول يوق ياكى يارىلانغان بولمىسىلا، بىھۇدە ئوڭ قولنى ئىشلەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ھاجەتخانىغا يالاڭباش كىرىشنى يامان كۆرىدۇ. مۇشۇنداق قىلىدىكەن "بېشى گۆرگە پاتمايدۇ" دەپ قاراپ، ھاجەتخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن بېشىغا ياغلىق چاغلىق نەرسە ئارتىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ھامىلىدارلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇرغان ئاياللار ھاجەتخانىغا يالغۇز كىرمەيدۇ. بولمىسىدا جىن چاپلىشىدۇ، قوساقتىكى بالا چۈچۈپ كېتىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ. ناۋادا ئىككى ئادەم (بىر جىنستىن بولغان ئىككى ئادەم) ھاجەت سۇندۇرۇشقا تەڭ چىقىپ قالسا، تەرەت قىلىۋاتقاندا يېقىن ئولتۇرمايدۇ. ئىلگىرى ئىككى ئادەم بىر يەردە ھاجەتكە ئولتۇرسا، ئىككى كىشى قولنى سوزسا بىر ـ بىرىگە يەتمىگىدەك ئارىلىقتا ئولتۇرىدىغان قىزىقارلىق ئادەت بار ئىدى. بۇ ھەم ئەۋرەتنى يۇشۇرۇش، ھەم ئەدەپنى ساقلاش، ھەم نىجاسەتنى ناپاك دەپ قاراشتىن كېلىپ چىققان بىر ئادەتتۇر. بەزى يۇرتلاردا تاماقتىن كېيىنلا ھاجەتكە چىقىشنى يامان كۆرىدىغان ئەھۋال بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مۇشۇنداق قىلسا توي ئىشىدا ئەلچى يېنىپ كېتەرمىش. ئەمەلىيەتتە توي ئەلچىسى بىلەن ھاجەتكە چىقىش ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت يوق. بۇنىڭدىكى يۇشۇرۇن ئاساس دەل تاماقتىن كېيىنلا تەرەت قىلغاندا قوساقنىڭ سىلىنىپ كېتىشى، ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت. دېمەك، تەرەت جەريانىدىكى بىر قىسىم پەرھىزلىك ئادەتلەر ئىچىگە ئىنسانىنىڭ ئۆز سالامەتلىكىنى ئاسراشتەك مەقسەد يۇشۇرۇنغان. يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان پەرھىزلەردىن ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلماسلىق (ئىلمي ئىسپاتلاشلارغا قارىغاندا، ئۆرە تۇرۇپ كىچىك

تەرەت قىلغاندا ئادەم بەدىنىدىكى بەش يۈز مىلللىيتر ئۆپچۆرىسىدىكى سۈيدۈك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چىقىپ كەتكەچكە، قورساق بېسىمى تۆۋەنلەپ، قان بېسىمىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ئەگەر قان بېسىمى ئەسلىدىنلا تۆۋەن ئادەم بولسا، ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلغاندا تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىكەن. بۇ يەنە سۈيدۈكنىڭ يەردىن چاچراپ كىيىمنى بۇلغىماسلىقى ئۈچۈندۇر.)، ئۆلىدىغان چاغدا زوۋانى تۇتۇلۇپ قالىدۇ، دەپ هاجەتخانىدا گەپ قىلىشماسلىق، ناخشا ئېيتماسلىق، ئىمانى هاجەتخانىدا قالىدۇ، دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالماسلىق، يەل كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ، تەلبى ئىجابەت بولمايدۇ، دەپ هاجەتخانىدا مىشقىرماسلىق ۋە تۈكۈرمەسلىك قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرلاردا ئاچچىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ئادىتى بولمىغانلىقىغا مۇناسىپ رەۋىشتە، هازجەتخانىدا ئۇزاق ئولتۇرۇشتىن پەرهىز قىلىدىغان ئادەتمۇ بار. خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچىلەردە، هاجەتخانىدا ئۇزاق ئولتۇرسا، ئۆلىدىغان چاغدا جېنى تەستە چىقارمىش. ئەگەر ئېغىر ئاياق ئايالنىڭ ئېرى هاجەتخانىدا ئۇزاق ئولتۇرسا، خوتۇنىنىڭ تۇغۇتى قىيىن بولارمىش. خۇراپىي قاراشلاردا تەرەت قىلىش خۇددى تۇغۇتقا، تەرەت قىلىشنىڭ تەسلىكى تۇغۇتنىڭ تەسلىكىگە ياكى جاننىڭ چىقىشنىڭ تەسلىكىگە تەققاسلىنىشى، ئەر هاجەتخانىدا ئۇزاق ئولتۇرسا خوتۇنىنىڭ تۇغۇتنىڭ قىيىنلىششى سېھرگەرلىكتىكى پرىنسىپلارنىڭ ئەپچىلللىك بىلەن بۇ ئادەتلەر ئۈستىگە تەدبىق قىلىنىشىدۇر.

ئۇيغۇرلار چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىن كىسەك پارچىسى بىلەن ئالدى ۋە ئارقا پىشاپىنى سۈرتىدۇ. بۇ "چالما تۇتۇش" مۇ دېيىلىدۇ. ئىسلامىي بەلگىلىمىدە چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىن ئالدى ـ ئارقا پىشاپنى پاكىز سۈرتۈش پەرز بولۇپ، تاهارەت ئېلىش ئۈچۈن ئەۋرەتنى يۇيۇش بولسا سۈننەتتۇر. شۇڭا پىشاپلارنى سۈرتۈش ئۇلارنى يۇيۇشتىنمۇ مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەيلى چوڭ تەرەت بولسۇن ياكى كىچىك تەرەت بولسۇن، ئۇنىڭ يۇقۇندىسىنىڭ ئىشتانغا تېگىشى كىيىمنى ناپاك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىدىكى هاجەتخانىغا چالما ـ كىسەك چوقۇپ قويۇپ قويىدۇ. هازىرقى زامان تىبابەت ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، چالما ـ كىسەكتە ئارقا پىشاپنى سۈرتسە، بوۋاسىر كېسىلىنىڭ ئالغىلى بولىدىكەن. بۇ ساۋاتنى بىز ئۇيغۇرلاردا بوۋاسىر كېسەللىكىنىڭ ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇشىدەك ئەهۋالدىن

ئىسپاتلايمىز. ئۇيغۇرلار چالما ـ كىسەكتە ئارقا ـ ئالدى پىشاپلارنى سۈرتىدۇ. ئەمما خەت يېزىلغان قەغەز، سۆڭەك، يىمەكلىك، ھايۋان تېزىكى، غازاڭ، ئوت ـ چۆپ، رەڭگى ئاق نەرسىلەر (مەسىلەن: پاختا) قاتارلىق نەرسىلەردە ئالدى ۋە ئارقا پىشاپنى سۈرتۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى، ئاللانىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭ 99 ئىسىم سۈپىتى ھەمدە بۇ ئىسىملاردىن ئېلىنغان ئادەم ئىسمى بار قەغەزلەرنى ئىشلىتىشتىن قاتتىق چەكلىنىندۇ. ئاق نەرسىلەردە سۈرتمەسلىك مانى دىنى ئېتىقادىدىن قالغان سارقىتلاردىن بولسا كېرەك. يۇقىرىدىكى ھايۋان تېزەكلىرىدە پىشاپنى سۈرتمەسلىك پەرھىزىنىڭ ئەكسىچە، بىر قىسىم كىشىلەر ھايۋان تېزىكىدە پىشاپنى سۈرتسە بالىسى قارا كۆز بولىدۇ، دەپ قاراپ، تېزەك تېپىپ سۈرتىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئوپ ـ ئوچۇقلا خۇراپىي قاراشتۇر. ئۇنىڭ ئاساسى تېزەكنىڭ قارىلىقى بالىنىڭ كۆزىنىڭ قارىلىقىنى پەيدا قىلىدۇ، دېگەن ئىشەنچتۇر.

ئۇيغۇرلار تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال كۆمۈۋېتىشنى ئادەت قىلغان. بولۇپمۇ چوڭ تەرەتنى چوقۇم كۆمۈۋېتىدۇ. ھاجەتخانىلاردا كۆمۈش ئۈچۈن تەييارلانغان مەخسۇس توپا بولىدۇ. باشقا جايغا ھاجەت قىلغان بولسا شۇ جايدىكى توپا بىلەن كۆمۈپ تاشلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا چىقىرىلغان گەندىنى قوياش كۆرسە بولماس ئىكەن. ناۋادا گەندىنى كۆممەي ئۈچ قويسا شۇ ئادەمنىڭ ئەيىبى ئاشكارە بولۇپ قالار ئىكەن. يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە ئائىت بىر قىسىم پەرھىزلىك قاراشلىرىدۇر. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، بۇ پەرھىزلەر خۇددى باشقا ساھەدىكى پەرھىزلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ ۋە نۇرغۇن سەۋەبلەرنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. بۇ پەرھىزلىك ئادەتلەر مەسلىسىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلار ھاجەتخانە ۋە گەندىنى ناپاك دەپ قاراش بىلەن بىرگە، ئۇنى مەلۇم ئامەت ۋە قۇت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئىرىملىك ئادەتلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار: ئۇيغۇر قىزلىرى كىچىكىدىن باشلاپ ھاجەتخانىنى پاكىز تازىلاپ بەرسە بەختىم ئېچىلىدۇ دەپ قاراپ، ھاجەتخانە مۇھىتىنى پاكىز تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن. يەنە بىر خىل ئىرىملىك ئىشەنچلەردە، كىمكى ھاجەتخانىنى پاسكىنا تۇتسا، شۇ كىشىنىڭ كۆزىگە يىڭنە ئاسقۇ چىقىپ قالىدۇ. بۇنداق يىڭنە ئاسقۇنى پەقەت شۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى ھاجەتخانىغا ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ، ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، ھاجەتخانىدىن ئەپۇ سورىغاندىن كېيىنلا يوقىلارمىش. يەنە بىر قاراشلاردا قىزلار ھاجەتخانىدا ئولتۇرۇپ تەگرىدىن تىلىكنى

تىلىسە، تېلىكى تېز ئىجابەت بولارمىش. ئۇيغۇرلار يولدا كېتىۋېتىپ گەندىگە دەسسەپ سالسا، "ئامىتىم كەلدى" دەپ جورۇيدۇ. شۇنداق دېيىشنىڭ مەنىسى ئوڭايسىز ياكى قاملاشمىغان ئىشنى ياخشى تەرەپكە جورۇپ، ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار يەنە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئىقتىدارسىز ئادەمنى "پوقنى ئارىدىن ئىككىگە بۆلەلمەيدىغان" دېگەن ئىدىيوم ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەيدۇ، ۋەھەكەزا. يۇقىرىقىلار چوڭ ـ كىچىك تەرەت ۋە ھاجەتكە ئائىت ئىرىملىك قاراشلاردۇر. بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلىك ئادەتلەر خەلقنىڭ مۇقەددەسلىك قارىشى، ئەدەب ـ ئەخلاق قارىشى ۋە ھايا ـ نومۇس چۈشەنچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، تىل پەرھىزى شەكلىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

چوڭ ـ كىچىك تاھارەت ـ ئىنساننىڭ ئاساسىي فىزئولوگىيىلىك ئىقتىدارىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ ھەم يىمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ ۋە سەپەر، ھەمدە توي تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىغا ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇ تەرەپتىكى پەرھىزلەر بولسا تېخىمۇ مەخپىي، يوشۇرۇن بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھاجەتخانە ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ئادەتلەر ئۆرپ ـ ئادەتشۇناسلىق نوقتىسىدىن ياكى مەدەنىيەتشۇناسلىق نوقتىسىدىن تولۇق ئېتىبارغا ئېلىنىپ تەتقىق قىلىنمىدى. دەل مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھاجەتخانە ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە ئائىت پەرھىزلەر ئىسلاھات ۋە زەربە ئوبيېكتى بولۇشتىن خالىي بولۇپ قېلىپ، ھازىرغا قەدەر خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلدى. بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلىك ئادەتلەر ۋە ئىرىملىك قاراشلار بىر خەلقنىڭ مەنىۋىي قىياپىتىدىن ئاز ـ تولا ئۇچۇر بېرىشتەك قىممىتى بىلەن بىزنىڭ قىزىقىشىمىزنى قوزغايدۇ، ئەلۋەتتە.

## 11. تىل پەرھىزلىرى

تىل ـ ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالىدۇر. ئىنسانلار تىلدىن پايدىلىنىپ پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى بايان قىلىدۇ. تىل تەپەككۇرنىڭ ياردىمىدە پەيدا بولىدۇ ۋە ئىپادە قىلىنىدۇ. قىسقىسى، ئىنسان تىل ئارقىلىق ئىنسانلىق ھالىتىنى ساقلايدۇ ۋە داۋاملاشتۇرىدۇ. تىل ھەر قانداق ئەھۋالدا تاۋۇشلارنىڭ ئادەتتىكىچە بىرىكىشى ئەمەستۇر. بەلكى ئۇ مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت مەناسىغا ئىگە

بولغان، ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. پەرھىز قەدىمكى جەمىيەتتىكى ئىبتىدائىي ئېتىقادتىن قالغان سارقىت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزى چۈشىنەلمىگەن سىرلىق كۈچلەردىن قورقۇش، ھۆرمەتلەش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان پاسسىپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىدۇر. پەرھىز ئادىتىنىڭ تىلدىكى ئىپادىسى بولغان تىل پەرھىزلىرى بولسا تىلنى سېھرى قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئىبتىدائىي دەۋردىن تارتىپلا ئىنسانلار تىلدا سېھرىي قۇۋۋەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا، تىل بىلەن ئۇ ئىپادىلىگەن ياكى ۋەكىللىك قىلغان رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىغا، تىل ئارقىلىق باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگىلى ياكى پايدا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، كىشىلەر مەلۇم يامان، ناپاك ياكى مۇقەددەس نەرسىدىن پەرھىز قىلغان چاغلاردا، شۇ نەرسىلەرنىڭ نامىنى ھەم تىلغا ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلغان ئىدى. تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق كۈچلەر يالغۇز ئىلاھ، ئادەم، روھ، جىن ـ ئالۋاستى ۋە ئادەملەر ئىشلىتىدىغان ھەر خىل قورال ـ سايمانلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئالاقە قورالى بولغان تىلدا مەۋجۇد بولغانلىقىغا ئىشىنىلگەن ئىدى. سېھرىي تەپەككۇردا تىل ئۆزى بىلدۈرگەن نەرسە بىلەن باغلىنىشقا ئىگە بولىدىكەن، ئۇنداقتا سېھىر ۋە جادۇ قاتارلىق پائالىيەتلەردە تىلدىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ. يەنى تىلغا زىيان سېلىش ئارقىلىق تىلنىڭ ئىگىسىگە (سۆزلىگۈچىگە) ھەم زىيان يەتكۈزگىلى بولىدۇ دەپ قارىلاتتى. تىلنىڭ تۈمۈشتىكى ئىپادىلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئادەم ئىسمى، ئىلاھ، جىن ـ ئالۋاستى... لار ئىسمى، نەرسە ئىسمى قاتارلىقلار تىلنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىپادىسىدۇر. شۇڭا تىلغا ئائىت پەرھىزلەر ئالدى بىلەن ئىسىمغا قارىتىلغان. ئۇندىن سىرت، تىلنىڭ مەزمۇنى يامان بولسا ئەمەلىيەتتىمۇ يامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن قاراشقا ئاساسلانغان يامان سۆزلەشتىن چەكلىنىش پەرھىزى، ناپاكلىق چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان، ناپاك نەرسىلەرنىڭ نامىنى ۋە ناپاك دەپ قارالغان ئىش ھەرىكەتلەرنى تىلغا ئالماسلىق پەرھىزى، مۇقەددەس ئوبيېكتلەرگە ھاقارەت كەلتۈرۈشتىن ھەزەر قىلىش ئاساسىدا، شۇ ئوبيېكتلارنىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئالماسلىق ياكى ئۆزگەرتىپ ئاتىماسلىق پەرھىزى، تىلنىڭ مۇقەددەسلىكى تۈپەيلىدىن، ئېغىزدىن چىققان سۆز مەزمۇنىغا ھۆرمەت قىلىپ مەلۇم ئىشلاردىن چەكلىنىش پەرھىزى قاتارلىقلار تىل پەرھىزلىرىنىڭ مۇھىم ئىپادىسىدۇر.

تىل پەرھىزى خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا، رەسىم ـ قائىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئېتنوگرافىك

چۈشەنچىلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان چەكلىمىلەرنىڭ تىلدىكى كۆرۈنىشىدۇر. كىشىلەر پەرھىزلىك ئوبيېكتلەرگە قارىتىلغان تىل پەرھىزلىرىدە ئەشۇ ئوبيېكتلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىق ياكى "دىمەسلىك" ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پاسسىپ پسىخىكىسىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، "دېمەسلىك"، يەنى "تىلغا ئالماسلىق" ـ تىل پەرھىزلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەكلىدۇر. ئەمما، تۇرمۇشتا ھەرخىل ئېھتىياج سەۋەبىدىن كىشىلەر ئۆز ـ ئارا ئالاقىدە ھەممە شەيئىنىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىقتىن، ھەرقانداق بىر مەزمۇندا سۆزلىمەسلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا تىل پەرھىزلىرىنىڭ يەنە بىر شەكلى بولغان مەلۇم مەنىنى باشقا سۆز بىلەن ئىپادىلەش كېلىپ چىقىدۇ. تىل پەرھىزىنىڭ بۇ خىل شەكلى يەنە ئەخلاقىي قاراشلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سىلىقلاشتۇرۇپ سۆزلەش ئۇسۇلى بولغان "ئېۋفېمىزىم" بىلەن قوشۇلۇپ، مىللەت تىلىدىكى ئاجايىپ سىرلىق ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. تىل ۋە يېزىق ئىنسان ئىجاد قىلغان نەرسىلەر بولسىمۇ، ئەمما تىل ۋە يېزىقنىڭ ئاجايىپ رولى ئالدىدا، كىشىلەر يەنە ئۇلار مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە چۈقۇنۇپ كەلگەن. كىشىلەر تىل ئارقىلىق بەخت تىلەيدۇ، تىل ئارقىلىق باشقىلارنى قارغايدۇ ۋە لەنەت ئوقۇيدۇ، ئۆزلىرىگە خەيرلىك ئىسىملارنى تاللاپ قويىدۇ، ھەتتا ئىسىم بىلەن ئادەمنىڭ تەلەيي ـ ئامىتى، تەقدىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىشلارنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشىنىدۇ. بۇ ئەھۋال قەدىمكى دەۋردە ئىنساننىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن بولغان بولسا، كېيىنكى چاغلاردا ئەدەب ۋە رەسىم ـ يوسۇن ئۈچۈن بولدى. ئەمما نورغۇنلىغان تىل پەرھىزلىرىنىڭ ئارقىسىدا يەنىلا تىلنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتىگە ئىشىنىشتەك ئەقىدە يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ ئادەتتىكى ئېۋفېمىزىملىق تىلدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. "ئېۋفېمىزىم" بولسا مەلۇم پىكىرنى "ياخشى گەپ بىلەن سوزلەش" دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ مەلۇم ئىجتىمائىي نىزاملاردىن، مەسلەن، ئەدەب، ھايا، يوسۇن قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان. ئېۋفېمىزىمنىڭ ئەڭ موھىم ئالاھىدىلىكى بولسا نىسبەتەن ئابستراكىت، ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى ۋە ئوخشىتىشلارنى سىلىقلاپ ئىشلىتىپ، بىۋاستە تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان ياكى سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئوڭايسىزلىق پەيدا قىلىپ قويىدىغان مەنىلەرنى بىمالال مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشتۇر. بەزى ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ قارىشىچە، تىل ئەمەلىيتى جەريانىدا سوزلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئىقتىدارى بولىدۇ. ۋەھالەنكى پەرھىزلىك سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە

بولىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى دەل ئېۋفېمىزىمدۇر. بۇ پىكرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق جايلىرى كۆپ. چۈنكى، پەرھىزلىك تىل ئېۋفېمىزىم ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما ئېۋفېمىزىم پەرھىزلىك تىلنى ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇشتىن باشقا، جەمىيەتتىكى ئەخلاقىي يوسۇنلار كاتېگورىيىسىدە ئەدەب، هايا قاتارلىق مەقسەدلەر ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمەن پەرھىزلىك تىل بىلەن ئېۋفېمىستىك تىل ئوتتۇرىسىدا قىسمەن جەھەتتە ماس كېلىشلەر مەۋجۇد. قەدىمكى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا تىلدىكى چەكلىمىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پەرھىزلىك تىل بولۇپ، بۇلاردىكى ئەقىدىۋىي ۋە خۇراپىي تەركىبلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، كېيىنكى دەۋردىكى ئېۋفېمىزىم بىلەن تىل پەرھىزى ئورتاق مەۋجۇد بولىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. يەنە بىر نۇقتا شۇكى، تىل پەرھىزى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەممە ساھەسىدە دېگۈدەك ئوخشاش مەزمۇنغا ئىگە. ئەمما ئېۋفېمىزىمدا مىللىي تىللار ئارا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر ساقلىنىپ تۇرىدۇ. ھەتتاكى ئەينى بىر تىل ئىچىدىمۇ دىئالېكت ۋە شىۋە پەرقى تۈپەيلىدىن ھەمدە كەسپ ئايرىمىسى تۈپەيلىدىن ئېۋفېمىستىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا چوڭ پەرقلەر بار بولغان بولىدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا تۈرلۈك ئېتىقادلار تەسىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا نۇرغۇن پەرھىزلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياراتقان تىل تەركىبىدىكى نۇرغۇن سۆزلەردىن مەلۇم ئېتىقادلار تەسىرىدە پەرھىز قىلىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. بىز ئۇيغۇرلانىڭ يېزىق تارىخىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى تىلغا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلىرىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز. پەقەت «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دىكى تىلغا ئائىت خاتىرىلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ خىل ئادىتىدىن ئاز تولا خەۋەردار بولالايمىز. جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى ۋە مىللەتنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى نەتىجىسىدە كېيىنكى دەۋرلەردە پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى ۋە ئېۋفېمىزىملىق تىل ئۇسلوبى بارغانچە تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىكى پەرھىزلىك تىللار ۋە ئۆزگىرىشچان، كۆپ قىرلىق ئېۋفېمىزىملىق سۆز ئاتالغۇلارغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋردىن تارتىپلا توغرا، دەل سۆزلەشكە، سۆز ئەخلاقىغا ئېتىبار بېرىشكە باشلىغان، تىلنى ئىنسان ئۈچۈن مۇھىم ئۆلچەم سۈپىتىدە تونۇپ كەلگەن. ئەدىبلىرىمىز، مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇدرىتى تولۇق نامايەن بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلار

يەنە تىلنىڭ رولىنى، توغرا سۆزلەشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسرىدە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ "ئەردەم باشى ـ تىل" (ئەدەبنىڭ بېشى ـ تىل) دېگەن ھېكمىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرىنى بىر قانچە نوقتا بويىچە قىسقىچە تەھلىل قىلىپ مۇلاھىزە قىلىمىز.

## 1. ئاتاق پەرھىزلىرى

ئاتاق پەرھىزلىرى دېگىنى ئاساسەن كىشلەرنىڭ بىر بىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىدىغان ئىسىم، فامىلە ۋە لەقەمگە ئوخشاش ناملارنى قوللانغاندا رىئايە قىلىدىغان پەرھىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ھازىرقى دەۋردە كىشلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسىنى باشقىلارنىڭ خالىغانچە تىلغا ئېلىشىغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمما قەدىمكى دەۋرلەردە ئەھۋال ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى. يەنى كىشلەر ئۆزى بىلەن ئىسمى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن مۇناسىبەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن ئەھۋالدا كىشلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشى پەرھىزلىك ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلانغان بولۇشى ئېھتىمال ئىدى.بۇ ھەقرە فرازېر مۇنداق دەيدۇ: " بەدەۋىي مىللەتلەر تىل بىلەن شەيئىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمىگەن، ئىسىم بىلەن ئۇ ۋەكىللىك قىلغان نەرسە ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇم جەھەتتىكى باغلىنىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ھالبۇكى مۇنداق باغلىنىشنىڭ ھەقىقىي ماددىي باغلىنىش بولىدىغانلىقىغا، شۇنىلىق بىلەن سېھىرنىڭمۇ خۇددىي چاچ، تىرناق ۋە بەدەننىڭ باشقا ھەرقانداق قىسمى ئارقىلىق ئادەمگە زىيان كەلتۈرۈشكە بولغىنىغا ئوخشاش، ئىسىم ئارقىلىقمۇ شۇ ئىسىمنىڭ ئىگىسىگە زىيان كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگە ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىبتىدائىي ئىنسانلار ئىسمىنى ئۆز (بەدىنى) نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، ئۇنى بەك دىققەت بىلەن قوغدىغان ئىدى."[①] بۇ ھەقتە لېۋى برۇھل (Bruhl Levy) مۇ شۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: " ئىبتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى مەلۇم خىلدىكى كونكرېت، ئەمەلىي ھەم مۇقەددەس نەرسە دەپ قارىغان ئىدى. ... شۇڭلاشقا ئىسىم مەسىلىسىدە ئۇنى قوغداش تەدبىرىنى قوللىنىش تامامەن زۆرۈر ئىدى. يەنى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ۋە باشقىلارنىڭ ئىسمىنى خالىغانچە تىلغا ئېلىشقا

[①] [ئەنگىلىيە] فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نەشرىياتى، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 1 ـ توم، 362 ـ بەت.

بولمايتتى. بولۇپمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا بولمايتتى. ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەتتىكى سۆزلەرمۇ ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلەتتى. مەلۇم كىشىنىڭ ئىسمىغا چېقىلىش دەل شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن شەيئىگە چېقىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. ... شۇڭلاشقا، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىسمىنى ئىشلەتمەسلىكنىڭ زور سەۋەبى بار ئىدى."[①] ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى باشقىلارغا دېمىگەن، ھەم باشقىلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاسانلىقچە تىلغا ئالمىغان. ئۇنداق بولمايدىكەن ئىسمىنىڭ ئىگىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ دەپ قارىغان. شۇڭلاشقا، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە تىلغا ئالماسلىق، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە كېلىدىغان خەۋپتىن ساقلىنىش ئىپتىدائىي دەۋردىكى مۇھىم تىل ئادىتى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلاردا بىرەر ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە تىلغا ئالماسلىق پەرھىزىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ پەرھىز ئادىتى ئەخلاقىي كاتېگورىيە تەۋەسىدە ئىناۋەتلىك بولۇپ قالغان. شۇنىڭ جۈملىسىدە ئۆز ئىسمىنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇنى مەھكەم ساقلاش، باشقىلارغا، بولۇپمۇ ناتونۇش كىشىلەرگە ئېيتىپ بەرمەسلىك ھازىرغىچە ساقلانغان ئادەت بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك بىر ئىپادىسى دەل بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سېھىرگەرلەرنىڭ ئۆز ئىسمىنى قەغەزگە پۈتۈپ، ئۇنىڭغا قارا سېھىر ئىشلىتىپ، ئىسىم ئارقىلىق ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشتەك جادۇگەرلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن رەقىبلەرگە ۋە ئۆزىنى قوغلىشىپ يۈرگەن ئاشىقلارغا ئۆز ئىسمىنى بىلدۈرمەسلىك ئادىتىدىن ئىبارەت. ئاتاق پەرھىزلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۆلگەنلەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرماسلىق: قەدىمكى دەۋرلەردە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايدىغان ئادەت مەۋجۇد بولغان. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندا ئۆلگۈچىنىڭ روھى قايتىپ كېلىپ، شۇ ئىسمىنى تىلغا ئالغۇچىغا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. كىشىلەر ئۆلگۈچىنىڭ روھىدىن قورققاچقا، ئۇنىڭ ئىسمىنى قايتا ئىشلەتمەي تاشلىۋېتەتتى. ناۋادا ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۆزى بىلەن ئىسمداش كىشىگە ئاسانلا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئىسىم ھەققىدىكى بۇنداق خۇراپىي ئىشەنچ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدىلا يوقالغان بولۇپ، ئەگەر بار دېيىلسە ئۇنىڭ مۇنداق شەكلى ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇللا تىلغا

---

[①] لېۋى برۇھل: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا (شاڭۋۇ) كىتاب بېسىش ئىدارىسى، 1981 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 42 ـ بەت.

ئالماي، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا "مەرھۇم"، "مەرھۇمە"، "رەھمەتلىك" دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتاشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئاتاش ئۇسۇلى ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە.

ئەجدادلارنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىماسلىق: ئۇيغۇرلاردا ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەش، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ روھىغا سېغىنىش مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئېسىل ئەخلاقىي ئەنئەنىدۇر. ئۇيغۇرلار مەيلى ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرى بولسۇن ياكى ھايات كىشىلەر ئىچىدىكى ياشانغان كىشىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە تىلغا ئېلىپ ئاتاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يوقۇرىدا ئېيتىپ ئۇتكەندەك، ئۆلگەنلەرنىڭ ئىسمى ئالدىغا "مەرھوم" سۆزىنى قوشۇپ ئاتىسا، تىرىكلەرنىڭ ئىسمىنى "ئاكا"، "تاغا"، "چوڭ ئانا"، "بوۋا"، "دادا"، "ھاما"، "ئانا"، "ئاچا"، "ئانىكا"، .... دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئاتاشلار ئەجداد ـ ئەۋلات پەرقىنى روشەن كۆرستىپلا قالماستىن، يەنە ھۆرمەتلەش مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىشىلەر ئارا مۇناسىبەتتە بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرماسلىق: ئۇيغۇرلار تىل ئالاقىسىدە تۇغقانچىلىق مۇناسىبىتى، كەسىبداشلىق مۇناسىبىتى، خىزمەتداشلىق مۇناسىبىتى، ئەجداد ـ ئەۋلات مۇناسىبىتىگە ئىگە كىشىلەر ئارىسىدىمۇ باشقىلارنىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ. ئومۇمەن، يېشى چوڭ كىشىلەرنى چاقىرىشقا توغرا كەلسە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئاتىماي، "بوۋا"، "موما"، "تاغا"، "ھاما" .... دېگەندەك سۆزلەرنى قوشىدۇ ۋەياكى "پىشقەدەم"، "ياشانغان" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتايدۇ. ئادەتتە "قېرى" دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. "قېرى" دەپ ئاتاش ئەخلاقىي نۇقتىدىنمۇ ھۆرمەتسىزلىك سانىلىدۇ. چوڭلار كىچىكلەرنى چاقىرغاندا ئىسمىنى ئۇدۇللا تىلغا ئالماي "ئۇكام"، "سىڭلىم"، "بالام"، "قىزىم" دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ چاقىرىدۇ. يېشى تەڭ دېمەتلىك كىشلەرمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇللا چاقىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بەلكى "ئاخۇن"، "جان"، "خان"، "گۈل"، "خېنىم" دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرىنى قوشۇپ چاقىرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر كەسپ ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئۇستاز ـ شاگىرت مۇناسىبىتىدىكى سۆز ئەخلاقىغا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىدۇ. ئادەتتە ھەرقانداق شاگىرت ياكى ئوقۇغۇچى ئۇستازىنىڭ نامىنى ئۇدۇللا تىلغا ئېلىپ چاقىرماي، بەلكى "ئۇستام"، "ئۇستاز"، "مۇئەللىم" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن چاقىرىدۇ. بۇ ھەقتە قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر

كەسب رىساللىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شاگىرتلارنىڭ ئۆز ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى چاقىرماسلىق قائىدىسى ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئاتاق پەرھىزلىرى قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشلەر ئارىسىدىكى سۆز ئالاقىلىرىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە بوۋا - مومىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىمىغاندىن باشقا، نىكاھ ئارقىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان ئەر - خوتۇن، قېيىنئانا - قېيىنئاتا ۋە كېلىن، كۈيئوغول ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە تىلغا ئېلىپ ئاتاشتىن بەك پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كۈيئوغۇل بولغۇچى ياكى كېلىن بولغۇچى قېينئاتا ۋە قېينئانىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا  قىلىنغان چوڭ ھورمەتسىزلىك ھېسساپلىنىدۇ. ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىش بولسا تېخىمۇ شۇنداقتۇر. مەسلەن: ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئادەتتە تىلغا ئالمايدۇ. چاقىرشقا توغرا كەلسە "دادىسى"، "ھېلىقى"، "بىزنىڭ كىشى"، "بىزنىڭ ئەر خەق"، "ھوي" ... دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئەرلەر خوتۇنلىرىنى چاقىرىشتا "ئانىسى"، "ئۆيدىكى"، "ھېلىقى"، "بىزنىڭ خوتۇن"، "قۇشناچىم" ... دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. يەنە كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئەر بىلەن خوتۇن بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتا قارشى تەرەپنىڭ ئىسمىنى شۇ ئۆيدىكى ئوغۇل ياكى قىز بالىنىڭ ئىسمىغا ئالماشتۇرۇپ ئاتايدىغان ئەھۋالمۇ بەك كەڭ تارقالغان. ئەگەر ئۆيدە بىرلا پەرزەت بار بولسا،  ئۇنداقتا ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسى يالغۇز بالىسىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،  ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىدىغان ئەھۋال بار. ئەگەر پەقەت بالىسى بولمىسا، ئۇنداقتا ھەرئىككەيلەن قارشى تەرەپكە ئاممىباپراق (مەسلەن: "پاتەمخان"، "ئايشەمخان"، "مەمتاخۇن"،.... دېگەندەك) ئىسمىدىن بىرنى قويۇۋېلىپ شۇ بويىچە چاقىردىغان ئەھۋالمۇ بار. ئەمما يېقىنقى دەۋرلەردە ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ كۆنسېرى ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئەر خوتۇنلار بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇللا چاقىرىش ئادىتى ئومۇملاشماقتا.

لەقەم - ئۇيغۇرلار ئاتاق ئادىتىدە بەك كەڭ تارقالغان بىر ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ فىزولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى، مىجەزى، يۇرت ئايرىمىسى، كەسپي خۇسۇسىيىتى قاتارلىق بەلگىلىملەرگە ئاساسەن لەقەم قويىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كۆپىنچە ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا لەقىمى بولىدۇ. ناۋادا لەقەم ئۇ ئادەمگە تولۇق ماس كەلمەيدىكەن،  ئۇ ئۇ ئادەمگە سىڭمەيدۇ ۋە ئۆزلەشمەيدۇ. كىشلەرمۇ ئاسانلا

ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ناۋادا بەك مۇۋاپىق لەقەم بولسا، ئۇ بىرقانچە ئەۋلاتقىچە بىر جەمەتنىڭ نىشانى بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا "لەقەمنى خىزىر قويىدۇ" دېگەن ماقال بار. بۇ ياخشى قويۇلغان لەقەمدىن بىر كىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار قويىدىغان لەقەملەرنىڭ ھەممىسىلا چىرايلىق، مەنىسى ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ. جىسمانىي ئەيىبى ياكى خاراكتېر ئاجىزلىقىغا ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەرنى كىشىلەر لەقەم ئېگىسىگە قارىتا بىۋاستە ئاتاشتىن ئىمكانقەدەر پەرھىز قىلىدۇ. يۇقىرىقى قىسقىچە بايانىدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار كىشىلەر ئارا ئادەتتىكى مۇناسىۋەتلەردە بىر - بىرىنى ئاتاشتا ئىمكانقەدەر سىلىقراق سۆزلەشكە تىرىشىدۇ. ئەمما قەدىمكى دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ئۆز ئىسمى ۋە باشقىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىماسلىقتەك پەرھىز ئادىتىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆز ئىسمىنى مۇقەددەس چېقىلغىلى بولمايدىغان دەپ قاراپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمىغا ھاقارەت كەلتۈرىشىنى، ئۆز ئىسمىنى قەستەن ئۆزگەرتىپ ئاتاشنى ياكى ئىسمىنى ئاتىماي "ھوي"،"ھەي" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتاشنى زادىلا ياقتۇرمايدۇ. كىشىلەر ئارا بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى تولۇق، توغرا، چىرايلىق ئاتاپ چاقىرىش ئىسىم ئېگىسىگە قىلىنغان ھۆرمەت بولۇپ سانىلىدۇ.

بەزى ھايۋانىنىڭ نامىنى ئۇدۇل ئاتىماسلىق: تۆتېم ئىبتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس نەرسە بولۇپ، ئىبتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۆتېمغا قارىتا پەرھىزلىك ئادىتى ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك، گۆشىنى يېمەسلىك ۋە ئۇنىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئالماسلىق قاتارلىق ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى قەۋملەر تۆتېم بولغۇچى ھايۋانىنىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئالماي، ئۇنى ئەڭ يېقىن تۇققانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتىغان. بۆرە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئومۇميۈزلۈك تېۋىنىشكە سازاۋەر بولغان ھايۋان بولۇپ، ئۇنى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر "بۆرە" دەپ ئاتىماي، بەزىدە باشقا ناملار بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن: ھازىرقى قازاقلار بۆرىنى "قاشقىر"، "قارا قۇلاق"، "سېرىق قۇلاق"، "ھۇۋلىما" دەپ ئاتايدۇ. باشقا تۈركىي مىللەتلەر بولسا "قۇرۇت"، "مەيدان ئىتى"، "ئاتى يۈتكەن"، "ئاغزى قارا" ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلاردا تۆتېم چۈشەنچىسى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بالدۇرراق يۈتكەن بولغاچقا، بۆرىنى ئۆز ئىسمى بىلەن بىۋاستە ئاتاۋېرىدۇ. باشقىچە ئاتايدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا باشقا ھايۋانلاردىن ئۆمۈچۈكنى "دۆ" دەپ ئاتىمايدىغان ئادەت بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۆمۈچۈكنى "دۆ" دېسە

ئۈمۈچۈك چىقىۋالارمىش. يەنە ئۇيغۇرلار چايانىنى "چايان" دېيىشتىن تاشقىرى يەنە "سېرىق ئىشەك" دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ ھايۋاننىڭ نامى ئاتالسا، ئۇلار كېلىپ ئىسمىنى ئاتىغۇچىنى چېقىۋالدۇ، دېگەن سېھرىي ئىشەنچ مەۋجۇد. ئۇيغۇرلار تاماق ۋاقتىدا يەنە "چوشقا" ۋە "توڭگۇز" دېگەندەك ھايۋان ئىسملىرىنى بىۋاستە ئاتىمايدۇ. بۇنداق قىلىش چوشقىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى نىجىس نەرسە دەپ قارىغانلىقى، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاش غىزالىنىش كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

"مەن" دەپ ئاتىماسلىق: ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا باشقىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىۋاتقاندا، بىۋاستە ھالدا "مەن" ئىبارىسىنى ئىشلىتىشتىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى تارتىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتى، مال ـ مۈلكى، غەلىبىسى، كۆز قارىشى، ... ھەققىدىكى ياخشى ئەھۋاللارنى بايان قىلغاندا، "مېنىڭ خوتۇنۇم"، "مېنىڭ ئۆيۈم"، "مېنىڭ ئۇلىغىم"، "مېنىڭ بېغىم"، "مېنىڭ پىكرىم"، ... دېگەندەك سۆزلەرنى ئازراق ئىشلىتىدۇ. "مەن" دىن ئىبارەت بۇ بىرىنچى شەخس بىرلىك ئۇقۇمىدىكى سۆز بىلەن مەلۇم نەرسىلەرنىڭ تەۋەلىكىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭدا مەلۇم نەرسىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقاندەك تۇس چىقىپ قالىدىغانلىقى ۋەجىدىن، شۇ سۆزنىڭ ئورنىغا "بىز" ئىبارىسىنى ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ جۈملىسىدە يۇقىرىقى بىرىكمىلەرنى "بىزنىڭ خوتۇن"، "بىزنىڭ ئۇلاغ"، "بىزنىڭ ئۆي"، بىزنىڭ ھويلا"، ... دېگەندەك شەكىلدە ئاتايدۇ. "مەن" نى تىلغا ئالماسلىقنىڭ يەنە بىرىي خىل شەكلى شۇ سۆز ئورنىغا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش مەنىسىدىكى ئىبارىلەردىن "پېقىر" (بۇ ئەرەبچە "كەمبەغەل" مەنىسىدىكى سۆزدۇر.)، "كەمىنە" (بۇ "يوشۇرۇش"، ياكى "يوشۇرۇنماق" مەنىسىدىكى سۆزدۇر.) لارنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىبارىلەر "مەن" نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلسە، ئۇ "بىز" گە قارىغاندا تېخىمۇ كەمتەرلىكنى ۋە قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلىيەلەيدۇ.

مىللەت نامىنى بۇزۇپ ئاتىماسلىق: ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ئىچىدە ناھايىتى كۈچلۈك يۇرت سۆيۈش تۇيغۇسى ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بار بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەر بىر مىللەت نامىنىڭ ئاتىلىشىدىمۇ ھاقارەت تۈسىنى ئالغان ئاتاقلاردىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. "ئۇيغۇر" دېگەن نام ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى ھەر قايسى قەبىلە ۋە قەۋملەرگە ئورتاق نام بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامىنىڭ باشقا مىللەت ۋە خەلقلەر تەرىپىدىن توغرا ۋە چىرايلىق

ئاتىلىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خاقانلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن "ئۇيغۇر" دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى “回纥” دىكى “纥” خېتىنى "شۇڭقار" مەنىسىدىكى “鹘” غا ئۆزگەرتىپ “回鹘” ئاتاش ۋە تارىخنامىلەرگە پۈتۈشنى تەلەب قىلىشى بۇ پىكىرنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن مۇسۇلمان مىللەتكە ئايلانغان ھەمدە ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باش كىيىم كېيىپ يۈرىيدىغان بولغاچقا، بەزى خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى يەنە “缠头回鹘” (مەسىلەن، 《三州辑略》 قاتارلىق كىتابلاردا) دەپمۇ يېزىلغان ۋە ئاتالغان. مۇشۇ سەۋەبتىن خەنزۇلاردا "بېشىنى سەللە ياكى چۈمبەل بىلەن ئورىۋالىدىغان ئۇيغۇرلار" دېگەن مەنىدىكى "چەنتۇ" سۆزىنى ئۇيغۇرلار ھاقارەت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن ياكى ئاددىي مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ سۆز بىلەن مىللەت نامىنىڭ ئاتىلىشىنى خالىمايدىغان ھەم ئۇنى ھاقارەت ھېس قىلىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. خۇددىي شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىدە باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن "سارت" دەپ ئاتىلىپ قالىدىغانلىقىنىمۇ كۆرىمىزكى، بۇمۇ ئۇيغۇرلاردا ئوخشاشلا بىزارلىق كەيپىياتى پەيدا قىلىپ قويىدىغان بىر ئاتاش ئۇسۇلىدۇر. ئومۇمەن، ھەر بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن قويۇلغان ئۆزگىچە نامى بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، لەقەم خاراكتېرلىك ناملار بىلەن باشقا مىللەتلەرنى ئاتاش مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە زىيان ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

قىسقىسى، ئاتاق پەرھىزلىرى ھەم ئىسمىنى ئادەمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراشتىن ھەم مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ ئىسمىمۇ مۇقەددەس بولىدۇ دەپ قاراشتىن ھەمدە ئەدەپ، ھايا، يوسۇن سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھازىرقى دەۋردە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ئاتاق پەرھىزلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي مەنىسىدىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتكەن.

## 2. شۇم سۆزلەرگە ئائىت پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تىلنىڭ ئالاھىدە سېھرىي كۈچى بارلىقىغا ئىشىنىپ كەلگەن بولۇپ، خەلق ئارىسىدا بۇ تۈپ قاراشنىڭ ئىپادىلىرى ئېغىزدىن چىققان ھەر بىر يامان سۆزنىڭ يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ سەۋەبىدىن مەلۇم شۇم سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش،

ئالاھىدە ئەھۋالدا شۇ ئەھۋالغا ماس كەلمەيدىغان شۇم سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار مەلۇم ۋاقىتلارنى مۇقەددەس مەلۇم ۋاقىتلارنى نەس دەپ بىلىپ، ئەنە شۇ نەس چاغلاردا مەلۇم شۇم سۆزلەرنى قىلىشتىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى "ئېغىزدىن سائەت چىقىپ كېتىش" دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردە دېيىلۋاتقان "سائەت" ساددا ئاسترونومىيىلىك تەجرىبىلەر، تىل ۋە ۋاقىت ھەققىدىكى خۇراپىي قاراشلار بويىچە تۈنۈلغان مەلۇم كۈندىكى قۇتلۇق، خەيرلىك پەيت ياكى شۇم، نەس دەقىقىلەر بولۇپ ئەنە شۇ قۇتلۇق كۈنلەردە خەيرلىك پەيتلەردە ئېغىزدىن بىرەر ياخشى گەپ چىقىپ كەتسە شۇنىڭ ئۈنىمى دەرھال كۆرۈلىدۇ. شۇم، نەس پەيتلەردە ئېغىزدىن بىرەر يامان گەپ چىقسا، ئەمەلىيەتتىمۇ دەرھال ئەشۇ سۆزنىڭ ئىپادىسى كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ خەلق چۈشەنچىسىدىكى "سائەت" تۇر. "سائەت" دېگەنلىك شۇ مەندە "ئېيتىلغان سۆز بىلەن مەلۇم ئەمىلىي ئەھۋال ماس كېلىپ قالماق" دېگەنلىكتۇر. كىشىلەر سۆزلىگەندە مەلۇم يامانلىق بىلەن مۇناسىبەتلىك شۇم سۆزلەرنى قىلىشتىن ئىنتايىن ھەزەر قىلىدۇ. ئەگەر بىرەرسى بىرەر شۇم سۆزنى قىلىپ سالسا، باشقىلار دەرھال "ئاغزىڭغا تاش"، "ئېغىزىڭدىن سائەت چىقىپ كەتمىسۇن يەنە" دەپ رەددىيە بېرىدۇ. بىرەر خەيرلىك سۆزنى قىلغاندا "ئېغىزىڭدىن چىققىنى سائەت بولۇپ قالغاي" دەپ ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئومۇمەن يامان شۇم سۆزنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، "سائەت" بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالسا، يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىش رولى بولىدۇ. شۇڭا مەيلى كەسكىن تەرزدە بولسۇن ياكى چاقچاق قىلىپ بولسۇن، ئۆلۈم، كېسەللىك، ئاپەت، قازا قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن قەتئىي چەكلىنىدۇ.

تىلدا رەڭگارەڭ، ئاجايىپ - غارايىپ پەرھىزلىك تىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سىلىق سۆزلەر، ئىۋفىمىزىملار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، تىل ئۇچۇن ئىيتقاندا "ئۆلۈم" ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىبەتلىك ئۇقۇملار ئەڭ قاتتىق پەرھىز قىلىنىدىغان ئوبيېكتتۇر. ئۆلۈم تىلغا ئېلىنغان ھامان كىشىلەر قايغۇغا تولىدۇ، ھودۇقىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ. كىشىلەر ئۆلگەنلەرگە ياكى تىرىكلەرگە قارىتا ئىمكانقەدەر "ئۆلۈم" دىن ئىبارەت بۇ سۆزنى تىلغا ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا باشقا سۆزلەرنى تېپىپ چىقىپ "ئۆلۈم" نى سۈپەتلەپ ۋە بېزەپ ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىبەتلىك باشقا ئىشلار

ئۇدۇللا تىلغا ئېلىنىدىكەن، كىشىلەردە قايغۇ، ھودۇقۇش قوزغاپ قويىدۇ. ئەگەر "سائەت" توغرا كېلىپ قالسا تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن دەپ قارىلىدۇ. پەرھىزلىك تىل بىلەن ئۇنىڭغا ئالمىشىدىغان سۆزلەر تىلدا بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. ئالمىشىدىغان سۆزلەر بولسا تاشقى يۈزەكي ۋە شەكلەن بولىدۇ. پەرھىزلىك تىل بولسا يوشۇرۇن ۋە ماھىيەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلۈم سۆزى ئۆلگۈچىنىڭ ئېتىقادى، سالاھىيىتى، ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي ئورنى ھەمدە سۆزلىگۈچىنىڭ ئېتىقادى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ھېسسىياتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىبەتلىك ھالدا باشقا سۆزلەر بىلەن ئالمىشىدۇ. ئۇيغۇرلار "ئۆلۈم" سۆزىنى سىلىقلاپ مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ: "ۋاپات بولماق"، "قازا قىلماق"، "قازا تاپماق"، "شېھىت بولماق"، "قۇربان بولماق"، "ئەجەل شارابى ئىچمەك"، "چىرىغى ئۆچمەك"، "تىنىقى توختىماق"، "نەپسى ئۈزۈلمەك"، "يۈرىكى سوقۇشتىن توختىماق"، "ئالەمدىن ئۆتمەك"، "ئۇ دۇنياغا كەتمەك"، "ئاخىرەتكە سەپەر قىلماق"، "بەندىچىلىك قىلماق"، "رىھلەت قىلماق"، "جان چىقماق"، "جاندىن جۇدا بولماق"، "جەھەننەمگە كەتمەك"، "خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتمەك"، "ئۆزىنى ئۇدۇنيادا كۆرمەك"، "جان ئۈزمەك"، "جان تەسلىم قىلماق"، "جان بەرمەك"، "ئەجىلى توشماق"، "ئەجەل يەتمەك"، "كۆنى توشماق"، "چاچراپ كەتمەك" قاتارلىقلار. يۇقىرىقى يىگىرمە يەتتە خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن باشقا يەنە "ئۆلۈپ قالماق"، "ئۆلۈپ كەتمەك" قاتارلىق شەكىللەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار يەنىلا "ئۆلمەك" كە ئوخشاش پەرھىزلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى "ئۆلۈم" گە ئالمىشىدىغان سۆزلەر ئوخشىمىغان تۈس مەنىلىرىگە ئىگە. "ئۆلۈم" سۆزىگە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئېۋفېمىزىملىق سۆزلەر ئەمەس، بەزىلىرى بولسا تېخىمۇ سەلبىي ۋە ھاقارەت مەنىسىگە ئىگە سۆزلەردۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم سۆزىنى باشقا سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەققىدە مۇنداق قىزىقارلىق بىر ھېكايە بار: بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن، ئۇ بىر كۈنى ئۇدۇلدىكى بىر چىشىدىن باشقا ھەممە چىشى چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئۇ ئوردىدىكى ھەممە ۋەزىرلىرىنى چاقىرتىپ، بۇ چۈشىگە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر: "ئۇلۇغ پادىشاھىم، چۈشلىرىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، سىلىنىڭ خوتۇن - بالا ۋە ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدىكەن" دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن

چۈشكە تەبىر سوراپتۇ. "ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، چۈشلىرىدىن مەلۇمكى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆمرى خوتۇن ـ بالا ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆمرىدىن ئۇزۇن بولىدىكەن." دەپ تەبىر بېرىپتۇ ئەپەندى. پادىشاھ ئەپەندىنىڭ جاۋابىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بېرىپتۇ. بۇ ھېكايىدىن پەرھىزلىك سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنى سىلىقلاپ، باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلىگەندە پەيدا بولىدىغان ياخشى نەتىجىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار سەھەردە تورغا، خەيرلىك سۆزلەرنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەتىگەندە شۇم سۆزلەرنى سۆزلىسە، شۇ خىل شۇملۇق شۇ كۈنى يۈز بېرىپ قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. چۈنكى سەھەر بىر كۈندىكى ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ھەربىر ئىشنىڭ بېشى خەيرلىك باشلانمىسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياخشى بولمايدۇ دەپ قايدۇ. ئۇيغۇرلاردا كەچلەردە جىن ـ شەيتانلارنىڭ پارىڭىنى قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئىشمۇ بار. چۈنكى "جىننىڭ گېپىنى قىلسا جىن كېلەر" ئىكەن.

سانلارنىڭ خەلق ئىشەنچلىرىدە ھەم خەيرلىك، ھەم شۇم مەنىلىرى بار. سانلارنىڭ خەيرلىك ياكى شۇملۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ جۈپ ياكى تاقلىقى بىلەن مۇناسىبەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان تاق سانلارنى جۈپ سانلاردىن ئەۋزەل كۆرۈش ئەنئەنىسى بار. ئادەتتە جۈپ سانلار ئائىلە، توي تۆكۈن نىكاھ ئىشلىرىدا كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما تاق سانلار تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ساھەلىرى، جۈملىدىن تۇغۇت ئادەتلىرى، تۇرالغۇ كىيىم ـ كېچەك، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىرە ـ چىراغ، ... ئىشلىرىدا بەك كەڭ قوللىنىلىدۇ.

تىل ئادەتلىرىدىكى شۇم سۆزلەرنى قىلىش خەلق ئادىتىنىڭ ئىچىدە چەكلىنىدىغان بىر تەرەپتۇر. ئەلۋەتتە پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى رايون، ۋاقىت، ئادەت، كەسىپ پەرقىگە قاراپ ئوخشىمىغان تۈس ئالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى قارا ـ قويۇقلا بىر ئۆلچەم بويىچە تەھلىل قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

### 3. ھاقارەتلىك سۆزلەرگە ئائىت پەرھىزلىك تىل ئادەتلىرى

ئىنسانلارنىڭ نومۇس ۋە شەرەپ تۇيغۇسى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ پەرھىزلىك سۆز بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇنداق سۆزلەر جىنس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىبەتلىك شەيئىلەر، ئىشلارغا ئالاقىدار پەرھىزلىك سۆز، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان سۆز، مۇقەددەس شەيئى ۋە مۇقەددەس ئۇقۇملارغا ئائىت سۆز

قاتارلىقلار شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

خەلق ئىشەنچلىرىدە جىنىس ئەزالىرى ۋە جىنسىي پائالىيەت ناپاك، نومۇسلۇق ئىش دەپ قارالغان بولغاچقا، كىشىلەر جىنسىي ئەزانى ۋە جىنسىي پائالىيەتنى يوشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇلارغا ئائىت سۆزلەرنى قىلىشتىنمۇ بەك پەرھىز قىلىدۇ. جىنىس ھەققىدە پاراڭ قىلماسلىق تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. ناۋادا جىنىس ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كەلسە ئۇنداقتا ئۇنى بىۋاستە تىلغا ئالماي، باشقىچە سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئەرلىك جىنسىي ئەزانى "ئەۋەرەت"، "ئالدى پىشاپ"، "زەكەر" (ئەرەبچە "ئەرلىك" مەنىسىدە)، "تاناسىل ئەزا" (ئەرەبچە "كۆپىيىش ئەزاسى" مەنىسىدە)، "ئالەت" (ئەرەبچە "قورال" ياكى "سايمان" مەنىسىدە)، "ئالدى"، "ئاستى"، "جان يەر"، "ھېلىقى نەرسە" ... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئوخشاشلا ئۇدۇللا تىلغا ئالماي، "ئەۋرەت"، "ئالدى پىشاپ"، تاناسىل ئەزا"، "فەرج" (ئەرەبچە "يېرىق" مەنىسىدە)، "جان يەر"، ئالدى"، "ئاستى"، "ھېلىقى يەر"، ... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا "پاقا" سۆزى بىلەن ئاياللىق كۆپىيىش ئەزاسىنى مەجازىي رەۋىشتە ئىپادىلەيدىغان ئادەت بار بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار "ئاياللارنىڭ يېنىدا تىلغا ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. پاقىنى ئاياللىق جىنسىي ئەزاغا ئوخشىتىش ھەمدە ئۇنى كۈچلۈك كۆپىيىش ئىقتىدارىنىڭ سىمۋولى دەپ قاراش دۇنياۋىي كۆلەمدىكى ئىشەنچ بولۇپ، قەدىمكى مىسىرلىقلار، ياۋروپالىقلار ۋە باشقا مىللەتلەر نەزىرىدە پاقا ئىزچىل تۈردە ئاياللىق كۆپىيىش ئەزاسىغا تەققاسلانغان. بۇ ئەھۋالنىڭ پەرھىز شەكلىدە خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ بۇنداق ئىشەنچنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر دەلىلدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئەرلىك جىنسىي ئەزا "يىغاچ"، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى "سۇگرۇق" دېيىلگەن. ۋەھالەنكى بۇ سۆزلەر كېيىنچە ئىستېمالىمىزدىن چۈشۈپ قالغان.

جىنسىي ئەزانى تىلغا ئېلىش ئۈچۈن شۇنچىلىك پەرھىز قىلىنغان ئىكەن، ئۇنداقتا جىنسىي پائالىيەتمۇ ئەلۋەتتە تىلغا ئېلىنىش چەكلىنىدىغان ئىشتۇر. ئۇيغۇرلاردا جىنسىي ئالاقىنىڭ نامى بىۋاستە تىلغا ئېلىنماستىن، بەلكى ئۇ ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا "جىنسىي ئالاقە قىلماق"، "بىرگە بولماق"، "بىر ياستۇققا باش قويماق" (بۇ ئىبارە يەنە توي قىلىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.)، "جىما قىلماق" ("جىما" نىڭ ئەرەب

تىلدىكى مەنىسى "قوشۇلماق" تۇر.)، "زىنا قىلماق"، "قوشۇلماق"، "جۈپلەشمەك" دېگەندەك ئىبارىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە "قىلماق'، "ئەتمەك" ۋە "قېتىلماق' دېگەن ئىبارىلەرنىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىدىغان ئەھۋال بار. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئەينى دەۋردە جىنسىي ئالاقىنى كۆرسىتىش مەنىسى بارلىقى سەۋەبىدىن پەرھىزلىك سۆزلەر جۈملىسىدىن بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: "ئەتتى: تەڭرى مېنىڭ ئىشمنى ئوڭلىدى. ئۇ ناماز ئۆتىدى. ئوغۇزچە. ئوغۇزلار بىر ئىشنى قىلسا 'ئەتتى' سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. تۈركلەر 'قىلدى' دەيدۇ. لېكىن بۇ سۆز جىنسىي ئالاقىگىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، خوتۇنلار خىجالەت بولمىسۇن دەپ، بۇ سۆزنى قوللىنىشتىن ۋاز كەچكەن."[1] (①) ① "قىلدى: ئادەم ئىش قىلدى. ... بۇ سۆز شۇنداق ئىشلىتىلگەندە ئەر كىشىنىڭ خوتۇن بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشىدىن كىنايە بولغاچقا، ئوغۇزلار بۇ سۆزدىن قېچىپ، 'قىلدى' نىڭ ئورنىغا 'ئەتتى' سۆزىنى ئىشلىتىدۇ."[2] ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش "قىلدى" ۋە "ئەتتى" سۆزلىرىنى جىنسىي ئالاقىنى بىلدۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان سىلىق سۆزلەش ئادىتى كەڭ تارقالغاندۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە جىنسىي ئالاقىنى ئەسلىتىدىغان ياكى جىنسىي ئەزادىن يوشۇرۇن دېرەك بېرىدىغان ھېيز، چوڭ ـ كىچىك تەرەت، ھامىلىدارلىق، تۇغۇت قاتارلىق تەرەپلەردىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئوچۇق ئاشكارە ئاتاشتىن ھەم ئۇھەقتە ئۇدۇل سۆزلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھېيز كۆرۈپ قالغان ئايال ـ قىزلار ئۆزىنىڭ ھېيز كۆرگەنلىكىنى باشقىلارغا، بولۇپمۇ ئەرلەرگە ئېيتمايدۇ. ناۋادا ئۇ ھەقتە سۆزلەشكە توغرا كەلسە "ھېيز كۆرۈپتۇ" دەپ ئاتىماي "ئادەت كۆرۈپتۇ"، "ئاي كۆرۈپتۇ"، "ئاغرىپ قاپتۇ"، "مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا "تۇغماق" دېگەن سۆز گەرچە ئومۇمىي، كەڭ مەنىگە ئىگە سۆز بولسىمۇ، ئەمما ئاياللارغا نىسبەتەن بۇ سۆزنى بىۋاستە ئىشلىتىش بىر ئاز قوپال ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا ئادەمنىڭ تۇغۇشىنى "بوشانماق"، "يەڭگىمەك"، "كۆزى يورىماق"، "تەۋەللۇد قىلماق"، "كۆزلۈكمەك"، "كۆزەيمەك"، "كوساتماق" دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 231 ـ بەت.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم 33 ـ بەت.

ئايالنىڭ تۇغۇشىنى "تۇغۇرماق"، "قۇرتۇلماق" ۋە "يەڭگىمەك" دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دا مۇنداق مەلۇمات بار: "قۇرتۇلدى.قۇتۇلدى، يەڭگىدى. خوتۇن يەڭگىدى. ...." "تۇغۇردى: تۇغدى، خۇتۇن بالا تۇغدى. ھايۋانلار تۇغسىمۇ، ئىستىئارە قىلىپ 'تۇغۇردى' دېيىلىدۇ. "يەندى: يەڭگىدى. بۇ سۆز پەقەت خوتۇنلارنىڭ تۇغۇشىغىلا ئىشلىتىلىدۇ. ھايۋانلارغا نىسبەتەن تۇغۇلغان نەرسىنىڭ ئېتى ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا 'لادى، لەدى' قوشۇمچىسى قوشۇلسا، تۇغقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ."[1] ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ "تۇغدى" سۆزى ئەينەن تىلغا ئېلىنماي يۇقىرىدىكى سىلىق ئىبارىلەر ئىشلىتىلىپ، ئايالنىڭ تۇغقانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. "تۇغماق" سۆزى ھايۋانلارغا ۋە ئادەملەرگە ئوخشاش ئىشلىتىلسىمۇ، ئەمما ھايۋانلارغا كۆپرەك خاسلاشتۇرۇلىدۇ. ھايۋانلارغا "تۇغدى" سۆزى ئىشلىتىلگەن تەقدىردىمۇ، ھەر خىل ھايۋان تۈرىنىڭ تۇغۇشى يەنىلا ئوخشاش ئىپادىلەنمەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تەرەت قىلىشنى جىنسىي ئەزا بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ھەممە چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى ناپاك نەرسە دەپ قاراپ، جىنسىي ئەزانى تىلغا ئېلىشتىن پەرھىز قىلغاندىن باشقا يەنە چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى "پوق"، "سۈيدۈك" دەپ ئاتىماي، "چوڭ تەرەت"، "كىچىك تەرەت"، "نىجاسەت"، "گەندە" دەپ ئاتايدۇ. تەرەت قىلىشنى "چىچىش" ياكى "سىيىش" دېيىشتىن پەرھىز قىلىپ، "تەرەت قىلماق"، "زەر قىلماق" (جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىكى يەنە بىر خىل ئاتاش ئۇسۇلى)، "ھاجەت قىلماق"، "تەرەت سۇندۇرماق"، "ئارقىغا ئۆتمەك"، "ھېلىقى يەرگە بېرىپ كەلمەك"، "ھاجەتكە بارماق" ... دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ. بولۇپمۇ قىزلار ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە بېرىشنى ئۇدۇل تىلغا ئېلىش بەك چوڭ پەرھىزلىك ئىشتۇر.

ئۇيغۇرلاردا جىنسىي ئاتالغۇلىرىنى تىلغا ئېلىپ كىشىنى تىللاش بەك قاتتىق ئىغىر ئېلىنىدۇ. بولۇپمۇ جىنسىي قالايمىقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نامالاردىن "جالاپ"، "شاپاقچى"، "پاھىشە" دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاياللارنى ھاقارەتلەش، "قوڭچى"، "ھېجىقىز"، "كۆت" دېگەن سۆزلەر بىلەن ئەرلەرنى ھاقارەتلەش ئىنتايىن يامان كۆرۈلىدۇ. دېمەك، بىنورمال جىنسىي پائالىيەت تىلدا پەرھىزلىك ئىش سانىلىپ قالماي، نورمال جىنسىي پائالىيەتمۇ ھەم تىلدا مەلۇم پەرھىزلىك ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ 2 ـ توم 338 ـ بەت ۋە 106 ـ بەت، 3 ـ توم، 123 ـ، 124 ـ ۋە 125 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا باشقا تەرەپلەردە ھاقارەت تۇسىگە ئىگە سۆزلەرنى قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. ئۇيغۇرلاردا "ئېشەك"، "ئىت"، "چوشقا"، "كالا" قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ناملىرى بىلەن كىشىلەرنى تىللاش ياخشى ئىش سانالمايدۇ. ئادەتتە شۇ ھايۋانلارنىڭ ناملىرى بىلەن كىشىلەرنى تىللاش ياكى مەلۇم ئادەم ئىسىملىرى بىلەن يۇقۇرۇقى ھايۋانلارنىڭ ناملىرىنى بىرگە تىلغا ئېلىش چەكلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە "ئېشەك"، "ئىت" كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھاقارەت سۆزلىرى بولۇپ، "چوشقا" سۆزىنى مۇسۇلمانلار ئارا ھەر قانچە دەرغەزەپ بولسىمۇ ئىشلەتمەيدۇ. "كالا" بولسا مەلۇم ئادەمنىڭ خۇيىنىڭ ئۇسال، مىجەزىنىڭ ئىچكى مايىللىقى سەۋەبىدىن گەپ قىلماي تۇرىۋالىدىغان ئەھۋاللارغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمەن قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا ھارام ھايۋاننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ كىشىلەرنى ھاقارەتلەش ئىنتايىن ھەزەر قىلىنىدىغان، كىشىلەر ئارا مۇقەررەر ھالدا ئىتتىپاقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋالدۇر.

ئۇيغۇرلاردا ئادەتتىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەركىلەتمە شەكلى، ھاقارەت شەكلى بولىدۇ. مەسىلەن:"پاتەم"، "پاتەك"، "ئايشەم"، "ئايشەك"، "توختەم"، "توختەك"، "زورەم"، "زورەك"، "زۇننەم"، "زۇننەك" ياكى "زۇننۇق"، "غوپەم" (ياكى "غوپۇرۇم")، "غوپەك" (ياكى "غوپۇرەك") دېگەندەك. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى يۇزىدىن يۇزىگە "-ئەك"، "-ئۇق" ياكى باشقا سەتلەشتۈرگۈچى ئۇلانمىلار قوشۇلغان ھاقارەت شەكلى بىلەن ئاتىمايدۇ. بولمىسا، بۇ شۇ كىشىگە قىلىنغان ھاقارەت سانىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ جىسمانىي روھىي ۋە ئەقلىي ئەيىب - نۇقسانلىرى بىلەن تىللاش، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە سالاھىيىتىدىكى تۆۋەنلىك بىلەن ھاقارەت قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلار ساپ ئەخلاقىي مەسىلىلەر بولۇپ، بۇلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيمىز.

## 4. قەسەم، «يامان تىل» ۋە قارغىش سۆزلىرىگە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر

قەسەم - ئېغىزدىن چىققان ئەھدە، كېلىشىم دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ مەلۇم مۇقەددەس شەيئى ياكى ئىلاھنى دەلىل-ئىسپات قىلىپ، ئېغىزدىن چىققان مەلۇم گەپنىڭ مەزمۇنىغا مۇئەييەن مۇددەتكىچە رىئايە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قەسەم ئىنساننىڭ ئەقىدىسىگە، ئىشەنچىسىگە ۋە مەيدانىغا باغلىق بولىدۇ. ئۇ مەلۇم

مەندە يۈكسەك ئىرادە ۋە ئېتىقادنىڭ بەلگىسىدۇر. قەسەم مەزمۇن جەھەتتىن ئىككىگە بۆلۈنىشى مۇمكىن. بىرى، بىر ئىشنى قىلىش توغرىسىدىكى قەسەم؛ يەنە بىرى، بىرەر ئىشنى قىلماسلىق توغرىسىدىكى قەسەمدىن ئىبارەت. قەسەمگە مەلۇم نەرسە ياكى ئىلاھنى نازاراتچى ياكى دەلىل قىلىش قەدىمدىن كەلگەن ئادەت بولۇپ، بۇ تىلنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنىش بىلەن مۇناسىبەتلىكتۇر. قەسەمنىڭ مەزمۇنىدا بىرەر ئىشنى قىلماسلىق ھەققىدىكى ئەھدە تىل پەرھىزىگە ياتىدىغان قىسىم بولۇپ، قەسەم قىلغۇچى مەلۇم ئىشنى قىلماسلىققا ياكى شەرتلىك ياكى شەرتسىز ھالدا قەسەم قىلغان بولسۇن، ئۇنداقتا ئۇ شۇ جەرياندا قەسەمدە قىلىشنى چەكلىگەن ئىشتىن باشتىن ئاخىر ئۆزىنى تارتىدۇ. قەسەمدە ئىسپات كەلتۈرۈلىدىغان ئوبيېكتلەر ياكى ئىلاھ بولىدۇ ۋە ياكى شۇ خەلق ئىشەنچىسىدە مۇقەددەس سانىلىدىغان ئوبيېكتلەر بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئۆزلىرى ئىلاھ دەپ ئاتىغان تەبىئەت جىسملىرى بىلەن، ھەر قايسى دىنلاردىكى ئىلاھلار بىلەن قەسەم قىلىپ كەلگەن. ئۇنىدىن باشقا يەنە نان، تۇز، داستىخان، تاماق، سۇ، ۋاقىت، نۇر (يورۇقلۇق مەنبەلىرى)، «قۇرئان» قاتارلىقلار بىلەنمۇ قەسەم قىلىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلق ئارىسىدا مۇقەددەس دەپ قارالغان شەيئى ۋە نەرسىلەردۇر. مەلۇم ئىشنى قىلماسلىق توغرىسىدا قەسەم ئىچىش شۇ ئىشتىن پەرھىز تۇتۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، شەرتسىز ۋە مەڭگۈلۈك قەسەمدە قەسەم قىلغۇچى قەسەم مەزمۇنىغا مەڭگۈ رىئايە قىلىپ، شۇ ئىشنى ھەر قانداق ئەھۋالدا قىلمايدۇ. شەرتلىك قەسەمدە، قەسەم مەزمۇنىغا شەرت قىلىنغان ئىشتا ئۆزگىرىش بولسىلا، قەسەمنىڭ رولى يوقۇلىدۇ- دە، قىلمايمەن دېگەن ئىشنى قىلىۋېرىدۇ.

قەسەمنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئۆتكەن ئىشنى قىلغان ياكى قىلغانلىققا قەسەم قىلىش بولۇپ، ئىسلام دىنىدا قەسەمنىڭ بۇ خىل شەكلى شەرىئەت سوتىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. ھازىرقى زامان ياۋروپاسىدا سوت يىغىنلىرىدا، ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا ۋە توي مۇراسىمىنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇد بولۇپ، بۇ قەسەمدىن ئىبارەت تىل ئادىتىنىڭ سىرلىق قۇۋۋىتىگە، تىزگىنلەش رولىغا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنىڭ ئىنسانلاردا يەنىلا مەۋجۇد بولىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلار قەسەمنىڭ سىرلىق كۈچىگە ئىشىنىپ، قەسەمنى ئۇلۇغلايدۇ، قەسەمگە ئەمەل قىلغانلارنى ئىرادىلىك، مۇستەھكەم ئادەملەر قاتارىدا كۆرىدۇ. تولا قەسەم قىلىپ، قەسەمنى تولا بۇزىدىغان كىشىلەرنى "قەسەمخور" دەپ، ئەھدىگە ۋاپا

قىلمايدىغان، ئىشەنچىسىز كىشى دەپ قاراپ ئۇلارنى يامان كۆرىدۇ.

ئۇيغۇرلار تىلىدا ئالاھىدە سېھرىي قۇۋۋەت بار، دەپ قاراپ توغرا سۆزلەشكە ئەھمىيەت بەرگەندىن باشقا، مەلۇم نەرسىلەرنى زىيادە ئامراقلىق بىلەن ماختاپ سۆزلىگەندە، قەلبىتىكى ھېرىسمەنلىك بىلەن تىلىدىكى ماختاش تەركىبلىرى قوشۇلسا، تىل يامان خىسلەتكە ئىگە بولىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرلار "يامان تىل" دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بوۋاق بالىلىرىنى، بولۇق ئۆسكەن زىرائەتلىرىنى، ئاينىغان مال ـ چارۋىلىرىنى ماختاپ سۆزلەشنى ياقتۇرمايدۇ. بولمايدىكەن ئۇلارغا "يامان تىل" تېگىپ، بوۋاقلار ئاغرىپ قالىدۇ، زىرائەتلەرگە ئالا چۈشۈپ كېتىدۇ، چارۋىلارغا ئاپەت تېگىدۇ، دەپ قارايدۇ. خەلق ئارىسىدا كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ بالىلىرىنى يۈز تۇرانە ماختاشتىن، "بالىڭىز چىرايلىقكەن"، "بالىڭىز سېمىز، تىمەن ئىكەن"، "بالىڭىزنىڭ ئىشتىھاسى ياخشى ئىكەن" دەپ ماختاشتىن، باللىرىنىڭ، مال ـ چارۋىلىرىنىڭ سانىنى نەق ئېيتىپ بېرىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. بۇ خىل ئادەت ھازىرغا قەدەر ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار بوۋاق بالىلار گىرىپتار بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇلارغا يامان تىل ۋە يامان كۆز تېگىشتىن پەيدا بولغان دەپ قاراپ، بىر قاتار ئاكتىپ سېھرگەرلىك تەدبىرلىرىنى قوللىنىدۇ. ئەنە شۇ تەدبىرلەر ئىچىدە ئوقۇلىدىغان ئەپسۇنلاردا، "تىلى يامانىنىڭ تىلىغا تەگكۈز، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىگە تەگكۈز" دېگەن تەركىبلەر بار.

تىلنىڭ سىرلىق قۇۋۋىتىگە ئىشىنىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم بىر ئىپادىسى قارغىش سۆزلىرى ۋە ئەپسۇن ـ ئەرۋەشلەردۇر. سېھرىي تەپەككۇر بويىچە ئېيتقاندا تىل ئالاقىلىشىش قورالىلا ئەمەس، بەلكى ھەم جادۇ قۇۋۋىتىگە ئىگە نەرسىدۇر. بۇ دەل بىز دەۋاتقان "قارغىش سۆزلىرى" ۋە "ئەپسۇن" دۇر. ئەپسۇننى مۇنداق ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى، تۈرلۈك سېھرگەرلىك پائالىيىتىدە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرنى چاقىرىش، ياردەم تىلەش، قوغلاش مەقسىدىدە ئوقۇلىدىغان، دېيىلىدىغان سۆزلەردۇر. يەنە بىر خىلى بولسا ئادەتتىكى ئالاقە پائالىيەتلىرىدە باشقىلاردىن رەنجىگەندە ئېيتىلىدىغان قارغىش سۆزلىرىدۇر. بۇلار خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئىشلىتىلىدىغان ئورنى ئوخشىمايدۇ. لەنەت سۆزلىرى كۆپىنچە ئادەتتىكى ئېغىز تىلىدا ئىشلىتىلىدىغان ئاممىباب ئەپسۇن بولۇپ، بىز پەرھىز ئادىتى ھەققىدىكى

مۇلاھىزىمىزدە مۇشۇ خىل قارغىش، لەنەت سۆزلىرىنىلا قىسقىچە تىلغا ئالىمىز. ئۇيغۇرلار يامان مەزمۇندىكى تىلنىڭ يامان نەتىجە كەلتۈرەلەيدىغانلىقى، ياخشى مەزمۇندىكى تىلنىڭ ياخشى نەتىجە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ تۈرلۈك دىنلار تەرىپىدىنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىشتۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا تەڭرىنىڭ بەندىگە لەنەت ئوقۇشى، قارغىشى "قارغىش" دەپ، ئۈستۈن تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنى ياكى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە لەنەت ئوقۇشى "قىرغاش" دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ پەرق «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن.[1] ( ) ① ( )_ئۇيغۇرلار تەڭرىنىڭ قارغىشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ قارغىشىمۇ ئادەمگە مەلۇم تەسىر ئېلىپ كېلەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ جەھەتتە مۇنداق بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. ئۇ بولسىمۇ، ئىبتىدائىي سېھرگەرلىكتە قارغىشنىڭ يامان ئاقىبىتىنىڭ تىلدىن كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچ بىلەن سۈنئىي دىنلاردا قارغىشنىڭ نەتىجىسى ئىلاھ تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. مەيلى قايسى تەرەپتىن كەلسۇن، خەلق ئىشەنچىسىدە قارغىش ھامان ئەمەلى ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلاردا كىشىلەر بىر بىرىگە ھەر قانچە غەزەپلەنسىمۇ "نان ئۇرغۇر"، "بېشىڭنى يەرسەن"، "ئۆلگۈر"، "تۇز ئۇرغۇر"، "شورى قۇرغۇر"، "قۇرتلاپ ئۆلگۈر"، "نان كور قىلىدىغان"، "دەۋزىخىي" ... دېگەندەك قارغىش سۆزلەرنى قىلىشتىن، ھەمدە ئۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن بەك پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلەردە تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئادەمنىڭ قارغىشى ھەققەتەن ئەمەلىي نەتىجە پەيدا قىلىدۇ دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

بىرىنچىسى، ئاتا - ئانا: ئۇيغۇرلار ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆز بالىسى ئۆزلىرىنى ئىنتايىن قاخشاتقاندا بالىسىغا قىلىدىغان قارغىش - لەنىتىنىڭ مۇقەررەر يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاتا - ئانا بولغۇچىلار بالىلىرى ھەر قانچە جاپا سالسىمۇ ئۇلارغا يامان سۆز بىلەن لەنەت ئوقۇشتىن ھەزەر قىلىدۇ. بالىلارمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىدە ياخشى بولۇپ، ئۇلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ، ھەمدە ئىنتايىن يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇ ھەقتە "ئاتا قارغىشى ئوق، ئانا قارغىشى پوق" دېگەن ماقال بار. بۇنىڭدا دېيىلگىنى ئاتا بالىسىنى قارغىسا، قارغىش شۇ

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم، 421 - بەت.

ھامان ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئانا بالىسىنى قارغىسا، شۇ ھامان ئەمەلگە ئاشمايدۇ ـ ي، بالا بىر ئۆمۈر ۋەيرانچىلىقتا ئۆتىدۇ دېگەنلىكتۇر. مۇشۇنداق بولغاچقا ئىسلام دىنىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى، پەرزەنتلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قارغىشى مەنئىي قىلىنغان.

ئىككىنچىسى، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ياكى "ئەۋلىيالىق" ماقامىغا يەتكەنلەر: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە تەڭرىگە قانچىكى يېقىن ئادەمنىڭ دۇئاسى شۇنچە ئاسان ئىجابەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئوقۇغان لەنىتى ۋە قارغىشىمۇ دەرھال يامان نەتىجە پەيدا قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەسەۋۋۇپ تازا ئەۋج ئالغان دەۋرلەردە روياپقا چىققان «ئۇلۇغلارنىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە: “... ھەزرىتى پىرى ئاپپاقۇ ۋەلىيۇللانىڭ قەدەمىلىرى يەتكەن يەردىن تاڭلا مەھشەرگىچە بەرىكەت كەتمەيتتىلەر. باسقان قەدىمىدىن بۇيلۇق ئاتۇش (ئىسرىق سالىدىغان ئارچا دەرىخى) ئۈنۈپ چىقاتتى. .... خوجام (ئاپپاق خوجىنى دېمەكچى) دۇئايى بەد قىلىۋەتكەنلەر (ياكى قارغىۋەتكەنلەر) تەلۋە، كاسكى بولۇپ كېتەتتى. ... (ئۇنىڭغا) قاۋىغان ئىتلار بولسا گاچا، قوتۇر بولۇپ قالاتتى. ... ئۇ بىر دۇئا قىلىپ "ئىسھاقىيە" مۇرتەدلىرىنى گاچا، گاس، گال (پوقاق)، ئىت، قاچىر ھايۋان قىلىۋېتەتتى.” مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بايانلار تەسەۋۋۇپ پىرلىرىنىڭ كارامەتلىرى خاتىرىلەنگەن ھەرخىل قوليازمىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا دىنىي ئىلىم سەۋىيەسى ئۈستۈن كىشىلەرنىڭ قارغىشىنىڭ يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

قانداق سۆزلەرنى شۇم، ناپاك دەپ ھېسابلاش ۋە قانداق سۆزلەرنىڭ پەرھىزلىك سۆزلەر بولۇپ قېلىشىدا مىللەتلەر، رايونلار، تىللار ئارا نىسبەتەن چوڭ پەرقلەر ساقلىنىدۇ. ھەر قايسى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ئىشلىتىش ئادىتى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى قارىشى، شەرەپ ۋە نومۇس تۇيغۇسى، ئەخلاق ئەنئەنىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن تىل ئادەتلىرىدە پەرھىزلەرنىڭ ئوخشىمىغان تۈسلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تىل پەرھىزلىرىدىكى پەرھىز قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى، مەلۇم سۆزلەرنى قەتئىي ئېيتماسلىق؛ يەنە بىرى، يامان سۆزنى ئۆزگەرتىپ ئېيتىش؛ ئۈچىنچىسى بولسا يۇقىرىقى ئىككى تەدبىر ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغاندا، تېخىمۇ ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ يامان ئاقىۋەتنى تۈگىتىشتۇر. بۇ ئەلۋەتتە

ئەپسۇن ـ ئەرۋەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىلدا ئەسلىدىلا يامان ـ ياخشى دېگەن پەرق بولمايدۇ. بۇ تىلغا مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت ئۆلچەملىرى ۋە چەكلىمىلىرى يۈكلىگەن پەرقتۇر. بىر تىلدا ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى يامان ئەھۋالنى ئىپادە قىلىدىغان سۆزلەر شۇم سۆز ھېسابلانغاندىن باشقا، ئاشۇ سۆزلەرگە يېقىن تەلەپپۇزدىكى سۆزلەرمۇ ئاشۇ كاتېگورىيەگە تەۋە قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە بىز يەنە ئۇيغۇرلاردا ئىسلامي ئەقىدە سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن ئىككى خىل تىل پەرھىزىنى قىستۇرۇپ ئۆتىمىز. ئۇلاردىن بىرى بىر كۈن كەچكىچە گەپ قىلماي يۈرۈشتىن پەرھىز قىلىش بولۇپ، بۇ ئادەت ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن كېلىپ چىققان. يەنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى ئىچىدە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى دىنىي ئادەت سانىلىدىغان بىر كۈن كەچكىچە گەپ قىلماي يۈرۈشنى چەكلىگەن مەزمۇنلار بار بولۇپ، بۇنداق ئادەت دىنىي قائىدىگە ۋە نورمال ئالاقىگە يات بولغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشقا ھەم تىل ئادىتى سۈپىتىدە مۇقىملىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا يەنە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن كۆپ پاراڭلىششنى چەكلەيدىغان ئادەت بار. يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا "ئەر-خوتۇنلار يېتىپ كۆپ پاراڭلاشسا، ئىككىسىدىن بىرى بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدۇ" دېگەن ئىشەنچ تارقالغان. ئىسلام دىنىدىكى بىر ھەدىستە گوياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر چەكلىمە بار بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ تىل پەرھىزىنىڭ شۇ دىنىي بەلگىلىمىدىن كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. دەرۋەقە، كېچىدە كۆپ پاراڭ سېلىش ئۇيقۇغا، ئەتىسى سەھەر تۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىدىمۇ كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە يېتىپ تاڭ سەھەردە تۇرۇشنىڭ ئادەم تېنىگە زور پايدىسى بارلىقى سۆزلىنىدۇ. ئەر-خوتۇندىن بىرى بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېگىنى ئەنە شۇ پەرھىزنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئويدۇرۇلغان توقۇلما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، تىل پەرھىزلىرى ئىنسانلارنىڭ تىلنى سىرلىق چۈشىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تىلدىن ئىبارەت بۇ ئۇچۇر، ئالاقە قورالىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئېچىلغاندا ۋە ئۇنى پۈتۈن خەلق چۈشىنىپ يەتكەندە، تىلنىڭ سېھرى قۇۋۋىتىگە باغلىق بىر قاتار پەرھىز ئادەتلىرى تەبىئىي يوقىلىدۇ. ئەخلاقىي ۋە نومۇس ـ ھايا تۇيغۇسىغا مۇناسىبەتلىك تىل پەرھىزلىرى جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئەخلاق قارىشىدا

ئۆزگىرىش بولۇشىغا ئەگىشىپ قىسمەن ئۆزگىرىشلەرنى ياسىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىدە تىل جەھەتتە "ئاشكارىلىنىش"، "يالىڭاچلىنىش" ھالىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ شۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولسا كېرەك.

## 12. چۈشكە ئائىت پەرھىزلەر

چۈش ئۇقۇمى ئىنسان ئەجدادلىرىنىڭ روھ ۋە چۈشەنچىلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، گۆدەك ۋە ياۋايى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا چۈش ئىنتايىن سىرلىق بىر ھادىسە بولۇپ، چۈشنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ھالىتى توغرا تونيالماسلىق تۈپەيلىدىن، روھ بىلەن چۈشنى بىرلەشتۈرۈپ قاراپ، ئادەمنىڭ روھى تېنىدىن ئايرىلسا چۈش ھاسىل بولىدۇ دەپ ھېسابلىغان ئىدى. يەنى ئۇلار ئادەم تۇغۇلغاندا روھ ئۇنىڭ تېنىگە ئورۇنلىشىدۇ، ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەندە ئۇ تەندىن ئايرىلىپ سىرتقى دۇنيادا سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ يۈرىدۇ، مانا بۇ چۈش كۆرۈشتۇر، روھ ئادەم تېنىگە قايتىپ كەلگەندە ئادەممۇ ئويغىنىدۇ دەپ ھېسابلىدى. ئىنسانلار چۈش روھنىڭ تەندىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشى دەپ قاراش دەرىجىسىدە توختاپ قالغان ئەمەس. خۇددى لېۋى . برۇھل ئېيتقاندەك: "ئىپتىدائىي ئىنسانلار چۈشنى بىر خىل ئەمەلىي سېزىمدۇر، بۇ سېزىم شۇنچىلىك ئېنىق ۋە كۈچلۈككى، ئۇ ئادەم ئويغاق ۋاقىتتىكى سېزىم بىلەن ئوخشايدۇ، دەپ قارىغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ قارىشىچە چۈش ئاساسەن كەلگۈسىنىڭ بىشارىتى، ئادەمنىڭ جىنلار، روھلار ۋە ئىلاھلار بىلەن قىلغان ئالاقىسى ئىدى. ..."[①] ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ چۈشىگە تولۇق ئىشىنىپ، چۈشىدە كۆرگەن نەرسىلەر بىلەن ئويغاق ۋاقتىدا كۆرگەن نەرسىلەرنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇپ مۇئامىلە قىلدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار چۈشكە تايىنىپ مەلۇم بىشارەت ياكى ۋەھىيگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ئەلۋەتتە چۈش ئۇقۇمىنىڭ ئۆزى چۈش بىشارىتىگە تەڭ بولمايدۇ، ئۇ پەقەت چۈش بىشارىتى ھەققىدىكى خۇراپاتلىقنىڭ ئىدىيە ئاساسىدۇر. پەقەت روھ قارىشى، چۈش قارىشى، جىن ـ ئالۋاستى، ئىلاھ قارىشى دىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ باسقۇچلۇق فورما ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ چۈشكە بولغان قارىشىنى

① [فرانسىيە] لېۋى . برۇھل: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا ئىشلىرى كىتاب بېسىش يۇرتى نەشرى، 1991 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 48 ـ بەت.

ئىزاھلىساق، ئاندىن چۈشنىڭ ئىلاھ ياكى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ چۈش كۆرگۈچىگە قىلغان ۋەھيىسى دەپ قارالغانلىقتىن چۈش بىشارىتى ھەققىدىكى خۇراپاتلىقنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا چۈش ئەزەلدىن تارتىپ بىر خىل سېھىرلىك نەرسە دەپ قارالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ چۈش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىسلامىيەتنى چەك ـ چېگرا قىلىپ تۇرۇپ ئىككى دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە چۈشنى بىشارەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان ۋە بۇ ھەقتە نىسبەتەن سېستىمىلىق قاراش شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى چۈش قاراشلىرى مەشھۇر يادىكارلىق «ئىرىق بىتىگ» تە بايان قىلىنغان. ئۇندىن باشقا «ئوغۇزنامە» دە بىر شامانىنىڭ ئوغۇزخانغا چۈشنىڭ ياردىمى بىلەن بەزى مەسلىھەتلەرنى بەرگەنلىكىدەك بايانلار ئۇچرايدۇ. «ئىرىق بىتىگ» ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى چۈش قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى ۋە تەپەككۇرىنى تەھلىل قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا مەلۇم چۈشنىڭ ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى يېزىلغان بولۇپ، ياخشى چۈشتىن كېلىدىغان ياخشى ئاقىۋەت، يامان چۈشتىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەت تەپسىلىي سۆزلەنمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاتمىش بەش چۈش تەبىرى خاتىرىلەنگەن بۇ ئەسەردە ئاتمىش بەش چۈش تەبىرىنىڭ ئوتتۇز توققۇزىغا "ئەزگۈ" (ياخشىلىق)، ئون سەككىزىگە "يابلاقدۇر" (يامانلىقتۇر) دەپ خۇلاسىسە چىقىرىلغانلىقىدەك ئەھۋالدىن ئۇيغۇرلاردا 9 ـ ئەسىردىلا چۈشككە تەبىر ئېيتىش ئادەتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى، خەلق ئىچىدە چۈش تەبىرىنىڭ بارلىقىدەك ئەھۋاللارنى بىلەلەيمىز. يەنى ئۆتكەن زامانلاردا خان ـ پادىشاھلار ئوردىلىرىدا مەخسۇس تەبىرچىلەرنى تۇرغۇزۇپ، كۆرگەن چۈشلىرىگە تەبىر ئېيتقۇزۇشقان، بۇنداق تەبىرچىلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاسترونومى، يۇلتۇزشۇناس، بەزىدە شامانى بولغان. مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە چۈش بايانلىرىنىڭ مەلۇم سالماقنى ئېگىلىشى ئۇيغۇرلاردا چۈشكە بولغان سىرلىق ئىشەنچىنىڭ مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇنلا تولۇق شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى چۈش چۈشەنچىلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىسلام دىنىدىكى چۈش قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرىدىكى بىر بابنىڭ مەخسۇس چۈشكە تەبىر بېرىشكە بېغىشلانغانلىقىدەك ئەھۋالدىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر چۈش

ھەققىدىكى سانسىز تەبىرنامىلەر، چۈش بايانى تەسۋىرلەنگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، شەكلى ھەرخىل پالچىلىق ئۇسسۇللىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى، خەلق ئارىسىدا "پالچى" نامى بىلەن ئاتالغان، چۈشكە تەبىر بېرىشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى قاتارلىقلاردا بىردەك ئىسلام دىنىدىكى چۈش قارىشى مۇھىم تەسىر قالدۇرغان. ئىسلام دىنىدىكى قاراشلاردا چۈش تەبىرى ئىسلامدىكى دىنىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ھەم ئىسلام پەلسەپە سېستىمىسىنىڭ بىرىدۇر. مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە ئېيتىلىشىچە، مۆئمىنىنىڭ چۈشى قىرىق ئالتە خىل خىسلەتنىڭ بىرى، شۇنداقلا قىرىق ئالتە خىل ۋەھيي شەكلىنىڭ بىرىدۇر. يەنە بەزى ھەدىسلەردە ئېيتىلىشىچە مۇھەممەت پەيغەمبەر ئاللاھدىن ۋەھيي قوبۇل قىلغان. چۈش ئاللاھدىن كېلىدىغان خوشخەۋەر سۈپىتىدىكى ياخشى چۈش، شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىدىن كېلىدىغان يامان چۈش ۋە ئويلىغان، خىيال قىلغان نەرسىلەردىن شەكىللىنىدىغان پىكرەن چۈش دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. ھەرخىل چۈشلەرگە تەبىر بېرىشمۇ مۇشۇ ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تەبىر بېرىشكە بېغىشلانغانلىقىدەك ئەھۋالدىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر چۈش ھەققىدىكى سانسىز تەبىرنامىلەر، چۈش بايانى تەسۋىرلەنگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، شەكلى ھەرخىل پالچىلىق ئۇسسۇللىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى، خەلق ئارىسىدا "پالچى" نامى بىلەن ئاتالغان، چۈشكە تەبىر بېرىشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى قاتارلىقلاردا بىردەك ئىسلام دىنىدىكى چۈش قارىشى مۇھىم تەسىر قالدۇرغان. ئىسلام دىنىدىكى قاراشلاردا چۈش تەبىرى ئىسلامدىكى دىنىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ھەم ئىسلام پەلسەپە سېستىمىسىنىڭ بىرىدۇر. مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە ئېيتىلىشىچە، مۆئمىنىنىڭ چۈشى قىرىق ئالتە خىل خىسلەتنىڭ بىرى، شۇنداقلا قىرىق ئالتە خىل ۋەھيي شەكلىنىڭ بىرىدۇر. يەنە بەزى ھەدىسلەردە ئېيتىلىشىچە مۇھەممەت پەيغەمبەر ئاللاھدىن ۋەھيي قوبۇل قىلغان. چۈش ئاللاھدىن كېلىدىغان خوشخەۋەر سۈپىتىدىكى ياخشى چۈش، شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىدىن كېلىدىغان يامان چۈش ۋە ئويلىغان، خىيال قىلغان نەرسىلەردىن شەكىللىنىدىغان پىكرەن چۈش دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. ھەرخىل چۈشلەرگە تەبىر بېرىشمۇ مۇشۇ ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر تەپەككۇر تارىخىدا مۇتەپەككۇرلار چۈشنىڭ پەيدا بولۇشى، رولى، تەبىرى مەسىلىلىرىگە ئىسلامىي يۇسۇندا يانداشتى. جۈملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈشنىڭ پەيدا بولۇشىنى مۇنداق ئىزاھلىدى:

5988 يامان ـ ياخشى قازانى بىلدۇرسە خۇدا،
ئايان ئەيلەر ئۇنى ياتسا ئۇيقۇدا.

6015 ئېلىشمان، بىتەرتىپ چۈشلەردۇر بىرى،
جەسۇر ئەر، بۇنىڭ يوق ئىرۇر تەبىرى.

6016 نېمە ئويلاپ يېتىپ، چۈشسە شۇنى،
بولۇر ئۆرنىمسە بۇ خىل چۈشنى.

6017 يەنە بىر چۈشكى، ئۇ شەيتانىي چۈشتۇر،
بۇ چۈش كۆرگۈچى غۇسلە قىلسا بولۇر."[1]

( )

بۇ خىل قاراش بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان قاراش بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەمما يۈسۈپ خاس هاجىپ چۈشنىڭ پەيدا بولۇش مەسلىسى هەققىدە يۇقىرىقى سەۋىيەدە توختاپ قالغان ئەمەس. ئۇ ئادەمنىڭ مىزاجى، پەسىل، يىمەكلىك بىلەن چۈشنىڭ مەزمونى ئوتتۇرىسىدا مۇقەرەر باغلىنىش بولىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىزاهلايدۇ:

6005 تالاي چۈشلەر باركى، غىزاغا قارار،
ئۇ بولسا يارامسىز، چۈش خۇنۇك بولار.

6006 يانا بىر چۈشكى، ئۇ پەسىلگە قارار،
كۈچەيسە تادۇسى ئاڭا ئۇ باقار.

6007 باهار پەسلى بولۇپ، كىچىك بولسا ئەر،
كۆرۈنسە قىزىل هەممە هەم قۇڭۇر يەر،

6008 ئۇنىڭ قانى كۈچەيگەن بولۇر بەلگۈلۈك،
دېگىن سەن ئۇنىڭكى قېنىن ئالغۇلۇق.

6009 گەر ئۇلسا پەسلى ياز، چۈش كۆرسە يىگىت،

[1] يۈسۈپ خاس هاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

چۈشسە سىرىق، ھال يا كۆكۈم ئۈگىت.

6010 ئىشىپتۇر ئۇنىڭ، ئي ھېكىم، سەپراسى،

سۇرگە ھەم تەرەنجۇبىل ئۇنىڭ دورىسى.

6011 كۆز پەسلى چۈشسە ئورتا ياش بىر ئەر،

چۇقۇر، تاغ، قۇدۇق يا قارا نەرسىلەر.

6012 سەۋداسى كۆچەيگەن بولۇر، ئەي قاياش،

يىسۇن دورا، مىڭە ساپلاشقا، ئاداش.

6013 قىش پەسلى بولۇپ چۈش كۆرسە گەر قىرى،

ئاقار سۇ چۈشسە يا مۇز، قار، تولى،

6014 ئۇنىڭ بەلغەمى، كۆر، كۆچەيگەن بولۇر،

ئىسسىقلىق ئىچۈرۈپ، يىدۈرسە بولۇر."[1]

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھەرقانداق چۈشنىڭ ئىلاھىي سەۋەب، شەيتان ياكى ئوي ـ خىيال بىلەن مۇناسىبەتلىك بولۇشى ناتايىن. بۇ پىكىر ھەم ئۇيغۇر تىبابىتىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى چۈش چۈشەنچىلىرىدە چۈش يەنىلا بىشارەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇنداق بولغاچقا كىشىلەر چۈش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىبەتلىك بارلىق پائالىيەتلەردە بىر مۇنچە ئەھۋالدىن پەرھىز قىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى پەرھىز ئادەتلىرىنى بىر قانچە نوقتا بويىچە مۇلاھىزە قىلىمىز.

## 1. چۈش كۆرۈشكە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا ئۇخلاش ۋاقتىدا ئۇخلاش قىياپىتى ۋە ئۇخلاش ئورنىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر دۈم يېتىش، سول ياننى بېسىپ يېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا "قارا باسىدۇ" دەپ جورۇيدۇ. ئوڭ ياننى بېسىپ يېتىش تەشەببۇسى ئىسلامىي ھەدىسلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ساغلام بولمىغان يېتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغىمۇ زىت كېلىدۇ. قىلبە تەرەپنى ئۇلۇغلاش

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار ئۇيقۇدا پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ياتمايدۇ. شۇنداقلا «قۇرئان» قويۇلغان ئۆيدىمۇ ئۇخلىمايدۇ. ئۇخلاش ۋاقتى جەھەتتە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ ئارىلىقىدا ئۇخلاشتىن پەرھىز قىلغاندىن سىرت، يەنە كۈن چىقىۋاتقان سەھەر سۈبھىسىدە ۋە زۇۋالدا ئۇخلاشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىپ، بۇنداق ۋاقىتتا ياتسا، قىزىل قان ئىچىدە ياتقان بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنىدىمۇ كۈن چىقىۋاتقان پەيتتە ناماز ئۆتەش ۋە ئۇخلاش چەكلەنگەن.

ئۇيغۇرلار يەنە تېبابەت نۇقتىسىدىن تاماق يەپلا ئۇخلاش، يۇيۇنۇپ ھۆل پېتىلا ئۇخلاش، زىيادە سوغۇق يەردە تاكى زىيادە ئىسسىق يەردە ئۇخلاش، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا ئۇخلاش ... قاتارلىقلاردىن پەرھىز تۇتىدۇ. ياڭاق ئۆستۈرىدىغان جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ياڭاق دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئۇخلىسا ئۆلۈپ قالىدۇ دەپ جورۇپ، ئۇنداق يەردىمۇ ئۇخلىمايدۇ. بۇ ياڭاق دەرىخى ۋە مېۋىسىنىڭ تەبىئەتتە ناھايىتى سوغۇق بولىدىغانلىقى ۋە زەھەرلىك بولىدىغانلىقى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرھىزدۇر.

ئۇيغۇرلار يامان چۈش كۆرۈشنى يەنە "قارا بېسىش" دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلاردا قارا بېسىپ قالماسلىق ئۈچۈن جىن ـ شەيتانلار بار دەپ قارالغان جايلاردىن يالغۇز دەرەخ تۈۋى، سىدە، توغراق تۈۋى، ئەسكى تام تۈۋى قاتارلىق جايلاردا ئۇخلىمايدۇ. شۇنداقلا يەنە ئۇخلاش ئورنىنىڭ ئاستىدا نان ئۇۋاقلىرى، سۆڭەك پارچىلىرىنىڭ بولۇشىدىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. بۇ يامان چۈشنى جىن ـ شەيتانلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قاراشنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. بۇ قاراشنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇرلاردا قەبرىستانلىق تىنىچ دەپ قارىلىدىغان، مەسجىد بولسا تىنىچسىز دەپ قارىلىدىغان ئەھۋال بار. شۇڭا كىشىلەر ھەرقانداق ئەھۋالدا بولسۇن، مەسجىد ئىچىدە ئۇخلىمايدۇ. ئەمما قەبرىستانلىقلاردا تۈنەشنى يامان كۆرمەيدۇ. بۇ ئەجدادلار روھى ئۆزلىرىنى قوغدايدۇ دەپ چۈشىنىشنىڭ ئىپادىسىدۇر. بىز ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردىن شۇ ئەسەر قەھرىمانلىرى بولمىش يولۇچى، مۇساپىرلارنىڭ يول بويىدا قەبرىستانلىق تېپىپ، ئادەم كۆمۈلمىگەن شام گۆرلەرگە كىرىپ يېتىپ ئۇخلىغانلىقىدەك ئېپىزوتلارنى بەك كۆپ ئۇچرىتىمىز.

ئادەم ئۇخلىغاندا چۈش كۆرىدۇ. بەزىدە چۈش كۆرىۋاتقان ئادەم ئورنىدىن ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا تۇرۇپ كېتىپ چۈشى ئىچىدىكى تەرتىپ بويىچە مەلۇم ئىشلار بىلەن شوغۇللۇنۇپ كېتىدۇ. بۇ چۈشەكەشتۇر. ئۇيغۇرلاردا چۈشەكەۋاتقان ئادەمنى ئويغىتىۋەتسە، ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ دېگەن ئىشەنچ بار. شۇڭا كىشىلەر

چۈشەكەۋاتقان كىشىنى ئويغىتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇ قاراش مۇنداق بىر ئاساستا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن: چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەمنىڭ روھى تەندىن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر روھ تەنگە قايتىپ كەلمەستىن بۇرۇن تەن مەجبورىي ئويغىتىۋېتىلسە ئۇنداقتا روھ تەنگە قايتىپ كېلەلمەي قالىدۇ ـ د ، تەنمۇ ئۆلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاراشلار باشقا مىللەتلەردىمۇ بار. مەسىلەن، «جۇڭگو خەلق پەرھىزلىرى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، خەنزۇلاردا ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ يۈزىنى بوياپ قويۇشتىن ياكى پاسكىنا قىلىۋېتىشتىن چەكلىنىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەد روھنىڭ قايتىپ كەلگەندە تەننى تونۇيالماي قېلىپ، ئۇنىڭغا كىرەلمەسلىكى ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان تەننىڭ ئۆلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىكەن.[①]

ئۇيغۇرلاردا يەنە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئويغاتسا، ئۇنىڭ خورىكى ئويغاتقۇچىغا يۇقۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنداق ئەھۋالدىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. بۇ خورەكنى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشىتىپ قاراشنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار بوۋاقلارنىڭ ئۇيقۇسىغا باشقىچە قارايدۇ. يەنە بوۋاقلار ئۇخلاۋاتقاندا ئېسەدەپ كەتسە، بۇنى پەرىشتىلەرنىڭ بالىغا "داداڭ ئۆلۈپ كەتتى" دېگەنلىكى سەۋەبىدىن بالا بۇ گەپكە ئىشىنىپ يىغلىغانلىقىنى، ئەگەر بوۋاق ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈپ كەتسە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا چۈشىدە "ئاناڭ ئۆلۈپ كەتتى" دېگەندە، بوۋاق بۇ گەپكە ئىشەنمەي "بايىلا ئانامنى ئەمگەن تۇرسام، بۇ گېپىڭ نەدىمۇ راست بولسۇن؟" دەپ كۈلۈپ كەتكەنلىكى دەپ يېشىدۇ. يەنە بوۋاقلارنىڭ يۈزىنى پەرىشتىلەر كېچىدە يۇيۇپ قويارمىش. شۇڭا ئاخشامدا يۈزى كىر ياتقان بوۋاقلارنىڭ يۈزى ئەتىگەندە پاكىز بولۇپ قالىدىكەن.

## 2. چۈشكە تەبىر بېرىشكە ئائىت پەرھىز

ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىش ئۇسۇلى ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسرىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەندىن سىرت، يەنە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا بىر قاتار چۈشلەر تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ تەبىرلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا خەلقىمىز ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «چۈش تەبىرى» نامى بىلەن ئاتالغان كىتابچىلەردە ھەم نۇرغۇن چۈشلەرگە تەبىر بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن خەلق ئېتىقادى

[①] رېن چېڭ: «جۇڭگو خەلق پەرھىزلىرى» ، خۇاشەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 535 ـ بەت.

كاتېگورىيىسىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ بولغان.

چۈشكە تەبىر بېرىش مەيلى دۇنيا ئەھلىنىڭ كۆزىدە بولسۇن ياكى دىن ئۆلىمالىرىنىڭ نەزىرىدە بولسۇن يۇقىرى بىلىم تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر. ئۇيغۇرلار ئادەتتە چۈشلىرىگە تەبىر بەرگۈزمەكچى بولسا ھەرگىزمۇ ئىلىمسىز، بەدئەخلاق كىشىنى ئىزدىمەيدۇ، بەلكى مەخسۇس شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلارنى، چوڭراق ئۆلىمالارنى ئىزدەپ ئۆز چۈشلىرىگە تەبىر بەرگۈزىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە چۈشكە قالايماقان تەبىر بېرىش ياخشى ئەمەس. بولۇپمۇ چۈشكە تۇنجى بېرىلگەن تەبىر ئۇ تەبىرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، چۈشكە مۇقىملىشىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا تۇنجى بەرگەن تەبىرنى ئىمكانقەدەر ياخشى بېرىش لازىم. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە:

6021 بىلىپ ياكى بىلمەي بۇ چۈش ئۆرۈمىگىل،

نىچۈك ئۆرسە چۈشمۇ بولۇر دەل شۇ خىل."[①]

دەپ يازىدۇ.

يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە، ئۇيغۇرلاردا بىرەر چۈش كۆرسە ئۇنى دەرھال بىرەر كىشىگە ئېيتىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئۆزى تەبىر بېرىپ سىر تۇتۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار.

## 3. نەس چۈشكە ئائىت پەرھىزلەر

چۈشنىڭ قانداق بىشارەتلىك مەنىگە ئىگە بولۇشى كۆپ ھاللاردا چۈشتىكى شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە چۈشتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېرى دائىم مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دېمەكچىمىزكى، مەلۇم چۈشنى ياخشىلىققا ياكى يامانلىققا جورۇش - مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، دىنىي ئېتىقاد، مۇھىت - شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى بىر تۈركۈم چۈشلەرنى ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى دەپ قارىغان بولسا، يەنە بىر تۈركۈم چۈشنى يامانلىقنىڭ بىشارىتى دەپ قاراپ، بۇنداق چۈشلەردىن ھەزەر قىلىپ كەلگەن. ھەرقانداق چۈشنى تەبىرلەشتە ياخشى ۋاقىت تاللاش ۋە ئىمكان بار ياخشىلىققا جورۇش - ئەشۇ پوزىتسىيەنىڭ ئاكتىپراق بىر ئىپادىسىدۇر. خەلق ئارىسىدا چۈشنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقتىن بىشارەت بېرىش ئالاھىدىلىكىگە قارىتا

① يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە. 1229 - بەت.

ئىشەنچىنىڭ دېگۈدەك بىر خىل بولماسلىقىغا قارىماي، بىر تۈركۈم چۈشلەرنىڭ مەزمۇنى هامان ئۇرتاق ئېتىراپ قىلىنغان نەس، شۇم ئەهۋالدىن بىشارەت دەپ تونۇلىدۇ. شۇڭا خەلق بۇنداق چۈشلەردىن پەرهىز قىلىدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن چۈش تەبىرلىرى ۋە «مەجمۇئەتۇل ئەهكام» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى چۈش تەبىرلىرىنىڭ يامانلىقتىن بىشارەت بېرىش مەنىسى تەرەپتىن بىر قانچە نوقتىلار بويىچە مىسال كەلتۈرىمىز.

**1 ) چۈش ئىگىسىنى قايغۇغا گىرىپتار قىلىدىغان چۈشلەر:**

چۈشىدە پادىشاھلارنى خوشال هالدا كۆرمەك.

چۈشىدە كېمە سۇغا غەرىق بولماق.

چۈشىدە تۈتۈن ـ ئىسنى كۆرمەك.

چۈشىدە قۇچقاچ كۆرمەك.

چۈشىدە كالا قوغلىماق.

چۈشىدە چوڭ بولماق.

چۈشىدە قورسىقى تويماق.

چۈشىدە ئۆيگە كىرمەك.

چۈشىدە ئاچچىق قوغۇن يىمەك.

چۈشىدە جۇۋاز يىغى كۆرمەك.

چۈشىدە ئۆتكەمە كۆرمەك.

چۈشىدە كۆزى كور بولماق.

چۈشىدە تەڭگە كۆرمەك.

**2) چۈش ئىگىسىنى تۆهمەتكە گىرىپتار قىلىدىغان چۈشلەر:**

چۈشىدە هەرە كۆرمەك.

چۈشىدە تۈگمەن قۇرۇق چۆرگىلىمەك.

چۈشىدە يۇلتۇزلار تۆكۈلمەك.

چۈشىدە تۈز كۆرمەك.

چۈشىدە ھاۋا گۈلدۈرلىمەك.

**3) چۈش ئىگىسىنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدىغان چۈشلەر:**

چۈشىدە غورا ئۈزۈم كۆرمەك.

چۈشىدە ئاچچىق ئالما كۆرمەك.

چۈشىدە ئانار كۆرمەك.

چۈشىدە بېھى كۆرمەك.

چۈشىدە تولا يىغلىماق.

چۈشىدە روھ ئۇرماق.

**4) چۈش ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر:**

چۈشىدە تۆگە مىنمەك.

چۈشىدە تۆگە قىچقىرماق.

چۈشىدە سۈزۈك سۇ كۆرمەك.

چۈشىدە بوغاز تۆگە كۆرمەك.

چۈشىدە روھنىڭ ئىززىتىگە ئېرىشمەك.

چۈشىدە بېشى غايىپ بولماق.

چۈشىدە پاقلان كۆرمەك.

**5) چۈش ئىگىسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ راۋاج تاپالماسلىقى ۋە زىيان تارتىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر:**

چۈشىدە ئىت قاۋىماق.

چۈشىدە ئاچچىق تائام كۆرمەك.

چۈشىدە تۇرغۇن سۇ كۆرمەك.

چۈشىدە ئېشەكتىن يېقىلماق.

چۈشىدە ھايۋان تېرىكىنى كۆرمەك.

چۈشىدە بەدىنىگە موي چىقماق.

چۈشىدە غەلۋىر كۆرمەك.

چۈشىدە سۇەت كۆرمەك.

چۈشىدە چېچىنى چۈشۈرمەك.

چۈشىدە چېچى ئۆسمەك.

چۈشىدە بىر كۆزى كور بولماق.

چۈشىدە كور بولماق.

چۈشىدە بۇرنى پۇچۇق بولماق.

چۈشىدە لاي سۇ كۆرمەك.

چۈشىدە ئالتۇن كۆرمەك.

چۈشىدە يېرىم ئاي كۆرمەك.

**6) چۈش ئىگىسىنىڭ پەرزەنتسىز بولۇشىدىن ياكى ئەيىپلىك پەرزەنتكە ئېرىشىشىدىن بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر:**

چۈشىدە ھۆپۈپ كۆرمەك.

چۈشىدە ئوغلاق كۆرمەك.

چۈشىدە تۇخۇم يىمەك.

چۈشىدە تۇخۇم چېقىلماق.

چۈشىدە ئەرلىك ئالتى غايىپ بولماق.

چۈشىدە ھىندى (ھىندىستانلىق) كۆرمەك.

چۈشىدە نەسارا (خىرىستىيان) كۆرمەك.

چۈشىدە تاۋاق چېقىلماق.

چۈشىدە ئۈزۈك كۆرمەك.

(ئۇيغۇرلاردا يەنە هامىلدار ئاياللارنىڭ ئۈزۈك چۈشىشى ئۇنىڭ قىز تەۋەللۇت قىلىدىغانلىقىغا بىشارەت قىلىنىدۇ.)

**7) چۈش ئىگىسىنىڭ يامان كىشىلەر بىلەن دوستلىشىشى ۋە دۈشمەنلىك بولۇشىدىن بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر:**

چۈشىدە ئېيىق كۆرمەك.

چۈشىدە ئاق قۇچقاچ كۆرمەك.

چۈشىدە كەپتەر كۆرمەك.

چۈشىدە لەگلەك كۆرمەك.

چۈشىدە ئوتۇن كۆرمەك.

چۈشىدە ئىلان كۆرمەك.

چۈشىدە قارا ئىلان كۆرمەك.

چۈشىدە چاشقان كۆرمەك.

چۈشىدە سېغىزخان كۆرمەك.

چۈشىدە ئۆيگە ئوت كەتمەك.

چۈشىدە جىگدە كۆرمەك.

چۈشىدە سارنى كۆرمەك.

چۈشىدە تۈلكىنى كۆرمەك.

چۈشىدە قازانغا ئوت قالىماق.

**8) چۈش ئىگىسىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىدىن بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر:**

چۈشىدە ئورۇق كالا كۆرمەك.

چۈشىدە بۆرە كۆرمەك.

چۈشىدە قاغا قاقىلدىماق.

چۈشىدە يەر ياقىلاپ ماڭماق.

چۈشىدە ئۈچۈپ يىقىلماق.

چۈشىدە ئىت قەستىگە ئۈچرىماق.

چۈشىدە چۈشىدە چاقماق چاقماق.

9) چۈش ئېگىسىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كېلىدىغان ئۆلۈم، كېسەللىكتىن بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر:

چۈشىدە ئۆيىنىڭ يۇقىرى تېمى ئۆرۈلمەك.

چۈشىدە ئۆيىنىڭ تۆۋەن تېمى ئۆرۈلمەك.

چۈشىدە ئۆيىنىڭ قىبلە تېمى ئۆرۈلمەك.

چۈشىدە ئۆيىنىڭ شەرىق تېمى ئۆرۈلمەك.

چۈشىدە تورۇس ئۆرۈلمەك.

چۈشىدە چوڭ دەرەخ يىقىلماق.

چۈشىدە ئوڭ قولى غايىپ بولماق.

چۈشىدە سول قولى غايىپ بولماق.

چۈشىدە يايلا قورۇقلۇق ئاتقا مىنمەك.

چۈشىدە يۇلتۇز ئېقىپ چۈشمەك.

چۈشىدە بېشىغا قىلىچ تەگمەك.

چۈشىدە كوزا چېقىلماق.

11) چۈش ئېگىسىنىڭ يۇرتىغا كېلىدىغان ئاپەتتىن بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر:

چۈشىدە ئاي كۆيمەك.

چۈشىدە كالا بوغۇزلىماق.

چۈشىدە كۈن تۇتۇلماق.

چۈشىدە يەر تەۋرىمەك.

چۈشىدە ئورۇق ئىنەك كۆرمەك.

چۈشىدە ئورۇق بۇغداي سىمىز بۇغداينى چىرمىۋالماق.

(ئاخىرقى ئىككى چۈش «قۇرئان» دىكى يۈسۈپ پەيغەمبەرگە ئائىت قىسسەلىرىدە ئۇچرايدۇ.)

**12) يىغا ـ زارىدىن بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر:**

چۈشىدە كۆك ئۈزۈم يېمەك.

چۈشىدە ئاق تون كەيمەك.

چۈشىدە كۆك تون كەيمەك.

چۈشىدە مايسا كۆرمەك.

يۇقىرىقى تۈرلەر كىشلەرنىڭ چۈش مەزمۇنىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىنى تەۋە قىلىدىغان چوڭ تۈلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇقىرىقى تۈرلەرگە تەۋە بولمايدىغان، باشقىچە يامانلارغا بىشارەت قىلىدىغان چۈشلەرمۇ بار. ئەمما ئۇلارنىڭ سانى ئازراق بولغاچقا بۇ يەردە تىزىپ كۆرسەتمىدۇق. «قۇتادغۇ بىلىك» تە بايان قىلىنىشىچە، ئۇدغۇرمىش چۈشىدە ئەللىك ۋاخىنلىق بىر شوتىنى كۆرىدۇ. ئۇ يانتۇ قويۇلغان بۇ شوتىغا يامىشىپ ئەللىكىنچى ۋاخىنغا يېتىپ بارغاندا، بىر ئەتچى (قاسساپ) ئۇنىڭغا سۇ بېرىدۇ. ئۇ سۇنى ئىچىپلا يۇقىرىغا ئۆرلەپ يوقايدۇ. بۇ چۈشكە ئۆگۈدۈلمىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياش نوقتىسىدىن ياخشىلىققا جورۇپ تەبىر بەرگەندە، ئۇدغۇرمىش ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىدىن بىشارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇزاققا بارمايلا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز چۈشىگە تەبىر بەرگەندە ئېيتقان مۇنۇ سۆزى مەزكۇر چۈشنىڭ نەس چۈش ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. يەنى:

6062 گەر چۈشىدە بىر قاچا سۇ ئىچسە، يېرىم.

تۈگەدى تىرىكلىك يېرىمى يېرىم.

6063 ئەگەر ئىچسە سۇنى تۈگىتىپ ئېرىغ،

تۈگەدى تىرىكلىك قېزىلدى قەۋرىم.[1]

## 4. يامان چۈشنىڭ شۇم ئاقىۋىتىنى تۈگىتىشكە دائىر پەرھىزلەر

بىر ئادەم يامان چۈش كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن ئۇنى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ بىرىگە تەدبىق قىلىپ،

---

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە. 1241 ـ بەت.

ئۆزىگە قانداق يامان ئاقىۋەت كېلىدىغانلىقى بىلگۈسى كېلىدۇ. ئەمما چۈشكە تەبىر بېرىش ماھارىتىنى ھەممىلا ئادەم ئىگىلەپ كەتكەن بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈش تەبىرلىرىنى ئوقۇپ قويۇش ۋە ئۆز چۈشىدىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتنى بىلىپ قويۇش بىلەنلا، شۇ خىل بالايى ـ ئاپەتتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، خەلق ئىشەنچىسىدە ھەرقانداق يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغان يامان چۈشنىمۇ مەلۇم ئۇسۇللار بىلەن ئۆزگەرتىۋەتكىلى، كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتنى، توسۇپ قالغىلى، تۈگەتكىلى بولىدۇ. بىز ئالدىنقى سەھىپىلەردە تىلغا ئالغان چۈشنى كۆرگەنلا ئادەمگە سۆزلەپ يۈرمەسلىك، كېچىدە يامان چۈشكە تەبىر بەرمەسلىك، چۈشنىڭ تۈنجى تەبىرىنى ياخشى تەرەپكە تارتىپ بېرىش قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە مۇشۇ مەقسەدتە ئوتتۇرىغا چىققان پەرھىزلىك ئادەتلەردۇر.

ئۇيغۇرلار چۈشتىن كېلىدىغان يامانلىقنى تۈگىتىش جەھەتتە يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى سىرت يەنە چۈشنى ئېتىراپ قىلماسلىق، سول تەرىپىگە تۈكۈرۈش ۋە سەدىقە بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنىمۇ قوللىنىدۇ. بۇلار ئىچىدە چۈشنى ئېتىراپ قىلماسلىق خۇراپاتلىق ئاسارىتىدىن نىسبەتەن قۇتۇلغانلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى ھەرقانداق چۈش كۆرۈشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنداق چۈشنىڭ ياخشىلىق ـ يامانلىق بىلەن مۇقەرەر مۇناسىۋىتىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي، ئەگەر ئىشەنسىمۇ، بۇنى ئېغىزدا ئېتىراپ قىلماسلىق پوزىتسىيىسى بىلەن "چۈش دېگەن ئۇيقۇنىڭ پوقى" دەپ قويىدۇ ـ د، چۈشتىن كېلىدىغان يامانلىقنى تۈگەتمەكچى بولىدۇ. ئەگەر راستىنلا بىرەر ھادىسە ياكى خەتەر كۆرۈلسە، بۇنى چۈشكە ئەمەس، بىلكى باشقا سەۋەبلەرگە باغلايدۇ. بۇ چۈشكە تەبىر بېرىش خۇراپاتلىقىدا ئىلمىيلىككە قاراپ يۈزلىنىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئامىلدۇر. ئۇيغۇرلاردا يامان چۈش كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن سول تەرەپكە تۈكۈرۈش ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر ئادەتتۇر. بۇ ئادەت ئەسلىدە ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن ئۇۋسۇل بولۇپ، كېيىنچە ئۇيغۇرلارمۇ قوبۇل قىلدى. بۇ يەردە دېيىلۋاتقان "سول تەرەپكە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈش" پەقەت سول تەرىپىگە قارىتىپ شۆلگەي چاچراتماي ئۈچ قېتىم تۈكۈرگەندەك ھەرىكەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شۇ چۈشنىي يامانلىققا ئايلىنىپ كېتىشىنى توسۇدىغان چوڭ ھەرىكەتتۇر. كىشىلەر ئارىسىدا بۇ ئۇسسۇل بەك كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھەر كىشى يامان چۈش كۆرۈپ قالسا ياكى "قارا بېسىپ" قالسا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈپ قويۇپ ئاندىن ياتىدۇ ياكى باشقا ئىشنى قىلىدۇ.

يامان چۈشتىن كېلىدىغان بالايى ـ قازانى يۇقۇرقى ئۇسۇللار بىلەنمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغاندەك ئەھۋال بايقالسا، يەنى چۈشتىكى پالەكەتلىكنىڭ سۈرى بەك ئېنىق بولسا، ئۇنداقتا قوللىنىدىغان ئۇسۇل سەدىقە بېرىشتۇر. چۈش تەبىرگە ئالاقىدار نۇرغۇن كىتابلاردا ۋە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» نىڭ چۈش تەبىرى بۆلىكىدە بىر قاتار چۈشلەرنىڭ نەسلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، شۇڭا سەدىقە بېرىش لازىملىقى تەكتلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ سەدىقە بېرىشنىڭ يامان چۈشتىن كېلىدىغان يامانلىقنى تۈگىتىشتە مۇھىم چارە ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

4369 بىمەنە بولسا ۋە چۈش يامان،

بېرىپ سەدىقە، ئۆزۈڭ كۈتسۇن.

4371 چۈشۈڭ ياخشى كۆرسەڭ، سۆيۈنگىن ھامان.

يامان بولسا ھەققە سېغىنغىن ھامان،

4372 پېقىرلەرگە بەرسەڭ كۆمۈش، مال تاۋار،

خۇدا خالىسا گەر بالانى توسار."[1]

دېمەك، بۇ قاراش خەلق ئارىسىدىكى ئادەتلەر بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ. خەلق ئارىسىدا تىلەمچى ـ سائىللارنىڭ تەكرار ـ تەكرار دەيدىغان گېپى "سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇنانى يەر" دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا سەدىقە بەرسە كەلگۈسى بالايى ـ ئاپەتنىڭ يېنىپ كېتىدىغانلىقى ئىپادە قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار يامان چۈش كۆرۈپ قالغان ھامان، كۆرگەن چۈشنىڭ نەسلىك دەرىجىسىگە قاراپ يېتىم ـ يېسىر، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىدۇ. ئىسلامىي قاراشلاردا يەنە "زاكات مالنىڭ قۇلۇپى، سەدىقە جاننىڭ قۇلۇپى" دېگەن گەپمۇ بار بولۇپ، بۇ يەردە دېيىلۋاتقىنى زاكات بەرسە مال يۈتمەي ياخشى ساقلىنىدۇ، سەدىقە بەرسە ئۆلۈمدىن باشقا بارلىق ئاپەتلەردىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

چۈش ھازىرغا قەدەر ئەقلىي تەرەققىياتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىلىم ـ پەن تەرىپىدىن تولۇق يېشىلىپ بولۇنمىغان بىر روھىي ھادىسىدۇر. شۇنداق بولغاچقا چۈش بىلەن ئادەم تەقدىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىبەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تونۇشنىڭ ئېنىق ۋە توغرا بولمىغانلىقىدىن، چۈش

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە. 901ـ بەت.

ھەققىدىكى خۇراپىي قاراش ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك پەرھىزلىك ئادەتلەرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرماقتا. ھازىرقى زامان چۈش ھەققىدىكى تەتقىقاتتا سىگمۇند فرېئۇدنىڭ چۈش تەبىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى گەۋدىلىكرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ «چۈش تەبىرى» (*The Interpretation of Dreams*) ناملىق كىتابىدا چۈشنىڭ ئىنتايىن تۇلۇق ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە پسىخىك پائالىيەت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈش كۆڭۈلدە بېسىلىپ قالغان ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ باشقا شەكىلدە قاندۇرلۇشى ئىكەنلىكى، شۇڭا چۈشنى كىشلەر ئېيتىپ يۈرگەندەك كەلگۈسىنىڭ بىشارىتى دېگەندىن كۆرە، ئۆنى ئۆتمۈش تەجرىبىلىرىنىڭ ئەسلىنىشى دېيىش تۈزۈك بولىدىغانلىقى ... قاتارلىق پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. فرېئۇدنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىش ئۇسۇلى چۈش تارىخىدىكى يىپ ـ يېڭى بىر ئۇسۇل، بۇ جەھەتتىكى بىر ئىنقىلاپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ياۋروپادا چۈش تەبىرىگە ئائىت ئۇسۇللاردىن يەنە، «ئوخشاشلىق پرىنسىپى» (Principle of Analogous) دىن پايدىلىنىدىغان سىمۋوللۇق چۈش تەبىرى (Symbolic Dream Interpretation) ئۇسۇلى (بۇ ئۇسۇلغا «تەۋرات» ۋە «قۇرئاندا » دا تەسۋىرلەنگەن يۈسۈپ پەيغەمبەرنىڭ پىرئەۋننىڭ چۈشىگە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ، يەتتە سېمىز كالىنى يۈتىۋەتكەنلىكىدەك چۈشىگە بەرگەن تەبىرى تىپىك مىسال بولالايدۇ.) ۋە «تەسەۋۋۇر پرىنسىپى» (Principle of Association) دىن پايدىلانغان "سىفر مىتودى" (Cypher Method) قاتارلىقلار بار. ئەمما يۇقىرىقى قايسى خىل ئۇسۇلدا بولسۇن، ئۇ ھامان خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى چۈش تەبىرى ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ كېتەلىگىنى يوق (بۇ ھەتتا ياۋروپادىمۇ شۇنداق.) ئىشىنىمىزكى، چۈش ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشلەرنىڭ چۈشكە بولغان تونۇشى ئۆسۈپ، بۇ جەھەتتىكى خۇراپىي قاراشلارمۇ يوقۇلۇپ بارىدۇ. ئەمما بۇ مەقسەد ئەمەلگە ئاشقۇچە، ئەنئەنىۋى چۈش قاراشلىرى ۋە مۇناسىپ ئادەتلەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتلىرىگە نەزەر سالساق، كىشلەر ئېڭىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ ھەرقانداق بىر كىشى چۈش كۆرگەن ھامان ئۆز چۈشلىرىگە تەبىر ئىزدەشمەيدىغان بولۇپ كەتتى. چۈش تەبىرچىلىكنى كەسىپ قىلغۇچىلارمۇ ئاساسەن يوقۇلۇپ، ئۇ كىتاب، چۈشنامىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ياكى بەزىدە سەل قارىلىدىغان بولدى. ئەمما يامان چۈشلەردىن پەرھىز قىلىش، يامانلىقلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئادەتلىرى، ياخشى چۈش كۆرسە خوشال بولۇپ، ئاللىقانداق ئارزۇ ـ ئۈمىدلەردە بولۇش ئەھۋاللىرى خەلق

ئارىسىدا يەنىلا مەۋجۇد. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يوقۇلىشى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇ مەنىدىن قارىغاندا، بۇنداق خۇراپىي ئادەتلەرنىڭ يوقۇلىشمۇ بارلىق خۇراپىي ئادەتلەرنىڭ يوقۇلىشى بىلەن تەڭ قەدەملىك بولىدۇ.

## 13. ھەرخىل كەسىپلەرگە ئائىت پەرھىزلەر

كەسىپ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىن پەيدا بولغان. ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ مۇئەييەن ئەمگەك سەرپ قىلىشىنى بەلگىلىگەن. ئەمما ئەمگەكنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىدە نىسبىي مۇستەقىل، ئەمما ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە تايىنىدىغان، ئوخشىمىغان تىپتىكى ئەمگەكلەر بىز دەۋاتقان ھەر خىل كەسىپلەردۇر. كەسىپلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپلا قالماستىن، يەنە جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجىنى قامداشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەر كەسىپ ئايرىمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مەلۇم كەسىپىيساھەيەتكە ئىگە بولىدۇ. ھەربىر كەسىپ كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىردەكلىك، پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىدىكى ئوخشاشلىق بولىدۇ. مانا بۇ بىردەكلىك ۋە ئوخشاشلىق ھەر بىر كەسىپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەرقايسى كەسىپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان قىياپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق، ئالاھىدە ئۆرپ ـ ئادەت فورمىسى شەكلىدە جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە كەسىپنىڭ تۈرى ئوتتۇز ئالتە خىل ياكى يەتمىش ئىككى خىل بولىدۇ، دېگەن قاراش بار. يەنە "ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئاز كېلىدۇ" دېگەن بىر ھېكمەتمۇ بار. بۇ سۆزلەر ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ئوتتۇز ئالتە ياكى يەتمىش ئىككى خىل ئەمەس، بەلكى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىبارىدۇر. ئۇيغۇرلاردا كەسىپ بىلەن ھۈنەر خاراكتېر، ئوبيېكت، ئىش تەرتىپى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ. كەسىپ ئومۇمەن كەڭ مەنىدە ھەر قانداق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدە بولسا تەبىئەتكە تايىنىپ ئېلىپ بارىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى قامداشنى كۆرسىتىدۇ. ھۈنەر بولسا بەلگىلىك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان، ياشاش ئاساس قىلىنىدىغان، نىسبەتەن سەنئەتلىك تۈسى

بار ئشلەپچقرىش پائالىيەتلىرىنى كۆرستىدۇ. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان «كەسىپلەرگە ئائىت پەرھىزلەر» كەڭ مەنىدىكى كەسىپكە تەئەللۇق بولغان بارلىق ئشلەپچقرىش تارماقلىرى بولۇپ، ئۇ ھەم تار مەنىدىكى كەسىپنى ھەم ھۈنەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر ـ كەسىپلەر رىسالىلىك ۋە رىسالىسىز ھۈنەر دەپ ئايرىلغاندىن باشقا، يەنە پىرلىق ھۈنەر ۋە پىرسىز ھۈنەر دەپمۇ ئايرىلىدۇ. رىسالىلىك ھۈنەر ـ بىر قەدەر يىرىك تىپتىكى مۇنتىزىم ھۈنەر ـ كەسىپلەرنى كۆرسەتسە، رىسالىسىز ھۈنەر ـ كەسىپلەر بولسا قوشۇمچە خاراكتېردىكى ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. "رىسالە" ـ "دەستۇر"، "قائىدە ـ نىزاملار توپلىمى"، "ھۈنەر ـ كەسىپ قوللانمىسى" دېگەنلىك بولۇپ، "پىر" بولسا، دەستۇرى (يەنى رىسالىسى) بار كەسىپلەرنى تۇنجى قېتىم ئىجاد قىلغان كامالەت ئىگىسى دېگەنلىكتۇر. ھەر بىر ھۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭ پىرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇلار ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تۇنجى قېتىم شۇ كەسىپنى قىلغان كىشىنىڭ شۇ كەسىپكە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ دەل «مەدىنىيەت ۋە تېخنىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانە» تىپىدىكى ئەپسانىلەردۇر. يەنە بىرى، ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ پىرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىسلام دىنى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىرقى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپلىرىنىڭ پىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىدىن كەلگەن بولۇپ، رىسالىلەرنىڭ ئۆزىمۇ قويۇق ئىسلامىي تۈسكە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى ناھايىتى ئىلگىرىكى زاماندىلا پەيدا بولغان كەسىپ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ھەر قايسى ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ئىش قائىدىلىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، پەرھىز ئادەتلىرى، شۇ كەسىپلەرگە ئائىت رىۋايەتلەر ۋە دۇئالار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ھۈنەر ـ كەسىپنى رىسالە قائىدىلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىش، ھەربىر كاسىپ ئۆزى قىلىدىغان كەسىپكە ئائىت رىسالىنى ساقلاپ، پات ـ پات ئوقۇپ تۇرۇش، رىسالىنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ كىشلەرگە تارقىتىشتىن ئىبارەت. رىسالىلەر ئىچىدىكى كەسىپ قائىدىلىرى بىلەن خەلق ئۆرپ ـ ئادىتى ئىچىدىكى تۈرلۈك كەسىپلەرگە ئائىت قائىدىلەر بىردەكلىككە ئىگە. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپلىرىگە ئائىت پەرھىز ئادەتلىرىنى ئىگىلەپ ئېلىشىمىزدىكى مۇھىم مەنبەدۇر.

ئۇيغۇرلاردىكى ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭ بىر قىسىم ئورتاق قائىدە ـ نىزاملىرى بار. مەسىلەن،

كەسب ئاتلىماسلىق، كەسىنى ئوگايلىقچە ئۆزگەرتمەسلىك دېگەندەك. بۇ خىل قائىدىلەر ھەرقايسى كەسىلەرنىڭ مۇقىم تەرەققى قىلىشىنى، كەسىلەردىكى مەنپەئەتنى قوغداشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئۇندىن باشقا ھەممە كەسىلەردە دىگۇدەك ئۇستاز ـ شاگىرت مۇناسىۋىتىگە ، كەسىپىي تىللارغا ، رىسالە ساقلاشقا ئائىت ۋە كەسىپىي نىزامنى بۇزغۇچى كاسىپلارنى جازالاشقا ئائىت ئورتاق پەرھىزلىك ئادەتلەر بار بولۇپ، بىز بۇلارنى نۆۋەتتە كەلگەندە مۇلاھىزە قىلىمىز.

ھۈنەر ـ كەسىلەرگە ئائىت پەرھىزلەر ھەرقايسى كەسىلەر ئارا مۇئەييەن ئورتاقلىقا ۋە پەرقلەرگە ئىگە. بۇ پەرھىزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھەرخىل دىنلارغا، ئىپتىدائىي تەپەككۇردىن قالغان خۇراپىي قاراشلارغا، كەسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئېھتىياجىغا، كەسىپ يوسۇنلىرى ۋە نىزاملىرىغا چېتىلىدۇ. ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىلەر خەلقىنىڭ ھاياتلىقىنى قامداشتىكى زۆرۈر پائالىيىتى بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلىك ئادەتلەر ھامان كەسكىن تەرزدە تونۇلىدۇ ۋە رىئايە قىلىنىدۇ. بۇ ئادەتلەر نىسبەتەن بىكىنمە بولۇپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇلار دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى قەدىمى بىلەن تەڭ ئۆزگەرمەيدۇ. بەلكى خېلى ئۇزاققىچە ساقلىنىدۇ. بىز بۇ ئالاھىدىلىكنى تۆۋەندە مۇلاھىزە قىلىدىغان ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپلىرىگە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر ئىچىدىن كۆرەلەيمىز.

## 1 . دېھقانچىلىققا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئىپادىلىنىپ كەلگەن پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىك دەل تەبىئەتنىڭ ھېممىتىنى سىرلىق چۈشىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ئوبيېكتلىرىگە چوقۇنۇش، تايىنىش ۋە تىلەش پسىخىكىسىدىن ئىبارەت. بىز بۇلار ئىچىدىن بېكىنمە ھالەتتىكى دېھقانچىلىق سىستېمىسىدا پەرھىزلەرنىڭ ئادەم بىلەن تەبىئەتنى باغلاپ تۇرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. دەرۋەقە، كىشىلەرمۇ ئەشۇنداق پەرھىزلىك ئادەتلەر ئارقىلىق ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار يەرلىك ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن. دېھقانچىلىقنىڭ پەسىل خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، بارلىق يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋاقىتنىڭ دەل ۋە توغرا بولۇشىغا بەك دىققەت قىلىدۇ. قەدىمقى دەۋرلەردە سەييارىلەرنىڭ ھەركىتى، يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى،

بۇرجلارنىڭ ئالمىشىشى ... دېگەندەك ئەھۋاللارغا قاراپ ئاندىن دېھقانچىلىقنى قىلىدىغان ئەھۋاللار بولغان ئىدى. مەسىلەن: «سالنامە» دېگەن كىتابتا مۇنداق بايانلار بار: " .... خۇسۇسەن، دېھقانلار زىرائەت تىكسە، يىل ئىچىدە قايسى زىرائەت ياخشى، قايسى زىرائەت قىممەت، قايسىنىڭ ئەرزان بولىدىغانلىقىنى مۇشۇ سالنامىگە قاراپ بىكىتىشنى تەۋسىيە قىلىدىم ..."[①] «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىمۇ ئاي ھەمەل بۇرجىغا ۋە قەۋس بۇرجىغا توغرا كەلگەندە زىرائەت تېرىسا ياخشى بولمايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ تەجرىبىلەر ئەمەلىي دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئەينەن قوللىنىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىقتا يۇلتۇزلارنىڭ ھەركىتىگە قارايدىغان ئەنئەنىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ. ئۇيغۇرلاردا تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ھۈكەر، چولپان، يەتتە قوزۇق يۇلتۇزلىرىنىڭ، تارازا، سۇنبۇلە يۇلتۇزلىرىنىڭ ئورنىغا قاراپ زىرائەت تېرىش ھەم يىغىشنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەيدىغان ئاسترونومىيىلىك تەجرىبىلەر بار ئىدى. خەلق ئارىسىدا ماقال تەرىقىسىدە ئىپادىلەنگەن ئاسترونومىيىلىك بىلىملەر ئەنە شۇ ئادەتنىڭ قالدۇقلىرىدۇر. مەسىلەن، "سۇنبۇلە يېمى ـ قىشنىڭ غىمى"، "سۇنبولىدە سۇ سال، مىزاندا تېرى، تېرىمىساڭ قوي نېرى" دېگەندەك ماقاللارنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئەنە شۇ قاراشلار بىلەن مۇناسىبەتلىك. قىسقىسى، ساددا ئاسترونومىيەلىك چۈشەنچىلەرگە ئاساسلىنىپ دېھقانچىلىق ۋاقىت مەزگىللىرىنى بەلگىلەش ھەم مەلۇم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭدا خۇراپاتلىق تەركىبلىرىمۇ يوق ئەمەس.

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغاندىن ئېتىبارەن تېرىپ كەلگەن زىرائەتلەردىن ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، ئارپا، شال (گۈرۈچ)، تېرىق، ماش تۈرىدىكى زىرائەتلەر، سەۋزە ۋە چامغۇر قاتارلىق كۆكتاتلار، زىرە، ئارپابەدىيان، ... قاتارلىق دورا ئۆسۈملىكلىرى ۋە كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەردىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىن، يەرگە تاماكا تېرىشنى قاتتىق چەكلىدى. ناۋادا بىرەر دېھقان يەرگە تاماكا تېرىپ قالغان بولسا، ئۇ جامائەتنىڭ لەنىتىگە ۋە كۈچلۈك ئەيىپلىشىگە دۇچار بولدى. بۇ ھەقتە ھەتتا مۇنداق پەتىۋالارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى: يەنى، مەلۇم ئېتىزلىقتا تاماكا تېرىلىپ قالغان بولسا، شۇ يەرگە يەتتە يىل ياكى قىرىق يىلغىچە قوغۇن تېرىپ، قوغۇنلۇقنى چىتلىماسلىق ياكى باقماسلىق كېرەك. (يەنى، ئۇنى كىشىلەرنىڭ خالىغانچە يېيىشىگە تاشلىۋېتىپ، ئاشقىنىنى يىغىۋېلىش كېرەك.) مۇشۇنداق

---

[①] «سالنامە»، «مىراس» ژورنىلىنىڭ 1996 ـ يىلىنىڭ 4 ـ سانىغا بېسىلغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى. ئۇيغۇرچە، 1 ـ بەت.

قىلغاندىلا، ئاندىن يەر پاكلىنىدۇ، تاماكا تېرىغۇچىنىڭ گۇناھىمۇ يۇيۇلىدۇ. روشەنكى، بۇ ئادەت مەلۇم دائىرىلەردە يولغا قويۇلان بولۇپ، ئۇ پەرھىز تاماكىنى ھارامدەپ قاراشتىن كېلىپ چىققاندۇر.

ئۇيغۇرلار ئېتىزغا ئاساسەن ھايۋان قىغلىرىنى، سېسىتىلغان ئۆسۈملىكلەردىن قىلىنغان يەرلىك ئوغۇتلارنى قۇيۇپ، زىرائەتلەرنى بېقىپ كەلگەن. ئېتىزغا ئادەم گەندىسىنى قۇيۇش مەسىلىسىدە كۆپ تالاش ـ تارتىش يوقتۇر. ئادەتتە ئادەم گەندىسى ئېتىزغا قۇيۇلسىمۇ، ئەمما پىشاي دەپ قالغان زىرائەت بار ئېتىزغا ئادەم گەندىسىنى قۇيۇش يەنىلا چەكلەنگەن ئىش بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇيغۇرلار توخۇنىڭ گەندىسىنى نااپىتى پاسكىنا ھەم زىرائەتكە پايدىسىز دەپ قاراپ، ئۇنى ئېتىزغا تۆكۈشتىن چەكلىنىدۇ. ناۋادا توخۇ گەندىسىنى ئېتىزغا قۇيسا، ئېتىزغا تىكەن ئۈنەر ئىكەن.

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بەك قەدىرلەپ، ئۇلارنى ئىرىملىك نەرسە قاتارىدا كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار ھۈنەر ـ كەسپ رىسالىلىرى ئىچىدىكى «تېرىقچىلىق رىسالىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: "بۇقۇسا، بۇيۇنتۇرۇق، كەشكۈن، ئانغۇق قاتارلىق ساپان جابدۇقلىرىنى ھەزرىتى جەبرىئىل ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دېھقانچىلىقنى ئۆگەتكەن چاغدا بېھىشتىن ئېلىپ چىققان. .... دېھقانچىلىق ئەسۋاپلىرىمۇ ھەرخىل تەسبىھلەرنى ئېيتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاشقا، ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.»[1] مۇشۇ رىسالىدە ئېيتىلغاندەك قاراشلار خەلق ئارىسىدا بەك كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ھەرقانداق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى دەسسەشتىن، ئاتلاشتىن، تۈكۈرۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. كەتمەنگە دەسسىسە نانغا دەسسىگەندەك بولىدۇ دەپ، كەتمەندە ئولتۇرسا، ناننى ئاستىغا قويغانلىق بولىدۇ دەپ جورۇپ چەكلىگەندىن باشقا، يەنە ھەرقانداق دېھقانچىلىق ئەسۋاپلىرىنى قالاشمۇ قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق گەپلەر بار. "كىمكى ياغاچ ساپان (بۇقۇسا) نى كۆيدۈرۈپ قالسا، بالىسى پۇت ـ قولى مايماق ھالەتتە تۇغۇلىدۇ"، "سۆرەمنى ئوتقا قالسا، بالىسى ئاقساق تۇغۇلىدۇ"، "سېۋەتنى قالسا، بالىسى چولاق ھالەتتە تۇغۇلىدۇ". بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۇلۇغلاش، مۇقەددەس كۆرۈش تۇيغۇلىرى بار. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىرىملىك نەرسە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارغا قارىتا يۇقىرىقىدەك پەرھىزلىك مۇئامىلىنى تۇتقاندىن باشقا، يەنە ئۇلارنى مەلۇم خاسىيەتكە ئىگە

---

[1] «قەدىمقى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسپ رىسالىلىرى»، 1 ـ قىسىم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 14 ـ ، 20 ـ بەتلەر.

دەپمۇ قارايدۇ. مەسىلەن، خەلق ئارىسىدىكى بىر ئادەتتە قوش ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان بويۇنتۇرۇقنى سەگەنچۈك قىلىپ ئۇنىڭغا بالىنى سالسا، بالا سالامەت بولىدىكەن ھەم چارچاپ كەتمەيدىكەن. بۇ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار قوش كالا بىلەن يەر ئاغدۇرىدۇ. بىر كالا بىلەن يەر ئاغدۇرۇشنى مەكروھ دەپ ھېسابلاپ چەكلەيدۇ. بۇ ھايۋانغا مېھرىبان بولۇشنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇقۇسا ياكى ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتقاندا، بەزىلەر ھەتتا ئاياللارنىڭ ئېتىز بېشىغا چىقىشىدىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، يەر ئاغدۇرۇۋاتقاندا ئاياللار ئېتىز بېشىغا چىقسا، تېرىغان زىرائەت ئالا ئۇنۇپ قالاركەن. پۈتۈن دېھقانچىلىق جەريانىدا ئاياللارنى ناپاك دەپ قاراپ بىر قاتار ئىشلارغا يۇلۇقتۇرماسلىق ـ ئۇيغۇر دېھقانچىلىق پەرھىزلىرىدىكى مۇھىم بىر تەرەپتۇر. يەنە ئەمەلىي مەقسەدنى خۇراپاتلىق ئىچىگە يوشۇرۇپ، "ئاغدۇرۇپ قويغان يەرنى دەسسىسە، قىرنى بۇزىۋەتسە يامان بولىدۇ" دەپ قاراپ ئەشۇنداق قىلىقلارنى توسىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇيغۇرلار يەر ئاغدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بۇقۇسا ۋە ساپانغا چاپلىشىۋالغان توپىنى ئېرىملىك نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى بوۋاقلار ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بىز «تۇغۇم پەرھىزلىرى» دە بوۋاق بالا بار ئۆيگە ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كىرسە بولمايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. ئەگەر بىرەر بوۋاقنىڭ بوينى پىچلىپ بەك بىئارام بولۇپ كەتسە، خەلق بۇنداق كېسەلنى "ئۆلۈك چىلىسى" دەپ ئاتاپ، بۇ كېسەلنى بوۋاقنىڭ بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالغانلىقىدىن بولغانلىقىنى جەزىم قىلىدۇ، ھەمدە ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن يەر ئاغدۇرغاندا بۇقۇسا ياكى سۆرەمگە چاپلىشىپ قالغان توپىنى ئاپتاپقا سىلىپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن ئۇنى ئېزىپ، شامالغا سېلىپ سورۇپ، توپىنىڭ يۇمشاق قىسمىنى بالىنىڭ بويىنىنىڭ پىچلىپ كەتكەن يېرىگە سۈركەپ قويۇش ئارقىلىق داۋالايدۇ.

ئۇرۇق چېچىش دېھقانچىلىق ئەمگىكىدىكى ھالقىلىق بىر ئىشتۇر. ئۇيغۇرلار ئۇرۇق چېچىشنى ئىنتايىن جىددى ئىش دەپ قاراپ، ئۇسسى كېلىشكەن يەرگە ئۇرۇق چېچىشنىڭ دەل ۋاقتىدا بولۇشىغا دىققەت قىلىدۇ. «تېرىقچىلىق رىسالىسى» دە ئۇرۇق چېچىش ھەققىدە مۇنداق قائىدە بېكىتىلگەن: "ئۇرۇقنى يەرگە چاچقاندا دىققەت قىلىدىغان سەككىز مۇھىم ئىش بار. بىرىنچى، ئېتىقادنى پاك قىلىش؛ ئىككىنچى، ئاللاھنى ياد قىلىپ پىرلار ھەققىدە دۇئا قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئۇرۇقنى ئوڭ قولى بىلەن

چېچىش؛ تۆتىنچى، ھەرقانچە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ نامەئقۇل، ناساز سۆزلەرنى قىلماسلىق؛ بەشىنچى، كۆكۈل ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇش؛ ئالتىنچى، بەدەننى ھەمىشە پاكىز تۇتۇش؛ يەتتىنچى، ئالىملارنى دوست تۇتۇش؛ سەككىزىنچى، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش."[1] خەلق ئارىسىدا ئۇرۇق چېچىش ئادىتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردىنمۇ ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇرۇق چاچقۇچى جەھەتتە، ئۇيغۇرلاردا ئاياللار بولۇپمۇ ھېيىزدار ئاياللارنىڭ ئۇرۇق چېچىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلسا زىرائەت ئالا ئۈنۈپ قالىدۇ دەپ جورۇپ، ئۇرۇقنى ئاساسەن ئەرلەر چاچىدۇ. ئەگەر ئېرى بولمىغان ئايالنىڭ يېرىگە ئۇرۇق چېچىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ئايال باشقا ئەرلەرگە ئۇرۇق چاچقۇزىدۇ. ناۋادا بىرەر ئېتىزنىڭ زىرائىتى بۇلۇق بولماي زىرائەت ئالا ئۈنۈپ قالغان بولسا، باشقىلار ئالا ئۈنگەن شۇ زىرائەتنىڭ ئۇرۇقىنى ئايال كىشى چاچقان ئىكەن دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئىمكانقەدەر يېشى توختىغان تەقۋادار كىشىلەرگە ئۇرۇق چاچقۇزىدۇ. ياش ئوغۇل باللارنىڭ ئۇرۇق چېچىشىمۇ شۇ ئاساستا پەرھىز قىلىنىدۇ. خۇددى رىسالىدە ئېيتقاندەك، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۇرۇق چاچقاندا بەدەننى پاكىز تۇتىدۇ، جۇنۇپ ھالىتىدە ياكى ئېھتىلام بولغاندىن كېيىن يۇيۇنمايلا ئۇرۇق چېچىشتىن ئىنتايىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇرۇق چېچىش ئىنتايىن دەل ۋاقتىدا بولۇشى تەلەب قىلىنىسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلار چارشەنبە كۈنىدە ئۇرۇق چېچىشنى خالىمايدۇ. پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنىدە ئۇرۇق چېچىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئەرلەر ئۇرۇق چاچقاندا پاك بولغاندىن سىرت، ئوڭ قولىدا ئۇرۇق چاچىدۇ، سول قولىدا ئۇرۇق چېچىشتىن بولسا پەرھىز قىلىدۇ. مۇنداق قىلسا ئىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇرۇق چاچاردا ئالدى بىلەن "بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم" دەپ ئاندىن "تىلسىز ۋە تىللىق جانىۋ ـ جانىۋارلارنىڭ ھەققىدە، يېتىم ئوغۇل ـ تۇل خوتۇنلارنىڭ ھەققىدە" دەپ ئاندىن چېچىشقا باشلايدۇ. ئۇرۇق چاچقاندا ئۇرۇقنى چاڭگالغا ئېلىپ يىقىن يەرگە چاچماي، سىلكىپ يىراق يەرگە چاچىدۇ. مۇشۇنداق قىلسا، زىرائەت تەكشى ئۈنگەندىن باشقا، ئۇرۇق ئېتىز سىرتىغا ۋە قىرلارغا چېچىلىپ، ئۈنگەنلىرىنىڭ دېنىنى جانىۋارلار يەيدۇ، زىرائەت ئوخشايدۇ، ساھىبى (ئىگىسى) مۇ ساۋاپ تاپىدۇ دەپ قارايدۇ. ئورۇق ئۈنگەندىن كېيىن، ئوخشىغان زىرائەتلەرگە باشقىلارنىڭ يامان كۆز بىلەن قارىشىنى، زىيادە ماختاپ سۆزلەپ، "يامان تىل" تەككۈزىشىنى، ئىستىلى بۇزۇق ئاياللارنىڭ ئوخشىغان زىرائەتلەر يېنىدىن

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسب رىسالىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ قىسىم، 16 ـ ، 17 ـ بەتلەر.

ئۆتۈۋشنى، ئاياللارنىڭ جانابەتلىك ھالىتىدە ياكى ھەيزدارلىق ھالىتىدە زىرائەتگاھقا كىرىشىنى ھەم مايسا تاقلىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. يۇقىرىقى ئىشتىن قايسى بىرى سادىر بولىدىكەن، زىرائەتكە ئالا چۈشۈپ كېتىدۇ، بوغداي قۇيقۇپ كېتىدۇ (بەك بولۇق ئۆسكىنى بىلەن باشاقلىرى ئاز ۋە پۈچەك بولىدۇ)، قوناق بېشى ئالامەدەك بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا باشقا كىشىلەرنى زىرائىتىمگە قارىما، ماختىما، يېنىدىن ئۆتمە دېگىلى بولمايدۇ، بەزى تاسادىپىي ھادىسىلەردىن ساقلانغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، زىرائەتكە يامان كۆز ياكى يامان تىل تەگمەسلىك، ناپاك كىشىلەرنىڭ يېقىنلىشىشى ياكى قەدەم بېسىشى سەۋەبىدىن زىرائەتنىڭ بولغىنىپ ئالا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بەزى ئاكتىپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئاشلىق يىغىش دېھقانچىلىق ئەڭ ھالقىلىق ۋە مۇھىم پائالىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھوسۇلغا ئېرىشىدىغان، توقچىلىق بولىدىغان، جانىۋ - جانىۋارلار شاتلىنىدىغان پەيت، شۇنداقلا بىر قاتار يامانلىقلاردىن، يامانلىق كەلتۈرىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەردىن ھەزەر قىلىدىغان پەيتتۇر. ئورما مەزگىلىدە بولسۇن ياكى باشقا زىرائەتلەرنى يىغىش ۋاقتى بولسۇن، ئۇيغۇرلار باشقا قوشۇمچە ئىشلارنى توختۇتۇپ قويۇپ، پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن يىغىمغا كىرىشىدۇ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمىگەندە كىشىلەر بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشىپ، لاپقۇتلىشىدۇ. ئورما ئورۇۋاتقاندا مۇنداق بىر نەچچە پەرھىزگە رىئايە قىلىش خەلق ئارىسىدا خېلى ئومۇمىيلىققا ئىگە: ئورما ئورۇۋاتقاندا ئورغاقنى ئويناپ مېڭىش پەرھىز قىلىنىدۇ. خەلق ئىشەنچىسىدە، كىشى ئورغاقنى ئويناپ ماڭسا، ئورمىسى ئىلگىرى كەلمەيمىش. بۇ ئەمەلىيەتتە ئورما ئورىۋاتقاندا دىققەت - ئېتىبارنى ئورما ئورۇشقىلا قارىتىشقا قىلىنغان پەرھىز شەكلىدىكى دالالەتتۇر. ئورما ئورۇۋاتقاندا بىر سول ئورما ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئارام ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئورغاقنى يەرگە تاشلاپ قويمايدۇ، بەلكى يەرگە سانجىپ قويىدۇ. ئورغاقنى يەرگە تاشلىماسلىق پەرھىزىنى بەزى كىشىلەر ئورمىنىڭ ئىلگىرى كەلمەيدىغانلىقىغا سەۋەب قىلىسىمۇ، بىزنىڭچە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. بەلكى ئورغاقنى تاشلاپ قويغاندا ئەنجە (بوغداي ئورمىسى، ئورۇلغان بوغداي - قوناقنىڭ كىچىك باغلىمى) ئارىسىدا قېلىپ يۈتۈپ كېتىشى مۇمكىن. سانجىپ قويغاندا ئۇنى تېپىش ئاسان بولىدۇ ۋە يۈتۈپ كەتمەيدۇ. مانا بۇ ئەشۇ پەرھىزنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساستۇر. ئۇيغۇرلار بوغداي ۋە قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنى ئورۇپ

بولغاندىن كېيىن، شامال ئۈتۈشۈپ تۇرىدىغان، قاتناش شارائىتى قولاي بولغان پاكىز بىر جايىنى تاللاپ، شۇ يەرنى خامان قىلىدۇ ۋە ئورۇلغان زىرائەتنى خامانغا يۆتكەيدۇ. زىرائىتى ئورۇلغان ئېگىزلىقتا يوقسۇللارنىڭ باشاق تېرىۋېلىشىغا يول قويىدۇ. جان ـ جانىۋارلار ھەققى دەپ، ئېگىزلىقنى پاكىز سۈپۈرۈۋەتمەيدۇ، قالدۇق دانلارنى ئېلىپ كەتمەيدۇ.

خامان تېپىش — دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئەڭ جىددىي ۋە ئەڭ ئۈمىدلىك مەزگىلى بولغاچقا، دېھقانلار خاماننىڭ مول ھوسۇللۇق بولۇشىنى كۆزلەپ، ھەرخىل ئىرىملىك ئادەتلەرگە رىئايە قىلىدۇ. خامان ئۇيغۇرلار نەزىرىدە بەخت، قۇت، بەرىكەت سەيناسىدۇر. خامانغا قادالغان موما ياغاچ بولسا بەرىكەت نىشانىدۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلار خامانغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ بۇنداق قۇت سەيناسىدا بىر قاتار ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن چەكلىنىدۇ. ئىلگىرىكى ئۇزاق بىر مەزگىلدە ئۇيغۇرلار بۇغداي، ئارپا، تېرىق ئەنجىلىرىنى ھايۋانلارغا دەسسىتىپ يەنچىگەن. بۇنداق خامان تېپىشتە بىر قاتار يانمۇ ـ يان ھايۋانلارنىڭ خاماندا ئەنجىنى چەيلىشى ئۈچۈن موما قادىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا موما قادىماي خامان چەيلىسە خامانغا خىزىر يولۇقمايدۇ، خاماندا بەركەت بولمايدۇ دەپ ئىرىمدايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ موما بولمىسا ھايۋانلارنى خاماندا باشقۇرغىلى بولمايدىغانلىق سەۋەبىدىندۇر. ئۇيغۇرلار خاماننى مۇقەددەس ئورۇن دەپ قاراپ، خامانغا تۈكۈرىشتىن، خامانغا ھاجەت قىلىشتىن، خامانغا سول پۇت بىلەن كىرىشتىن، خامانغا ئۇلاغ مىنىپ كىرىشتىن، قولىنى كەينىگە قىلىپ گىدىيىپ كىرىشتىن، خاماندا ئىسقىرتىشتىن، خاماندا تىللىششتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. خامان كەيپىياتىنىڭ مۇقىم، خوشال ـ خورام ۋە كەسكىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. خامانغا كىرگەندە بەسمەلە (بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم) ئېيتىپ ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىدۇ. بۇ ھەقتە سېھرىي قاراش ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇنداق ئىككى پەرھىز بار: يەنى كىشلەر ئىلگىرىكى دەۋرلەردە خامانغا تۆمۈر سايمانلارنى ئېلىپ كىرمەيتتى، خامانغا سۇ ئېلىپ كىرمەيتتى ۋە سۇ ئىچمەيتتى، ئىچىشكە توغرا كەلسە خامان سىرتىغا چىقىپ ئىچەتتى. تۆمۈر سايمانلارنى ئېلىپ كىرمەسلىك تۆمۈرنىڭ قاتتىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن خاماندىكى بەرىكەت ئاز بولۇپ قالىدۇ دەپ قاراشتىن بولسا كېرەك. چۈنكى "بەرىكەت" سۆزىنىڭ تۈپ مەنىسى "كۆپۈيىپ قېلىش، ئاۋۇش" تۇر. قاتقان نەرسە كۆپەيمەيدۇ. دېمەك، تۆمۈرگە ئوخشاش ئۇيۇل، قاتتىق نەرسە ئاشلىققا يېقىنلاشسا ئاشلىقتا بەرىكەت (كۆپىيىش) بولمايدۇ. خامان

ئېلىش مەزگىللىرىدىكى ئەڭ چوڭ خەۋپ يامغۇر يېغىپ كېتىشتۇر. دېمەك، خامانلىققا ئېلىپ كىرگەن سۇ يامغۇرنى ئەسلىتىدىغان بولغاچقا، ئۇ چەكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار خامانلىققا كىرگەندە بەدەنىنىڭ پاكىز بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ناپاك، جۇنۇپ ئادەملەرنىڭ خامانغا كىرىشىنى چەكلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال سادىر بولسا ئاشلىقتا بەرىكەت بولمايدۇ، ئاشلىق بۇلغۇنىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى جايلاردا جامانغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەنجىلەرنىڭ غەرىپ تەرىپىدىن ئۆتۈشنى چەكلەيدىغان ئەھۋال بار. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، خىزىر خامانلىقنىڭ ياكى ئەنجىنىڭ غەرىپ تەرىپىدە بولىدىكەن. ناۋادا كىشى خامانىنىڭ غەرىپ تەرىپىدىن ئۆتسە، خىزىر خاماندىن كېتىدىكەن ـ دە، خاماندا بەرىكەت بولمايدىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ خامان چەيلەشتىكى ئىرىملىك ئادەتلىرىنىڭ بىرى «خامان ناخشىسى» ئېيتىشتۇر. «خامان ناخشىسى» يەنە «لاي ـ لاي ناخشىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لاي ـ لايچىلار خامان چەيلاۋاتقاندا، ئوڭ مۈرىسىگە ئارىنى ئېلىپ، سول قۇلى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇپ، خامانغا قاتقان ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ مومىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «لاي ـ لاي» سالىدۇ. خەلق ئىشەنچىسىدە «لاي ـ لاي ناخشىسى» ئېيتسا خاماندا بەرىكەت بولىدۇ، «لاي ـ لاي» سالمىسا بەرىكەت بولمايدۇ. «لاي ـ لاي» توۋلاشتىكى مەقسەد جىن ـ شەيتانلارنى قوغلاپ، ئەرۋاھلارنى خامانغا چاقىرىش ئۈچۈنمىش. خامان چەيلىنىپ بولغاندىن كېيىن، شامالغا سېلىپ سورۇلىدۇ، شۇ ئارقىلىق دان بىلەن سامان ئايرىلىدۇ. قىسمەن جايلاردا خامان سورۇۋاتقاندا ئايال كىشىنىڭ خامانىنىڭ ئايىغى (سامان چۈشىدىغان تەرەپ) دىن ئۆتۈشى پەرھىز قىلىنىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا سەلكىن شامال توختاپ قالارمىش. دەرۋەقە، ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى شامال كۈچىگە تايىنىپ خامان سورۇيدىغان ئەھۋال ئۈچۈن ئېيتقاندا شامالنىڭ توختاپ قېلىشى ياخشى ئىش ئەمەس. بۇ ئاياللارنى ناپاك، تۆۋەن دېگەن قاراش بىلەن قوشۇلۇپ، يۇقىرىقى پەرھىز كېلىپ چىققان. ھازىر ماتورلۇق شامالدۇرغۇچنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن بۇ خىل پەرھىزمۇ تەدرىجىي يوقالماقتا. خامان سورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، دان موما ئەتراپىغا دۆۋىلىنىپ چەشلىنىدۇ. داننى چەشلىگەندە موما ئەتراپىغا دۆۋىلەنگەندىن كېيىن دان دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدىن مەلۇم مىقداردا ئېلىپ، دۆۋىنىڭ ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ تۆكىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا چەش ئەتراپىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈش، خامانغا تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان ئادەملەرنى قۇرۇق قول ياندۇرۇش، چەشنى تاغارغا ئۇسسۇۋاتقاندا موما ئۈستىگە

قاراش پەرھىز قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق ھەرىكەت ـ قىلىقلارنى قىلىش بەرىكەتنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ دەپ چۈشىنىلىدۇ. بوغداي چەشلەپ قويغاندا يەنە باشقىلارنىڭ كېلىپ يامان كۆز سىلىشى، يامان تىل تەككۈزىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. ناۋادا ئاشلىق ئۇسسىۋاتقاندا "كۆزى يامان" دەپ قارالغان ئادەملەر كېلىپ قالسا، ئىشنى كىچىكتۈرۈپ قىلىدۇ.ئاشلىقنى تاغارلارغا ئۇسسۇۋاتقان جەرياندىكى تىل پەرھىزلىرىدىن يەنە باشقىلار كېلىپ "ئۇسسۇپ بولدۇڭلارمۇ"، "تۈگەپ قالغاندۇ" دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىنىشى، ئاشلىق ئۇسسۇۋاتقۇچىلارنىڭ "ئەجەب تۈگىمىدى بۇ ئىش" دېگەندەك سۆزلەرنى قىلماسلىقى قاتارلىقلار بار. ناۋادا بىرەرسى كېلىپ مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ سالسا، بۇنداق گەپنى ئاڭلىغۇچىلار دەرھال رەددىيە بېرىپ "ئاغزىڭغا تاش" دەپ قويىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى چەشنى ئۇسسۇشتىن بۇرۇن چەچۈش، كەپسەن ۋە ئۆشرە قاتارلىقلارنى ئايرىپ ئايرىم جايغا تۆكىدۇ.

ئۇيغۇرلار خاماندىكى ئاشلىقنى ئۆيگە توشۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ ئاشلىقنى تارتىپ ئۇن قىلىدۇ ۋە تۇنجى ئەتكەن تاماقنى باشقا كىشىلەرگە بەرمەي ئۆزلىرى يەۋالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇن تارتماستىن بۇرۇنلا بوغداي ياكى قوناقنى يېرىپ، يارما ئېتىپ ئىچىۋالىدۇ. بۇنداق قىلىش شۇ ئاشلىقنىڭ بەرىكەت تېپىپ ئۇزاققىچە يېتىشى، ئۆزلىرىگىلا خاس بولۇپ، ئىسراپ بولماسلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئىرىملىك ئادەتتۇر.

يۇقىرىقى مەزمونلار ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق كەسپىگە دائىر ئاساسىي پەرھىزلىك ئادەتلىرىدۇر. ئەلۋەتتە، رايون پەرقىگە ئاساسەن قىسمەن پەرھىزلىك ئادەتلەردە ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇد بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ يۇقىرىقى پەرھىزلەر پۈتۈن مىللەتكە ئورتاق بولغان ئادەتلەردۇر. يېزا ئىگىلىكىنىڭ قىسمەن ماشىنىلىشىشى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر بىر قىسىم ئادەتلەردە ئۆزگىرىش بولدى. ئەمما ئومومىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش كۆلىمى، ئىش تەرتىپى ... دە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغاچقا، خېلى كۆپ ئىرىملىك ئادەتلەر ھېلھەم ساقلانماقتا.

دېھقانچىلىق يەنە باغۋەنچىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا "بېغى يوقنىڭ جېنى يوق" دېگەن ماقال بار. شۇڭا، يېزا ـ قىشلاقلاردا ھەر بىر ئائىلىنىڭ كەم دېگەندە بىردىن بېغى بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئىرىملىك ئادەتلەر نىسبەتەن ئاز بولۇپ، بىز ئۇلارنى تۆۋەندە ساناپ ئۆتىمىز. ئۇيغۇرلار باغ ـ

ۋارانغا يامان كۆز ۋە يامان تىل تېگىدۇ دەپ قاراپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز بېغىنى زىيادە ماختىشىنى، يامان كۆز بىلەن قارىشىنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا باغقا كۆز ۋە يامان تىل تەگمىسۇن دەپ، باغ ـ ۋارانغا بىرمۇنچە ئىرىملىك نەرسىلەرنى ئېسىپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ھەممە مېۋە (تاۋۇزدىن باشقا) جەننەتتىن چىققان. شۇڭا ئۇلارنى ئاسراش ياخشى ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىقنىڭ پىرىنى جەبرېئىل پەرىشتە ياكى ئادەم ئەلەيھىسسالام دەپ قارىسا، باققاللىقنىڭ پىرىنى سەيدىۋەققاس دېگەن زات دەپ قارايدۇ. يەنە خەلق ئارىسىدا "يەتتە يىل باققاللىق قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ" دېگەن گەپمۇ بار. بۇ ئۇيغۇر باققاللىرىنىڭ خېرىدارغا مېۋە ـ چېۋىلەرنى خالىغانچە تېتىتقۇزىدىغان، ئەمما ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلىق ئەنئەنىسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قاراشتۇر.

## 2. ئوۋچىلىققا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ناھايىتى قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا چارۋىچىلىققا يانداشتۇرۇپ ئوۋچىلىق كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئويغۇرلار ئوۋ ئوۋلىغاندا ئوۋلىماقچى بولغان ھايۋانلارنى كۆزلىتىدۇ. ئادەتتە ھەرقانچە موھتاج بولسىمۇ، ھەرگىز بوغاز ھايۋاننى ئوۋلىمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىن كېيىن، ئوۋچىلىق قىلغاندا قاپقان قۇرۇپ ھالال ھايۋانلارنى ئوۋلاشتىن، ھايۋاننىڭ بوينىغا سىرتماق سېلىپ ئوۋلاشتىن پەرھىز قىلىدىغان بولدى. چۈنكى قاپقان قۇرۇپ ياكى سىرتماق سېلىپ ھايۋاننى ئوۋلىسا، ئۇلاردىن قان چىقمايدۇ ـ ي، ئەمما ئۆلىدۇ. قېنى چىقماي ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنىڭ ھارام بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ يوسۇندا ئوۋلانغان ھايۋاننى يېگىلى بولمايدۇ ـ ەد، ئوۋ بىھۇدە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا يەل مىلتىق، چوماق قاتارلىق قوراللارنى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. يەنە بىر ئادەتتە ئوۋچىلار ھالال ھايۋاننى ئوۋلىغان قورال بىلەن ھارام ھايۋاننى ئوۋلاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئىسلامىي قائىدە بويىچە ئېتىقاندا ئوۋلانغان ھالال ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ ـ د، بۇنداق ئوۋمۇ بىھۇدە بولۇپ قالىدۇ. يەنە شۇنداق ئوۋچىلارمۇ باركى، ئۇلار مۇقەددەس كۈن دەپ سانالغان جۈمە كۈنىدە ۋە رامىزان ئېيىدا ئوۋچىلىق قىلمايدۇ. ھېيت كۈنلىرىدىمۇ ئوۋچىلىق قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ھايۋانلاردا روھ بولىدۇ، دەپ قاراپ مەلۇم ھايۋانلارنى ئوۋلىماسلىق، ياكى مەلۇم چاغدا ئوۋلىماسلىق، توتېم ھايۋاننى ئوۋلىماسلىق قاتارلىق پەرھىزلەر ۋە ئوۋچىلىق يوسۇنلىرى قەدىمقى زامانلاردا بولغان ۋە ھازىرمۇ قىسمەن

جايلاردا ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بۇ جەھەتتە ماتېرىياللىرىمىز ۋە مەلۇماتىمىز كەمچىل بولغاچقا، مۇشۇنچىلىك توختىلىمىز.

## 3. باقمىچىلىققا ئائىت پەرھىزلەر

باقمىچىلىق ئوۋچىلىقتىن كېيىنلا پەيدا بولغان ئىگىلىك شەكلى بولۇپ، ئۇ ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش، ھەممە ئۇلاردىن مەلۇم ئىقتىسادىي قىممەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن. دېھقانچىلىق ئىگىلىك شەكلىدە باقمىچىلىقنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇپ، باقمىچىلىق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدە ئىزچىل قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ۋە كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا مۇستەقىل كەسىپكە ئايلانغان. ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا باقمىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلماقتا. يەنە قىسمەن ھاللاردا بۇ ئىككى كەسىپنى ئايرىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. تۆۋەندە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پىلىچىلىك كەسىپىبىلەن چارۋىچىلىق كەسىپىدىكى پەرھىز ئادەتلىرىنى نۇقتىلىق قىلىپ تەھلىل قىلىمىز.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختىن بويان ئۇژمە ئۆستۈرۈپ، پىلىچىلىك، يىپەكچىلىك، مەشۇتچىلىك ۋە يىپەك توقۇلمىچىلىقىدىن ئىبارەت كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىپەك يولى مەدەنىيىتىدە پىلىچىلىكتىن ھاسىل قىلىنغان يىپەك مەھسۇلاتلىرى بىلەن بەلگىلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. خوتەن، قەشقەر قاتارلىق يۇرتلاردا قەدىمدىن تارتىپ ئۇژمە ئۆستۈرۈلۈپ، پىلىچىلىك داۋام ئەتكۈزۈلۈپ كەلگەن. پىلىچىلىكنىڭ بىر قاتار مۇرەككەپ ئىش جەريانى بولىدۇ. بىز بۇ مەسىلە ھەققىدە توختالمايمىز. پەقەت پىلە بېقىش جەريانىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان قىسمەن پەرھىزلىك ئادەتلەرنىلا تىلغا ئالىمىز. ئۇيغۇرلار پىلە باقىدىغان ئادەمنىڭ ۋە ئۆينىڭ تازىلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بۇ كونكرېت پاكىزلىقنى كۆرستىپلا قالماستىن، يەنە ئىدىيەدىكى ياكى ئەقىدىدىكى پاكىزلىقنىمۇ كۆرستىدۇ. كىشىلەر پىلىخانىغا كىرگەندە ۋە چىققاندا چوقۇم پاك ھالەتنى ساقلايدۇ. ناپاك ئادەملەر قاتارىدىكى جۇنۇپ كىشىلەر، ھېيزدار ئاياللارنىڭ پىلەخانىغا كىرىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. ئىشى بولمىغان كىشلەرنىڭ پىلىخانىغا بىھۇدە كىرىشىمۇ چەكلىنىدۇ. يەنە پىلىخانىدا ناشايان ئىشلارنى قىلىش، ناشايان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشمۇ پەرھىز قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولمايدىكەن، پىلە چۆچۈپ غوزا پۇچەك بولىدۇ، ھوسۇل كېمىيىپ دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار پىلەخانا مۇھىتىنىڭ ساپ بولۇشىنى، تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى بەك ئېتىبارغا ئالىدۇ.

پىلەخانىدا تاماكا چېكىش، ئىس ـ تۈتەك تارقىتىش، پىلىلەرگە چاڭ ـ توزانلىق يوپۇرماق، قىغ ۋە ئەخلەت ئارىلاشقان يوپۇرماقلارنى پىلىلەرگە بەرمەسلىك قاتارلىقلار ئەمەلىي مەيەئەت نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەجرىبىۋى پەرھىزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ دەپ قاراپ، ھاياتىي پائالىيەتلەردە ئۇنىڭغا تايانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جەھەتتىمۇ بەزى ئىرىملىك ئادەتلەرنى ۋە پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىسلامىي يوسۇندا تەسۋىرلەپ، چارۋا بېقىش مۇسا پەيغەمبەردىن، چارۋىچىلىقنىڭ (بولۇپمۇ پادىچىلىقنىڭ) پىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامدۇر دەپ قارىدى. چارۋا بېقىشتا مەيلى يايلاقلاردا بولسۇن ياكى ئائىلىدە بولسۇن، قوتان لازىم بولىدۇ. بىز «تۇرالغۇغا ئائىت پەرھىزلەر» دە ھارام ھايۋان (مەسىلەن، ئېشەك، قېچىر) نىڭ قوتىنىنى سالغاندا ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى قىبلىگە قارىتىدىغان قىلىپ سالمايدىغانلىقى، بەلكى قوتاننىڭ غەرب، شىمال ۋە جەنوپ تەرىپىگە ئوقۇر سالىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. دېمەك، خەلق ئىشەنچىسىدە قوتان ماللار ئاينىيدىغان، تۆللەيدىغان بەرىكەت ماكانى بولۇپ، بۇنىڭغا ئائىت ھەم بىر قىسىم پەرھىزلەر بار. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار مەيلى يايلاقتىكى قوتاندا بولسۇن ياكى ئائىلە ئىچىدىكى قوتان (ئېغىل) دا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىسقىرتمايدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، پاكىزلاش مەقسىدىدە قوتاننى سۈپۈرمەيدۇ. ناۋادا قوتاننى سۈپۈرسە قويغا بۆرە تېگەر ئىكەن. شۇڭا سۈپۈرمەي، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا توپا سېپىپ ھايۋاننىڭ ئاستىنى قۇرۇق تۇتىدۇ. ئەمما قوتاننى قۇرۇغداش مەقسىتىدە ھەرگىزمۇ كۈل تۆكمەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا "ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن" دەيدىغان ماقال بار. بۇنىڭدا دېيىلگىنى ھايۋاننىڭ ئاستى چىلە بولۇپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا قۇرۇغدالمىسا، ھايۋان سەمرىمەيدۇ دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇرلار يەنە جانابەتلىك ھالەتتە قوتانغا كىرىشتىن بەك پەرھىز قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، مالدا بەرىكەت بولمايدۇ، تۆل ئازىيىپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قوتاندىن مال ئالغاندا جۈمە كۈنىدە ياكى ھەر كۈنى زاۋال پەيتىدە مال ئالمايدۇ. قوتاندىكى يالاق (ئوقۇر) تۈز تەركىبى بار يېمەكلىكلەر قويۇلىدىغان، ھايۋانلارغا يەم بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان نەرسە بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈشتىن ھەزەر قىلىنىدۇ.

مال تۆللەۋاتقان مەزگىل خەلق ئىشەنچىسىدە ئىنتايىن ھالقىلىق پەيت بولۇپ، بۇنداق چاغدا چارۋا

باققۇچىلار بىر قىسىم ئىشلاردىن پەرھىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خۇراپىي قاراش بويىچە، ماللار تۆللەۋاتقان مەزگىلدە چالا كۆيگەن ئوتتۇننى قايتا قالاشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. ئېيتىلىشىچە، ناۋادا شۇنداق قىلسا، ماللار كۆنى توشماستىن بۇرۇنلا تۇغۇپ قالارمىش. ئۇيغۇرلار يەنە "يامان كۆز" قارىشىغا ئاساسەن ماللار تۆللەۋاتقاندا يات كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشىنى چەكلەيدۇ. مال ئىگىسىمۇ ھەم مال تۇغۇۋاتقان دەقىقىلەردە مالنىڭ تۇغۇشىغا قاراپ تۇرمايدۇ. بۇنداق قىلسا "مال چەتنەپ قالىدۇ" دەپ جورۇيدۇ. "چەتنەش" دېگەنلىك مالنىڭ تۇغماس بولۇپ قېلىشىنى ياكى ئالاقىراق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، قوتانغا ناپاك ھالەتتە كىرىش، كۆل تۆكۈش، مال تۆللەۋاتقاندا قاراپ تۇرۇش، "يامان كۆز" لۈك ۋە "يامان تىل" لىق ئادەملەرنىڭ قاراپ تۇرۇشى قاتارلىقلار مالنىڭ چەتنەپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە يېڭى تۇغۇلغان تۆللەرنى سانىمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئالدىراقسانلىق بولۇپ، ئۇلار ئەي بولۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن سانايدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ساناش مالنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

مال ـ چارۋا بېقىشتا بىر يايلاقتىن يەنە بىر يايلاققا كۆچۈشمۇ ئىرىملىك ئىش بولۇپ، بۇ ھەقتىمۇ پادىسىنى پەيشەنبە كۈنىدە ۋە جۈمە كۈنىدە بىر يايلاقتىن باشقا بىر يايلاققا كۆچۈرمەيدىغان پەرھىزلىك ئادەت بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پەيشەنبە كۈنىدە يايلاق كۆچسە، كۆچكۈچىنىڭ قازىنى سۇنۇپ ئۆيىدىن بەخت قاچار ئىكەن. ناۋادا جۈمە كۈنىدە مال كۆچۈرسە، مال ئەنىسىز بولۇپ، چارۋىلار ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتلىرىدە پادىچى ۋە چارۋىچىلارغا قويۇلىدىغان بىر مۇنچە تەلەپ بار. مالچىلىقنىڭ رىۋايەتلىك تارىخى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى چۈشەندۈرۈلگەن «مالچىلىق رىسالىسى» دە شۇنداق دېيىلىدۇ: "مالدارغا قانچە نەرسە بىدئەتتۇر؟ جاۋاب: بىرىنچى، يالغان سۆزلەش؛ ئىككىنچى، مالنى خار كۆرۈش؛ ئۈچىنچى، ناتوغرا ئىش قىلىش؛ تۆتىنچى، مالدار خەلق بىر ـ بىرى توغرىسىدا يامان سۆز قىلىش؛ بەشىنچى، يۇڭنى ناپاك يەرگە قويۇش؛ ئالتىنچى، مال ـ كالا بېقىپ رىسالە ساقلىماسلىق؛ يەتتىنچى، ناپاك ۋاقىتتا مالنىڭ ئارىسىغا كىرىش؛ سەككىزىنچى، بىر ـ بىرىدىن ئوتلاق تالىشىش."، "ھەر قانداق قوي باققۇچى ئادەم ئۆزىنى ناھايىتى پاكىز تۇتۇشى كېرەك. ئەگەر تازىلىققا رىئايە قىلماي ناپاك ھالدا قوي باقسا،

باققان قويلىرىغا كىسەللىك تارقاپ، ھەر خىل ئاپەتلەرگە ئۇچرايدۇ."[1] بۇلاردىن سىرت يەنە شۇ خىلدىكى پەرھىزلىك ئادەتلەردىن مال پادىسىنى يىرىپ ئۆتمەسلىك، پادا باقىدىغان تاياقنى تايىنىپ ماڭماسلىق، قوينى كەينىگە قىلىپ تۇرۇپ قوي باقماسلىق، مال باغلايدىغان ئارغامچىدىن ئاتلىماسلىق، جۈمە كۈنىدە مال ئۆلتۈرمەسلىك، مالنى تىللىماسلىق ۋە ئۇرماسلىق قاتارلىقلار بار. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، مالنى قىرىق يىل تىللىماي ۋە ئۇرماي باقسا، پادىچىغا خىزىر يولۇقارمىش. بۇ بىزگە مۇسا پەيغەمبەرنىڭ كەنئان چۆللىكىدە قىرىق يىل مال باققاندىن كېيىن خىزىرغا ئۇچرىغانلىقتەك بىر ئىسلام رىۋايىتىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇيغۇرلار كەڭ يايلاقلاردا پادا باققاندا، بىر ـ بىرىنىڭ پادىلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ھەم شۇ سەۋەبتىن زىددىيەت كۆرۈلمەسلىكى ئۈچۈن، چارۋىلارنىڭ قۇلىقى، بېشى، بەدىنى قاتارلىق جايلارغا ئوخشىمىغان بەلگە ۋە ئەن سالىدۇ. مۇشۇنداق تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلىدامۇنداق بىر ئىرىملىك ئادەت بار: يەنى، ھايۋاننىڭ قۇلىقىنى كېسىپ بەلگە سالغاندا، قۇلاقتىن كېسىپ چىقىرىۋېتىلگەن پارچىنى چۆمۈلە ئۇۋىسىدىن باشقا يەرگە ئەسلا تاشلىمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب مالنىڭمۇ چۆمۈلىلەردەك ئاۋۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىش بولسا كېرەك.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقنى مۇھىم كەسىپ دەپ قاراپ، بۇ جەرياندا يۇقىرىقىدەك پەرھىزلىك ئادەتلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. ماللارغا ئائىت باشقا نۇقتىدىكى پەرھىزلەرنى «ھايۋاناتقا ئالاقىدار پەرھىزلەر» بۆلىكىدە مۇلاھىزە قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە مۇشۇنچىلىك توختىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

## 4. سودا ـ تىجارەتكە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار يىپەك يولى تىجارەت ئالاقىسىدە تىجارەتكە ماھىرلىقى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خەلقتۇر. ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىكلەر تەرىپىدىن يۆەنخې، ۋېيخى، خۇيخې ناملىرى بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچكى سودىغا ئېتىبار بېرىپلا قالماستىن يەنە تاشقىي سودىغىمۇ ئىنتايىن ئېتىبار بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىك خانلىقلىرى بىلەن بولغان سودا ـ تىجارىتى ئىنتايىن جانلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان سوغدىلار يىپەك يولى سودىسىدا ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىغان خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ سودىغا ماھىرلىق ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارغا ئۇدۇم

[1] «مالچىلىق رىسالىسى»، خەلق ئارىسىدىن تېپىلغان قولىيازما نۇسخا، 24 ـ ، 25 ـ ، 95 ـ ، 96 ـ بەتلەر.

تەرزىدە مىراس بولۇپ قالغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر، غەربتىكى ئەللەردىن ساسانىيلار، سامانىيلار، ئەرەب سۇلتانلىقلىرى، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە سۇلالىلەر بىلەن قىلغان چارۋا ـ مال، ئاشلىق، يىپەك ـ گەزمال، مەتبەئە بۇيۇملىرى، دورا ـ دەرمەك، پار ـ پۇر بۇيۇملار ... سودىسى ئىنتايىن جانلانغان. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن قىلغان سودا ـ تىجارەتكە ئائىت يازما مەنبەلىرىنى بۇ يەردە نەقىل قىلىپ كۆرسەتمەيمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت شەكلى يۇرت، ئەل ئاتلاپ تىجارەت قىلىش ۋە مۇقىم ئولتۇرۇپ دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار سودىنى ئۇلۇغ بىلىپ، تىجارەت ئەخلاقى، تىجارەت مىزانلىرى ۋە خۇراپىيلىق ئارىلاشقان تىجارەت ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» ئەنە شۇ مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن دەستۇردۇر. تىجارەتچىلىك ئادىتىدە سودىگەرگە، سودا قىلىشقا، سودا قىلىدىغان ۋاقىتقا، تارازا ۋە ئۆلچەمگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار قائىدە ـ مىزانلار ۋە پەرھىزلەر بار بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندە قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىمىز.

ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئېلىپ ساتىدىغان نەرسىلەرنىڭ دائىرىسىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن شۇ دەۋر شارائىتىغا ماس ھالەتتە بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئەمما ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدە ئېلىپ ـ سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ دائىرىسىدە قىسمەن ئۆزگىرىش بولدى. جۈملىدىن يېيىش، ئىچىش ۋە ئىشلىتىش چەكلەنگەن ھەر قانداق نەرسىنى سېتىش، سېتىۋېلىش ھارام دەپ بېكىتىلدى. مەسىلەن، چوشقا، چوشقا گۆشى، باشقا ھارام ھايۋانلارنىڭ گۆشى، ھاراق ۋە باشقا ئىسپىرتلىق مەس قىلغۇچى ئىچىملىكلەر، تاماكا، نەشە قاتارلىق مەس قىلغۇچى چېكىملىكلەر، بۇت (ھەيكەل)، كىرست قاتارلىقلار سېتىش چەكلەنگەن نەرسىلەر قاتارىغا ئۆتتى. ئومۇمەن، ئىسلام دىنىدا مەلۇم نەرسە چەكلەنگەن چاغدا ئۇنى ئىشلىتىش ئەمەس، بەلكى ئېلىپ سېتىشمۇ چەكلەنگەن. يېقىنقى مەزگىللەردە ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھاراق، تاماكا قاتارلىق نەرسىلەرنى باشقا ماللار بىلەن قوشۇپ ساتىدىغان بولدى. ئەمما مىڭ يىللار مابەينىدە يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ سېتىلىشىدىن پەرھىز قىلىدىغان ئىش ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ھەتتاكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردىمۇ ئادەمنى مەس

قىلغۇچى ئىچىملىك ۋە چېكىملىكنىڭ سېتىلىشتىن چەكلەنگەنلىكى ئېنىق. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تىجارەتچىلىكىدە يەنە جەزىم قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى سېتىشمۇ چەكلەنگەندۇر. جەزىم قىلغىلى بولمايدىغان دېگەندە بۇ ھاۋانىڭ قورسىقىدىكى بالا ھايۋان، ئاسماندىكى قۇش، سۇدىكى بېلىق، تىرىك ھايۋاننىڭ ئىچكى ئەزالىرى، پىشمىغان مېۋە ۋە ئېتىزدىكى زىرائەت قاتارلىق كەلگۈسىدىكى نەتىجىسىگە جەزىم قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق نەرسىلەرنى ئالدىن ساتسا، ئۇلارغا مۇددەتتىن بۇرۇن بالايى ئاپەت ۋە كېسەل تېگىشتىن، تولۇق بولماسلىقىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ ـ دە، ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق نەرسىلەرنى سېتىشتىنمۇ پەرھىز قىلىنغان. ئۇيغۇرلار يەنە تىجارەتتە باشقا كىشىدىن مال ئالغان بولسا ۋە ئۇنى يەنە پايدىسىغا ساتماقچى بولسا ئالغان ئورۇننىڭ ئۆزىدىلا شۇ مالنى ساتمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىپ ساتسا، تاپقان پايدىسى مەكرۇھ بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار مال ئېلىپ ـ مال ساتاردا، مالنى ئالغاندىكى كېيىن ئۇنى كەم دېگەندە يەتتە قەدەم نېرىغا ياكى بېرىغا يۆتكەپ ئاندىن ساتىدۇ. بۇ مېھنەتسىز تاپقان پۇل مەكرۇھ دېگەن ئەقىدىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ئاشلىق ئېلىپ ـ سېتىش ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تۈرىدۇر. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئاشلىق ئېلىپ ساتاردا سېتىۋالغان ئاشلىقنى قولىدا قىرىق كۈندىن ئارتۇق ساقلىمايدۇ، بەلكى قىرىق كۈن ئىچىدە سېتىۋېتىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. يۇقىرى پايدىنى كۆزلەپ كىشلەر تۇرمۇشتا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىقنى بېسىپ يېتىۋېلىش جەمئىيەتتىكى پۇل پاخاللىقى، كاپىتالنىڭ جۇغلىنىپ قېلىشى، شۇ ئارقىلىق باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئاشلىقنى ئۇزاق ۋاقىت بېسىۋېلىپ ساتماسلىق قاتتىق چەكلەنگەن.

ئۇيغۇرلار تىجارەت قىلىدىغان ۋاقىت جەھەتتە قىسمەن پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ھەپتىنىڭ ھەر قايسى كۈنلىرىدە نۆۋەت بىلەن بازار بولىدىغان ئەھۋال ئۇزاق تارىخقا ئىگە. شۇنداق بولغاچقا بازار بولىدىغان يۇرتلارنىڭ نامى بازار بولىدىغان كۈننىڭ نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدىغان ئەھۋال بار. ئەمما كۆپىنچە يۇرتلاردا "جۈمە بازار" دېگەن يەر نامى يوق. چۈنكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدە جۈمە كۈنىدە تىجارەت قىلىش چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ جۈمە كۈنىنى تائەت ـ ئىبادەت، ئارام كۈنى دەپ قاراش

بىلەن مۇناسىبەتلىكتۇر. ئۇيغۇرلاردا يەنە ساددا ئاسترونومىيىلىك بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئاسمان جىسىملىرى ۋە بۇرجلارنىڭ ئورنى ھەم ھەرىكىتى بىلەن تىجارەتنىڭ ياخشى ياكى يامان بولىدىغانلىقىنى باغلاپ چۈشەندۈرگەن. مەسىلەن، «سالنامە» دېگەن كىتابتا قەمەر (ئاي) نىڭ سائىتىدە تىجارەت قىلسا ياخشى بولمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئۇيغۇرلار بازارنى ئۇلۇغلايدۇ، بازارنىڭ قۇدرىتىگە، بازار ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قويۇقلىشىدىغانلىقى، ئايدىڭلىشىدىغانلىقى، ھەق ـ ناھەقنىڭ ئايرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بازاردىكى دۇكان ئورنىنى ياخشى تاللاپ، ياخشى قۇرۇۋالىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇر يېزىلىرىدا كىشلەر يول ماڭغاندا خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ماڭىدىغان ئادەت بولسىمۇ، ئەمما بازارغا بېرىش يولىدا ھەرگىزمۇ ناخشا ئېيتمايدۇ. چۈنكى "بازار ـ قىيامەتنىڭ سودىسى" دەپ قارايدۇ. دۇكان جەھەتتە ئۇيغۇرلار دۇكاننى بەرىكەت سەيناسى دەپ قاراپ، دۇكاننىڭ ئەتراپى ۋە ئىچىنى پاكىزە تۇتىدۇ. ئاشخانىلار ۋە باشقا دۇكانلارنىڭ بوسۇغىسىنى پاسكىنا قويمايدۇ، بەلكى ھەر ۋاقىت تازىلاپ تۇرىدۇ. بوسۇغا پاسكىنا بولسا دۇكانغا بەرىكەت كىرمەيدۇ دەپ قارايدۇ. خەلق ئارىسدا يەنە دۇكاندارلار خېرىدارنىڭ دۇكان ئىچىدە ئاپتاپپەرەس قاتارلىق شۆپۈكلىك نەرسىلەرنى چېقىشىغا يول قويمايدۇ. چۈنكى ئاپتاپپەرەس قۇرۇق، ئۇششاق نەرسە بولۇپ، ئۇنى دۇكاندا چاقسا دۇكاننىڭ ئالدى قۇرۇق (ئادەم ئاز كىرىدىغان) بولىدۇ دەپ جورۇيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئايالالرنىڭ بازارغا بېرىپ تىجارەت قىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن ئىدى. بۇنداق ئەھۋال تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە داۋاملاشتى. يۇرت كاتتىلىرى، ئۆلىمالار ۋە بەگلەر تىجارەت قىلغان ئايالالرنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ دۇكان ئېچىپ مال سېتىپ ئولتۇرۇشىنى مەنئى قىلدى. ھازىرمۇ خەلق ئارىسدا ئايالالرنىڭ تىجارەت قىلىشىنى يامان كۆرىدىغان ئەھۋال بار. بۇنداق بولۇشى ئايالالر بازارغا بېرىپ يات كىشلەرگە يۈزىنى كۆرسىتىپ، سۆزلىششىنىڭ نامەھرەم، دەپ قارالغانلىقى بىلەن مۇناسىبەتلىكتۇر. شۇڭا تارىخ مابەينىدە تىجارەتچىلىك ئاساسەن ئەرلەرنىڭ قولىدا بولغان. تىجارەتچىلىكتە ئەرلەر ئۈچۈنمۇ بىر قاتار تەلەبلەر بار. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» دە يېزىلىشچە: "سودىگەرچىلىكتە توققۇز خىل ئىش ھارامدۇر: بىرىنچى، جازانىخورلۇق قىلىش؛ ئىككىنچى، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش؛ ئۈچىنچى، قەرز ئالغان ئادەمنىڭ ئۆيىدە تائام يېيىش؛ تۆتىنچى، يېتىملەرنىڭ

مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش؛ بەشىنچى، ئېلىپ سېتىشتا يالغان سۆز قىلىش؛ ئالتىنچى، تارازىنى ئېغىر ـ يېنىك قىلىش؛ يەتتىنچى، ئېلىپ سېتىشتا ئاللاغا قەسەم قىلىش؛ سەككىزىنچى، باھاسىنى پۈتۈشۈپ بولغان مالنى قايتىدىن باشقا كىشىگە قىممەت باھادا سېتىش؛ توققۇزىنچى، يالغان قەسەم قىلىش."، "سودىگەرچىلىكتە يەتتە ئىش يامان‌دۇر: بىرىنچى، ئۆزىنى ناپاك تۇتۇش؛ ئىككىنچى، كىيىم ـ كېچەكنى پاسكىنا كىيىش؛ ئۈچىنچى، ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن غۇسلە قىلماي تۇرۇپ تائام يېيىش؛ تۆتىنچى، دۇكان ئىچىنى پاسكىنا تۇتۇش؛ بەشىنچى، سۈپۈرەندە ـ ئەخلەتنى دۇكان ئىچىگە قويۇپ قويۇش؛ ئالتىنچى، ئۆمۈچۈك تورىنى ئۆيدە تۇرغۇزۇش؛ يەتتىنچى، باشقىلارغا قاتتىق سۆز قىلىش."①

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شۇ رىسالىدە سودىگەرچىلىك كەسىپىدە بىجا كەلتۈرۈش لازىم بولغان يىگىرمە ئىككى خىل ئىش ئىچىدە سودىگەرلەر چوڭلارنىڭ ئالدىدا ماڭماسلىق، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلماسلىق، دۇكانغا كىرەكسىز ـ مەينەت نەرسىلەرنى تاشلىماسلىق، دۇكاندا بىمەنە چاقچاق قىلىشماسلىق، دۇكاندا تەرەتسىز ئولتۇرماسلىق، يامان، ئەدەبسىز ئادەملەر بىلەن ئارىلاشماسلىق، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ زىنا قىلماسلىق ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتماسلىققا ئوخشاش پەرھىزلەر بېكىتىلگەن.

ئۇيغۇرلاردا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى بىر نەرسە ساتماقچى بولغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆيىگە بازار كۈنى ئەتىگەنلىكى يات ئاياللارنىڭ ياكى يات ئەرلەرنىڭ كىرىشى پەرھىز قىلىنىدىغان ئادەت بار. چۈنكى، ناۋادا ئۆيىگە كىرگەن ئەر ياكى ئايال جانابەتلىك ھالىتىدە بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ناپاكلىقى سەۋەبىدىن سودىگەرنىڭ شۇ كۈندىكى سودىسى پالاكەتكە ئۇچرايدۇ ياكى بازىرى ئاقماي قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بازار كۈنى ئەتىگەندە كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن ھەزەر قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەتنىڭ بىرى بازار كۈنى ئەتىگەندە باشقىلارغا ھەر قانداق نەرسە ئۆتنە بەرمەسلىك ياكى ئۆتنە ئالماسلىقتۇر. بۇنداق قىلىشمۇ ئوخشاشلا شۇ كۈندىكى تىجارەتكە دەخلى يەتكۈزەر ئىكەن. ئۇيغۇرلار بازارغا مال ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئىسرىق سېلىپ، مېلىنىڭ بازارلىق بولۇشىنى تىلەيدۇ. ئىسرىقنى كۆپىنچە ئارچا ياغىچى، چىگىلىك، ئۈچ يول تۇتاشقان دوقمۇشتىن تېرىۋالغان ئوتۇن ئۇۋاقلىرى قاتارلىقلاردا سالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا چىگىلىكتە مالغا بۇي سالسا، شۇ مالنىڭ بازىرى چىقىپ،

① «قەدىمكى ئۇيغۇر ـ ھۈنەر كەسىپ رىسالىلىرى›› ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ قىسىم، 377 ـ ، 378 ـ ، 379 ـ بەتلەر.

خېرىدارلار مالغا چىڭگىلىكتەك يامشار ئىكەن. ئىسرىق سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشكتىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ بىسمىللاھ ئېيتىپ، بازارغا راۋان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار دەسلەپ قىلغان سودىغا بەك ئېتىبار بېرىدۇ. دەسلەپكى سودىدا بېخىللىق قىلمايدۇ، خېرىدارمۇ كۆپ تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ. دەسلەپكى سودا ئوڭۇشلۇق بولسا شۇ كۈنكى تىجارەتمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا سودىگەر دەسلەپكى خېرىدارنىڭ رايىنى قايتۇرماي، مالنى ئەرزانراق ساتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە دەسلەپكى سودىنى نېسى قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئىش بار. دەسلەپكى سودا نىسى بولسا شۇ كۈندىكى پۈتۈن سودا نېسىگە مېڭىپ، هايان تەگمەيدۇ دەپ قارايدۇ. نېسى مال سېتىش خەلق ياقتۇرمايدىغان ئىش بولۇپ، نېسى مال ساتماسلىق ھەققىدە بىر قاتار قوشاقلار بار. تىجارەتچىلەر يەنە دەسلەپكى سودىنىڭ پۇلىنى باشقىلارغا ئارىيەت بېرىشتىن، شۇ كۈننىڭ پايدىسىنى شۇ كۈنىلا باشقىلارغا ئارىيەت بېرىشتىن ياكى قەرز ئۈچۈن تۆلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. تىجارەتچىلەر دۇكان ئالدىغا تىلەمچى ـ سائىللار كېلىپ قالسا، ئەگەر سودا قىلمىغان بولسا سەدىقە بەرمەيدۇ. ئەگەر دەسلەپكى سودىنى قىلىپ بولغان بولسا، تىلەمچىلەرگە جۈپ ساندا پۇل سەدىقە قىلىشتىن ھەزەر قىلىپ، تاق ساندا پۇل سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر نان سەدىقە قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ پۈتۈن نان سەدىقە قىلماي، ئازراق قىسمىنى ئۈشتۈۋېلىپ، قالغان قىسمىنى سەدىقە قىلىدۇ. بۇ پەرھىز ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بەرىكەتنىڭ باشقىلار قولىغا پۈتۈن ئۆتۈپ كەتمەسلىكى مەقسەد قىلىنغان. مۇقىم دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىدىغانلار ئادەتتە بىر كۈندە نەرسە ساتقان پۇلنى مەخسۇس ساندۇققا يىغىدۇ. بۇ "غەللە ساندۇقى" دېيىلىدۇ. تىجارەتچىلەر تىجارەت داۋامىدا غەللە ساندۇقىدىن پۇل ئېلىپ قەرزگە بەرمەيدۇ، پۇل ئىشلەتمەيدۇ، بازاردا غەللە ساندۇقىدىكى پۇلنى سانىمايدۇ، بەلكى بازاردىن قايتقاندىن كېيىن ئائىلە ئەزالىرى ياكى مۇھىم ئەزالار يېغىلىپ غەللىنى ساناپ، ئائىلىدىكى ھەر قايسى كىشلەرنىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ پارچە پۇل تارقىتىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدىكى ئېسىل ئادەتلەرنىڭ بىرىدۇر. تىرىك مال ـ چارۋا ساتقىلى كىرگەن كىشلەر بىدىكلەر ئارقىلىق مېلىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، مالنىڭ يۇڭىدىن ئازراق كېسىۋالىدۇ، ھەمدە مالنى باغلاپ كەلگەن ئارغامچا بىلەن قوشۇپ بەرمەي، ئارغامچىنى ئېلىۋالىدۇ، مۇشۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆيدە قالغان باشقا هايۋانلاردىن قۇت كېتىدۇ دەپ قارايدۇ.

تىجارەت جەريانىدا بىدىك ياكى ۋاستىچى ئارقىلىق ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىش، مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن ساتماسلىق، مالنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى خېرىدارغا تونۇشتۇرۇش، بۇزۇق نەرسە ياكى كېسەل مال بولسا خېرىداردىن ياندۇرۇۋېلىپ، پۇلنى قايتۇرۇش ... دېگەندەك ئىشلار سودا ئەخلاقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئەخلاقىدا تېخىمۇ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ـ جىڭ ـ تارازىنى توغرا تۇتۇشتۇر. تارازا ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى زىل نەرسە بولۇپ، ئۇنى توغرا تۇتماسلىق، ئالاردا ئېغىر ئېلىپ، ساتاردا يېنىك سېتىش ئىنتايىن قەبىھ جىنايەتتۇر. ئىسلام دىنىدا تارازىنى توغرا تۇتۇش، ئۆلچەمدە ئادىل بولۇش تەكرا تەكىتلەنگەن بولۇپ، «قۇرئان» دىمۇ تارازىنى قالايمىقان تۇتۇش، نەرسىنى سېتىۋالغۇچىلارغا كەم بېرىشنىڭ ئىنتايىن يامان گۇناھ ئىكەنلىكى ئېيتىلغاندۇ. ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ بار: "يەتتە يىل تارازا تۇتقان ئادەمگە ئۆزىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىش راۋا بولار". بۇ يەردە دېيىلگىنى يەتتە يىل تارازا تۇتقاندا، تارازىنى توغرا تۇتالماي، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ كۇفرى بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ جىنايەتكارلىقىغا ئۆز قىزىنى نىكاھىغا ئېلىشتەك قەبىھ ئىشمۇ ماس كېلىپ قالىدۇ دېگەنلىكتۇر. دەرۋەقە، تارازىنى توغرا تۇتماي، ئادىل بولماسلىقنىڭ ئىسلام دىنىدا ۋە خەلق ئىشەنچىسىدە ئەشۇ دەرىجىدە يامان كۆرۈلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئېڭىغا مەلۇم ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. تاراز ھەققىدە يەنە مۇنداق بىر خۇراپىي پەرھىز بار. يەنى كىشى تارازىنى يۇدۇپ ماڭسا قەرزدارچىلىقتىن قۇتۇلالمايدىكەن. مۇشۇ قاراش خەلق ئارىسىدا بەك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، مەيلى بازارغا بېرىشتا بولسۇن، ياكى يېنىشتا بولسۇن، كىشلەر تارازىنى يۇدۇپ ماڭمايدۇ. تارازىنى يۇدۇپ ماڭماسلىق پەرھىزى بەلكى ئۇنى مۇقەددەس نەرسە، زىل نەرسە دەپ قاراش بىلەن مۇناسىبەتلىك بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارەتكە دائىر پەرھىز ئادەتلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ پەرھىزلەر ئاساسەن ئىسلامىي مەنبەلەردىن، پايدىغا بولغان ھېرىسمەنلىك، زىياندىن قېچىش پسىخىكىسىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، ئەمەلىي تىجارەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ سودا تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش، سودا كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش روللىرىمۇ بولغان، ئەلۋەتتە.

## 5. قولسانائەتكە دائىر پەرھىزلەر

قولسانائەت بولسا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىدا نىسبەتەن كېيىنرەك پەيدا بولغان كەسىپتۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، قولسانائەت ئىنسانلار ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەرىپەت دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان دەۋرلەردە پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋرلەردە ئىنساننىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا خەتەر ۋە ۋەھىمىنىڭ يەنىلا مەۋجۇد بولۇشى سەۋەبىدىن، كىشىلەرنىڭ پسىخىكا جەھەتتىن پاسسىپ تەدبىر قوللىنىپ ئۆزىنى قوغدىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، قولسانائەت كەسپىدە خۇراپات تۈسىنى ئالغان ئىرىملىك ئادەت ۋە پەرھىزلەر ئازراق بولۇپ، كۆپىنچىسى بىخەتەرلىكنى مەقسەد قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەلىي چەكلىمىلەر ۋە يوسۇن ـ رەسىم تىپىدىكى چەكلىمىلەردۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائەت كەسپىناھايىتى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ناھايىتى بۇرۇنقى زاماندىن تارتىپلا ئۇيغۇر ئەجدادلىرى پاختا، يۇڭ ۋە تېرىدىن قىلىنىدىغان قولسانائەت بۇيۇملىرى، ياغاچتىن قىلىنىدىغان قولسانائەت بۇيۇملىرى، تۆمۈر، مىس، قەلەي، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىقلاردىن قىلىنىدىغان قولسانائەت بۇيۇملىرى ۋە تۇپا ـ گەجدىن قىلىنىدىغان قولسانائەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان، ئىشلەتكەن ھەم سودا ـ تىجارەتتە ئېلىپ ساتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر كەسىپلىرى تونۇشتۇرۇلغان «رىسالە» لەرنىڭ كۆپىنچىسى قولسانائەت كەسىپگە دائىر بولۇپ، بىز تۆۋەندە ئۇيغۇر قولسانائەت كەسىپگە ئالاقىدار پەرھىزلىك ئادەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرىمىز. چۈنكى قولسانائەتكە ئائىت بارلىق پەرھىزلەر دېگۈدەك ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكى دائىرىلەردىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

<u>بىرىنچى، ھۈنەرۋەنلەرگە قويۇلغان ئەخلاقىي چەكلىمىلەر</u>: ئۇيغۇرلار ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەخلاقلىق، تەقۋادار، مېھرىبان بولۇشىنى تەلەپ قىلغاندىن سىرت، يەنە ئۇلارنىڭ يامان دەپ قارىلىدىغان بىر قىسىم ئىللەتلەردىن يىراق بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىللەتلەر ھەر قايسى رىسالىلەردە ۋە خەلق ئىشەنچىسىدە مۇنداق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ھارام بىلەن ھالالنى ئىلغىماستىن ئىستىمال قىلىش، زىناخورلۇق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، قىمار ئويناش، شاراپخورلۇق قىلىش، ھۈنەردە ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان سۆزلەش، ناپاك يۈرۈش، كىشى ھەققىگە خىيانەت قىلىش، خېرىدارغا يىرىك سۆز قىلىش ۋە قوپال مۇئامىلە

قىلىش. بۇنداق قىلىش ھۈنەرۋەنلىك ئەخلاقىغىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ئەخلاقىغىمۇ خىلاپ ئىشتۇر.

ئىككىنچى، قول سانائەت ئەسۋاب ـ سايمانلىرىنى ئاسراشقا دائىر چەكلىمىلەر: ھەر بىر ھۈنەردە ئۇيغۇرلار شۇ ھۈنەردە ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمانلارنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنى دەسسەشتىن، ئاتلاشتىن، ناپاك ھالەتتە تۇتۇشتىن، بۇزۇشتىن، سېتىشتىن، ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن، ھاقارەت قىلىشتىن، ئاچچىقىدا تىللاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇ سايمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى پىرلار ئىجاد قىلغان ياكى جەننەتتىن چۈشۈرۈلگەن، ئۇلارغا قارىتا ھەر قانداق ھاقارەتلىك ھەرىكەت شۇ ھۈنەردىن پايدا ـ مەنپەئەتنى قاچۇرىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى، شاگىرتلارنىڭ ئۇستازىغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىگە دائىر چەكلىمىلەر: ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر كەسپلىرى قەدىمكى زاماندىن ھازىرغىچە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ شاگىرت قوبۇل قىلىپ ھۈنەر ئۆگىتىش ۋاستىسى بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن. شاگىرت قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپىي مائارىپىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك شەكلى بولۇپ، تىل، ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى، قىسمەن تەبىئىي پەن بىلىملىرى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىلگەن بولسا، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۆيى ۋە ئىش ئورنى كەسپىيمائارىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇن بولغان. ئۇيغۇرلار بالىلىرىنى ئادەتتە يەتتە ـ سەككىز ياش چېغىدىن تارتىپلا ئۆزلىرى مۇھىم دەپ قارىغان بىرەر ھۈنەرگە بېرىدۇ. بالا ھۈنەرۋەن يېنىدا بىرەر يىل خىزمىتىنى قىلىپ، ھۈنەرگە كۆزىنى پىشۇرىدۇ. ئاندىن يەنە بەش ـ ئالتە يىل ئەشۇ ھۈنەرنى مەخسۇس ئۆگىنىدۇ. يېڭى كىرگەن شاگىرتلارغا چوڭ شاگىرتلار ئۆگىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر مەزگىللىك جەرياندىن كېيىن، بەش ـ ئالتە يىل ئۆتۈپ بالا ھۈنەرگە پىشقاندا ھۈنەر ئايرىيدۇ. ھۈنەر ئايرىش دېگىنى مەلۇم ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇستازىدىن ئايرىلىپ، ئەشۇ ھۈنەر بويىچە ئايرىم دۇكان ئېچىپ ئىش باشلاشتۇر. ھۈنەر ئايرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇمۇ باشقا شاگىرت قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. مانا بۇ ئەنئەنىۋى كەسپىي مائارىپتىكى "دەۋرىي ئوقۇش تۈزۈمى" دۇر. ئۇيغۇرلاردا ھۈنەرۋەنلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا بالىلىرىنى شاگىرتلىققا بەرگەندە مەخسۇس داستىخان قىلىپ بالىسىنى ھۈنەرۋەن يېنىغا ئېلىپ بارىدۇ. ھۈنەر ئۆگىنىش جەريانىدا شاگىرت ئۇستازىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ. ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم پەرھىزلەر: ئۇستازىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىق،

ئۇستاز ئۇستىدىن شىكايەت قىلماسلىق، ئۇستازىغا قاتتىق مۇئامىلە قىلماسلىق، ئۇستازنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق، ئۇستاز ئورنىدا تۇرۇپ بۇيرۇقۋازلىق قىلماسلىق، ئۇستازىنى چاقىرشتا ئىسمىنى ئاتىماسلىقلاردىن ئىبارەت.

<u>تۆتىنچى، پىرلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىق پەرھىزى:</u> ئۇيغۇرلار ھەر بىر ھۈنەردە بىردىن پىر بولىدۇ دەپ قارايدۇ. پىر ـ خەلق ئۆزلىرى ياراتقان ھۈنەر ـ كەسىپلەرنى دىنىي ۋە ئەپسانىۋىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ، ئەشۇ ھۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭ ياراتقۇچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ باشقا مىللەتلەردىكى "ھۈنەر مۇئەككىلى" ياكى "ھۈنەر ئىلاھى" ئۇقۇملىرىغا ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلار دەۋاتقان ھۈنەر پىرلىرى ياكى يېرىم رىۋايەتلىك شەخسلەر ياكى كونكرېت تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامىي رىۋايەتلەردىكى پەيغەمبەرلەر ياكى ئەۋلىيالاردۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، تامچىلىقنىڭ پىرى ئىبراھىم پەيغەمبەر (بۇ ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ كەئبىنى بىنا قىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت بىلەن مۇناسىبەتلىك)، ياغاچچىلىقنىڭ پىرى نوھ پەيغەمبەر (بۇ نوھ پەيغەمبەرنىڭ توپان بالاسىدىن ئامان قېلىش ئۈچۈن كېمە ياسىشى بىلەن مۇناسىبەتلىك)، تىككۈچىلىكنىڭ پىرى ئىدرىس پەيغەمبەر، تۆمۈرچىلىكنىڭ پىرى داۋۇت پەيغەمبەر («قۇرئان» دا داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئۇستا تۆمۈرچى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.) ... دۇر. باشقا ھۈنەرنىڭ پىرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئولتۇرمايمىز. دېمەك، ئۇيغۇرلار ھەر بىر ھۈنەردە ھامان شۇ ھۈنەرنىڭ پىرىنىڭ ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلىگەندىن كېيىن ئاندىن ئىش باشلايدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەر كەسىپ رىسالىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شۇ ھۈنەرلەرنىڭ پىرلىرىنى ياد قىلىش لازىملىقى، ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىقى، پىرلەرنى ۋە ئۇستازلارنى كەمسىتىپ ھاقارەت قىلغانلارنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە خالايىق ئارىسىدا ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىپ، قىرىق دەررە ئۇرۇش لازىملىقى سۆزلەنگەن.

قىسقىسى، قول سانائەت كەسىپلىرىگە ئائىت ئۇيغۇر پەرھىزلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەخلاقىي چەكلىمىلەر بولۇپ، خۇراپىي تەركىبلەر ئازراقتۇر. جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىيات سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قولسانائىتى ئېغىر تەھلىكىگە دۇچ كېلىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە، يۇقۇرقىدەك پەرھىزلەر

ھېلھەم قىسمەن ھۈنەر ـ كەسىپلەر ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

*************************************************************

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىگە ئائىت مۇھىم پەرھىزلىك ئادەتلەردۇر. ھەر خىل كەسىپلەرگە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەردىن تارتىپ تاكى ئەخلاقىي چەكلىمىلەرگىچە ھەر قايسى مىللەتلەردە چوڭ ئوخشاشلىقلار مەۋجۇد. يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان پەرھىز ئادەتلىرى شۇ كەسىپلەر ئىچىدىكى كىشىلەرلا بىلىدىغان ئادەتلەر ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەر ياكى غەيرىي كەسىپتىكى كىشىلەرمۇ رىئايە قىلىدىغان پەرھىزلەردۇر. ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، بىر مىللەتتىكى كەسىپلەر پەقەت يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئومۇمەن "يەتمىش ئىككى ھۈنەر" نىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا پەرھىزلىك ئادەتلىرى بولىدۇ. يەنە شۇنداق كەسىپلەرمۇ باركى، ئۇلار جەمئىيەتتىكى ناچار، يامان ئىشلار سانالسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ قائىدىلىرى بار. مەسىلەن، ئوغرىلىق، نەشكەشلىك، تىلەمچىلىك قاتارلىقلار. شارائىت ۋە ۋاقىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بىز بۇ ساھەلەردىكى ئادەتلەر ئۈستىدە ماتېرىيال توپلىيالمىدۇق. بۇ ساھەلەر بىز تىلغا ئالمىغان باشقا كەسىپلەر بىلەن قوشۇلۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 14. ئۆلۈم ـ يېتىمگە ئائىت پەرھىزلەر

ئادەم تۇغۇلغان ئىكەن ھامان ئۆلىدۇ. ئۆلۈم بارچە ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوقتىسى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ئۆلۈم ئارقىلىقلا قارار تاپىدۇ. ئۆلۈم قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، ئەمما، تارىختىن بېرى ئىنسانلار مەڭگۈ ياشاپ قېلىشنى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنى ياكى ئۆلۈم مۇددىتىنى ئارقىغا سۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن. ئۆلۈم ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بالايى ـ ئاپەت بولۇپ، مۇشۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەشتىن، ئاڭلاشتىن ۋە ئۆلۈمگە دائىر ئىشلارغا يېقىنلىششتىن ئەيمىنىدۇ. ئۆلۈم ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە ساپ فىزئولوگىيەلىك ئۆزگىرىش مەنىسىدە تەننىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارىدىن قېلىشى دەپ تونۇلغان ئەمەس، بەلكى، ئۇ باشتىن ئاخىر تۈرلۈك مەدەنىي مەنا بەخش ئېتىلگەن ھالدا چۈشىنىلگەن ھادىسىدۇر. ئۆلۈم ئالدى بىلەن بارچە دىنلاردا پەۋقۇلاددە

ئىزاھلاشقا سازاۋەر بولدى. باشقىچە ئېيتقاندا، دىنلار ئۆلۈمنى ئۇخشىمىغان شەكىلدە ئىزاھلاش بىلەن مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە بولدى. ئىككىنچى تەرەپتىن، ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئەسلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلگۈچى بىلەن تىرىكلەرنىڭ قانداشلىق، ئەلداشلىق، قەۋمداشلىق ياكى يولداشلىق مۇناسىۋىتىنى تونۇش دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈردى. شۇ سەۋەبتىن ئۆلگەن ھەرقانداق ئادەم جەمئىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنمىغان ئەمەس.

ئىنساننىڭ روھ ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى سەۋەبىدىن ئۆلۈم تېخىمۇ سىرلىق تۈسكە ئىگە بولدى. "روھ ئۆلمەيدۇ" دېگەن قاراش سەۋەبىدىن، بارلىق ئۆلۈم پائالىيەتلىرى ۋە دەپنە پائالىيەتلىرىگە بولغان پوزىتسىيە كەسكىن تۈس ئېلىپلا قالماستىن، بۇ قاراش يەنە ھاياتىي پائالىيەتلەرگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. روھتىن ئىبارەت ئۆزگىرىشچان، شەكىلسىز، سۇبىستانسىيىسىز مەۋجۇدلۇق ئەملىي ئادەمگە قارىغاندا تېخىمۇ سىرلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ قارالغاچقا، ۋە ئۇ يەنە بىر ھالەتتە (يەنە بىر دۇنيادا، دىنىي چۈشەنچىلەردىكى دوزاخ ۋە جەننەتتە) داۋاملىق ياشايدۇ دەپ قارالغاچقا، تىرىكلەر ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشتا ئىختىيارىي بولمىدى بەلكى دەپنىگە بەك ئېتىبار بېرىپ، ئۆلۈمگە، ئۆلگۈچىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە قورقۇنچىنى ئىپادىلىدى. بۈگۈنگە قەدەر ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئۆزىگە يارىشا دەپنە ـ ئۆلۈم ئادەتلىرى بار. بۇنداق ئادەتلەر تىرىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆلگۈچىنى تېخىمۇ ئاراملىققا ئىگە قىلىدىغان جەريان بولۇپ، تەرتىپسىز، قائىدىسىز دەپنە ئۆلگۈچىگە ئازاپ ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، تىرىكلەرنىڭ ئوي ـ پىكرىنى بۇزۇپ، ئۇلارنىڭمۇ شۇنداق مۇئامىلىگە دۇچار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ئەزەلدىن چېچىلاڭغۇ، شاد ـ خوراملىققا تولغان دەپنە ـ ئۆلۈم جەريانىنى ئۇچراتمايمىز. ھەتتا جامائەت بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆلۈم بىلەن تەڭلا يوقىلىدىغان مۇناسىۋەتنىمۇ كۆرمەيمىز. مۇشۇ نوقتىدىن قارىغاندا ئۆلۈم كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەيدۇ، قانداشلىق مۇناسىۋەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەمما مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆلۈم ۋە دەپنە ھامان شۇملۇق، قايغۇ مەنىلىرىنى يوشۇرغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆلۈم ـ دەپنە پائالىيىتى ھامان خەتەر ۋە ئاپەت تۇيغۇسىغا چۆمگەن، كىشىلەرمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى ھەزەر، ئېھتىيات ۋە پەرھىز ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ. مۇشۇنداق ھالەت بارلىق دەپنە پائالىيەتلىرىنىڭ ئوخشۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن،

بۇنداق ھالەت يەنە يامانلىقتىن ساقلىنىشنىڭ بىردىن ـ بىر ئۇسۇلى بولۇپ قالىدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرىدىكى پەرھىزلىك ھادىسىلەرنى تارىخىي ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىمىز.

## 1. ئۆلۈمگە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەپنە ئادەتلىرى ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئىگە بولساقمۇ، ئەمما ئۆلۈم مەسىلىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىلىشكە ئاجىزمىز. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ئاخىرەت ھەققىدىكى ئەقىدىگە ئاساسەن، ئۆلۈمنى ھاياتلىق بىلەن ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە دەپ قارىدى. ئەمما بۇقاراش ئۆز نۆۋىتىدە ئۆلۈمدىن قورقۇش ۋە ۋەھىمىدىن خالىي تۇرغانمۇ ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئۆلۈمنى ئەڭ يامان ئاقىۋەت، قازا (يەنى شۇم ئىش) دەپ قاراپ، ئۆلۈم ھەققىدە كۆپ سۆزلەشتىن، ئۆلۈم ھەققىدىكى بايانلارنى ئاڭلاشتىن ئىمكانقەدەر ئېھتىيات قىلىدۇ. تىل پەرھىزلىرىدە "ئۆلۈم" سۆزىنى مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە سۆزلەش، "ئۆلۈم" سۆزىنى بىۋاستە تىلغا ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. (بۇ ھەقتە تىل ئادەتلىرىنى «تىل پەرھىزلىرى» قىسمىدا يىتەرلىك بايان قىلىمىز.) بولۇپمۇ، كېسەل بولغان ياكى ياشانغان كىشىلەر يېنىدا ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەش ياخشى ئىش ھېسابلانمايدۇ. ئىسلام دىنىدا ئادەمنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىشى ياكى دوزاخقا كىرىشى (قىسقىسى، ئاخىرەتتىكى تەقدىرى) غايىپ ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى بىلىش پەقەت ئاللاھقىلا خاس. شۇڭا ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى ئۆلگەندىن كېيىنكى تەقدىرى مەسىلىلىرىنى تىلغا ئېلىش پەرھىزلىك ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆلۈم بىرقانچە سەۋەبتىن بولۇشى مۇمكىن. بىرى، قېرىپ ئۆلۈش؛ يەنە بىرى، كېسەل بولۇپ ئۆلۈش؛ ئۈچۈنچى بىرى، ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، قېرىپ ئۆلۈش ئىنسانغا تەڭرى ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ بەخت بولۇپ، ئۇ بىر خىل تەبىئىيلىكتۇر. ئۇيغۇرلار ياشانغاندىن كېيىنلا دۇئا قىلغاندا ئاسان ئۆلۈم تىلەيدۇ. ئاسان ئۆلۈم دىگىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە ۋاپات بولۇش، بۇ جەرياندا كۆپ ئازاپ چەكمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا قېرىپ تەبئىي ئۆلۈش ئاسان ئۆلۈمنىڭ ئاساسىي شەكلىدۇر.

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۆلۈمنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئىنتايىن قارشى تۇرىدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىلەرنى كۆپ ئەيىپلەيدۇ. بۇ ئادەت ئىسلام دىنىي قاتارلىق سۈنئىي

دىنلاردا بىردەك چەكلەنگەن ئىشتۇر. ئۇيغۇرلار مەيلى ئەخلاقىي قاراش تۈپەيلىدىن بولسۇن، ياكى دىنىي قاراش تۈپەيلىدىن بولسۇن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئىنتايىن يامان كۆرۈپ چەكلەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۇسۇل ئادەم ئۆلتۈرۈشتۇر. بارلىق جەمئىيەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈش مەنئىي قىلىنغان جىنايەتتۇر. ئادەم ئۆلتۈرگۈچى ئۆزىمۇ جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرىنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ناپاك ۋە شۇم ئادەملەرنىڭ بىر خىلى قاتىل بولۇپ، قاتىلنىڭ چىرايىغا ئادەمنىڭ خۇن قىساسى تېپىپ چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. كىشىلەر قاتىل بىلەن ئارىلىشىش، يېقىنلىشىش، ھەمسۆھبەت بولۇش ... تىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا كىشى كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئەگەر شەنبە كۈنىدە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالسا، ھەرقانچە ئاغرىق بولسىمۇ يېتىۋالمايدىغان ئادەت بار. بۇ ھەقتە "جۈمە ياتسا ئەتىسى قوپۇر، شەنبە ياتسا قاچان قوپۇر" دېگەن تەمسىل بار. شۇڭا شەنبە كۈنى ئاغرىپ قالغان كىشى ئىمكانقەدەر بىرەر كۈن سەۋرى - تاقەت بىلەن ئۆرە تۇرۇپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئاندىن يېتىپ داۋالىنىدۇ. ئۇيغۇرلار جۈمە كۈنىدە، روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە ۋاپات بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ كۈنلەردە ۋاپات بولغان كىشى جەننەتكە كىرەرمىش، ياكى گۆردە مۇنكىر - نىكىر ئاتلىق ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال - سوراقلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالارمىش. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۈچ كۈندە ۋاپات بولۇشنى ئارزۇ قىلىش بۇ كۈنلەردە ئۆلۈم نامىزىغا يېغىلىدىغان ئادەمنىڭ كۆپ بولغانلىقلىقى بىلەنمۇ مۇناسىبەتلىك.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈمگە تەييارلىنىش پائالىيىتىنىڭ بىرى - ياتارغا يەر تاللاشتۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزۇندىن بويان ئۇرۇق - تۇققانلىرى ياكى ئۇلۇغ كىشىلەر ياتقان يەرگە يېقىن، ياكى تۇپرىقى، ئورنى ياخشى بولغان جايلارنى ئالدىنئالا ئىگىلەپ قويۇش ياكى سېتىۋېلىشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا "ئاتا-ئانامنىڭ ئايىغىدا ياتىمەن" دېگەن ئارزۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ياقا يۇرتلاردا ۋاپات بولۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شۇڭا ياقا يۇرتتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەر ئۆلۈم پەيتلىرى يېقىنلاپ كەلگەندە ئۆز يۇتلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ، ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئۆز ئارزۇسى بويىچە بالىلىرى ۋە ئۇرۇق تۇققانلىرى يۇرتىغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىدۇ. بۇنىڭدا كۈچلۈك ئىسلام دىنىي ئەقىدىسى بار. ئىسلامىيەتتە ئۆلگۈچى ئۆلۈمدىن ئىلگىرى مەلۇم بىر جايدا يېتىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنى شۇ يەرگە دەپنە قىلسا بولىدۇ. باشقا سەۋەب بولمىسا ئۆلگەن

جاينىڭ ئۆزىگە دەپنە قىلسا ياخشى، دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە مەلۇم ھايۋاننىڭ غەيرى ھەركىتى ئۆلۈمنىڭ بىشارىتىدۇر. كىشىلەر بۇنداق ھەرىكەتتىن پەرھىز قىلىپلا قالماستىن ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، بۇ خىل شۇم بىشارەتنى يوقۇتىدۇ. مەسىلەن؛ مىكىيان چىللاپ كەتسە بۇ غەيرىي ئەھۋال بولغانلىقتىن بۇنى شۇ ئۆيدىكى بىرەرسىنىڭ قازاغا يولۇقىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى دەپ قاراپ، خورازغا ئوخشاش چىللىغان مىكىياننى شۇ ھامان ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. يەنە بىر ئادەتتە ئېغىر كېسەل سەۋەبىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئادەم بار ئۆينىڭ ئەتراپىدا قاغا قاقىلدىسا، بۇنى شۇ بىمارنىڭ پات ئارىدا ۋاپات بولىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى دەپ قاراپ ئىنتايىن ھودۇقىدۇ. شۇڭا بونداق ئەھۋالدىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ، قاقىلدىغان قاغىنى قوغلىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قەرزدار پېتى ئۆلۈپ كېتىش بەك ھەزەر قىلىدىغان ئىشتۇر. بىرەر ئادەم كېسەل بىلەن يېتىپ، ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلگەن ھامان، دەرھال باشقىلاردىن ئالغان قەرزىنى تۆلۈق قايتۇۋېتىدۇ. ئوخشاشلا يەنە باشقىلاردىن ئالدىغان قەرزىنىمۇ دەل ۋاقتىدا قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر تۇيۇقسىز ئۆلۈم سەۋەبىدىن قەرزنى قايتۇرۇشقا ياكى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمىسە، ئۆلگۈچىنىڭ بالىلىرى، خوتۇنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مېيىت نامىزى ئوقۇلۇۋاتقاندا ئۆلگۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتىنى يۇشۇرۇن سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇنغا قالماي بۇنداق مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ.

بىرەر كىشى قېرىلىقتىن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن سەكراتقا چۈشكەندە، پۈتۈن ئۇرۇق تۇغقان، بالا - چاقىلار نەق مەيداندا ھازىر بولىدۇ. ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشى بالىلىرىغا مىراس ھەققىدە، كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ. سەكرات پەيتى بىر كىشىنىڭ ئۆلۈش ۋاقتى بولغاچقا، شۇ مەيداندا ھازىر بولغانلار كۆپ سۆزلەشتىن، ئۈن چىقىرىپ يىغلاشتىن، ئۇياق بۇياققا مېڭىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. سەكرات پەيتىدە سۈرلۈك، كەسكىن تۈس ساقلىنىدۇ. بەزى جايلاردا يەنە بىر ئادەم جان ئۈزىدىغان چاغدا شۇ ئادەم ياتقان ئۆيدىكى تامغا قېقىلغان بارلىق مىخ، قوزۇق، ئېسىلغان نەرسىلەرنى قالدۇرماي ئېلىپ تاشلايدىغان ئادەت ساقلانغان. بۇنداق قىلمايدىكەن، سەكراتتىكى ئادەمنىڭ جېنى تەستە چىقىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇ ناھايىتى قەدىمگە تۇتىشىدىغان ئەقىدىدىن شەكىللەنگەن ئادەت بولۇپ، روھ ياكى جاننىڭ بەدەندىن ئايرىلىشى ئۆلۈمدۇر، روھ تەندىن ياكى شۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى

ئۈچۈن يۇقىرقىدەك تەدبىر قوللانمىغاندا، سەكراتنى ئۇزارتىۋېتىدۇ، دەپ قاراشتىن كېلىپ چىققان. بۇنداق خۇراپىي ھەرىكەت ئىسلام دىنىدىكى "ئاسان ئۆلۈم" گە بولغان ئارزۇ بىلەن ماسلىشىپ قالغاچقا، بۇ ئادەت مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار بىرەر كىشى ئۆلگەن كۈنىدە يامغۇر ياغسا، بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ. بۇنداق بولسا يامغۇر ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنى يۇيىدۇ، ئۆلگۈچىگە ساۋاپ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ يامغۇرنىڭ (ياكى سۇنىڭ) يۇيۇش خۇسۇسىيىتىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ئىشەنچ بولسا كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار قېرىپ ئۆلۈشنى ياخشى كۆرگەندىن باشقا، يەنە تۇغۇتتا ئۆلۈش، تام بېسىۋېلىپ ئۆلۈش، سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشنى ياخشى ئىش دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تام بېسىۋېلىپ ئۆلگەنلەر، سۇغا چۆشۈپ كېتىپ ئۆلگەنلەر، جىھادتا ئۆلگەنلەر شەھىد بولىدۇ، دېگەن سۆزى بار. ئۇيغۇرلار تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىشنى ياخشى ئەھۋال دەپ تونۇسىمۇ، لېكىن ھامىلدار ئايالنىڭ تۇغماستىن بۇرۇنلا ھامىلە بىلەن بىللە ئۆلۈپ كېتىشنى ياقتۇرمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلەردە ھامىلە تۇغۇلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار ئاخىرەتتە "يۈكلۈك كېلىپسەن" دېيىلىپ، قارشى ئېلىنمايمىش. ئۇنىڭدىن سىرت، قاتىل بولۇپ ئۆلتۈرۈلۈش، ئېغىر ھادىسىگە ئۇچراپ جەسىدى بۇزۇلۇپ كېتىش، ھاياتلىقىدا يامان ئىشنى كۆپ قىلىپ لەنەتكە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈش ..... لەر خەلق نەزىرىدە پەرھىز قىلىنىدىغان ئۆلۈملەر جۈملىسىدىندۇر.

## 2. ھازا ئېچىشقا ئائىت پەرھىزلەر

بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇيغۇرلار ئارقىدىنلا يىغا ـ زارە قىلىشىپ، بۇ خىل تۇيۇقسىز قازادىن ئېچىنىپ ھازا ئاچىدۇ. ھازا ئېچىشتا يەنە ئۆلۈمنىڭ ۋاقتىغىمۇ قارىلىدۇ. بىر ئادەم ئادەتتە ئەتىگەندە ياكى چۈشتە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى دەرھال ھازا ئېچىپ قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر كەچقۇرۇن ياكى يېرىم كېچىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئاساسەن ئۆي ئىچىدە ھازا ئېچىپ، تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن سىرتقا، ھويلىغا چىقىپ چوڭ ئاۋاز بىلەن يىغا ـ زارە قىلىدۇ. ھازا ئېچىشقا تەييارلىق قىلىدىغان ئىشلار ئاساسەن ئۆلۈم خەۋىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن قارا چاپان، تۇماق (ياز پەسلىدىمۇ تۇماق كىيىلىدۇ)، ئاق بەلباغ، ئاق ياغلىق تەييارلاش، گۆركار،

غەسسال (مېيىت يۇغۇچى)، كېپەنلىگۈچى تېپىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈشنىڭ ئۇسۇلىمۇ بىر قانچە خىل بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى، قاتتىق يىغا ـ زارە بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ئۆلۈم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش، يىراق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ۋە مەسجىد ئىماملىرىغا ئۇقتۇرۇش بىلەن جامائەتنى ئۆلۈمدىن خەۋەردار قىلىشتىن ئىبارەت. ھازا ئاچقاندا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە قاتتىق يىغا ـ زارە قىلىشمايدۇ. بەلكى ئەرلەر سىرتقا چىقىپ ھازا ئاچقاچ ئۆلۈم مۇراسىمغا كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالىدۇ. ھازا ئاچقاندا مېيىتنى ئېچىش، ئۇستىنى بېسىپ يىغلاش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

ھازا ئېچىش ئادىتى ھەر قايسى مىللەتلەردە دېگۈدەك ئوخشىمىغان تۈس ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ھازا ئېچىش ئادەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، تارىختا ئۇزاق ۋاقىت داۋام ئەتكۈزۈلگەن ئۆلۈمدە قاتتىق يىغلاش، يۈزىنى پىچاقتا ياكى تىرنىقىدا تىلىپ قان چىقىرىش، چېچىنى يۇلۇش، ياقىسىنى يىرتىش، چاپىنىنى تەتۈر كېيىپ، ھاسا تېيىنىپ يىغلاش قاتارلىق شەكىللەرنى كۆرەلەيمىز. بۇنداق ھازا ئېچىش ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان قەۋملەردە ئىزچىل مەۋجۇد بولغان. جۇملىدىن ھۇنلار، ساكلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق قەۋملەردە بۇنداق ئادەت ئىزچىللىققا ئىگە. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (《资治通鉴》)ناملىق ئەسەرنىڭ 221 ـ جىلدىدا مۇنداق مەلۇمات بار: "شىمالىي چۆللۈكتىكىلەرنىڭ ئادىتىچە، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىدى چېدىرغا قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ بالا ـ چاقا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئات ـ كالا سويۇپ، چېدىر ئالدىدا قۇربانلىق قىلىدۇ. ئۇلار چېدىرنى ئات بىلەن يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. ئاندىن چېدىر ئىشىكىگە بېرىپ پىچاق بىلەن يۈزلىرىنى تىلىپ، قاتتىق يىغلاپ، قان ۋە ياشلىرىنى تەڭ ئېقتىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ئىشنى يەتتە قېتىم قىلغاندىن كېيىن توختايدۇ."[①]

مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ماتەم مۇراسىمى بولغاندىكى ئەھۋالنى

"ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،

ياقا يىرتىپ ۋاقىرىشىپ،

[①] لىن گەن ۋە گاۋ زىخوۋلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، ئىچكىي موڭغۇل نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 76 ـ بەت

ئۇنىنىڭ بېرىچە چىقىراپ، پەرياد چېكىپ،

ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلەر."[1]

دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىزما مەنبەلەردە، دۇنخۇاڭ، كۇچار قىزىل مىڭ ئۆيلىرىدىكى رەسىملەردە بىر تۈكۈم كىشىلەرنىڭ هازا تۇتقاندىكى قىياپىتى دەل بەزىلىرى ياقىلىرىنى يىرتىۋاتقان، بەزىلىرى چاچلىرىنى يۇلىۋاتقان، بەزىلىرى يۈزىنى، مەيدىسىنى، قۇلاقلىرىنى پىچاقتا تىلىۋاتقان هالەتتە سىزىلغان. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت ئېتىقادىدىن كېيىن يۈز ـ كۆزىنى تىلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ هازا تۇتۇش ئادىتىنى تاشلىدى. چۈنكى ئىسلام دىنىدا "ئاپەتكە تاقەت، ئۆلۈمگە سەۋر" بەك تەكىتلىنىدىغان بولۇپ، مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ "كىمكى مېيىتكە يىغلايدىكەن، ئۇنىڭ يىغلىغانلىقى تۈپەيلىدىن مېيىت ئازاپقا قالىدۇ. يۈزلىرىنى تاتىلاپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، ئاللا ـ تووۋا سېلىپ يىغلىغانلار بىزنىڭ سۈننىتىمىزگە مەنسۇپ ئەمەس كىشىلەردۇر."، "مېيىت قەبرىسىدە (باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن) ئۈنلۈك يىغلىغانلىق سەۋەبىدىن ئازاپلىنىدۇ."، "مېيىت ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يىغىسى سەۋەبىدىن ئازاپلىنىدۇ."، "شۈبهىسىزكى، سەۋر مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتدا (بولۇشى لازىم) ."[2] دېگەن هەدىسلىرى بار. بۇنداق چەكلىمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىدىكى سەۋەب، ئاللاه ئىنسانغا هاياتلىق بەردى، ئۇنى ئېلىپ كېتىش هەم ئۇنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. بەندىنىڭ چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ يىغلىشى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققانلىق، ياكى كەم دېگەندە نارازى بولغانلىقتۇر، دېگەن قاراشتىن ئىبارەت. مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ هازا شەكلىنى ئاساسەن تاشلاپ، ئاددىي يىغا ـ زارە بىلەن مېيىتكە بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان بولدى. يىغلاش گەرچە ئىسلام دىنىدا يەنىلا چەكلەنگەن ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار يىغا ـ زارىسىز ئۇزىتىلدىغان ئۆلۈمنىڭ جامائەت ئارىسىدا غەيرى ئىنكاس پەيدا قىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇۋاپىق يىغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. "ئۆلۈم يىغىسى بىلەن، توي كۈلكىسى بىلەن" دېگەن ماقالمۇ شۇ ئەهۋالغا قارىتا ئېيتىلغان. شۇڭا يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقىنى ئۆلۈپ كەتكەندە يىغلىمىغان ئوغول ـ قىزنى ياكى ئادەمنى باشقىلار "كۆيۈمسىز"،

---

[1] مەهمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، I توم. 254 ـ، 255 ـ بەتلەر.

[2] [مىسىر] مۇهەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى توپلىغان: «هەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار» («لۇئلۇئۇل مەرجان»)، ئابدۇللاجان ئابدۇكەرىم تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 204 ـ، 205 ـ بەتلەر.

"باغرى تاش" دەپ قاراپ ئەيپلەيدۇ.

ئىسلامىيەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ هازا ئېچىش ئۇسۇلىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغىنى بىلەن بىر ۋاقىتتا، قايغۇنى ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىمۇ پەيدا بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تىپىكرەك ئۇسۇللار چاپاننى تەتۈر كېيىپ يىغلاش، هاسا ياكى تاياق تۇتۇپ يىغلاش، هازىچى ئاياللارنى تەكلىپ قىلىپ «هازا قوشىقى» ئېيتىپ هازا ئېچىشتىن ئىبارەت. چاپاننى تەتۈر كېيىش ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇ هېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ چوڭ شەكلى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل هازا ئېچىش ئادىتى هەققىدە خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىن «غەربىي زېمىن هەققىدە نەزمىلەر» （《西疆杂述诗》） نىڭ 3 ـ جىلدىدە مۇنداق بايان بار: "چوڭ ـ كىچىك هازىدارلاردىن ئەرلەر بېشىغا سەللە ئوراپ، ئاياللار ئاق رومال سېلىپ يۈزىنى يېپىپ قارىلىق تۇتىدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «قۇرئان» ئوقۇپ قارىلىقنى سۇندۇرىدۇ. ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈنگىچە قەبرە بېشىغا بېرىپ نەزىر قىلىدۇ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، كىيىمنى ئۇدا ئۈچ كۈن تەتۈر كېيىپ هازا تۇتىدۇ. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتا ياتلىق بولىدۇ."① هازىرمۇ مۇشۇ خىل هازا ئېچىش شەكلى ناهايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئارىسىدا ساقلانماقتا. قولىغا نوۋغۇچ تۇتۇپ «هازاقوشىقى» ئېيتىش، ياكى مەخسۇس هازىچى ئاياللارنى تەكلىپ قىلىشمۇ قەدىمگە تۇتىشىدىغان ئادەت بولۇپ، بۇ هازىر ئاتۇش، قاغىلىق ۋە كورلا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. «هازا قوشاقلىرى» ئۆلگۈچىگە قارىتىپ ئېيتىلىدىغان مۇڭلۇق ناخشا بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دىكى ئالىپ ئەرتۇڭاغا ئوقۇلغان مەرسىيىلەر، ئاتۇش خەلق قوشاقلىرى ئارىسىدىكى «مەرەمنىسا»، «داموللام»، «ئانام»، «ئانام قۇنىخان، دادام كارۋان» قاتارلىقلار مەشهۇر هازا قوشاقلىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. مەيلى قوشاق ئېيتىپ هازا ئېيتىش بولسۇن، مەيلى چاپاننى، بۆكنى تەتۈر كېيىپ هازا ئېيتىش بولسۇن، بۇلار ئىسلام دىنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ بولغاچقا، ئومومەن خەلق ئارىسىدا چەكلىنىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىدىن باشقا يەنە ئادەت ـ يوسۇن سەۋەبىدىن قاتتىق ۋاقىراپ يىغلاش، كىيىمنى يىرتىش، چاچنى يۇلۇش، يۈزىگە ئۇرۇش ئارقىلىق قايغۇسىنى ئىپادىلەپ هازا ئېچىشمۇ پەرهىزلىك ئىشلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

① فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مو گۇاڭۋېنلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، خەنزۇچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 2 ـ قىسىم، 406 ـ بەت.

قىسقىسى، هازا تۇتۇش بىر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تاكى ئۇنى دەپنە قىلغۇچە داۋاملىشىدىغان پائالىيەت بولۇپ، بۇ جەرياندا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىشلارغا رىئايە قىلغاندىن سىرت، يەنە نەغمە ـ ناۋا قىلىش، كۈلۈش، ناخشا ئېيتىش قاتارلىق ئىشلار بىردەك چەكلىنىدۇ. بۇ چەكلىمە يالغۇز ئۆلگۈچىنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا قارىتىلغان بولماستىن، يەنە شۇ مەھەللە، شۇ يۇرتتىكى ھەممە كىشىگە قارىتىلىدۇ.

## 3. مېيىتنى كېپەنلەشكە ئائىت پەرھىزلەر

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ كۆپىنچە يالىڭاچ دەپنە قىلىنمايدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھەممە مەدەنىيەتلەرگە ئورتاق ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى ئەھۋاللارغا نەزەر سالساق، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا تولۇق كېپەنلەرنى كىيگۈزگەنلىكىنى كۆرىمىز. قەدىمكى ساددا دىنىي قاراشلار بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم ئۆلسىمۇ، روھى ئۆلمەيدۇ. مېيىتكە كىيگۈزىلگەن كىيىمنى روھ يەنە كىيىدۇ، ھەم دەپنە بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىدۇ. شۇڭا يالىڭاچ دەپنە قىلىش ئەشۇ دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا پەرھىزلىك ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردا مېيىتنى كېپەنلەش ئىشى بولمىغان، بەلكى ئۇنى بىۋاستىلا كۆيدۈرگەن. ئىسلام دىنىدا مېيىتنى يالاڭاچ كۆمۈش چەكلىنىدۇ. گەرچە مېيىتنى چوقۇم كېپەنلەشنىڭ زۆرۈرىيتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى تاۋۇتقا ئېلىپ سېلىش، دەپنە قىلىش جەريانىدىكى قولايسىزلىق كۆزدە تۇتۇلۇپ، ھەمدە ئادەمگە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن مېيىت كېپەنلىنىشى لازىم، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆلۈپ كىتىشتىن ئۆزىگە يەتكۈدەك ئاق رەخت هازىرلاپ، كېپەنلىك ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ. ناۋادا ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، جىددىي ئەھۋالدا ئۇ ساقلاپ قويغان رەخت ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە بىر كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئەسلى جايىدا ياتقۇزۇلۇپ قويۇلىدۇ. ئېڭىكى قېتىلىدۇ. پۇت بارماقلىرى بىر ـ بىرىگە چېتىلىدۇ. ئەگەر ياز پەسلى بولۇپ، هاۋا ئىسسىق بولسا، جەسەتنى قۇم ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، بالدۇر چىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە جەسەتنى تېزراق دەپنە قىلىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. ئەتىگىنى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنى شۇ كۈنى پېشىن نامىزى مەزگىلىدە، چۈشتە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا نامازدىگەر ۋاقتىدا ياكى ئەتىسى ئەتىگەندە، ئاخشىمى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنى تاڭ سەھەردە دەپنە قىلىدۇ.

ئەگەر يىراقتا ئۇرۇق - تۇغقىنى بولسا، ئۇلار كېلىپ بولغۇچە بىر - ئىككى كۈن ساقلىسىمۇ، ھەرگىز ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىمايدۇ. جەسەتنى ساقلاش جەريانىدا ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شۇڭا يېنىدا يېقىن ئۇرۇق - تۇغقۇنىدىن بىر قانچە كىشى «قۇئان» تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار مېيىت قويۇلغان ئۆيگە مۈشۈك كىرىپ قېلىشتىن، مۈشۈكنىڭ مېيىت ئۈستىدىن ئاتلاپ قويۇشىدىن ناھايىتى پەرھىز قىلىدۇ.

مېيىتنى كېپەنلەش ئۆلۈم - يېتىم ئادىتىدىكى بىرىنچى تەرتىپ بولۇپ، ئۇ مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، جىنازىگە سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە مېيىتنى تۇتۇش ئادىتىنىڭ بار - يوقلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما ئىسلام دىنىدا مېيىتنى كۆمۈشتىن بۇرۇن يۇيۇش ۋە كېپەنلەش ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىشتۇر. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىر قاتار ھەدىسلىرىدە مېيىتنى كېپەنلەشتىن بۇرۇن ئۈچ قېتىم يۇيۇش ئېنىق سۆزلەنگەن. ئۇيغۇرلار مېيىتنى يۇيۇشتا ئۇنى "تەختىراۋان" دەپ ئاتىلىدىغان تۆز تاختا ئۈستىگە قويۇپ كىيىمنى سالدۇرۇپ يۇيىدۇ. مېيىتنى يۇغاندا مەيلى قىش مەيلى ياز بولسۇن ئىسسىق سۇ ئىشلىتىلىدۇ. مېيىتنى يۇيۇشقا سۇ ئىسسىتىش جەھەتتە بىر قاتار خۇراپىي ئادەتلەر ساقلانغان. مەسىلەن، مېيىتنى يۇيۇيدىغان سۇنى ئىسسىتقان چاغدا ئىلگىرى ئىشلەتمىگەن قازان ياكى كورىنى ئىشلىتىدۇ. ھەرقانچە كەمبەغەل بولغان تەقدىردىمۇ كونا قازان ياكى كورىنى ئىشلەتمەيدۇ. مېيىت يۇيۇيدىغان سۇ ئىچىشكە لايىق پاكىز سۇ بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ ئېقىن سۇ بولۇشى تەلەب قىلىنىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئېقىن سۇ گۇناھنى يۇيۇيدۇ دەپ قاراپ، تورۇبا سۈيى، قۇدۇق سۈيى قاتارلىق "ئۆلۈك سۇ" نى ئىشلىتىشتىن، ئېقىن سۇنى يىراقتىن ئېلىپ كېلىشتە يولدا ئارام ئېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مېيىتنى يۇيۇيدىغان سۇنى ئىسسىتقاندا قاتتىق يېقىلغۇلار، مەسىلەن، كۆمۈر، قاتتىق ئوتۇن قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشتىن پەرھىز قىلىپ، سامان، پاخال، شاخ قاتارلىق يۇمشاق يېقىلغۇلارنى ئىشلىتىدۇ. بىزنىڭچە بۇ سۇنىڭ ئىسسىتىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ، تەييارلىقنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەمدە ئوخشاشلىق قارىشى بويىچە يۇمشاق يېقىلغۇدا ئىسسىتقان سۇ يۇمشاق بولىدۇ دەپ قاراپ، مېيىتكە ئاراملىق بېغىشلاش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. مېيىتنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇ ئىسسىتقاندا ئەر مېيىت ئۈچۈن ئەر كىشى، ئايال مېيىت ئۈچۈن ئايال كىشى سۇ

ئىسسىتىدۇ. ئارىلىشىپ كېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. سۇ ئىسسىپ بولغاندىن كېيىن سۇ ئىسسىتقۇچىلارغا ئۆلگۈچىنىڭ بىرەر قۇر كىيىمى، تارغاق، ئەينەك قاتارلىق نەرسىلىرى سوغا قىلىنىدۇ. مېيىتنى يۇيۇشتا، مېيىتنىڭ كىيىمى سالدۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەۋرىتى يېپىلىپ تۆت ئادەم يۇيىدۇ. تۆت ئادەمنىڭ ئىككىسى غەسسال (يۇيغۇچى)، ئىككىسى سۇ قۇيۇپ بەرگۈچى بولۇپ، غەسسالارنىڭ بىرى "باش يۇيغۇچى"، يەنى مېيىتنىڭ ئۈستى بەدىنىنى يۇيغۇچىدۇر. يەنە بىرى بولسا "ئاياق يۇغۇچى"، يەنى بەلنىڭ ئاستى قىسمىنى يۇغۇچىدۇر. غەسساللار مېيىتنى يۇيغاندا سوپۇن ئىشلىتىدۇ. ئەمما ئۆتكەنكى مەزگىللەردە مېيىتنى يۇيۇشقا زاۋۇت سوپۇنى ئىشلىتىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. چۈنكى كىشىلەر زاۋۇت سوپۇنىدا ھەرخىل ھارام ھايۋانلارنىڭ يېغى بولۇش ئېھتىماللىقىدىن ئەنسىرەپ، بۇ پەرھىزنى چىقارغان بولۇشى ئېھتىمال. شۇڭا يەرلىك سوپۇن بىلەن يۇيۇپ كەلگەن. مېيىتنى يۇغۇچىلار ئالدى بىلەن مېيىتنى تاھارەت ئالغاندەك يۇيىدۇ. ئاندىن پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشقا باشلايدۇ. يۇغاندا بەدەننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ يۇيۇيىدۇ. سول تەرەپتىن، ياكى ئاياق تەرەپتىن يۇيۇش چەكلىنىدۇ. مېيىتكە سۇ قۇيغۇچىلار مېيىتنىڭ ئوڭ يېنىغا ئوڭ قولىدا، سول يېنىغا سول قولىدا سۇ قۇيىدۇ. ھەرگىز ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. غەسساللار يۇيۇشتا مېيىتنى بىۋاستە قول بىلەن تۇتۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ قولىغا پەلەي ياكى قول قاپ كىيۋالىدۇ. ئەمما سول قولىنىلا ئىشلىتىپ ئوڭ قولىدا يۇمايدۇ. ئىسلام مەنبەلىرىدە مېيىتنى يۇغاندا تاق ساندا يۇيۇش (يەنى ئۈچ، بەش، يەتتە .... قېتىم يۇيۇش) تەشەببۇس قىلىنغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار مېيىتنى تاق ساندا يۇيىدۇ، جۈپ ساندا يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەگەر مېيىت ئەر بولسا، نەق مەيداندا ئۆلگۈچىنىڭ بىرەر ئوغۇل بالىسى تۇرسا، ئايال بولسا قىز بالىسى تۇرسا بولىدۇ. يۇيۇش جەريانىدا يۇيغۇچىلار ۋە باشقىلارنىڭ بىھۇدە سۆز قىلىشى ۋە تۇرمۇش پارىڭىنى قىلىشى چەكلىنىدۇ. بۇ سۈرلۈك مۇھىتتا پەقەت دۇرۇد ئوقۇلىدۇ ۋە يۇيۇشقا دائىر سۆزلەرلا قىلىنىدۇ. ئەر مېيىتنىڭ چېچى ساقال - بۇرۇتى ۋە ئەۋرەت تۈكى پاكىز چۈشۈرۈلىدۇ. ئايال مېيىتنىڭ ئەۋرەت تۈكىلا چۈشۈرۈلىدۇ. چۈشۈرمەي ئەۋرەت تۈكى بىلەن كېپەنلەش ناپاكلىق، دەپ قارىلىدۇ. ئايال مېيىتنىڭ چېچى ئۆرۈلگەن بولسا چۇۋۇپ يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تال ئۆرۈپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئۇيغۇرلار مېيىتنى كۆپۈنچە ئۆي ئىچىنىڭ سەيناسىدا ياكى سۇپىنىڭ ئۈستىدە يۇيىدۇ. مېيىت يۇيىلىپ بولغاندىن كېيىن سۇ سىڭگەن تۇپىنى قىرىق كۈن ساقلايدۇ

ۋە ياكى ئۇ يەرگە بۇغداي چېچىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇغداي ئۈنۈپ كۆكلەيدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا مېيىت يۇيۇلغان جايغا ھەر پەيشەنبە كۈنى نوكچا قادايدىغان ياكى چىراقنى قىرىق كۈن ياندۇرۇپ قويىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئەنە شۇ ئادەتنىڭ داۋامى سۈپىتىدە شۇ يەردىكى توپىنى كۈن كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، كېچىدە ئېلىپ چىقىپ سۇغا ئېقىتىۋېتىدۇ ياكى ئېتىزلىققا تۆكۈۋېتىدۇ. بۇ مېيىتنى ناپاك دەپ قاراش، روھنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ۋە روھ قايتىپ كېلىدۇ، دەپ قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەتتۇر.

ئۇيغۇرلاردا مېيىتنى يۇيغۇچىلار يالغۇز مېيىتنى يۇيۇپلا قالماي، يەنە كېپەننى تىكىپ تەييار قىلىدۇ ۋە مۇردىنى كېپەنگە ئالىدۇ. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مېيىتنى كېپەنگە ئېلىش ئىسلامىيەتتىن كېيىنكىگە ئوخشاش ئۇنداق مۇقىم تۈس ئالمىغان. يالىڭاچ دەپنە قىلىش، كىيىم بىلەن دەپنە قىلىش ۋە كۆيدۈرۈشلەرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ كېپەنلەش شەكلى دىگۈدەك بىر ئۆلچەمدە بولمىغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار مېيىتنى كېپەنلەشكە ئادەتلەندى. بۇ ئادەت بويىچە ئەر مېيىت ئۈچ قات كېپەنگە، ئايال مېيىت بەش قات كېپەنگە ئورۇلىدۇ. كېپەننىڭ سانى قوش بولسا بولمايدۇ. ئىسلامي قائىدىدە كېپەن ئۈچۈن ئاق رەختنىڭ بولۇشى بەلگىلەنگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىمۇ مېيىتنى ئاق رەڭلىك رەختلەردە كېپەنلەشكە بۇيرۇلغان. بۇنىڭدىن سىرت، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ جەسىدىنى كېپەنلەشكە يەمەندىن چىقىدىغان ئاق رەڭلىك پاختا رەخت ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە ھەدىسلەر بار. (بۇ ھەقتە «سەھىھۇل بۇخارى» ناملىق كىتابنىڭ «جىنازە نامىزى» دېگەن بابىغا قارالسۇن.) ئۇيغۇرلار كېپەنلىك رەختلەرنى ئۆلۈمگە تەييارلىق سۈپىتىدە خېلى بۇرۇنلا تەييارلاپ قويىدۇ، ھەتتا بۇ رەختلەرنى مەسجىدلەرگە ئېلىپ بېرىپ جامائەتنىڭ ناماز ئوقۇۋېلىشىغا جايناماز قىلىپ بېرىدۇ. كېپەن تىككۈچىلەر مېيىتنىڭ بويىنى ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن كېپەن تىكىشكە كىرىشىدۇ. كېپەن تىككەندە، كېپەن تۆمۈر يىڭنە بىلەن تىكىلمەي، مۇۋاپىق ئۇسۇلدا كېپەنلىك رەختنىڭ ئۆزىدىن يىپ سۇغۇرۇپ ئېلىنىپ، شۇ يىپ بىلەن يۇناپ چىگىپ قويۇلىدۇ. كېپەننى يۆگىگەندە ئوڭ تەرەپتىن يۆگىمەي سول تەرەپتىن چۆگەيدۇ. كېپەننى يۆگىگەندە مېيىتنىڭ يۈز قىسمىنى ۋاقتىنچە چىگىپ تىكىۋەتمەيدۇ. بەلكى ئېچىلدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئىككى پۇتىنىڭ باش بارمىقىنى بىر ـ بىرىگە چىگىپ قويىدۇ. مېيىتنىڭ ئېغىزىغا كېپەننىڭ كىرىپ قىلىشىدىنمۇ بەك ئېھتىيات قىلىدۇ. بىز «ئادەم بەدىنىگە ئائىت پەرھىزلەر» بۆلىكىدە بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا

تىلغا ئالغان ئىدۇق. مېيىت كېپەننى چىشلىۋالسا ياكى پۇتى ئالمىشىپ قالسا، كېيىنكىلەرنى سۆرەپ كېتىدۇ دېگەن قاراش تۇپەيلىدىن، بۇ خىل چىگىش ئۇسۇلى كېلىپ چىققان. بۇنداق قىلىش ھەم مېيىتنى كۆتۈرۈپ يۆتكەشكە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈندۇر.

مېيىت كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئۆلگۈچى بىلەن ۋىدالىشىش مەڭگۈلۈك جۇدالىق بولۇپ، بۇ تىرىكلەرنىڭ ئۆلگەن كىشىنىڭ رۇخسارىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋىدالىشىش ئۈچۈن مېيىت يېنىغا ئۆلگۈچىنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كىرىپ، مېيىتنىڭ يۈزىنى ئېچىپ كۆرىدۇ. ئەمما ئىسلامىيەت قائىدىسىدە ئەر ياكى خوتۇننىڭ ئۆلۈشى ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسى بولۇپ، يات جىنسلارنىڭ چىرايىغا قاراشنىڭ نامەھرەملىكى سەۋەبىدىن، ئۆلگەن ئەر بىلەن خوتۇنى، ئۆلگەن ئايال بىلەن ئېرى ۋىدالىشىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەگەر ۋىدالىشىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، ئەرنىڭ ئۆلگەن خوتۇننى، ئايالنىڭ ئۆلگەن ئېرىنى كۆرۈۋېلىشىغىلا بولىدۇ. ئەمما تۇتۇش، سۆيۈپ ۋىدالىشىش قەتئىي چەكلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنداق بىر ئەھۋالنى بايقاش مۇمكىن، يەنى بىر ئادەم رېئال تۇرمۇشتا يات جىنسلارغا خالىغانچە قاراپ كۆز سېلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ يامان ئاقىۋەت ئالدىدا ئالاھىدە تەقۋادارلىشىپ، دىنىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ئىش قىلىدۇ. بۇ ئۆلۈمنىڭ ھەرقانداق ئادەمنى تەمتىرىتىدىغانلىقىنى دەلىللىسە كېرەك.

مېيىت كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تاۋۇتقا سېلىنىدۇ. مېيىتنى تاۋۇتقا سالغاندا تاۋۇتنىڭ سول تەرىپىدىن سېلىش، ئالغاندا سول تەرەپتىن ئېلىش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئادەتتە ئىسلامىي قائىدە بويىچە ئوڭ تەرەپتىن سېلىپ ئوڭ تەرەپتىن ئالىدۇ. مېيىتنى يۇغان جايدىن ئېلىپ چىقىشتا ياكى تاۋۇتقا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تاۋۇتنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىشتا پۇت (ئاياغ) تەرەپتىن ئېلىپ چىقىش پەرھىز قىلىنىپ، باش تەرەپتىن ئېلىپ چىقىلىدۇ. خەلق ئىشەنچىسىدە تاۋۇت روھ چاپلاشقان نەرسە بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ ئادەتتە ئۆيدە ساقلىمايدۇ، بەلكى مەسجىد، قەبرىستان قاتارلىق جايلاردا قويۇپ قويىدۇ. بىرەر كىشى ۋاپات بولسا، تاۋۇت دەرھال ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىنلا ئەسلى جايىغا ئېلىپ بېرىۋېتىلىدۇ. خەلق نەزىرىدە تاۋۇت تار ياكى قىسقا بولۇپ قالسا ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنى

كەڭرەك، ئۇزۇنراق ياسايدۇ. كىچىك ۋادەك ياغاچلىرىنى ئالما يىغىچىدىن قىلىشنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدۇ. خەلق نەزىرىدە ئالما خىسلەتلىك دەرەختۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مېۋىسى بىر قاتار سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئاق سىھرىگەرلىك (ئاكتىپ ۋە ياخشى مەقسەد ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان سېھرىي پائالىيەت) نىڭ ۋاستىسى بولۇپ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلىۋېتىشتە ئۇنىڭدىن ئىسرىق سېلىنىپ ئىشلىتىلگەن. تاۋۇت ۋادەكلىرىنى ئالما يىىچىدىن قىلىش مېيىتكە جىنلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مېيىتنى يۇيۇپ بولۇپ، تاۋۇتقا سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىۋاتقاندا ياكى تاۋۇتنى ھويلىغا توختاتقاندا، كىشىلەرنىڭ مېيىتكە ياكى تاۋۇتقا ئېسىلىشى قەتئىي چەكلىنىدۇ. مېيىتنى تاۋۇتقا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن جامائەتنىڭ خوشلىشىۋېلىشى ئۈچۈن تاۋۇت ھويلىغا توختىتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يىغا ـ زارى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ھەممە كىشى تاۋۇتقا ئېسىلىپ ئايرىلىش پىراقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىدارلار مېيىتنى ئۇزۇتۇشتىن بۇرۇن تاۋۇتقا ئىڭىشىپ يىغلىغاندا، ياش تامچىسىنىڭ تاۋۇت ئۈستىگە ياكى مېيىت ئۈستىگە تېمىپ كېتىشىدىن بەك پەرھىز قىلىدىغان ئادەت ساقلانماقتا. تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتىن بۇرۇن مېيىتنىڭ ئەر ياكى ئايال بولۇشىغا قاراپ، تاۋۇت ئۈستىگە ئاق ياكى سىدام رەختتىن قىلىغان يوپۇق يېپىلىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە بىر كىشىنىڭ مەلۇم نەرسىنى زىيادە ياخشى كۆرۈشى ياكى بىرەر نەرسىگە، ئىشقا ماھىرلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئەشۇ نەرسىنى تاۋۇت بېشىغا ئېسىپ قويىدىغان ئادەت بولغان. مەسىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر مۇزىكانتى، راۋاپچى تاشۋاي ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ تاۋۇتى ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى چېلىپ كەلگەن راۋابى ئېسىپ قويۇلغان ئىكەن. ھازىر «قۇئان» ئايەتلىرى كەشتىلەنگەن چوڭ يۇپۇقنىمۇ ياپىدىغان ئەۋاللار پەيدا بولدى. دېمەك، يۇقىرىقى تەرتىپلەر تامام بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭىدۇ. تاۋۇت كۆتەرگەندە مېيىتنى مىدىرلىتىۋېتىش قەتئىي پەرھىز قىلىدىغان ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى مېيىت يۇيۇش، كېپەنلەش ئاساسەن ئىسلامىي ئەنئەنىلەرگە ماسلاشقان بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، بەزى پائالىيەتلەردە يەنە ئاز ـ تولا خۇراپىي تەركىبلەرمۇ بار. مەيلى قايسى خىل ئۇسۇل قوللىنىلسۇن، بۇنىڭ ھەممىسىدە ئۆلگۈچىنىڭ روھىنىڭ ئەمىن تېپىشى،

تىرىكلەرنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىماسلىقى، دەپنە ئىشلىرىنىڭ قائىدىلىك، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى كۆزلەنگەن.

## 4. دەپنىگە ئائىت پەرھىزلەر

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى، ھەرقايسى مىللەتتىكى، ھەرقايسى دىنغا خاس دەپنە ئادەتلىرىنىڭ دىگۈدەك پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنسانلار ئەڭ ئىبتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپلا ئۆلگەن ئادەمنى ھايۋاننى كۆمگەندەكلا كۆمۈپ تاشلىغان ئەمەس. دەپنىدە قەدىمدىن بېرى ھاۋاغا (يەنى شامالغا) دەپنە قىلىش، سۇغا دەپنە قىلىش، تۇپراققا دەپنە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئاساسلىق قوللىنىلىپ كېلىنگەن. بۇلاردىن تاشقىرى، يەنە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش بىلەن كۆمۈپ دەپنە قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئالدى بىلەن كۆيدۈرۈپ ئاندىن ئادەم كۈلىنى كۆمۈپ دەپنە قىلىش، كۆككە دەپنە قىلىش بىلەن يەرگە كۆمۈش بىرلەشتۈرۈلگەن جەسەتنىڭ گۆشىنى قۇشلارغا يۈگۈزۈۋېتىپ، ئۇستىخىنىنى يەرگە كۆمۈش، ... كە ئوخشاپ كېتىدىغان ئارىلاش دەپنە ئۇسۇللىرىمۇ بار. جەسەتنى كۆمۈش شەكلى ۋە سانى جەھەتتىن ئېيتقاندا يەنە ھەمدەپنە، كوللكتىپ دەپنە، جەسەتنى يۆكلەپ دەپنە قىلىش، سۆڭىكىنى ئەتتىن ئايرىپ دەپنە قىلىش، تۈز دەپنە قىلىش .... قاتارلىق نۇرغۇن شەكىللەرمۇ بار. مەيلى قانداق دەپنە ئۇسۇلى ۋە شەكلى قوللىنىلىشتىن قەتئىينەزەر، ھەممە خىل دەپنە ئۇسۇلىدا ئىككى ئامىل ئاساسىي رول ئوينايدۇ. بىرى مۇھىت، ئىككىنچىسى ئېتىقاد. مۇھىت دېگەندە، بۇ ئوبيېكتىپ جۇغراپىيىۋىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىنى كۆرستىدۇ. ئېتىقاد دېگەندە، بۇ دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى چەكلىمىنى كۆرستىدۇ. دېمەكچىمىزكى، باشقا بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش، دەپنە ئىشلىرىدىمۇ مۇھىت بىلەن مەدەنىيەت چەمبەرچەس باغلىنىدۇ. مۇھىت چەكلىمىسىدىن ھالقىغان دەپنە شەكلىنى قىياس قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئېتىقاد تۈسىنى ئالمىغان بىرەر خىل دەپنە شەكلىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. فولكلور نوقتىسىدىكى پەرھىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇھىت چەكلىمىسى سەۋەبىدىن ئىجرا قىلىنمايدىغان دەپنە شەكىللىرى پەرھىزلىك ھەرىكەت قاتارىغا كىرمەيدۇ. پەقەت ئېتىقاد سەۋەبىدىن مەلۇم دەپنە ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىش، ھەزەر قىلىش ھەتتا چەتكە قېقىشلا ئاندىن پەرھىزلىك ھەرىكەت بولالايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارقىلىشىنى

چەك ـ چىگرا قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە پائالىيىتىدىكى پەرھىزلىك ئادەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قوللانغان دەپنە شەكىللىرى ۋە دەپنە ئۇسۇللىرى، شۇنداقلا ئۇلارغا مۇناسىبەتلىك قىسمەن پەرھىز ئادەتلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتىمىز.

**(1) كۆككە دەپنە قىلىشقا ئائىت پەرھىزلەر**

كۆككە دەپنە قىلىش ـ جەسەتنى ئوچۇق كۆممەي قويۇشنى كۆرستىدۇ. ئۇنىڭ جەسەتنى قۇشلارغا يەم قىلىۋېتىش، شامالغا قويۇپ قۇرۇتۇش، چۆل ـ باياۋانلارغا قويۇپ قويۇش ۋە دەرەخ كاۋىكىغا دەپنە قىلىشتەك ئاساسىي شەكىللىرى بار. جەسەتنى ئوچۇقچىلىققا دەپنە قىلىش شىمالدىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئۇزۇنغىچە داۋاملاشقان دەپنە ئادىتى بولۇپ، بۇ ئادەت شامان دىنىدىكى كۆككە چوقۇنۇش بىلەن مۇناسىبەتلىك. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ خىل دەپنە بۇددا دىنى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. نەتىجىدە قەدىمكى ئېتىقادتىن ۋاز كېچىپ، بۇددا دىنىغا ئىشەنگەن مىللەتلەردە ھېلىھەم بۇ خىل دەپنە ئۇسۇلى داۋاملاشتۇرۇلماقتا. بۇ خىل دەپنە شەكلىنىڭ ئاساسى بولسا جەسەتنى كۆككە دەپنە قىلسا، ئادەمنىڭ روھى ئاسمانغا (ئەرشكە، جەننەتكە. شامان ئېتىقادى بويىچە، جەننەت ـ ئۇجماغ ئەرش ئۈستىدىدۇر.) كۆتۈرىلەلەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بۇنداق دەپنە ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ كۆككە چوقۇنغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ تۇرۇپلا جەزىملەشتۈرەلەيمىز. ئەمما بىر نوقتا شۇكى، ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلار (يوغۇرلار) ئارىسىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، جەسەتنى يىراق چۆللىككە ئېلىپ بېرىپ قۇشلارغا يەم قىلىۋېتىدىغان ئادەت بار. ناۋادا بۇ ئادەت ئۇلاردا تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىمۇ مۇشۇ خىل دەپنە شەكلى بولغان دەپ ئېيتالايمىز. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇكى، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا "بىر قەدەر بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا قۇرغاق ۋە دۆڭ يەرلەرگە قويۇش ياكى ئۆرە تۇرغان توغراق كاۋاكلىرىغا ئۆرىسىگە دەپنە قىلىشتىن سىرت، مېيىتنى يىكەنگە ئوراپ، ئەر كىشى بولسا ئۈستىگە كېمە، ئايال كىشى بولسا ئۈستىگە چوڭ چارا (كىر يۇيىدىغان چوڭ تەڭنە) كۆمتۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىمۇ مەۋجۇد بولۇپ

ئۆتكەن."[1] دېمەك، بۇمۇ كۆككە دەپنە قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، بۇنىڭ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىشى شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېتقادىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالغانلىقى ۋە شارائىت چەكلىمىسى بىلەن مۇناسىبەتلىك بولسا كېرەك.

### (2) ئۇتقا دەپنە قىلىشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇتقا دەپنە قىلىش ئادىتى تۇپراققا دەپنە قىلىش ئادىتىدىن قالسىلا دۇنيادىكى ئەڭ ئومومىيۈزلۈك تارقالغان دەپنە شەكلىدۇر. مېيىتنى ئۇتقا دەپنە قىلىشنىڭ بىر قانچە خىل شەكلى مەۋجۇت. بىرى، مېيىتنى كۆيدۈرۈۋېتىش؛ يەنە بىرى، مېيىتنى كۆيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، جەسەت كۈلىنى يەرگە دەپنە قىلىش؛ ئۈچىنچى بىرى، مېيىتنى كۆيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، كۈلىنى كۆمزەككە قاچىلاپ ئۆيدە قويۇش ياكى مۇنارغا دەپنە قىلىش. بۇلار ئىچىدىكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل مەدەنىيەت مەناسىدىكى ئۇتقا دەپنە قىلىشتۇر.

ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرى، شۇنداقلا هۇن، تۈرك قاتارلىق قەۋملەر، سىبىرىيە، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا قەدىمدە ياشىغان خەلقلەردە مېيىتنى ئۇتقا دەپنە قىلىش كەڭ ئومۇملاشقان ئىدى. شۇنداقلا ئۇ تۇپراققا دەپنە قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئېلىپمۇ بېرىلغان ئىدى. خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداشلىرىنىڭ مېيىتنى ئۇتقا دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ بارلىقى هەققىدە ئاز - تولا ئۇچۇرلار خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 215 - جىلدى «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە شۇنداق يېزىلغان: "تۈركلەرنىڭ ئادىتىچە، ئۆلۈكنى كۆيدۈرىدۇ. ئاندىن يارگە دەپنە قىلىپ قەبرە تىكلەيدۇ.". «يېڭى تاڭنامە . بارغۇت خۇيۇن تەزكىرىسى» دە شۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: "بارغۇت خۇيۇن مىڭشاغا غاردى، ئۇ يەردە كېسەل بولۇپ قايتىپ كەلدى هەم لىڭۋۇ (بۇگۈنكى نىڭشيا ئاپتونوم رايونىنىڭ لىڭۋۇ ناهىيىسى) دا ئۆلدى. قەبىلىسى ئۇنىڭ جەسىدىنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلدى."[2]

بۇ بايانلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدىكى، شىمالدىكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئۇتقا دەپنە قىلىش ئادىتى

---

[1] ئابدۇرەهىم هەبىبۇللا: «لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرۈپ-ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996- يىللىق 5- سانىغا بېسىلغان، ئۇيغۇرچە، 49- بەت.

[2] لىن گەن ۋە گاۋ زىخوۋلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، ئىچكىي موڭغۇل نەشرىياتى، 1994 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 76 - بەت.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئاستا ـ ئاستا يوقۇلۇپ، تۇپراققا دەپنە قىلىشقا ئۆزگەرگەن. ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددىستلىرى ۋە كۆسەنلىكلەر ئارىسىدا خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئوتقا دەپنە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئۇنىدىن باشقا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىي ئۆلكىلەرگە بېرىپ مۇڭغۇل دۆلىتى تەۋەسىدە خىزمەت ئۆتىگەن ۋە ئىچكىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارمۇ ئوتقا دەپنە قىلىش ئۇسولىنى يولغا قويغان ئىدى. بۇ ئۇسۇلدا ئالدى بىلەن جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئادىن ئۇنى كۆمۈپ قەبرە تىكلەيتتى. بۇ ھەقتىكى بايانلار «يۈەن ھۆكۈمىتىنىڭ قانونلار دەستۇرى. ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئىشلىرى نىزامى» ئىچىدە خاتىرىلەنگەن. «رەۋزەتۇس سەفا» ناملىق ئەسەردە: "تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ يىراق تارىخى زامانلاردىكى ئەجدادلىرى ۋە قانداشلىرى بولغان خەزەرلەر بۈنگۈدىن 5860 يىللار ئىلگىرى ئۆلۈكنى دەپنە قىلىش ئىشىدا مۇنداق ئادەتنى قوللىناتتى: بىرەرسى ۋاپات بولسا، جامائەت يىغىلىپ جەسەت ئەتراپىدا سازلار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرەتتى. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزاق زامانلار داۋام قىلدى."[1] دېيىلگەن. بۇ رىۋايەت تۇسى قويۇق بايان بولسىمۇ،ئەمما ئوتقا دەپنە قىلىشنىڭ تۈركىي خەلقلەردە ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، جەسەتنى ئوتقا دەپنە قىلىش شامان ئېتىقادى ۋە بۇددىزىم ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىبەتلىكتۇر. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بۇددىزىمدىن ئىلگىرى ئوتقا دەپنە قىلىش ئادىتىنى داۋام قىلدۇرۇشتا ئاساسەن ئوتقا تېۋىنىش پسىخىكىسىنى چىقىش قىلغان. بۇددا دىنىدا ئوت ئارقىلىق جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، ناپاك تەننى يوقۇتۇش، ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى تېزراق ئەرشكە چىقىرىش لازىم، دەپ قارالغاچقا، بۇ ئۇسۇل بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى ھەم يېڭى ئاساسقا ئېرىشتى. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تاكى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر مەلۇم دەرىجىدە بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ كەلدى.

جەسەتنى ئوتقا دەپنە قىلىشتا قىسمەن پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقى ئېنىق. مەسىلەن، خەنزۇ تارىخنامىلىرىنىڭ بىرىدە خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كومزەككە قاچىلاپ يەرگە كۆمۈدىغانلىقى، خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن يېنىغا بۇت ئورنىتىدىغانلىقى، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چېچىنى قىرقىپ، يۈزىنى مورلاپ ھازا تۇتىدىغانلىقى، پەقەت پادىشاھلارنىڭ جەسىدىلا ئوتتا

---

[1] ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 387 ـ بەت.

كۆيدۈرۈلمەي، يىراق دالىلارغا دەپنە قىلىندىغانلىقى يېزىلغان.[1] بۇ مەلۇماتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شۇ دەۋرلەردە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ جەسىدى كۆيدۈرۈلسىمۇ، ئەمما خان - پادىشاھلار مۇقەددەس دەپ قارالغاچقا، ئۇلارنىڭ جەسىدىمۇ مۇقەددەس، كۆيدۈرگىلى بولمايدۇ دەپ قارىلىپ، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش پەرھىز قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتقا دەپنە قىلىش ئادىتى يىراق دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغانلىقتىن شۇنداقلا بۇ ھەقتە ماتېرىيال كەمچىل بولغانلىقتىن، ئوتقا دەپنە قىلىشتىكى پەرھىزلىك ئادەتلەرنى مۇشۇنچىلىك مۇلاھىزە قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

### (3) تۇپراققا دەپنە قىلىشقا ئائىت پەرھىزلەر

تۇپراققا دەپنە قىلىش ئەڭ قەدىمكى دەپنە شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تۇپراققا دەپنە قىلىشتا ئۆلگۈچىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، تۇپراققا دەپنە قىلىش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ ئادەتنىڭ ھۇن، تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردا بولغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن:، «ۋېينامە . قاڭقىللار تەزكىرىسى» دە شۇنداق يېزىلغان: "يەرنى كولاپ ئورەك ياسايدۇ، ئاندىن جەسەتنى ئۇنىڭغا قويىدۇ. ... لېكىن ئورەكنى كۆمۈۋەتمەي ئوچۇق قويىدۇ."[2]

بۇنىڭدىن باشقا، رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يەر ئاستى قەبرىلىرى بولۇپ، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇپراققا دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنلا تۇپراققا دەپنە ئومۇملىششقا باشلىدى. يەنى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا توغرا كېلىدىغان دەۋرلەردىلا ئوتقا دەپنە قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، تۇپراققا دەپنە قىلىشنى يولغا قويغان. بۇ ئادەت يەنە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇزاق بىر جەرياندىمۇ بولۇپ ئۆتكەن. جۈملىدىن ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىدا بەزىدە جەسەتنىڭ ئەتلىرىنى قۇشلار يەپ بولغاندىن كېيىن ياكى شۇلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇستىخاننى يەرگە دەپنە قىلىدىغان ئادەت بولغان. مانى دىنى ئېتىقادى مەزگىلىدە گەرچە جەسەتنى بىۋاستىلا يەرگە كۆمگەن بولسىمۇ، ئەمما ئادەم تۇغما ھالەتتە دەپنە قىلىنغان، كېپەنلەش بولسا پەرھىز قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئومومىيۈلۈك

---

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1985- يىلى 1- سان، 154- بەت.

[2] لىن گەن ۋە گاۋ زىخوۋلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، ئىچكىي موڭغۇل نەشرىياتى، 1994 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 76 - بەت.

ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن تۇپراققا دەپنە قىلىشنى رەسمىي ئادەت سۈپىتىدە يولغا قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇپراققا دەپنە قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلگەن ئادەمنى دەپنە قىلىشدىكى بىردىن ـ بىر ئۇسۇلىغا ئايلاندى. بىز بۇ ھەقتىكى پەرھىزلەرنى كېيىنكى سەھىپىلەردە مۇلاھىزە قىلىمىز.

### (4) ھەمدەپىنگە ئائىت پەرھىزلەر

ھەمدەپنە ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ دەسلەپتىلا كۆرۈلگەن ھادىسە بولۇپ، قەدىمكى نۇرغۇن مىللەتلەردە ئۆلگۈچىگە ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن نەرسىلەر، ئات ۋە باشقا ھايۋانلار ۋە ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى ھەمرا قىلىپ بىللە كۆمىدىغان ئادەت بولغان. جۈملىدىن قەدىمكى ساكلار، ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق قەۋملەردىمۇ بۇ خىل ئادەت بولغان. ھەمدەپىنىنىڭ ئىككى خىل ئاساسىي شەكلى بولغان: بىرى، ئۆلگۈچىگە ھەمدەپنە بۇيۇملىرى، ھايۋان ۋە ئادەمنى قوشۇپ بىللە كۆمۈش؛ يەنە بىرى، ئۆلگۈچىگە ھەمدەپنە بۇيۇملىرى، ھايۋان ۋە ئادەمنى قوشۇپ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپرەك كۆرۈلىدىغىنى بىللە يەرگە كۆمۈش بولۇپ، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئىدىيە ئاساسى ئۆلگۈچى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى ئەشۇ ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىدۇ، ھەمدەپنە قىلىنغان كىشىلەر ئۇلارغا خىزمەت قىلىدۇ، دېگەن قاراشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئارىسىدا ھەمدەپنە قىلىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «تارىخىي خاتىرىلەر» قاتارلىق خەنزۇچە مەنبەلەردە ۋە ئەرەب ـ ئىسلام مەنبەلىرىدە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بۇنداق ئادىتىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بار. بۇ ئادەت ھەتتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن: «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 221 ـ جىلدىدا شۇنداق خاتىرىلەنگەن: "ئۇيغۇر بىلگە قاغان ئۆلدى. ... ئۇيغۇرلار نىڭگو مەلىكىنى ئۇنىڭ بىلەن ھەمدەپنە قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ئېيتتىكى: 'ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، جۇڭگولۇق قىزنى خوتۇنلۇققا ئالغان. ئەگەر ئۆزلىرىنىڭلارنىڭ ئادىتىڭلار بويىچە ئىش قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن تۈمەن چاقىرىم يىراق يەردىن خوتۇن ئالغانتىڭلار؟'. شۇنىڭ بىلەن ئۇ (بىلگە قاغان ئۈچۈن) يۈزلىرىنى تىلىپ يىغلاپ ماتەم تۇتتى."[①]

---

[①] فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مو گۇاڭۋېنلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، خەنزۇچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردىمۇ، جەسەتكە تۇرلۇك لازىمەتلىكلەرنى قوشۇپ كۆيدۈرگەن. ئۇيغۇرلار تارىختا ئىشلىتىپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم ھەمدەپنە بويۇمى ئاتتۇر. ئات قەدىمكى ساكلار، ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە قوياش ئىلاھىغا قۇربانلىق قىلىشقا ئەڭ يارايدىغان ھايۋان بولۇپ، ئۇ يەنە چەۋەندازلار ئۆلسە تىرىك دەپنە قىلىدىغان ۋە شۇ دەۋرلەردىكى ئىشەنچتە چەۋەندازلارنىڭ روھى ئۇ دۇنيادا مىنىدىغان نەرسىدۇر. رايونىمىزدىن چىققان ئادەم جەسىتىگە يانداشتۇرۇپ بىللە كۆمۈلگەن ئات جەسىتى بۇ قاراشنىڭ ئېنىق دەلىلىدۇر. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ھەمدەپنە قىلىش ئادىتى قەتئىي چەكلەندى. ئادەم ياكى ھايۋانغا تۈگۈل، ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ قەبرىگە كۆمۈلىشى قاتتىق پەرھىز قىلىندى. قەبرىدە جەسەت ۋە ئۇ يۆگەلگەن كېپەندىن باشقا ھېچنەرسە قالدۇرۇلمىدى.

بۇ يەردە قىستۇرۇپ بىر مەسىلە بىر قانچە جەسەتنى بىر يەرگە دەپنە قىلىش ئادىتىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇپ دەپنە قىلىش ئادىتىدە مۇنداق بىر قانچە ئەھۋال بار: يەنى بىرقانچە جەسەتنى بىرلا ۋاقىتتا بىر گۆرگە كۆمۈش، بىر گۆرگە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىرقانچە جەسەتنى كۆمۈش، ئەر بىلەن ئايالنى، ياش بىلەن قېرىنى بىرگە كۆمۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلىشلار ئارقىلىق تېپىلغان قەبرىلەردىن خوتەن لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى، خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى چاۋۇرغول قەبرىستانلىقى، بۈگۈر تەۋەسىدىكى چىمباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى، ئۈرۈمچى نەنسەن كان رايونى تەۋەسىدىكى ئاراغول قەدىمىي قەبرىستانلىقى، بارىكۆل رايونى تەۋەسىدىكى نەنۋەن قەدىمىي قەبرىستانلىقى، قۇمۇلدىكى يانبۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى، ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيىسىدىكى بوز دۆڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقى ۋە ئالتايدىكى قىرىمچى قەدىمىي قەبرىستانلىقى قاتارلىق سەككىز قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان قەبرىلەرگە ئىككىدىن تارتىپ نەچچە ئونغىچە جەسەت كۆمۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەر، ئاياللار، چوڭلار ۋە باللار بار. بۇ جەسەتلەر بىرلا قېتىمدا ياكى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆمۈلگەن. بىر قېتىمدا كۆمۈلگەن جەسەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى ھەمدەپنە دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىللە دەپنە قىلىش ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرىدە تازا ئەۋج ئالغان دەپنە شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى

11 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 2 ـ قىسىم، 34 ـ بەت.

ھەرگىزمۇ ماتېرىيال ياكى  يەرنىڭ قىسلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى خۇددى مورگان ئېيتقاندەك، "ئومومەن قانداش ۋە ئۇرۇق - تۇغقان بۇلغۇچىلانىڭ جەسىدىمۇ مەڭگۈ ئايرىلماسلىقى كېرەك." دېگەن قاراش سەۋەبىدىندۇر. شۇڭا ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىللە دەپنە قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرىسىدا مەلوم قانداشلىق ياكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار. ئۇلار ياكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يېقىن كىشىلەر ياكى بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جەسەتلىرى بىللە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەردۇر. بۇ خىل ئەنئەنە ئۇيغۇرلاردا ھازىرغا قەدەر داۋام قىلماقتا. بۇنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار: بىرى، "جەمەت قەبرىستانلىقى" بەرپا قىلىش ئارقىلىق يېقىن - ئۇرۇق تۇغقانلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم قەبرىلىرىنى بىر دائىرىگە ياساش؛ يەنە بىرى، بىر قەبرە ئىچىگە بىر قانچە ئادەمنى ئىلگىرى - ئاخىر دەپنە قىلىشتىن ئىبارەت. كېيىنكى ئەھۋالدا ئەگەر ئەسلىدىكى قەبرە يەر ئاستىغا قېزىلغان بولسا، بۇنداق لەھەتكە قايتىدىن جەسەت كۆمۈلمەيدۇ. ئەگەر يەر ئۈستىگە ياسالغان "شام گۆر" بولسا، ئۇنىڭ ئىچىگە كېيىن باشقا جەسەتنى كۆمۈشكە بولىدۇ. بۇ ئىش ئىسلام دىنىدىمۇ چەكلەنمىگەن. بىراق چەكلىنىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، ئەگەر دەسلەپتە كۆمۈلگەن جەسەت ئەر بولسا، كېيىن ئۇ گۆرگە پەقەت  ئەرلەرنىلا كۆمۈشكە بولىدۇ. دەسلەپكى جەسەت ئايال بولسا، ئۇنىڭ قەبرىسىگە كېيىن ۋاپات بولغان ئاياللارلا قويۇلىدۇ. ئايال جەسەت ياتقان يەرلىككە كېيىن ئۆلگەن ئەرنىڭ جەسىدىنى، ياكى ئەر جەسەت ياتقان يەرگە كېيىن ئۆلگەن ئايالنىڭ جەسىدىنى كۆمۈش پەرھىز قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ بولغان "نامەھرەم" مەسلىسىگە خىلاپ بولىدۇ. يەنە ناۋادا ئىككى ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ بىر جىنىستىن ياكى يات جىنىستىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى بىرلا گۆرگە كۆممەيدۇ. بۇ گۆرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقانلىقلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆلگەن كىشىگە ھۆرمەت قىلمىغانلىق دەپ قارىلىدۇ.

يۇقىرىقى دەپنە ئۇسۇللىرىدىن سىرت، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۆز شارائىتىغا يارىشا مېيىتنى مومىيالاش بىلەن دەپنە قىلىدىغان ئادەتنى يولغا قويغان. ئەمىلىيەتتە بۇ مىسىر فىرئەۋنلىرىنى مومىيالىغانغا دېگۈدەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. كىرورەندىن تېپىلغان دۇنياغا مەشھور "كىرورەن گۈزىلى" ئاتلىق ئايال جەسەنىڭ بەدىنىگە چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان يەرلىك "مومىيا" سۈرۈتىلگەندىن كېيىن ئاندىن تۇپراققا دەپنە قىلىنغانلىقى ئارخېئولوگىيە تارماقلىرى تەرىپىدىن تەخمىن قىلىنماقتا.

## (5) ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەپنىگە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ جەسەتنى تۇپراققا دەپنە قىلىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئىسلامىيەت قائىدىسىگە ماسلاشقان تۇپراققا دەپنە قىلىش بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە ئومۇملىشىغا ئەگىشىپ ئومۇملاشتى. ئىسلام دىنىدىكى تۇپ قاراشنىڭ بىرى "ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، شۇڭا ئۇ تۇپراققا قايتىدۇ" دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، تۇپراققا دەپنە قىلىشنىڭ مۇرەككەپ جەريانى بولىدۇ. بۇ يەردە شۇ ھەقتىكى پەرھىزلەرنىلا مۇھاكىمە قىلىمىز.

دەپنە ئورنى جەھەتتە، ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى قەبرىستانلىق ۋە مازار بەرپا قىلىپ جەسەت كۆمۈپ كەلگەن. قەبرىستانلىقلار يەنە كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، قانداشلىق ـ جەمەتچىلىك مۇناسىۋىتى، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى قاتارلىقلارغا قاراپ جامائەت قەبرىستانلىقى، قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى (بۇ نام يېقىنقى دەۋرلەردە پەيدا بولدى. بۇ "شېھىتلىك" كە باراۋەر كېلىدۇ.)، جەمەت قەبرىستانلىقى ۋە مازار قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مازار ئالاھىدىرەك قەبىتستانلىق بولۇپ، ئۇ ئۆتكەن دەۋرلەردە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەرنىڭ، "ئەۋلىيالىق" ماقامىغا يەتكەن پىر ـ ئۇستازلارنىڭ قەبرىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا مەيدانغا كەلگەن قەبرىلەر توپىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار قەبرىستاننى ياخشى، قورغاق يەردىن تاللايدۇ. نەم، سۇ چىقىپ كېتىدىغان، زەي يەرلەرنى قەبرىستانلىق قىلمايدۇ. بۇ ئەمەلىي مەقسەتدارلىققا ئىگە چەكلىمىدۇر. ئۇندىن باشقا مەلۇم ئەقىدە ئارىلاشقان پەرھىزلەردىن مال قوتىنى قىلىنغان جايلاردا، جەڭ بولغان جايلاردا، ئېتىز ـ تېرىلغۇ يەر بېشىغا، ئۆينىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىغا قەبرىستان بەرپا قىلماسلىق قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇر قەبرىلىرى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، يەر ئۈستىگە قۇپۇرۇلىدىغان شام گۆرلەر، گۈمبەزلەر ئاددى ھالدىكى قەبرە ئەسلەتمىلىرىلا ئەمەس، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەلقىنىڭ گۈزەللىك زوۋقى ئارىلاشقان مەدەنىيەت مەھسۇلىدۇر. ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى ئايرىم ۋاقىتلاردا جەسەتنى ئېگىز مۇنارلارغا، بۇتخانىلارغا دەپنە قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆلگۈچى ئۈچۈن قەبرە قاتۇرۇش ئەنئەنىسى شەكىللىنىپ، ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنىدا ئۆلگۈچى ئۈچۈن ئالاھىدە قەبرە قاتۇرۇش ياخشى ئىش سانالمايدۇ. بولۇپمۇ يەردىن بىر ـ ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتىكى توپا دۆۋىسىدىن ھالقىغان شام گۆرلەر، گۈمبەزلەر، قەبرە

تاختىلىرى ئىسلامدا چەكلەنگەن نەرسىلەر بولۇپ، بۇ چەكلىمىلەر مەلۇم دائىرىلەردە ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئەمما بەزى كىشىلەر بۇنداق چەكلىمىلەرگە قارىماي ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا قەبرە قاتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، دىيارىمىزدىن تېپىلغان قەدىمىي قەبرىستانلىقلار ئىچىدىكى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قاتۇرۇلغان ھەيۋەتلىك قەبرىلەر بار. ئىسلام دىنىدا ئادەم كۆمۈلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يەردىن ئېگىزرەك توپا دۆۋىلەپ قويۇش تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر يۇقرالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قەبرىسى دېگۈدەك ئەشۇ قىياپەتتە ياسالغان. خەلق نەزىرىدە، لەھەت ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن توپىنى شامال ئۇچۇرتۇپ تۈرسا، ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھى يەڭگىللەر ئىكەن. ئۇيغۇرلار قەبرىلەر كونىراپ كەتسە ئاساسەن رېمونت قىلمايدۇ. ئەگەر قەبرە بۇزۇلۇپ ئېچىلىپ قالغۇدەك بولسا ئاندىن ئېچىلىپ قالغان يېرىنىلا تۈزەپ قويىدۇ. ئەمما نۆۋەتتە قەبرە رېمونت قىلىش ۋە ياخشىلاش ئىشلىرى كۆنسايىن كۆپىيىپ بارماقتا. كىشىلەر يەنە ئۆلگەنلەرگە قىلغان دۇئاسىنىڭ قەبرىگە ئۇدۇل يېتىپ بېرىش ئۈچۈن قەبرە ئەتراپىغا تام قوپۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەمما قەبرە قاتۇرۇش — قاتۇرماسلىق، ئەتراپىنى توسۇش ۋە توسماسلىق نوقۇل ئەقىدىگىلا چېتىلىدىغان ئىش بولۇپ كەتكەنمۇ ئەمەس.

ئۇيغۇرلار قەبرىلەرنى ئۇلۇغ يەر دەپ قاراپ ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ. بۇنداق ھۆرمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى ئىپادىلىرىدىن بىرى مازار ئېتىقادچىلىقىدۇر. شۇنداقتىمۇ ئاددىي خەلق قەبرىستانىنى مەخسۇس تاۋاپ قىلىدىغان ئىشنى قىلمىسىمۇ، ئەمما قەبرىستان ۋە ئۇ يەردە ياتقان ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن بىر قاتار ئىشلاردىن پەرھىز تۇتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قەبرە بېشىغا گۈل — گىياھ تىكىپ ئۆستۈرگەندىن تاشقىرى، بۇ يەردە ئۆزلىكىدىن ئۈنۈپ قالغان گىياھلارنى كېسىشتىن، ئوتۇن — چاۋارلارنى ئىشلىتىشتىن، ئوت — چۆپلىرىنى ماللارغا يېگۈزۈشتىن، قەبرىستاندا مال — چارۋا بېقىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قىلسا ئۆلگەنلەرگە ھاقارەت بولۇپلا قالماستىن، قەبرىستاننىڭ ئوتۇن — گىياھلىرىدا جىن بار دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئىشلەتمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەتنىڭ بىرى قەبرىستاننىڭ توپىسىنى ئىشلىتىشتىن پەرھىز قىلىشتۇر. ئۇيغۇرلار مازار ۋە قەبرىستانلىق يېنىدىن ئەگەر ئات — ئېشەكلىك ئۆتۈپ قالسا، چۈشۈپ دۇئا قىلىدۇ. ئات — ئېشەك ئۈستىدىلا دۇئا قىلىپ ئۆتۈش، دۇئا قىلماي ئۆتۈپ كېتىش، قەبرىستان يېنىدىن ئۆتكەندە يەرگە تۈكۈرۈش ياكى قەبرىستان ئىچىگە تۈكۈرۈش، قەبرىستان ئىچىدە

ياكى قەبرىستانغا قاراپ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەردىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. چوڭ كىشىلەر قەبرىستانغا قولنى ئۇزاتمايدۇ. كىچىك باللارغا قەبرىستانغا قول ئۇزۇتۇش ئۆلگەنلەرنى ھاقارەتلىگەنلىك بولىدۇ، شۇنداق بولسا قۇلى قۇرۇپ قالىدۇ، دەپ تەربىيە ئىشلەيدۇ. ئەگەر بىلىپ ـ بىلمەي قولنى ئۇزۇتۇپ قالسا، ئەشۇ گۇناھى ئۈچۈن قولنى قاتتىق چىشلەپ ياكى تۈكۈرۈپ، ئاندىن قولنى قاتتىق دەسسەش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار قەبرىستان ئىچىگە كىرگەندە قەبرىلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن، قەبرىلەرنىڭ ئارىسىغا تولا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈشتىن، قەبرىنى ئايلىنىشتىن (قەبرىنى ئايلىنىش مەقسەدلىك بولسا، ئۇ تاۋاپ قىلىشقا ئوخشاپ قالىدۇ ـ د، بۇ قەبرىگە چوقۇنۇش بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپتۇر.)، قەبرە ئىچىگە كىرىشتىن، قەبرىگە يۆلىنىش ۋە قەبرە ئۈستىگە بىرەر نەرسە قويۇشتىن، قەبرىستاندا تاماق يېيىش ۋە بىھۇدە سۆزلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئوچۇق (ئۆزى ئىچىلىپ قالغان ياكى جەسەت كۆمۈلمىگەن) گۆرگە قارىسا، قەبرە بېشىغا تىكىلگەن خاتىرە تاشلىرىدىكى خەتلەرنى ئوقۇسا ئۇنۇتقاق بولۇپ قالىدۇ دەپ جورۇپ، بۇنداق ئىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. ئېھتىمال، ئوچۇق ياكى قۇرۇق لەھەتكە قارىسا، خاتىرە تاشلاردىكى خەتلەرنى ئوقۇسا، ئوچۇق قەبرە ياكى خاتىرە تاش قارىغۇچىنىڭ ياكى ئوقۇغۇچىنىڭ روھىنى تارتىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇر تۇرتكىسىدە بۇنداق پەرھىزلەر شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئادەمنىڭ روھى بىلەن ئەس ـ يادى ( ئەقلىي قۇۋۋىتى) دائىم بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدىغان ئۇقۇملاردۇر. ئۇيغۇرلاردا يەنە قەبرىستانلىققا كىرىشتە پاك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا قەبرىستانغا ناپاك ھالەتتە كىرىش پەرھىز قىلىنىدۇ. مۇناسىپ ھالدا قەبرىستاندا ناشايان ئىشلارنى قىلىشمۇ قاتتىق چەكلەنگەن ئىشلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانى بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسىنىڭ ياكى قەبرىستانلىقنىڭ بىر يەردە بولۇشى ئىنتايىن يامان كۆرۈلىدىغان ئەھۋالدۇر. مۇسۇ سەۋەبتىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرىستانلىقى بىلەن باشقا مىللەت (بولۇپمۇ مۇسۇلمان بولمىغان مىللەت) نىڭ قەبرىستانى ئارىلىقىدا خېلى يىراق مۇساپە بار. شۇنداق ئادەت تەسىرىدە، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا ھەرقانداق سەۋەب بىلەن كىرىشنى چەكلەيدۇ ۋە بۇنداق قىلىشنى دىنىي ئەقىدىگە خىلاپ دەپ قارايدۇ.

قىسقىسى، قەبرىگە ئائىت پەرھىزلەر ياكى ئىسلام دىنى ئەقىدىسىگە ياكى خۇراپىي قاراشلارغا ۋە ياكى ئىنسانىي ھۆرمەت، مېھر ـ مۇھەببەت تۇيغۇلىرىغا باغلىق بولغان ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار كېپەنلەنگەن تاۋۇتنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ماڭىدۇ. تاۋۇتقا ئەگىشىپ ماڭغۇچىلار ئادەتتە ئەرلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. دەپنە مۇراسىمغا ئاياللارنىڭ قاتنىششى چەكلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مېڭىشى چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ مەكروھ ئىشتۇر. ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ نارسىدە قىزلىرى بار بولۇپ قالسا، ئۇلار تاۋۇت ئالدىدا يىغلاپ مېڭىپ، پۈتۈن دەپنە پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تاۋۇتنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ باراردا ئىمكان قەدەر پىيادە ئېلىپ بارىدۇ. ئارىلىق بەك يىراق بولغاندىلا ئاندىن ماشىنا ياكى هارۋا بىلەن ئېلىپ بارىدۇ. تاۋۇتنى ئەرلەر نۆۋەت بىلەن كۆتۈرىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئەرلەرنىڭ تاۋۇت كۆتىرىشى ياخشى ئىش دەپ قارالغاچقا، ئەرلەر تاۋۇت كۆتۈرگەندە تالىشىپ كۆتۈرۈپ، پات ـ پات يەڭگۈشلىشىدۇ. تاۋۇتنى يولدا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، يول ياقىسىدا ئولتۇرغانلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تاكى تاۋۇت ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر ئولتۇرمايدۇ ۋە ئۆلگۈچىگە دۇئا قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تاۋۇتنى ئېلىپ ماڭغاندا، تاۋۇتنى ئېلىپ ماڭغۇچى ياكى ئەگىشىپ ماڭغۇچىلار تاۋۇتنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەتسە، شۇ كىشلەرنىڭ ئاخىرەتتە نامى ئەئمالى سول تەرەپتىن كېلىپ قالىدۇ دەپ قاراپ، شۇنداق ئىشتىن چەكلىنىدىغان، مېيىتنى ئېلىپ ماڭغاندا ياكى مېيىت نامىزى ئوقۇلىۋاتقاندا قىزلارنىڭ تاۋۇت ئالدىدىن ئۆتۈشى چەكلىنىدىغان ئەھۋاللار بار. ئەمەلىيەتتە، ئەرلەرنىڭ تاۋۇت ئالدىدا مېڭىشى ئىسلام دىنىدا چەكلەنمىگەن ئىشتۇر. بىراق ئايال جىنسنىڭ تاۋۇتقا ئەگىششى ۋە تاۋۇت ئالدىدىن ئۆتۈشى مەكروھ سانالغان. مۇشۇ قاراشنىڭ ئەكسىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر ئادەت خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا. يەنى، تۇغۇم ئادەتلىرىدە ھامىلدار ئايال ئۆلۈم بولغاندا مېيىتنى ئېلىپ ماڭغان تاۋۇتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋەتسە، قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ ئايىقى تېز چىقىپ، بالدۇر ماڭىدۇ دەپ قاراپ شۇنداق قىلىۋېتىدىغان ئەھۋال يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قىسمەن ساقلانغان. بۇ قورساقتىكى بالىنىڭ تاۋۇتتىكى مېيىتنىڭ مېڭىش ئىقتىدارىغا ۋارىسلىق قىلىشى تەسەۋۋۇر قىلىنغان بىر قاراش بولسا كېرەك. تاۋۇت كۆتۈرگۈچىلەر تاۋۇتنى ئۆيدىن ئەپچىقىپ ئۇدۇل قەبرىستانلىققا ئېلىپ بارمايدۇ، بەلكى مەسچىت

ياكى بىرەر پارچە ئېتىزلىقتا، كەڭ سەيناغا توختىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە جىنازە نامىزى ئوقۇلىدۇ. جىنازە نامىزى قىسقىلا ئوقۇلۇپ، جامائەت مېيىتكە رازىلىق بېرىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇيغۇرلار جىنازە نامىزىغا ۋە دەپنە مۇراسىمىغا ئادەمنىڭ كۆپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادەم كۆپ يىغىلسا "ناماز تاپتى" دەپ خۇشھال بولۇشىدۇ. ئادەم ئاز كەلسە بۇنداق ئەھۋالنى ئۆلگۈچىنىڭ دىيانىتى، ئەخلاقى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتىگە تاقاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئومۇمەن، ھەرقانداق ئادەم ئۆلۈمگە ئادەملەرنىڭ ئاز ئىشتىراك قىلىشىدىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق پەرھىز ئادىتى ئىسلام ئەقىدىسىدىن كەلگەن. بىر قانچە ھەدىستە جىنازە نامىزىغا ۋە دەپنە مۇراسىمىغا ئادەملەرنىڭ كۆپ كېلىشىنىڭ ئۆلگۈچىگە بولىدىغان خاسىيىتى سۆزلەنگەن. مەسىلەن، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: "ئىبنى ئابباس مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ' بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاغا شېرىك كەلتۈرمىگەن قىرىق مۆئمىن ئۇنىڭ جىنازە نامىزىغا قاتناشسا، ئۇنداقتا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۆلگۈچى ھەققىدە ئېيتقان ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ."[①]

تاۋۇت قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، قەبرە ئالدىدا تاۋۇت توختىتىلىپ، دىنىي ئىلىم ساھىبلىرى قىرائەت ۋە دۇئا قىلغاندىن كېيىن، مېيىتنى يەرلىككە قويىدۇ. يەرلىككە ئېلىپ كىرىشتە مېيىتنىڭ پۇتى تەرىپىدىن ئېلىپ كىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى خەلق "ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئازراق بولسىمۇ قوياش نۇرىنى كۆپرەك كۆرىۋالسۇن." دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يەرلىككە قويغاندا مېيىتنىڭ بېشىنى شىمالغا، پۇتىنى جەنۇپقا قارىتىپ، يۈزىنى بولسا قىبلە تەرەپكە بۇراپ قويىدۇ. مېيىت قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت ئەر بولسا، كېپەننىڭ يۈز قىسمىنى قايرىپ ئېچىپ قويىدۇ. مېيىت ئايال بولسا يۈزىنى ئاچمايدۇ. چۈنكى يەرلىككە قويغۇچىلار ئەرلەر بولغاچقا، جەسەتنىڭ چىرايىنى كۆرۈش نامەھرەمدۇر، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۆر ئېغىزىنى خىش ـ كېسەكلەر بىلەن ئەتكەندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى ياكى بىۋاستە ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يەتتە كەتمەن توپا تاشلاپ يېرىم ھالەتتە كۆمىدۇ. ئۆلگۈچىگە قانداش بولمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ يەتتە كەتمەن توپىنى تاشلىشى پەرھىز قىلىنىدۇ. مەيلى گۆركارلار بولسۇن ياكى مېيىتنى يەرلىككە قويغۇچىلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىرەر نەرسىسىنىڭ گۆر ئىچىدە قېلىپ قېلىشىدىن

---

① [سۈرىيە] ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبىن شەرەف ئەننەۋەۋىي: «رىيازۇسسالىھىين» («ياخشى كىشىلەر باغچىسى»)، لىۋان، بېيرۇت، دارۇل كۇتۇبۇل ئىلمىييە (ئىلمىي كىتابلار نەشرىياتى)، مىلادىي 1972 ـ يىلى، ھىجرىيە 1402 ـ يىلى نەشرى، ئەرەبچە، 397 ـ بەت.

قاتتىق ھەزەر قىلىدۇ. چۈنكى خەلق ئىشەنچىسىدە گۆر ئىچىدە قىلىپ قالغان نەرسە ئۆز ئىگىسىنى تارتىپ كېتەر ئىمىش. بۇ قەدىمگە تاقىشىدىغان خۇراپىي قاراش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيە مەنبەسى ئادەم بىلەن ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرى ئۇتتۇرىسىدا تەسىر مۇناسىۋىتى بار دەپ قاراشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار مېيىتنىڭ كېپەننى چىشلىۋېلىشى، پۇتىنىڭ مىنگىشىپ قېلىشى ۋە قولىنىڭ يۇمۇلۇپ قىلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇ ھايات كىشىلەرنى سۆرەپ كېتىدۇ دەپ جورۇيدۇ. ئەگەر بىرەر ئۆيدە ئىككى ـ ئۈچ ئادەم ياكى بىرەر يۇرتتا بىر قانچە ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتسە، كىشىلەر بۇنى دەسلەپتە ئۆلگەن كىشىنىڭ پۇتى مىنگىشىپ، قولى يۇمۇلۇپ قالغانلىقىدىن ياكى چىشى كېپەننى چىشلىۋالغانلىقىدىن كۆرۈپ، ئەشۇ مېيىت قويۇلغان قەبرىنى ئېچىپ ئۇنى تۈزەپ قويىدۇ. بۇ خىل ئادەت ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كەڭ تارقالغان ئىدى. ئەمما يېقىنقى مەزگىللەردە ئاساسەن يوقالدى.

مېيىت كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر قانچە ئادەم قەبرە بېشىدا قېلىپ قەبرىنى ساقلايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى قاراشلاردا مېيىتنى كۆمۈپ بولۇپلا قايتىپ كەتسە، مېيىت "يالغۇز ھېس قىلىپ" قالار ئىكەن. شۇڭا قەبرىنى بېقىپ «قۇرئان» ئوقۇپ ئىككى ـ ئۈچ كېچىنى ئۆتكۈزۈش كەڭ تارقالغان ئادەتكە ئايلانغان. ئەمما ئىسلام دىنىدا ئۆلگۈچى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان «تەلقىن» ( يەنى "لائىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دېمەك ) ۋە قىرائەتنىڭ ئۆيدە بولۇشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. دەپنە پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھەتتا خۇلۇم ـ خوشنىلىرى يەنە بىر مەزگىللىك پەرھىز ھالىتىگە ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇنداق پەرھىزلەر ماتەم شەكلىدە تاكى بىر يىلغىچە داۋاملىشىدۇ.

## 5. ماتەمگە ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلاردا بىر ئائىلىدە بىرەر ئادەم ۋاپات بولغان بولسا، ئۇ ئۆلگەندىن تارتىپ دەپنە قىلغۇچە بارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى (جۈملىدىن دېھقانچىلىق، سودا ـ تىجارەت، ھۈنەر ـ كەسىپ مەشغۇلاتى) نى توختاتقاندىن سىرت، يەنە يەتتە نەزىرىسى بېرىلمىگۈچە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەتتە كۈن ئۆتمەي تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋالغان كىشىلەرنى باشقىلار ئۆلگۈچىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىدى، دېگەندەك گەپلەر بىلەن

ئەيپلەيدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ ئەگەر زۆرۈر ئەھۋال بولمىسلا ئۈچ كۈنگىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە داخىل بولمايدۇ. قەدىمقى دەۋرلەردە بىرەر ئادەم ئۆلسە پۈتۈن ئۇرۇق ياكى قەۋم بويىچە ئىش توختىتىدىغان ئەھۋاللار بولغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىلەنمۇ بىلەنمۇ مۇناسىبەتلىك ئىشتۇر. ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا يىقىن خۇلۇم ـ خۇشنىلىرى كەم دېگەندە بىر كۈن ئىش قىلمايدىغان ئادەتنى ساقلاپ قالغان. چۈنكى ئەرلەر ئۈچۈن دەپنە مۇراسىمغا قاتنىشىش، ئاياللار ئۈچۈن ئۆلۈم كۈنىدە بولىدىغان ھازا مۇراسىمغا قاتنىشىش تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى ئىشلاپچىقىرىش ئەمگىكىدىن تۇسۇپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم مەزگىلى ۋە ماتەمدارلىق مەزگىلىنىڭ دەسلەپكى مەلوم  ۋاقىتلىرىغىچە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىبەتلەر توختىتىلىپ قويۇلىدۇ ۋە ئازايتىلىدۇ. ئومومەن، ئۆلۈم بولغاندىن تارتىپ قىرىق كۈنگىچە ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر باشقا كىشلەر بىلەن ئاكتىپ مۇناسىبەت قىلمايدۇ. بەلكى يۇقلاپ كەلگەنلەرنى كۈتىۋېلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. ماتەمدارلىق مەزگىلىدە ماتەمدارلار بارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىششتىن، ئويۇن ـ كۈلكە قىلىشتىن، ئەر ـ خۇتۇنچىلىق قىلىشتىن، توي ـ تۆكۈنلەرگە بېرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتى رايونلارغا قاراپ دېگۈدەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئەڭ كەم پەرھىز تۇتىدىغانلىرى ئۈچۈن قىرىق كۈن، كۆپ بولغاندا بىر يىل بولىدۇ. ھەتتا ئۆلگۈچىنىڭ خۇلۇم ـ خۇشنىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ نەغمە ـ ناۋا قىلىش، ئويۇن ـ كۈلكە قىلىشتىن قىرىق كۈنگىچە پەرھىز قىلىدۇ. ئەمما شۇ مەزگىللەردە باشقا بىر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش پەقەت چەكلەنمەيدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ئائىلە باشلىقى ۋاپات بولغان ئۆيدە بىر يىلغىچە توي ـ تۆكۈن مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەگەر ئەر ـ خوتۇندىن باشقا بىرەيلەن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنداقتا بۇ مۇددەتنى نىسبەتەن ئالدىغا سۈرۈشكە بولىدۇ. ئائىلە باشلىقلىرى ئەگەر قوشۇلغان بولسا، قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن داغ ـ دۇغىسىز مۇراسىم بىلەن توينى قىلىۋېتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ھايات چېغىدا بالىلىرىنىڭ توينى قىلىۋېتىشكە ئالدىرايدۇ. بۇنداق "قىيامەتلىك قەرز" نى ئاخىرەتكە ئېلىپ كېتىشتىن بەكرەك ھەزەر قىلىدۇ.

ماتەمدارلىق مەزگىلىدىكى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت جەھەتتە، ئۇيغۇرلار رېئايە قىلىپ

كېلىۋاتقان پەرھىزلەر نىسبەتەن كۆپلۈك. ئۇيغۇرلار ئۆلۈم بولغاندا ئەرلەر بېشىغا تۇماق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن پەلتو، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ، بېلىگە ئاق بەلباغ باغلاپ ماتەمدارلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئاياللارنىڭ ماتەمدارلىق كېيىنىش ئۇسۇلى بولسا بېشىغا ئاق رومال سېلىش، ئۇزۇن چاپان كېيىپ، بېلىگە ئاق باغلاش ۋە ئۆتۈك كىيىشتۇر. ماتەم كىيىملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بەدەننى تولۇق ياپىدىغان بولۇش، رەڭگى قارا ياكى ئاق بولۇش بولۇپ، بۇنىڭدا ئاق رەڭدىكى كىيىم ۋە بەلباغلار ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ماتەم مەزگىلىدە ئاق رەڭلىك كىيىم ـ كېچەك كىيىش ئەنئەنىسى قەدىمقى ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، مەزكۇر دىنلاردا ئاق ـ يورۇقلۇقنىڭ، نۇرنىڭ، قوياشنىڭ، ئىلاھىي گۈزەللىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاق رەڭ ئىپادىلەيدىغان پاكلىق تۇيغۇسى ھاياتلارنىڭ ئۆلگەنلەرگە پاك ھالەتتە تۇرۇپ قىلىدىغان ھۆرمىتىنىڭمۇ كېلىپ چىقىش ئاساسىدۇر. ھالبۇكى ئۇيغۇرلار ماتەمدارلىق مەزگىلىدە ئاق كىيىم كىيىشنى "قارىلىق تۇتۇش" دەپ ئاتايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئاق كىيىم كىيىپ تۇرۇپمۇ يەنە "قارىلىق تۇتۇش" دېيىلىدۇ؟ بىزنىڭچە، ئۆلۈم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پالاكەتتۇر، قاراڭغۇ زۇلمەتتۇر. ئۆلگۈچىنىڭ ماتەمدارلىرىنىڭ ئازابىمۇ گويا قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئوخشاش روھنى چۈشكۈنلەشتۈرگۈچى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى سەۋەبىدىن كۆڭۈللەرنى قارا قىلغۇچىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەردە "قارا" سۆزى "رەڭدار" سۆزىگە قارشى مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاچقا "قارىلىق تۇتۇش" قارا كىيىم كېيىۋېلىشنى ئەمەس، بەلكى "قارا" بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئېغىر، سۈرلۈك ، قايغۇلۇق كەيپىياتنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى قاراش ئاساسىدا، ماتەم مەزگىلىدە قىزىل، سېرىق، يېشىل دېگەندەك رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشنى بىردەك چەكلەيدۇ. بۇ ئەھۋال تاكى "قىرىق نەزىر" گە قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قىرىق كۈن ئىچىدە ئۆلگۈچىنىڭ بىۋاستە ئايال تۇغقانلىرى بېشىدىكى ئاق رومالنى، بېلىدىكى ئاق بەلباغنى، ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن چاپاننى يەشمەيدۇ. يەنە ماتەمدار ئايالنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشى، گىرىم قىلىشى (كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىشى، چاچ مىيى سۈركىشى، خىنە يېقىشى، يۈزلىرىگە پەرداز قىلىشى)، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەر تۇغقانلىرى بېشىدىكى تۇماقنى، ئاق بەلباغنى، ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن چاپان ۋە ئۆتۈكنى سېلىشى، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشى، ساقال بۇرۇتلىرىنى قىرىپ، چېچىنى ئالدۇرۇشى پەرھىز قىلىنىدۇ. قەشقەر

ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەنە ماتەمدارلار قىرىق نەزىرىسى بولغاندا بېلىدىكى ئاق بەلباغنى ۋە ئاق رومالنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن چاپان ۋە ئۆتۈكنى بىر يىلغىچە سالمايدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ماتەم ئادىتىدە مېيىت چىققان ئۆيدىكى ئۆلگۈچىنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىرىق كۈنگىچە كىيىم يەڭگۈشلەشتىن، كىر يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ماتەمدارلىق مەزگىلىدىكى پەرھىزلەر ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ، كۆپىنچە يۇرتلاردا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار قىرىق كۈنگىچە يىلىم چېپىپ چاچ تاراشتىن، زىبۇ - زىننەت تاقاشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. يەنە كۆپلىگەن جايلاردا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ تۆت ئاي ئون كۈنگىچە مەستۇرە ھالەتتە تۇرۇشى، سىرتقا چىقماسلىقى بەلگىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئۆلگۈچىنىڭ روھى دەرھال ئەرشكە چىقىپ كېتىدۇ، دەپ قارىمايدۇ. بەلكى "ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرىدە مۇقەددەس سانلار ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن مۇناسىبەتلىك. ئادەتتە ئىخلاسمەنلەرگە (مۇرىتلارغا) ئۆلگۈچىنىڭ روھى بىرىنچى ئۈچ كۈندە تەندىن ئايرىلماي ئۆيدە بولىدىغانلىقى نەسھەت قىلىنىدۇ. روھ يەتتىنچى كۈنى ئۆيدىن چىقىپ ھويلىدا بولىدۇ. قىرىق كۈن توشقاندا ئۆي بىلەن قەبرە ئارىلىقىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز قەبرىسىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ روھى يەتتىنچى ئاسمانغا چىقىپ، تەڭرى بىلەن ۋە بارلىق روھلار بىلەن بىللە ياشايدۇ."[①] مۇشۇنداق قاراش سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار ئۆلۈم بولغان ئۆيدە يەتتە كۈنگىچە چىراق ئۆچۈرمەيدۇ. بولۇپمۇ مېيىتنى يۇغان يەرنى يۇرۇتۇپ قويىدۇ. بۇ روھلارنىڭ قاراڭغۇدا تەمتىرەپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋە ياكى ئوت يامان روھنى قوغلايدۇ، دەپ قارىغانلىقتىن بولسا كېرەك. شۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان پەرھىزلىك ئادەتلەردىن مېيىت چىققان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە ياكى يەتتە كۈنگىچە يەر سۈپۈرمەسلىك، ئۆلۈم چىققان ئۆينىڭ ئەخلىتىنى يەتتە كۈنگىچە سىرتقا تۆكۈۋەتمەسلىك، يەتتە كۈنگىچە سۇ سەپمەسلىك قاتارلىقلار خېلى كەڭ تارقالغان. بۇ پەرھىزلەر ئۆلگۈچىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكنى ئىپادىلەپ سېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنلا بولماستىن، يەنە خۇددى ئادەمگە ئوخشاش تەقى - تۇرۇق، سەزگۈگە ئىگە روھنىڭ ئۆيگە تېپىلىپ كەتمەي بىمالال كىرەلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىش ئۈچۈن بولسا

[①] د . ئا . ئىسىيېۋ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سىھرىي كۈچلەر» ، «مىراس» ژۇرنىلى، 1995 - يىللىق 1 - سان. ئۇيغۇرچە، 69 - ، 70 - بەتلەر.

كېرەك. ئۇيغۇرلاردىكى نۇرغۇن نەزىر - چىراغ پائالىيەتلىرى ئەمەلىيەتتە روھقا قۇۋۋەت بېرىش، ئۇنى يۆلەش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالغان. ئىسلام دىنىدىكى تۈپ قاراشتا، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى "بەرزەخ" دېگەن يوقلۇق ھالىتىدە ساقلىنىدۇ. ئاخىرەتتە تىرىلىپ، بەدىنىگە ئىگە بولۇپ، دەپنە قىلىنغان جايدىن قوپىدۇ. روھ بولسا قەبرە ئىچىدە مەلۇم ئازاپلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما روھ ھەرگىزمۇ ئادەمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ ھەم ياردەممۇ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەر ئىسلام نەزىرىدە خۇراپاتلىق بولۇپ، نۇرغۇن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار روھنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشەنسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلماي، نورمال مۇناسىۋەت تۇيغۇسى ۋە ماتەمدارلىق كەيپىياتى بىلەنلا يۈرىدۇ. بۇ خەلق مەدىنىيىتى ئىچىدىكى زىدىيەتلىك بىر تەرەپتۇر.

ماتەمدارلىق مەزگىلىدىكى يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە، ئۇيغۇرلار يەنە قىسمەن پەرھىزلەرگىمۇ ئەمەل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بىر ئۆيدە بىرەر ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، شۇ ئۆيدە يەتتە كۈنگىچە تاماق ئېتىشتىن، قىرىق كۈنگىچە چويلىلىق تاماق (لەغمەن، چۆپ ..... دېگەندەك غىزالار) نى ئېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. دەرۋەقە، ئۆلۈم بولغان ئۆيدىكىلەر ھازا دەپنە ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، تاماق ئېتىشكە ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا خولۇم خوشنىلار ئارقا - ئارقىدىن تاماق سۇنۇپ، بىر قانچە كۈنگىچە ماتەمدار ئائىلىنى قامدايدۇ. بۇ خەلق ئارىسىدىكى ياخشى ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنىمى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ماتەمدار ئائىلىدە تاماق ئېتىشنى پەرھىز قىلىش ئەمەلىيەتتە قاتتىق چەكلىمە ئەمەس، پەقەت رېئال ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر ئادەتتۇر. قىرىق كۈنگىچە چويلىلىق تاماق ئەتمەسلىك خەلق ئىشەنچىسىدە ھەقىقى پەرھىز بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ماتەمدار ئائىلىدە چويلىلىق تاماق ئەتسە، بۇ ئۆلگۈچىنى ئۇنتۇپ قالغانلىق بولىدىكەن. بولۇپمۇ لەغمەن ئېيتىپ يىسە قىيامەت كۈنى شۇ لەغمەن سىرتماققا ئايلىنىپ يىگۈچىنىڭ بويىنىغا سېلىنار ئىكەن. بىزنىڭچە بۇ خىل قاراش ئىنتايىن بىمەنادۇر. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى لەغمەننىڭ ئۇزۇن سوزۇلىدىغان تاماق بولۇش خۇسۇسىيىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىدىغان ئۆلۈم ھەققىدىكى ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرىدۇر.

ئۇيغۇرلار ئۆلگۈچىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيغۇچى غەسساللارغا، گۆركارلارغا ۋە يېتىم - يېسىرلارغا تارقىتىپ بەرگەندىن سىرت، ئۆلگۈچىنىڭ پەرزەنتلىرى بىرەر كىيىمنى تەۋەرۈك قىلىپ ساقلاپ، قەدىرلەپ

كىيىدۇ. ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مۇنداق بىر ئادەت بار: ئۆلۈم بولغاندا مېيىتنى دەپنە قىلىشتا ئىشلەتكەن تۆمۈر ئەسۋاپلار، مەسىلەن، كەكە، پالتا، گۈرجەك...... قاتارلىقلارنى ئۈچ كۈنگىچە ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. شۇنداق قىلسا شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىلىرىمۇ، قازاغا يولۇقىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە تارقىتىپ بەرمەي، ئۈچ كۈنگىچە هويلىدا ياكى سىرتتا قويۇپ يۇلتۇز كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ پەرھىز ئادىتى دەپنىدە ئىشلەتكەن نەرسىلەر مەلۇم ئاپەت ياكى شۇملۇقنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ، دېگەن تەسىرچانلىق قارىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ مەنبەئى قەدىمكى ئىپتىدائىي تەپەككۇردىكى سېھىرگەرلىك قاراشلىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ماتەمدارلارنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى تۇتىدىغان پەرھىزلىرىنىڭ ۋاقتى ۋە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى پەرھىز تۇتقۇچى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق يېقىنلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يەنى ئۆلگۈچىگە قانچىكى يېقىن كىشىلەر تۇتىدىغان پەرھىزلەر شۇنچە كۆپ، ۋاقتىمۇ ئۇزۇن ۋە قاتتىق بولىدۇ. يىراقراق مۇناسىۋەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇتىدىغان پەرھىزلىرىنىڭ سانى ئاز، ۋاقتى قىسقا ۋە سۇسراق بولىدۇ. ماتەمدارلار تۇتىدىغان پەرھىزلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ياكى شەرتلىك پەرھىزلەرگە كىرىدۇ. بۇ پەرھىزلەر ئۆلۈمنى شەرت قىلىپ بارلىققا كېلىپ، مۇئەييەن مۇددەت داۋاملىشىپ ئاندىن بىكار بولىدۇ. مۇشۇنداق پەرھىزلەرنى يوق قىلىش پائالىيىتى دەل ماتەمدارلارنىڭ "قارىسىنى ئۆشتۈش" تىن ئىبارەت بولىدۇ.

## 6. قەبرە يوقلاشقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلار روھىغا سىغىنىش ۋە روھلارغا تېۋىنىشنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرەگاھلىرىنى زىيارەت قىلىش ۋە يوقلاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئىسلام دىنىدىن كېيىن، بۇ دىندا قەبرىنى يوقلاش ئەگەر چوقۇنۇش ئۈچۈن بولمىسا دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارالغانلىقتىن، قەبرە يوقلاش تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەلق مەدەنىيىتى تەركىبىدە ئۆگچە بىر تەرەپ بولۇپ قالدى. ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار قەبرە گاھلارنى قەرەلسىز يوقلاپ، ئاتا ـ بوۋىلار روھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندىن تاشقىرى، ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن (ئەرلەر ئۈچۈن)، پەيشەنبە ئەتىگەن ياكى شەنبە ئەتىگەندە (ئاياللار ئۈچۈن)،

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى ھېيت نامىزىدىن كېيىن قەبرە يوقلاشنى ئادەت قىلغان. بۇلار ئىچىدە كۆلىمى زور بولغان قەبرە يوقلاش پائالىيىتى "ئايەم" بولۇپ، ئۇيغۇرلار ھىجرىيە كالېندارى بويىچە سەككىزىنچى ئاي ـ بارات ئېيى (يەنە بىر ئىسمى شەئبان) نىڭ ئون بەشىنچى كېچىسىنى "ئايەم كېچىسى" دەپ ئاتايدۇ. "ئايەم" نىڭ ئەسلىسى "ئەييام" بولۇپ "كۈن، كۈنلەر" دېگەن مەنىدە. بۇيەردىكى مەنىسى "تۈنەيدىغان، قەبرە يوقلايدىغان كۈن" دېمەكتۇر. مۇشۇ كۈندە ئۇيغۇرلار ئائىلە بويىچە قەبرىستانلىققا چىقىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ تۇپراق بېشىدا يىغلىشىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتنى مۇھىم دەپ بىلگەنلىكتىن ھەرقانچە يىراق جايدىكى كىشىلەرمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرى كۆمۈلگەن قەبرىستانلىققا بېرىپ يىغا ـ زارە قىلىپ، دۇئا ـ تىلاۋەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا.

قەبرە يوقلاشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى قەبرە سۈپۈرۈشتۇر. ئۇيغۇرلار قەرەلسىز ھالدا قەبرىستانغا بېرىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسى ئەتراپىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ، سۇ چېچىپ تازىلىق قىلغاندىن سىرت، يەنە بىر يۇقىرىدا تىلغا ئالغان قەبرە يوقلايدىغان خاس كۈنلەردىمۇ قەبرىلەرنى سۈپۈرىدۇ. بۇ ئەجدادلار روھىغا قىلىنغان ھۆرمەت ۋە تەزىمنىڭ چوڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار مەيلى قەبرە يوقلاشقا بارسۇن ياكى قەبرە سۈپۈرۈشكە بارسۇن، ھامان قۇرۇق قول بارمايدۇ. ئادەتتە بىرەر ئىككى ئوچۇم گۈرۈچ، بۇغداي ئېلىۋېلىپ، ئۇنى قەبرە ئۈستىگە چاچىدۇ. بۇنى قۇشلار تېرىپ يېسە، ئۆلگۈچىگە ساۋاب بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئايەم كېچىسى ئېلىپ بېرىلىدىغان نەرسىلەر تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ھەر بىر ئائىلە كىشىلىرى پوشكال، قۇيماق، نان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ قەبرە بېشىدا يىغا ـ زارە قىلىشقاندىن كېيىن شۇ يەردىكى تىلەمچى ـ سائىللارغا، ياكى باشقىلارغا ۋاكالىتەن ئۆلگۈچى ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان موللىلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. ئاشۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ.

خەلق ئىچىدە قەبرە يوقلاش پائالىيىتىنىڭ تېخىمۇ زور كۆلەمگە سىرلىق تۈسكە ئىگە بولغان شەكلى مازارلارنى زىيارەت قىلىش بولۇپ، ھەرقايسى مازارلارنى يوقلايدىغان مۇئەييەن ۋاقىت بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خالىغان ۋاقىتتا ھەم يوقلايدۇ. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مازارلاردا ھەتتا ئايلاپ ـ يىللاپ يېتىپ ـ قوپۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان، ھاجەت تىلەيدىغان كىشىلەر بولىدۇ. بۇ مازارلاردىكى ئۆلگەنلەر

تىرىكلەرنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى باتۇرلار، شېھىتلەر، پىر ئۇستازلار بولغاچقا، خەلق ئۇلارنى ئەسلەپ يوقلاپ تۇرىدۇ. بۇ ئەجدادلار روھىغا تىۋىنىشنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى يۇقىرى شەكلىدۇر.

ئىسلام دىنىدا ئەرلەرنىڭ ۋە نارەسىدە قىزلارنىڭ چوقۇنۇشنى مەقسەد قىلماي قەبرىلەرنى يوقلىشى دۇرۇس دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئاياللارنىڭ قەبرە يوقلىشى، ئەرلەرنىڭمۇ ئەجدادقا چوقۇنۇش خاراكتېرىنى ئالغان قەبرە زىيارىتى قەتئىي چەكلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مۇشۇ خىل زىددىيەتلىك قاراش ئاساسىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللىرى قەبرە بېشىغا چىقىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەگەر يوقلاشقا توغرا كەلسە قەبرىستانلىق سىرتىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىپ قايتىدۇ. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاياللار قەبرىستانلىققا كىرسە، روھلارغا شۇ ئايال تۇغما ھالەتتە كۆرىنەر ئىكەن ۋە ئۇلار ئۇ ئايالغا قارىيالماي قالىدىكەن. بۇ قەبرە يوقلاشقا دائىر بىر پەرھىزدۇر. يەنە بىرى، تارىختىن بېرى مازار تاۋاپ قىلىش بىلەن ئۇنى تاۋاپ قىلماسلىق ئوتتۇرىسىدا نىسبەتەن كەسكىن ئىختىلاپ يۈز بېرىپ تۇردى. ئورتودوكسال ئىسلام ئەقىدىسى (ئەنئەنىۋى ئىسلام ئەقىدىسى) بويىچە ئادەمنى ئۇلۇغلاپ ئۇنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىۋېلىش، ئۆلگەنلەرگە چوڭ قەبرە ياكى قەبرىسى ئۈستىگە مەسجىد، مازار بەرپا قىلىپ تاۋاپ قىلىش ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۈزۈل - كېسىل چەكلەنگەن. شۇڭا ئورتودوكسال ئىسلام تەرەپدارلىرى دەۋرلەردىن بېرى تۈرلۈك مازارلار يېنىدا تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بۇنداق يەرگە كەلمەسلىكىنى، گۇناھكار بولماسلىقىنى تەۋسىيە قىلغان، ھەتتا نۆۋىتى كەلسە قاتتىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ تاۋاپچىلارنى قوغلاپ كەتكۈزۈۋەتكەن. ھازىر بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇد بولمىسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئېڭىدا مازارغا چوقۇنۇش ۋە تاۋاپ قىلىشنىڭ دىن ئەقىدىسىگە خىلاپ ئىكەنلىكىدەك تونۇش ئۆسۈپ، خەلق ئۆزلىرى ئەشۇنداق زىيارەت ۋە تاۋاپلاردىن ۋاز كەچمەكتە. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلەر بارغانسېرى كۈچىيىپ، قەبرە زىيارىتىدىن باشقا، مازار تاۋاپ قىلىش ئىشلىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ۋە ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ جەرياننى باشتىن كەچۈردى. ئۇيغۇر ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرىنى بىز ئىزىغا چۈشتى، دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ ئىسلام دىنىدىن كېيىنكى ئىشتۇر. بىز تۇپراققا دەپنە قىلىش ئومۇمىي يۈزلۈك يولغا قويۇلمىغان دەۋرلەردىكى پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ

ھەممىنى بىلىشكە قادىر ئەمەسمىز. ئىسلام دىنىدىن كېيىنكى ئۆلۈم ۋە دەپنە ئادەتلىرى ئىچىدە بىز بۈنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئۆلۈم ـ دەپنە ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئىلگىرىگە مەنسۇپ ئەھۋاللاردۇر. ھازىرقى ئەھۋال بولسا خۇددى يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزدە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەكتۇر. ئۆلۈم ـ يىتىم ئادەتلىرى بارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئىچىدە نىسبەتەن بىكىنمە بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلىك ھادىسىلەر ۋە قاراشلاردا كۆپ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. پەقەت شەھەرلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ـ يىتىم ئادەتلىرىدە ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەمما بۇئاساسي تەرەپ ئەمەس. ئاساسي تەرەپ بولسا يۇقىرىقى قائىدىلەر ساقلاپ قىلىنغان ھالدا، بارلىق ئۆلۈم ـ يىتىم ئادەتلىرىنىڭ ئاددىيلىققا، قولايلىق بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت.

## 15. نەزىر ـ چىراغقا ئائىت پەرھىزلەر

نەزىر ـ ئىنسانىيەت مەدىنىيىتىدە ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگەبولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى ئىلاھ، جىن ـ ئەرۋاھلار ۋە ئەجدادلار روھى قاتارلىق تەبىئەتتىن تاشقىرىي كۈچلەرگە قىلىدىغان ھەدىيە ۋە سوۋغا بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى رازى قىلىش، ئۇلاردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەش، ئۇلاردىن كېلىدىغان زىيان ـ زەخمەتنىڭ ئالدىنى ئىلىش پائالىيىتىدۇر. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە نەزىر ئۆبيېكتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغان. جۈملىدىن ئادەم، ھايۋان، باشقا ماددىي نەرسىلەر ۋە يېمەكلىكلەر ئىزچىل تۈردە نەزىر ئۈچۈن ئىشلىتىپ كېلىنگەن. دۇنيادىكى ئىبتىدائىي دىنلاردىن تارتىپ ھازىرقى زاماندىكى سۇنئىي دىنلارغىچە ھەممىسىدە نەزىر يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، نەزىر كىشىلەرنىڭ ئىلاھقاھۆرمىتى، ئىخلاسمەنلىكى، ساداقىتىنى بىلدۈرىدىغان پائالىيەتكە ئايلانغان.

ئۇيغۇرلانىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالنى كۆرەلەيمىز. ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى دەۋرلەردە ئۆزلىرى "تەڭرى" دەپ قارىغان تەبىئەت جىسىملىرىغا، روھلارغا، جىن ـ ئالۋاستىلارغا نەزىر قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر ئادىتى ھەققىدە ئىككى سۆزلەمنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ياغىش: قۇربانلىق. يەنى، ئىسلامدىن بۇرۇنقى تۈركلەرنىڭ بىرەر ئىش يۈزىسىدىن ياكى تەڭرىگە يېقىنلىقىنى بىلدۈرۈش

يۈزىسىدىن بۇتلارغا ئاتاپ سويىدىغان قۇربانلىقى."، "يوغ: نەزىر. ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ياكى يەتتە كۈنگىچە بېرىلىدىغان ئاش." "يوغلادى: نەزىر قىلدى. ئۇ ئۆلىككە نەزىر قىلدى. بۇ تۈركلەرنىڭ ئادىتىدۇر."[①] بۇنىڭدىن مۇنداق بىرقانچە مەسىلىلەرنى بىلىش مۇمكىن: بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەۋملەردە ئۆلۈككە بېرىلىدىغان نەزىر "يوغ" دەپ، تەڭرى ئۈچۈن قىلىنىدىغان نەزىر "ياغىش" دەپ پەرقلەندۈرۈلگەن. يەنە بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەۋملەردە تەڭرى ياكى بۇت ئۈچۈن قىلىنىدىغان نەزىر بويۇمنىڭ تىرىك هايۋان ئىكەنلىكى، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن بېرىلىدىغان نەزىرنىڭ بولسا ئاش ـ تاماق ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئۆلگۈچىگە ئۈچ نەزىر ۋە يەتتە نەزىر بېرىشنىڭ ناهايىتى ئۇزاق تارىخى بار ئىش ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. دەرۋەقە، هازىرقى ئۇيغۇرلاردىمۇ تەڭرى (ئاللاھ) ئۈچۈن هايۋان بوغۇزلىنىدۇ ۋە بۇ ئىسلامىي ئاتالغۇ بويىچە "قۇربانلىق" دېيىلىدۇ. ئەجدادلار ئۈچۈن بېرىلىدىغىنى ئادەتتىكى غىزا (بەزىدە هايۋانمۇ بوغۇزلىنىدۇ) دىن ئىبارەت. بۇ بىز دەۋاتقان تار مەنىدىكى "نەزىر" دۇر. جىن ـ شەيتانلار، روهناتلار ئۈچۈن بېرىلىدىغىنى "نەزىر" ياكى "قۇربانلىق" دېيىلمەيدۇ. بۇنداق نەزىرنىڭ كۆپىنچە مۇقىم ئىسمى بولمايدۇ، بەلكى ئەهۋالغا قاراپ ئوخشىمىغان سۆزلەر بىلەن ئاتىلىدۇ.

هازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكى دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلگەن: (1) ئۆلگۈچى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئۈچ نەزىر (ئۈچ كۈنلۈك نەزىر)، يەتتە نەزىر (يەتتە كۈنلۈك نەزىر)، قىرىق نەزىر (قىرىقىنچى كۈندىكى نەزىر)، يىل نەزىرىسى (ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن توشقاندا بېرىلىدىغان نەزىر). ئايرىم جايلاردا ئۆلگۈچى ئۈچۈن يۇقىرىقى نەزىرلەردىن سىرت ئېلىپ بېرىلىدىغان سىپارە (بەش نەزىر)، يىگىرمە نەزىرىسى ۋە يۈز نەزىرىسى قاتارلىقلار بار؛ (2) تەڭرى (ئاللاھ) ئۈچۈن قۇربان هېيت كۈنى بوغۇزلىنىدىغان هايۋان ۋە ئاللاھ يولىدا بېرىلىدىغان باشقا نەزىرلەر؛ (3) سۇ تىلەش، يامغۇر تىلەش ئۈچۈن قەبرىستانلاردا، كەڭ سەينالاردا ئۆتكۈزىلىدىغان "زارا خەتمە" دەپ ئاتىلىدىغان ئاممىۋى نەزىر؛ (4) سەپەر ئامانلىقى، جامائەتنىڭ هۆرمىتى يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان نەزىر؛ (5) جىن ۋە ئەرۋاھلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان "ئاۋاق ئېشى"، "ياغ پۇرۇتۇش" قاتارلىق نەزىرلەر. بۇلار ئىچىدە ئۆلگۈچى ئۈچۈن، يەنى

---

① مەهمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، III توم. 1 ـ، 195 ـ، 422 ـ بەتلەر.

ئەجدادلار روھىغا ئاتاپ بېرىلىدىغان نەزىر خەلق ئىچىدە ھەم كۆپ ھەم كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ نەزىرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق نەزىرنىڭ ۋاقتى قەرەلى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىغا قاراپ بولىدۇ. "قۇربانلىق" خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئىلاھ ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەزىر بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى قۇربانلىق ھىجرىيە يىلى بويىچە ئون ئىككىنچى ئاي (زۇلھەججە ئېيى) نىڭ ئونىنچى كۈنى، يەنى قۇربان ھېيت كۈنىدە قىلىنىش بەلگىلەنگەن مۇقىم ۋاقتى بار بولغان نەزىردۇر. زاراخەتمە ۋە سەپەر نەزىرىسى قاتارلىقلار يەنىلا تەڭرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەزىرلەر سانىلىدۇ. جىن ـ ئەرۋاھلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەزىرلەر ئىنتايىن سېستىمىسىز ۋە كىچىك دائىرىلىك، نەزىر بويۇمىمۇ كىچىك قاچىغا ئۇسۇلىدىغان ئاش ياكى ياغدىن چىققان بۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئىسلام دىنىدا جىن ـ ئەرۋاھلارغا نەزىر قىلىش كۇپرىلىق، ئۆلگۈچىگە نەزىر قىلىش بىدئەت دەپ قارالغاچقا، جىن ـ شەيتانلارغا قىلىدىغان نەزىر خەلق مەدەنىيىتىدىكى خۇراپىي تەركىبكە، ھوجۇم ئوبىكتى ۋە مەلۇم مەنىدىكى سېھىرگەرلىكنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا بۇنداق نەزىرلەر "نەزىر" مۇ دېيىلمەيدۇ. نۆۋەتتە بۇنداق نەزىرلەر جىددىي يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدىكى قىسمەن پەرھىزلىك ئادەتلىرىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

نەزىر قىلغۇچى جەھەتتە: ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مەيلى كىچىك كۆلەمدە بولسۇن، ياكى ئاممىۋى كۆلەمدە بولسۇن، قەرەللىك ۋە قەرەلسىز نەزىر ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. جۇملىدىن خاقانلار ئۆزلىرىنى تەڭرى ئوغۇللىرى دەپ ئاتىغاچقا، ئۇلار كۆك تەڭرىسى ۋە يەر ـ سۇ تەڭرىسىگە چوڭ كۆلەملىك نەزىر ۋە قۇربانلىق قىلغاندىن سىرت، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھىغىمۇ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزەتتى. بۇ ھەقتە «ۋېينامە . تېلىلار تەزكىرىسى» دە ئېنىق خاتىرىلەر بار. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا قاملار مەخسۇس نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنىمۇ بىجىرەتتى. ئۇلار دۆلەت ياكى قەبىلىدىكى ئەمچىلىك، پالچىلىق، يۇلتۇزشۇناسلىق، سېھىرگەرلىكنى قولىدا تۇتقاندىن باشقا، چوڭ ـ چوڭ نەزىر قۇربانلىق ئىشلىرىنىمۇ ئۆز قولىدا تۇتقان ئىدى. ھەرقايسى سۇنئىي دىنلارغا ئىشەنگەن دەۋرلەردە نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى كۆپىنچە شۇ دىنلارنىڭ رەھبىرى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. ئىسلام دىنىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلاردا نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ھەم دىنىي ئەرباپلار، يۇرت كاتتىلىرى بېجىرىدىغان بولدى. ئەمما ئادەتتىكى قۇربانلىق ۋە ئۆلۈم

نەزىرلىرىنى ھەر ئائىلە ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان، جىن ـ ئەرۋاھلارغا قىلىنىدىغان نەزىرنى ئاساسە ئاياللار قولىدا تۇتىدىغان بولدى. ئەرلەرنىڭ بونداق سېھرىي تۈس ئالغان پائالىيەتكە قاتنىششتىن پەرھىز قىلىشى بىزگە ئەڭ دەسلەپكى قاملار ۋە شامانلارنىڭ ئاياللار بولىدىغانىدەك بىر ئەھۋالنى ئەسلىتىدۇ.

مەيلى قايسى خىلدىكى نەزىر بولسۇن، ئۇيغۇرلار ھېيىزدار ئاياللار ۋە جۇنۇپ كىشىلەرنىڭ نەزىر ئىشلىرىغا قاتنىششىنى چەكلەيدۇ. ئايەم ئاخشىمىدىكى نەزىرىگە ھېيىزدار ئاياللار قاتناشتۇرۇلمايدۇ. ھەتتا ھامىلىدار ئاياللارنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئاممىۋى نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا قاتنىششى پەرھىز قىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئالاھىدە بىر ئەھۋال شۇكى، قۇربانلىق قىلىدىغان ھەرقانداق مالنى ئاياللارنىڭ بوغۇزلىشى پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەگەر ئېرى ياكى ئوغۇل بالىسى بولمىغان ئاياللار قۇربانلىق قىلماقچى بولسىمۇ، باشقا ئەرلەرگە قۇربانلىق قىلغۇزىدۇ. ئەلۋەتتە ئاياللار بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ گۆشىدە شەك بار دەپ قارالغان يەردە، ئۇلار بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ ئىلاھ ئۈچۈن قىلىنىدىغان نەزىرگە يارىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھەرقانداق خىلدىكى نەزىرنى قىلغاندا ئادەم تاللاپ چاقىرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئىمكانقەدەر قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال، باي ـ كەمبەغەللەرنى ئوخشاشلا چاقىرىدۇ. نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشتە ئىسلام دىنىدىكى "نەزىر ـ كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىدۇر" دېگەن ئەقىدىگە ئاساسەن، بايلار ياكى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىيالايدىغان كىشىلەرنى نەزىرىگە چاقىرسىمۇ نەزىرگە چاقىرسىمۇ بارمايدىغان، ياكى بارسىمۇ نەزىر ئېشىنى يېمەيدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار نەزىرنى جىددىي، سۈرلۈك ئىش، مۇقەددەس پائالىيەت دەپ قارىغاچقا، نەزىرىگە قاتناشقۇچىلار ئەنئەنىگە خىلاپ ھالدا قىزىل، سېرىق، يېشىل، ياكى ئالا رەڭدىكى كىيىملەرنى نەزىرگە كىيىپ بېرىشتىن، باش كىيىمى كەيمىگەن ھالدا نەزىرىگە داخىل بولۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ھەممە كىشىلەر ئىمكانقەدەر باش كىيىمنى، سىدام رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىپ بارىدۇ.

نەزىر ئۇرنى جەھەتتە: ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ قەبرىستانلىقلاردا، داللاردا، ئۆي ئىچىدە، مازارلاردا نەزىر قىلىپ كەلگەن. نەزىر ئورنى ئادەملەر بىلەن ئىلاھ، روھلار ۋە جىن ـ ئالۋىستىلار ئالاقە ئۇرنىتىدىغان جاي بولغاچقا، مۇقەددەس دەپ قارالغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن

مۇقىم نەزىر ـ چىراغ ئورۇنلىرى ئەنەشۇ يۇقىرىدىكى جايلاردۇر. ئۇيغۇرلار قانداق نەزىرگە قازان ئېسىپ، جامائەتكە ئاش بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، نەزىر ئېشى ئېتىدىغان ئوچاقنى پاكىز يەرنى كولاپ ياسايدۇ. ئادەتتە پاسكىنا جايلار (مەسىلەن، قوتان ۋە ھاجاتخانىنىڭ يېنى) غا ئوچاق سالمايدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئائىلىنىڭ ھويلىسىدا نىسبەتەن مۇقىم بولغان نەزىر ئوچىقى ياسايدىغان جاي بولىدۇ. بىر ئۆيدە ئۆلۈم بولۇپ قېلىپ، ئۆلگۈچى ئۈچۈن ئۈچ، يەتتە، قىرىق ۋە ئۈچيۈز ئاتمىش كۈنلۈك نەزىرلەر بېرىلگەندە، ھەر قېتىمدا ئىشلىتىلگەن ئوچاق شۇكۈنى چېقىۋېتىلىدۇ. كېيىنكى نەزىر ئۈچۈن، ئوچاق قايتىدىن ياسىلىدۇ. ئوچاقنى چاقماي قالدۇرۇپ قويسا، شۇ ئۆيدە يەنە باشقا كىشى ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، ئوچاقنى ساقلاپ قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئوچاق ئورنى تىندۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە شۇ ئورۇننىڭ كەلگۈسىدە ئىشلىتىلىپ قېلىشى نەزەردە تۇتۇلۇپ ۋە نەزىرنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، بۇنداق يەرلەرگە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشتىن، پاسكىنا سۇ ۋە يۇندىلارنى تۆكۈشتىن ھەزەر قىلىدۇ. قىسقىسى، بۇنداق قىلىشتىن مەقسەد نەزىر ئورنىنىڭ سۈرلۈك تۈسىنى ساقلاپ، نەزىرنىڭ كەسكىن كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

<u>نەزىر بويۇملىرى جەھەتتە</u>: نەزىر ئىلاھ، ئەرۋاھ ۋە جىن ـ ئالۋاستىلارغا ھەدىيە قىلىنىدىغان نەرسىدۇر. نەزىر دائىم نەزىر ئوبيېكتلىرى پايدىلىنىدىغان نەرسە، دەپ قارىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىلاھقا ئىخلاسمەنلىكى، ئەجدادلار روھىغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. جىن ـ ئالۋاستىلارغا نىسبەتەن نەزىر ئۇلار كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپەتلەرنىڭ قايتۇرۇلۇشىنى تەلەب قىلدىغان ھەرىكەتتە ئىشلىتىدىغان نەرسىدۇر. ئەمما ئەزەلدىن تارتىپ ئىنسانلار نەزىر بويۇملىرىنىڭ ئۆزىنى نەزىر ئوبيىكتلىرى ئىشلىتىدۇ، دەپ قارىغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىشلىتىدىغان نەرسە دەل ئەشۇ بۇيۇملارنىڭ روھى ـ ھىدى دەپ قارالغان. مەسىلەن، قۇربانلىق قىلىنغاندا ھايۋاننىڭ گۆشىنى نەزىر قىلغۇچىلار ئۆزلىرى ئىستىمال قىلىدۇ. نەزىر ئېشىنىمۇ نەزىر قىلغۇچىلار ئۆزلىرى ئىستىمال قىلىدۇ. ياغ پۇراتقاندا چۈچىگەن ياغنى كىشىلەر ئىشلىتىدۇ. بۇ يەردە ئىلاھقا يېتىدىغىنى قان، روھقا يېتىدىغىنى دۇئا ـ تىلاۋەت، ئىخلاس، بۇس ياكى ھىدتىن ئىبارەت.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئومۇمەن كىشىلەر ئۆزلىرى يەپ ئىچىدىغان گۆشلەر، ئاشلىقلار، مېۋە،

هاراق، ياغ قاتارلىقلار نەزىر بويۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ئەمما، ھەر بىر خەلق ئۆزلىرى يېمەيدىغان نەرسىلەرنى ھەرگىزمۇ نەزىر بويۇمى سۈپىتىدە ئىشلەتمىگەن. نەزىر بويۇملىرىنىڭ ئىشلىتىشىنىڭ ئۇسۇللىرى ھەرخىل بولۇپ، ئىبتىدائىي دەۋرلەردە نەزىر بۇيۇمنى ئىلاھ دەپ قارالغان دەرەخلەر، تاشلارغا ئېسىپ قويىدىغان، تاغلارنىڭ ئۆڭكۈرلىرىگە قويۇپ قويىدىغان، توتېم ھايۋانلىرىغا ھەدىيە قىلىدىغان، چەت ـ ياقا جايلاردا قويۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆلگۈچى ئۈچۈن ئاتالغان نەزىر بۇيۇملىرىنى جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈش، بىللە كۆيدۈرۈش ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇد بولغان. مۇشۇ نوقتىدىن بىز بارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنى نەزىر بويىمى دەپ قارىيالايمىز. نەزىر بۇيۇملىرى ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئىلاھقا مۇناسىبەتلىك دەپ قارالغان نەزىر بويۇمى ئادەم ۋە ھايۋاندۇر. ئادەم قۇربانلىق قىلىش (Human Sacrifice) ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئىلاھقا نەزىر قىلىدىغان ئىش بولۇپ، بۇنداق ئادەت قەدىمكى دەۋردە بەزى خەلقلەر ئارىسىدا بەك كەڭ ئەۋج ئالغان. مەسىلەن، قەدىمكى ئازتېك (ئىندىئانلارنىڭ بىر تارمىقى) قەبىلىلىرى ئۆز خۇداسىنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن، بىر قېتىمدىلا سەكسەن مىڭ تۇتقۇننى قۇربانلىق قىلغان. بۇ خىل ئادەت يەنە ئافرىقىدىكى بەزى بەدەۋىي قەبىلىلەردە، شۇنداقلا رىم تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇيغۇرلاردا ئادەم قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە بىرەر ماتېرىيالمۇ يوق. شۇڭا بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئەمما ھايۋان قۇربانلىق قىلىپ تەڭرىگە نەزىر بېرىش ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان ۋە كەڭ قوللىنىپ كەلگەن ئادەتتۇر. ئاتنى قۇربانلىق قىلىش ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەردە ئەڭ ياخشى نەزىر بولۇپ، ھايۋان بوغۇزلاپ ئىلاھنى رازى قىلىش ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دىنىي تەرىپىدىنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارغىمۇ قۇربانلىق قىلىش پەرز سۈپىتىدە يۈكلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋان قۇربانلىق قىلىش ئەنئەنىسى تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە ئادەت سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا.

نەزىر بۇيۇملىرى ھەققىدە ئۇيغۇرلاردا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار پەرھىزلىك ئادەتلەر بار. ئۇيغۇرلار قۇربان ھېيت مەزگىلىدە ئاتنى قۇربانلىق قىلمايدۇ. يەنى ئات توم تۇياقلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ گۆشنى يېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ گۆشنى يېيىش دۇرۇس دەپ قارالغان. شۇنداق بولغاچقا "تەپمە ھالال" قىلىنغان (ئەقلىي يەكۈن بىلەن ھالال دەپ

سانالغان) ئاتنى قۇربانلىق قىلىش ئاللاھ ئۈچۈن يارىمايدۇ دەپ قاراپ، ئاتنى قۇربانلىق قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار قۇربانلىققا كۆپرەك قوي، كالا ۋە تۆگە ئىشلىتىدۇ. بۇ جەھەتتە يەنە تۇغۇت يېشىغا يەتمىگەن چىشى قوي، قۇلىقى يوق قوي، ياكى قۇلىقى كېسىلىپ بەلگە سېلىنغان قوي، مۈڭگۈزى سۇنۇق قوشقار، ئىت قويرۇقلۇق قوي، ئالتە ئايغا توشمىغان ئەركەك پاقلان، ئون ئايغا توشمىغان موزاي، ئون ئايغا توشمىغان بوتىلاق (تۆگە بالىسى)، قارغۇ، ئاقساق هايۋان ۋە تۇغۇمچان ساغلىق قاتارلىقلار قۇربانلىق قىلىنىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. قوي رەڭگىنىڭ يەنە ئاق ياكى بوز بولۇشنى تەلەب قىلىنىدۇ. قارا رەڭلىك قوي قۇربانلىق قىلىشقا يارىمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئىلاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىدىغان هايۋان ئەسلىي يارىتىلىشتىكى قىياپىتىنى ساقلىغان بولۇشى، تەندۇرۇست بولۇشى زۆرۈر.

ئۇيغۇرلار قۇربان هېيتتا چامىسىنىڭ يېتىشچە قۇربانلىق قىلىدۇ. قوي، كالا قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى يەتمىگەنلەر توخۇ بوغۇزلاپ بولسىمۇ قان ئېقىتىدۇ. بۇ يەردە قۇربانلىقنىڭ ئىلاھقا يېتىدىغان قىسمى شۇ هايۋاندىن ئاققان قان بولۇپ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بازاردىن تەييار سېتىۋېلىنغان گۆش قۇربانلىق بولالمايدۇ. ئۇيغۇرلار قۇربانلىق قىلغاندا بوغۇزلىنىدىغان هايۋاننى شۇ ئائىلىدىكىلەر تۇتۇشۇپ بېرىدۇ. باشقا كىشىلەرنىڭ تۇتۇشۇپ بېرىشى پەرھىز قىلىنىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق قىلسا ساۋاپ بۆلۈنۈپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. قۇربانلىق مال بوغۇزلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سويۇپ، گۆشنى پارچىلىغاندا، سۆڭەكلىرىنى چاناپ پارچىلاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شۇڭا ھەممە كىشى دىگۈدەك گۆشنى پارچىلىغاندا سۆڭەكنى چانىماي، ئۈگىلىرىدىن ئاجرىتىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلمىسا، ئۇ مال ئاخىرەتتە تىرىلمەس ئىكەن.

ئۇيغۇرلار مەيلى قانداق نەزىر قىلسۇن، ئومۇمەن "هارام يول" بىلەن تېپىلغان مالدا نەزىر قىلىشنى چەكلەيدۇ. هارام يول بىلەن تېپىلغان مال مۈلۈك دېگىنى ئوغۇرلىغان، بۇلىغان، جازانە قىلىپ تاپقان، هارام نەرسە سېتىپ تاپقان، كىشىلەرنىڭ ھەققى ئارىلىشىپ قالغان مال ـ مۈلۈكنى ياكى پۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئىلاھقا پاك مال بىلەن نەزىر بېرىش لازىم دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار نەزىر ئېشىنى ئۇلۇغ بىلىپ ئېشىپ قالغان قىسمىنى تۆكۈۋەتمەي، ئۇنى يېتىم ـ يېسىرلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. كىشىلەرمۇ ھەم نەزىر ئېشىنى ئاشۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىدۇ. نەزىر قىلىنغان ئاشنىڭ ئوخشىماي قالغانلىقى، قانداق مال مۈلۈكتىن ئېتىلگەنلىكىگە شەك كەلتۈرمەيدۇ. خەلق ئارىسىدىكى بىر ئادەتتە، ئۆلۈم نەزىرسى بولغاندا شۇ ئائىلىدىكى

چوڭلاردىن بىرەيلەن نەزىر ئېشىنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ھەرقانداق كىشىنىڭ نەزىر بېرىش باھانىسىدە مال بوغۇزلىشىنى يامان كۆرىدۇ. نەزىرنىڭ خالىس (غەرەزسىز، تەڭرى ئۈچۈنلا بولماقلىق) بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار نەزىرگە ئىشلىتىدىغان بويۇملارغا كەلگەندە كۆپ بىخىللىق قىلمايدۇ. بۇندىن باشقا يەنە نەزىرگە ياكى قۇربانلىققا ئاتالغان نەرسىلەرنى، چارۋا مالنى ساتمايدۇ، باشقىلارغا بېرۋەتمەيدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ قالغىدەك بولسا، دەرھال باشقىنى يەڭگۈشلەپ قوربانلىققا ئاتايدۇ. مەلۇم مالنى قوربانلىققا ئاتاپ بېقىش قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ بار ئىش بولۇپ، بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەريي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە مۇنداق مەلۇمات قالدۇرغان: "ئىزۇق: قۇتلۇق ۋە مۇبارەك نەرسە، ئىرىملىك نەرسە. ئۇ ئۆ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن مال 'ئىزۇق' دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ، ئۇنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭى قىرقىلمايدۇ. ئىگىسى ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئاتاپ ساقلايدۇ."[①] بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان "مەلوم نەرسە" تەبىئىيكى ئىلاھىي مەقسەدلەر ئۈچۈن قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار تەڭرى ياكى ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۈچۈن بولمىغان ھەرقانداق نەزىرگە شەك بىلەن قارايدۇ. بۇ يەردە دېمەكچى بولغان مەنا ـ كىشىلەر غەيرى مەقسەدلەر بىلەن نەزىر قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئۆلگۈچى ئۈچۈن قىلىنىدىغان بىر قانچە نەزىرنى قىلىشتا، ناۋادا ۋاپات بولغان ئادەمنىڭ كۆپ بالىسى بولسا، شۇ بالىلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆيىدە ئايرىم ـ ئايرىم نەزىر ئۆتكۈزۈش ياخشى ھېسابلانمايدۇ. پەقەت ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىلا نەزىر قىلىش دۇرۇس بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئاللاھ يولىدا قىلىنىدىغان نەزىر ۋە قۇربانلىق مۇستەقىل ئائىلىسى بارلىكى كىشى قىلىدىغان ئىش بولۇپ، بۇنىڭ كۆلىمى چوڭراق بولىدۇ. نەزىر كۈنىدە ئەرلەر ئەتىگەندە توپ ـ توپ بولۇپ نەزىر ئۆتكۈزۈلگەن ئۆيگە كېلىپ نەزىر ئېشى يەپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قايتىدۇ. ئەرلەر پۈتۈنلەي ئۇزىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئاياللار كۈتۈلىدۇ. نەزىر پائالىيىتىدە جىنس، يوسۇن، ئەدەپ ـ ئەخلاق، دىن ئەقىدىسى جەھەتتىكى تەرتىپلەر ۋە كەيپىيات ئادەتتىكىگە قارىغاندا بىر قانچە دەرىجە يۇكسىلىدۇ. بۇ خەلقنىڭ نەزىرگە ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر ـ چىراغ پائالىيىتىدىكى پەرھىزلىك ئادەتلەر بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك ئانچە

---

[①] مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، I توم 89ـ بەت.

كۆپ ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر ـ چىراق ئادىتىنى ئىسلامىيەتنى چەك ـ چېگرا قىلىپ تۇرۇپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ چوقۇنغان ئىلاھلىرى، مۇقەددەس بىلگەن شەيئى، نەرسىلەر كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن نەزىرلەرمۇ كۆپ بولغان. ئەمما ئەشۇ "ئىلاھ" لارنىڭ ئۇنتۇلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان نەزىرلەرمۇ يوقۇلىشقا يۈزلەندى ۋە يوقالماقتا. ئۆلگۈچىگە نەزىر بېرىش ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان ئىش بولمىسىمۇ بىراق، ئۇيغۇرلار ئىلگىرىكى ئۆلگۈچىلەرگە نەزىر بېرىدىغان ئەنئەنىلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى. يېقىنقى مەزگىللەردە تونۇشىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلگۈچى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەزىرنى قوللىمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن نەزىرىگە بولغان پوزىتسىيە سۇسلىشىپ، كىشىلەر ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، چىڭ تۇرمايدىغان يۈزلىنىش شەكىللىنىپ قالدى. بۇ دەۋر ئۆزگىرىشىنىڭ نەزىر چىراق ئىشلىرىغا ئېلىپ كەلگەن چوڭقۇر تەسىرىدۇر. شۇنداق بولغاچقا بىز بۇ ساھەدىكى پەرھىزلىك ئادەتلەرنى كۆپرەك توپلاشقا قادىر بوللالمىدۇق. نەزىر ـ چىراق ئۆزى ئىلاھ ۋە روھلارغا بېرىلىدىغان ھەدىيە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە مەلۇم دەرىجىدە يامانلىقتىن ساقلىنىش، شۇملۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئۇنى تۈگىتىش رولىغا ئىگە. بۇ جەھەتتە ئۇ ساپ پاسسىپ ھالەتتىكى ئىشەنچ ۋە پائالىيەتلا ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ ھالدىكى ھەرىكەت (تەڭرىنى روھنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن بولغان يامانلىقتىن ساقلىنىش ھەركىتى) تۇر. شۇڭا نەزىر ـ چىراغلارنى مەلۇم دەرىجىدە پەرھىزلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يامانلىقنى تۈگىتىش ياكى يامان ئاقىۋەتنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۇسۇل دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

# 3. بۆلۈم: تەبىئەت ئەشيالىرى ۋە ھادىسىلىرىگە ئائىت پەرھىزلەر

تېگى ـ تەھتىدىن ئېيىتقاندا، پەرھىز ـ ئادەملەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى چەكلىشى ياكى ئۆزىدىكى بىنورمال ئالامەتلەرگە تۇتىدىغان ھەزەر قىلىش پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتىدۇر. شۇ مەنىدىن ئېيىتقاندا، ھەرقانداق پەرھىز ئادەملەرنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىبەتلىك بولىدۇ. ئەمما بۇ دېگەنلىك پەقەت ئادەملا پەرھىزلەر بىلەن ئالاقىدار بولىدۇ دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەردە كۆرۈلىدىغان بىنورمال (كەم دېگەندە ئېنساننىڭ نەزىرىدە بىنورمال) ھادىسىلەر، ئۆزگىرىشلەرمۇ پەرھىزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولالايدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى داۋامىدا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلىك شەئىيلەرگە ئالاقىدار پەرھىز ئادەتلىرىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن مۇلاھىزە قىلىمىز.

## 1.ھايۋاناتقا ئائىت پەرھىزلەر

ھايۋانات بولسا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىنساندىن باشقا ئەڭ جانلىق ۋە پائالىيەتچان شەئىيلەردۇر. ھايۋانات كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەر خىل ۋەھىمە ۋە خەتەرلەرنى ئېلىپ كەلگەندىن باشقا، يەنە ئىنسانلار ھايۋانلاردىن نۇرغۇن نەپكە ئېرىشىدۇ، ئۇلارنى ئىشلىتىدۇ، پايدىلىنىدۇ. قىسقىسى ھايۋانات بولمىسا تەبىئەتنىڭ ھالىتى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئىنسانلار ھايۋاناتقا ئىزچىل رەۋىشتە چوقۇنۇش، تېۋىنىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلگەن. ئىبتىدائىي دەۋرلەردىكى ھايۋانات توتېمىغا تېۋىنىش مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئېكىنچىلىك دەۋرىدىن تارتىپ ھايۋاننىڭ سىرلىق قۇۋۋىتىگە، بىشارەت بېرىش ئىقتىدارىغا ئىشىنىشكە ئۆزگەردى. ئۆي ھايۋانلىرى ياكى ياۋايى ھايۋانلار ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئېلىپ كېلىدىغان پايدا ـ زىيىنىگە قاراپلا ئەمەس، يەنە ئىنساننىڭ ئۇلارغا تۇتىدىغان ۋەھىملىك پوزىتسىيەسى، يۆنىلىش كەيپىياتىغا قاراپ ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىلىدىغاندىن باشقا، ئۇلاردا كۆرۈلىدىغان بىنورمال ھادىسىلەر، كەيپىياتلار بىشارەت تەرىقىسىدە چۈشىنىلىپ، بۇنداق بىنورماللىقلاردىن ئاكتىپ ئۇسۇلدا يوقىتىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولدى.مۇشۇنداق

ئىشەنچ خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىدە خەلق ئىشەنچى، خەلق ئېتىقادى شەكلىدە مەۋجۇد بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىپادىلەندى.

## 1. قۇشلارغا ئائىت پەرھىزلەر

### (1) ئۆي قۇشلىرىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇچار قاناتلار ئىچىدە توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلار ئىنسانلار ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىلا كۆندۈرگەن ۋە ئائىلىدە بېقىپ گۆشىدىن، تۇخۇمىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن ھايۋانلاردۇر. ئۇلار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىبەتلىك بولۇپ، خەلق ئىچىدىكى بىر قىسىم پەرھىزلەر ئەنە شۇلار بىلەن باغلانغان ھالدا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشىغان جاينىڭ ئىقلىم شارائىتىغا ئاساسەن توخۇنى كۆپ باقىدۇ. توخۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "تاقاغۇ" دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۆچەل كالېندارىدىكى دەۋر قىلىدىغان ئون ئىككى يىلنىڭ ئونىنچىسى "توخۇ" نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. توخۇ يەنە قەدىمكى شامان سېھرگەرلىكىدە دائىم ئىشلىتىدىغان نەزىرە بويۇمى بولۇپ، ئۇ جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاشقىمۇ ئىشلىتىلگەن. سېھرىي پائالىيەتلەردە قارا توخۇنى قۇربانلىق قىلىش، توخۇ تۇخۇمىنى ئىشقىي سېھرگەرلىكتە ئىشلىتىش ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەتتۇر. ئۇيغۇرلار يەنە توخۇنىڭ قىچقىرىشىغا ئاساسەن بولۇپمۇ خورازنى "تاڭ ئەلچىسى" دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنىدا خورازنىڭ تاڭدىن خەۋەر بېرىش رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، مۇشۇ قاراش تەسىرىدە ئۇيغۇرلار خورازنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇنى تىللاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. خورازنىڭ سەھەردە چىللىشى نورمال ئىش بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ بىمەھەل چىللاپ قالىدىكەن، بۇ ياخشىلىققا جورۇلمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار زاۋال پەيتىدە (گۇگۇم ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى چاغدا) خوراز چىللاپ قالسا، بۇنى يامانلىقنىڭ بىشارىتى دەپ قاراپ پەرھىز قىلىدۇ ھەمدە خورازنى دەرھال تۇتۇپ پىچاقنىڭ ئارقا تەرىپىنى ئۇنىڭ گېلىغا بىر قانچە قېتىم سۈركەپ قويىدۇ. بۇنداق قىلىش "سەن بىمەھەل چىللاپ قالدىڭ، يەنە شۇنداق قىلساڭ ئۆلتۈرىمەن" دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان يامانلىقنى تۈگۈتىشنىڭ چارىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مېكىياننىڭ كاككلاپ بولغاندىن كېيىن ۋاقىلدىشى، داتلىشى نورمال ھادىسىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ خورازنى

دوراپ چىللىشى خەلق نەزىرىدە ئىنتايىن يامانلىقنىڭ بىشارىتىدۇر. ئۇيغۇرلار مەيلى قايسى چاغدا بولسۇن مېكىيان خورازنى دوراپ چىللىسا، شۇ ئۆيىنىڭ ئېگىسىگە بالايى ـ قازا كېلىدۇ دەپ قاراپ، بۇنداق مېكىياننى دەرھال ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇنداق توخۇنى ئۆلتۈرۈش ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان بالا ـ قازانى ياندۇرۇشنىڭ بىردىن ـ بىر چارىسى دەپ ھېسابلىنىدۇ.

خەلق ئىشەنچىسىدە توخۇ ئىرىملىك ھايۋاندۇر. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇرلار توخۇغا سۇ چېچىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەنە كېچىدە توخۇ كۈرۈپ قالسا "تاخ" دەپ قوغلاشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا جىن ـ ئالۋاستىلار كېچىدە توخۇ سىياقىغىمۇ كىرىۋالاركەن. ناۋادا ئۇ توخۇ جىن بولۇپ قالسا، "تاخ" دېگۈچىگە زىيان ـ زەخمەت ئېلىپ كېلەر ئىكەن. ئەمەلىيەتتە توخۇنىڭ كېچىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا قونداققا چىقىپ ئۇخلايدۇ. ئۇ تىپىك "ناماز شام قارىغۇسى" دۇر. ئۇيغۇرلار يەنە توخۇغا ئارپا بەرمەيدۇ. بولمايدىكەن، توخۇ پالەچ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلار ھەقىقى مەنىدىكى پەرھىزلەر ئەمەس، پەقەت تەجرىبىۋى بىلىم ئاساسىدىكى ئەمەلىي چەكلىمىلەردۇر. ئۇيغۇر يېزىلىرىدا توخۇ كاتەككە قامىلىپ بېقىلمايدۇ. شۇنداق بىلغاچقا، توخۇلارنىڭ ئۆيدىن باشقا يەردە كاكىلاپ قويۇشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. خەلق ئارىسىدا توخۇنىڭ تۇخۇمنى ئوغۇرلىسا يامان بولىدۇ دېگەن گەپ بار. ناۋادا توخۇنىڭ تۇخۇمنى ئوغۇرلىسا، ئوغۇرلىغۇچىنىڭ بېشىغا مۇنەك چىقارمىش، ياكى ئۇ ئالەمدە (ئاخىرەتتە) ئوغۇرلىغان تۇخۇمنى ئېغىزىدىن كاكىلاشقا مەجبۇر قىلىنارمىش. "بېشىغا مۇنەك چىقىدۇ" دېگىنى ئوخشاشلىق پرىنسىپى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەتىجىدۇر. كېيىنكىسى مۇبالىغە بولۇپ، ئوغۇرلۇققا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## (2) ياۋايى قۇشلارغا ئائىت پەرھىزلەر

يەنە شۇنداق بىر تۈركۈم قۇشلارمۇ باركى، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا چوڭ ئورۇن تۇتقان، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى ئاسراپ، تۈرلۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىلىنىپ كەلگەن. قارلىغاچ پەسىل قۇشى بولۇپ، ئۇيغۇرلار يۇرتلىرىغا ياز پەسلىدە قارلىغاچ كۆپ كېلىدۇ، ھەممىدە كىشىلەرنىڭ پىشايۋانلىرىدا، ئۆي ئىچىدە ئۇۋا سېلىپ باللايدۇ. ئۇيغۇرلار قارلىغاچنى ئىنسانغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن قۇش دەپ قاراپ ئۇنى ئۆلتۈرمەيدۇ. ئۆيلىرىگە ئۇۋا سالغۇزماي قوغلىۋېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئۆيگە

قۇت كىلىدۇ دەپ قارىسمۇ، ئەمما بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە ئۇيغۇرلار قارلىغاچنىڭ ئۆيىنىڭ قايسى جايىغا ئۇۋا سىلىشىغا قاراپ، ئۇنى ئوخشىمىغان ھالەتتە چۈشىنىدۇ. مەسىلەن, يەركەن ۋە خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە قارلىغاچ ئۆيىنىڭ ئىچكىرى تەرىپىگە ئۇۋا سالسا شۇ ئۆي باي بولىدۇ. ئەمما قارلىغاچ ئىشىك بىشىغا ئۇۋا سالسا شۇ ئۆي نامراتلىشىپ كېتىدۇ دەپ جورۇيدۇ. شۇڭا قارلىغاچنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچكىرى تەرىپىگە ئۇۋا سىلىشىغا ھېرىسمەن كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە يىلان مۆچەللىك ئادەم بار ئۆيگە قارلىغاچ ئۇۋا ياسىمايدۇ. بۇ قاراش ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، «قىسەسۇل ئەنبىيا» دا يېزىلىشىچە نوھ پەيغەمبەر توپان بالاسىدا زور كېمە ياساپ، ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرنى شۇ كېمىگە سىلىپ، سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن چاغدا چوشقىنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن ئىككى چاشقان كېمىنى تېشىۋىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېمىگە سۇ كىرىشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا نوھ پەيغەمبەر تۆشۈكنى ئېتىشكە بىرىنى ئىزدېگەندە، يىلان ئوتتۇرىغا چىقىپ يىگۈلۈك ئىلىش شەرتى بىلەن تۆشۈككە يۆگۈلۈپ يېتىپ تۆشۈكنى ئېتىدۇ. توپان بالاسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىلان نوھ پەيغەنبەردىن ۋەدە قىلغان يىمەكلىكلەرنى بېرىشنى سورايدۇ. نوھ پەيغەنبەر ھەرىنى (يەنە بىر رىۋايەتتە پاشىنى) دۇنيادىكى جانلىقلار ئىچىدىن گۆشى ئەڭ تاتلىق بولغىنىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ھەرە ھەممە جانىۋارلارنى بىر قىتىمدىن چىقىپ قىنىنى تىتىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئادەم گۆشىنىڭ ھەممىدىن تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ خەۋەرنى نوھ پەيغەمبەرگە ئېيتىشقا كەتىۋاتقاندا قارلىغاچقا ئۇچراپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارلىغاچ ھەرىنىڭ تىلىنى چۇقۇپ ئۈزىۋىلىپ كېكەچ قىلىپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە نوھ پەيغەمبەرنىڭ يىنىغا بېرىپ، كېكەچ بولغان ھەرىگە ۋاكالىتەن دۇنيادىكى ھەممە جاندارلار ئىچىدە پاقىنىڭ گۆشىنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. نەتىجىدە يىلانغا پاقا گۆشىنى يىيىش نىسىپ بولىدۇ، ئادەم بولسا يىلان ئوزۇقى بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. قارلىغاچ مۇشۇ خىزمىتى تۈپەيلىدىن ئىززەتلىك بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئۇۋا سالىدىغان بولىدۇ.[1] بۇ رىۋايەت ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدا بەك كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى ئىسلام رىۋايەتلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئۆرپ ـ ئادەتكە، خەلق ئىشەنچلىرىگە ئائىت بايانلار يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىن كەلگەن. قارلىغاچنىڭ

[1] نەسىرىددىن رەبغۇزى: «قىسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 53 ـ، 54 ـ بەتلەر.

يىلان يىللىق ئادەم بار ئۆيگە ئۇۋا سالماسلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچ دەل قارلىغاچ بىلەن يىلاننىڭ ھىلىقى ئاداۋىتى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن كەلگەن. بۇ خەلقنىڭ قارلىغاچنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە ئۇۋا سېلىشىنى ئارزۇ قىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىدۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە ھۆپۈپنىمۇ ئىرىملىك قۇش دەپ قارايدۇ. ئىسلامى قىسسىلەرگە ئاساسەن بېيىتىلغان ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىمۇ ھۆپۈپ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا بىلىقىس ئاتلىق يېرىم ئادەم يېرىم پەرىنى تونۇشتۇرغان دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ھۆپۈپنىڭ تاجىسى سىھرى پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلگەن. ھەتتا ھازىرغا كەلگىچە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھۆپۈپنىڭ تاجىنى يۇلۇپ ياكى كىسىۋىلىپ، ئۇنى بوۋاق باللارنىڭ پوسمىسىغا تىكىپ قويۇپ، شۇ باللارنىڭ كەلگۈسىدە ھوقوقدار، دۆلەتمەن، تاجدار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە "ئوخشاشلىق پرىنسىپى" غا تايانغان سېھرىي قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇرلار ھۆپۈپنى تۇتسا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ، ئەتراپتىكى تام ياقىلىرىدا يۈرگەن، دانلاۋاتقان ھۆپۈپلەرگە چېقىلمايدۇ، ئۇۋىسىنى چۇۋۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ھۆپۈپنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار يەنە تورغاي، پاختەك قاتارلىق قۇشلارنىمۇ بەك ئاسرايدۇ. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن، يېيىشتىن، باللىرىنى تۇتۇپ ئويناشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇلارنى تۇتۇش ئوخشاشلا قولى تىترەش كېسىلىگە سەۋەب بولىدۇ دەپ باللارنى چەكلەيدۇ. خەلق  ئارىسىدا يەنە پاختەك ۋە تورغاينىڭ تۇخۇمىغا قاراشتىن، تۇتۇشتىن ۋە چېقىۋېتىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. مۇشۇنداق قىلسا شۇنداق كىشىنىڭ يۈزىگە سەپكۈن چۈشەر ئىكەن. ئەمەلىيەتتە تورغاي ۋە پاختەك تۇخۇملىرى يۈزىدە نۇرغۇن سەپكۈن (قارا داغ) بار. بۇ يۇقىرىقى قاراشلاردا ئۇچرىشش پرىنسىپى بويىچە يۈزىگە شۇ سەپكۈنلەرنىڭ كۆچۈشى تەسسەۋۋۇرىغا ئاساس بولغان. بۇنىڭدىكى يەنە بىر مەقسەد قۇشلارنى ئاسراش بولۇپ، يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەر بۇ مەقسەدنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار يەنە باشقا ھەرقانداق قۇشنى ئۆلتۈرۈشتىن، بولۇپمۇ قۇش باللىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن قاتتىق چەكلىنىپ، باللانى "شۇنداق قىلساڭ، ئاتا ـ ئاناڭدىن بالدۇر يېتىم قالىسەن، ئاخىرەتتە قىساسىغا قالىسەن" دەپ قورقۇتۇپ، ئۇلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىشتىن چەكلەيدۇ. قىسقىسى، قۇشلار بىلەن

ئىناق بولۇپ بىللە ئۆتۈش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلانغان بىر تەرەپتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قۇشلار ھەققىدە ھازىرغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىرىملىك ئادەتلىرى ۋە پەرھىزلىرى يۇقىرىقىلار بولۇپ، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بۇ تېخىمۇ كۆپ ۋە مول بولۇشى مۇمكىن. يەنە قۇش ھەققىدىكى نۇرغۇن ئىرىملىك قاراشلارنى بىز خەلق رىۋايەتلىرى ئىچىدىن كۆرەلەيمىز. دەرۋەقە بارلىق خۇراپىي ئادەتلەر ۋە قاراشلارغا ئوخشاش، قۇشلارغا ئائىت خۇراپىي قاراشلارمۇ تەدرىجىي يوقىلىپ بارىدۇ. ئەمما خەلقىنىڭ ئىستىتىك قارىشى بىلەن بىرلىشىپ، مىللەت مەنىۋىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان يۇقىرىقىدەك قاراشلارنى بىر يولىلا سۈپۈرۈپ تاشلاش مۇمكىن بولمايدۇ، ھەم ئۇنداق قىلىشنىڭمۇ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئۆزاققىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇلاردىكى مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئەقىلغە مۇۋاپىق ئامىللارنى ئېتىراپ قىلىش قۇشلار ھەققىدىكى پەرھىزلىك ئادەتلەرگە تۇتىدىغان پوزىتسىيەمىزدۇر.

## 2. چاھارپايلارغا ئائىت پەرھىزلەر

### (1) ئۆي ھايۋانلىرىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۆي ھايۋانلىرى ئاساسەن كىشىلەر كۆندۈرگەن ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، ئىت، مۈشۈك، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر تۇرمۇشتا ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ كۈچىدىن، گۆشىدىن، تېرە ۋە يۇڭىدىن ھەمدە قىغىدىن پايدىلىنىدۇ. بەزىلىرىنى ئۆي ساقلاشقا، چاشقان تۇتۇشقا ئىشلىتىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ روللىرىنى جارىي قىلدۇرىدۇ. كىشىلەر ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىپ كۆپەيتىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنى ئاسراش ۋە بېقىش ھەققىدە ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەجرىبىلىرى بولغاندىن سىرت، قەدىكى دەۋرلەردىن قالغان ھايۋاننى مۇقەددەس بىلىش قارىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بىر قاتار پەرھىزلەر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمقى زاماندىلا بىر قىسىم ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ ئۆي ھايۋىنىغا ئايلاندۇرغان ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ كەلگەن. بۇ ھايۋانلار ئىچىدە قوي، كالا، ئېشەك، قېچىر، ئات، ئۆشكە ۋە تۆگە، شۇنداقلا ئىت ۋە مۈشۈك ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ھايۋانلار بولۇپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا كىشىلەر بۇ ھايۋانلارنى

ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلدۇرغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پائالىيەت، قىلىقلىرىنى رىۋايەتلىك تۈستە تەسۋىرلەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھايۋانلارغا ئالاقىدار ئادەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى پەرھىز شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، بۇنداق پەرھىزلەرنىڭ بەزىسى ئەمەلىي مەقسەد ئۈچۈن، بەزىسى ئەشۇ ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش بىلەن مۇناسىبەتلىك. يەنە بىر قىسمى ئەشۇ ھايۋانلاردا كۆرۈلگەن بىنورمال ئەھۋاللارغا قارىتا تۇتۇلىدىغان ھەزەر قىلىش پوزىتسىيىسىدۇر.

قوي ئۇيغۇرنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئاساسلىق ئورۇن تۇتقان ھايۋان بولۇپ، ئۇيغۇرلار قوينى ياخشى كۆرىدۇ، قەدىرلەيدۇ. قوينىڭ يۇۋاش رايىش خىسلىتى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ. ئۇيغۇرلاردا قويغا ئالاقىدار مۇنداق بىر قىسىم پەرھىزلەر بار. ئۇيغۇرلار قوينى تەپمەيدۇ، مۇشۇنداق قىلسا تەپكۈچىنىڭ پۇتى توكۇر بولىدۇ  دەپ جورۇيدۇ. قوينى مىنىش، يۇڭىدىن تارتىش، ئۇنى بوغۇزلىغاندا ئۇنىڭ ئالدىن ئۆتۈش پەرھىز قىلىنىدۇ. قوينى تىللاش بولسا ناھايىتى يامان دەپ قارىلىدۇ.

كالا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا، جۈملىدىن دېھقانچىلىق ئەمگىكى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك، كۆن ـ خۇرۇم سانائىتىدە زۆرۈر مەنبە بولۇپ كەلگەن. كالا ئۇيغۇرلاردا چىدامچانلىقنىڭ مىسالى، ئەمما ئۇ بەزىدە دۆتلۈكنىڭ، ئاڭقاۋلىقنىڭ سىمۋولىدۇر دەپ قارىلىدۇ. كالا ئېتىز ـ ئېرىق ئەمگىكىدە ناھايىتى زۆرۈر بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار كالىغا ئائىت مۇنداق پەرھىز ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، قوش كالىنى ئۇرسا، تىللىسا، ياز پەسلىدە كالىغا بىدە بەرسە، بۇرنىغا تىۋىلغا ئۆتكۈزۈلمىگەن كالا بىلەن يەر ھەيدىسە يامان بولىدۇ دەپ قارىغاندىن باشقا، "كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىرايدۇ" دەپ كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرۇش چەكلىنىدۇ. "كالىنىڭ مۈڭگىزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىرايدۇ" دېگەن بۇ ئىبارە خەلق ئارىسىدا يەنە تەمسىلگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ بىرەر كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن يېقىن مۇناسىبەتتىكى كىشى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغاندا، ئۆزىنىڭمۇ قايغۇرىدىغانلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. كالا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەفسانىلىرىدە زېمىننى تېرەپ تۇرغۇچى مەخلۇق بولۇپ، ئۇ بىر مۈڭگۈزىدىن يەنە بىر مۈڭگىزىگە يەرنى يۆتكىگەندە يەر تەۋرەش كېلىپ چىقار ئىكەن.

ئېشەك بولسا دېھقاچىلىق ئىشلىرىدا، قاتناش ئىشلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھايۋان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئېشەك گۆشىنى يېمەيدۇ. شۇڭا خەلق ئارىسىدا "ئېشەكنىڭ ئۆزى ھارام، كۈچى ھالال" دېگەن

قاراش بار. يەنە بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا "ئېشەك سۈتى قىرىق خىل كېسەلگە داۋا بولار" ئىكەن. مۇشۇ قاراش ئاساسىدا بەزى كىشىلەر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا ئىسەك سۈتىنى ئىچىدىغان ئىشلار ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئاندا ـ ساندا مەۋجۇت بولغان. ئۇيغۇرلار يەنە ئېشەكنى تەتۈر مىنىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. بۇ ئادەتنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق: ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە، زىنا قىلغان، ئوغرىلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈلۈپ، ئاندىن ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، خەلق ئالەمگە سازايى قىلىپ ئىبرەت قىلدۇرۇلاتتى. بۇ كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن رەسۋالىششىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئېشەككە تەتۈر مىنىش ئەشۇ خىل ئەھۋالغا تەققاسلىنىپ چۈشىنىلگەن، شۇڭا پەرھىز قىلىنغان. ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئېشەك ئىغىنغان يەردىن ئاتلاپ ئۆتۈشتىن، شۇ يەرنى دەسسەشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. كىشىلەر بۇنداق يەرنى ناپاك، بۇلغانغان دەپ قاراپ توكۇرۇپ قويۇپ ماڭىدۇ. بۇ ئېشەكنى ئاگقاۋلىققا، دۆتلۈككە سىمۋول قىلىدىغان ئەھۋال بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە ئات ئەڭ ئۇلۇغلاشقا سازاۋەر بولغان، ئىلاھىيلىق تۈسكە ئىگە مۇقەددەس ھايۋاندۇر. دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن  مىللەتلەردە ھەم ئاتنى سىرلىق خىسلەتكە ئىگە دەپ قارايدىغان ئەھۋال مەۋجۇد. ئات چاھارپايلار ئىچىدە ئورنى ھەممىدىن يۇقىرى ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ رولى بەك چوڭدۇر. ئۇ قاتناش، دېھقانچىلىق ۋە يېمەك ـ ئىچمەكتە ئىشلىتىپلا قالماستىن، مۇھىمى قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرى ئاتتىن مۇستەسنا ئەمەس. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قارىشىچە ئات خۇددى ئادەمگە ئوخشاش روھى بار ھايۋان بولۇپ، ئۇ تەپەككۇر قىلالايدۇ، سۆزلىيەلەيدۇ ۋە يىغلىيالايدۇ. ئۇ ئىگىسىگە باشتىن ـ ئاخىر سادىق بولۇپ، ئىگىسىنى خەتەردىن قۇتقۇزىدۇ. بولۇپمۇ ئاق ئات بۇ خىسلەتلەرنى ئۆزىدە تېخىمۇ كۆپ مۇجەسسەم قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىلاھى ئات دەپ قارالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە ئات تەڭرىگە ياغىش قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغان ھايۋان بولۇپ، كۆك تەڭرىگە قىلىنغان ياغىشتا مەخسۇس ئات قۇربانلىق قىلىنغان. ئات يەنە ھەم دەپنە بويۇملىرى ئىچىدە ئەڭ ئېسىل بويۇم سانالغان. بىز ئىلگىرىكى سەھىپىلەردە ئات گۆشىنى يېيىش چەكلەنگەنلىكى، ئەمما ھارام قىلىنمىغانلىقنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئاتنى ئۆلتۈرۈپ يىمەيدۇ. پەقەت ئەڭ دەبدەبىلىك ياغىش ۋە قۇربانلىقلارغىلا ئاتنى بوغۇزلايدۇ. مەسىلەن، قۇمۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزۈن مەزگىل يامغۇر ياغماي،

زىرائەتلىرى قۇرۇپ كېتەي دېگەن خەتەرلىك پەيتلەردە ئاق ئاتنى قۇربانلىق قىلىپ يامغۇر تىلەشنى ھازىرغا قەدەر داۋام ئەتكۈزۈپ كەلگەن. ئاتنى مىنىش جەھەتتە، ئۇيغۇرلار ياخشى ئات ياكى ياخشى كۆرىدىغان ئاتنى ئاياللارنىڭ مىنىشىگە بەرمەيدۇ. خەلق ئىشەنچىسىدە، بۇنداق قىلسا ئاياللارنىڭ پىرى ئاتنىڭ پىرىنى بېسىۋالارمىش، ياكى ئاتنىڭ پىرى تۆۋەن تۇرۇپ قالارمىش. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىكى تۈپ مەنا بۇ ئەمەس، بەلكى ئاياللارنى ناپاك دەپ قاراش سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ھايۋان ئات ئۈستىگە مىنىشىنى چەكلەشتىن ئىبارەت بىر تەرەپمۇ بار. ئۇيغۇرلار ئاتنى مىنگەندە تەتۈر مىنىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئەھۋال ئىشەكنى تەتۈر مەنمەسلىك پەرھىزىنىڭ مەنىسىگە ئوخشمايدۇ. يەنە ئات مىنگەندە ئاتنىڭ ئوڭ يېنىدىن مېنىشنى چەكلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.كىشلەر بىلەن ئاتنى باشقۇرۇش ئېھتىياجىدىن چىقىپ تۇرۇپ، "قامچىسىز ئات مىنىسە يامان" دەپمۇ قارايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاتنى ئاسراش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان چەكلىملىكلەردىن سېمىز ئاتنى تىز چاپتۇرماسلىق، ئۇزۇن مەزگىل ئوت ـ خەشەك بىلەن باققان ئاتنى مىنىپ ئۇزۇن سەپەرگە چىقماسلىق، سەپەردىن يېڭى كەلگەن ئاتنى سۇغارماسلىق قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرلار مىنىدىغان ئاتنى بەكمۇ ئاسرايدۇ. ئۇلارغا تويغىچە بوغۇز بەرگەندىن سىرت، ئۇلارنىڭ تاشقي قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشكىمۇ ئېتبار بېرىپ، ئاتنى پات ـ پات يۇيۇپ تۇرىدۇ، تۈكلىرىنى، يايلىرىنى، قۇيرۇقىنى تاراپ تۈزەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئاتنىڭ يايلىرىنى كېسىشتىن، قۇيرۇقىنى كېسىپ ئۇنى سولتەك قىلىپ قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئاتنىڭ مۇقەدەسلىك ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئات بىلەن مۇناسىبەتلىك بولغان بارلىق نەرسىلەر، جۈملىدىن ئات جابدۇقلىرىمۇ كىشلەر نەزىرىدە خاسىيەتلىك نەرسىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. شۇنداق بولغاچقا، كىشلەر بۇ خاسىيەتلىك نەرسىلەرگە بولغان ھەر قانداق ھاقارەتلىك ھەرىكەتنى قەتئىي چەكلەيدۇ. مەسىلەن، ئويغۇرلار يۈگەن بىلەن ئاتنى ئۇرۇشتىن، ئات جابدۇقلىرىنى ئاتلاپ ئۆتۈشتىن، ئات قامچىسىنى باشقىلارغا ئارىيەت بېرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. كىشلەرنىڭ ئادىتىدە ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئاتنى بىرەرسى سوراپ قالسا، ئاتنى ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن بەرسىمۇ، ئەمما قامچىسنى بەرمەيدۇ. ئەگەر قامچىنى بېرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، ئات ئۆز ئېگىسىنىڭ ئامىتىنى ئېلىپ كېتەركەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئاتنىڭ قامچىسىنى ئالاھىدە ساقلايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئات قامچىسى سۈرلىك نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يىلاننى

قورقۇتقىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، دالىدا يېتىپ قالغان ئاتلىقلار بېشىغا ئات قامچىسىنى قويۇپ ياتىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ئاياللارنى ناپاك دەپ قاراپ، ئاتنىڭ ئېگىرىدە (ئۇ يەرگە قۇيۇلغاندىن كېيىنمۇ) ئۇلارنىڭ ئۇلتۇرۇشنى چەكلەيدۇ. ئات قەدىمدىن تارتىپ ئىرىملىك نەرسە دەپ قارالغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار ئاتنىڭ ئەزالىرىنى ھەر خىل ئەمچىلىكتە، سېھرىي داۋالاش ئىشلىرىدا قوللىنىپ كەلگەن. مەسلەن، ئۇيغۇرلار سۆگەلنى داۋالاشتا ئاتنىڭ قۇيرۇقىنىڭ قىلى بىلەن سۆگەلنى باغلاپ ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. مەيلى بوغۇزلانغان ئات بولسۇن ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ئات بولسۇن، ئۇنىڭ بېشىنى تاشلىۋېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇنداق ئاتنىڭ بېشىنى ھويلىدىكى ئالما دەرىخىنىڭ ئۇچىغا ئېلىپ قويۇپ، "يامان كۆز" تېگىشتىن ساقلىنىشقا ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پۇتى سۇنۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ پۇتىنى تېڭىپ قويغاندىن كېيىن، ئاتنىڭ يۇگىنىنى ئارتىپ قويسا پۇتنىڭ چۈچۈپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىد ۇدەپ قاراپ ئىرىم قىلىدۇ. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەتتىن ئاتنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ سۆڭىكىنى يامانلىقنى يوقۇتۇپ كېسەل داۋالايدۇ دەپ قاراپ، پۇت ئاغرىقىنى داۋالاشقا ئىشلىتىدىغان ئادەت بار. خەلق ئىشەنچىسىدە ئاتنىڭ تېزىكى ياكى ئۇنىڭ پۇتىدىن چۈشۈپ قالغان لايمۇ ئەملىك قۇۋۋەتكە ئىگە. شۇڭا بۇ نەرسىلەر كىچىك بالىلارغا ئاچ كىرىپ قالغاندا ئۇلارنى ئاشلاشقا ئىشلىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھەتتا ئاتنىڭ جابدۇقلىرىمۇ سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. مەسلەن: جاۋغىيىغا يارا چىقىپ قالغان كىچىك بالىلارنىڭ ئېغىزىغا ئاتنىڭ ئېغىزدۇرىقى (يۈگەن) نى چىشلەتسە، شۇ يارا ساقىيىپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، كىچىك بالىلارغا ئەشۇنداق تەدبىر قوللىنىدىغان ئادەت ھېلىھەم مەۋجۇد. قىسقىسى، ئاتنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا قارىتا ھەرقانداق ھاقارەتلىك ھەرىكەتتىن پەرھىز قىلىش ۋە ئاتنىڭ ئەزالىرى ھەم جابدۇقلىرىنى ئاكتىپ سېھرگەرلىك (ئەمچىلىك) تە ئىشلىتىش ئاتقا ئائىت ئىرىملىك ئادەتلەردىكى قوش تەرەپتۇر.

توگە ئۇيغۇرلار بېقىپ پايدىلىنىپ كەلگەن مۇھىم ئۆي ھايۋىنىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە توگىمۇ ئىرىملىك ھايۋاندۇر. بىز «توغۇم پەرھىزلىرى» قىسمىدا ھامىلدار ئاياللار بىلەن توگىگە مۇناسىبەتلىك قىسمەن پەرھىز ئادەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇندىن باشقا توگە ئىسلامىي مەنبەلەردە ئۇلۇغلانغان ھايۋاندۇر. ئويغۇرلاردا توگە بېقىشقا ئائىت بىر قاتار ئەمەلىي چەكلىمەلەر بار . مەسلەن،

تۆگىنىڭ بۇرنىنى ياز پەسلىدە تەشمەسلىك ، تۆگىنى ئىسسىق سۇ بىلەن سۇغۇرماسلىق دېگەندەك. ئۇيغۇرلار تۆگىنى قۇربانلىق قىلىشقا ياكى ئادەتتىكىچە بوغۇزلاشتا بولسۇن، بىر پىچاق بىلەن بوغۇزلىمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئىككى يەرگە پىچاق سۇرۇش بىلەن بوغۇزلايدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەد تۆگىنىڭ بوينى ئۇزۇن بولغاچقا ئۇنىڭ بوينىغا بىر پىچاق سۇرگەندە تۆگىنىڭ جېنى پات چىقماي قىينىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مال بوغۇزلاش قائىدىسىگە ماس كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە تۆگىنىڭ يۈگىنى ئىرىملىك نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى كۆز تېگىشتىن ساقلىنىشقا ئىشلىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار هالال هايۋانلارنى بوغۇزلاش ئۇسۇلىدىمۇ بەزى پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىدۇ. مەسىلەن، «قاسساپلىق رىسالىسىدە» دە ئېيتىلىشىچە، "قاسساپلار مال سويغاندا پايدىسىز، سەت گەپلەرنى قىلىپ تۇرۇپ مال بوغۇزلاشتىن، مالنىڭ پۇتىنى باغلىماي تۇرۇپ مال بوغۇزلاشتىن، ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇماي تۇرۇپ مال بوغۇزلاشتىن چەكلىنىشى لازىم."[①] ئۇيغۇرلار مال بوغۇزلىغاندا يەنە مالنىڭ ھەممە پۇتىنى بوغماي، ئۈچ پۇتىنىلا بوغىدۇ، بىر پۇتىنى بوش قويۇپ، پىچاق سۇرگەندە تېپىچەكلىۋېلىشىغا يول قويىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مالغا پىچاق سۇرگەندە بىر پىچاق بىلەنلا يۇلۇننى ئۈزۈۋېتىشتىن، گال پىچاق ئىشلىتىپ قويۇپ ئۇنى مالنىڭ بوينىغا تەكرار سۇركەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بەلكى بىر پىچاق سۇرۇپلا بويۇن تومۇرىنى ئۈزۈپ، قان تولۇق ئېقىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يۇلۇننى ۋە سۆڭىكىنى ئۈزىدۇ. بۇنداق قىلىشلاردىكى مەقسەد مالنىڭ زىيادە قىينالماسلىقى، ئۇنىڭ گۆشىنىڭ ئىسلامىيەت قائىدىسىدىكى هالاللىق ئۆلچىمىگە توغرا كېلىشى ئۈچۈندۇر.

ئىت كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى زىچ بولغان هايۋاندۇر. بولۇپمۇ ئوۋچىلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە يۇرت ۋە مىللەتلەردە، ئىت ئالاھىدە ئېتىبارلىق ئۆي هايۋىنى هېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىتنى ئۇۋ ئوۋلاشقا، ئۆي بېقىشقا، چارۋا ماللارنى بۆرىدىن قوغداشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى زۆرۈرىيەتلەر بولمىسا ئادەتتە ئىت باقمايدۇ. يەنە بىر قىسىم ھەدىسلەردە ئىت باققان ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدىغانلىقى يېزىلغان بولۇپ، مۇشۇنداق ئەقىدىلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار ئىت بېقىشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. باشقا هالال هايۋانلار يالاپ قويغان قاچا ـ قۇمۇچلارنى ئۈچ قېتىم يۇسىلا پاك بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، ئەمما ئىت يالاپ قويغان قاچا

---

[①] «قەدىمكى ئۇيغۇر هۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ قىسىم، 1 ـ قىسىم، 122 ـ بەت.

ـ قۇمۇچنى يەتتە قېتىم يۇمغىچە پاكلانمايدۇ دەپ قارايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئىتنىڭ ئادەم ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى يالاپ قويۇشنى چەكلىگەندىن سىرت، ئىتنى ئۆي ئىچىگە كىرگۈزمەيدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە ئېيتىلىشىچە، قاچىنى ئىت يالاپ قالغان بولسا، ئۇنى يەتتە قېتىم سۇ بىلەن چايقىۋېتىپ، توپا بىلەن بىر قېتىم سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن ئىشلەتسە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يەنە ئىتقا ئائىت قىسمەن خۇراپىي پەرھىزلەرمۇ بار. مەسىلەن، "ئىتقا تۈكۈرسە بولمايدۇ"، "ئىتنى مىنسە بولمايدۇ"، "ئىتقا سۇ چاچسا، چاچقۇچىغا سۆگەل چىقىدۇ"، "ئىتقا گۆرۈچ بەرسە بولمايدۇ" دېگەندەك. خەلق ئارىسىدا ئىتتا كۆرۈلگەن بىنورمال ئەھۋاللارمۇ يامانلىقنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. مەسىلەن، ئىتنىڭ قاۋىشى ئادەتتىكىچە ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما ئىت يىغلىسا شۇ ئىتنىڭ ئىگىسىگە بالا ـ قازا كېلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر يىغلىغان ئىتنى ئۇرۇپ قوغلىۋېتىدۇ. خەلق ئارىسىدا يەنە "كۆپ قاۋىغان ئىت ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ" دەپ قاراپ، بۇنداق ئەھۋالدىن ھەزەر قىلىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇمۇ ئىتتا كۆرۈلىدىغان بىنورماللىقا تۇتىدىغان ئېھتىيات پۈزىتسىيىسىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىدە، ئىت ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۆلۈم مۇددىتىنى بىلەرمىش. ئىگىسىنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقان بولسا، ئىت ئۆز ئىگىسىگە قايغۇرۇپ ھۇۋلارمىش. شۇڭا ئىت ھۇۋلىسا يامانلىققا جورۇپ، بۇنداق ئەھۋالدىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئىت يەنە ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولىدۇر. يەنە ئىتنىڭ تۈكى ۋە گەندىسى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتا ئىشلىتىدىغان قارا سېھىرگەرلىكنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر.

مۈشۈك چاشقان تۇتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا مۈشۈك بېقىشقا ئالاھىدە ھەۋەس بار. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مۈشۈككە دائىر بىر قاتار پەرھىزلىك ئادەتلەرمۇ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار مۈشۈكنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ئۇنى ئۆي ئىچىدە باقىدۇ. مۈشۈككە سۇ چاچسا، چاچقۇچىغا سۆگەل چىقىدۇ دەپ جورۇپ، ئۇنىڭغا سۇ چىچىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئوخشاشلىق پرىنسىپى ئاساسىدىكى پەرھىزلەردىن يەنە مۈشۈكنى نوغۇچ بىلەن ئۇرماسلىق ئادىتىمۇ بار. خەلق ئىشەنچىسىدە مۈشۈكنى نوغۇچ بىلەن ئۇرسا، ئۇ ئۆيگە يىلان سۆرەپ كىرەرمىش. بۇنىڭدا نوغۇچ بىلەن يىلان شەكلەن جەھەتتە ئوخشىتىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئۇخلاۋاتقان مۈشۈكنى ئويغاتمايدۇ. بۇ ئادەت ئىسلامى مەنبەلەردىن كەلگەن بولۇپ، بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بىر مۈشۈك مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالغان ئىكەن.

پەيغەمبەر ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن مۈشۈكنى ئويغاتماي چاپىنىنىڭ مۈشۈك ياتقان قىسمىنى كىسىۋىتىپ قوپۇپ كەتكەن ئىكەن.

ئۇيغۇرلار يەنە مۈشۈكنى تۇتۇپ دۈمبىسىنى يەرگە تەككۈزۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. دەرۋەقە خەلق ئارىسىدا "مۈشۈكنىڭ ئون جېنى بار" دېگەن گەپ بار. بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان مەنا مۈشۈكنىڭ ھەرقانچە ئېگىزدىن چۈشۈپ كەتسىمۇ تۆي پۇتچىلاپ چۈشۈشىنى كۆرسىتىدۇ. مۈشۈكنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى يۇقىرىقى پەرھىز ئادىتىنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇيغۇرلار مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىنتايىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق قىلىسا مۈشۈكنىڭ قىساسىغا قىلىش ۋە ئۆلگەندە جېنى تەستە چىققاندىن باشقا، ئۆلتۈگۈچى مەككىگە بېرىشتا شۇر دەرياسىدىن ئۆتەلمەيدىكەن. بۇ رىۋايەتنىڭ ئەسلىسى مۇنداق: ھەر بىر ئادەم مەككىگە بېرىشتا شور دەرياسى (بۇ ئارال دېڭىزى بولسا كېرەك.) دىن كېمە بىلەن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. كېمىگە چىقىپ شور دەرياسىدىن ئۆتىدىغان چاغدا، كىشلەر بىر ـ بىرىدىن مۈشۈك ئۆلتۈرگەن ياكى ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى سورىشىدىكەن. ناۋادا مۈشۈك ئۆلتۈرگەن بولسا ئۇ كىشى دەريادىن ئۆتكۈزۈلمەيدىكەن ـ د، ھەج ئادا قىلىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدىكەن. خەلق مۇشۇ خىل ئىشەچ تۈپەيلىدىن مۈشۈكنى قەتئىي ئۆلتۈرمەيدۇ. كۆپىنچە مۈشۈك ئون نەچچە ھەتتا يىگىرمە نەچچە يىلللار ياشاپ ئاندىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مۈشۈك ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيمىش. دەرۋەقە، مۈشۈك قېرىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا يىراق، ئادەم بارمىغان جايلارغا بېرىپ بىرەر ـ ئىككى كۈن سەكرات تۇتۇپ ئاندىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ خەلق نەزىرىدە ئۇلۇغلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، "ياخشى مۈشۈك ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ" دېگەن تەمسىل بىرەرسى ئېغىر ئاپەتكە دۇچار بولغاندا، بۇ ئەھۋالنى ئاتا ـ ئانىسىغا، ئۇرۇق تۇغقانلىرىغا ئېيتماي، ئۇ ئەھۋالنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزىلا چىقىپ كېتىشكە ئېيتىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە جىن ـ ئالۋاستىلار يەنە مۈشۈك سىياقىغىمۇ كىرىۋالىدۇ. شۇڭا كېچىدە مۈشۈك كۆرۈپ قالسا ئۇنى "پەش" دەپ قوغلىمايدۇ.

ھايۋانلاردا يەنە بىر قىسىم بىنورمال ھادىسىلەرمۇ پەرھىزلىك نەرسىلەر قاتارىدا سانىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار كۆپ مەرىگەن ئۇلاغ، كۆپ قاقاخلىغان توخۇ، كۆپ قاۋىغان ئىت قاتارلىقلاردىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇنداق ئادىتى يوقالمايدىكەن، ئۇلارنى سېتىۋېتىدۇ ياكى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىۋېتىدۇ. چارۋىلارنىڭ تۇغۇشى ھەققىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىرىملىك ئادەت بار. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار

ھەرقانداق ھايۋان تۇغۇۋاتقاندا قاراپ تۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، شۇ ھايۋان تۇغقىلى ئۇنىمايدۇ، ياكى تۇغۇت ۋاقتى كەيىنگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئالاقىدار پەرھىزلىك ئادەتلەر بولۇپ، بىز بۇ يەردە ھايۋانلارنى بېقىشقا ئائىت تەجرىبىۋى بىلىملەر (چارۋىچىلىق تەجرىبىلىرى) ۋە ئۇ ھەقتىكى ئىلمىي چەكلىمىلەرنى تىلغا ئالمىدۇق. يۇقۇرقىلار ھايۋانلارغا ئائىت ئىرىملىك قاراشلار ۋە پەرھىزلىك ئادەتلەر بولۇپ، مانا بۇ بىزنىڭ مۇلاھىزە نىشانىمىزدۇر.

## (2) ياۋايى ھايۋانلارغا ئائىت پەرھىزلەر

ياۋايى ھايۋانلار ئۆي ھايۋانلىرى، يەنى كۆندۈرلگەن ھايۋانلاردىن باشقا بارلىق ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن ئىبتىدائىي دەۋرلەردىكى خەتەر ئاساسەن ياۋايى ھايۋانلاردىن كېلەتتى. قىسمەن ياۋايى ھايۋانلارنى توتېم دەپ قاراپ چوقۇنۇش ۋە ھۆرمەتلەشتىن باشقا، كۆپلىگەن ياۋايى ھايۋانلار كىشلەرنى قورقىتىدىغان ۋەھىمىگە سالىدىغان ئوبيېكتلەر ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ياۋايى ھايۋانلارغا ئالاقىدار پەرھىزلىك ئادەتلىرىدىن خەۋەرسىزمىز. ئەمما بۆرە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ توتېمى بولۇش بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈش، گۆشنى يېيىش ۋە ئوۋلاش قەتئىي چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ توتېم پەرھىزلىرىدۇر. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بۆرىنى ئوۋلاشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋال ھازىرمۇ بار بولۇپ، چارۋىچى خەلقلەرنىڭ قارىشىچە بۆرىنى ئوۋلىسا ياكى ئۆلتۈرسە، چاۋا ئاينىمايدۇ. بىزنىڭچە بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئەگەر بۆرە چارۋا ماللار ئىچىدىكى ئاجىز ۋە ئاقساق ـ چولاقلارنى (يەنى ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى بولمىغانلارنى) يەپ تۈگەتمىسە، چارۋىلارنىڭ چەكسىز كۆپىيىپ ئوتلاق يېتەشمەسلىكىدەك، ئاخىرىدا ئوخشاشلا چارۋىلارنىڭ ئاينىيالماسلىقىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇ يەردە چاۋىچىلار يايلاقنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلىقى ۋە ھاياتلىق زەنجىرىدىكى ماسلىقنى ساقلاشنى پەرھىز ئادىتى شەكلىدە بىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئاغمىخان كىچىك ئەمما زىرائەتلەرگە ۋە چارۋىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھايۋاندۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئاغمىخان سىرلىق ھايۋان بولۇپ، ئۇنى سىرلىق قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ چۈشىنىش قەدىكى زاماندىلا بار ئىش ئىدى. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە مۇنداق دەيدۇ: "ئارغۇن: ئاغمىخان، چاشقان جىنسىگە كىرىدىغان، ئۇزۇنلىقى يېرىم گەز كېلىدىغان بىر جانىۋار. تام يېرىقلىرىدىن

قۇچقاچلارنى ئۇۋلايدۇ، قويغا ئېتىلسا قوينىڭ گۆشى سارغىيىدۇ، ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە ئېتىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ سۆيدىكى تۇتۇلىدۇ."[①] ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى كىشىلەردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاراش بار. يەنى كىشىلەر ئاغمىخان تۇغۇۋاتقاندا قاراپ تۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەگەر قاراپ تۇرسا، ئاغمىخان بالىسىنى سۆرەپ ئۇۋىسىنى يۆتكەپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ غەزىۋى كېلىپ قالسا، مال ـ چارۋىلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ دەپ قاراپ، ئۇ تۇغۇۋاتقاندا قاراشتىن، ئۇنى پاراكەندە قىلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ. يەنە ئاغمىخان ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئاتلاپ قويسا شۇ ھايۋان ئۆلۈپ قالار ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ھايۋانلاردىن سەكرەپ ئۆتۈشىگىمۇ يول قويمايدۇ. ئەسلى ئاغمىخانىڭ پۈرىكى ئەتراپىدا بىرجۈپ بەز بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى سېسىق ھىد چىقىدۇ. ئاغمىخان ئۇنىڭدىن چىققان سېسىق ھىدقا تايىنىپ رەقىپلىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ. ئۇ ھىدنىڭ ئادەمگە ۋە ھايۋانغا قانداق زىيانلىق تەسىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئىلمىي نۇقتىدىن ئىسپاتلاش لازىم. شۇنداقتىمۇ خەلق ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەجرىبىۋى بىلىملىرىگە تايىنىپ، ئاغمىخانغا قارىتا ئەشۇنداق سىرلىق رەۋىشتە قاراپ كەلگەن.

دەرۋەقە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ. ئەمما ياۋايى ھايۋانلارنىڭ چوڭ تۈرلىرى شىنجاڭ رايونىدا خېلى ئىلگىرىلا يوقۇلىشقا باشلىغان، كۆپىنچىسىنىڭ نەسلى قۇرۇغان بولغاچقا، ئۇلار ھەققىدە خەلقىنىڭ ئىرىملىك قارىشىمۇ ھەم يوقۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا ياۋايى ھايۋانلارغا ئالاقىدار پەرھىزلەر ھەققىدە مۇشۇنچىلىك سۆزلەش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

## 3. ئۆمىلىگۈچى ھايۋان ۋە ھاشارەتلەرگە ئائىت پەرھىزلەر

ئۆمىلىگۈچى ھايۋان ۋە ھاشارەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياۋايى ھايۋانلار بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە يەنە يىلە قۇرۇتىغا ئوخشاش كۆندۈرۈلگەنلىرىمۇ بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ تۈردىكى ھايۋانلارغا ئالاقىدار ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

يىلان ئۆمىلىگۈچى ھايۋان ئىچىدىكى ئەڭ سۈرلۈك ھايۋانىنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىدە يىلان ئەڭ كۆپ تەسۋىر قىلىنغان، چوقۇنۇلغان مۇقەددەس ھايۋاندۇر. ئۇنىڭ سۈرى كىشىلەردە ۋەھىمە پەيدا قىلسا، تۇرقى تۈرلۈك يامان تەسسەۋۋۇرلارغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ

---

① مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1ـتوم، 162 ـ بەت.

نەزىرىدە يىلان سىرلىق مەخلۇقتۇر. بولۇپمۇ ئاق يىلان ئالاھىدە سىرلىق قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ بىر مۆنچىلىغان ئادەتلەردە ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە يىلاننى ئۆلتۈرمەيدۇ. يىلاننى ئۆلتۈرۈسە يىلاننىڭ باشقا ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى كېلىپ ئۆچ ئالىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۆيگە يىلان كىرىپ قالسا، ئۇنى چىقىرىۋېتمەيدۇ ياكى قوغلىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا سۈت بېرىدۇ. ئەگەر ئۆيگە كىرىپ قالغان يىلان يىلانلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ قالسا، ئۇ يىلان سۈت ئىچكەندىن كېيىن مۆڭگۈزىنى تاشلاپ چىقىپ كېتەرمىش، كىشى شۇ يىلاننىڭ مۆڭگۈزىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى تۇمار قىلىپ ئاسسا، قەستتىن ساقلىنارمىش. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەۋال شۇكى، كىشلەرنىڭ "يىلان مۆڭگۈزى" ھەققىدىكى تەسسەۋۋۇرى ئاساسسىز بولسىمۇ، ئەمما يىلان سۆڭىكىنىڭ سېھرىي پائالىيەتتە ئىشلىتىلىشى ھازىرغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇرلار يەنە يىلان ماڭغان چاغدا پەيدا بولغان ئىزدىن ئاتلاشتىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ. مەلۇم بىر جايدىن يىلانلار تۈپ ـ توپ بولۇپ كۆچۈپ كەتسە، كىشلەر شۇ يەردە بىرەر پالاكەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشىدۇ. بۇ خىل پالاكەت يەر تەۋرەش، سۇ ئاپىتى....قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسى بارلىقى ھەققىدە يىلان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئالدىن سېزىش ئىقتىدارى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا "خۇراپات" دەپ قارىلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ تەكتىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ئىسلامىي قاراشلار بويىچە يىلاننى ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنى خەلق ئارىسىدا "تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جاننى، شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈرۈ يىلىنانى" دېگەن گەپ بار بولۇپ، بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان "شەرىئەت" دەل ئىسلام قانۇنىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار پاقىنى ھەم ئىرىملىك ھايۋان دەپ قاراپ ئۇنى ئۆلتۈرمەيدۇ ھەم يىمەيدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تېبابىتىدە قۇرۇتىلغان پاقا گەۋدىسى يەلنى باسقۇچى دورا قاتارىدا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە، قارا سېھرگەرلىكتە قەستلەنگۈچىنىڭ ئىسمى قوشۇلغان ئەپسۇننى ئوقۇپ ئۇنى پاقىغا سۈپلەپ، ئاندىن پاقىنى ئوچاقنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوچاققا ئوت قالاپ پاقىنى ئاستا ـ ئاستا قىيناپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق قەسلەنگۈچىنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا ئۇرۇنۇش قىلمىشى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

كەسلەنچۈك رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇچرايدۇ. ئۇ قۇرغاق يەر ۋە چۆللۈكلەردە كۆپرەك

بولىدۇ. ئۇيغۇرلار كەسلەنچۈكنى ۋە يەنە بىر ئۆمۈلىگۈچى ھايۋان كىلەنى ئۆلتۈسە شامال ياكى بوران چىقىپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىنىدۇ. بۇنداق ئادەت ئومۇمەن كەسلەنچۈك بار ھەرقانداق جايدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇد. كەسلەنچۈك بىلەن كىلەنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن شامال چىقىش ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بولۇشى بۇ ئادەتلەردە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان بولۇپ، ئۇ جانلىقلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكنىڭ بىر ئىپادىسى، خالاس.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلاردا زىيانداش بولمىغان ھەرقانداق ھاشارەتنى ئۆلتۈرمەيدۇ. ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىدا بارلىق ھاشارەتلەر ناپاك دەپ قارىلىپ ئۆلتۈرۈلىشى كېرەك دەپ قارىلاتتى. بىزدە قەدىمكى ئاتەشپەرەست ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدە ھاشارەتلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئائىت ماتېرىيال يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە بۇددا دىنىدا ھەرقانداق جانلىقنى ئاسراش بۇددا مۇخلىسىنىڭ ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشى بولۇپ، جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشكە توگۇل، ئۇلارغا ئۆز جىسمىنى ھەدىيە قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئالاقىدار يازما يادىكارلىقلىرىدىن بىز بۇ مەسىلىنى تونۇپ ئالايمىز. ئىسلام دىنىدا ئاساسەن زىيانداش بولغان يىلان، چايان، قاغا، چاشقان قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەمما باشقا پايدىلىق ھايۋانلارنى ئاسراش تەشەببۇس قىلىنغان. شۇنداق بولغاچقا، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار پاشا، سۆۋەرەك، چىۋىندىن بولەك بارلىق ھاشارەتلەرنى ئۆلترۈمەيدۇ. جۈملىدىن چۈمۈلە، ئۆمۈچۈك قاتارلىق كۆپ ئۇچرايدىغان ھاشارەتلەرنى زادىلا ئۆلتۈرمەيدۇ. چۈمۈلىنى ئۆلتۈمەسلىك ۋە دەسسىمەسلىككە يەنە ئۇيغۇر قىسسە ـ رىۋايەتلىرىدىكى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ قوشۇن تارتىپ ماڭغاندا، چۈمۈلىلەر پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز قەۋمىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويماسلىققا دەۋەت قىلغانلىقى، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ چۈمۈلىلەر بىر چەتكە ئۆتۈۋالغانلىقىدىن كېيىن ئاندىن سەپىرىنى داۋام ئەتكۈزگەنلىكىدەك ئېپىزوت قۇۋۋەت بېرىدۇ.

يۇقىرىقى پەرھىزلەر پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا ھازىر مەۋجۇد بولغان، ئەمەلىي ھايۋانلارغا ئالاقىدار پەرھىزلەردۇر. خەلق تەسەۋۋۇرلىرىغا ئاساسەن يەنە نۇرغۇن ھايۋانلارنى "ئىجاد" قىلغان بولۇپ، رىۋايەتلەردىكى ئەنقا (سۇمرۇغ)، ئالتۇن كاكىلايدىغان توخۇ، قىئات («ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا تىلغا ئېلىنغان ھايۋان. بۇنى بەزىلەر كەركىداندۇر دېيىشىدۇ.) ئەجدىھالار ئەشۇنداق تەسەۋۋۇرلارنىڭ

مەھسۇلدۇر. ھايۋانلار ھەققىدىكى ئۇيغۇر پەرھىزلىرىدىن مۇنداق تەرەپلەرنى، يەنى:ھايۋاننى ئاسراش ۋە كۆپەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلاردا كۆرۈلگەن بىنورماللارنىڭ بىشارەتلىك خۇسۇسىيىتىنى تونۇش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش، دىنىي ئەقىدە ئاساسىدا ھايۋانغا ئوخشمايدىغان مۇئامىلە تۇتۇش، ھايۋاننى روھقا ئىگە دەپ قاراپ، ئۇنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى ياكى ئۆزىنى سېھىرگەرلىكتە ئىشلىتىش قاتارلىق تەرەپلەرنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

## 2. ئۆسۈملۈككە ئائىت پەرھىزلەر

تۇرمۇشتا كىشلەر ھايۋانلار بىلەن ئالاقە قىلىپلا قالماستىن، يەنە يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، ئىشلەپچىقىرىش، ئىسسىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆسۈملۈكلەرگىمۇ تايىنىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرگە بولغان ئېھتىياج ۋە ئۇنى تونۇشنىڭ چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ، ئۆسۈملۈكلەردە مەلۇم سىرلىق قۇۋۋەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىبتىدائىي دەۋرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىسى ئۆسۈملۈك توتېمىغا چوقۇنۇشتۇر. كىشلەر توتېم ئۆسۈملۈكى خۇددى ئادەمگە ئوخشاش تۇيغۇغا، جانغا، ھەتتا ئىلاھىيلىق خاراكتېرگە ئىگە دەپ قاراشتىن باشقا، ئايرىم ساندىكى دەل ـ دەرەخلەرگىمۇ مۇئەييەن مەنىلەرنى يۈكلەپ چۈشەندى ۋە چۈشەندۈردى. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ دەل ـ دەرەخكە ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلىرىنى بىر قانچە نوقتا بويىچە شەرھلەپ ئۆتىمىز.

دەل ـ دەرەخنى ئۇلۇغلاش ـ قەدىمكى شىمالدىكى قويۇق ئىبتىدائىي ئورمانلاردا ياشىغان مىللەتلەر ئارىسىدا شەكىللەنگەن تەبىئەت دىنلىرىدىكى ھادىسە بولۇپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كۈچلۈك كۆپىيىش ئىقتىدارى ۋە ھاياتلىق ئىقتىدارى تۈپەيلىدىن ئۇلاردا بىر خىل تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بار دەپ تونۇلغاندىن باشقا، ئۇ يەنە شامان دىنىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئالەم ـ ئاسمان، ئاسمان، زېمىن، يەر ئاستىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرغۇچى ئىلاھىي "شوتا" دەپ قارالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى» ۋە جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان كۇشاي» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىكى رىۋايەتلەردە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دەرەختىن تۆرەلگەنلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنلار سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن توتېملىق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار

تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە قۇرغاق مۇھىت سەۋەبىدىن دەل ـ دەرەخلەرنى ئەزىزلەپ ئۇنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەل ـ دەرەخلەرنى جىن ـ شەيتانلارنىڭ تۇرار جايى دەپ چۈشىنىپ، ئۇلارغا سىرلىق پوزىتسىيە بىلەن قارىدى. ئۇنىدىن باشقا دەل ـ دەرەخلەردە كۆرۈلگەن بىنورمال ئەھۋاللاردىنمۇ ھەم مەلۇم يامان ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، دەل ـ دەرەخلەرگە ئائىت بىر قىسىم پەرھىز ئادىتىنى شەكىللەندۈردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئىشەنچىسىدە بىر قىسىم دەرەخلەر نەس، شۇم دەرەخلەردۇر. يەنە بىر قىسىم دەرەخلەر بولسا خاسىيەتلىك دەرەخلەردۇر. شۇم، نەس دەرەخ دېگىنى تىكەنلىك، مېۋىسىز، ياغىچى كارغا كەلمەيدىغان، ئۆسۈشى ئەگرى ـ بۈگرى، كىشىگە يۇچۇن تۇيغۇ بېرىدىغان سىدە، ئاكاتسىيە، ئازغان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. خاسىيەتلىك دەرەخ دېگىنى ئۈژمە، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەردۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە قەدىمكى دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاپ ئاسانلىقچە كەسمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، دەل ـ دەرەخ بولمىغان تاقىر يەردە ئۆنۈپ قالغان بىرمۇر تۈپ يالغۇز دەرەخنى ھەم كەسمەيدۇ. خەلق ئارىسىدىكى قاراشلاردا بۇنداق دەرەخلەر جىنلارنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، كىمكى شۇنداق دەرەخلەرنى كېسىدىكەن، قولى تۇتماس بولىدۇ ياكى باشقا كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق دەرەخلەرنى كەسسە ئۇلاردىن قان چىقار ئىكەن. ئۇيغۇرلار يەنە قەبرىستاندىكى ياكى قەبرىستان ئەتراپىدىكى دەل ـ دەرەخنىمۇ كېسىپ ئىشلىتىشتىن، ئىگىلىك يەر (جىنلار ئىگىلىۋالغان يەر) ۋە قىتمىر غۇجام چۈشكەن يەر) دىكى دەرەخلەرنى كەسسە بولمايدۇ، ناۋادا شۇنداق قىلىدىكەن، كەسكۈچىنىڭ پۇت ـ قولى تۇتماس بولىدۇ، بېلى ئاغرىپ، بەدىنىگە چاقا جاراھەت چىقىپ، شامال دارىپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئاقىۋەتلەر خۇراپىي ئىشەنچلەردە جىن ـ شەيتانلارنىڭ "ئۆيى" نى چۇۋۇپ، ئورنىنى قوزغىۋەتكەنلىكنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار سىدە دەرەخ قېرىپ قالسا جىنلار ئۇۋا ياسىۋالىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى پات ـ پات كېسىپ تۇرىدۇ. ئەگەر قېرىپ كەتكەن سىدە بولسا ئۇنىمۇ كەسمەيدۇ. بەزى يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە ئاكاتسىيە دەرىخىنىمۇ نەس، شۇم دەرەختۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاكاتاتسىيە دەرىخىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى ھەرقانداق ئورۇنغا ئىشلىتىش پەرھىزلىك ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ياڭاق دەرىخى ئۆسىدىغان خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ياڭاق دەرىخىنى ھويلا ئىچىگە تىكىش پەرھىز

قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ياڭاق دەرىخىنىڭ چېچەكىنى كۆرۈپ قېلىشمۇ قاتتىق ئېھتىيات قىلىنىدۇ. ئەسلىدە ياڭاق دەرىخى چېچەكلىمەي مېۋە بېرىدۇ. يەنە بىر قاراشتا، ياڭاق دەرىخى كېچىدە چېچەكلەرمىش. ناۋادا ياڭاق دەرىخىنىڭ چېچىكىنى كۆرۈپقالسا، كۆرۈپ قالغۇچىنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم ـ يېتىم يۈز بېرىپ قالار ئىكەن. بۇ ياڭاق دەرىخىدە كۆرۈلگەن بىنورمال ھالەتكە قارىتا تۇتۇلغان ئېھتىيات پوزىتسىيىسى ۋە شۇ ئاساستا پەيدا بولغان بىشارەتلىك قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. قۇلماق چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلى نۆۋەتتە پېۋا ئىشلەشكە پايدىلىنىلماقتا. قۇلماق ئۆسۈملىكى ھەققىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر خىل خۇراپىي قاراش بار ئىدى. بۇنى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە تىلغا ئالىدۇ: "قۇملاق: قۇلماق، قىپچاق يۇرتلىرىدا ئۆسىدىغان، ھەشقىپىچەككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ شاراپ ياسىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك كېمىگە چۈشۈپ قالسا، دېڭىز دولقۇنلىنىپ، كېمە چايقىلىپ، ئىچىدىكىلەر ھالاكەت خەۋپىدە قالارمىش."[1] مۇشۇ ئىزاھتىن قارىغاندا قۇلماقنىڭ كېمىگە چۈشۈپ قېلىشى پەرھىزلىك ئىش ھېسابلانغان بولۇپ، ئىسلام دىنى شارائىتىدا شاراپ ئىچىش ۋە ياساش چەكلەنگەنلىكتىن، بۇ ئۆسۈملۈككە ئائىت خۇراپىي قاراشمۇ ئىلگىرىكى دەۋىدىلا يوقۇلۇپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە مېۋىلىك دەرەخلەر جەننەتتىن چىققان، خاسىيەتلىك دەرەخلەردۇر. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ "خاسىيەتلىك" بولۇشى ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇيغۇرلار مېۋىلىك دەرەخنى قەدىرلەپ، ئۇلارغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتتىن ساقلىنىدۇ. جۈملىدىن مېۋىلىك دەرەخنىڭ يېنىغا مىشقىرىش، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. خەلق نەزىرىدە ئۈژمە دەرىخى تېخىمۇ خىسلەتلىك دەرەختۇر. بەزى پىكىرلەرگە ئاساسلانغاندا ئۈژمە دەرىخى قىرىق ياشقا توشقاندا، ئۇنىڭدا جىنلار ئۇۋا سالار ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا قېرى ئۈژمە دەرىخىنى كېسىش، كۆچۈرۈش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۈژمە دەرىخى بەك ئۆسۈپ كېتىپ يولنى توسۇۋالغان بولسا، ئۇنى كېسىۋەتمەيدۇ، بەلكى باشقا جايدىن يول ئالىدۇ. بىز «تۇرالغۇغا ئائىت پەرھىزلەر» دە تىلغا ئالغان "ئۈژمە دەرىخىنىڭ يىلتىزى ئۆيگە كىرىپ قالسا، شۇ ئۆيدە ئۆلۈم ـ يېتىم بولىدۇ" دېگەن ئىرىملىك ئادەتنىڭ مەنبەسى دەل ئۈژمىنى ئىلاھلار دۇنياسى، ئىنسانلار دۇنياسى ۋە جىن ـ ئالۋاستىلار دۇنياسىنى

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1ـ توم، 620 ـ بەت.

تۇتاشتۇرغۇچى "ئالەم دەرىخى" ياكى "ئاسمان شوتىسى" دەپ تونۇشتا، ھەمدە ئۈزۈمنىڭ يىلتىزى بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان جىن ـ ئالۋاستىلار دۇنياسىنىڭ ئۆي بىلەن باغلىنىپ قېلىپ ئۆلۈم ـ يېتىم كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىدەك تەسەۋۋۇردۇر. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھالىرىدە ئۈزۈمە ياغىچىنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. جۈملىدىن بوسۇغا، بۆشۈك، ئاشتاختا ـ نوغۇچ، تاماق ئۈستىلى، تەڭنە قاتارلىقلارنى بىردەك ئۈزۈمە ياغىچىدىن ياساشنى ئەۋزەل بىلىدۇ.

دەرەخلەرنىڭ تۈيۈقسىز قۇرۇپ كېتىشىمۇ كىشىلەردە قورقۇنچ كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار باغ ياكى ھويلىدىكى بىرەر تۈپ مېۋىلىك دەرەخ قۇرۇپ كەتسە، شۇ ئائىلىگە پىشكەنلىك كېلىدۇ، ئۆي ئىگىسى قازاغا يولۇقىدۇ دەپ قارايدۇ يەنە مۇشۇ قاراشتىن قاراشتىن بىرى شۇكى، بىرەر ئۆيدە بىرەر كىشى ۋاپات بولۇپ كەتسە، شۇ كىشىگە قاراشلىق مېۋىلىك دەرەختىن بىرەرسى قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ ئۆي ئىگىسىگە ماتەم تۇتۇشى، دەپ جورۇلىدۇ. بۇ دەرەخنىمۇ روھقا ياكى جانغا ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىگىسى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ھېسسىي ئۆتۈشۈش بولىدۇ دېگەن ئىبتىدائىي پىكىر ئۇسۇلىنىڭ كېيىنكى قالدۇقلىرىدۇر. ئۇيغۇرلار مېۋىسىز دەرەخنى بىرەر زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن كېسىپ ئىشلەتسىمۇ، ئەمما ياخشى ئۆسۈپ مېۋە بېرىۋاتقان دەرەخلەرنى كېسىۋېتىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ كېلىمات شارائىتىغا ئاساسەن، بۇ يەردىكى مۇتلەك كۆپ مېۋىلىك دەرەخلەر بىر يىلدا بىر قېتىم چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ. بۇ مەزكۇر رايون ئۈچۈن ئېيتقاندا قانۇنىيەتلىك ھالەتتۇر. ئەمما كۆپىنچە ئۇيغۇرلار مېۋىلىك دەرەخنى بىر يىلدا ئىككى قېتىم چېچەكلىشىنى شۇم ئەھۋال، پالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىش دەپ قاراپ بەك ئېھتىيات قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ھەتتا بۇنداق ئىككى قېتىم چېچەكلىگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاش ئارقىلىق، يېتىپ كەلگۈسى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ يۇقىرىقى پەرھىز ئادەتلىرىگە ئوخشاش، ئىلمىي ئاساسى بولمىغان خۇراپىي ئادەتتۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، كىلىماتنىڭ ئىللىق ۋە نەم بولۇشىنىڭ قىسمەن دەرەخلەرنى ئىككى قېتىم چېچەكلىتىدىغانلىقىدەك بىئولوگىيىلىك ساۋاتنى توغرا چۈشەنمەسلىكتۇر.

ئۇيغۇرلار ئۇتۇننى نانغا ئوخشاش مۇقەددەس كۆرىدۇ. چېچىلىپ قالغان ئۇتۇن ئۇۋاقلىرىنى خۇددى نان ئۇۋىقىنى تەرگەندەك تېرىپ يول چېتىگە ئېلىپ قويىدۇ ياكى ئېلىپ كېتىپ قالايدۇ. ئۇتۇن ۋە ئۇتۇن

ئۇۋاقلىرى ئۈستىگە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. ئەمما قەبرىستاندىكى ئۈتۈن ـ چاۋارلارنى بولسا تېرىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ياغاچنىڭ قەيەرگە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۇنىڭغا بولغان كىشلەرنىڭ پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەپ قويىۇشى مۇمكىن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ياغاچنى ئىشلىتىپ كۆۋرۈك سالغاندىن باشقا، كۆۋرۈكنى بۇزۇپ، ئۈتۈننى قالاشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. ئۈتۈننى قەدىرلەش، جامائەت مۈلكىنى ئاسراش مەقسەد قىلىنغان يۇقىرىقى پەرھىزلەر كىشلەرنىڭ ئۆز مۇھىت ـ شارائىتىغا يارىشا تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى سۈپىتىدە مىللەت ئادىتى ئىچىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

ئۇيغۇرلار گۈلگە ئىنتايىن ھېرىسمەن، گۈلخۇمار خەلقتۇر. ئۇيغۇر ھويلىلىرى گۈللەر بىلەن زىننەت تاپىدۇ، قىز ـ يىگىتلەر گۈل بىلەن كۆڭۈل ئىزھار قىلىدۇ. كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ ئىمارەتلەر گۈل نەقىشلىرى بىلەن گۈزەللىشىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆستۈرىدىغان گۈللەرنىڭ تۈرى كۆپ خىل بولۇپ، بۇ گۈللەر كىشلەرنىڭ گۈزەللىك ئىشتىياقى ۋە زەۋقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە گۈل ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى قۇۋۋەت دورىسى گۈلقەنتنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالىدۇر. ئۇيغۇرلاردا گۈللەرگە ئائىت پەرھىزلەر ئاساسەن گۈلنى بىھىشتىن چىققان نەرسە دەپ قاراپ ئۇنىڭغا ھاقارەتلىك ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق ۋە گۈلنىڭ ئۆزىدە كۆرۈلىدىغان بىنورمال ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇيغۇرلار قىزىل گۈلنى بەك ئەتىۋارلايدۇ. ئۇنىڭدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىدى بار دەپ قاراپ، تاشلاشتىن، دەسسەپ چەيلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇنى توزۇتىۋەتسە، بەختى توزۇپ كېتىدۇ دەپ جورۇيدۇ. قىزىل گۈلگە ناپاك ھالەتتە ياكى يۈزىنى يۇيمىغان ھالەتتە قارىمايدۇ. ئۇيغۇرلار گۈلنى ئادەمنىڭ بەختىگە سىمۋۇل قىلىپ چۈشىنىدۇ. مۇشۇ ئاساستا "ئۈن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان" (دۇنيانىڭ راھىتىنى تېخى كۆرمىگەن، دېگەن مەنىدە) دېگەندەك تەمسىللەر، گۈل ھەققىدىكى نۇرغۇن قوشاقلار بارلىققا كەلگەن. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كىشلەر گۈلنىڭ رەڭگى ۋە ئېچىلىش مەزگىلىگە قارىتا قانۇنىيەتلىك ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ ئالغان ۋە شۇ ئاساستا گۈل ئۆستۈرۈپ كەلگەن. ئەمما گۈلنىڭ ئېچىلىش مەزگىلىدە ئالمىشىش ۋە بىنورماللىق كېلىپ چىقىدىكەن، كىشلەر بۇنى شۇملۇقنىڭ بىشارىتى دەپ قاراپ ئىنتايىن پەرھىز قىلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئائىلىلەردە تەشتەكلەردە سۆگەت گۈلنى كۆپ ئۆستۈرىدۇ. سۆگەت گۈلنىڭ رەڭگى ئادەتتە قىزغۇچ بولىدۇ، ئەمما بەزىدە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن (بۇ سەۋەبنى بوتانىكا ئىلمى ساھاسىدە ئىزاھلاش زۆرۈر.) ئاق رەڭدىمۇ

ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلار سۆگەت گۈلىنىڭ ئاق رەڭدە ئېچىلىشىنى ئىنتايىن يامانلىقنىڭ ئالامىتى، ئۆلۈم - يېتىمنىڭ بىشارىتى دەپ قاراپ، بەك ھەزەر قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەتنىڭ بىرى تىكەن گۈلىنىڭ ئېچىلىشى بولۇپ، ئادەتتە تىكەن گۈل ئېچىلمايدۇ، ئۇ گۈلسىز زىننەت دەرىخىدۇر. ناۋادا ئۇ ئېچىلىپ قالىدىكەن، بۇ ئوخشاشلا ئۆلۈمنىڭ بىشارىتى دەپ قارىلىپ بەك ھەزەر قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە گۈلنىڭ ئېچىلىش ھالىتى بىلەن مەلۇم بالا - قازانى بىرلەشتۈرۈپ قاراش بىر خىل بىشارەت خۇراپاتلىقىدۇر.

بۇددا دىنىدا نىلۇفەر گۈلى ئىنتايىن مۇقەددەس گۈل دەپ قارىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر دىنىدا ئالىي جاناپلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ، پاتقاقتىن چىقىپمۇ بولغانمىغان بۇددالىقنىڭ سىمۋۇللىدۇر. بۇددا رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا ئامىتا بۇددا تىزگىنلەپ تۇرغان غەربىپتىكى پاك زېمىن شاد - خورام ماكان بولۇپ، كىشلەر نىلۇفەر گۈلى ئىچىگە ئورۇنلاشقان ئىكەن. بۇ دۇنيادا تىرىشىپ ساۋاپلىق ئىش قىلغان كىشلەر ئۆچۈنلا پاك تۇپراق ئىچىدىن بىر تال نىلۇفەر ئۈنۈپ چىقىپ، ئۇلار ئەشۇ گۈل ئىچىدە ئولتۇرۇپ بۇددانى زىكرى قىلىدىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئالاقىدار قەدىمكى ئەسىرى «ئىككى تىكىننىڭ ھېكايىسى» دە تەسۋىرلىنىشىچە، ئاق نىيەت تىكىن بارلىق جانلىقلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى ئىزدەپ ئەجداھالار پادىشاھىنىڭ يېنىغا بېرىش سەپىرىدە بىر بوۋايغا يولۇقىدۇ. بوۋاي سەپەر مەسلىھەتىنى بېش داۋامىدا ئۇنىڭغا "تاققا بارسىڭىز كۆك نىلۇفەر كۆرىسىز. ھەربىر نىلۇفەر گۈلىدە بىردىن زەھەرلىك ئىلان بار. (ئۇلارنىڭ) زەھەرلىك نەپسى يىراقتىنلا كۆرۈنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىر نىلۇفەر گۈلىدىن تۇتۇن چىقسا يامان خەۋپ دېيىلىدۇ."[1] مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، بۇددا دىنىي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار نىلۇفەر گۈلىنى بۇددىغا سېغىنىدىغان مۇقەددەس كۇرس دەپ ئىشىنىپ، يۇقۇرقىدەك بىنورمال ئەھۋالدىن ئېھتىيات قىلغاندىن باشقا، يەنە نىلۇفەر گۈلگە قارىتا ھەرقانداق بىنورمال ھەرىكەتلەردىن پەرھىز تۇتقانلىقى تەبئىي.

قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇرلار مېۋىلىك دەرەخ ئىچىدە شاپتولنى سىرلىق مەنىدىرەك چۈشىنىدۇ. شاپتول دەرىخى ئادەتتە تۆت - بەش يىللا ياخشى مېۋە بېرىپ ئاندىن

---

[1] ئابدۇقەييىم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ. ئىسراپىل يۈسۈپلەر تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىلى 9-ئاي 1-نەشرى، ئۇيغۇرچە، 203-بەت.)

ئاساسەن مىۋە بەرمەيدۇ، شاخلىرى قۇرۇپ يىلىم قاپلاپ كېتىدۇ. بىز "شاپتول دەرىخىدە جىن بولىدۇ" دېگەن قاراشتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسەن شىرنىلىك، شىلىمشىق دەرەخلەرگە جىن ئاسان چاپلىشىدۇ دېگەن تۇپ پىكرىنى چۈشىنەلەيمىز. يەنە بىر مەسىلە بولسا، تۈركىي تىللىق خەلقلەردە دەرەخنى ئەرلىككە تەققاسلاپ چۈشىنىشتۇر. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر ئاياللىرى بالا يۈزى كۆرمىگەندە بىرەر تۇپ دەرەخنىڭ يېنىدا بىرەر كېچە يېتىپ پەرزەت تىلەيدىغان ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. قەھرىمان ماناس ۋە ئالپامىشلانىڭ ئانىلىرىمۇ ھەم ئورمانلىقلاردا تۈنەپ ئەشۇ ئوغلانلىرىغا ھامىلدار بولغانلىقى مەزكۇر داستانلاردا ئېيتىلىدۇ. ئۈچىنچى بىر مەسىلە شۇكى، ھازىرقى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا قىش پەسلىدە بۇغداي مايسىسى ئۆستۈرۈپ، «كۆك مەشرىپى» ئۆتكۈزىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا ئاشلىق تەڭرىسى (بۇ ئۇقۇم تازا ئېنىق بولمىسىمۇ) چۈشەنچىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرىپىگە مۇراسىم بېرىدىغان ئەھۋالنىڭ مەۋجۇدلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۆسۈملۈككە ئائىت يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەردىن باشقا يەنە، ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىتى، زەھەرلىك ـ زەھەرسىزلىك ئالاھىدىلىكى، پايدا ـ زىيىنى ھەققىدىكى تىبابەت قاراشلىرى ۋە ئەمەلىي چەكلىمىلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ بىزنىڭ تېما دائىرىمىزگە كىرمەيدىغان مەسىلە بولغاچقا، بۇ ھەقتە توختالمىدۇق.

## 3. تەبىئەت جىسىملىرىغا ۋە ھادىسىلىرىگە ئائىت پەرھىزلەر

تەبىئەت جىسىملىرى دېگەندە، بۇ يەردە ئۇ بارلىق جانسىز تەبىئەت شەيئىلىرىگە ئىشارە قىلىنىدۇ. تەبىئەت ھادىسىلىرى دېگەندە، ئۇ تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدىكى تۈرلۈك ھالەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلار تەبىئەت جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرى قويندا ياشاپ ئۇلارغا تايىنىپ كەلگەچكە، تۈرلۈك مىللەتلەردە ئەڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا تەبىئەت جىسىملىرىغا ۋە ھادىسىلىرىگە چوقۇنىدىغان ئېتىقاد بارلىققا كەلگەن ۋە داۋاملاشقان.

كىشىلەر تەبىئەت جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىنى بەخىت ـ سائادەت ۋە بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ دەپ قارىغان، ئۇلارغا قارىتا تۈرلۈك پەرھىز ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بىز تۆۋەندە

ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان تەبىئەت جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىگە ئالاقىدار پەرھىزلىرىنى بىر قانچە نۇقتىدا بويىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئاسمان جىسىملىرىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ، ھەتتا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن دىنى - تەبىئەت دىنى بولغان شامانىزىم بولۇپ، كۆك تەڭرىنى مەركىز قىلغان تەبىئەت تەڭرىلىرىگە چوقۇنۇشنى ئەقىدە قىلغان بۇ دىندا چوڭ - چوڭ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەڭرى قاتارىدا ھېسابلانغان. بۇ دىندىكى ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان چوقۇنۇشنىڭ پەرھىز شەكلىدىكى قالدۇقلىرى ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاز - تولا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن كۆك ئاسمان تەڭرى دەپ چوقۇنۇش ئەھۋالى يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئارىسىدا ئەشۇ ئېتىقادنىڭ ئاز - تولا ئىزنالىرى بار. مەسلەن، ئۇيغۇرلاردا ھازىر ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتلەر بار بولۇپ، بۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى كۆك تەڭرىگە ھاقارەت قىلماسلىق بىلەن ئوخشاش مەناغا ئىگە. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە "كۆككە (ئاسمانغا) تۈكۈرسە، يۈزىگە چۈشۈر" دېگەن ماقالنى يېزىپ قالدۇرغان.[①] ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا يەنە ئاسمانغا قاراپ ھاجەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋاللار بار بولۇپ، بۇمۇ كۆك تەڭرىسىگە قىلىنغان ھاقارەت سۈپىتىدە تونۇشنىڭ ئىزناسىدۇر. قوياش پۈتۈن مەخلۇقاتنى ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاسمان جىسمى بولۇپ، قەدىمكى دىنى چۈشەنچىلەردە قوياش ئىلاھ دەپ چوقۇنىلغان. دۇنيادىكى قەدىمكى دىنلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قوياش ئىلاھى ئەڭ ئۈستۈن ئىلاھ دەپ سانالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىمۇ قوياشقا چوقۇنۇش مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، "كۈن تەڭرى" ئەنە شۇ قوياشنىڭ ئىلاھلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىسمەن ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. مەسلەن، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا يۈزنى يۇيىماي كۈنگە قاراشتىن، كۈنگە قاراپ ھاجەت قىلىشتىن، جۇنۇپ ھالەتتە كۈنگە قاراشتىن پەرھىز قىلىدىغان

[①] شۇ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، ئۇيغۇرچە، 2- توم 107 -بەت

ئادەت بار. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزىم ئېتىقادىچە، قوياش يامان روھ بىلەن كۆرەش قىلىدىكەن، بەزىدە ئۇنى يامان روھلار تۇتۇۋېلىپ قورشاپ، زۇلمەت ئالەمگە باستۇرۇۋېتىدىكەن. بۇ مەزكۇر ئەقىدىدىكى كۈن تۇتۇلۇشقا بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشتۇر. ئۇنىدىن باشقا، ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى ئېتىقادىدىمۇ قوياش ئىلاھ سۈپىتىدە تونۇلۇپ، ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەت كۈچلىرى بىلەن كۆرەش قىلىدىغانلىقى مۇھىم ئەقىدە ئاساسى قىلىنىدۇ. شۇڭا قوياشقا ئائىت پەرھىزلەردە مەزكۇر دىنلارنىڭ تەسىرى بار ئەلۋەتتە. كۈننىڭ تۇيۇقسىز غۇۋالىشىپ، نۇرسىزلىنىشى ياكى كۆيۈشى، ۋەياكى تۇتۇلىشى باشتىن ئاخىرى بىرەر بالايى ـ ئاپەتنىڭ، يامانلىقنىڭ بىشارىتى دەپ تونۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇنداق ئەھۋالدىن بەكمۇ ھەزەر قىلىدۇ. ئىلگىرىكى دەۋردە كۈن كۆيسە يىغلىشىپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىشىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئومۇمەن، قوياشنىڭ ئالەمگە يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بەرگۈچى ئاسمان جىسمى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىكى كۆيۈش، تۇتۇلۇش ھادىسىلىرىنىڭ نورمال تەبىئي ئۆزگىرىش ئىكەنلىكى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەنمىگەنلىكتىن، يۇقۇرقىدەك بىر قاتار ئەھۋاللار كېلىپ چىققان.

قوياش بىلەن مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇرلار ئايغىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارىتا بىر مۇنچە ئىشلاردىن چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئايغا قاراپ تۈكۈرىشتىن، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش، قولنى تەڭلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى "تولۇن ئاي قول بىلەن كۆرسىتىلمەس"[1] دېگەن بىر ماقالنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ ئادەت ھازىرغىچە پەرھىز شەكلىدە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلاردا ئاينىڭ تۇتۇلىشى ۋە كۆيىشىنىمۇ يامانلىقنىڭ بىشارىتى دەپ قارىغان. يەنە ساددا يۇلتۇزشۇناسلىق ئىلمى تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ ئاينىڭ تىك چىقىشى ئۆلۈم ـ يېتىمنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىغا بىشارەت قىلىنغان. ھازىرقى زامان ئاسترونومىيە ئىلمىدە ئاينىڭ ھەرىكىتى ۋە يەر بىلەن بولغان ئارلىقى ھەم بۇلۇڭ مۇناسىبەتلىرىنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان تەسىرى تەتقىق قىلىنىشى، شۇ ئاساستا يۇقىرىقى پەرھىزنىڭ ئىلمىي تەجرىبە ياكى خۇراپات ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىشى كېرەك. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئاينى بەك ھۆرمەتلەيدۇ. ھەر قېتىم ھىلال ئاي چىققاندا كىشىلەر "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئايخان" دەپ ئايغا تەزىم قىلىدۇ. رامىزان ئېيى چىقىپ كېتىپ، رامزان روزىسى تۇتۇش

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1ـ توم، 112ـ بەت.

ئاخىرىلاشقان ئاخشىمى كىشىلەر كونا ئايىنى ئۇزۇتۇپ، يېڭى ئايىنى قارشى ئالىدىغان پائالىيەتلەرنى قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرى يۇلتۇز ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ ھەرخىل بولۇپ، بۇ چۈشەنچە كېيىنكى دەۋرلەردىكى يۇلتۇزشۇناسلىق ۋە ئاسترونومىيەنىڭ تەرەققىيات ئاساسى بولۇپ قالغان. شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاي ۋە قوياشقا چوقۇنغاندىن باشقا، يۇلتۇزلارغىمۇ چوقۇنغان، ئەمما يۇلتۇزلار تەڭرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ چۈشىنىلگەن نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە ھەربىر كىشىنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ. كىمنىڭ يۇلتۇزى يۇقىرى بولسا، شۇ كىشىنىڭ تەلىيى كېلىدۇ، يۇلتۇزى تۆۋەن بولسا ئامىتى قاچىدۇ. خەلق ئارىسىدا كىشىلەر زادى قايسى يۇلتۇزنىڭ ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما يۇلتىزى تۆۋەنلىسە، شۇ كىشىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ دەپ جورۇپ، تۆۋەنلىگەن يۇلتۇزنى ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى دەپ قاراشتىن ھەزەر قىلىدىغان، يۇلتۇزى ئوخشاشلارغا ۋابا كېسىلى يۇقىدۇ دەپ قاراپ، بىر يۇلتۇزنى ئىككى ئادەم مېنىڭ يۇلتۇزۇم دەپ بېكىتىشتىن ھەزەر قىلىدىغان، يۇلتۇزى سولدىن چىقسا شۇ كىشىنى پالاكەت باسىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزى بەلگىلەپ قويغان يۇلتۇزنىڭ سولدىن چىقىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان ۋە ياكى سولدىن چىققان يۇلتۇزنى ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى دەپ قاراشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتلەر شەكىللەنگەن. بۇ يەردە دېيىلۋاتقان "سولدىن چىقىش" ئەمەلىيەتتە مەلۇم يۇلتۇزنىڭ يەر يۈزىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن پەيدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە يۇلتۇز چىققاننى ئاي تۇغدى دەپ ئىپادىلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى. بۇ ئايىنى چىشى جىنسلىق تەڭرى دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭ كۈچلۈك تۇغۇش ئىقتىدارىغا ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان يۇلتۇزلارنىڭمۇ مەلۇم تەڭرىلىك خۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىدۇر. مانا مۇشۇنداق ئىشەنچ نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلاردا يەنە يۇلتۇزغا قاراپ ھاجەت قىلىشتىن، كېچىدە يۇلتۇز ساناشتىن پەزەر قىلىدىغان ئادەتلەر بار بولغان. يۇلتۇزلار ئىچىدە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ قىياپىتى كىشىلەردە كىشىلەردە تېخىمۇ چوڭ ۋەھىمە قوزغىغاچقا ،ئادەتلەردە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا قارىماسلىق پەرھىزى كېلىپ چىققان. ئادەم بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ مۇناسىبىتى بار، بىر ئادەم تۇغۇلسا ئاسماندا بىر يۇلتۇز پەيدا بۇلىدۇ، بىر ئادەم بىر يۇلتۇز ساقىيدۇ. مانا بۇ خەلق ئىشەنچىسىدىكى يۇلتۇز ساقىيش ھادىسىگە بىرىلگەن ئىزاھتۇر. ئويغۇرلار بىرەر يۇلتۇز ئاقسا، شۇ يۇلتۇزنىڭ ئىگىسى ۋاپات بولغانلىقىنىڭ بىشارىتى دەپ قاراپ يۇلتۇزنىڭ ساقىپ كىتىشىدىن بەك ھەزەر

ئەيلەيدۇ. يەنە، يۇلتۇز ساقىغانىنى كۆرۈشتىن بەك پەرھىز قىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەر بىرەر يۇلتۇزنىڭ ساقىغىنىنى كۆرۈپ قالسا، ئىچىدە دەرھال تۆۋە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، تەڭرىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. بەزى رايونلاردا يۇلتۇزنىڭ قانداق شەكىلدە ساقىشى ئوخشىمىغان هالدا چۈشۈنىلىدۇ. مەسىلەن، بۇ خىل چۈشەنچىدە ئەگەر يۇلتۇز يەرگە تىك ساقسا، بۇ ئاندىن ئۆلۈمنىڭ بىشارىتى ئىكەن. ئەگەر يانتۇ ساقسا، بۇ جىن ـ شەيتاننىڭ بىشارىتى ئىكەن. بۇنداق چۈشەندۈرۈش مەلۇم جەھەتتە خۇراپاتقا، مەلۇم جەھەتتە ئىسلام ئەقىدىسىگە باغلىق. چۈنكى «قۇرئان» دىكى «جىن» سۈرىسىدە جىنلارنىڭ ئاسمان ئەهلى (پەرىشتىلەر) نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىدىغانلىقى، ئەمما ئاقار يۇلتۇزنىڭ ئۇلارنى قوغلايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. دېمەك، شۇ ئىشەنچ بويىچە ئېيتقاندا ئاققان يۇلتۇز جىنلارغا ئېتىلغان نەرسىدۇر. شۇڭا كۆپلىگەن (مۇسۇلمان) ئۇيغۇرلار ئاققان يۇلتۇزنىڭ بىرەر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان بولدى. هېلىقىدە قورقۇنۇچ ۋە پەرھىزلەرمۇ نۆۋەتتە يوقالماقتا.

## 2. هاۋارايىغا ئالاقىدار پەرھىزلەر

هاۋارايى ئىنسانلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، شۇنداقلا ئىنسانلار هاياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇنى ئالدىن بىلىش ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئۇرۇنۇشلار ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندىمۇ ئۇنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش تەرىقىسىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە هاۋارايى هادىسىلىرى ئىلاهىي رەۋىشتە چۈشۈنىلگەن ۋە چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە ۋە مال ـ چارۋىلارغا كەلتۈرىدىغان پايدىسى ياكى زىيىنى كارامەتلىك ئىش دەپ سانىلىپ، تەبىئەت هادىسىلىرىنىڭ پايدىسى تىلەنگەن، زىيىنىدىن پەرھىز قىلىنغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا گۈلدۈرمامىنى ۋە تۇنجى چاقماقنى ياخشى كۆرىدىغان، بۇنى كۆك تەڭرىنىڭ باهاردىن بەرگەن سىگنالى دەپ بىلىدىغان ئەھۋاللار بولغان. ئۇيغۇرلار چاقماقنى يەنە تەڭرىنىڭ جازاسىدۇر، چاقماق سوقۇپ ئۆلگەن ياكى يارىلانغان ئادەمنى ئەڭ ئېغىر جازاغا ئۇچرىغۇچىدۇر دەپ قارايدۇ. كىشىلەر چاقماق سوقۇپ كۆيۈپ كەتكەن ياكى سۇنۇپ كەتكەن دەل ـ دەرەخلەردىن بەك قورقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى نورۇز بايرىمىنىڭ باهار

پەسلىدىكى تۇنجى گۈلدۈرماما ئاۋازىنى نىشانە قىلىدىغانلىقى گۈلدۈرماما ۋە چاقماققا بولغان ئەقىدىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى ياشاش ھالىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ يايلاقلاردىكى كۆچمەن ھاياتىدا ياكى يېرىم تۇرالغۇ ھاياتىغا قويۇن ياكى شىددەتلىك بوراننىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى، تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈنمۇ بوران ۋە قويۇننىڭ تەبىئىي خەۋپ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. مۇشۇنداق بولغاچقا، شامال، بوران ۋە قويۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يامانلىق ۋە شۇملۇقنىڭ بەلگىسى، جىنلارنىڭ سۈرى سۈپىتىدە تونۇلغان. ھازىرقى ئۇيغۇرلار قاتتىق بوران چىققاندا كىچىك باللارنىڭ سىرتتا ئويناپ يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. بولۇپمۇ قويۇن كۆتۈرۈلگەندە ئۇنى "قويۇن تاز" دەپ تىللاپ، ئايەت ئوقۇپ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدە ئالۋاستى ياكى جىن قويۇن بىلەن بىللە كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇچرىغان ئادەم جىن چاپلىشىۋېلىپ ساراڭ بولىدۇ. قويۇن ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىدا دىگىدەكلا سەلبى ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىر قىلىنغان. ئىسلام دىنىدا شامال بوران ياكى قويۇننى تىللاش چەكلەنگەن. خۇددى شەنبە كۈنىدە كېسەل بىلەن ياتسا ساقىيىش تەس بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاش، خەلق ئارىسىدا شەنبە كۈنى بوران چىقىشتىن ھەزەر قىلىدىغان ئەھۋال بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەنبە كۈنىدە بوران چىقسا، ئۇ بىر ھەپتىگىچە توختىمايدىكەن. بۇمۇ شامال ۋە قويۇننىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى توغرا چۈشىنەلمەسلىك، چۈشەنگەندىن كېيىنمۇ ئەنئەنىۋى قاراشلارنى بىر يولىلا تاشلىۋېتەلمەسلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. يامغۇر ئىنسانلار ۋە ھايۋاناتلارنى تاتلىق سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم بىر مەنبەدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە يامغۇر ئىلاھنىڭ رەھمىتى دەپ چۈشىنىلىدۇ. شامانىزىم دەۋرىدە يامغۇرنى كۆك تەڭرىنىڭ كۆز يېشى دەپ قارايدىغان ئەھۋالنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە ئالاھىدە ئىرىملىك ئادەت قاراشلار كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا بەزى كىشىلەر خۇددى ئالدىنقى سەھىپىدە ئېيتىپ ئۆتكەندەك شەنبە كۈنىدە باشلانغان ئىش ئۇزاق داۋاملىشىدۇ دەپ، قاراپ شەنبە كۈنى يامغۇر يېغىشتىن كۆڭلىدە پەھىز قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا يامغۇر بىر ھەپتە توختىماي يېغىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشقا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشەنچىسىدە بۇلۇت گوياكى

بىر جانلىق نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ تېنى ئىنتايىن يۇمشاق، ئۇ پات ـ پات ئۇسساپ تۇرىدۇ ۋە ئۇسسىغاندا دەريالارغا چۈشۈپ سۇ ئىچىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن قۇرغاق جايلارغا بېرىپ ئېچىكەن سۇنى تۆكۈۋېتىدۇ. ئۇيغۇر ئاغزاكىي تىلىدا ئىنتايىن يۇمشاق ۋە يۇمران نەرسىنى بۇلۇتقا ئوخشىتىپ ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال بار بولۇپ، بۇ بۇلۇتنى يۇقىرىدا ئېيتىقىنىمىز بىلەن مۇناسىبەتلىكتۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇلۇتنىڭ ئۆرتىنىشىنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: " ئۆرتەندى: كۆيدى؛ ئۆرتەنگەن نەرسە. كۈن پاتقاندىن كېيىن بۇلۇت قىزارسا، "بۇلۇت ئۆرتەندى" دېيىلىدۇ. تۈركلەر بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

تۈندە بۇلۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولۇر،

تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە، ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولۇر.

تۈركلەر كېيىنكىسىنى ياخشىلىققا جورىمايدۇ."[①]

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ يەردە دەۋاتقان مەسىلە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە تاڭدا بۇلۇت ئۆرتىنىشىنىڭ بىرەر شۇملۇقتىن بىشارەت بېرىدىغانلىقىدەك ھادىسىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ ئىشەن چىۋقىلىپ كەتتى. كىشىلەرمۇ بۇلۇتنى ئادەتتىكى بىر تەبىئەت ھادىسى قاتارىدا چۈشىنىشكە مايىل بولدى.

### 3. يەر، سۇ ۋە ئوتقا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار قەدىمكى شامان ئەقىدىسى بويىچە يەرنىمۇ ئىلاھ سۈپىتىدە تونۇپ چوقۇنغان ئىدى. ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەر تەڭرىسىگە چوقۇنۇشنىڭ ساقىندىلىرى سۈپىتىدە مۇنداق پەرھىزلەر مەۋجۇد: ئۇيغۇرلار يەرنى قاتتىق تەپسە يەر ئىلاھى غەزەپلىنىدۇ دەپ قاراپ، ئەشۇنداق بىھودە ھەرىكەتتىن ھەزەر قىلىدۇ. يەنە يەرگە قايناق سۇ تۆكۈشتىن ھەزەر قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇيغۇرلاردا ئادەمنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ۋە يەنە تۇپراققا قايتىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچلەر تەرىپىدىن كۈچلەندۈرۈلگەن ئادەتلەر ئىچىدە تۇپراققا ئائىت پەرھىزلەر بار بولۇپ، كىشىلەر توپا سورۇشنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەنلىك بىلەن باراۋەر دەپ قاراپ ئۇنداق ئەھۋالدىن پەرھىز قىلىدۇ. بولۇپمۇ زاۋال پەيتىدە توپا

---

[①] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1ـ توم 333ـ بەت.

سورۇشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە زېمىن سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈگەن نەرسە بولۇپ، ئۇنى مەلۇم زور ھايۋان (قەدىمكى ئەفسانىلەردە بۇ ھايۋان كالا، تاشپاقا، بېلىق.....تۇر.) تېرەپ تۇرىدۇ. بۇ زور ھايۋانلار ھېرىپ تۇرقىنى يەڭگۈشلىمەكچى بولغاندا يەر تەۋرەپ كېتىدۇ. دېمەك، ئەينى دەۋرلەردە يەر تەۋرەشنىڭ سەۋەبى ئەشۇنداق چۈشىنىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىمەھەل يەر تەۋرەش ئىنتايىن شۇملۇقنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان. مەسىلەن: «ئالتۇن يارۇق» تەسۋىرلىنىشىچە، كىچىك تېكىن ئۆز جىسمىنى ئاچ قالغان چىشى يولۋاسقا يەم قىلىپ بەرگەن پەيتتە، "بۇ غايەت زور قۇڭغۇر يەر ھەر تۈرلۈك تەۋرەپ كەتتى، خۇددى قاتتىق بوران چىقىپ كۆل سۈيىنى چايقىغاندەك، سۇلار يۇقىرى ـ تۆۋەن داۋالغۇپ چايقالدى. ئاسماندىكى كۈن (گويا) تەڭرى تورى چىرمىۋالغاندەك قاراڭغۇلىشىپ، نۇرسىزلىشىپ غۇۋالاشتى، تۆت ئەتراپنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى. قارا تۇمان بىلەن قاپلاندى."[①] يەر تەۋرەشنى تەڭرىنىڭ غەزىپى دەپ چۈشىنىش قەدىمدىلا بولغان ئىش ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇد بىر ئەھۋالدۇر. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دېگەن كىتابتا «يەر تەۋرەش ھەققىدە» ۋە «يەر تەۋرىگەن كۈنلەر ھەققىدە» ناملىق ئىككى مەزمۇن ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەر تەۋرەش ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلىرى يەكۈنلەنگەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك نەقىل قىلىپ كۆرسىتىمىز:

*"يەر تەۋرەش ھەققىدە*

مۇھەررەم ئېيىدا يەر تەۋرىسە ئۇلۇغلارغا ئۆلۈم يېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەپەرگە چىقىش ئانچە ياخشى ئەمەس، ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە ئۆلۈم ۋە يارلىنىش بولىدۇ؛

سەپەر ئېيىدا يەر تەۋرىسە، دېھقانچىلىققا ئاپەت يېتىدۇ؛

رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا يەر تەۋرىسە، كىچىك باللارغا ۋە ئايالللارغا چېچەك چىقىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، ئۆلىما ۋە پادىشاھلارغا ئۆلۈم يېتىدۇ؛

رەبىئۇسسانى ئېيىدا يەر تەۋرىسە، يىقىلغان ئادەم پالەچ ھەم ئاغرىقچان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە زالىم ئادەملەر ئوتتا كۆيۈپ ئۆلىدۇ.

جەمادىيەل ئەۋۋەل ئېيىدا يەر تەۋرىسە، ئاغرىق ـ سىلاق كۆپ بولىدۇ. بۇ يىلدا ئاچارچىلىق يۈز

[①] ئابدۇقەييىم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ. ئىسراپىل يۈسۈپلەر تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 174 ـ بەت.

بېرىدۇ، لېكىن تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ؛

جەمادىيەل ئاخىر ئېيىدا يەر تەۋرىسە، ئاغرىق، پالەچ كېسەللىكى كۆپ بولىدۇ. ئەگەر يەر كېچىسى تەۋرىسە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ؛

رەجەپ ئېيىدا يەر تەۋرىسە، بۇ يىلدا زىرائەت ئوخشايدۇ، لېكىن ۋابا كۆپ بولىدۇ. ئەگەر يەر كېچىسى تەۋرىسە، ھەر كىشى سەدىقە بېرىش كېرەك، مەرىكە ـ مۇناجات ئۆتكۈزۈش كېرەك.

شەئبان ئېيىدا يەر تەۋرىسە، نەرخ (باھا) ئەرزان بولىدۇ. ئەگەر يەر كېچىسى تەۋرىسە، ئاغرىق ـ سىلاق، پىتنە ـ پاسات كۆپ بولىدۇ.

رامزان ئېيىدا يەر تەۋرىسە، ئاچارچىلىق بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئەگەر يەر كېچىسى تەۋرىسە، بۇ يىلدا مولچىلىق بولۇپ، ئاغرىق ـ سىلاق ئازراق بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

شەۋەل ئېيىدا تەر تەۋرىسە، ئۇلارغا ئۆلۈم يېتىپ، جەڭگى ـ جېدەل تۇلا بولىدىغانلىقىدىن ئىشارەت بىرىدۇ. ئەگەر يەر كېچىسى تەۋرىسە، ئەل ئارىسىدا خەتەرلىك ئىشلار تولا يۈز بېرىدۇ. زىرائەتلەرگە مەلەخ (ھال) چۈشىدۇ؛

زۇلقەئىدە ئېيىدا يەر تەرۋىسە، خەلق ئارىسىدا پىتنە ـ ئاداۋەت كۆپىيىدۇ. ئەگەر يەر كېچىسى تەۋرىسە، خۇددى كۈندۈزى تەۋرىگەنگە ئوخشاش ئالامەتلەر يۈز بېرىدۇ. لېكىن نەرسە ـ كېرەكلەر مولچىلىق بۇلىدۇ؛

زۇلھەججە ئېيىدا يەر تەۋرىسە،بۇ يىلدا ئۆلۈم يېتىم تولا بۇلىدۇ، زىرائەتلەر خوپ ئىخشايدۇ. ۋەللھۇا ئەئلەم (تەڭرى ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈچىدۇر.) "

*يەر تەۋرىگەن كۈنلەر ھەققىدە*

يەكشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، بۇ يىلدا يىمەك ـ ئىچمەك كەڭرىچىلىك، لېكىن ئاغرىق ـ سىلاق تولا بولىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

دۈشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، بۇ يىلدا تولاراق قىزلارغا ئاغرىق يېتىپ، مەرىكە ـ مۇناجات كۆپ ئۆتكۈزۈلگۈسى.

سەيشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، بۇ يىلدا تولاراق يامغۇر كۆپ ياغىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

چاشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، تۇرمۇش قىيىندا ئۆتىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

پەيشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، بۇ يىلدا تولاراق ياشانغانلارغا ئۆلۈم يېتىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.

جۈمە كۈنى يەر تەۋرىسە، بۇ يىلدا پادىشاھلارغا، خۇتۇن ـ قىزلارغا ئاغرىق ـ سىلاق كۆپ بولىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر. ۋەللاھۇ ئەئلەم. (تەڭرى ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈچىدۇر.) [1]

دەرۋەقە، يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خەلق ئىشەنچىسىگە ئايلىنىپ كەتكىنى يوق. ئەمما بۇلار ئارىسىدىكى قىسمەن قاراشلار ھازىرمۇ مەۋجۇد بولۇپ، خەلق ئارىسىدا يەر تەۋرىگەندە مېڭىپ يۈرسە ناۋادا يىقىلىپ چۈشسە، شۇ كىشى پالەچ بولۇپ ساقايمايدۇ دەپ قارايدىغان ئادەت تارقىلىپ يۈرمەكتە.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ئۆلۈم ـ يىتىم ئىشلىرىدا "يەتتە كەتمەن تۇپا تاشلاش"، "ئىخلاس توپىسى" قاتارلىق ئادەتلەر، تىجارەتچىلەرنىڭ دەسلەپ قىلغان سودىسىنىڭ پۇلىنى يەرگە سۈركەپ ئاندىن غەللىگە سېلىشى، يەر بىلەن قەسەم قىلىش، "يەر يۇتسۇن" دەپ قارغىش قىلىش .... لار ئەنە شۇ تۇپراققا بولغان ئېتىقادنىڭ باشقا ئىپادىللىرىدۇر.

سۇنىڭ ئىنسان، ھەتتا پۈتۈن ھاياتلىق ئۈچۈن مۇھىملىقىنى ئېتىمساقمۇ بۇلىدۇ. مەلۇمكى، قانچىكى مۇھىم بولغان نەرسىلەرنى كىشلەر شۇنچىلىك سىرلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار دەريا سۈيىنى "ئۇلۇغ س" دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك قۇۋۋىتىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. قەدىمكى ئەنئەنىلەردە، كىشلەر كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇنى تۇسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئامال قىلالمىغاندا، "توختى ئىسملىك ئادەمنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئۇنىڭغا ئېغىر تاشنى ئاسىدۇ. ئاندىن دامبىنىڭ (ياكى تۇغان ئالدىدىكى سۇنىڭ) ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە تاشلايدۇ."[2] بۇ ئادەت تىلنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنىش بىلەن مۇناسىبەتلىك بولۇپ، بۇنداق ئادەتنىڭ يوقالغىنىغا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولدى. ئۇيغۇرلار بۇلاق سۈيىنى سىرلىق، خاسىيەتلىك دەپ قارايدۇ. بۇلاقنى ئايالللىق جىنىس بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن چۈشەنچىلەر بولۇپ، بۇلاق بويىغا بېرىپ پەرزەت تىلەش ئادىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلاردا سۇنىڭ ھاياتتىكى مۇھىملىقى، سۇنى ئۇلۇغلاش

---

[1] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە، 89 ـ، 90 ـ، 91 ـ بەتلەر.

[2] ئا. ئىسىيۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سېھرىي كۈچلەر» ، «مىراس» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى 1 ـ سانىغا بېسىلغان ماقالىدىكى باياندىن..

قاراشلىرىدىن چىقىپ پەيدا بولغان مۇنداق پەرھىز ئادەتلىرى بار: ئادەتتە ئۇيغۇرلار سۇغا تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، سۇ ئىچكە يۇندا، ئەخلەت دېگەندەك پاسكىنا نەرسىلەرنى تۆكمەيدۇ. ئۆستەك دەريالاردا چاچ تاراش، كىر يۇيۇش، ئۆستەڭ بويىغا ھاجەتخانا ياكى قوتان بەرپا قىلىش قاتارلىقلار كىشلەر پەرھىز قىلىدىغان ھەم ئىنتايىن يامان كۆرىدىغان ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. كۆل سۈيى ئىشلىتىشتە كۆل بويىدا كىر يۇيۇشتىن، كۆل ئەتراپىغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشتىن، كۆلگە دۇم يېتىپ تۇرۇپ سۇ ئىچىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە چوڭ ـ كىچىك كۆللەر بولىدۇ، بۇ كۆللەرنىڭ سۈيى قىش ياز ئىشلىتىلىدۇ. سۈزۈك سۇ ئاقىدىغان يۇرتلاردا كۆلمۇ بولىدۇ ھەم دەريا سۈيىمۇ بىۋاستە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار چېلەكلەرگە سۇ ئالغىلى چىققاندا ئېرىقنى ياكى كۆل سۈيىنى ئاتلاپ تۇرۇپ سۇ ئېلىشتىن، يۈزنى يۇيىماي تۇرۇپ سۇ ئالغىلى چىقىشتىن، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ سۇ ئېلىشتىن، بامدان نامىزىدىن بۇرۇن ۋە شام نامىزىدىن كېيىن سۇ ئالغىلى چىقىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. سۇ ئېلىپ كېلىشتە يولدا كۆپ تۇرمايدۇ، بولمايدىكەن، سۇغا شەيتان سىيىپ قويارمىش. يۇقىرىقى پەرھىزلەرنىڭ كۆپ قىسمى سۇنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش، سۇنىڭ پاكىز قىسمىنى ئىچىش ئۈچۈن بولسا، بىر قىسمى سۇغا ھاقارەتلىك ھەرىكەت قىلماسلىق، سۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇيغۇرلار سۇ ئىشلىتىشتە كۈن نۇرىدا ئىللىپ قالغان سۇدا كىر يۇمايدۇ ياكى يۇيۇنمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا كۈن نۇرىدا ئىللىپ قالغان سۇ مەكرۇھ ئىكەن، ھەم ئۇ ئادەم تېنىدە ئاق كېسەلنى پەيدا قىلىدىكەن. ئاپتاپتا سۇ ئىللىتقاندا (يەنى ئاپتاپنى سۇ يۈزىگە بىۋاستە چۈشۈرۈش بىلەن سۇ ئىللىتقاندا) سۇ تەركىبىدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئۇ ھەققەتەن كېسەل كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ ـ يوق دېگەن مەسىلىلەر ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتقا ئېرىشەلىسە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە يۇقىرىقى پەرھىز ئادىتىنىڭ خۇراپىي ئىشەنچ ياكى پايدىلىق چەكلىمە ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايمىز. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا شۇنداقمۇ بىر ئىشەنچ باركى، ئۇ بولسىمۇ "يەتتە يۇمىلىغان سۇ ھالال" دېگەندىن ئىبارەت. مۇشۇ قاراش تۆپەيلى نۇرغۇن كىشىلەر يەتتە يۇمىلىغان سۇنىڭ پاكلىقىغا شەكلىنىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئەسلىدە مەلۇم مەنبەدە بولغانغان، ئەمما ئىككى ـ ئۈچ مېتىر ئارىلىققا ئېقىپلا يەتتە يۇملاپ "پاك بولغان" سۇنى ئىچىپ، جىگەر كېسىلى، خولىرا قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، جەمئىيەتكە چوڭ زىيان ئېلىپ

كەلدى. ئىچىملىك سۇ شارائىتىنىڭ نىسبەتەن ياخشىلىنىشقا ئەگىشىپ، "يەتتە يۇمىلىغان" سۇنىڭ پاكلىقىغا كىشىلەرنىڭ گۇمانى ئاشتى. بۇ بىر ياخشى ئەھۋالدۇر.

ئوت قەدىمكى بىرمۇنچە دىنلاردا چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا ھازىر ئوتقا ئائىت پەرھىزلەر ناھايىتى ئاز قالغان بولۇپ، ساقلىنىپ قالغانلىرى تۆۋەندىكىچە: ئۇيغۇرلار ئوتنى پاكلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ، ئوت ئىچىگە تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، پىچاق، كەكە، پالتا قاتارلىقلار بىلەن ئوتنى كەسمەيدۇ (تۆمۈرچىلىكتىكى ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا)، ئوتقا سۇ سەپمەيدۇ ياكى پاسكىنا نەرسىلەرنى تاشلىمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئوتقا ئائىت تىپىك پەرھىز ئادىتى زاۋال پەيتىدە ئوت ئوينىماسلىق بولۇپ، قارىماققا بۇ ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمىلىيەتتە ئۇ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق زىددىيەتلىشىپ تۇرغان پەيتتە مۇقەددەس ئوتنى كۆتۈرۈپ يۈرمەسلىك، ئوينىماسلىقتەك ئاتەشپەرەسلىك ئەقىدىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. سەرەڭگە ۋە چاقماق خەلق ئىچىدە ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار ياغاچنى ياغاچقا سۈركەش ياكى تاشنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇش ئارقىلىق ئوت ھاسىل قىلىپ چوغ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆچۈرمەي ساقلاپ ئىشلىتەتتى. ئاشۇ چاغلاردا ئوت ئارىيەتكە بېرىش، بولۇپمۇ چارشەنبە كۈنىدە ئوت ئارىيەتكە بېرىش پەرھىزلىك سانالغان بولۇپ، ئوت ئارىسا شۇ ئۆينىڭ بەرىكىتى قېچىپ، پىتنە ـ پاساتقا قالىدۇ دەپ جورۇلغان ئىدى. يەنە قەدىمكى دەۋرلەردە ئوتنى ئۆچۈرمەسلىك پەرھىزىمۇ بار ئىدى. بۇ ئەھۋالنى بىز «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى ۋەقەلەردە مەختۇمسۇلانىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، جادۇگەردىن ئوت تىلىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر قاتار بالايى ـ ئاپەتكە دۇچار بولغانلىقىدەك ئېپىزوتتىن كۆرۈپ ئالىمىز.

ئۇيغۇرلاردا ئوتنى ئۇلۇغلاش ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئاڭنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك بىدئەتلەرنى ھەم ئىلاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان پائالىيەتلەرنى قەتئىي چەكلىشى نەتىجىسىدە، ئوتقا چوقۇنۇشقا ئائىت نۇرغۇن ئادەتلەر يوقالغان. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تەرەپلەر بولسا ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر ھاياتىدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئادەت ئىزنالىرىدۇر.

## 4. ۋاقىت ـ چاغ پەرھىزلىرى

ۋاقىت ۋە چاغ ئادەتتىكى تەبىئىي ھادىسە بولسىمۇ، ئەمما ھەر قانداق بىر مىللەتتە ئۇلار ساپ

فىزىكىلىق مەنىدە چۈشىنىلگەن ئەمەس. ئىنسانلار ئادەمنىڭ، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇغۇلۇشى، چوڭىيىشى ۋە قېرىپ ئۆلۈشىنى، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ توختاۋسىز ھەرىكىتىنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى ھەمدە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشىنى تەكرار ـ تەكرار كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە ۋاقىت خاراكتېرلىك قانۇنىيەتنىڭ مەۋجۇد بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئەمما ئىنسانلار بۇنداق قانۇنىيەتنى بىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. بەلكى ئۇلار قانداق ۋاقىتتا قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، قايسى چاغدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ، ... دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئاشۇ ۋاقىت قانۇنىيىتى ئاساسىدا شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. كۆرمىڭ قېتىملىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش داۋامىدا، ئىنسانلار كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەر ۋە مەلۇم ۋاقىتتا قانداق ئىش قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى، قانداق ئىشنى قىلسا ياخشى ئاقىۋەت بەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى. بۇ خىل بىشارەتلىك قاراشلار قانچىلىك دەرىجىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خەلق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. بىز ھازىرغىچە ئۇچرىتىدىغان بىشارەتلىك قاراشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋاقىت ۋە چاغقا مۇناسىبەتلىك بىشارەتلەر بولۇپ، ئۇ ئەينى دەۋرلەردە خەلقنىڭ ئاسترونومىيەلىك چۈشەنچىلىرىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە ئىپادىلەنگەن بولسا، بۈگۈنكى دەۋردە "كەلگۈسىشۇناسلىق" نىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ ۋاقىت ـ چاغقا ئائىت بىشارەتلىك قاراشلىرى ۋە شۇنىڭدىن شەكىللەنگەن باشقا ئادەتلىرى كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كېلىدۇ: بىرى، ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن بىرى داۋاملىشىپ توپلىنىپ كەلگەن ساددا ئاسترونومىيەلىك چۈشەنچىلەر. بۇ ۋاقىت ـ چاغقا ئائىت بىشارەتلىك قاراشلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ يەنە بىرى، تۈرلۈك دىنلار تەرىپىدىن ئۇلۇغلانغان ياكى يامان كۆرۈلگەن ۋاقىت ـ چاغلار؛ ئۈچىنچىسى، ئىنسانلارغا ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان ياكى پالاكەت يۈز بېرىدىغان ۋاقىت ـ پەسىللەر ھەققىدىكى بىلىملەر. مۇشۇ ئاساستا، ئىنسانلار مەلۇم بىر بۆلەك ۋاقىت ياكى كۈننى پەرھىزلىك ۋاقىت دەپ قاراپ، ئاشۇ مۇددەتتە ھوشيارلىقنى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن نەچچە ھەسسە ئۆستۈرۈپ، نۇرغۇن ئىشلاردىن چەكلىنىپ كەلگەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئىچىدە مىللەت پسىخىكىسىغا، ئۆرپ ـ ئادىتىگە، مەنىۋىيىتىگە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى

رەڭگارەڭ ۋاقت ـ چاغ چۈشەنچىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

روشەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقت ـ چاغ ھەققىدىكى قاراشلىرى كۆپرەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلىرىنى مەنبە قىلىدۇ. يەنە مەلۇم دەرىجىدە دىنىي ئامىللارنىڭ تەسىرىمۇ ۋاقت ـ چاغ ئادەتلىرىدە ئۆز ئىپادىلىرىنى تېپىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ھالدا، تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىكىنى ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى كوسمولوگىيىلىك ۋە مېترولوگىيىلىك چۈشەنچىلەرگە تەدبىقلىدى. ئەڭ دەسلەپكى مۆچەل ھەققىدىكى چۈشەنچىلەردىن تارتىپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى پىلانىتلارنىڭ بۇرجلۇق دەۋرى (يىللىق ھەرىكەت دەۋرى) ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرگىچە، ھەتتا كېيىنكى دەۋردىكى ھىجرىيە كالىندارى ھەققىدىكى بىلىملەرگىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ كالىندارچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ جەريانى بولۇپ، بۇ جەرياندا ۋاقت ـ چاغ ھەققىدىكى ئىلمىي تونۇشنىڭ تەدرىجىي ئۆستى. شۇنىڭ ئىچىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق نۇرغۇن ئامىللار بولۇش بىلەن يەنە، ساددا چۈشەنچە ۋە خۇراپىي قاراشقا تايانغان خاتا تەركىبلەرمۇ مەۋجۇد. ھالبۇكى بۇ "خاتا" تەركىبلەر دائىم بىر مىللەتنىڭ خەلق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تارمىقى بولۇپ قالىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم ۋاقت ـ چاغلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى ۋە ئاشۇ ۋاقىتلارنى نەس ياكى خەيرلىك دەپ قاراپ بىر قاتار ئىشلارغا ھېرىسمەن بولۇشى ۋە ياكى پەرھىز تۇتۇشىدەك ئەھۋاللارنى بىر قانچە مەنبە ئاساسىدا ئەمەلىي ئادەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**1) مۆچەل پەرھىزلىرى**

ئۇيغۇرلارنىڭ مۆچەل ھەققىدىكى خاتىرىسى ئەڭ دەسلەپتە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان. ئۇيغۇرلاردا مۆچەل بولغۇچى ھايۋاننىڭ خۇي ـ پەيلى سەۋەبىدىن، شۇ مۆچەل نامى بىلەن ئاتالغان يىلدا بىرەر ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى ھەققىدىكى قاراشلار كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ساقلانغان ۋە مەزمۇنى بېيىغان بولۇپ، 18 ـ ئەسىردە يېزىلغان «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا «يىل بېشى ھەققىدە ھۆكۈم» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئون ئىككى مۆچەل يىلىدا يۈز بېرىدىغان يامان ئىشلار تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە سەھىپە چەكلىمىسى بىلەن ئۇلارنى نەقىل ئېلىپ كۆرسەتمەيمىز. ئاشۇ بايانىدا ھەر بىر مۆچەل يىلىدا يۈز بېرىدىغا ئىشلار بولۇپ، ئىشەنچتە ئۇنىڭ ئالدىنى

ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇلارنى پەرھىز كاتىگورىيىسىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ.

مۆچەل ھەققىدىكى چۈشەنچە پۈتۈن دۇنيادىكى مىللەتلەردە بار بولغان ئەھۋالدۇر. بەزى يىللارنىڭ نامى ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئوخشىمىغان ئاتالسىمۇ، ئەمما بۇ ئومومىيلىق ئەمەس. بۇ بىزگە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

## 2) كۈنلەرگە ئائىت پەرھىزلەر

ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ كۈچلۈك ۋاقىتچانلىقىنى تەكىتلەش ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدە ۋە ھۆكۈما، مۇنەججىملەرنىڭ چۈشەنچىسىدە مۇقىم ئىزچىللىققا ئايلانغان ئىش بولۇپ، ئۇيغۇر ھۆكۈمالىرى ئۆزلىرى يازغان كىتابلاردا يىل، پەسىل ئاي، كۈن، ۋاقىت، سائەت، دەقىقە قاتارلىقلارنى ئاسترونومىيىلىك تەجرىبىلىرى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مەلۇم ۋاقىت، سائەتلەرنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى شەرھلىدى. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم ئاسترونومىيەگە ھەم بىشارەت ئىلمىگە ۋە پالچىلىققا ئائىت ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە «سالنامە»، «سائەتنامە»، «نورۇزنامە»، «روزنامە» دېگەندەك ئىسىملارنىڭ قويۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ كۈن ۋە سائەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە نەسلىك بولىدۇ، بەزىلىرىدە قۇت بولىدۇ دەپ قاراپ، ھەر بىر پائالىيەتتە كۈن تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بىز ئىلگىرىكى سەھىپىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ سەيشەنبە، چارشەنبە، جۈمە ۋە شەنبە كۈنلىرىدە نۇرغۇن ئىشلاردىن پەرھىز قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يەنە ھەپتىنىڭ ھەر قايسى كۈنلىرىنىڭ قايسى ئىشلارنى قىلىشقا ماس كېلىدىغانلىقى ھەققىدە "دۈشەنبە ـ كىيىم پىچىتۇرۇش ۋە تىكتۈرۈشنىڭ سائىتى؛ سەيشەنبە ـ ئۆلۈمنىڭ سائىتى؛ چارشەنبە ـ سەپەر ۋە توينىڭ سائىتى؛ پەيشەنبە ـ نەزىرەنىڭ سائىتى؛ جۈمە ـ جۈمە نامىزىنىڭ سائىتى؛ شەنبە ـ جەڭگاھنىڭ سائىتى؛ يەكشەنبە ـ بازارنىڭ سائىتى" دېگەن گەپلەر بار. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان "سائەت" بىلەن "تىل پەرھىزلىرى" دە تىلغا ئالغان "ئېغىزدىن سائەت چىقىپ كېتىش" ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بار. بۇ "سائەت" لەر ھەرگىزمۇ بىرەر سائەت ئۇزاقلىقتىكى ۋاقىت، بىرەر بۆلەك ۋاقىت ياكى بىرەر مەزگىلنىلا ئەمەس، بەلكى مەلۇم نەسلىك ۋە خەيرلىكلىك چۈشەنچىسى بىلەن باغلىق بولغان ئاتالمىلاردۇر. ئۇيغۇرلاردا مەلۇم كۈننى شۇ كۈننىڭ بىر ئاي ئىچىدىكى، بىر ھەپتە ئىچىدىكى ئورنىغا

ئاساسەن ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان مەنىلەرنى يۈكلىدى. شۇڭا ئاشۇ "نامە" ئىسمى بىلەن ئاتالغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كۈنلەرنىڭ خاسىيىتى ياكى نەسلىكى ھەققىدە مەخسۇس سەھىپىلەر بار. ئەنە شۇ ئەسەرلەردە نەسلىكنى ئۈچكە بۆلگەن بولۇپ، ئۇلار: نەھس ئەكبەر (چوڭ نەسلىك)، نەھس ئەزىيم (بىر قەدەر ئېغىر نەسلىك)، نەھس ئەسغەر (كىچىكرەك نەسلىك) تىن ئىبارەت. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، «سائەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە نەسلىك يۇقۇرقىدەك بۆلۈنگەندىن باشقا، ھەر ئىككى ئەسەردە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: "چوڭ نەسلىك ھەر ئايدا ئىككى كۈندۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: 'يىلدا يىگىرمە تۆت كۈن نەس كۈنلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۈنلەردە ھېچقانداق ئىشقا قەدەم قويماسلىق كېرەك. شۇ كۈنلىرى تۇغۇلغان بالا زالىم، خۇنخۇر ۋە يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولۇپ قالىدۇ. بىمار بولسا ئاسانلىقچە شىپا تاپالمايدۇ. شۇڭا بۇ كۈنلەردە ئېھتىيات قىلىش زۆرۈردۇر". ئاشۇ ئەسەرلەردە ھىجرىيە كالىندارىدىكى ئايلار بويىچە مەلۇم كۈنلەردە چوڭ نەسلىك يۈز بېرىدىغانلىقى مۇنداق نەزمي يوسۇندا ئىپادىلەنگەن:

" ئاشۇرا ئېيىنىڭ تۆرتى، ئۇن بىرى نەستۇر،
سەپەر ئايىنىڭ بىرى، يىگىرمىسى نەستۇر.
رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ سەككىزى، يىگىرمىسى،
رەبىئۇل ئاخىر ئاينىڭ بىرى، ئونبىرى نەستۇر.
جەمەدىيەل ئەۋۋەل ئاينىڭ ئونى ۋە ئون بىرى نەس،
جەمادىيەل ئاخىر ئاينىڭ ئىككىسى، تۆرتى نەستۇر.
دۇئا ئايىنىڭ ئون بىرى، ئون ئۈچى نەستۇر،
بارات ئايىنىڭ تۆرتى ، ئالتىسى نەستۇر.
رەمەزان ئايىنىڭ ئۈچى، سەككىزى نەستۇر،
ھېيت ئېيىنىڭ ئالتىسى، سەككىزى نەس.
ئارا ئايىنىڭ ئىككىسى، ئۈچى نەستۇر،
قۇربان ئاينىڭ ئالتىسى، يىگىرمىسى نەستۇر."

نەسلىكنىڭ ئىككىنچى خىلى كىچىكرەك نەسلىك (نەھس ئەسغەر) بولۇپ، بۇنداق پىشكەللىك يۈز بېرىدىغان كۈنلەر ھەققىدە يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردە ئوخشاشلا مۇنداق بىر نەزىم بار:

" ھەر ئايدا نەستۇر يەتتە كۈن ئەيا مۆئمىن،

ھەزەر قىل بەلادىن قىلاي دېسەڭ ئەمىن.

ئۈچى بىلەن ئون ئۈچى، ئون ئالتە بىرلە بەشى،

يىگىرمە بىرى، يىگىرمە تۆرتى، يىگىرمە بەشى."

ئاشۇ كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە نەسلىكنىڭ ئۈچىنچى خىلى "نەھس ئەزىيم" (بىر قەدەر ئېغىر نەسلىك) ھەر ئايدا بىر كۈن بولاركەن. ئۇ كۈنلەر: مۇھەررەم ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى، سەپەر ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى، رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى، رەبىئۇل ئاخىر ئېيىنىڭ يىگىرمىنچى كۈنى، جەمەيىدىل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى، جەمايىدىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى، رەجەپ ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى، شەئبان ئېيىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى، رامزان ئېيىنىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى، شەۋۋال ئېيىنىڭ بەشىنچى كۈنى، زۇلقەئدە ئېيىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنلىرىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى كىتابلاردا يۇقىرىقى كۈنلەردە نەسلىك بولىدۇ دېگەن قاراشلار قوياش، ئاي قاتارلىق پىلانىتلارنىڭ بۇرجلۇق ھەرىكىتىگە غەيرىي ئەقلى رەۋىشتە تەيىنىپلا قالماستىن، مۇھىمى ئۇلار ئىسلامي ئەنئەنە تەرىپىدىنمۇ ھەم قۇۋۋەتلەندۈرۈلگەن.

بىز يەنە تېما ئېھتىياجى بويىچە مەزكۇر كىتابلاردا بەزى ئىشلاردىن پەرھىز قىلىش كېرەك دەپ قارالغان كۈنلەر ھەققىدىكى بايانلارنى نەقىل سۈپىتىدە كۆرسىتىمىز.

ئاينىڭ ئۈچۈنچى كۈنى: بۇ كۈن نەستۇر. بۇ كۈندە ھېچ ئىشتا ياخشىلىق بولماس، چۈنكى بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانا بېھىشتىن قوغلاپ چىقىرىلغان كۈندۇر. بۇ كۈندە ھېچ ئىش راۋاج تاپماس.

ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى: بۇ كۈن نەستۇر. چۈنكى بۇ قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ قان تۆككەن كۈندۇر. بۇ كۈندە بولغان ئىشتا ھېچ ياخشىلىق بولماس. ھەرقانداق پەرزەنت بۇ كۈندە ۋۇجۇدقا كەلسە ناھەق قان تۆككۈچى بولغۇسى.

ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى: بۇ مۇبارەك كۈندۇر. ئەمما ئۈچ ئىشتىن، يەنى ھاجەت تىلەشتىن، ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشىشتىن، قان ئالماقتىن پەرھىز قىلىش لازىم.

ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى: بۇ كۈن نەستۇر. بۇ كۈندە بولغان ئىشلاردا ياخشىلىق بولماس. شۇڭا ھەممە ئىشتىن پەرھىز قىلىش كېرەك.

ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى: بۇ كۈن نەستۇر بۇ كۈندە ھەممە ئىشتىن پەرھىز قىلماق كېرەك.

ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى: بۇ كۈن نەستۇر. بۇ كۈندە بولغان ھەممە ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق كېرەك. بۇ كۈندە پەرزەنت دۇنياغا كەلسە زالىم بولغۇسى، ئەگەر ئاغرىپ قالسا ئۇزۇن يېتىپ قالغۇسى.

ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى: بۇ كۈندە بولغان بەزى ئىشلاردا نەسلىك بولۇر. كېسەل بولسا سەدىقە بەرگەي، چۈنكى بۇ نەھرۇد تۇغۇلغان كۈندۇر.

ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى: بۇ يامان كۈن بولۇپ، ھەممە ئىشلارغا سەبىر قىلىش، قىلىدىغان ئىشلاردا پەرھىز قىلىش كېرەك» (بۇ بايانلار «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، «سالنامە» «سائەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە دىگۈدەك ئوخشاش خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، بىز ئاز تولا تولۇقلىما قىلىپ كىرىشتۇردۇق.)

كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ "نەس كۈنلەر" دەپ قارالغان كۈنلەردە ئەپسانىۋى تەركىبلەر ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن: يەھۇدى خىرىستىيان ۋە ئىسلامىي ئەنئەنىلەردىكى ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشى، ئۇلارنىڭ چوڭ ئوغلى قابىلنىڭ ئۆز ئىنىسى ھابىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئىبراھىم پەيغەمبەر زامانىدىكى بۇتپەرەست پادىشاھ نەمرۇد قاتارلىقلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بۇ كۈنلەر بىردەك نەس كۈن دەپ قارالغان.

كۈنلەر ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى خۇراپىي پەرھىزلەر ۋە ئىرىملىك قاراشلاردىن باشقا، يىل بېشىنىڭ ھەپتىنىڭ قايسى كۈنىدىن باشلىنىغانلىقى بىلەن پەيدا بولىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلاردىن ھەم ئۆلاردىن ئېھتىيات قىلىنىش لازىملىقى؛ ھەپتىنىڭ ئوخشىمىغان گاھلىرىنىڭ ياخشىلىقى ياكى نەسلىكى ھەم ئۆلاردىن ئېھتىيات قىلىش لازىملىقى؛ ئاينىڭ ئون ئىككى بۇرجىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار مەزكۇر كىتابلاردا ناھايىتى تەپسىلىي چۈشەندۈرىلگەن بولۇپ، بىز بىر تەرەپتىن سەھىپە چەكلىمىسى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ خىل قاراشلارنىڭ خەلق ئۆرپ - ئادىتىنىڭ بىر قىسمىغا

ئايلىنالماي، پەقەت ئۆز دەۋرىنىڭ كىتابىي بىلىمى بولۇپ تۇرغانلىقىدەك سەۋەبتىن، ئۇلارنى نەقىل كەلتۈرمەيمىز.

ۋاقىت ـ چاغ پەرھىزلىرى ئۇيغۇر پەرھىزلىرى ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە كىرىشىپ گىرەلىشىپ كەتكەن ئادەت بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتىن ئىبارەت تەبىئىي ھادىسىنى مەلۇم خىسلەتكە ئىگە نەرسە "جانلىق" جىسىم دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتىدىغان ياكى يامانلىقلاردىن ئېھتىيات قىلىدىغان بىر خىل ساددا غەيرى ئەقلىي ئادەتتۇر. ئەمما يۇقىرىقىدەك ئادەتلەردە ئەجدادلىرىمىز "ۋاقىت"تىن ئىبارەت بۇ ھادىسە بىلەن ئادەم پسىخىكىسىنىڭ مەلۇم مۇناسىۋىتى بارمۇ ـ يوق، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئادەمنىڭ پائالىيىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ، ... دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاز ـ تولا ئەقلىي تونۇشقا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى ئىلىم ـ پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، پەن مۆۋاپىقىيەتلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن سىرلار يېشىلىۋاتقان دەۋردە، ۋاقىت ـ چاغ پەرھىزلىرى ئىچىدىكى ۋاقىت بىلەن ئىنسان تەقدىرى، ۋاقىت بىلەن ئىش ـ ئەمگەكنىڭ (خەيرلىك ۋە نەسلىك نەتىجىلىرى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىك مەسىلىلەر ھازىرقى زامان فىزىكىسى ۋە ھاياتلىق ئىلمى ساھەسىدىكى ۋاقىتقا ئائىت يېشىلمەي كېلىۋاتقان سىرلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ تەتقىق قىلىنسا ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى چىقسا، بىز بۇنداق ئىرىملىك ئادەتلەرنى پۈتۈنلەي ئاساسسىز خۇراپاتلىق ياكى ئاز ـ تولا ئاساسىي بار تەجرىبلەر دەپ بېكىتەلەيمىز. قانداقلا بولمىسۇن، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا نوقۇل مەنىدىكى ۋاقىت ـ چاغ پەرھىزلىرى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ ئادەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي مەنىسىنى يوقىتىشقا ئەگىشىپ، ئۆزلىرىمۇ يوقاپ بارىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 3. سۈنئىي بويۇملارغا ئائىت پەرھىزلەر

سۈنئىي بويۇملار دېگىنىمىز ئادەملەر ياسىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. كىشلەرنىڭ نەزىرىدە تەبىئىي شەيئىلەر مۇقەددەس ۋە ئىرىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئەشۇلاردىن ياسالغان سۈنئىي بويۇملارمۇ ئوخشاشلا ئىرىملىك نەرسە بولالايدۇ. بۇ خىل سىرلىق خۇسۇسىيەت سۈنئىي بويۇمغا ياكى ئۇنىڭ خام ئەشياسى بولغان شەيئىدىن، ياكى ئۇنى ياسىغۇچى ۋە ئىشلەتكۈچى كىشىنىڭ "پەرھىزلىك ئادەم"

(مۇقەددەس كىشى ياكى ناپاك كىشى) بولغانلىقىدىن ۋە ياكى شۇ سۇئىي بويۇمنىڭ ئۆزىدىكى شەكلەن خۇسۇسىيەت ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردىن كېلىدۇ. كىشلەر بۇنداق خۇسۇسىيەتلىك شەيئىلەرگە چۇقۇنمىسىمۇ، بىراق ئۇلاردا ئادەتتىكى نەرسىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭراق سىرلىق قۇۋەتنىڭ بارلىقىغا ئىشنىپ، ئۇلارغا قارىتا ھاقارەتلىك ھەرىكەت، سۆزدىن ساقلىنىدۇ. ئۇلارنى ئېلىپ قويۇشتا، ئىشلىتىشتە ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىدۇ. بىز كىيىم - كېچەك، يىمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە تۇرلۇك كەسپلەرگە ئائىت پەرھىزلەر ھەم ئۆلۈم - يىتىم، نەزىرە - چىراغ پەرھىزلىرىنى تەھلىل قىلغان چېغىمىزدا، يۇقىرىقى ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان سۇئىي بويۇملارغا ئائىت پەرھىزلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ئىدۇق. تەۋەلىك خەھەتتىن قارىغاندا ئۇلار سۇئىي بويۇملارغا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەر بۆلىكىگە تەئەللۇق بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ تەكرار بايان قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىز ئىلگىرى تىلغا ئالمىغان ئاز ساندىكى بىر قىسىم پەرھىزلەرنى مۇلاھىزە قىلىمىز.

ئۇيغۇرلار تارىخ مابەينىدە تۆمۈردىن ياسالغان ئۆتكۈر سايمانلارغا قارىتا مەلۇم سىرلىق قاراشلاردا بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل قاراشنىڭ ئىزنالىرىنى بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدا ئاندا - ساندا ئۇچرىتالايمىز. تۆمۈردىن ياسالغان ئۆتكۈر سايمانلار دېگەندە، ئۇ پىچاق، قېلىچ، پالتا، كەكە، نەيزە، ... قاتارلىق ئەسۋاپلارنى كۆرسىتىدۇ. ئويغۇرلاردا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئائىت ئوخشىمىغان ئادەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىگە ئورتاق پەرھىزلىك ئادەتلەر بار. تۆمۈر ئەسۋاپلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ مەنىۋىي قۇۋۋىتىگە ئىشنىش تۈركىي قەۋملىرىدە قەدىمدىلا بار ئىش ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۆمۈرنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ھەققىدە مۇنداق بىر ئادەتنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان: "تۆمۈر: بۇ سۆز 'كۆك تەمۈر كەرۈ تۇرماس' دېگەن ماقالدىمۇ كەلگەن. بۇ 'كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ، تەككەن يېرىنى يارىلايدۇ' دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار. قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچنى يالىڭاچلاپ ئالدىن كۆندىلەڭ قويىدۇ - د، 'بۇ كۆك كىرسۇن، قىزىل چىقسۇن' دەيدۇ. 'ۋەدە بۇزۇلسا قېلىچ قانغا بويالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن' دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ."[①] تۆمۈر ئەسۋاپلار بىلەن قەسەم قىلىش، ئۇنى ئۇلۇغلاش يالغۇز

[①] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1 - توم 468 - ،

قىپچاق، ياباقۇ قەبىلىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۈركىي قەۋملەردە مەۋجۇد بولغان ئەھۋال ئىدى. ئۇيغۇرلاردا خامانلىقتا تۆمۈر ئەسۋاپ ئىشلىپ كىرمەسلىك، گۆركارلار ئەشلەتكەن تۆمۈر ئەسۋاپلارنى ئىگىسىگە قايتۇرماي بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق پەرھىزلەردىن باشقا، يەنە تۆمۈردىن ياسالغان پىچاق، قىلىچ، پالتا قاتارلىقلارغا ئائىت مۇنداق پەرھىزلەرمۇ بار: ئادەتتە پىچاقنى، قىلىچنى باشقا كىشىلەرگە سۇنغاندا ئالغۇچى كىشىگە ئۇنىڭ ئۇچىنى ئودۇل قىلىپ سۇنۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شۇڭا كۆپىنچە بۇ ئەسۋاپلارنى يانتۇ ھالەتتە (تىغىنى ئالغۇچى ۋە سۇنغۇچىنىڭ ھېچقايسىسىغا قارىمايدىغان ھالەتتە) سۇنىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پىچاق ئاسىدۇ، پىچاقنىڭ ئۆزىگە لايىق غىلاپى بولىدۇ. پىچاق ۋە قىلىچقا ئائىت ئادەتلەردە، ئۇيغۇرلار پىچاقنى غىلاپتىن ئايرىمايدۇ، يەنى پىچاقنى غىلاپتىن باشقا جايغا قويمايدۇ. ئەگەر پىچاق يۈتۈپ كەتكەن ۋە باشقىلار ئىشلىتىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا غىلاپنىڭ ئىچىگە بىرەر تال ياغاچ سېلىپ قويۇپ، يامانلىقتىن ساقلىنىشنى ئويلايدۇ. بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇرلار يەنە تۆشۈكلىكتە ئىشلىتىدىغان پىچاقلارنى بىلىگەندە، قازان چۆرىسىگە سۈركەپ بىلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. («يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى» گە قاراڭ). بۇندىن باشقا يەركەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا پىچاقنى پالتا ياكى كەكە قاتارلىق ئەسۋاپلارغا سۈركەپ بىلەشتىن ھەزەر قىلىدىغان ئادەت بار. ئەشۇنداق قىلسا دۈشمىنى بىلەن ئىش تېرىپ قويارمىش. ئىنسانشۇناس فرازېرنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق كىتابىدا ئىبتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ياكى بەدەۋى مىللەتلەردىكى تۆمۈر ئەسۋاپلارغا ۋە ئۆتكۈر قوراللارغا ئائىت پەرھىزلەر دەل بەدەۋى مىللەتلەرنىڭ يېڭى شەيئىلەر (تۆمۈرگە ئوخشاش) نى ياقتۇرماي، ئۇلاردىن ھېيىقىشى، ھەمدە روھقا زىيان سېلىپ قويىدۇ دەپ قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېيتىلىدۇ. ئەھۋال ھەممە يەردە شۇنداقمۇ يوق؟ بۇنىڭغا بىرەر نەرسە دېيىش قىيىن. تۈركلەر دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تۆمۈر تاۋلىغان، ئالتاي تاغلىرىدا تۆمۈر رودىسى ئېرىتىپ تۆمۈر قوراللارنى ياسىغان خەلقنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، ئاشىنا قەبىلىسىنىڭ تارىخىي مەنبەلەردە "تۆمۈرچى تۈركلەر" دەپ ئاتالغانلىقى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى تۆمۈرگە بولغان ھۆرمەتنىڭ ئۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن يېڭى شەيئى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تۆمۈرنىڭ قۇدرىتىدىن تولۇق پايدىلانغانلىقى بىلەن مۇناسىبەتلىكتۇر. يەنە تۆمۈرنى جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، يامانلىقتىن ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە

---

469 ـ بەتلەر.

بولىدۇ دېگەن قاراشمۇ بار. پىچاقنىڭ ئەشۇ ساھادە ئىشلىتىلىشى بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇيغۇرلاردا يەنە قايچىنى قۇرۇق كېسىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋال بار بولۇپ، يەركەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قارىشىچە قايچىنى قۇرۇق كەسسە دۈشمىنى كۆپىيىپ قالار ئىكەن. قارىغاندا، بۇ ئادەتتە قايچىنى قۇرۇق كېسىش خۇددى ئۇرۇش مەيدانىدا باشقىلارغا ھەيۋە قىلىپ قورال ئوينىتىپ دۈشمەننى چاقىرىشقا ئوخشىتىلغان ھەم ئەشۇ نەتىجە چىقىرىلغان بولسا كېرەك. بىز «ئادەم بەدىنىگە ئالاقىدار پەرھىزلەر» دە قايچىدا تىرناق ئالسا بولمايدۇ دېگەن پەرھىزنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. ئەلۋەتتە، ئەشۇ پەرھىزدە قايچىنىڭ قوش بىسى قىينچىلىق ۋە پالاكەتكە تەققاسلىنىپ چۈشىنىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە يىڭنە قىزلىققا ئوخشىتىلىپ چۈشىنىلىدۇ. مۇشۇنداق چۈشەنچە ئاساسىدا كىشىلەر يىڭنىنى يىپ ئۆتكۈزمەي قۇرۇق قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يىڭنىگە ئائىت كەڭ تارقالغان ئادەتلەردىن يەنە يىپ ئۆتكۈزۈلمىگەن يىڭنىنى ياشلارغا، تۇغۇت يېشىدىكىلەرگە بەرمەسلىك، ناۋادا ياشلار يىپ ئۆتكۈزۈلمىگەن يىڭنىنى ئالسا بىتەلەي بولۇپ قالارمىش ياكى قىز پەرزەنتلىك بولۇپ قالارمىش، يىپ ئۆتكۈزىلگەن يىڭنىنى بەرسە ياكى ئالسا، ئالغۇچى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولارمىش دېگەندەكلەر بار. مۇشۇنداق قاراش تۈپەيلىدىن، كىشىلەر يىپسىز يىڭنىنى بەرمەيدۇ ۋە ئالمايدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالسا، يىڭنىنىڭ ئىگىسى يىڭنى يەرگە سانجىپ قويسا، سورىغۇچى يەردىن ئېلىۋالىدۇ. بۇنداق خۇراپىي ئادەتتىن بىزنىڭ چۈشىنىپ ئالىدىغىنىمىز پەقەت ئىككى مەسىلىدۇر: ئۇ بولسىمۇ بىرى، يىڭنە قىزلىققا، يىپنى ئوغۇللۇققا سىمۋۇل قىلىش، يەنە بىرى، بۇ خىل يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالغۇچى بىلەن بەرگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرنى (يىڭنىنى يەرگە سانجىپ قويۇش ۋە ئۇنى ئېلىۋېلىش بىلەن) ئۈزۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلاردا يەنە قولۇپ ۋە ئاچقۇچقا ئائىت بىر قىسىم پەرھىزلەر بار. ئۇيغۇرلار باللارغا ئاچقۇچنى جىرىڭلاتماسلىق ۋە ئاچقۇچنى چۆرگىلەتمەسلىك ھەققىدە تەنبىھ بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە ئاچقۇچنى جىرىڭلاتسا كەمبەغەللىكنى چىللىغانلىق بولىدىكەن، ئاچقۇچنى چۆگىلەتسە ئۆيگە ئوغرى كىرىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىقى ھەر ئىككى چەكلىمىنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار. ئاچقۇچنى چۆرگىلەتسە ياكى جىرىڭلىتىپ ئوينىسا، ئۇ يىتتۈپ كېتىشى مۇمكىن. تېپىۋالغۇچى ئۇنەرسىنى ئىشلىتىپ ئېگىسىنىڭ نەرسىسىنى ئوغۇرلىۋېلىشى مۇمكىن. نەرسىسى ئوغۇرلانغان كىشى كەمبەغەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۇتاش تەسەۋۋۇر ئاچقۇچقا نىسبەتەن يۇقىرىقىدەك چەكلىمىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قۇلۇپ ئېتىلىدىغان، شۇ سەۋەبتىن يولنى ۋە ئالاقىنى توسۇدىغان نەرسە بولغاچقا، تۇغۇتلۇق خوتۇن بار ئۆيدە "قۇلۇپ" دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسا، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ سۇتى كېسىلىپ كېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ ھەم بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش چەكلىنىدۇ.

سۇنئىي بويۇملار دەرۋەقە ناھايىتى كۆپتۇر. بىز ئىلگىرى بۇ ھەقتە ئۆز نۆۋەتلىرىدە يېتەرلىك بايانلارنى بەرگەن ئىدۇق. شۇڭا تەكرارلىمايمىز. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇكى، بارلىق مۇقەددەس بويۇم ۋە نەرسىلەرمۇ ئاساسەن سۇنئىي بويۇمدۇر، ياكى كەم دېگەندە ئادەمنىڭ ئەمگىكىدىن ئۆتكەن نەرسىلەردۇر. ئۇلارغا قارىتا پەرھىزلەر بەك كۈچلۈك بولۇپ، بۇ پەرھىزلەر ئاساسەن شۇ مۇقەددەس نەرسىلەرنى ناپاك تۇتماسلىق، ئىشلەتمەسلىك، ھاقارەتلىك سۆز ھەرىكەتلەردە بولماسلىق قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقايسى دىنلار دائىرىسىدە ئىشلىتىلۋاتقان بويۇملار ئەنە شۇ مۇقەددەس نەرسە كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان نەرسە بولۇپ، بۇنىڭ ئىپادىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار «قۇرئان» نى تاھارەتسىز تۇتۇشتىن ۋە ئوقۇشتىن، ئېلىپ ـ سېتىشتىن، ئۇنى ئاياغ تەرەپكە قويۇشتىن، «قۇرئان» ئايەتلىرى يېزىلغان قەغەزلەرنى دەسسەشتىن، ھاجەتكە ئىشلىتىش ۋە كۆيدۈرۈشتىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئومۇمەن ئەرەبچە يېزىق يېزىلغان ھەرقانداق قەغەز ئاۋام تەرىپىدىن "ئايەت" دەپ قارىلىپ ئۇنىڭغا ھاقارەتلىك سۆز ـ ھەرىكەتتە بولۇشتىن ئۆزلىرىنى تارتىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايتتى. ئەلۋەتتە، باشقا دىنلارغا ئىشەنگەن دەۋرلەردىمۇ شۇ دىنلاردىكى نوم ـ دەستۇرلارنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلانغانلىقى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان يەنە بىر تۈردىكى ياسالما بويۇم تۇمار تۈرىدىكى نەرسە بولۇپ، ئۇ ھايۋاننىڭ بىرەر تال ئەزاسى، بىرەر تال تەبىئەت جىسمى ياكى سۇنئىي نەرسە (قەغەز...) بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇمارنىڭ سىرلىق قۇۋۋىتىگە ئىشىنىدىغان مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئادىتىدە تومارنى باشقىلارغا ئارىيەت بەرمەسلىك، كۆرسەتمەسلىك (شۇڭا كىيىم قاتلىرىغا تىكىلىدۇ، ياكى قولتۇق تەرەپكە ئېسىلىدۇ.)، يۇيماسلىق، تاشلىۋەتمەسلىك ۋە يېنىدىن ئايرىماسلىق قاتارلىق پەرھىزلەر بار. تۇمارنىڭ سىرلىق قۇۋۋىتىگە ئىشەنمەيدىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولسا تۇمار ئاسماسلىق، تۇمار پۈتمەسلىك، ئۇنىڭ كۈچىگە

ئىشەنمەسلىك قاتارلىق چەكلىمىلەر بار. بۇ ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن ئىبتىدائىي دەۋرلەردىن قالغان خۇراپىي ئىشەنچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. بۇ خىل زىددىيەت نۆۋەتتە ئىلمىي چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆسۈشى بىلەن تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، خۇراپات تۈردىكى بارلىق ھەرىكەت ـ پائالىيەت ۋە پىسخىكىلار ئۈچۈن زور بېسىم بولۇپ قالدى. سۈنئىي بويۇملار ھەققىدىكى قارغۇلارچە ئىشەنچ ۋە پەرھىزلەر يوقىلىۋاتقان پەرھىز ۋە ئىشەنچىلەرنىڭ ئالدى بولۇپ قالدى.

# پايدىلانمىلار تىزىملىكى


1. مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي، بېيجىڭ 1 ـ نەشرى.

3. مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشي: «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق تەييارلىغان، 1991 ـ يىل 8 ـ ئاي.

4. «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988ـ يىلى 12ـ ئاي 1ـ نەشرى.

5. «سالنامە»، «مىراس» ژورنىلىنىڭ 1999ـ يىللىق ئىككىنچى سانىغا بېسىلغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى.

6. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر تۈزگەن: «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983ـ يىل 9ـ ئاي 1ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.

7. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

8. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرۈپ-ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى 1996ـ يىللىق 5ـ سانىغا بېسىلغان، ئۇيغۇرچە.

9. ئابدۇكېرىم راھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

10. دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

11. [گېرمانىيە] ۋون گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات»، خەنزۇچى تەرجىمىسى، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى نەشرى، 1989 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. 94 ـ بەت.)

12. لىن گەن ۋە گاۋ زىخوۋلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

13. فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مو گۇاڭۋېنلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، خەنزۇچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

14. ليۇ شىگەن، چېن لياڭۋېي: «قەدىمكى كۆسەن دۆلىتىنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

15. «بۇددا مەدەنىيىتى قامۇسى»، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

16. گوڭ فاڭجېن، يەن كېجيا: «زاروئاستېر دىنى تارىخى»، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

17. «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»، سىچۇەن قامۇس نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

18. «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

19. [سۈرىيە] ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋىي: «رىيازۇسسالىھىين» («ياخشى كىشىلەر باغچىسى»)، لىۋان، بېيرۇت، دارۇل كۇتۇبۇل ئىلمىييە (ئىلمىي كىتابلار نەشرىياتى)، مىلادىي 1972 ـ يىلى، ھىجرىيە 1402 ـ يىلى نەشرى، ئەرەبچە.

20. مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقىي: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار» («لۇۋلۇئۇل مەرجان»)، ئابدۇللاجان ئابدۇكەرىم تەرجىمىسى، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.

21. [گېرمانىيە] ئېرنېست كاسسىئېر: «ئىنسان ھەققىدە»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1985 ـ

يىلى 12 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

22. [فرانسىيە] لېۋى برۇھل: «ئىبتىدائىي تەپەككۇر»، سودا (شاڭۋۇ) كىتاب بېسىش ئىدارىسى، 1981 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە تەرجىمىسى.

23. [ئەنگلىيە] ج.گ.فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، بېيجىڭ، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

24. [ئاۋسترىيە]سىگمۇند.فرېئود: «تۇتېم ۋە پەرھىز»، جېنۋېن نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

25. [فرانسىيە] ئېمىلى دۇركېم: «دىنىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

26. [ئەنگلىيە] فرانز ستېينېر: «پەرھىز» (*Taboo*)، كوخېن ۋە غەرب نەشرىياتچىلىق شېرىكىتى، 1956 ـ يىلى نەشرى، ئېنگلىزچە.

27. رېن چېڭ: «جۇڭگو خەلق پەرھىزلىرى»، خۇاشەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1964 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

28. جۇ تيەنشۇن: «ئىبتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

29. لىن خۇيشياڭ: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى»، سودا (شاڭۋۇ) كىتاب بېسىش يۇرتى، 1991 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

30. جىن زې: «دىنىي پەرھىزلەر»، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

31. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توپلانغان پەرھىز ئادىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئاپتور بۇ كىتابنىڭ يېزىلىش جەريانىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇرغۇن ماتېرىياللاردىن ھەمدە خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىن پايدىلانغان بولۇپ،

بۇ ماتېرىياللار كۆپ شۇنداقلا پارچە ـ پۇرات بولغاچقا، بۇ يەردە تىزىپ كۆرسىتىلمىدى.

# ئاخىرقى سۆز

ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى چوڭ بىر تەتقىقات تېمىسىدۇر. بۇ ئەسەر مۇشۇنداق بىر مۇھىم ۋە چوڭ مەسىلىنى يورۇتۇشقا بېغىشلانغان كىتاب بولۇش بىلەن ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى دەپ قارايمىز:

1. بۇ ئەسەردە بۇندىن بۇرۇن پارچە - پۇرات توپلانغان ۋە توپلانمىغان خەلق پەرھىزلىرىنى ۋە ئالاقىدار ئادەت ھەم ئىشەنچلەرنى تۈرلەر بويىچە نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇش ئاساس قىلىندى. ھەر بىر ساھەدىكى پەرھىزلىك ئادەتلەرنى نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئىنچىكە يېشىش ۋە شەرھلەش سەھىپە ئېتىبارى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېيىنگە قالدۇرۇلدى.

2. ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ روھىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدا خۇراپات ئامىللىرىمۇ، ئىلمىي - تەجرىبىۋى تەركىبلەرمۇ، قىزىقارلىق ئىشەنچ - ئەقىدىلەرمۇ، يەنە ئۇيغۇرلار تارىختا ئىشەنگەن ھەر قايسى دىنلارغا ئائىت چەكلىمىلەرمۇ، خەلق دىنىي نۇقتىدىن كەسكىن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. كىتابتا يۇقىرىقى ئامىللارنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشقا دىققەت قىلىندى. خاراكتېرى ھەققىدە دەرمەھەل ھۆكۈم چىقىرىلمىغان پەرھىزلىك ئادەتلەر كىشلەرنىڭ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئاساسىدا ھەل قىلىشىغا قالدۇرۇلدى.

3. مەزكۇر ئەسەردە ئۇيغۇر پەرھىزلىرى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلدى. شۇڭا ئۇنى "پەرھىز نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەسۋىرلەش" دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

4. پەرھىز خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئىچكىي مىزانى، ماددىي پائالىيەتلىرىنىڭ يېزىقسىز بەلگىلىمىسى بولۇش بىلەن، ئۇ تارىختا خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بىز تونۇشتۇرغان نۇرغۇن پەرھىزلەر ۋە پەرھىزلىك ئادەتلەر تارىخنىڭ ئېقىنىدا ئاللىقاچان يوقالغان بولسا، يەنە بىر قىسىم پەرھىزلەر بۈگۈنكى كۈندە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېز يوقىلىپ بارماقتا. شۇڭا كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ ھەممىسنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر نتۇرمۇشىدا مەۋجۇد دەپ قاراش بىر تەرەپلىمىلىك

بولۇپ، ئىجابىي پەرھىز ۋە چەكلىمىلەرنىڭ تارىخ جەريانلىرىدا هامان داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، پاسسىپ، خۇراپىي پەرھىزلەرنىڭ زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يوقىلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

5. نورغۇن خەلق پەرھىزلىرى باركى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە ئالدىراپلا خۇراپاتلىق قالپىقىنى كىيگۈزۈپ چۆرۈپ تاشلا ئالدىراقسانلىق بولسا كېرەك. شۇڭا، ئىشىنىمىزكى، كىشىلەرنىڭ تونۇش سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشىغا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار تەرىپىگە بولغان ئېتىراپ تۇيغۇلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، نورغۇن پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە مىللەت خاراكتېرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، مىللەت ئەخلاقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ھەم ئېسىل ئەنئەنە ئىكەنلىكى تەدرىجىي بايقىلىشى مۇمكىن.

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي، ئۈرۈمچى